ئۆممەت قورۇلۇشى 1

شەيخ مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىنىڭ

# تەپسىر شەئراۋى

ناملىق تەپسىرگە ئاساسەن سۆزلەنگەن قۇرئان دەرسى

بىرىنچى توم

**مۇھەممەد ئەلى ئەمىن**



ئوقۇغىن تەلىم-تەربىيە مەركىزى

تەپسىر شەئراۋى 1

ئوقۇغىن تەلىم-تەربىيە مەركىزى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇھەممەد رىھىم ئەمىن

$10

ISBN: 978-6052375938

SİYER YAYINLARI

www.siyerkitap.com

www.uyghurkitap.com

شەيخ مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىينىڭ

# تەپسىر شەئراۋى

نامىلىق تەپسىرگە ئاساسەن سۆزلەنگەن قۇرئان دەرسى

## 1-توم

سۈرە «فاتىھە» ۋە سۈرە «بەقەرە»نىڭ 1~78-ئايەتلىرى

كومپيۇتېردا :
ئەھمەد ئەمىن ئابلىكىم ھىدايەتۇللاھ
ئوبۇلقاسىم بەكرى ئابدۇراھمان يانغىن

ئوقۇغىن تەلىم - تەربىيە مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

**Eser Adı**
Tefsir-i Şa'ravî Esas Alınarak Hazırlanan Kur'an Dersleri
1.cilt

**Yazar**

Muhammed Ali EMİN

**Yayıma Hazırlayan**

ئوقۇغۇن تەلىم - تەربىيە مەركىزى

**OKUGUN TALİM TERBİYE MERKEZİ**

ئوقۇغۇن TM

Kemalpaşa mahallesi, 1804.sk, No:3,
Sefaköy, Küçükçekmece, Istanbul
Tel: (0212) 598 28 96

**Baskı & Cilt**
Hat Cilt Basım Yayın Matbaa Sanayi Tic. Ltd. Şti.
Altınşehir Mahallesi Muhsin Yazıcıoğlu Cad.
No: 2/1 Başakşehir, İstanbul.
Tel +90 212 688 08 08 Sertifika No: 35778

**1. Baskı:** Ağustos 2018

**ISBN** 978-605-2375-93-8

SİYER YAYINLARI
Bağlar Mh. 24. Sk. No: 10/A Güneşli Bağcılar/İstanbul
Tel & Fax: (0212) 544 76 96 – (0212) 544 58 46 • Gsm: (0554) 930 07 04
Sertifika No: 22574 www.siyerkitap.com | satıs@siyeryayinlari.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1
﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ ھەققىدە (1) ........................................ 36
﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ ھەققىدە (2) ........................................ 49
سۈرە فاتىھە 1-ئايەت ........................................ 59
سۈرە فاتىھە 2-ئايەت ........................................ 78
سۈرە فاتىھە 3-ئايەت ........................................ 103
سۈرە فاتىھە 4-ئايەت ........................................ 107
سۈرە فاتىھە 5-ئايەت ........................................ 123
سۈرە فاتىھە 6-ئايەت ........................................ 142
سۈرە فاتىھە 7-ئايەت ........................................ 149
سۈرە بەقەرە - مۇقەددىمە ........................................ 157
سۈرە بەقەرە 1-ئايەت ........................................ 166
سۈرە بەقەرە 2-ئايەت ........................................ 177
سۈرە بەقەرە 3-ئايەت ........................................ 200
سۈرە بەقەرە 4-ئايەت ........................................ 210
سۈرە بەقەرە 5-ئايەت ........................................ 214
سۈرە بەقەرە 6-ئايەت ........................................ 224
سۈرە بەقەرە 7-ئايەت ........................................ 233
سۈرە بەقەرە 8-ئايەت ........................................ 240
سۈرە بەقەرە 9-ئايەت ........................................ 244
سۈرە بەقەرە 10-ئايەت ........................................ 248
سۈرە بەقەرە 11-ئايەت ........................................ 251
سۈرە بەقەرە 12-ئايەت ........................................ 253

سۆرە بەقەرە 13-ئایەت .......... 255
سۆرە بەقەرە 14-ئایەت .......... 258
سۆرە بەقەرە 15-ئایەت .......... 262
سۆرە بەقەرە 16-ئایەت .......... 266
سۆرە بەقەرە 17-ئایەت .......... 269
سۆرە بەقەرە 18-ئایەت .......... 284
سۆرە بەقەرە 19-ئایەت .......... 287
سۆرە بەقەرە 20-ئایەت .......... 292
سۆرە بەقەرە 21-ئایەت .......... 296
سۆرە بەقەرە 22-ئایەت .......... 301
سۆرە بەقەرە 23-ئایەت .......... 310
سۆرە بەقەرە 24-ئایەت .......... 321
سۆرە بەقەرە 25-ئایەت .......... 326
سۆرە بەقەرە 26-ئایەت .......... 336
سۆرە بەقەرە 27-ئایەت .......... 342
سۆرە بەقەرە 28-ئایەت .......... 357
سۆرە بەقەرە 29-ئایەت .......... 369
سۆرە بەقەرە 30-ئایەت .......... 382
سۆرە بەقەرە 31-ئایەت .......... 398
سۆرە بەقەرە 32-ئایەت .......... 405
سۆرە بەقەرە 33-ئایەت .......... 411
سۆرە بەقەرە 34-ئایەت .......... 415
سۆرە بەقەرە 35-ئایەت .......... 422
سۆرە بەقەرە 36-ئایەت .......... 434
سۆرە بەقەرە 37-ئایەت .......... 442
سۆرە بەقەرە 38-ئایەت .......... 450

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈرە بەقەرە 39-ئايەت ........................................ 455
سۈرە بەقەرە 40-ئايەت ........................................ 460
سۈرە بەقەرە 41-ئايەت ........................................ 476
سۈرە بەقەرە 42-ئايەت ........................................ 487
سۈرە بەقەرە 43-ئايەت ........................................ 490
سۈرە بەقەرە 44-ئايەت ........................................ 493
سۈرە بەقەرە 45-ئايەت ........................................ 498
سۈرە بەقەرە 46-ئايەت ........................................ 504
سۈرە بەقەرە 47-ئايەت ........................................ 509
سۈرە بەقەرە 48-ئايەت ........................................ 517
سۈرە بەقەرە 49-ئايەت ........................................ 527
سۈرە بەقەرە 50-ئايەت ........................................ 538
سۈرە بەقەرە 51-ئايەت ........................................ 543
سۈرە بەقەرە 52-ئايەت ........................................ 549
سۈرە بەقەرە 53-ئايەت ........................................ 551
سۈرە بەقەرە 54-ئايەت ........................................ 554
سۈرە بەقەرە 55-ئايەت ........................................ 561
سۈرە بەقەرە 56-ئايەت ........................................ 568
سۈرە بەقەرە 57-ئايەت ........................................ 570
سۈرە بەقەرە 58-ئايەت ........................................ 574
سۈرە بەقەرە 59-ئايەت ........................................ 579
سۈرە بەقەرە 60-ئايەت ........................................ 581
سۈرە بەقەرە 61-ئايەت ........................................ 592
سۈرە بەقەرە 62-ئايەت ........................................ 603
سۈرە بەقەرە 63-ئايەت ........................................ 613
سۈرە بەقەرە 64-ئايەت ........................................ 620

سۆرە بەقەرە 65-ئایەت ........................................................................ 624
سۆرە بەقەرە 66-ئایەت ........................................................................ 632
سۆرە بەقەرە 67-ئایەت ........................................................................ 635
سۆرە بەقەرە 68-ئایەت ........................................................................ 642
سۆرە بەقەرە 69-ئایەت ........................................................................ 645
سۆرە بەقەرە 70-ئایەت ........................................................................ 647
سۆرە بەقەرە 71-ئایەت ........................................................................ 648
سۆرە بەقەرە 72-ئایەت ........................................................................ 651
سۆرە بەقەرە 73-ئایەت......................................................................... 654
سۆرە بەقەرە 74-ئایەت ........................................................................ 656
سۆرە بەقەرە 75-ئایەت ........................................................................ 661
سۆرە بەقەرە 76-ئایەت ........................................................................ 666
سۆرە بەقەرە 77-ئایەت ........................................................................ 673
سۆرە بەقەرە 78-ئایەت ........................................................................ 675

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 1-دەرس

## مۇقەددىمە

قۇرئان ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك تېما. بولۇپمۇ دىنىي ئوقۇغۇچىلار ۋە دىنىي ساھەدە مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مەنبە. قۇرئانغا قارىساق، ئۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئىككى خىل تەرىپى بارلىقىنى بايقايمىز.

بىرى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ ئەجىر ئېلىش. قۇرئان كەرىمنى ئەتىگەن-كەچلەردە تىلاۋەت قىلىش، نامازلىرىمىزدا ئوقۇش ۋە تەراۋىھتا باشتىن-ئاخىر ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلىمىز. بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىس ۋە باشقا مەزمۇنلار بولۇپ، بۇ تەرىپى بىز ئۈچۈن بىر قەدەر ئاسان. مەيلى ئەھلى ئىلىم، ئاۋام-خەلق ياكى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار بولسۇن، قۇرئان ئوقۇشنى نورمال ئۆگىنىپ، ئىخلاس بىلەن ئوقۇسا، ئاللاھ ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىدۇ.

يەنە بىر تەرىپى بولسا، قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىپ، ھاياتىمىزدا بىللە ياشايدىغان جانلىق بىر ھالەتكە ئەكىلىش. بۇ بىر قەدەر قىيىن تەرىپى. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە مەقسىتى قۇرئان كەرىمنى زېمىندا تىرىك ھالەتكە ئەكىلىپ، كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم يېتىپ بارغانلىقى جەمئىيەتنى تۆۋەن قاتلامدىن ئەڭ يۇقىرى قاتلامغا يۈكسەلدۈرۈشتۇر.

كىشىلەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات شەكلى توغرىسىدا سورىغان ۋاقىتتا: "كان خلقه القران"[1] «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى (ياشاش ئۇسلۇبى) قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھ گۈزەل ئەخلاقى ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتا بىزگە ئەڭ بۈيۈك ئۈرنەك يارىتىپ بەرگەن ئىدى. بىز ئوقۇماقچى بولغان بۇ تەپسىرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولسا، قۇرئان كەرىمنى جانلىق بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ، بارلىقىمىزغا ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇ نۇقتىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشىدىكى ئاساسىي مەقسەتلەرنى تۆۋەندىكى يەتتە نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز:

بىرىنچىسى، ئەقىدە مەسىلىسى. بىز ئەقىدە سۆزىنى كۆپ تەكرارلايمىز. ئەمما ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەقىدە ئېنىقسىز ۋە مەۋھۇم بىر ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنداقتا ئەقىدە دېگەن نېمە؟ ھازىرقى تىلىمىز بىلەن ئىپادىلىسەك، ئەقىدە ئىنسان روھىيىتىدىكى ئاساسلىق پىروگرامما. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى شۇ پىروگرامما ئارقىلىق ئىنساننى يېڭىدىن پىروگراممىلاپ چىقىشتۇر.

بەزى ئىنسانلار ئۆز ئەسلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، كىم تەرىپىدىن يارىتىلىپ، بۇ زېمىنغا قانداق كېلىپ قالغانلىقى، ياشاۋاتقان مۇھىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارىدىغانلىقى قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارغا «بىزنى تەبىئەت ياراتقان، يەنە تەبىئەتكە قايتىمىز ياكى ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى ئىنسانلار ئادەم بولۇپ، ناچار ئىنسانلار ھايۋانات بولۇپ قايتا تۇغۇلىدۇ» دېگەندەك ھەرخىل پەلسەپەۋى قاراشلار ۋە باشقا ئىدىيەلەر بىلەن تەبىر بېرىۋاتىدۇ. ئىنسان قۇرئاننى ئوقۇپ، توغرا يوسۇندا

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشىنىپ، روھىيىتىگە تەسىر قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل خاتا قاراش ۋە ئىدىيەلەر تۈپ يىلتىزىدىن يوقىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتە ياراتقانلىقى، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى سەۋەبلىك جەننەتتىن چىقىرىلغانلىقى، كېيىن تەۋبە قىلىپ، پۇرسەت تىلىگەندە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تۈزەيدىغان پۇرسەت بەرگەنلىكى، ھەمدە بۇ پۇرسەت زېمىندا ئىجرا قىلىنىلىدىغانلىقى، زېمىندا بولسا جەننەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان پىرىنسىپ بېكىتىلگەنلىكى، يەنى، دائىم ئازدۇرۇپ تۇرىدىغان شەيتان ئىنسانغا مۇئەككەل قىلىنغانلىقى، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ خاتالىشىدىغان ۋە توغرا يول تاپالايدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى، ئىنسان شۇ خاراكتېرلىرى بىلەن توغرا يولنى تاللاپ ماڭغىنىدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئەسلى ماكانى جەننەتكە قايتىدىغانلىقى، جەننەتكە قايتىدىغان يولنىڭ ئۆلۈم بىلەن باشلىنىپ، قىيامەت كۈنى بارلىق ئىشلىرىدىن سوئال-سوراق بېرىپ بولغاندىن كېيىن بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھى سەۋەبلىك دوزاخقا بارىدىغانلىقى... قاتارلىق بىر تۈركۈم چۈشەنچىلەرنى بايان قىلغان. بۇ چۈشەنچىلەر بىلەن ئىنساندىكى باتىل قاراش ۋە شەك-شۈبھىلەر تامامەن يوقايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر بىز دەۋاتقان «قۇرئان ئەقىدىسى» بولۇپ، «ھايات مىزانىم» دەپ، ھەقىقىي ئىشەنگەن ئادەمنىڭ مېڭىسىنى پروگراممىلايدۇ. ئەلۋەتتە مېڭىسى ساپ ئەقىدە بىلەن پروگراممىلانغان ئىنسان ۋە باتىل كۆز-قاراشلار بىلەن پروگراممىلانغان ئىنساننىڭ ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. «مىنى ئاللاھ ياراتتى. بۇ دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسى، دۇنيادىكى ئىمتىھان مەيدانىدىن ياخشى ئۆتۈشۈم ئۈچۈن ئاللاھ ماڭا شاپائەت قىلىپ، ئۆز پەزلى-مەرھەمىتىدىن ھەر زامان، ھەر ماكاندا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە كىتابلارنى چۈشۈردى. دۇنيادا ياشاش مىزانىم بۇ كىتابلاردا بار. بۇ

دۇنيادىن كېتىمەن، ئاندىن تىرىلىپ يەنە بىر ھاياتقا قەدەم ئالىمەن. قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن سوئال-سوراققا تارتىلىپ، جەننەت ياكى دوزاخقا ئايرىلىمەن» دېگەن ئىدىيەلەر بىلەن قوراللانغان ئىنساننىڭ ھاياتى باشقىچە بىر ھايات بولىدۇ. شۇڭا "لا الە الا اللّٰه" «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» نى قەلبىدىن چىقىرىپ دېگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس بار. ھەتتاكى، بەزى ساھابىلەر كىشىلەرنىڭ يۆلىنىۋالماسلىقى ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى بىر مەزگىل يوشۇرغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئەمما ھەدىسكە چوڭقۇر نەزەر تاشلىساق "لا الە الا اللّٰه" نىڭ ئاددىي بىر كەلىمە سۆز ئەمەس، بەلكى بىر ھايات پىروگراممىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ خىل پىروگرامما ئىنسان ۋۇجۇدىغا سىڭگەندىن كېيىن ئىنساننىڭ پۈتۈن تەپەككۇرىدىن تارتىپ، ئىش-پائالىيەتلىرىگىچە ھەممىنى تەرتىپكە سالىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

«رەببىم ئاللاھدۇر» دېگەن ئىنسان بىلەن «مەن مۇشۇنداقلا تۇغۇلۇپ قالغان» دېگەن ئىنساننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھاياتى دۇنيانى «سىناق دۇنيا» دەپ قارىغان ئادەمنىڭ ياشاش ئۇسلۇبى بىلەن «بۇ تەبىئىي پەيدا بولغان ۋە ئويناپ، كۈلۈپ ياشىۋالىدىغان بىر دۇنيا» دېگەن ئادەمنىڭ ھايات ئۇسلۇبى قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن! «كەلگۈسىدە تىرىلىپ، قىلغان پۈتۈن ئىشلىرىمدىن سوئال-سوراققا تارتىلىمەن» دېگەن ئىنسان بىلەن «ئۆلسەم تۈگەيمەن» دېگەن ئىنساننىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە كىشىلىك مۇئامىلىسى پەرقلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن "لا الە الا اللّٰه" دېگەن بىر كەلىمە ئىنساننى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشقا يېتىدۇ. ئەقىدىنى ئاكادېمىك شەكىلدە ئەمەس، بەلكى روھىيىتىمىز ۋە قان-قېنىمىزغا سىڭگەن شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز تەپسىر ئوقۇشنىڭ بىرىنچى مەقسىتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر تەپسىرنى ئاكادېمىك شەكىلدە ئوقۇساق، ھېچبىر مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيمىز. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەرقشۇناسلار[1] ۋە دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام ئەقىدىسىنى ئاكادېمىك شەكىلدە بىزدىن ياخشى چۈشىنىشى مۇمكىن.

قۇرئان روھىيىتىمىزگە سىڭگەندە ھاياتىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، باشقا بىر ئىنسانغا ئايلىنىمىز. ئۆزىمىزگە رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنى ئۈرنەك قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەرنى ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بىر نەزەر تاشلىساق، ئاشۇ گۈزەل ھاياتلارنىڭ قۇرئان ئۇلارغا بەرگەن ئاساسىي ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇلار قۇرئاننىڭ مەھسۇلى. ئۇنىداقتا بىز ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردەك بولماقچى بولساق، قۇرئان بىزنىڭ ئاساسىي مەنبەيىمىز بولۇشى كېرەك. مانا بۇ تەپسىرنىڭ تۈنجى ۋەزىپىسى ۋە شۇ خىل كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن قۇرئاننىڭ ئەقىدە ئاساسى. بىز ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈرنەك قىلالىساق، قۇرئاننى روھىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈپ، ئۆلۈك ھالەتتىكى چۈشەنچە شەكلىدىن ھايات ھالىتىگە ئەكىلىشكە چوڭ قەدەم تاشلىغان بولىمىز.

بىز ئوقۇۋاتقان تەپسىر ھەرگىزمۇ پەلسەپە ئەمەس ۋە قۇرئانمۇ پەلسەپە بىلەن تەپسىر قىلىنمايدۇ. پەلسەپەنىڭ ھاياتقا قارىتا ئۆز ئالدىغا چۈشەنچىلىرى بار. دۇنيادا نۇرغۇن پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ھايات مىزانى ۋە تەپەككۇرىغا تەسىر قىلىدىغان نۇرغۇن نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ سۆزلەر بىزگە قىسمەن تەسىر قىلىپ، «بۇ ئېسىل سۆز ئىكەن» دېدۇق. ئەمما ھاياتقا كۆرسەتكەن تەسىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، قۇرئاننىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئالدىدا پەلسەپەنىڭ تەسىرى ھېچنەرسە ئەمەس. قۇرئان بولسا ئىلاھىي شەكىلدىكى ياشاش مىزانى، مېتودى ۋە ئۇسلۇبىدۇر. بىز قۇرئان ئۆگەتكەن سىستېمىدا ياشايمىز.

---

[1] ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان غەرب تەتقىقاتچىلىرى

قۇرئـــان تەربىـــيەلىگەن ئىنســـانلار ۋە پەلســـەپە بىـــلەن تەربىـــيەلەنگەن ئىنســـانلارغا قارىســـاق، ئۇلارنىـــڭ ئوتتۇرىـــدا ئاســـمان-زېمىـــن پەرق بـــارلىقىنى بايقـــايمىز. شـــۇڭا بىـــز قۇرئـــاننى چۈشـــەنمەكچى بولســـاق، قىلىـــدىغان بىرىنچـــى ئىشـــىمىز ئەقىدىـــدىن باشـــلىنىدۇ. يىغىنچـــاقلاپ ئېيتقىنىمىـــزدا، ئەقىـــدە ئىجتىهـــات بابىـــدىن ئەمەس، بەلكـــى قۇرئـــان ۋە ســـەھىھ ھەدىســـلەردىن ئېلىنىـــدۇ. مەســـىلەن: «بۇنىـــڭ ھـــۆكمى نـــېمە؟ مۇنـــداق نەرســـە يېغـــى چىقىپتـــۇ يـــاكى يېغـــى تىجـــارەت شـــەكلى مەيـــدانغا كېلىپتـــۇ، ئـــۇ ھـــالالمۇ، ھـــاراممۇ؟» دېگەنـــدەك مەســـىلىلەرنى فىقھـــى ئۆلىمـــالىرى ئىجتىهـــات قىلىـــش ئـــارقىلىق ھەل قىلىـــدۇ. ئەممـــا ئەقىـــدە مەسىلىســـى بولســـا، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ زامانىـــدىلا تولۇق ھەل قىلىنىپ بولغان.

ھـــازىر ئەقىـــدە نامىـــدا ئۆگىنىۋاتقـــان نۇرغـــۇن نەرســـىلەر پەلســـەپەۋى كـــۆز-قاراشـــلار بىـــلەن ئارىلىشـــىپ، نۇرغـــۇن تەرەپلىـــرى ئۆزگىرىـــپ، «تەرەققىـــي قىلغـــان» نۇســـخىلىرى ئوتتۇرىغـــا چىقتـــى. لـــېكىن ئەقىـــدە ساھەســـىدە يېڭىلىـــق يارىتىشـــقا بولمايـــدۇ. ئىلگىرىكـــى ئۆلىمـــالىرىمىزدىن ئىمـــام غەززالـــى ھاياتىـــدا پەلســـەپە بىـــلەن ئوتتۇرىغـــا چىققـــان ئىـــدى. ئەممـــا ھاياتىنىـــڭ ئاخىرىـــدا پەلســـەپەنى تەنقىـــدلەپ دۇنيـــادىن كەتـــكەن. (بـــۇ ھەقـــتە ئىمـــام غەززالـــى رەھىمەھـــۇللاھ "تهافـــــت الفلاســـــفة" دېـــگەن كىتابىـــدا تەپسىلي چۈشـــەنچە بەرگەن).

پەلســـەپە توغرىســـىدا بـــۇ قەدەر سۆزلىشـــىمىزدىكى ســـەۋەب، ئىنســـان ئـــۆز ئەقلـــى بىـــلەن ئـــۆزىگە كېرەكلىـــك تەرەپلـــەرگە بەكـــرەك تـــېگىش قىلىـــدۇ. ئەممـــا نۇرغـــۇن تەرەپلەرنىـــڭ ئـــۆزىگە كېرەكلىـــك يـــاكى ئەمەســـلىكىنى بىلەلمەيـــدۇ. ئـــاللاھ بىزنـــى يـــاراتتى، بىـــزگە نېمىنىـــڭ لازىـــم بولـــۇپ، نېمىنىـــڭ لازىـــم بولمايـــدىغانلىقىنى ناھـــايىتى ئوبـــدان بىلىـــدۇ. قارىماققـــا لازىـــم بولمايدىغانـــدەك، ئەمەلىيەتـــتە لازىـــم بولىـــدىغان تەرەپلەرنـــى قۇرئـــان يـــاكى ھەدىـــس شـــەرىپ بىـــزگە ئېچىـــپ بېرىـــدۇ. قارىماققـــا لازىـــم بولىدىغانـــدەك، ئەممـــا بىـــزگە ئـــاللاھـــدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

ئەھمىيىتى يوق تەرەپلەرنى بولسا تىلغا ئالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەقىدە مەسىلىسى بولۇپ، ئەقىدە بىزنىڭ ئەقلىمىز قوبۇل قىلالايدىغان بىر قىسىم تەرەپلەردىن تارتىپ، ئىنسانىنىڭ ئىدراك ۋە تەپەككۇرىدىن ھالقىغان ئىشلارغا قەدەر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئەقىدە پەلسەپەنى مەنبە قىلىپ ئېلىپ مېڭىلغاندا، نۇرغۇن خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ. ئىسلام تارىخىدىكى نۇرغۇن ئەقىدە ئېقىملىرى ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى «ئەقىدە مەنبەسىنى قۇرئاندىن ئالماي، پەلسەپىگە تايانغانلىقتىن» دەپ قارىساق ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئايەتلەر مەزمۇنىنىڭ بىر يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىپ، بىزگە بىر ئەقىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالىنىڭ قىسسەسىدىن بىر ئاشىق-مەشۇق ھېكايىسىنى ئالمايمىز، بەلكى ناھايىتى پۇختا ۋە مۇستەھكەم بولغان ئەقىدىنىڭ سىماسىنى ئالىمىز. قۇرئانغا ئازراق كۆز يۈگۈرتسەك، تىلغا ئېلىنغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشاشلا ئەقىدە مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەقىدىنىڭ بېشى، ئىنساننىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا چىن پۈتۈشىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿مَا لَكُم مِّنْ إِلَـٰهٍ غَيْرُهُ﴾ «سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دەپ ئەقىدە ئايىتى كەلگەن. بۇ ئايەتنى قۇرئاندىن ئىزدەپ باقساق، سۈرە «ئەئراف»تا تۆت ئورۇندا، سۈرە «ھۇد»تا ئۈچ ئورۇندا، سۈرە «مۇئمىنۇن»دا ئىككى ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. قۇرئاننىڭ باشقا تەرەپلىرىگە كۆز يۈگۈرتسەك، ئومۇمىي مەقسەتنىڭ «سىلەرنىڭ بىر ئىلاھىڭلار بار» ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرئاننىڭ ئىدىيەمىزنى بۇ ئەقىدە بىلەن پروگراممىلىماقچى بولغانلىقىنى بايقىيالايمىز.

قۇرئان كەرىم: ﴿اعْبُدُوا اللَّهَ﴾[1] «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار» دېدى. ئەمما ئىبادەتنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى بولۇپ، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ناماز، زاكات، روزا ۋە جىھاد شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇشۇ ئومۇمىي ئىبادەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئىپادىسى بولغان ﴿اعْبُدُوا اللَّهَ﴾ دېگەن ئايەت ئون نەچچە سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا سۈرە «زارىيات»تا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش توغرىسىدىكى: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾[2] «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەت بار. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھايات پىروگراممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولۇپ، بۇ ئىتائەتنىڭ گەۋدىلىنىدىغان شەكىللىرى ھەرخىل بولىدۇ. ئەمما ئەقىدە بولسا، ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئاللاھنى تونۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

قۇرئان ئىلىم-مەرىپەت ۋە پەن-مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى تەمىنلىسىمۇ، ئاساسىي ۋەزىپىسى يەنىلا ئەقىدىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەربىر سەھىپىسىنى ئېچىپ، بىر ئايەت ئوقۇساق بىر ئەقىدە چىقىدۇ. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ھاياتىدا قۇرئاندىن بىر پارىنىمۇ، ھەتتا بىر-ئىككى بەتنىمۇ كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەنلەر بار. ئەمما ئۇلار مۇستەھكەم، توغرا ئەقىدە ئىگىسى ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئاڭلىغان ھەربىر ئايەتتىن ساپ ئەقىدىنى چۈشىنىپ ئالغان ۋە شۇ شەكىلدە داۋام قىلغان. (بۇ تەپسىر بىزنىمۇ بۇ نەتىجىگە ئېرىشىشكە نېسىپ قىلغۇسى، ئىنشائاللاھ!).

بىزنىڭ ئەقىدىمىز چۈشەنچە ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ھاياتىمىزغا سىڭگەن، ھەربىر ئىشىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان، چۈشكۈنلەشكەندە غەيرەت ئاتا قىلىدىغان، قورققاندا قورغان بولىدىغان، نىشاندىن ئاداشقاندا

[1] سۈرە نىسا، 36-ئايەت
[2] سۈرە زارىيات، 56-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مايـاك بولـۇپ، تـوغرا يولغـا قـايتۇرۇپ كېلىـدىغان، ھۇرۇنلىشـىپ قالغانـدا تىرىششـىمىز ئۈچـۈن مەدەت بېرىـدىغان جـانلىق ھـالەتتە بولۇشـى كېـرەك. ئەقـدە بولسـا ئـاجىزلىقى، كۈچلۈكلـۈكى، سـاپ يـاكى ئەمەسـلىكىگە قـاراپ، ھاياتتـا قىلىغـان ئىـش-ھەرىكەتلىرىمىزنـى ئۆلچەيـدىغان مىـزان بولالايـدۇ. چـۈنكى پىروگرامما قانـداق بولسـا، ئۇسـكۈنىمۇ شـۇنىڭغا يارىشـا ئىشـلەيدۇ. مانـا بـۇ قۇرئـان كەرىمنـى تەپسـىر قىلىشـتىكى ۋە ئـۇنى ئۇقۇشـتىكى بىرىنچـى ۋەزىپىمىز.

ئىككىنچـى، تىرىـك ھـالەتتىكى ئەخـلاق نەمـۇنىلىرىنى ئوتتۇرىغـا چىقىـرىش. ئەقىدىـدىن قالسـا قۇرئـان كەرىمنىـڭ بىـزگە نازىـل بولۇشـىدىكى ئاساسـىي سـەۋەبى ئىنسـانلارنىڭ ئەخلاقىنـى ياخشىلاشـتۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ھايـات ئۇسـلۇبى ۋە باشـقىلار بىـلەن بولغـان مۇئامىلىسـى ھەققىـدە سورالغان ۋاقىتتـا: "كـان خلقـه القـران" «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى (ياشـاش ئۇسـلۇبى) قۇرئـان ئىـدى» دەپ جـاۋاب بېـرىلگەن. ئەگەر قۇرئـان سـۆزلىرىمىز ۋە مۇئـامىلىلىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمىسـە، بـۇ چۈشـىنىلمىگەن قۇرئـان بولىـدۇ. ئـايـاللىرىمىز، ساۋاقداشـلىرىمىز، ھەمراھلىرىمىـز بىـلەن بولغـان ئـالاقە ۋە ئاتـا-بـالا ئارىسـىدىكى مۇئامىلىـدە بىـزگە تەسـىر كۆرسىتەلمىسـە، بـۇ ئۆگىنىلمىگەن ۋە مەنپەئەت بەرمىگەن قۇرئان بولىدۇ.

بەزى سـاھابىلەرنىڭ نامـازدا گەپ قىلىـپ بـۇزۇۋەتكەن ۋە تـوغرا ئوقۇيالمىغـان ئەھـۋاللىرى بولغـان بولسـىمۇ، ئەممـا قۇرئانـدا بـۇ توغرىسـىدا ئـايەت نازىـل قىلىنمىغـان. لـېكىن رەسـۇلۇللاھنىڭ ھۇجرىسـىنىڭ كەيـنىگە كېلىـپ: «ئـى مـۇھەممەد، بۇياققا چىـق! بىـز دىـن ئـۆگەنگىلى كەلـدۇق!» دەپ، مۇئامىلـدە كەتكـۈزۈپ قويغـان بىـر ئەئرابـى ئۈچـۈن، سـۈرە «ھۇجۇرات»نىـڭ كـۆپ ئـايەتلىرى نازىـل بولغـان. ئەگەر ئىسـلامنىڭ بەش ئەركـانى بولغـان نامـاز، زاكـات، ھەج يـاكى روزىغـا مۇناسـىۋەتلىك ئايەتلەرنىـڭ ھەممىسـىنى يىغسـاق، قۇرئان كەرىمدىكى ئەخلاق-مۇئامىلىگە ئائىت ئايەتلەردىن خېلىلا ئاز.

رەسۇلۇللاھ بىر ساھابىگە شۇنداق چىرايىنى تۈرۈپ قويىدى. ئەمما بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىي مەسلىسى سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ شۇ ۋاقىتتا قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىگە دەۋەت قىلىۋاتقان بولۇپ، قىزىغا كەلگەن ئەما ساھابىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ باشقىلار بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى كۆرمەي، دەۋەتكە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەنسىرەپ، چىرايى تۈرۈلگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ھەقتە بىر سۈرە نازىل بولدى. بۇ سۈرىنىڭ نامى شۇ ۋەقەلىكنىڭ تۈپ يىلتىزى بولغان «عبس» (چىراي تۈرۈش) نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ بىزگە قۇرئاننىڭ ئەخلاق ساھەسىگە پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىزنىڭ قۇرئان ۋە تەپسىر ئوقۇشتىكى ئىككىنچى مۇددىئايىمىز ئەخلاق ئۆگىنىشتۇر. ئەقىدە ۋە ئەخلاق مەسىلىسى زامانلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، فىقھى ئۆلىمالىرى ئىجتىھات قىلىدىغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە مۇقىم بولغان ۋە قۇرئان كەرىم ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىدۇر.

زۇكام بولۇپ قېلىپ چۈشكۈرگەن ۋاقتىمىزدا قەغەز ياكى قول ياغلىق ئىشلىتىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەتراپتىكىلەرگە ئەزىيەت بەرگەن دەرىجىدە تېلېفوندا ئۈنلۈك پاراڭلاشماسلىق، ئولتۇرغان قورۇلىرىمىزدا تازىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە قولۇم-قوشنىلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك... قاتارلىق ئاددىي ئىشلارنىمۇ ئۆگىنەلمىگەن بولساق، ئوقۇغان قۇرئان-تەپسىر بىزگە تەسىر قىلمىغان بولىدۇ. يەنى، بۇ ھاياتىمىزغا سىڭمىگەن ۋە چۈشىنىلمىگەن بىر تەپسىر بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلماقچى ۋە ئېرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى نۇقتا مانا بۇ.

ئۈچىنچى، قۇرئان كەرىمدىكى ئەھكاملارنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ھازىرلاش. ئەھكام دېگىنىمىز، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، توي قىلمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىناخورنى يۈز قامچا ئۇرۇپ، تويى قىلغانلارنى رەجىم قىلىش... قاتارلىقلاردۇر. ئېنىق بولسۇنكى، ئەھكامنى ئەمەلىي تەتبىقلاش ياكى تەتبىقلىيالماسلىق شۇ زاماندا بېرىلگەن ئىمكانغا قاراپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تەتبىقلىيالماي، مەدىنىدىكى كۈچلەنگەن ۋاقتىدا تەتبىقلىغان ئىدى. ئەمما ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە، مۇشۇ ئەھكاملار ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغان تەقدىردە، ئىككىلەنمەي تەتبىقلىيالايدىغان ھالەتكە كېلىش بولۇپ، بۇ قۇرئاننىڭ ۋەزىپىسىدۇر. روھىي جەھەتتىن ھازىرلىنىش ئەھكامنى تەتبىقلاشتىنمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆرنەكلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن. ئەمما «شەرىئەت ئەھكامنى تەتبىقلايمىز» دېگەن دەۋاغا تولغان بۈگۈنكى دەۋردە «ئەھكامنى تەتبىقلاشقا ھازىرلىنىش» تېخى ھاسىل بولغىنى يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە رەسۇلۇللاھ ئىككى زىناخورنى تۇتۇپ كېلىپ چالما-كېسەك قىلغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەن. ئەمما زىنا قىلغانلار ئۆزى مۇشۇ ئەھكامنى ئېتىراپ قىلىپ، تەتبىقلاشقا ھازىرلانغان. بىر ئايال كېلىپ، ئۆزىنىڭ زىنا قىلغىنىنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئايالنى يەڭگىۋېلىشى ئۈچۈن قايتۇردى. يەڭگىپ كەلگەندە بالىنىڭ چوڭ بولۇۋېلىشى ئۈچۈن قايتۇردى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇ ئايال بالىسىغا نان تۇتقۇزۇپ، تامىقنى ئۆزى يېيەلىگۈدەك بولغىنىنى ئېيتىپ كەلدى. ئاخىرقى قېتىم پەيغەمبىرىمىز ئەھكامنى ئىجرا قىلدى. يەنە بىرەيلەن زىنا قىلىپ سالغىنىنى پەيغەمبىرىمىزگە كېلىپ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ يۈزىنى بۇرىۋالدى. ئۇ سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى. ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپ بولۇنغاندا، يەنە بىر قېتىم دېسە، ھۆكۈمنىڭ تەتبىقلىنىدىغانلىقى ئەسكەرتىلدى. ئەمما ئۇ يەنە بىر قېتىم دېدى ۋە ئەھكام تەتبىقلاندى. بىر قەبىلە ئۆز جەمەتىدىكى ئوغرىلىق قىلغان بىرىنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىدى. بىزنىڭ تەپسىر ئوقۇشىمىزدىكى مەقسىتىمىز مۇشۇ خىل ھازىرلىنىش ھالىتىنى ھاياتىمىزدا شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىز ئوغرىلىق قىلىپ سالساق، كىيىلىش ئۈچۈن قولىمىزنى سۇنالىشىمىز، قولىنى سۇنغانلارنىڭ قولىنى كېسەلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ئەھكامى. دېمەككى، شەرئەت ئەھكاملىرى ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ھازىرلىنىش بىزنىڭ ئوقۇماقچى بولغان تەپسىرىمىزدىن ئېرىشمەكچى بولغان ئۈچىنچى نىشاندۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ 13 يىللىق ئەجىرى دەل ساھابىلەرنى ئەھكاملارنى قوبۇل قىلىشقا ھازىرلاش ئىدى. شۇڭا مەدىنىدە يۈز بەرگەن بەزى ئەھكاملارنىڭ تەتبىقلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ باقساق، ئۇلىلىك نەمۇنىلەرنى كۆرەلەيمىز. ھېچكىمنى قوغلاپ تۇتۇپ ياكى جاسۇسلۇق قىلىپ بايقاپ، جازا ئىجرا قىلىنغان ئەمەس. بەلكى پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئىقرارى ۋە تەلىپى بىلەن قىلىنغان ئىدى. مۇشۇنداق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش قۇرئاننىڭ ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولغان مەقسىتىدۇر.

تۆتىنچى، قۇرئاننى ئۈممەتنىڭ سىياسىي مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇش. سىياسەت دېگەن ئۈممەتنىڭ ھايات ئۇسلۇبىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرى بىزگە ئۇلىلىك مىسال بولالايدۇ. بىز ھايات ئۇسلۇبىمىزنى قۇرئان ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان شەكىلگە كەلتۈرۈپ لايىھەلىشىمىز كېرەك. قۇرئان بولسا جىھاد قۇرئانىدۇر. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۇنىڭغا ھازىرلىنىپ، ھايات ئۇسلۇبىمىز شۇ بويىچە بولۇشى كېرەك. قاچان جىھاد بولسا، شۇ ھامان تەييار تۇرالىشىمىز لازىم. «مېنىڭ خوتۇن-بالىلىرىم، مال-مۈلۈك ۋە تىجارىتىم بار ئىدى» دەپ يالتايساق، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. قۇرئان بولسا ھىجرەت قۇرئانىدۇر. بىز ھىجرەت ئۈممىتى بولۇشىمىز كېرەككى، قەيەر بىزگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەرگە بېرىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. قۇرئان ئېلىپ كەلگەن دىن "اطعام الطعام" «تاماق بېرىشلار»، يەنى

www.uyghurkitap.com



ئەتراپىمىزدىكى يوقسۇللاردىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇلغان بىر دىن بولۇپ، بىزنىڭ ھايات ئۇسلۇبىمىز شۇ تەرىقىدە بولۇشى كېرەك.

دىققەت قىلساق، قۇرئان ئۈممىتى بىلەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى بايقايمىز. قۇرئان تەسىر كۆرسەتكەن رايون ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ياشاش شەكلىگە قارىساق، ئۇلارنىڭ «ئۆيلىرى كەڭرى». يەنى باشقىلارنى ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ ھەم ئۆيىنى شۇ شەكىلدە ياسايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ سىرتىدىكى جەمئىيەتلەرچۇ؟ مېھمانخانىلىرىغا نەچچە تال كىرېسلو قويۇپلا، بىر-ئىككى كىشى پاتقۇدەك قىلىپ لايىھەلەيدۇ. بىز ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋردىكى ئۆيلەر كەڭرى، كۆپ مېھمان سىغقۇدەك شەكىلدە سېلىناتتى. بىز ئۇنى كونا ئۇسلۇب دەيتتۇق. ئەمما ئۇ كونا ئۇسلۇب بولماستىن، بەلكى قۇرئاننىڭ سىياسىي ھايات ئۇسلۇبى ئىدى. چۈنكى بىز ئۆيلىرىمىزگە يۇرت-مەھەللە جامائىتىنى پات-پات چاقىرىپ، پىكىرلىشىپ، ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ تۇراتتۇق. بىز ئۆيى تارلاشتۇرۇلغان، قوشنىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان ئۈممەت ئەمەس ئىدۇق. قۇرئان بىزگە «قوشنىلار ۋە يۇرت-مەھەللىدىكىلەر قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىن» دەپ ئۆگەتكەن ئىدى.

بىز ياشاش شەكلىمىزنى قۇرئاننىڭ سىياسىي تەلىپىگە ماس شەكىلدە لايىھەلەيمىز. بىز دۇنيادا كەيىپ سۈرۈپ ئەمەس، بەلكى قەيەر بىزگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنىڭغا تەييار بولۇپ، ھاياتىمىزنى شۇ خىل شەكىلگە ماسلاشتۇرۇپ ياشايمىز. تارىختىن بۇيان قۇرئان شۇنچە كۆپ ئىنسانلارنى شۇ شەكىلدە يېتىشتۈرۈپ، ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىر مىسال ئالساق، بۇرۇن ھافىز ئىراقى دەپ بىر كاتتا ئۆلىما ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن. ھافىز ئىراقى كىچىك ۋاقتىدا ئاۋازى ناھايىتى گۈزەل، قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيدىغان، ئون نەچچە يېشىدىلا قۇرئاننى يادلاپ، نەچچە خىل قىرائەت ئۆگىنىپ، قۇرئان ئوقۇش ساھەسىدە

خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن بىر بالا ئىدى. ئۇنىڭ زېرەكلىكىنى بايقىغان شەيخ ئەلئىز ئىبنى جامائە ئۇنى چاقىرىپ ئەكېلىپ: «سەن قارىيلىق ئىلمىنى توختىتىپ، شەرئەت ئىلمىنى ئۆگەن» دېگەن. چۈنكى قىرائەت ئىلمى قۇرئان ئىلملىرى ئىچىدىكى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر ئىلىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى نورمال ئادەملەر قىلالايدىغان بولۇپ، بۇ قۇرئاننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەمەس ئىدى. قۇرئاننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولسا، سۆزلەپ كېلىۋاتقىنىمىزدەك، ئاجايىپ بىر ئۈممەت شەكىللەندۈرۈشتۇر. بۇ خىل ئۈممەت ھافىز ئىراقىدەك ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن كىشىلەر بىلەن روياپقا چىقاتتى. بۇ يەردىكى مەقسەت قىرائەت ئىلمىنى ئەيىبلەش بولماستىن، بەلكى ھافىز ئىراقىدەك زېرەك كىشىلەرنىڭ شەرئەت ئىلمىگە بەكرەك ماس كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەش ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىبنى جەمائە ھافىز ئىراقىغا: "انه العلم كثير التعب، قليل الجدوى" «قىرائەت ئىلمىنىڭ جاپاسى جىق، پايدىسى ئاز» دېگەن. ئىبنى جەمائە گۈزەل بىر ئاۋازدا ئوقۇغان قۇرئان بىلەن ئاۋازى گۈزەل بولمىغان بىرىنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىنىڭ ساۋابىدا كۆپ پەرق بولمايدىغانلىقى ۋە ئەڭ مۇھىمى قۇرئاننىڭ ئۈممەتنى يېتىشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ھافىزنى شەرئەت ئىلمىگە ئېلىپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەرئەت ئىلمىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىمغا ئايلىنىپ، قۇرئاننى ئىزاھلاپ چۈشەندۈردى. شۇ چۈشىنىلگەن قۇرئاننىڭ ۋاستىسى بىلەن سالاھىددىن ئەييۇبىدەك كاتتىلار چىقىپ، قۇددۇسنى ئازاد قىلدى.

بۇ تەپسىرنى ئوقۇشتىكى مەقسىتىمىز، ھايات ئۇسلۇبىمىزنى قۇرئانغا ماس شەكىلدە لايىھەلەپ، ئارىمىزدىن سالاھىددىن ئەييۇبىلارنى، ئالىپ ئارسلانلارنى چىقىرىشتۇر. ئۈممەتنىڭ سىياسىي ھاياتى قۇرئانغا لايىق بولمىسا ۋە ئۇ خىل شەكىلدە لايىھەلەنمىسە، ئارىمىزدىن ئۇنداق كىشىلەر ھەرگىز چىقمايدۇ ۋە ئەھۋالىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، ھەرگىز غالىبلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولالمايمىز. قۇرئاننى يادلاش ناھايىتى ياخشى ئىش ۋە يېقىنقى زامانلاردا ئارىمىزدىن نۇرغۇن قارىلار يېتىشىپ چىقتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئورنىغان بولسىمۇ، ھايات ئۇسلۇبىغا كۆپ تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ. يەنى كاللىسىدا قۇرئان بولۇپ، ئۇنى گۈزەل تەرىقىدە ئوقۇيالىسىمۇ، قۇرئاننىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇنىڭدا گەۋدىلەنمىگەنلىكتىن، ھايات ئۇسلۇبىدا ئۆزگىرىش بولمايۋاتىدۇ. بۇ قۇرئان ئوقۇشتا مەغلۇب بولغان بىر تەرەپتۇر. شۇڭا ئۇممەت ئۆزىنىڭ ھايات ئۇسلۇبىنى قۇرئانغا ئاساسەن لايىھەلەپ، قۇرئان تەلەپ قىلغان ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشى كېرەك.

بەشىنچى، قۇرئاندىكى قىسسەلەرنى توغرا تەرىقىدە چۈشىنىش. قۇرئاندا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ يۈسۈف ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغىچە ناھايىتى كۆپ قىسسەلەر سۆزلەنگەن. بىز بۇلارنى ھېكايە شەكلىدە ئوقۇپ قويساق ئاساسىي مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولىمىز. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىش قىسسەسىنى ئوقۇپ، ھەيرانلىقتا «شۇ چاغدا ئاللاھ قوچقارنى چۈشۈرۈپ بەرمىگەن بولسا، باللىرىمىزنى قۇربانلىق قىلاركەنمىز» دەپلا قويىدىغان بىر قىسسە ئەمەس، بەلكى بالىسىنى ئىككىلەنمەي قۇربانلىق قىلىدىغان پىداكارلىق قىسسەسىدۇر. قۇربانلىق بېرىش نۆۋىتى كەلگەندە باش تولغىماي، ئۆزىنى ئوتتۇرىغا تاشلاش قىسسەسىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسەسى بالىنىڭ باققان دادىسىغا قارشى چىقىش قىسسەسى ئەمەس، بەلكى زالىمنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇش قىسسەسىدۇر. بۇ قىسسەلەرنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغان بىر ھەقىقەت، بىر رېئاللىق بار. بىز مۇشۇ تەرەپلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلىسەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك ھاياتىمىزدىكى پىرئەۋنلەرنى يوقىتالايمىز. ئوتقا چۈشۈشتىن قورقمايدىغان ئىبراھىملار مەيدانغا كېلىپ، نەمرۇتلار يوقىلىدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتكۈل

ھېسسىياتلىرىغا ئېگە بولالايدىغان يۈسۈفلەر مەيدانغا كېلىپ، پىتنە-پاسات تۇگەيدۇ. ھابىل-قابىلنىڭ قىسسەسىدىن مۇسۇلمانىنىڭ ئىززىتى، شەرىپى ۋە قېنىغا قول ئۇزارتمايدىغانلار چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ناھەقچىلىك يوقىلىدۇ. شۇڭا بۇ قىسسەلەرنى ئاڭلاپلا قويماستىن، چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئالتىنچى، قۇرئاننىڭ يول بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى. قۇرئان 23 يىل جەريانىدا «فاتىھە»دىن باشلىنىپ، «ناس»تا ئاخىرلىشىدىغان ھازىرقى قۇرئان تەرتىپىدە ئەمەس، ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆز ئالدىغا بىر ئۇسلۇب ۋە تەرتىپ بىلەن نازىل بولغان. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش ئومۇمىي جەريانىنى تەتقىق قىلىپ، ئىزدىنىش ئارقىلىق، قۇرئاننىڭ ساھابىلەرگە قانداق يول بەلگىلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى، قانداق قىلىپ تۆۋەن بىر جەمئىيەتنى قەلەم-ئەلەم ساھىبى، دۇنيادىكى شەرق ۋە غەربنىڭ خوجايىنى بولغان بىر ئۈممەتكە ئايلاندۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

يەتتىنچى، قۇرئاندىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىك مەسىلىلىرى. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قانچىدىن مۆجىزىلىرى بار. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يىلانغا ئايلىنىدىغان ھاسىسى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغما ئەما ۋە ئاق كېسەلنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ساقايتىدىغان مۆجىزىسى بار. ئەمما ئۇ مۆجىزىلەر شۇ زاماندا قالغان بولۇپ، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى بۈگۈنكى كۈنلەرگە قەدەر ئەكېلەلمىدى. ئەمما قۇرئان مەڭگۈلۈك مۆجىزە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنياغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەلۇم رايون، مەلۇم مىللەتكە خاس قىلىنمىغان ۋە قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە مەڭگۈلۈك قۇرئان بولدى. شۇڭا قۇرئان نازىل بولغاندىن باشلاپ، تاكى قىيامەتكىچە تۈرلۈك پاكىتلارنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بىز قۇرئاننىڭ يەتتىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



نىشـــانىدا قۇرئـــان كەرىمنـــى تەتقـــىق قىلـــىش ئـــارقىلىق پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنـــى ئىبتـــراپ قىلـــىپ، رەسـۇلۇللاھنىڭ يولىغـــا ئەگىشىمىز.

# 2-دەرس

## مۇقەددىمە (2)

قۇرئان تەپسىرى بولسا ھاياتنى قۇرئانغا تاپشۇرۇپ، ھايات ئۇسلۇبىنى شۇ بويىچە لايىھەلىمەكچى بولغان قۇرئان ئۈممەتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر دەرسلىك. قۇرئان ئۈممىتى دىنىي ئۆلىما ۋە تالىپلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، پۈتۈن ئاۋام-خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاۋام-خەلقمۇ قۇرئان بىلەن خىتاب قىلىنغان بولغاچقا، قۇرئان كەرىمنى مۇستەقىل شەكىلدە چۈشىنىشى كېرەك. يەنى، قۇرئاننى تەپسىرلەپ بېرىدىغان ئۆلىمالارنىڭ ۋاستىسى ياكى مۆتىۋەر تەپسىر كىتابلىرى ئارقىلىق چۈشىنىپ، دىنىنى قۇرئاندىن ئېلىشى كېرەك. دىنىنى ئىلگىرىكى ئازغان ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ئىنسانلارغا تاپشۇرۇپ قويماي، ئۆلىمالارنىڭ قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش يولى ياكى تەرجىمە-تەپسىر كىتابلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق قۇرئاننى چۈشىنىشى، ئۇنىدىن كېيىن قۇرئاننى ئاساسىي مەنبە قىلغان ھالدا دىنىنى بىۋاستە قۇرئاندىن ئېلىپ، قىلمىشلىرىنى ھەردائىم قۇرئان تارازىسىغا سېلىپ تۇرۇشى كېرەك.

قۇرئاندا بىر قىسىم ئۆلىمالارغا خاس قىلىنغان نۇقتىلار بولۇپ، بۇنىڭدا ئەھكام مەسىلىلىرىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بېكىتىلگەن. شاخچە مەسىلىلەر ھەر زامان، ھەر ماكاندا پەيدا بولۇپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاۋام ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم ئالالمىغانلىقتىن، مۇجتەھىد ئۆلىمالار قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈم ئېلىش مەنبەلىرىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاۋامغا يەتكۈزىدۇ. ئەمما دىنىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان ئىمان، ئەخلاق تەرەپلىرى ۋە روھىيەتنى دىنىي ئەھكاملار ئۈچۈن ھازىرلاش

www.uyghurkitap.com



قۇرئاندا روشەن تەرىقىدە بايان قىلىنغاچقا، بىۋاستە قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن ئېلىنىشى كېرەك. شۇڭا تەپسىر بىز مۇسۇلمانلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك بولغان ناھايىتى مۇھىم بىر ساھە. تەپسىر قىلماقچى ياكى ئوقۇماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى تۆۋەندىكى ئالتە ھالقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

1. مەككە سۈرىلىرى ۋە مەدىنە سۈرىلىرى

بىز قۇرئان ئوقۇغاندا ھەر سۈرىنىڭ بېشىدا «مەككە سۈرىسى» ياكى «مەدىنە سۈرىسى» دەپ يېزىلغان بىر ئىزاھاتنى كۆرىمىز. مەككە سۈرىلىرى دېگىنىمىز، مەككە خاراكتېرگە، مەدىنە سۈرىلىرى بولسا مەدىنە خاراكتېرگە ئىگە سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل سۈرىلەر مۇشۇ ئىككى تۈرگە ئايرىلىپ، نازىل بولغان. بۇ يەردىكى «مەككە، مەدىنە سۈرىلىرى» بولسا «مەككىدە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغان» دېگەندەك بىر جۇغراپىيەلىك ئۇقۇمنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ھىجرەتنى ئاساس قىلغان ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى نازىل بولغىنى مەككە سۈرىسى، ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغىنى مەدىنە سۈرىسى دەپ ئاتىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن سۈرىلەر بۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلىپ مۇئامىلە قىلىنىدۇ؟ چۈنكى ئىككى دەۋرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس خاراكتېرى، ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولغان نىشانى، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پرىنسىپى ۋە ئىجرا قىلىنىدىغان شارائىتلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەپسىر قىلغاندا بۇ خاراكتېرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

مەككە سۈرىلىرىنىڭ خاراكتېرى ئاساسەن دىنىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئىمان-ئەقىدە، ئەخلاق ۋە روھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنغا بولغان پوزىتسىيەسى

ۋە دىنىنىڭ ئۇلارغا قايتۇرغان رەددىيەلىرى توغرىسىدا نازىل بولغان. ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۆز ئالدىغا ئەركىن ياشىيالايدىغان، ئىبادەتلىرىنى قورقماي قىلالايدىغان بىر جەمئىيەت ھاسىل بولدى. بۇ خىل جەمئىيەت قانۇن-نىزاملارغا موھتاج بولغاچقا، بۇ دەۋردە نازىل بولغان مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ خاراكتېرى ئەھكام، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ھۆكۈم ۋە قانۇن-نىزاملارغا مۇناسىۋەتلىك بولدى. بۇ ئىككى دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن قويۇلغان تەلەپلەرمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

بىر مىسال كەلتۈرسەك، سۈرە «نىسا»نىڭ 15-ئايىتىدە: ﴿وَاللَّاتِي يَأْتِينَ الْفَاحِشَةَ مِن نِّسَائِكُمْ فَاسْتَشْهِدُوا عَلَيْهِنَّ أَرْبَعَةً مِّنكُمْ فَإِن شَهِدُوا فَأَمْسِكُوهُنَّ فِي الْبُيُوتِ حَتَّىٰ يَتَوَفَّاهُنَّ الْمَوْتُ أَوْ يَجْعَلَ اللَّهُ لَهُنَّ سَبِيلًا﴾ «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ، ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا)، تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى ئاللاھ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار» دېيىلگەن. نىكاھلانمىغان ئايال زىنا قىلىپ قالغان بولسا جازاسى يۈز قامچا، تويى قىلىپ بولغان بولسا رەجىم قىلىنىشتۇر. ئەمما بۇ سۈرىدە يامان ئىشلارنى قىلغان ئاياللارنى ئۆيدىن چىقارماي چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكى سۆزلىنىۋاتىدۇ. ئەمدى بىر تەپسىرشۇناس ياكى تەپسىر كىتابى سۈرىنىڭ مەككە ياكى مەدىنە خاراكتېرىگە قارىماستىن، «ئايال كىشى زىنا قىلغاندىن كېيىنكى قۇرئان ھۆكمى مۇشۇ» دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا خاتالاشقان بولىدۇ. شۇڭا بىز تەپسىر قىلغاندا ئايەتنىڭ مەككە ياكى مەدىنە ئايىتى ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ھىجرەتتىن ئىلگىرى مەككىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم ئىجرا قىلغۇدەك جەمئىيىتى ۋە شارائىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «مەككە ئايىتى» دېگەنلىك «چارىسىزلىك» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ شارائىتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شۇ خىل ئايەتلەرنى ئۆيدىن سىرتقا چىقارماسلىق ئىدى. بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەن بولغاچقا، بىزمۇ شۇ شارائىتقا ئاساسەن مۇئامىلە قىلىمىز. ئەمما مەدىنىگە كەلسەك، ھىجرەتتىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇستەقىل بىر جەمئىيىتى ۋە ئەھكام ئىجرا قىلىش كۈچى مەيدانغا كەلگەن. ئەگەر مەككە-مەدىنە تەرتىپى ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندا، بەزى ئايەتلەرنى چۈشىنىشتە مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ.

بىر سۈرىنىڭ بېشىغا مەككە ياكى مەدىنە دەپ يېزىلىشى پۈتۈن ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەككە ياكى مەدىنە ئايەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ نازىل بولۇش ئەھۋالىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، سۈرە «فاتىھە» ۋە بىر قانچە قىسقا سۈرىدىن باشقا قالغان سۈرىلەرنىڭ بىر قېتىمدا بىراقلا نازىل بولمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: تۇنجى سۈرە «ئەلەق»نىڭ بەش ئايىتى نازىل بولۇپ، كېيىنكى ئايەتلىرى ئەھۋالغا ئاساسەن نەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ نازىل بولغان. سۈرە «مۇززەممىل»نىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرى نازىل بولۇپ، قالغان ئايەتلىرى نەچچە يىلغا بۆلۈنۈپ نازىل بولغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۈرە «بەقەرە»نىڭ ئۆزى بەش يىلدا، بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا سەككىز يىلدا نازىل بولغان. دېمەك، ئايەتلەر ھازىرقى تەرتىپ بويىچە ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەت، ئەھۋال ۋە ماقامغا ئاساسەن نازىل بولغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان پۈتۈكچىلىرىگە «بۇ ئايەتنى پالانى سۈرىدىكى پالانى ئايەتنىڭ ئارقىغا يازغىن» دەپ، ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. رەسۇلۇللاھ دۇنيادىن كېتىشتىن ئىلگىرى قۇرئاننىڭ ھازىرقى 114 سۈرىلىك شەكلى ئاساسەن بېكىتىلىپ بولۇنغان ئىدى. لېكىن بىز ھازىر ئوقۇۋاتقان تەرتىپ بويىچە رەتلىك ھالدا نازىل بولمىغان، بەلكى پارچە-پارچە ئايەتلەر جىبرىئىل ئېلىپ چۈشكەن ئىلاھىي تەلىمات بىلەن رەتلىنىپ تىزىلغان. بىز

ئايەتنىڭ مەككە ياكى مەدىنە ئايىتى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالساق، ئايەتلەرنىڭ خاراكتېرى بىزگە ئوچۇق نامايان بولىدۇ.

2. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

بىز نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنى ئەرەبچىدە «أسباب النزول» دەيمىز. بىر قىسىم ئايەتلەر مەلۇم ھادىسە ياكى ساھابىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتە يولۇققان مەسىلىلىرىگە، بەزىلىرى مۇشرىك ۋە يەھۇدىيلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بولۇپ چۈشكەن. مانا بۇ ۋەقەلەر شۇ ئايەتلەرنىڭ «نازىل بولۇش سەۋەبى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆلىمالار نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنى ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن توپلاپ بىزلەرگە يەتكۈزگەن. نازىل بولۇش سەۋەبلىرى قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: سۈرە «نۇر» دىكى بىر ئايەتنى مىسال ئالساق: ﴿وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾[1] «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر». بۇ ئايەتتە پاك ئاياللارغا قارا چاپلاشنىڭ جازاسى سۆزلەنگەن. ﴿إِنَّ الَّذِينَ جَاءُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَّكُم بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُم مَّا اكْتَسَبَ مِنَ الْإِثْمِ وَالَّذِي تَوَلَّىٰ كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾، ﴿لَّوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِأَنفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هَٰذَا إِفْكٌ مُّبِينٌ﴾[2] «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئويلىغاندەك يامان ئەمەس، بەلكى ياخشىدۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم

[1] سۈرە نۇر، 4-ئايەت
[2] سۈرە نۇر، 11، 12-ئايەتلەر

(يەنــى ئابــدۇللاھ ئــىبن ئــۇبەي) قــاتتىق ئازابقــا دۇچــار بولــدۇ. بوھتــاننى ئاڭلىغــان چــاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايــال مــۇئمىنلەر نېمىشــقا ئــۆزلىرىنى ياخشــى دەپ قــاراپ، بــۇ ئېنىــق بوھتــان دېمىــدى؟» دېــگەن ئــايەتتە گۇناھســىز كىشــىلەرگە تۆھمەت چاپلىغانلارنىڭ گۇناھى سۆزلەنگەن.

ئايەتلەرنىــــڭ نازىــــل بولــــۇش ســــەۋەبلىرى مەزمــــۇننى ئاســــان چۈشىنىشــــىمىزگە ياردەمــــدە بولــــدۇ. بــــۇ ئــــايەتتىكى ۋەقەلىــــك «بوھتــــان ۋەقەلىكــى» دەپ ئاتىلىــپ، ھەدىســلەردە ســۆزلىنىپ، بىــزگە يېتىــپ كەلــگەن. ۋەقەلىكنىــك قىســقىچە تەپســىلاتى مۇنــداق: ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھاغــا مەدىنىــدىكى بىــر قىســىم مۇنــاپىقلار تــۆھمەت چاپلىــدى. بــۇ ھادىســە رەســۇلۇللاھنىڭ ئــىززەت-ئــابرۇيى، شــان-شــەرىپىگە بېرىــپ تاقالــدى. ئەممــا رەســۇلۇللاھتا بــۇ توغرۇلــۇق ھېچبىــر مەلۇمــات يــوق بولــۇپ، ئــۆز پىكــرى بــويىچە گەپ قىلالمايتتى. چۈنكى قۇرئانـدا: ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَـوَىٰ. إِنْ هُـوَ إِلَّـا وَحْـيٌ يُـــوحَىٰ﴾[1] «(ئــۇ مــۇھەممەد) ئــۆز نەپســى خاھىشــى بــويىچە ســۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغــا نازىــل قىلىنغــان ۋەھيــىنىلا ســۆزلەيدۇ» دېــيىلگەن بولــۇپ، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ھەرقانــداق ســۆزنى ئــۆز مەيلــى بــويىچە ئەمەس، بەلكــى ۋەھــيىگە ئاساســەن ســۆزلەيتتى. شــۇڭا بــۇ «بوھتــان» كىشــىلەرنىڭ تالىشــىدىغان قىزىــق نۇقتىســىغا ئايلىنىــپ، مەســجىدكىچە كىــرگەن بولســىمۇ، رەســۇلۇللاھ ۋەھــيى چۈشــكۈچە ھېچقانــداق ئىنكــاس بىلدۈرمىــدى. بىــر كــۈنى رەســۇلۇللاھ ئائىشــە ئانىمىزنىــڭ قېشــىدىن ســىرتقا ماڭغانــدا، يــۇقىرىقى ئــايەتلەر نازىــل بولــدى. بــۇ ئــايەتلەردە پــاك ئايالـلارغــا بوھتــان چاپلىغــانلار 80 دەررە ئۇرۇلــۇپ، گــۇۋاھلىقى مەڭگــۈ قوبــۇل قىلىنمايــدىغانلىقى، ئىجتىمــائىي ۋە سياســىي ھوقــۇقى ئېلىــپ تاشــلىنىدىغانلىقى، ئــۇلار پاســىقلار دەپ ھۆكــۈم قىلىنىــپ، مۇئمىنلەرنىــڭ بــۇ خىــل ئەھۋاللارغــا قانــداق پوزىتســىيە تۇتۇشــى كېرەكلىكــى بايــان قىلىنــدى.

---

[1] سۈرە نەجم، 3، 4-ئايەتلەر

دېمەك، ئايەتلەرنى نازىل بولۇش سەۋەبلىرىگە ئاساسەن ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوڭاي چۈشىنەلەيمىز.

بىر ۋەقەلىك ياكى بىر سوئال تۈپەيلىدىن ئومۇمىي شەكىلدىكى ئايەت نازىل بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى ئاشۇ ۋەقەلىككىلا باغلىنىپ قالماستىن، قىيامەتكىچە يۈز بېرىدىغان شۇ خىلدىكى پۈتكۈل ۋەقەلىككە تەتبىقلىنىدۇ. مەسىلەن: يازنىڭ قاتتىق ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ساھابىلەر جىھادقا چاقىرىلدى، ئەمما بۇ ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا: ﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾[1] «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. چۈنكى جىھادتىن قېلىش ئۇلارنى دۇنيادا خارلىققا، ئاخىرەتتە ئازابقا ئىتتىرەتتى. بۇ ئايەت پەقەت شۇ ۋەقەلىككىلا خاس قىلىنامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە دالالەت قىلىدۇ. ماشىنىنى بەلگىلەنگەن سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ ھەيدەش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىپ كېتىدۇ. دوختۇر كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن مەلۇم يېمەكلىكتىن توسقاندا، بىمار پىسەنت قىلماي يەۋېرىپ، سالامەتلىكىگە دەخلى يەتسە، بۇ ئايەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. دېمەك، بىر ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ئۇ ئايەتنى شۇ ۋەقەلىككىلا خاس قىلىۋالمايدۇ، بەلكى قىيامەتكىچە شۇ خاراكتېردىكى بارلىق مەسىلىلەر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىپ كېتىدۇ. نازىل بولۇش سەۋەبى ئايەتلەرنىڭ قاراتمىلىق خاراكتېرىنى بەلگىلەشتە زور ياردىمى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەپسىر قىلماقچى بولغان كىشى نازىل بولۇش سەۋەبىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈش تەرتىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش

---

[1] سۈرە بەقەرە، 195-ئايەت

www.uyghurkitap.com

قۇرئان ئىنسانلارنىڭ قائىدە-پرىنسىپىدىن پەرقلىق بولغان بىر شەكىلدە نازىل بولغان. ئىنسانلار قائىدە-تۈزۈم تۈزگەندە رەت نومۇرى قويۇپ، تەرتىپ بويىچە تىزىپ چىقىدۇ. ئەمما قۇرئان مەسىلىلەرنى ئۇ شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويمىغان. قۇرئان كەرىم ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾[1] (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن) دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدىكى قالغان ئايەتلەر مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئاندىن نازىل بولغان. قۇرئاندىكى هاراق چەكلەش مەسىلىلىرى «بەقەرە»، «نىسا» ۋە «مائىدە» سۈرىلىرىنىڭ هەربىرىدە بىر قانچە ئايەتتىن تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچى ئايەتتە: ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا﴾[2] «(ئى مۇهەممەد!) سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ هەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنە ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ - دېگىن» دەپ، هاراقنىڭ زىيىنىنىڭ پايدىسىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، خاراكتېرىنى بەلگىلەپ بەرگەن. سۈرە «نىسا»غا قارىساق، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَأَنتُمْ سُكَارَىٰ حَتَّىٰ تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ﴾[3] «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» دەپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا هاراق ئىچىپ ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى هەققىدە هۆكۈم چۈشكەن. ئۇنىدىن كېيىن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾[4] «ئى مۇئمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار» دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ،

[1] سۈرە ئەلەق، 1-ئايەت

[2] سۈرە بەقەرە، 219-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] سۈرە نىسا، 43-ئايەت

[4] سۈرە مائىدە، 90-ئايەت

ھاراقنى پۈتۈنلەي ھارام قىلغان. نېمە ئۈچۈن بۇ ھاراق چەكلەش ئايەتلىرى ئۇزۇن ۋاقىت ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، تەدرىجىي شەكىلدە نازىل بولغان؟

بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ھەرخىل ھېكمىتى بار. ئەمما بىز ھېس قىلالىغىنىمىز ھاراق مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، چەكلەش باسقۇچىغا بارغۇچە ھاراق مەسىلىسىگە قوشۇپ، باشقا ئەھكام مەسىلىلىرىنىمۇ بىرلىكتە بايان قىلغان. بىرىنچى ئايەتتە ھاراق بىلەن قىمارنى بىللە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتتى. ئىككىنچى ئايەتتە ھاراقنى كۈندۈزدە ئىچىشتىن چەكلەپ، مەست ھالدا نامازغا يېقىنلاشماسلىق بېكىتىلدى. چۈنكى كۈنلۈك بەش ۋاخ نامازنىڭ ئارىلىقلىرى يېقىن بولغاچقا، كۈندۈزدە ھاراق ئىچسە مەستلىكتىن يېشىلىپ، ناماز ئوقۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخىرىدا ھاراقنى تۆت نىجىسنىڭ ئارىسىغا تىزىپ، قەتئىي ھارام قىلدى. قۇرئان ئىنسانلارنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىدەك، چەكلەش ماددىلىرىنى تۈزۈپلا مەجبۇرىي ئىجرا قىلماي، كىشىلەرنى قەدەممۇ-قەدەم شۇ چەكلىمىنى قوبۇل قىلىشقا ھازىرلىغان ئىدى.

ئەمدى بىز ئىنسانلارنىڭ ھاراق چەكلەش مىسالىغا قاراپ باقساق، 1920-يىلىدىن 1933-يىلىغىچە ئامېرىكىدا ھاراق چەكلەش قانۇنى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاراق ئىچكەنلەرگە يۇقىرى بولغاندا 1000 دوللار جەرىمانە ۋە يېرىم يىللىق قاماق جازاسى بېرىشتەك ئېغىر ماددىلار بار ئىدى. ساقچى-مەمۇرلار پۈتۈن قاۋاقخانا ۋە ھاراق زاۋۇتلىرىنى مەجبۇرىي تاقىغان بولسىمۇ، ئەمما چەكلەش مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئامالسىزلىقتىن چەكلىمىنى بىكار قىلىۋەتكەن. لېكىن ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇش مۇسۇلمانلارنى ھاراقتىن تەدرىجىي يىراقلاشتۇردى. بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارغا ئىتائەت ۋە قانائەتنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، شۇ يوسۇندىكى باشقا مەسىلىلەرنىمۇ بىرلىكتە ھەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلدى. ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە: ﴿فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾[1] «سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) توختامسىلەر؟» دەپ سوئال قويغاندا، ساھابىلەر: «ئى رەببىم، بىز ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىپ توختىدۇق» دەپ، ھاراقلارنى مەدىنە كوچىلىرىغا ئۆز قولى بىلەن تۆكۈۋەتكەن ئىدى.

قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ بۇ ئىلاھىي تەرتىپى بىلەن نازىل بولۇپ، جان دېسە جان، مال دېسە مال بېرىدىغان يۈز مىڭلىغان پىداكار ئىنسانلاردىن شەكىللەنگەن بىر ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ھېكمەتتۇر. ئەگەر بىز قۇرئان ئۇسلۇبىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆز ئالدىمىزغا نىزام تۈزۈۋالساق، شۇ نىزامدىن چىقىپ كېتەلمەي، سەلەف-سالىھلار ئېرىشكەن بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمەيمىز.

4. قۇرئاننىڭ توپلىنىش ۋە كۆچۈرۈلۈش مەسىلىسى

قۇرئان «ئوقۇ» ئايىتى چۈشكەندىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ 23 يىللىق ھاياتى جەريانىدا پارچە-پارچە شەكىلدە نازىل بولدى. ئۇ زاماندا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق بولۇپ، ھەر زامان ۋەھيي چۈشۈپ تۇراتتى ۋە قايسى سۈرىنىڭ نازىل بولۇپ، قايسىسىنىڭ تاماملانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم كىتاب شەكلىدە يىغىلىپ، تۈپلىنىپ چىقىلمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قۇرئان كەرىمنى يىغىپ، تۈپلەشنى ئىلھام قىلدى ۋە ئۇنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەسلىھەت سالغىنىدا، ئاللاھ تائالا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىنى بۇ پىكىرگە ئېچىۋېتىپ، زەيد ئىبنى سابىتنى قۇرئان توپلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئۇ زاماندا ساھابىلەر ئايەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەزىسى يادلىۋالغان، يەنە بەزىلىرى ياغاچ، ھايۋانلارنىڭ تارغاق سۆڭكى ۋە

[1] مائىدە سۈرىسى، 91-ئايەت

قــوۋزاق... قاتــارلىق ئىمكــانى تېپىلغــان نەرســىلەرگە يېزىــپ ســاقلىۋالغان ئىــدى. زەيــد ئىبنــى ســابىت پۈتــۈن قــارى ۋە رەســۇلۇللاھنىڭ ۋەھــيى يازــدىغان كــاتىپى بولســىمۇ، ئەممــا قۇرئــان توپلاشــتا ئــۆزىنى زاپــاس ئورۇنغــا قويــۇپ تــۇرۇپ، پۈتكــۈل قــارى ۋە كۆچــۈرۈلگەن قۇرئــان يــازمىلىرىنى يىغىــپ، ئۇلارنىــڭ رەســۇلۇللاھنىڭ ئالدىــدا يادلىغــان يــاكى يېزىلغانلىقىغــا ئىككــى گــۇۋاھچى كەلتــۈرەلىگەنلىرىنى خــاتىرىلەپ، بىــر يىــل ئەتراپىــدا تــوپلاپ، كىتــاب ھــالىتىگە ئەكەلدى.

بــۇ توپلىنىشــتىكى مەقســەت «قــارى-قــۇررالار ئۇرۇشــلاردا ئەڭ ئالدىــدا ماڭغاچقــا، شــەھىد بولــۇپ تــۈگەپ كېتىــپ، قۇرئــان كەرىمنىــڭ زايە بولــۇپ كېتىش ئېھتىمــالى بــار» دەپ قارالغــانلىقى ئىــدى. ئاللاھنىــڭ رەھمىتــى بىــلەن ئەبــۇبەكرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ دەۋرىــدە قۇرئــان خــاتىرە سۈپىتىدە تــوپلاپ، رەتلىنىــپ چىقىلــدى. ئوســمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ دەۋرىــگە كەلگەنــدە ئىســلام دۇنياســىنىڭ دائىرىســى كېڭىيىــپ، غەيرىــي ئەرەب مۇســۇلمانلىرى كۆپەيــدى ۋە قۇرئــان ئۆگىنىشــكە بولغــان ئېھتىيــاج ھەســسىلەپ ئېشــىپ بــاردى. ھەم قۇرئــان ئوقۇشــتا نەچــچە خىــل قىــرائەت بولغاچقــا، ھەركىــم ئــۆز قىرائىتىنــى ياقلاپ، تالاش-تارتىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

قۇرئــان ئەرەب تىلىــدىكى يەتــتە خىــل شــېۋە بــويىچە چۈشــكەن بولــۇپ، ئەبــۇبەكرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ دەۋرىــدىكى قۇرئــان بــۇ يەتــتە خىــل شــەكلىنىڭ ھەممىســىنى ســىغدۇرالايدىغان ھالــدا رەتلــەپ توپلانغــان ئىــدى. ئوســمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ باشــقا ئــالتە شــېۋىدىكىنى ئەمەلــدىن قالــدۇرۇپ، قــۇرەيش شېۋىســى ئاســاس قىلىنغىنىنــى ئېلىــپ قالغــان ھەم باشــقا نۇســخىلىرىنىڭ ھەممىنــى يىغىــپ كۆيدۈرۈۋېتىشــكە بۇيرۇغــان. ئانــدىن شــۇ قۇرئــاننى بەش يــاكى يەتــتە نۇســخىغا كۆپەيتىــپ، ئاساســلىق شــەھەرلەرگە بىــردىن قــارى بىــلەن ئەۋەتىــپ ئومۇملاشــتۇرغان. ئەلھەمــدۇلىللاھ، ھــازىر بىــز ئوقۇۋاتقــان قۇرئــان ئوســمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ دەۋرىــدە تارقالغــان قۇرئــان شــۇ. بــۇ جەريــاننى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قۇرئان تەپسىر قىلىدىغان ئادەم ياخشى بىلىشى كېرەك.

5. قىرائەتلەر

بىز ھازىر ئوقۇۋاتقان قۇرئاننىڭ ھەممىسى «حفص عن عاصم» رىۋايىتىدىكى قۇرئانلاردۇر. بىز «قۇرئان يەتتە خىل ئەرەب تىلى شېۋىسىدە چۈشكەن» دەپ ئۆتتۇق. ئەمما قىرائەت مەسىلىسىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە قۇرئاننى ھەرخىل قىرائەت، يەنى ھەرخىل ئوقۇلۇش شەكلى بىلەن ئۆگەتكەن. ھەتتا بەزى ساھابىلەر دە-تالاش قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئىككىلىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئايرىپ قويغان ئەھۋاللار بولغان. بۇ ساھابىلەر ھەر قايسى شەھەرلەرگە تارقالغان ۋە ئۆز قىرائەتلىرىنى ئۆگەتكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر ساھە كەسىپلەشكەندەك، قۇرئاننىڭ قىرائەت شەكلىمۇ كەسىپلىشىپ، يەتتە خىل ۋە ئون خىل قىرائەت بېكىتىلىپ چىققان. ھازىر بەزى دۆلەتلەردە ئالدىن ئەسكەرتىپ قويۇپ، ھەرخىل قىرائەتلەر بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. ئەمما بۇ پەقەت ئاھاڭ پەرقى بولماستىن، بەزى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: «ئەلەيھىم»نى «ئەلەيھۇم»، «سىراتەل»نى «زىراتەل» ۋە «ۋەددۇھا»نى «ۋەددۇھې»... دېگەندەك. بۇلار «مۇتەۋاتىر» ياكى بەزىدە «ئاھاد» قىرائەتلەر بولۇپ قالسىمۇ، تەپسىر قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىلار تەپسىر قىلغۇچىلارنىڭ زېھنىدىن قاچماسلىقى كېرەك.

6. قۇرئاندىكى ناسىخ ۋە مەنسۇخ

قۇرئان چۈشكەن ئەرەب مىللىتىنىڭ ئەھۋالىغا قارىساق، ئۇلار رىم ۋە پارس ئىمپېرىيەسىدەك ئىككى چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ ئارىسىدا بىر پاسىل سۈپىتىدە، دۆلەت، مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مائارىپتىن خالىي شەكىلدە، مال-چارۋا بېقىپ، پادىچى ھالىتىدە ياشاۋاتقان ھەم بىر-بىرى بىلەن پېتىشالماي، توختىماي سوقۇشۇپ تۇرىدىغان بىر قەۋم ئىدى. قۇرئان

ئــــۇلارنى 23 يىلـــــدا ئەلەم ۋە قەلەم ســــاھىبى بولغــــان غالىــــب ئــــۈممەتكە ئايلانــدۇردى. بــۇ دۇنيــا تارىخىـــدىكى چــوڭ بىــر مــۆجىزە. كىشــىلەرنى بىــر قېتىمــدىلا ئۆزگەرتىـــۋەتكىلى بولمىغـــانلىقتىن، تەدرىجـــي ئېلىـــپ مېڭىشـــنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى خەلقنىـڭ ئادەتلىنىـپ قالغـان نۇرغـۇن يامـان ئـادەتلىرى تەدرىجـي يوقىتىلىشـى كېـرەك. شـۇنىڭ ئۈچـۈن خـۇددى ھـاراق مەسىلىسـىدەك، باشـتا كەلـگەن ھۆكـۈم بىـلەن ئـاخىرقى ھۆكۈمنىـڭ پەرقلىـق بولۇشـى تەبىئـي. شـۇڭا قۇرئـان كەرىـم بىـر ھۆكـۈمنى ئـېلان قىلىـپ، كىشـىلەر ئـۇ دەرىجىـدىن ھالقىغان ھامان ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى بىر ھۆكۈم ئېلان قىلغان.

ئىلگىرىكــى ھۆكــۈم كېيىنكــى ھۆكــۈم بىــلەن ئەمەلــدىن قالغــان بولســا، ئالدىــدىكى ھۆكــۈمنى «مەنســۇخ» (ئەمەلــدىن قالغــان) ھۆكــۈم، كېيىنكىســىنى «ناسـىخ» (ئەمەلــدىن قالــدۇرغۇچى) ھۆكــۈم دەپ ئاتــايمىز. ناسـىخ ۋە مەنسـۇخ ئــايەتلىرىنى چۈشىنىشــتە ئۆلىمالارنىــڭ ئارىســـدا ھەرخىــل پىكىــرلەر بــار. ئاللاھنىـڭ قەلبلەرنـى ئېچىۋېتىشـگە قـاراپ، بەزى ئۆلىمـالار «قۇرئانـدا قەتئىـي ناسـىخ-مەنسـۇخ يـوق، ئايەتلەرنىـڭ ھەممىسـى قاراتمىلىقتـا ئـىگە، قارىماققـا ئەمەلــدىن قالغانــدەك قىلغــان بىــلەن شــارائىتقا قــاراپ تەتبىقلىغىلــى بولىــدۇ» دەپ قارايـدۇ. بـۇ قۇرئانـدىكى ناھـايىتى چـوڭ بىـر سـاھە بولـۇپ، تەپسىرشـۇناس چوقۇم ئىنچىكە نۇقتىلىرىغىچە ياخشى ئىگىلىشى كېرەك.

يــۇقىرىقىلار تەپســىر قىلغــۇچى ئىگىلىشــى كېــرەك بولغــان ئــالتە نۇقتــا. قۇرئــان كەرىمــدە «مــۇھكەم» ۋە «مۇتەشــابىھ» دەيــدىغان تەرەپــلەر بــار. بۇمــۇ يــۇقىرىقى ئــالتە نۇقتىــدىن ســىرت تەپســىر قىلغــۇچى دىقــقەت قىلىشــى كېــرەك بولغــان تەرەپتــۇر. قۇرئــان كەرىــم ئاساســەن ئەقىــدە ۋە ئەخــلاق مەســىلىلىرىنى ئوتتۇرىغــا قويغــان بولــۇپ، ئەقىــدە مەسىلىســىدە ئىنســانىنىڭ تەپەككۇرىــدىن ھالقىغــان بىــر بۆلــۈك ئىشــلار بــار. ئىنســان يارىتىلىشــتىن ئىلگىرىكــى ۋە ئۆلگەنــدىن كېيىنكــى ئەھــۋاللار، جەنــنەت-دوزاخنىــڭ تەســۋىرلىرى كــۆز كــۆرۈپ باقمىغـــان، قـــۇلاق ئـــاڭلاپ باقمىغـــان ئىشـــلار بولـــۇپ، تەســـەۋۋۇر قىلغىلـــى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولمايدۇ. ئۇلارغا پەقەت ئاشلاپ ئىشىنىش ئىمان كەلتۈرىمىز. مۇئمىنلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا پوزىتسىيەسى بولسا: ﴿يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِّنْ عِندِ رَبِّنَا﴾[1] «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان» دېگەن ئايەتتۇر. مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى يەتمەيدىغان مەسىلىلەر «مۇتەشابىھ» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇتاشابىھ ئايەتلىرىگە ئاشلاپ ئىشىنىمىز، ئەمما ماھىيىتىگە يېتەلىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ﴾[2] «سىلەرگە (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى» دېگەندەك، ئېنىق ھۆكۈم ئالغىلى بولىدىغان ئايەتلەر «مۇھكەم» دەپ ئاتىلىدۇ. تەپسىر قىلغۇچى «مۇتەشابىھ» ۋە «مۇھكەم»نىڭ ھەر قايسىسىغا ئۆزىگە خاس مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى- قۇرئاننىڭ تەرجىمە مەسىلىسى

ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، قۇرئان بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇستازىمىز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى، ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى تەرجىمە نۇسخىسى چىقتى. قاراپ باقساق، بەزى تىللاردا بىر نەچچە خىل تەرجىمىسى بار. قۇرئان ھىجرىيەنىڭ 700-يىللىرى تۈنجى بولۇپ شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن ئېنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. يەنى، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن يەتتە، سەككىز يۈز يىل ئەتراپىدا قۇرئان تەرجىمىسىز ھالدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆچىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. ئوقۇرمەنلەرگە مۇنداق ئىككى سوئال قالدۇرماقچىمەن. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان تەرجىمە قىلىنمىغان، ئۆلىمالار ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن چۈشەندۈرگەن ۋاقىتلاردا قۇرئاننىڭ تەسىرى يۇقىرى بولغانمۇ ياكى تەرجىمە قىلىنىپ، ھەر ئادەم قولىغا ئالغاندىن كېيىنمۇ؟

[1] سۈرە ئال ئىمران، 7-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە، 183-ئايەت

قۇرئـــان ئـــايىتىنى قىســـە دەپ قارىســـاق، قىســـە تەرىقىســـىدە، ئەقىـــدە دەپ قارىســـاق، ئەقىـــدە تەرىقىســـىدە يەكـــۈنگە ئېرىشـــەلەيمىز. ئـــايەت مۇشـــۇنداق كـــۆپ تەرەپلىـــك بولـــۇپ، بىـــر ئـــايەتتىن قايســـى تەرەپنـــى ئالمـــاقچى بولســـاق شـــۇ تەرىپـــى نامايـــان بولـــىدۇ. بـــۇ قۇرئاننىـــڭ ئەرەبـــچە شـــەكلىدىلا ئىپادىلىنىـــدىغان ئالاھىـــدىلىك بولـــۇپ، باشـــقا بىـــر تىلغـــا تەرجىـــمە قىلىنغانـــدا تەرجىماننىـــڭ تەپەككـــۇرى قايســـى تەرەپـــتە كۈچلـــۈك بولســـا، شـــۇ تەرەپ بەكـــرەك ئىپادىلىنىـــپ، يەنە بىـــر تەرىپـــى تاشـــلىنىپ قالـــىدۇ. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن قۇرئاننىـــڭ تەرجىمىســـى قۇرئاننىـــڭ ئـــۆزى ئەمەس. ھەتتـــا بەزى ئۆلىمـــالار «قۇرئـــاننى ئەينـــى شـــەكلىدە تەرجىـــمە قىلىشـــقا بولمايـــدۇ، بەلكـــى چۈشـــەندۈرۈلۈپ، تەپســـىر قىلىنىـــپ، ئىزاھـــات شـــەكلىدە تەرجىـــمە قىلىنىشـــى كېـــرەك» دەپ قارايـــدۇ. ئەگەر بـــۇ تەرەپ كـــاللىمىزدا ئېنىـــق بولـــۇپ، قۇرئاننىـــڭ رەســـۇلۇللاھ دەۋرىـــدىن تـــاكى قىيـــامەتكە قەدەر ھەر قايســـى رايـــون ۋە مىللەتـــكە كۇپـــايە قىلىـــدىغانلىقىنى بىلســـەك، ھەرگىزمـــۇ ئالـــدىمىزدىكى قۇرئـــان تەرجىمىســـى بىـــلەن ئەرەبچىســـىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇق ئىپادىلىگىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

قۇرئـــان كەرىـــم ئەينـــى دەۋرىدىكـــى ســـۆز ســـەنئىتى ۋايىغـــا يەتـــكەن زامانـــدا نازىـــل بولغـــان. ئـــۆز ۋاقتىـــدىكى كىشـــىلەر ھەيرانلىقتـــا قۇرئانغـــا قارشـــى تۇرۇشـــقا پېتىنالمىغـــانلىقى ۋە مۇشـــرىكلارنىڭ باشـــقىلارنى قۇرئـــان ئاڭلاشـــتىن: ﴿لَـــــا تَسْمَعُوا لِهَـــٰذَا الْقُـــرْآنِ وَالْغَـــوْا فِيـــهِ﴾[1] «بـــۇ قۇرئانغـــا قـــۇلاق سالماڭلار، ئـــۇنى ئېلىشـــتۇرۇۋېتىڭلار» دەپ توســـقانلىقى، بۈگـــۈنكى زامـــانىمىزدىمۇ «قولـــدىن ھـــېچ ئـــىش كەلمەيـــدۇ» دەپ قارىلىۋاتقـــان، شـــاپاق دوپپـــا كـــيگەن تالـــىپ بـــالىلارنىمۇ قۇرئـــان ئوقـــۇغىلى قويماســـلىقى، دۈشـــمەنلەرنىڭ قۇرئاننىـــڭ گـــۈزەل تۈيغـــۇلىرى ۋە ســـېزىملىرىنىڭ مۇســـۇلمانلارغا يېتىـــپ بېرىشـــىنىڭ ئالـــدىنى ئـــېلىش ئۈچـــۈن ئېلىـــپ بارغـــان ئۇرۇنۇشـــلىرى دەپ قارىســـاق قىلـــچە خاتالاشـــمايمىز. شـــۇ

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 26-ئايەت

www.uyghurkitap.com



نۇقتىدىن قۇرئاننى ئەينى شەكىلدە جانلىق تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما تەرجىمە قۇرئاننىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن تەپسىرگە ئېھتىياجلىق؟ تەپسىرنىڭ بىرىنچى نىشانى ھاياتىمىزنى پىروگىراممىلاپ، بىزنى قۇرئانچە ھاياتتا ياشىتىش، بىزنى قۇرئانغا ياكى قۇرئاننى بىزگە ئايلاندۇرۇش، ئۇنى ئائىلىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان جانلىق ھالەتكە ئەكېلىش ۋە سۆزلەۋاتقان، مېڭىۋاتقان، ياشاۋاتقان، ئۇخلاۋاتقان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقاننىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئان بويىچە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

بىز ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن بۇيان ھاياتىمىزنى قۇرئانغا تاپشۇرۇۋاتىمىز. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئەھلى ئىلىملەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ دۇنيادىن كەتتى. كۈنىمىزدىمۇ بىر تۈركۈم ئەھلى ئىلىملەر مەيدانغا چىقتى ۋە چىقماقتا. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قۇرئان بىزگە يېقىنلاشماستىن، ئەكسىچە بىزدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. بىز دىن ۋە ئەقىدىمىزنى قۇرئاندىن ئالماي، قانداقتۇر باشقا كىتابلاردىن ئېلىۋاتىمىز. قۇرئان خاس كىشىلەرلا چۈشىنىپ، ئاۋام چۈشەنمەيدىغان كىتاب ئەمەس. قۇرئاننىڭ ئۆزى «بىز قۇرئاننى چۈشىنىشكە ئاسان قىلدۇق، قېنى كىم چۈشىنىدۇ؟»، «قۇرئاننى ئويلانمامدۇ؟ نېمىشقا ئويلانمايدۇ؟» دەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم ياكى ئاۋام-خەلق بولسۇن، ھەركىشى قۇرئاننى چۈشىنىشى كېرەك. ئايەتلەرنىڭ ئەھكام ئېلىش يوللىرىغا تايىنىپ ئېلىنىدىغان ئىجتىھادىي مەسىلىلەر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىشى. ئەمما قۇرئان ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئەقىدە، ئەخلاق ۋە پىرىنسىپ مەسىلىلىرى روشەن ھالدا بايان قىلىنغان. كىشىلەر بۇ مەسىلىلەرنى قۇرئاندىن قانداق ئېلىشنى بىلمىسە، ئالىملارنىڭ چۈشەنچىسىگە ۋە تەپسىرشۇناسلارنىڭ تەرجىمە كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ. يىغىپ ئېيتساق، كىشىلەر قۇرئاننى چۈشىنىپ، دىنىنى قۇرئاندىن ئېلىشى كېرەك.

يەھۇدىي-ناسارالار ھەر قايسى مەسىلىلەردە ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي تەلىماتلارنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، ھەتتاكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئېتىقاد مەسىلىسىدىمۇ پوپ-راھىبلارغا تايىنىۋېلىپ، شۇلارنىڭ گېپىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئېزىپ كەتكەن. ھازىر كۆرۈۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىگە قارىساق، خىرىستىيانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەندەك بۇزۇق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن «بۇ بوھتان قايسى ئىنجىلدا بار؟» دەپ سورالسا، ئىنجىلدا يوقلۇقىنى، ئەمما چېركاۋ پوپلىرىدىن ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى دىنغا نىسبەت بېرىۋالغانلاردىن دىنىنى ئېلىش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ خاتالىشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم باشلىنىش بولغان.

بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دىنىنى قۇرئاننىڭ ئۆزىدىن ئالايلى. دىن نامىدىن قىلغان ھەربىر ئىشىمىزنىڭ ئاساسى قۇرئاندا بولسۇن. قۇرئاننى مەنبە قىلغان چۈشەنچە بىزدە شەكىللەنسۇن. بۇ چۈشەنچىنى قانداقتۇر مەھەللىدىكى بىر ئاخۇنۇم ياكى باشقا بىر قۇلاق موللىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئۆلىمالار چۈشەندۈرگەن قۇرئاندىن ئالايلى. لېكىن بۇ «ئۆزۈڭ نادان ۋە بىلىمسىز تۇرۇپ قۇرئانغا جۈرئەت قىل» دېگەنلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مَنْ قَالَ فِي القُرآنِ بِرأيِهِ، فَلْيَتَبَوأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ"[1] «كىمكى قۇرئاننى ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىسە، ئۆزىگە دوزاختىن بىر ئورۇن ھازىرلاپ قويسۇن» دېگەن.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز: ئاۋۋال قۇرئاننى تەپسىر ياكى ئۆلىمالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشىنىش، ئاندىن دىنىمىزنى قۇرئاندىن ئېلىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: "تركت فيكم شيئين، لن تضلوا بعدهما: كتاب الله، و سنتي"[2]

[1] نىسائىي رىۋايەت قىلغان
[2] ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«مەن ئاراڭلاردا ئىككى تۇرلۇك نەرسە قالدۇرۇپ كەتتىم، شۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار، مەندىن كېيىن ئازمايسىلەر. ئۇ-ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىدە تەرەپلىرىنى قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن ئالايلى. قۇرئاننى چۈشىنىشكە ۋاستە ئىشلىتەيلى. ئەمما دىنىنى چۈشىنىشكە ۋاستە ئىشلەتمەي، بىۋاستە قۇرئاندىن ئالايلى.

قۇرئان ھەربىر ئايىتىدە ھەرخىل تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما ئايەتلەر ئارىسىدا ئىنچىكە باغلىنىشلار بار. شۇڭا قۇرئاننىڭ «مۇتەشابىھ» دېگەن سۈپىتى بولۇپ، ئىنچىكە دىققەت قىلساق، بىر ئايەتنىڭ يەنە بىر ئايەت بىلەن ئوخشايدىغان تەرەپلىرى بارلىقىنى بايقايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى تەپسىر قىلىشنىڭ بىرىنچى يولى قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش. ئىككىنچىسى، قۇرئاننىڭ ئىزاھلىغۇچىسى بولغان ۋە شۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن چۈشىنىش. ئۇنىڭدىن كېيىن «مۇھەممەدىيە مەكتىپى»نى پۈتتۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىدە يېتىلگەن ساھابىلەرنىڭ سۆزى بىلەن ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزى بىلەن چۈشىنىش. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان ئىشلەتكەن ئەرەب تىلى ئۇسلۇبى بىلەن چۈشىنىش. مانا بۇلار تەپسىر قىلىشنىڭ تۆت يولىدۇر.

# 3-دەرس

## ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ ھەققىدە (1)

بىز كىتابىنىڭ بېشىدىكى ئىككى دەرسىمىزدە تەپسىر ھەققىدىكى بىر قىسىم چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندۇق. كىتابىنىڭ ئاپتورى بولغان مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى ھەققىدە ئايرىم دەرستە توختىلىپ ئۆتىمىز. دەرسكە كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇ باسمىدىكى ھەدىسلەرنى ئۇستاز دوكتور ئەھمەد ئۆمەر ھاشىمنىڭ كىتابىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ، باھالاپ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتۇق.

بىز ئادەتتە ھەرقانداق ئىشلىرىمىزدا، بولۇپمۇ قۇرئان ئوقۇغان، ئىبادەت ۋە تىلاۋەتلىرىمىزنى: ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ «ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن كەلىمە بىلەن باشلايمىز. ئەمدى ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن چۈشەنچىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەرقانداق مۇئمىندىن ئۆزىگە سېغىنىپ، رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن پاناھلىق تىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇئمىن قۇرئان ۋە باشقا ئىشلارنى ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ دېگەن «پاناھلىق تىلەش» سۆزى بىلەن باشلايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾[1] «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن» دەپ، قۇرئان

---

[1] سۈرە نەھل، 98-ئايەت

www.uyghurkitap.com



ئوقۇماقچى بولغانلارنىڭ ئاللاھقا سېغىنىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.

نېمە ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز؟ شەيتاننىڭ خاراكتېرى نېمە؟ شەيتاننىڭ ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىچۇ؟

بىز بۇ نۇقتىلارغا كىرىشتىن ئىلگىرى بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كالامى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ﴿فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ «ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھلىق تىلەڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇقتىن، باشقا ئىبادەت ۋە سۆزلەرنى باشلاشتىن ئىلگىرىمۇ ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾نى دېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىۋالالايمىز.

يۇقىرىقى ئايەت بىزدىن قۇرئان ئوقۇغان ۋاقىتتا، ئاللاھقا سېغىنىپ، شەيتاندىن پاناھلىق تىلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، ھەرقانداق مەخلۇق يارىتىلىشىدا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا سېغىنىپ، پاناھلىق تىلىگەن ۋاقىتتا ئۆزى ئاجىز بولسىمۇ كۈچلۈكلەر قاتارىغا ئۆتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا سېغىنىپ، شەيتاندىن پاناھلىق تىلىگەن ۋاقتىمىزدا تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى ئاللاھ تائالا بىز بىلەن بىرگە بولىدۇ-دە، ھەرقانداق كۈچ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز.

قۇرئان كەرىم ئوقۇپلا قويىدىغان ياكى پەقەت ئاھاڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بىر كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزگە مەلۇمات ۋە ئاتا-ئېھسانلارنى بېرىدىغان، بىزنى يارامىلىق ئىنسانغا ئايلاندۇرىدىغان مەنبە. شۇ سەۋەبتىن بىز بارلىقىمىزنى قۇرئاندىن قوبۇل قىلىمىز. دەرسىمىزنىڭ بېشىدا دېگەندەك، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا تەلىم بېرىش ۋە ئىنسانلار ھاياتىنى ئىنتىزامچانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاندا ۋەز-نەسىھەتلەرنى بايان قىلدى. شۇ

ۋەز-نەسـىھەتلەرنى ياخشـى قوبـۇل قىلىـش ئۈچـۈن بىـزدە «قوبـۇل قىلىـش ئۈسكۈنىسى» بولۇشى ۋە شۇ ئۈسكۈننى تەييارلاش ئۈچۈن: ﴿أعـوذ بـالله مـن الشـيطان الـرجيم﴾ «ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلانـدى شـەيتاندىن پانـاھ تىلـەيمەن» دېيىشـىمىز كېـرەك. چـۈنكى ئۈسـكىنىمىزنى تەييارلاشـقا توسـقۇنلۇق قىلىـدىغان دۈشمەن دەل شەيتاندۇر.

شەيتان قانداق بولۇپ بىزگە دۈشمەن بولۇپ قالدى؟

﴿أعـوذ بـالله مـن الشـيطان الـرجيم﴾ دېگەن ۋاقتىمىزدا قۇرئاننى ئـۆزىمىزدىكى بىـرەر قـابىلىيەت ئـارقىلىق قوبـۇل قىلالمـايمىز، بەلكـى پەقەت ئاللاھنىـڭ كـۈچ-قـۇدرىتىگە تايىنىـپ، ئۇنىڭـدىن پايـدىلىنىش ئـارقىلىق قوبـۇل قىلالايمىـز. چـۈنكى مۇئمىنىنىـڭ توسـالغۇلىرى شـەيتان سـەۋەبىدىن قۇرۇلىـدىغان بولـۇپ، ئـاللاھ تەلەپ قىلغـان بـۇ يولـدا مېڭىشـقا شـەيتان دائىـم توسـالغۇلۇق قىلىپ تۇرىدۇ.

ئىنسـان بەزى تەرەپـلەردە ئـاجىز، يەنە بەزى تەرەپـلەردە كۈچلـۈك بولغاچقـا، شـەيتان ئـاجىز نۇقتىلارغـا ھۇجـۇم قىلىـدۇ. مەسـىلەن: مـۇئمىن نامـاز جەھەتـتە بەك كۈچلـۈك بولـۇپ، شـەيتان بـۇ تەرەپـتىن ھۇجـۇم قىلالمىسـا، ئىقتىسـادىي تەرەپـتىن ھۇجـۇم قىلىـدۇ. يەنـى، مـۇئمىنگە مـال-دۇنيـالىرىنى زاكـات ۋە ياخشـىلىق يوللىرىغـا ئىشـلەتكەن ۋاقىتتـا تـوگەپ كېتىـدىغانلىقى توغرىسـىدا ۋەسۋەسـە سـالىدۇ. شـەيتان ئىنسـانىنىڭ قەلـبىگە «سـەن باشـقىلارنىڭ مـال-دۇنياسـىنى ئىلىۋالسـاڭ تېـزلا بـاي بولـۇپ كېتىسـەن» يـاكى «كېـيىن ئاغرىـپ قالسـاڭ پـۇل كېتىـدۇ» دەپ ۋەسۋەسـە قىلىـش ئـارقىلىق باشـقىلارنىڭ ھەققىنـى يەۋېلىـپ، مـال-دۇنيـا توپلاشـقا قىزىقتۇرىـدۇ. ئەمەلىيەتـتە شـەيتاننىڭ قىلغـان بـۇ ۋەسۋەسـىلىرى بىـر ۋەھىمىـدىن ئىبـارەت، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرگە "ما نقص مال من صداقة"[1] «بىر ئادەمنىڭ مال-دۇنياسى ياخشى يوللارغا خەجلىگەنلىك سەۋەبىدىن ئازلاپ قالمايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ھەقىقەتەن ھېچبىر باينىڭ ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل خەجلىگەنلىك سەۋەبىدىن كەمبەغەل بولۇپ قالغىنى ئاڭلىمىدۇق. ئەكسىچە، مال-دۇنياسى ئازلىماستىن بەرىكەتلىك بولۇپ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى مال-دۇنيا ئىنساننىڭ ئەمەس، ئاللاھنىڭ بولۇپ، دۇنيادا پەقەت قولىدىن قولغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئۆلگەندە پۇل-مېلىنى باشقا بىرىگە تاشلاپ قويۇپ كەتمەي ئامالى يوق. شۇڭا شەيتان ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ ھەقىقەتتىن غاپىل قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئاجىز نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىپ، كىشىلەرنى ھارامغا ئىتتىرىدۇ.

ئىنسان مال-دۇنيا تەرەپتىن ئازماي، ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشتا مۇستەھكەم بولسا، شەيتان ئۇنىڭغا ئايال كىشى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا يالىڭاچ ئاياللارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ ۋە باشقا ۋەسۋەسىلەر ئارقىلىق زىناغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر شەيتان بۇ تەرەپتىنمۇ ھۇجۇم قىلالمىسا، ھاراق، ناچار سورۇن ياكى سۇخەنچىلىكنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى تېپىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. چۈنكى شەيتاننىڭ مەقسىتى ئادەمنى گۇناھ-مەئسىيەتكە چۈشۈرۈشتۇر. شۇڭا ھەرۋاقىت سەگەك تۇرۇپ، شەيتاننىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز كېرەك. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان ياكى باشقا ئىش قىلماقچى بولغان ۋاقتىتا ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ دەپ، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھلىق تىلىسەك، ئاللاھ تائالا بىزدىكى ئاجىزلىق نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىنى كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ-دە، شەيتان بىزگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

[1] مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن ئالىدىغانلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. قۇرئاندىكى مەلۇمات ۋە باشقا نېئمەتلەرنى ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ئىمانىغا قاراپ ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ: ﴿وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ حَتَّىٰ إِذَا خَرَجُوا مِنْ عِندِكَ قَالُوا لِلَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ مَاذَا قَالَ آنِفًا أُولَٰئِكَ الَّذِينَ طَبَعَ اللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَاتَّبَعُوا أَهْوَاءَهُمْ﴾[1] «ئۇلاردىن بەزى كىشىلەر سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە: بايا ئۇ (يەنى مۇھەممەد) نېمە دېدى؟ - دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلەردۇر» دېگەن. يەنى، مۇناپىقلار قۇرئان ئوقۇلۇۋاتقان يەردىن چىقىپلا كاللىسىغا ھېچنەرسە كىرمىگەنلىكىدىن: «بىز ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدۇق؟» دەپ سورايدۇ.

دېمەك، قۇرئاندىن تولۇق مەنپەئەت ئالىدىغان ۋە پەقەتلا مەنپەئەت ئالالمايدىغان ئىككى تۈردىكى كىشىلەر بار بولۇپ، باشقىلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىنى تەسۋىرلەپ: ﴿وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْآنًا أَعْجَمِيًّا لَّقَالُوا لَوْلَا فُصِّلَتْ آيَاتُهُ أَأَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاءٌ وَالَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ فِي آذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ عَمًى أُولَٰئِكَ يُنَادَوْنَ مِن مَّكَانٍ بَعِيدٍ﴾[2] «مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟ - دەيتتى. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل

---

[1] سۈرە مۇھەممەد، 16-ئايەت
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 44-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)» دېگەن. قۇرئان ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئۈچۈن توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان بىر ھىدايەت ۋە قەلبلەردىكى ساقايمىغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن شىپالىق بىر دورا. لېكىن ئىمان ئېيتمىغان ۋە قۇرئانغا ئىشەنمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن قەلبلىرى ۋە قۇلاقلىرىنى پەردىلەيدىغان توساق بولىدۇ. دېمەك، كىشىلەرنىڭ قۇرئانغا قىلغان مۇئامىلىسى ھەرخىل بولسا، قۇرئاننىڭمۇ ئۇلارغا بېرىدىغان مەلۇمات ۋە ئېھسانلىرى ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا كىشىنىڭ قۇرئاننى قوبۇل قىلىشقا بولغان ھازىرلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاننى ئوقۇشتىن بۇرۇن: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾[1] «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن» دېيىشكە بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبى، قۇرئاننى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا كۆپرەك مەلۇماتقا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈندۇر. بۇ ئالدىنقى شەرتنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، قۇرئاندىن كۆپ مەنپەئەت ئالالمايمىز. چۈنكى شەيتان بىزنى كۆرەلەيدۇ، لېكىن بىز شەيتاننى كۆرەلمەيمىز. ئۇ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ ئازدۇرالايدۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭغا بىۋاستە زىيان يەتكۈزەلمەيمىز. بۇ شەيتانغا بېرىلگەن بىر قابىلىيەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇپ: ﴿يَا بَنِي آدَمَ لَا يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُم مِّنَ الْجَنَّةِ يَنزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْآتِهِمَا إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ﴾[2] «ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى

[1] سۈرە نەھل 98-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف 27-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۆلارنىڭ يالغاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق» دېگەن. شۇڭا بىز شەيتانغا ئوخشاش كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەردىن بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنى ياراتقان زاتنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ ياكى ﴿اَسْتَعِذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ دېيىش ئارقىلىق ساقلىنىمىز. بىز قۇرئاننى ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەپ باشلىغان ۋاقتىمىزدا قۇرئاننى قوبۇل قىلىشىمىز ناھايىتى ياخشى بولىدۇ ۋە بىزگە تەسىر قىلىپ، ئايەتلىرى قەلبلىرىمىزگە ئورنايدۇ.

ئاللاھ تائالا شەيتان ھەققىدە بۇرۇنلا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىغان. شەيتانمۇ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ جەھەننەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن. لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي، ئادەمنى باش سەۋەبكار دەپ قارىغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، پەرىشتە ۋە شەيتاننى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلغان. ئەمما شەيتان بولسا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ، ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان. قۇرئان بۇ ھەقتە: ﴿قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ قَالَ أَنَا خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِن طِينٍ﴾[1] «ئاللاھ (ئىبلىسقا): سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟ - دېدى. ئىبلىس: مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ - دېدى» دەيدۇ. ئاللاھ شەيتانغا: «مەن سېنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان تۇرسام، سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟» دېگەن ۋاقىتتا، شەيتان: «سەن مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئادەمنى بولسا لايدىن ياراتتىڭ. مەن ئۇنىڭدىن ئۈلۈغ

[1] سۈرە ئەئراف، 12-ئايەت

www.uyghurkitap.com



تۇرسام، نېمىشقا ئۇنىڭغا سەجدە قىلغۇدەكمەن؟!» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇش بولدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ پۈتۈن لەززەتلىرىگە جاپا-مۇشەققەتسىز ئېرىشىدىغان جەننەتتە ياشايتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىزغا جەننەتتىكى ھېسابسىز مېۋىلىك دەرەخلەردىن خالىغىنىچە يېيىشكە رۇخسەت بېرىلگەن بولۇپ، پەقەت شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر دەرەخكە يېقىنلىشىش چەكلەنگەن ئىدى. شەيتان ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ دەرەختىكى مېۋىلەرنى يېمىگەن ۋاقىتتا نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى. قۇرئان بۇنى بىزگە ھېكايە قىلىپ: ﴿فَوَسْوَسَ لَهُمَا الشَّيْطَانُ لِيُبْدِيَ لَهُمَا مَا وُورِيَ عَنْهُمَا مِن سَوْآتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَاكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَٰذِهِ الشَّجَرَةِ إِلَّا أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ الْخَالِدِينَ﴾[1] «لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى. شەيتان ئېيتتى: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەمگە قىزىقىش ۋە ئاچكۆزلۈك تۇيغۇسى غالىب كېلىپ، چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ: ﴿فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ الشَّيْطَانُ قَالَ يَا آدَمُ هَلْ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ الْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَّا يَبْلَىٰ﴾[2] «شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: ئى ئادەم! ساڭا (يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان

[1] سۈرە ئەئراف، 20-ئايەت
[2] سۈرە تاھا، 120-ئايەت

دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟- دېدى» دېگەن. يۇقىرىقى ئايەتلەرگە قارىغىنىمىزدا، شەيتاننىڭ ئادەمگە نۇرغۇنلىغان تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋەقەسىدىمۇ شەيتان بىر قانچە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان. ئادەتتە بىز بەزى گۇناھلارنى «قىلايمۇ ياكى قىلمايمۇ؟» دەپ ئىككىلەنگەن ۋاقتىمىزدا بىر كۈچ كېلىپ: «قىلغىن! قىلساڭ مۇنداق پايدىسى بولىدۇ...» دەپ قىزىقتۇرىدۇ. بۇ دەل شەيتاندىن كەلگەن ۋەسۋەسىدۇر. لېكىن بىز ۋەسۋەسىگە ئىشىنىپ، ئىشنى شۇ بويىچە قىلغان ۋاقتىمىزدا شەيتان مەقسىتىگە يېتىپ، خۇشال بولۇپ تاشلاپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ئىش شەيتاننىڭ دېگىنىدەك بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغاندەك بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بىزگە قىلىنغان ۋەسۋەسىلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، پۇشايمان قىلىمىز.

شەيتان ئىنساننىڭ يېنىغا كېلىپ، باتىل ۋە خاتالىقلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدىكى ھېكايىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەقلىنى ئىشلەتكەن بولسا، شەيتاننىڭ يالغانچىلىقى ۋە ۋەسۋەسىسىنى تونۇپ يېتەلەيتتى. شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىنسان روھىيىتىدىكى بىخۇد قالىدىغان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، شەيتان بىزگىمۇ شۇ تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. بىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ ئوتتۇرىدا بولغان قەدىمكى ۋەقەنى چۈشىنىپ، شەيتاننىڭ ئادەم بالىلىرىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئاللاھتىن قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلسەك، ئەلۋەتتە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنالايتتۇق.

uyghurkitap.com



شەيتان ئادەمنى چوقۇم ئازدۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ﴾[1] «ئىبلىس ئېيتتى: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن» دېگەن. يەنى، شەيتان ئاللاھقا: «ئى ئاللاھ، سەن ئىززەتلىك زات بولغاندىكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولۇشى ساڭا ھېچ زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بەرگىن، مەن ئۇلارنى ئازدۇراي» دېدى. شەيتان ئادەم باللىرىنى ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ۋەسۋەسە قىلىش ئارقىلىق ئازدۇردى. ئەگەر ئاللاھ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى خالىغان بولسا ئىدى، ھەممە ئادەم ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلغان ۋە شەيتان ئادەم باللىرىغا ھەرقانداق شەكىلدە يېقىنلىشالمىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا بۇ نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ: ﴿إِن نَّشَأْ نُنَزِّلْ عَلَيْهِم مِّنَ السَّمَاءِ آيَةً فَظَلَّتْ أَعْنَاقُهُمْ لَهَا خَاضِعِينَ﴾[2] «ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشىنى) خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن (ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان) بىر ئايەتنى (ئالامەتنى) نازىل قىلاتتۇق، ئۇنىڭغا ئۇلار باش ئەگكەن بولاتتى» دېگەن. لېكىن ئاللاھ ئىنسانغا تاللاش ھوقۇقىنى بېرىپ، ھېچنەرسىگە مەجبۇرلىمىدى.

ئىنسانغا ئىختىيارلىق بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ياخشىلىق ياكى يامانلىق يوللىرىنى ئۆزى تاللىسا بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھېسابىنى ئاللاھ چوقۇم ئالىدۇ. بۇ ئىشلار قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَقُلِ الْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَن شَاءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاءَ فَلْيَكْفُرْ ۚ إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا ۚ وَإِن يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ ۚ بِئْسَ الشَّرَابُ وَسَاءَتْ مُرْتَفَقًا﴾[3] «(ئى مۇھەممەد!)، (بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل

[1] سۈرە ساد، 82-ئايەت
[2] سۈرە شۇئەرا، 4-ئايەت
[3] سۈرە كەھف، 29-ئايەت

بولىدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن - دېگەن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» دېگەن شەكىلدە بايان قىلىنغان. ئاللاھ بىزگە بۇ تاللاشنى پەقەت دۇنيادىكى ئازغىنە ھاياتتا بەردى. چۈنكى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە سەكراتقا چۈشكەندىن كېيىن ھېچقانداق ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. ئاللاھ بىزگە بۇ ئىختىيارلىقنى پەقەت ئىتائەت قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدىلا بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بىزنىڭ تاللىشىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى بىلەن داۋاملىشىدۇ.

دۇنيادا شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، يامان يولنى تاللاپ، ئېزىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم بىزگە شەيتاننىڭ ئادەم باللىرىنى قانداق ئازدۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ﴾[1] «ئىبلىس ئېيتتى: سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن» دېگەن. شەيتان ياخشى كىشىلەر ۋە ياخشى يولدا مېڭىۋاتقانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن دائىم ئۇلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە تاشلىغان ئادەملەرنىڭ قېشىغا ئازدۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەملەرنىڭ نەپسى ئاللىبۇرۇن يامانلىققا ئۈندەيدىغان شەيتانغا ئايلىنىپ بولغان.

شەيتان ئىبادەت ۋە ئىتائەت يولىدىكى ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ

[1] سۈرە ئەئراف، 16-ئايەت

www.uyghurkitap.com



بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ: ﴿ثُمَّ لَآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ﴾[1] «ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نىمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن» دېگەن. بۇ ئايەتتە شەيتان ئۆز-ئۆزىنى ئالداپ، «ئىنسانلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قورشىۋالدىم، خالىغان تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلالايمەن» دەيدۇ. لېكىن مۇئمىنلەرنىڭ شەيتان پەقەتلا ھۇجۇم قىلالمايدىغان كۈچلۈك تەرەپلىرى بار. بۇ تەرەپلەر قايسىلار؟ يۇقىرىدا شەيتان «مەن ھۇجۇم قىلىمەن» دېگەن تەرەپلەرنىڭ تۆت تەرەپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۈستى ۋە ئاستىنى تىلغا ئالمىغان. بۇ شەيتاننىڭ ئىنسانغا ھۇجۇم قىلالمايدىغان تەرەپلىرىدۇر. نېمە ئۈچۈن شەيتان ئىنساننىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىن ھۇجۇم قىلالمايدۇ؟ چۈنكى ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئىلاھىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىلاھىي كۈچ بار. ئاستى تەرەپتە بولسا بەندىچىلىك روھىغا ئىگە ئىنسانىي كۈچ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتان بۇ ئىككى تەرەپكە ھەرگىزمۇ ھۇجۇم قىلالمايدۇ.

بۇ يەردە قاراپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككى نۇقتا بار. بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالا ئاسماندىن چۈشۈرگەن ھىدايەت يولى زېمىندىكى قالاق ۋە ساۋاتسىز ئەرەبلەرگە چۈشكەن. تارىختا قاراپ باقساق، ئەرەبلەر شۇ ۋاقىتتا مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتە شەرق تەرىپىدىكى پارس ئىمپېرىيەسى ۋە غەرب تەرىپىدىكى رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالدىدا ھېچ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان قالاق بىر مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ نە مەدەنىيەتتىن، نە سىياسەتتىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىسلامنى تارقىتىشقا بۇ ئىنسانلارنى تاللىدى.

[1] سۈرە ئەئراف، 17-ئايەت

ئىككىنچى نۇقتا، ئاللاھ تائالا ئاخىرقى قېتىم ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئالاقىسىنى باغلاش ئۈچۈن، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن ئوقۇمىغان بىر كىشىنى تاللىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە، ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن شۇ كاتتا ئىمپېرىيە ساھىبلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىگىلىرىنى تاللىماستىن، ئەشۇ ئوقۇمىغان كىشىنى تاللايدۇ؟ چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئوقۇمىغانلىقى رەسۇلۇللاھنىڭ ئېلىپ كەلگەن ۋە دېگەنلىرىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان بولسا، باشقىلار «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان» دەپ تۆھمەت قىلىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزى يازمىغانلىقى ۋە ئېلىپ كەلگەنلىرىنىڭ مۆجىزە ۋە ساماۋى ۋەھىيدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

قۇرئاننى، ئوقۇمىغان بىر پەيغەمبەر ئېلىپ كەلمەي، باشقا بىرەر مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئېلىپ كەلگەن بولسا، كىشىلەر ئۇنى «ئاللاھنىڭ كىتابى» دېمەستىن، «مەدەنىيەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى» ياكى «بىر دانانىڭ بىرگە قىلغان ئەقلىي سوۋغىسى» دەپ دەۋا قىلاتتى. لېكىن بۇ دىن يۇقىرىدىكى تۆھمەتلەردىن خالىي ئىلاھىي دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، زېمىندىكى ئەڭ قالاق ۋە ساۋاتسىز مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئوقۇمىغان بىر ئادەمگە چۈشۈپ، ئۇنى دۇنيانىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندۇردى. ئەگەر ئىسلام بىر ئىلاھىي دىن بولمىغان بولسا، باشقا دىنلارغا ئوخشاش بىر ئەسىرگە قالمايلا يوقاپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن ئىسلام يوقالماستىن، ئوقۇمىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق 14 ئەسىردىن بېرى زېمىن ئۈستىدە تارقىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 4-دەرس

## ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ ھەققىدە (2)

شەيتاننىڭ ئادەمنى ئازدۇرۇشتا بۇنداق چىڭ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا «نېمە ئۈچۈن جەھەننەمگە يالغۇز بارغۇدەكمەن؟ نېمىشقا ھەممىمىز ئاللاھقا ئاسىي بولمايمىز؟» دەپ، جەھەننەمدە يالغۇز قالماسلىقنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بەزىلەر: «شەيتان ۋە ئادەم ئوخشاشلا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان تۇرسا، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن شەيتاننى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلاپ، ئادەمنى مەغپىرەت قىلىدۇ؟» دېيىشىدۇ. بىز دەيمىزكى، شەيتان ئۆتكۈزگەن جىنايەت بىلەن ئادەم قىلغان گۇناھنىڭ ئوتتۇرىدا پەرق بار. بۇ پەرق بىزگە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئۆگىتىدۇ. يەنى، قىلغان گۇناھلىرىمىزنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى خالىساق، ئادەم ئەلەيھىسسالامدەك پوزىتسىيەدە بولىمىز. لېكىن شەيتاندەك پوزىتسىيەدە بولۇپ قالساق، ئاللاھ بىزنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ.

ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ جىنايىتىنىڭ پەرقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. شەيتان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ: «مەن ساڭا ئىتائەت قىلىپ، ئادەمگە سەجدە قىلمايمەن» دېدى. لېكىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا: «ئى ئاللاھ، سېنىڭ ‹ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى يېمەڭلار› دېگەن بۇيرۇقلىرى ھەق. مەن ئۇنى ئىجرا قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن نەپسىم ئىتائەتتىن غالىب كېلىپ، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلالماي قالدىم. رەببىم، ئاجىزلىقىمنى كەچۈرسىلە» دېدى. مانا بۇ ئادەم

ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى. بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل پوزىتسىيەنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقىمىز بار. ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالساق، شەيتانغا ئوخشاش ئىنائەتسىزلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قىلامدۇق ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھقا يالۋۇرۇپ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلامدۇق؟ ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىپ، تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى بايان قىلىپ بەردى.

بۇ يەردە ئىككى خىل جىنايەت بار. بىرى: «مەن سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئادەمگە سەجدە قىلمايمەن» دەپ، ئاللاھقا قارشى چىقىۋاتقان شەيتاننىڭ جىنايىتى. يەنە بىرى: «ئى ئاللاھ، مەن ئاجىزلىقىمدىن ۋە نەپسىمنىڭ ماڭا غالىب كەلگەنلىكىدىن بۇ جىنايەتنى قىلىپ سالدىم» دەپ، ئاللاھقا يېلىنىپ، مەغپىرەت ۋە تەۋبە تەلەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ «چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىش» جىنايىتى. شەيتان بىلەن بىزنىڭ ئۆچ-ئاداۋىتىمىز بۇرۇندىن بار بولغان كونا ئاداۋەت بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك شەيتان قايتىدىن جەننەتكە كىرىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شەيتاننىڭ بىزگە دۈشمەن ئىكەنلىكى ۋە بىزنىڭمۇ شەيتانغا دۈشمەن بولۇشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە: ﴿إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾[1] «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ» دەپ خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە شەيتاننىڭ بىزگە ئۆچ-ۋۇق-

[1] سۈرە فاتىر، 6-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشكارا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ غاپىللىقىدىن بۇنىڭغا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بىزدىن قۇرئان ئوقۇش ئالدىدا، ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بىز ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾ بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا پاناھلىق بېرىدىغان زات يېنىمىزدا بولىدۇ-دە، شەيتان بىزگە ھەرقانداق شەكىلدە يېقىنلىشالمايدۇ. لېكىن پاناھلىق تىلىمىگەن ۋاقىتتا يالغۇز قالىمىز. مەسىلەن: شەيتان ۋە ئادەم ئاللاھنىڭ مەخلۇقى. بۇ ئىككى مەخلۇق بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتتا، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە چوقۇم كۈچلۈك بولغىنى ئاجىز بولغىنىنى يېڭىۋالىدۇ. لېكىن ئىنسان ئاللاھتىن پاناھلىق تىلىسە، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مەخلۇققا ئايلىنىپ، بارچە مەخلۇقات ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

ئىنسان شەيتانغا يالغۇز تاقابىل تۇرسا، ئاسانلا مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ قان-تومۇرلىرىمىزدا مېڭىپ، بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز، ھەتتا قان-تومۇرلىرىمىزدا ماڭغىنىنىمۇ ھېس قىلالمايمىز. گەرچە بۇ شەيتان بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى مىسال بولسىمۇ، بۇ قائىدە دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ. مەسىلەن: مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئۇچراشقاندا، مۇسۇلمان توپىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئاللاھقا باغلىسا، كاپىر قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي ئۆزلىرىنى ئاللاھتىن بىھاجەت سانىغان ۋاقىتتا، تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە كىم كۈچلۈك بولسا شۇ يېڭىدۇ. بەزىلەر: «ئەگەر بىر توپ مۇسۇلمانلار ئاللاھقا ئۆزلىرىنى باغلىسا، ھەممە نەرسە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىكەن. ئۇنداقتا بىر-بىرىگە قارشى ئىككى توپ ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنى تەڭ باغلىسا، ئۇ ۋاقىتتا كىم غەلىبە قىلىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا: «ئاللاھقا ئۆزلىرىنى ھەقىقىي باغلىغان ئىككى توپ

ھەرگىزمۇ ئۇرۇشمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

ئىنسان قۇرئان ئوقۇشتىن ئىلگىرى قەلبىنى پاكلاپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى ئۆزىدىن يىراق قىلغان ۋاقتىدا ئاندىن قۇرئان قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئاتا-ئىھسانلارنى تولۇق قوبۇل قىلالايدۇ. قۇرئان شەيتاننىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزى ئازدۇرغان كىشىلەرگە: ﴿وَقَالَ الشَّيْطَانُ لَمَّا قُضِيَ الْأَمْرُ إِنَّ اللَّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحَقِّ وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَانٍ إِلَّا أَن دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِي فَلَا تَلُومُونِي وَلُومُوا أَنفُسَكُم مَّا أَنَا بِمُصْرِخِكُمْ وَمَا أَنتُم بِمُصْرِخِيَّ إِنِّي كَفَرْتُ بِمَا أَشْرَكْتُمُونِ مِن قَبْلُ إِنَّ الظَّالِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾[1] «ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتىيلەر بىلەن دوزىخىيلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق› دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم. سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار. مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ، سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن. شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدىغانلىقىنى ھېكايە قىلغان. شەيتان بۇ دۇنيادا بىزنى ئازدۇرغان بىلەن، قىيامەت كۈنى «سىلەرنى ئازدۇرمىدىم، پەقەتلا يامان ئىشلارغا چاقىرىپ قويدۇم، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلدىڭلار، مەن بۇنىڭ گۇناھىدا سىلەر بىلەن شېرىك ئەمەس، سىلەردىن

[1] سۈرە ئىبراھىم، 22-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئادا-جۇدا» دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، شەيتان ئىنسانلارنى يامان ئىشلارغا چاقىرىپلا قويىدۇ. چۈنكى شەيتاننىڭ باشقىلارنى بىرەر ئىشقا مەجبۇرلاش ئىقتىدارى بولمايدۇ. ئەمىسە شەيتاننىڭ باشقىلارنى مەجبۇرلاش كۈچى بولمىسا، قايسى شەكىلدە ئىنسانغا يامان ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ؟ شەيتان ئىنساننىڭ ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزدىن مۇشۇ ۋەسۋەسىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلغان.

يەنە بەزىلەر: «شەيتان ئاللاھنىڭ مەخلۇقى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ شەيتاننىڭ باشقىلارنى ئازدۇرۇشىغا يول قويىدۇ؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا جاۋابەن: «شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقى. شەيتانغا باشقىلارنى ئازدۇرىدىغان ئىقتىدارنىمۇ ئاللاھ تائالا بەرگەن. لېكىن ئىبادەت ۋە ئىتائەت قارشىلىقسىز بولغىنىدا ئىماننىڭ ھەقىقىي لەززىتى نامايەن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا شەيتاننى ئىمتىھان قىلدى. ھەۋەسىمىز بىزنى يامان ئىشلارغا تارتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىمىزنى ئىبادەت تەرەپكە قارىتالىساق، بىزدە ئىماننىڭ ھەقىقىي لەززىتى نامايەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ئاسىي بولۇشقا قادىر تۇرۇپ ئاسىي بولمىغانلارنى، ئىمان ئېيتماسلىققا قادىر تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئىنسانغا ئىتائەت ئەركىنلىكى بېرىلگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى ئاللاھقا بولغان چىن سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰ إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ

أَحَدًا﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن» دېگەن سۆزى، بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە: «ئاللاھقا گۈزەل تەرىقىدە ئۇچراشماقچى بولغان كىشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلسۇن، ئىبادەتلىرىدە ھېچنەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن بەزى تەسەۋۋۇپ ئەھلى بۇ ئايەتكە ئىزاھات بېرىپ: « ‹ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن› دېگەن ئايەتتىكى شېرىكنىڭ ئىچىگە جەننەتمۇ كىرىپ كېتىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى جەننەتنىلا مەقسەت قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، سالىھ ئەمەللەرنى قىلسا، شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بەندىدىن تەلەپ قىلغىنى ئۆزىنى خالىس ھالدا سۆيۈشى بولۇپ، بەندە ئاللاھنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن جەننەتنى ياكى بىرەر يۇقىرى ماقامنى تەمە قىلماسلىقى كېرەك» دەيدۇ.

ئادەتتە شەيتان كىمگە يېقىنلاشسا، ئۇنىڭ تەبىئىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئەگەر كىشى قۇرئان ئوقۇغان ۋاقىتىدا، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھلىق تىلىمىسە، قۇرئان ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ ۋە قۇرئاندىن مول ئاتا-ئېھسانلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى قۇرئان پاكىز ۋە ساغلام قەلبلەرگە تەسىر قىلىدۇ. تەبىئىتى بۇزۇلغان قەلبلەرگە ھەرگىزمۇ تەسىر قىلمايدۇ. بۇ خۇددى ياخشى بىر ئۇرۇقنىڭ ناچار يەرگە چۈشۈپ قالسا، مېۋە بەرمىگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى ئۇرۇقنىڭ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن، ئۇرۇق ۋە يەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياخشى بولۇشى كېرەك.

---

[1] سۈرە كەھف، 110-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە ئاتا-ئانىلارنى بىرىدىغانلىقىدا ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوق. بۇنىڭ دەلىلى قۇرئان كەرىم 23 يىل جەرياندا تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن ساھابە ۋە تابىئىنلاردۇر. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىزنى شۇ شەكىلدە تەربىيەلەپ چىقالمايدۇ؟ بىز قۇرئان كەرىمنى قەلبلىرىمىزنى پاكلاپ، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىگەن ھالدا ئوقۇغىنىمىزدا ۋە قۇرئان كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغىنىمىزدا، قۇرئان كاتتا ئاتا-ئانىلارنى بېرىپ، بىزنى ساھابە ۋە تابىئىنلارغا ئوخشاش ساغلام قەلب ئىگىسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىققان بولاتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى جەئفەر ئىبنى سادىق (بۇ زات رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىدىن بولۇپ، شىئەلەر بۇ زاتقا نۇرغۇنلىغان تۆھمەتلەرنى چاپلىغان. بۇ زات قۇرئاننىڭ سىرلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى): ئىنساننىڭ نەزىرىدە ھاياتنىڭ قورقۇنچلۇق نەرسىلىرى غەم-قايغۇ، زىيان، نېئمەتتىن ئايرىلىپ قېلىش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن شۇنچە قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾[1] «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېگەن ئايىتىگە يۈلەنمىگەن ئىنسانغا ھەيرانمەن. ئىنسان ئۇچرايدىغان ھەربىر قىيىنچىلىقنىڭ بىردىن دورىسى بار. شەيتان ئىنساننىڭ ئازابقا ئېلىپ بارىدىغان بالاسى بولسىمۇ، قۇرئاندا بۇنىڭمۇ ھەل قىلىش چارىسى كۆرسىتىلىپ قويۇلغان. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ دېگەن ئايىتى ۋە ﴿فَانقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ لَّمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللَّهِ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ﴾[2] «ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان-

[1] سۈرە ئال ئىمران، 173-ئايەت
[2] سۈرە ئال ئىمران، 174-ئايەت

زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر» دېگەن ئايىتىدۇر. بىرەر مۇسىبەت ياكى زىيانغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ: ﴿أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾[1] «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن، دەپ دۇئا قىلدى» دېگەن ئايەتكە تايانمىغانلىقىغا ھەيرانمەن، دېگەن. چۈنكى بۇ ئايەتلەر شۇ خىلدىكى بالا-قازا ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل قىلىش چارىسى ئىدى. ئاللاھ مۇشۇ ئايەتنىڭ كەينىدە: ﴿فَاسْتَجَبْنَا لَهُ فَكَشَفْنَا مَا بِهِ مِن ضُرٍّ﴾[2] «ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۋەتتۇق» دېگەن.

جەئفەر سادىق يەنە: «قاتتىق غەمگە مۇپتىلا بولغان ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ: ﴿لَّا إِلَٰهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾[3] «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى» دېگەن سۆزىگە تايانمىغانلىقىغا ھەيرانمەن. مەن ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ: ﴿فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَٰلِكَ نُنجِي الْمُؤْمِنِينَ﴾[4] «ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆئمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس قىلىمىز» دېگەن ئايىتىنى كۆردۈم- ھەزرىتى جەئفەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ- مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ: ﴿وَأُفَوِّضُ أَمْرِي إِلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ﴾[5] «مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن

[1] سۈرە ئەنبىيا، 83-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئەنبىيا، 84-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە ئەنبىيا، 87-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[4] سۈرە ئەنبىيا، 88-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[5] سۈرە غافىر، 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

سۆزگە تايانمىغانلىقىغا ھەيرانمەن. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ ئارقىسىدا: ﴿فَوَقَاهُ اللَّهُ سَيِّئَاتِ مَا مَكَرُوا﴾[1] «ئاللاھ ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى» دېگەن ئايەت كەلگەن، دېگەن ئىدى. دېمەك، بىز ئۇچرايدىغان قورقۇنچ، بالا-مۇسىبەت، قىيىنچىلىق ۋە غەم-ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئان كەرىمدە ھەل قىلىش چارىسى بار.

رەسۇلۇللاھ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ماڭغان تۈنجى كۈنىدە سەۋر غارىدا پاناھلانغان بولۇپ، يېنىدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا كاپىرلار قوراللىق ھالەتتە غارنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر كاپىرلار پۇتىنىڭ ئاستىغا قارىغان بولسىلا بىزنى كۆرۈپ قالاتتى» دېگەن ئىدى، لېكىن كاپىرلار كۆرمىدى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىگە: «سەن بىزنى ئىككى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئۈچىنچىسى بولغان كىشىگە قانداق قارايسەن؟!» دەپ، ﴿لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا﴾[2] «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دېگەن ئايەتكە ئىشارەت قىلغان. شۇڭا ئاللاھ ھەردائىم بىز بىلەن بىرگە دەيدىغان ئىدىيەدە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىدىيەنىڭ تۈنجى قەدىمى بولسا ﴿أعوذ بالله من الشيطان الرجيم﴾، يەنى «ئى ئاللاھ، شەيتاننىڭ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىشىدىن ساقلىسىلا، ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا تەسىر يەتكۈزەلمىسۇن. ئۆزلىرى بىزنىڭ ھىمايىچىمىز ۋە قورغىنىمىز. شەيتان دېگەن بەتبەختنى ئۆزلىرى بىزدىن ساقلىسىلا، ئۇنىڭغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ» دەپ، ئاللاھنى دائىم ئۆزىمىز بىلەن بىرگە قىلغان ۋاقتىمىزدا، شەيتان بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىلىسى ئاللاھنى قېشىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، كاپىرلار ئۇلارغا زىيان

[1] سۈرە غافىر، 45-ئايەتنىڭ بىرقىسمى
[2] سۈرە تەۋبە، 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

سالالمىغان. ئەگەر بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە قىلمىساق، شەيتان بىلەن بىرگە بولۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 5-دەرس

## سۈرە فاتىھە 1-ئايەت

## ﴿بسم الله الرحمن الرحيم﴾

### «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، سۈرە «فاتىھە» ھەربىر مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ئىبادىتى بولغان بەش ۋاخ نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە ئوقۇمىسا بولمايدىغان مۇھىم سۈرىدۇر. ھەرقانداق مۇسۇلمان يادقا ئوقۇيالايدىغان بۇ سۈرىنىڭ مەنە، مەزمۇنىنىمۇ يادقا بىلىشى كېرەك، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ نېسىپ قىلسا، بۇ سۈرە ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى ئايەت: ﴿اقْـرَأْ بِاسْـمِ رَبِّـكَ الَّـذِي خَلَـقَ﴾[1] «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» دەپ، «بىسمىللاھ» بىلەن چۈشكەن ئىدى. شۇڭا سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇماقچى بولساق، «بىسمىللاھ»نى بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى سۈپىتىدە ئوقۇيمىز. باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇماقچى بولغاندا، تۆۋەندە سۆزلىمەكچى بولغان بەزى ھېكمەتلەر ۋە ئاللاھنىڭ تۇنجى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھيىنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ مۇبارەك كەلىمە بىلەن باشلايمىز.

[1] سۈرە ئەلەق، 1-ئايەت

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدىكى ۋاقتىدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلگەن ۋەقەلىككە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق بۇ ئۇچرىشىش ئاللاھنىڭ «ئوقۇ» دېگەن ئايىتى بىلەن باشلاندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئوقۇ» دەپ بۇيرۇق قىلىشى، ئىنسانىنىڭ ئالدىدا ئوقۇيدىغان ياكى بۇرۇن يادلىغان بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ئۈچۈن بۇرۇن بىر نەرسە يادلىغان ئەمەس، ياكى ئالدىدا ئوقۇيدىغان بىرەر نەرسىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر بولغان تەقدىردىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇيالمايتتى. چۈنكى ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان ۋە باشقىلارنىڭ پادىسىنى باققان بولغاچقا، مەككىدىكى كۆپىنچە كىشىلەرگە ئوخشاش ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام «ئوقۇ» دېگەن ۋاقتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «مەن ئوقۇيالمايمەن» دېگەن.

يۇقىرىقى دىيالوگ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ۋەھيي بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئوقۇشقا ئۈچ قېتىم مەجبۇرلىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ئۈچ قېتىم ئېيتتى. بۇ ئىلاھىي بۇيرۇقنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنىڭ ئىپادىسى. ئاللاھنىڭ «ئوقۇ» دېيىشى ئىلاھىي بۇيرۇق بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئوقۇيالمايمەن» دېيىشى ئىنسانىي خاراكتېر ئىدى. بەزىلەر: «ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە «ئوقۇ» دەپ بۇيرۇق قىلسا، پەيغەمبەر نېمىشقا ئوقۇيالمايمەن دەيدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى: ئاللاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرقانداق نەرسىگە «بولغىن» دېسە، دەرھال ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ 40 ياشقىچە ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن كائىناتقا ئۇستاز ھەم يېتەكچى قىلماقچى بولغاچقا، مۇشۇ ئىلاھىي قۇدرىتى بىلەن «ئوقۇ» دېگەن. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئوقۇيالمايمەن» دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئوقۇيالمايمەن» دېيىشى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققانلىقى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن بولغان. ئوقۇيالمايدىغان ھەم يازالمايدىغان بىر پەيغەمبەرنى قىيامەتكىچە بولغان پۈتۈن كىشىلەرگە يېتەكچى قىلغانلىقى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدۇر.

ھەرقانداق بىر كىشى ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولسا، ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن ئۆگىنىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ بىۋاستە ئۆگەتتى. شۇڭا تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ۋەھيىدە: ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ. خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ﴾[1] «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانني لەختە قاندىن ياراتتى» دېيىش ئارقىلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ بىۋاستە ئۆگەتكەندىغانلىقى ۋە يوقتىن بار قىلغان ئاللاھنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئوقۇشقا ئاجىز كېلىدىغان بىر كىتابنى رەسۇلۇللاھقا ئوقۇتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر پەيغەمبەر ئوقۇغان قۇرئان شۇ دەۋردىكى كىشىلەرگىلا ئەمەس بەلكى تا قىيامەتكىچە مۆجىزىدۇر. شۇڭا بۇ ئايەتنىڭ مەنە: سەن ئىنسانني خاراكتېر بىلەن «ئوقۇيالمايمەن» دېمەستىن، كاتتا قۇدرەت ساھىبى ئاللاھنىڭ تۈرتكىسىدە ئوقۇغىن، بۇ ئوقۇشنى ساڭا رەببىڭ ئۆزى ئۆگىتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

[1] سۈرە ئەلەق، 1، 2-ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ داۋامىدا: ﴿اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ﴾ «ئوقۇغىن، رەببىڭ بەك كەرەملىكتۇر» دېگەن. بىشىدىكى ئايەتتە «رەببىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ» دېگەن بولسا، بۇ ئايەتتە «رەببىڭ كەرەملىكتۇر» دېيىش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ كەرەملىك زات ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە «ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇقتىن كېيىن «كەرەملىك» دېگەن سۆپەتنى ئەكېلىشتە ئاللاھنىڭ نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىرى بار. يەنى، «سەن ئوقۇيدىغان بۇ كىتاب ئاللاھنىڭ كەرەمى بىلەن قىيامەتكە قەدەر ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى مایاك بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى ياكى «ساڭا ئۆگەتمەكچى بولغىنى ئاللاھتۇر» دەپ، ھەقىقىي مۇئەللىمنىڭ كەرەملىك ئاللاھ ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىنى بېرىشى مۇمكىن.

بۇ يەردىكى "اكرم" دېگەن سۆزنى «كەرەملىك» دەپلا تەرجىمە قىلىپ قويغان ۋاقتىمىزدا، چۈشىنىشلىك مەنە چىقمايدۇ. ئەرەبچە بىلىدىغانلارغا مەلۇملۇق بولغىنىدەك، ئەرەب تىلىدىكى "كريم" ۋە "اكرم" دېگەن سۆزلەر مەنە جەھەتتىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. "كريم" دېگەن «قولى ئوچۇق، سېخى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلىسە، "اكرم" دېگەن «ئەڭ» مەنىسى قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئاشۇرۇلما سۆپەتتۇر.

بىلىم ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلاردىن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بىر نەرسە ئۆگىنىشى. يەنى، مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ياكى ئۇستاز تۇتۇش ئارقىلىق بىر نەرسە ئۆگىنىش ئاللاھنىڭ پەزلى-رەھمىتىدۇر. يەنە بىرى بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھتىن بىۋاستە ئۆگىنىشى. بۇمۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدىندۇر. ئەمما ئىنساننىڭ ئىنساندىن ئۆگىنىشى بىلەن ئاللاھتىن بىۋاستە ئۆگىنىشىنىڭ پەرقى بار. شۇڭا ئاللاھ بۇ يەردە "كريم" دېگەن سۆپەتتىن مەنە جەھەتتە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان "اكرم" دېگەن سۆپەتنى ئىشلىتىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھتىن بىۋاستە ئۆگىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى. بىر كىشىنىڭ ئوقۇپ ئالىم بولۇشى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دوكتور، پىروفېسسور بولۇشىمۇ ئاللاھنىڭ پەزلى. ئەمما ئۆگەتكەن زات ئاللاھ بولغان ۋاقىتتا، "ئەكرەم" ئىبارىسىنى قوللىنىش ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ.

بۇ يەردە دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇشنى بىلىشىمۇ ئوقۇمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى راستىنلا ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇشقا مەجبۇرلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇيالايدىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى بىلىدىغاننى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۆگەتكەننى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ئوقۇپ باقمىغان ئىدى، ئەمما پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسى ئاللاھ تائالا بولدى. مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئۆگەتكەن ئىلىم بىلەن پۈتۈن كائىناتقا ئۇستاز ۋە يولباشچى بولدى.

ئاللاھ بىزگە قۇرئاننى نازىل قىلىپ، ئۇنى ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە يادلاشقا ئاسان قىلىپ بەردى. قۇرئاننى قۇدرەت ياكى مەرىپەت نۇقتىسىدىن پۈتۈنلەي چۈشىنىش ئاللاھقا تەۋە. شۇڭا قۇرئان تىلاۋىتىنى قۇرئاننى بىزگە نازىل قىلغان ۋە ئوقۇشنى ئاسان قىلغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىشىمىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە رەسۇلىغا: ﴿قُل لَّوْ شَاءَ اللَّهُ مَا تَلَوْتُهُ عَلَيْكُمْ وَلَا أَدْرَاكُم بِهِ فَقَدْ لَبِثْتُ فِيكُمْ عُمُرًا مِّن قَبْلِهِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾[1] «ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، ئاللاھمۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل

[1] سۈرە يۇنۇس، 16-ئايەت

بولغــــانلىقىنى بىلىشــــكە) ئەقىلگىلارنىـــــى ئىشلەتمەمســــىلەر؟ - دېگـــــن» دەپ بۇيرۇغـــان . مۇشـــۇ يەرگە كەلگەنـــدە كالىلىمىزغـــا «يـــالغۇز قۇرئـــان تىلاۋىتىنىـــى ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن باشـــلامدۇق يـــاكى ھەرقانـــداق ئىشـــىمىزنى ئاللاھنىـــڭ نـامى بىـلەن باشـلامدۇق؟» دېـگەن سـوئال پەيـدا بولـدۇ. بۇنىـڭ جـاۋابى شـۇكى: بىـــز قۇرئـــان ۋە ئۇنىڭـــدىن باشـــقا ھەرقانـــداق ئىشـــنى ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن باشلايمىز.

بىـــر ئىشـــنى ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن باشـــلىغانلىق «ئـــى ئـــاللاھ، بـــۇ ئـــش ســـىلىنىڭ يـــاردەملىرى ۋە ئېھســـانلىرى بىـــلەن ۋۇجۇدقـــا چىقـــدۇ» دېگەنلىـــك بولـــدۇ. بىـــز قۇرئـــاننى ئـــاللاھ چۈشـــۈرۈپ ئـــۆگەتكەنلىكى ئۈچـــۈن ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن باشـــلىغىنىمىزدەك، باشـــقا ئىشـــلارنىمۇ ھەم ئاللاھقـــا نىســـبەت بېرىـــپ، ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن باشـــلايمىز. مەســـىلەن: زىـــرائەت تېرىغـــۇچى تېرىشـــتىن بـــۇرۇن ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن باشـــلايدۇ. چـــۈنكى زېمىـــن ئاللاھنىـــڭ، تېرىغـــان ئـــۇرۇقنى ئـــاللاھ ياراتقـــان. زىرائەتنىـــڭ ئۆســـۈپ يېتىلىشـــى ئۈچـــۈن ئاســـماندىن يامغۇرنىـــڭ چۈشۈشـــى ۋە تېرىلغـــان ئۇرۇقنىـــڭ تـــۇپراقتىن ئۈنـــۈپ چىقىشـــى ئاللاھنىـــڭ قۇدرىتىـــدۇر. دېھقـــان يەرنىـــڭ تۈزۈلۈشـــى، ئېلىمېنتـــى، ئۇرۇقنىـــڭ تەركىبـــى ۋە يـــاكى يـــامغۇر يېغىـــپ ئۇرۇقفـــا قانـــداق تەســـىر كۆرســـىتىدىغانلىقى ھەققىـــدە ھېچقـــانچە نەرســـە بىلمەســـلىكى مـــۇمكىن. ئەممـــا ئۇنىـــڭ ئېنىقـــدىكى «ئـــــاللاھ ئاتـــــا قىلغـــــان ئـــــۇرۇقنى يەرگە كۆمســـــەم ئۈنىـــــدۇ» دەيـــــدىغان چۈشـــەنچىنىڭ تۈرتكىســـىدە، ئاللاھنىـــڭ نـــامى بىـــلەن ئـــاللاھ ياراتقـــان زېمىنغـــا ئـــاللاھ ياراتقـــان ئـــۇرۇقنى كۆمىـــدۇ. مانـــا بـــۇ ئىنســـان قىلىـــدىغان ۋە قىلىشـــقا تېگىشلىك بولغان ئىشتۇر.

ئىنســـاننىڭ زېمىنـــدىن بىـــر نەرســـە تەلەپ قىلىـــپ «ســـەن ماڭـــا مەھســـۇلات بەرمىســـەڭ بولمايـــدۇ» دەپ مەجبـــۇرلاش ھوقـــۇقى بولمايـــدۇ. ئىنســـاننىڭ ئـــۇرۇق يارىتىـــپ، ئـــۇنى ئۆســـتۈرۈش قـــۇدرىتى ۋە ئاســـماندىن يـــامغۇر ياغدۇرىـــدىغان كۈچىمـــۇ يـــوق. ئەممـــا ئـــۇرۇقنى يەرگە تاشـــلىغان ۋاقتىتـــا «ئاللاھنىـــڭ نـــامى

www.uyghurkitap.com



بىلەن» تاشلىغانلىقى تېرىقچىلىقنى خۇددى زېمىننى ۋە ئۇرۇقنى يارىتىپ، يامغۇرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە قىلغاندەك تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، بۇ «ئىشنى سىلى بىلەن باشلىدىم ۋە بۇ ئۇرۇقنىڭ مەھسۇلات بېرىشى سىلى بىلەن بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۇرۇق، زېمىن ياكى يامغۇر بولسۇن، ھېچقايسىسى ئىنساننىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس، ئىنساننىڭ بۇلارغا كۈچى يەتمەيدۇ. شۇڭا «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىدىم» دېيىش ئاللاھقا تاپشۇرغانلىقنى ئېلان قىلىشتۇر.

ئاللاھ بىزگە دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قانۇنىيەتلەرنى بېكىتتى. ئەمما بۇ قانۇنىيەتلەرمۇ ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ خاھىشىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ خالىسا ھاياتى دۇنيادىكى ئىشلار دۇنيا قانۇنىيىتى بويىچە داۋام قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىمىسا، قانۇنىيەتمۇ ئاللاھنىڭ خاھىشىغا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن: بەھەيۋەت تۆگە ۋە كۆندۈرۈلگەن پىللارنى كىچىككىنە باللارنىڭ يېتىلەپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما ئىنسانلارنىڭ كىچىككىنە چايانلارنى كۆندۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. ئەگەر بۇ ئىشلار قانۇنىيەت بويىچە بولىدىغان ۋە ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولسا ئىدى، بەھەيۋەت پىللارنى ئەمەس، كىچىككىنە چايانلارنى كۆندۈرۈش ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ بۇلارنى بىزگە مىسال قىلىش ئارقىلىق، خالىغىنىنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر خالىمىسا ئىنساننىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ. وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ. وَلَهُمْ فِيهَا مَنَافِعُ وَمَشَارِبُ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾[1] «ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن

[1] سۈرە ياسىن، 71، 72-ئايەتلەر

ھايۋانلارنى ئۆز قۇدرىتىمىز بىلەن ياراتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟» دېگەن. بۇ ئايەتكە قارىساقمۇ تۆگە ۋە چاياننىڭ مەسىلىسىنىڭ ناھايىتى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ يەردىكى مەسىلە بىر قانۇنىيەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ چۈشىنىش دائىرىسىدىن ھالقىغان بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ھايۋاناتلارنىڭ بىزگە بويسۇنۇشى، بىزنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمىز ياكى ئەقلىلىقلىقىمىز تۈپەيلىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغان. يامغۇرنىڭ يېغىشىمۇ قانۇنىيەت ياكى ئىنسانلارنىڭ سەۋەب قىلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئىشلار ئىنسانلارنىڭ كۈچى يېتىدىغان ياكى قانۇنىيەت بويىچە بولىدىغان بولسا، قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدە يامغۇر ياغدۇرالىغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھنىڭ قۇدرىتى دۇنيا قانۇنىيىتىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاللاھ خالىسا يامغۇر ياغدۇرىدۇ، خالىسا قۇرغاقچىلىقنى ئىنسانلارغا ئىمتىھان قىلىدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿لِّلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ يَهَبُ لِمَن يَشَاءُ إِنَاثًا وَيَهَبُ لِمَن يَشَاءُ الذُّكُورَ. أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَاثًا وَيَجْعَلُ مَن يَشَاءُ عَقِيمًا إِنَّهُ عَلِيمٌ قَدِيرٌ﴾[1] «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل-قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر» دېيىلگەن. بۇ

[1] سۈرە شۇرا، 49، 50-ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com



ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىپ، ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلەرگە ئوغۇل پەرزەنت بەرسە، بەزىلەرگە قىز پەرزەنت بېرىدىغانلىقىنى، يەنە بەزىلەرگە پەرزەنت بەرمەستىن تۇغماس قىلىپ قويىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى بويىچە بولىدىغان بولسا، بەدەن شەكلى ئوخشاش بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تۇغماس كىشىلەر چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. يەنى، ئەر-ئايال بىرگە بولسا پەرزەنت بولىدىغان دۇنيا قانۇنىيىتىمۇ ئاللاھ خالىسا ئىشلەيدۇ، خالىمىسا ئىشلىمەيدۇ. چۈنكى پەرزەنتنى يارىتىدىغىنى ئەر-ئايالنىڭ بىرگە بولۇشىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسىدۇر. ئاللاھنى دۇنيا قانۇنىيىتى باشقۇرمايدۇ، بەلكى ئاللاھ دۇنيانى ۋە دۇنيا قانۇنىيىتىنى باشقۇرىدۇ. ئاللاھ دۇنيا قانۇنىيىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىقىنى باشقۇرغاندەك، دۇنيا قانۇنىيىتىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىشكىمۇ ھەم قادىردۇر.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە كېپىل بولغان ۋە بۇ سەۋەبلىك ھەردائىم مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقاتتى. ھەر قېتىم مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۆزى ئەكىرمىگەن بەزى مېۋە-چېۋىلەرنى ئۇچرىتاتتى. يەنى، يازدا قىشنىڭ مېۋىلىرىنى، قىشتا بولسا يازنىڭ مېۋىلىرىنى ئۇچرىتاتتى. مەريەم ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىن چىقمايدىغان پاك ۋە ئىپپەتلىك بىر قىز بولغىنى ئۈچۈن، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەيران قېلىپ: ﴿قَالَ يَا مَرْيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَا قَالَتْ هُوَ مِنْ عِندِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَرْزُقُ مَن يَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾[1] «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟ - دەيتتى. مەريەم: ئۇ ئاللاھ

[1] سۈرە ئال ئىمران 37-ئايەت

تەرىپىدىن كەلدى - دەيتتى. ئاللاھ ھەققەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا-مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» دېگەن.

بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قىسسەنى بايان قىلىشى بىزگە بىر نەرسە ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر. مانا بۇ قىسسەدىمۇ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئەكرىپ بەرمىگەن بىر نېئمەتلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى مەريەم ئەلەيھىسسالامدىن سورىغانلىقى، مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭ جاۋابىنى بېرىشى ۋە بۇلارنى ئاللاھنىڭ بىزگە بايان قىلىشىدىكى ھېكمەت بولسا، دۇنيا قانۇنىيەت بويىچە ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ دۇنيا قانۇنىيىتىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر.

مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق ياكى ئىبادەت جەھەتتىن قانچىلىك پاك، ئىپپەتلىك ۋە زاھىدە بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەريەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزى تەمىنلەپ بەرگەن نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىغانلىقى مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن بولۇپ، بۇ مىسالنى بوگۈنكى رىئاللىقىمىزغا تەتبىقلاپ باقىدىغان بولساق، كۈنىمىزدىكى ئەر ئايالدىن، ئايال ئەرلىرىدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ مەنبەسىنى سورىماي ئىشلىتىشى جەمئىيەتنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارماقتا. مەسىلەن: بەزى ئاياللار يولدىشىنىڭ ئۆز كىرىمىدىن ئارتۇق ئىقتىسادنى چىقىم قىلىۋاتقىنىنى ياكى قىزىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئارتۇقراق پۇل خەجلەۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئۇلاردىن ئارتۇق ئىقتىسادنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراپ باقماستىن، بەلكى پەخىرلىنىپ خۇش بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەتراپىدىكىلەرنىڭ خاتالىشىپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەبلىك جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت دەل بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. نەپسىمىزنى كونترول قىلىپ، ھارامغا كۆز-قىرىمىزنى سالماستىن، ئەتراپىمىزدىكى ۋە تەۋەلىكىمىزدىكى كىشىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياخشى كۆز-قۇلاق بولۇپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلغان ۋاقتىمىزدا، جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەمدى بىز ئەسلىدىكى سۆزىمىزگە قايتىپ، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالىغا مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقىغا قاراپ باقايلى: ﴿قَالَتْ هُوَ مِنْ عِندِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَرْزُقُ مَن يَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾[1] «مەريەم: ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى - دېيىتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا-مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ». دۇنيا قانۇنىيىتى بويىچە ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، مەريەم ئەلەيھىسسالام ئىبادەتخانىدىن چىقمىغان ئەھۋالدا بىكاردىن نېئمەت كېلىپ قالمايدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ھەر نەرسىگە قادىر. مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن جاۋابىدىمۇ ئاللاھنىڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز نېئمەت بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەت بايان قىلىنغان.

يەنە بىر مىسال: زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇتلەق مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىشى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالى ھەر ئىككىسى خېلىلا ياشىنىپ قالغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئايالى تاكى شۇ يېشىغىچە تۇغۇپ باقمىغان تۇغماس ئايال ئىدى. سەۋەب نۇقتىسى ۋە دۇنيا قانۇنىيىتى بويىچە تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇلارنىڭ بالىلىق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۇئا قىلىنغان بۇ ئىش دۇنيا قانۇنىيىتىگە زىت بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئاللاھ تائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا پەرزەنت بېرىشنى ئىرادە قىلىپ، يەھيا ئەلەيھىسسالامنى رىزىق قىلىپ بەردى. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ مىسال ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكىنىڭ روشەن دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 37-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

كائىنـاتتىكى ھەرئىـش ئاللاھنىـڭ نـامى بىـلەن باشـلىنىدۇ. ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـى ئـۇ ئىشـنىڭ ۋۇجۇدقـا چىقىـش يـاكى چىقماسـلىقىنى بەلگىلەيـدۇ. ئىنسـان بىـر ئىشـنى ئاللاھنىـڭ نـامى بىـلەن باشـلىغاندا، ئـاللاھنى يېنىـدا بـاردەك، ھەرۋاقىـت ئـۆزىگە يـاردەم قىلىۋاتقانـدەك ھـېس قىلىـدۇ. ئاللاھنىـڭ ئىنسـانلارغا ھەر ئىشـنى ئۆزىنىـڭ نـامى بىـلەن باشلاشـنى ئۆگىتىشـى ئاللاھنىـڭ رەھمەتلىرىنىـڭ قاتارىدىنـدۇر. چـۈنكى «ئـاللاھ» دېـگەن سـۆز، ئاللاھنىـڭ پۈتـۈن سـۈپەتلىرىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ. ئـاللاھ دېـمەك رىزىـق بەرگـۈچى دېمەكتـۇر. ئىنسـان رىزىققـا مۇناسـىۋەتلىك بىـرەر ئىشـقا تۇتـۇش قىلغىنىـدا «ئـاللاھ» دېسـە كۇپـايە. ئـاللاھ دېـمەك ھەر ئىشـقا قـادىر بولغـۇچى دېمەكتـۇر. قىيىنچىلىققـا يولۇققانـدا «ئـاللاھ» دېسـە كۇپـايە. شـۇڭا بىـرەر ئىـش قىلمـاقچى بولغانـدا «بىسـمىللاھ» دەپ، ئاللاھنىـڭ نـامى بىـلەن باشـلىغان بەنـدىنىڭ ھەر ئىشـى ئاسانلىشـىدۇ. ئەگەر ئـاللاھ ئىنسـانغا «بىسـمىللاھ» دېيىشـنى ئـۆگەتمىگەن بولسـا، ھەربىـر ئىشـقا دۇچ كەلگەنـدە، ئاللاھنىـڭ شـۇ خىـل سـۈپەتلىرىنى تىلغـا ئېلىـپ تـۇرۇپ يـاردەم تەلەپ قىلىشـقا تـوغرا كەلـگەن بـولاتتى. ئـاللاھ بەنـدىلەرنىڭ ئىشـلىرىنى ئاسانلاشـتۇرۇش ئۈچـۈن «بىسمىللاھ»نى ئۆگەتتى.

مۇنـاپىق، كـاپىر ۋە دۇنيـالىقنىلا ئويلايـدىغان كىشـىلەر بىـلەن ئاللاھقـا ئىشـىنىدىغان ۋە بـارلىق ئىشـلىرىنى ئاللاھنىـڭ نـامى بىـلەن باشـلايدىغان كىشـىلەرنىڭ دۇنيـادىكى نېـئمەتلەردىن ئوخشـاش بەھرىلىنىـدىغانلىقى ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـىدۇر. ئـاللاھ پۈتـۈن ئىنسـانىيەتنى يـاراتتى ۋە ئۇلارغـا رىزىـق بېرىـدىغانلىقىنى ۋەدە قىلـدى. ئەممـا بـۇ يەردىكـى پەرق بولسـا، ئاللاھقـا ئىشـەنمەيدىغان كىشـى پەقەت دۇنيـالىقتىكى نېسىۋىسـىنى ئالىـدۇ. ئەممـا قەلبىـدە ئـاللاھ بولغـان كىشـى دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتتىكى قـوش نېسىۋىسـىنى ئالىدۇ. ئاللاھ تائـالا: ﴿الْحَمْدُ لِلَّـهِ الَّذِي لَهُ مَا فِي السَّـمَاوَاتِ وَمَـا فِـي الْـأَرْضِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



وَلَهُ الْحَمْدُ فِي الْآخِرَةِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ﴾[1] «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانامۇ ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانانىڭمۇ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى دېيىش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىنى ئاخىرەتتە ئايرىم مۇكاپاتلايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. دۇنيا قانۇنىيىتى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئوخشاش. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارنى ئوخشاش ياراتتى. ئەمما ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىلەر ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلار ئۈچۈن قايتىدىن ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ھەمدۇسانا ئېيتىش بولسا ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا بەرگەن نېمىتىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمان دۇنيادا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ھەمدۇسانا ئېيتسا، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دوزاختىن ساقلاپ، جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى ئاتا قىلغانلىقىغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كل أمر ذي بال لا يُبدأ فيه ببسم الله الرحمن الرحيم فهو أقطع"[2] «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق ئىش كەمتۈكتۇر» دېگەن ھەدىسى بار. بۇ يەردىكى «أقطع» سۆزىنىڭ مەنىسى «كەمتۈك، ئاخىرى يوق» دېگەنلىك بولىدۇ. «بىسمىللاھ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاش بولسا، ئاللاھقا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلەشنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىماسلىق دەل ئەكسىچە «بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلالايمەن، بۇ ئىشنىڭ ئىگىسى مەن» دېگەنگە ئوخشاش ھاكاۋۇرلۇقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن

[1] سۈرە سەبە، 1-ئايەت
[2] ئەھمەد ۋە دارى قۇتنى رىۋايىتى

باشلىمىغان بولغاچقا، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئىشلىرى سەۋەب-نەتىجە قانۇنى بويىچە ئەمەلگە ئاشقاندەك قىلسىمۇ، ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتتىن مەھرۇم قالىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى رىزىقتىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن، ئىنسان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىشى كېرەك. شۇڭا يېمەكلىك يېگەندە ياكى ئىچىملىك ئىچكەندە «بىسمىللاھ» دېيىش كېرەك. چۈنكى نېئمەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھتۇر. ئىمتىھانغا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىرگەندە، ئاللاھ ئىمتىھاننى ئاسان قىلىدۇ. ئۆيگە كىرگەندە ۋە چىققاندا «بىسمىللاھ» دېيىش بەرىكەت كەلتۈرىدۇ. توي قىلغاندا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلىش كېرەك. چۈنكى توي قىلىدىغان جۈپنى يارىتىپ، توي قىلىشقا رۇخسەت قىلغىنى ئاللاھتۇر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاش ئىنساننى خاتالىقلاردىن توسۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ يامان ئىشلارنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىغۇسى كەلمەيدۇ ۋە ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان ھامان خاتالىق ئۈستىدە بولسىمۇ، دەرھال ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. ئىنسان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاشقا ئادەتلەنگەن ۋاقىتتا، ئىشلىرى ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چېگرادىن ھالقىپ كەتمەيدۇ ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

قۇرئان ئوقۇغان ۋاقىتتىمۇ «بىسمىللاھ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىغانلىق، «ئى ئاللاھ، سېنىڭ كىتابىڭنى سېنىڭ نامىڭ بىلەن باشلىدىم» دەپ ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەن قۇل ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ چەك-چېگراسىدىن ھالقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ۋە «ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھ كىتابىدا نېمە دېگەن بولسا شۇنى قىلىمەن، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا شۇنىڭدىن چەكلىنىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنلىك بولىدۇ. «بىسمىللاھ» دەپ باشلىغانلىق، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە قىيامەت كۈنى ياخشى-يامان ئىشلاردىن ھېساب ئالغۇچى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىغانلىق بولىدۇ. باشلىنىش ئاللاھتىن بولسا، ئاخىرلىشىشىمۇ ھەم ئاللاھ بىلەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەزىلەر: « ‹بىسمىللاھ› بىلەن باشلىغاندىن كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالغان ئىنسانىنىڭ مەسىلىسى قانداق بولىدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنسان دېگەن خاتالاشقۇچى، ھەرۋاقىت خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. بىز دەيمىزكى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاشنى ئۆگەتكەندىن كېيىنلا ﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ «شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دېگەن سۈپەتلىرىنى بىرگە بايان قىلدى. بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت، ئاللاھنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى ئاسىيلارنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ھەرۋاقىت تەۋبىگە قىزىقتۇرىدىغانلىقى، ئاسىي بەندە تەۋبە قىلسىمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشتۇر. ئىنسان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاشتىن خىجىل بولماسلىقى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىغاندىن كېيىن خاتالىشىپ قالغان بولسا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي، ئاللاھنىڭ ﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ سۈپەتلىرىنى ئەسلىشى ۋە «بىسمىللاھ» بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ﴿بِسْمِ اللَّـهِ الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتنى قاپلايدىغانلىقىنى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ قالمىسىلا، باشقا گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىشى كېرەك.

بىز ئاللاھنىڭ ﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دېگەن سۈپەتلىرى ھەققىدە توختالساق، بۇرۇنقى كىتابلاردا ياكى باشقا ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدە، ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلىرى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى "رحم" پېئىلىدىن چىققان بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىكى «رەھمەت» سۆزى، ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى "رحم" ۋە سىلە-رەھىم قاتارلىق سۆزلەرنىڭ يىلتىزى بىر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دىن ئىبارەت ئىككى ئاشۇرما سۈپەتنى قوللىنىشى، ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدىكى بوۋاقنى مىسالغا ئالساق، ئانا بوۋىقى

ئۈچۈن ئايرىم بىرنەرسە يېمەيدۇ ياكى ئىچمەيدۇ. ئەمما ئۇكسىگېن ۋە يېمەك-ئىچمەككە ئوخشاش بالىغا ئېھتىياجلىق پۈتۈن نەرسىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ. مانا بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇدىكى "رحم" سۆزىنىڭ ئىنسان تۇغۇلماستىنلا باشلانغان مېھىر-شەپقەتنىڭ جانلىق كارتىنىسىدۇر. ئانا ئۆز پەرزەنتى قانچىلىك خاتالاشقان بولسىمۇ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئانا ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى ئەپۇ قىلغان يەردە، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ ئۆزىنىڭ بەندىسىنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلمىسۇن!؟

ئاللاھ ھەدىس قۇددۇسىيدا: «مەن رەھىم قىلغۇچى. مەن سىلە-رەھىمنى ياراتتىم ۋە ئىنسانغا ئىسمىمدىن بىر ئىسمنى بەردىم. سىلە-رەھىم قىلغان كىشىگە رەھىم قىلىمەن، سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە مەنمۇ رەھىم قىلمايمەن»[1] دېگەن. ئاللاھ بۇ ھەدىس قۇددۇسىي ئارقىلىق ھەرۋاقىت ئىنسانغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى ۋە تەۋبە ئىشىكىنى ئاچىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئىنسان ئاسىيلىق قىلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى بېرىۋاتقان رىزىقىنى توختىتىپ، ئۇنى ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇماقچى ياكى باشقا بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى ۋە سۈپىتى بولغان ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلاش كېرەك.

﴿الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دىكى ئىككى سۈپەت ئاشۇرما سۈپەت بولۇپ، مەزمۇنى بېيىتىپ گەۋدىلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار. بۇلارنىڭ ئەسلى پېئىلى بېشىدا تىلغا ئېلىنغاندەك "رحم - يرحم" بولۇپ، بۇ پېئىللاردىن "رحيم" ۋە "راحم" دەپ سۈپەتلەر چىقىدۇ. ئىنسانلار ئىچىدىكى مېھرلىك كىشىلەرگە "راحم" «مېھىر-شەپقەتلىك» دەپ قوللىنىمىز. چۈنكى ئىنساننىڭ

[1] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېھىر-شەپقىتى چەكلىك بولىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ مېھىر-شەپقىتى پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چەكسىز بولغاچقا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىپلىنغاندەك «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دەپ قوللىنىشىمىز كېرەك. ئاللاھنىڭ مېھىر-شەپقىتى چەكسىز بولۇپ، بۇ (مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن) دۇنيادىكى پۈتۈن بەندىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ﴾[1] «ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتتە «قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ» دېيىلگەن. ﴿وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ﴾[2] «پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» دېگەن ئايەتتە بولسا، ئاشۇرما شەكلى بولغان "بِظَلَّامٍ" «ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ» دېگەن سۆز زىكىر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، «بەندىلەر» دەپ كۆپلۈك قوللىنىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزدىن ئىلگىرىكى جانلىقلاردىن تاكى قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغان پۈتۈن جانلىقلارغا قىلىنغان سىلە-رەھىمنى ھېسابلاش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە كۆپلۈك ئۇقۇمى بار. ناۋادا ئاللاھ قىلچىلىك زۇلۇم قىلىپ سالىدىغان بولسا، ھەممىسى يىغىلىپ ھېسابسىز كۆپ زۇلۇم قىلغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىن «قىلچىمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ، ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ» دېگەن مەنىلەر چىقىدۇ.

ئەمدى ئەسلى مەقسەت بولغان ﴿الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دېگەن بۇ ئىككى سۈپەتنىكى پەرقكە كەلسەك، "الرَّحْمَٰنِ" سۈپىتى ئومۇمىي بولۇپ، دۇنيادىكى پۈتۈن جانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى دۇنياغا كەلگەن پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ دۇنيادا كاپىرلارغىمۇ مېھىر-شەپقەت قىلىپ، ياشاش يوللىرىنى بىلدۈرىدۇ ۋە قىلغان

[1] سۈرە نىسا، 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

خاتالىقلىرى تولۇپەيلى ئۇلارنى دەل ۋاقتىدا جازالىمايدۇ. دېمەك، دۇنيادا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى چەكسىز بولۇپ، مەيلى كاپىر ياكى مۇسۇلمان بولسۇن، ئاللاھنىڭ "الرَّحْمَـٰنِ" سۈپىتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھنىڭ "الرَّحِيمِ" سۈپىتى بولسا ئاخىرەتتىكى ئاللاھنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، باشتىكى سۈپەتتىن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. چۈنكى كاپىر-مۇشرىكلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ، پەقەت مۇئمىن-مۇسۇلمانلارلا رەھمەتكە ئېرىشىدىغان بولغاچقا، رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشىدىغانلار دۇنيادىكىدىن سان جەھەتتە ئاز بولىدۇ. شۇڭا "الرَّحْمَـٰنِ" دېگەن سۈپەت "الرَّحِيمِ" دېگەن سۈپەتتىن كۆچلۈكرەك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى مېھىر-شەپقىتىگە قارىتىلغان. "الرَّحِيمِ" بولسا ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى مېھىر-شەپقىتىگە قارىتىلغان. بۇ ئىككىلىسىنىڭ ئاشۇرما سۈپەت بولۇپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغان كىشىلەر ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، ئېرىشىدىغىنى كۆپ ئىكەنلىكىدىندۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى نېئمەتلىرى دۇنيادىكىدىن كۆپ ۋە چەكسىز بولىدۇ. مانا بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ پەرقى.

قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە «تەۋبە»دىن باشقا پۈتۈن سۈرىلەر «بىسمىللاھ» بىلەن باشلىنىدۇ. ئەمىسە «بىسمىللاھ» قۇرئان كەرىمدىكى 113 سۈرىنىڭ ھەربىرىدە بىر ئايەت ھېسابلىنامدۇ ياكى سۈرە فاتىھەدىلا بىر ئايەت ھېسابلىنىپ، باشقا سۈرىلەردە ئارىسىدىكى پاسىل ھېسابلىنامدۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، «بىسمىللاھ» قۇرئان ئىچىدىكى بىر ئايەت بولۇپ، پەقەت سۈرە «فاتىھە»دە بىر ئايەت ھېسابلىنىپ، باشقا سۈرىلەردە بىر ئايەت ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «بىسمىللاھ»نىڭ ئۆزى سۈرە «نەمل»دىكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سەبەئ مەملىكىتىنىڭ ئايال پادىشاھىغا يازغان مەكتۇپىدا: ﴿إِنَّهُ مِن سُلَيْمَانَ وَإِنَّهُ بِسْمِ اللَّـهِ الرَّحْمَـٰنِ

الـــــرَّحِيمِ﴾[1] «ماڭـــا ھەقــقەتەن ســۈلايماندىن بىــر پـــارچە قىممەتلىــك خەت كەلـــدى. (ئۇنـــــڭ مەزمـــۇنى شـــۇكى) ناھـــايىتى شـــەپقەتلىك ۋە مېھرىبـــان ئاللاھنىـــڭ ئىـــسمى بىـــلەن باشـــلايمەن» دەپ، ســـۈرىنىڭ ئوتتۇرىـــدا بىـــر قېـــتىم تىلغا ئېلىنىدۇ.

[1] سۈرە نەمل 30-ئايەت

# 6-دەرس

## سۈرە فاتىھە 2-ئايەت

## ﴿الْحَمْدُ لِلَّـــهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

### «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر»

سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ ئاساسى. مۇسۇلمان ناماز ئوقۇغاندا، نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، باشقا بىر سۈرە ئوقۇسا بولىدۇ. لېكىن نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىسا ناماز تولۇق بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مَنْ صَلَّى صَلَاةً لَمْ يَقْرَأْ فِيهَا بِأُمِّ الْقُرْآنِ فَهِيَ خِدَاجٌ – ثَلَاثًا – غَيْرُ تَمَامٍ"[1] «قانداق بىر كىشى ناماز ئوقۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ نامىزى مۇكەممەل بولمايدۇ» دېگەن.

فاتىھە قۇرئاننىڭ ئاساسى بولۇپ، فاتىھەسىز ئوقۇلغان ناماز مۇكەممەل ناماز ھېسابلانمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا: "قَسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ، فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾، قَالَ اللَّهُ تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾، قَالَ اللَّهُ تَعَالَى: أَثْنَى عَلَيَّ عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾، قَالَ: مَجَّدَنِي عَبْدِي. وَقَالَ مَرَّةً: فَوَّضَ إِلَيَّ عَبْدِي. فَإِذَا قَالَ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾، قَالَ:

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

هَذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾، قَالَ: هَذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ"[1] «نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم. بەندەم ئۈچۈن تىلىگىنىنى بېرىمەن. بەندە: «بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دېسە، ئاللاھ: «بەندەم مېنى ماختىدى» دەيدۇ. بەندە: «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر» دېسە، ئاللاھ: «بەندەم ماڭا ھەمدۇسانا ئېيتتى» دەيدۇ. بەندە: «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» دېسە، ئاللاھ: «بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى»، يەنە بىر رىۋايەتتە «بەندەم ئىشىنى ماڭا تاپشۇردى» دەيدۇ. بەندە: «(رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېسە، ئاللاھ: «بۇ، بەندەم بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى مەسىلە، بەندەم ئۈچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن» دەيدۇ. بەندە: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن» دېسە، ئاللاھ: «بۇ بەندەم ئۈچۈن. بەندەمنىڭ تىلىگىنىنى بېرىمەن، دەيدۇ» دېيىلگەن. بۇ ھەدىس قۇددۇسىي سۈرە فاتىھەنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىنتايىن روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. ھەدىسنىڭ بېشىدىكى ئاللاھنىڭ «نامازنى بەندەم بىلەن مېنىڭ ئارامدا تەقسىم قىلدىم» دەپ، سۈرە فاتىھەنى «ناماز» دەپ تىلغا ئالغانلىقى، «سۈرە فاتىھە نامازنىڭ ئاساسى» دېگەن قاراشنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دا ئاللاھنىڭ نامى "اللَّه"، "الرَّحْمَٰنِ" ۋە "الرَّحِيمِ" دەپ ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىنىدى. شۇنىڭدەك سۈرە فاتىھەدىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىنىدى. قۇرئان كەرىمدە «تەكرار يوق» دەيدىغان قائىدە بار بولۇپ، تەكرارلىق ئۇچراپ قالسا ئۇنى ئوخشاشلىق دېمەيمىز. چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى بولغاچقا، بىشىدا

[1] ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە، نەسائىي ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان

كەلگەن ئورۇندا ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن بىلەن كېيىنكى ئورۇندا ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى ئوخشمايدۇ.

ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «بىسمىللاھ»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ. «بىسمىللاھ» بىلەن باشلىغانلىق، ئاللاھنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى يىغىپ ياردەم تەلەپ قىلغانلىق بولىدۇ. «بىسمىللاھ»دىن كېيىنلا ئاللاھنىڭ "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" دېگەن سۈپىتى كەلگىنىدەك، "الْحَمْدُ لِلَّـهِ" دىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" دېگەن سۈپەتلىرى كەلدى. «بىسمىللاھ» بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇنقى ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىش بولسا، "الْحَمْدُ لِلَّـهِ" ئىشلارنىڭ ئاسان بولغانلىقى ۋە ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئېيتىشتۇر. «ئاللاھ» كەلىمىسى ئاللاھنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، بۇ ئورۇندىمۇ «بارلىق ھەمدۇسانالار ئاللاھقا بولسۇن» دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئاللاھ» دېگەن كەلىمە ئىشلىتىلگەن.

«بىسمىللاھ» دىكى "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" بىلەن «فاتىھە»دىكى "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" نىڭ مەنىسى مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. «بىسمىللاھ» دىكى "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ. بىز خاتالىشىپ قالغان ۋاقتىمىزمۇ ئاللاھنىڭ بۇ سۈپەتلىرى بىلەن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز. شۇڭا «بىسمىللاھ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىغاندا، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالساقمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە سېغىنىپ، غەزىپىدىن پاناھ تىلىگەن بولىمىز. ئاللاھنىڭ ھەر ئىشتا ئادىللىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلساقمۇ، ئۆزىمىز خاتالىشىپ قالغان ۋاقتىتا ئادىللىق قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئادالىتى ئۆتكۈزگەن ھەربىر گۇناھىمىزنى چوڭ-كىچىك دېمەستىن جازالايدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَوُضِعَ الْكِتَابُ فَتَرَى الْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَا وَيْلَتَنَا مَالِ هَـٰذَا الْكِتَابِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً

www.uyghurkitap.com



إِلَّا أَحْصَاهَا وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِرًا وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾[1] «كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمەلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: ۋاي بىزگە! بۇ نامە-ئەمەلگە چوڭ-كىچىك گۇناھىنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟ - دەيدۇ، ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمەلگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ» دېيىلگەن. ئاللاھنىڭ ئادالىتىدىن ھالقىغان رەھمىتى بولمىغان بولسا، ھېچقايسىمىز نىجات تاپالمىغان بولاتتۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَابَّةٍ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰ أَجَلٍ مُّسَمًّى فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾[2] «ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن (تېز) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ» دېگەن.

ئىنسان ئاجىز ۋە سەۋرسىز يارىتىلغان بولۇپ، ھەرۋاقىت خاتالىشىدۇ. ئەگەر خاتالىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشقا توغرا كەلسە، بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «لَنْ يُدْخِلَ أَحَدًا عَمَلُهُ الجَنَّةَ، قَالُوا: وَلاَ أَنْتَ يَا رَسُولَ اللَّهِ؟ قَالَ: لا، وَلا أَنَا، إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِي اللَّهُ بِفَضْلٍ وَرَحْمَةٍ"[3] «ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلى جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ - دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: شۇنداق، لېكىن ئاللاھ مېنى ئۆز پەزلى-رەھمىتى ئىچىگە ئالدى» دېگەن. بۇ

[1] سۈرە كەھف، 49-ئايەت
[2] سۈرە نەھل، 61-ئايەت
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ھەدىستىن ھەرقانداق كىشى قانچە كاتتا ئەمەل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىنسانغا بېرىلگەن نېئمەتلەر ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەسلىكى، ئاللاھ ئۆز رەھمىتىگە ئالمىسا ھېچكىمنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقى چىقىدۇ. ئىنسان يامان گۇمان قىلىپ سېلىشى، يالغان ئېيتىپ سېلىشى، گۇۋاھلىق بەرگەندە بىر تەرەپكە يان بېسىپ سېلىشى ۋە غەيۋەت قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. ئىنسان چوڭ-كىچىك خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. ھەرقانچە تىرىشىپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلارمۇ ئۆزىنى مۇكەممەل دېيەلمەيدۇ. چۈنكى مۇكەممەللىك پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: "كُلُّ بَنِي آدَمَ خَطَّاءٌ، وَخَيْرُ الْخَطَّائِينَ التَّوَّابُونَ"[1] «ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ئىنسانلارنى سۈپەتلەپ: ﴿وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّوا نِعْمَتَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا إِنَّ الْإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾[2] «ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. كاپىر شەك-شۈبھىسىزكى زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر» دېگەن. ئىنسان قانداقلا ئىش قىلسۇن، خاتالىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. شۇڭا ئاللاھنىڭ يېنىمىزدا بارلىقىنى ۋە خاتالىشىپ قالساق ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەر ئىشنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلىشىمىز كېرەك.

سۈرە فاتىھەدىكى "الرَّحْمَٰنِ"، "الرَّحِيمِ" بولسا، "رَبِّ الْعَالَمِينَ" «ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى، يوقتىن بار قىلغۇچى» دېگەن سۈپەت بىلەن كەلدى. "رب" «پەرۋىش قىلدى، ئۆستۈردى، تەربىيەلىدى» دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇ سۈپەتنى ئۆزىگە ئىشلىتىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى

---

[1] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان
[2] سۈرە ئىبراھىم، 34-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوق يەردىن پەيدا قىلىپ پەرۋىش قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئاللاھنىڭ بىزنى يوق يەردىن پەيدا قىلىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ پەرۋىش قىلغىنى ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتىمىز.

ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر دېمەستىن ئوخشاش رىزىق بېرىشى، قۇياش نۇرىنى كاپىرلاردىن توسۇپ قويماسلىقى ۋە يامغۇرنى ئورتاق ياغدۇرۇشى ئاللاھنىڭ پەرۋىشكار بولغىنى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئۆزىگە بويسۇنغانلىقىمۇ، بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقىمۇ رەببى. ئاللاھ دۇنيادىكى شەپقىتىدىن ھېچكىمنى ئايرىپ قويمىغان ۋە تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسىنى ھەرۋاقىت قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا «بىسمىللاھ» دىكى "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" بولسا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىغانلار خاتالاشقان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىپ كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، سۈرە فاتىھەدىكى "الرَّحْمَـٰنِ"، "الرَّحِيمِ" ئاللاھنىڭ ھەممە مەخلۇقلىرىنى ئايرىماستىن رەھمەت قىلىدىغانلىقى ۋە رەھمىتىنىڭ ئومۇميلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر». ئاللاھ ئۆز زاتى، سۈپەتلىرى ۋە ئاتا قىلغان ئىنئاملىرى ئۈچۈن مەدھىيەلىنىشكە تېگىشلىك زاتتۇر. "الْحَمْدُ لِلَّهِ" دېگەن ئىبارەت شۇنچىلىك ئاسان كەلىمە بىلەن ئۆزىنى ماختاشنى يولغا قويغىنى ئۈچۈن ئاللاھنى مەدھىيەلەيمىز. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ياخشىلىق قىلغان بىرەر كىشىگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن، سائەتلەرچە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. خەت يېزىپ تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان مەدھىيە سۆزلىرىگە موھتاج بولىمىز. ئەمما ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھاجىتى يوق. ئاللاھ بىزگە پەقەت "الْحَمْدُ لِلَّهِ" دېگەن ئىبارەت ئىككى كەلىمە بىلەن ھەمد ئېيتىشنى ئۆگەتتى. ئاللاھقا ئوخشاش بىزنى ياراتقان، پەرۋىش قىلغان، ھېسابسىز نېمەتلەرنى ئىنئام قىلغان زاتقا ئىككى كەلىمە بىلەنلا تەشەككۈر ئېيتقان يەردە، كىچىككىنە ياخشىلىق قىلغان

ئىنسانلارغا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ رەھمەت ئېيتىش ئانچە ياخشى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈش كېرەك. ئەمما قارشى تەرەپنى مەغرۇرلاندۇرۇپ، خاتالىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئېھسانلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئاللاھقا لايىق شەكىلدە ھەمد ئېيتىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. بىز پەقەت ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە ھەمد ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا لايىق ھەمد ئېيتالمايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىستە سۆزلەپ: "لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ، أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ"[1] «ئى رەببىم، سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيەلىگەنگە ئوخشاش، سېنى ساڭا لايىق مەدھىيەلىيەلمەيمەن» دېگەن. "الْحَمْدُ لِلَّهِ" بولسا ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيەلىگەن ۋە بىزنىڭ ئاللاھنى مەدھىيەلىشىمىز ئۈچۈن تاللاپ بەرگەن چوڭ-كىچىك، باي-نامرات ھەممە كىشى ئورتاق ئىشلىتەلەيدىغان ئەڭ گۈزەل مەدھىيە سۆزىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ھەمد سۆزىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، ئىنسانلار ئارىسىدا پەرقلەر كېلىپ چىقاتتى. ئالىم ۋە شائىرلار ئەڭ گۈزەل مەدھىيە سۆزلىرىنى ئىشلەتسە، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغانلار ئاللاھنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن سۆز تاپالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مەدھىيەلەشنى پۈتۈن بەندىلىرى ئارىسىدا ئوخشاش قىلىشنى خالىدى ۋە قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى بولغان سۈرە فاتىھەنى ھەمد ئېيتىشنى ئۆگىتىش بىلەن باشلىدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا رەھمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاللاھ بىزلەر ھەرۋاقىت ھەمد ئېيتىشقا لايىق زاتتۇر. ئاللاھ بىزنى

---

[1] مۇسنەد ئەھمەد، 1295-ھەدىس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



يارىتىشتىن بۇرۇنلا ھەمىد ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان ئاسمان-زېمىن، سۇ، ھاۋا ۋە قىيامەت كۈنىگىچە بولغان رىزقىمىز قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھېسابسىز نېئمەتلەرنى ياراتقان. ئەگەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناشقا توغرا كەلسە، ھەرگىزمۇ ساناپ بولالمايمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدھىيەگە ۋە شۈكۈر قىلىشقا لايىقتۇر.

ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا ئادەم ۋە ھەۋۋا ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەت چەكمەي ياشايدىغان جەننەتنى ياراتقان. ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ھەۋۋا ئانىمىزنى جەننەتكە كىرگۈزگەن ۋاقتتا، ئۇلار جەننەتتىكى ھېسابسىز نېئمەتلەرنى كۆردى ۋە زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندىمۇ يەيدىغان، ئىچىدىغان ۋە ياشاش ئىمكانىيىتىنى ساقلايدىغان تۈرلۈك نېئمەتلەرگە ئېرىشتى. ئەگەر ئاللاھ بۇ نېئمەتلەرنى ئادەمنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ياراتقان بولسا، ئىنسان ياشىيالمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىلا، ئاللاھ تائالا ھامىلىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئوزۇق-تۈلۈكنى ياراتتى. تۇغۇلغاندا بولسا پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا بولغان ئانا سۈتىنى ھازىرلاپ بەردى. ئىنسان بوۋاقلىق ھالىتىدىن چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ھالغا كەلگۈچە ئاللاھنىڭ بۇيۇك نېمىتى بولغان ئاتا-ئانىنىڭ غەمخورلۇقىدا بولىدۇ. ئىنسان بالاغەتكە يېتىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى ئۈستىگە يۈكلىنىپ، ئاللاھقا چىن قەلبىدىن ھەمد ئېيتىدىغان ھالەتكە يېتىپ كەلگۈچە ئاللىقاچان سانسىزلىغان نېئمەتلەرگە ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمد ئېيتىشقا تېگىشلىكتۇر.

بىز دائىم نېئمەتلەرنىڭ قوللانغۇچىسىدىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجىمىزنى ئالدىن ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ياردەم قىلغان ياكى سوۋغا-سالام بەرگەنلەرگە رەھمەت ئېيتىپ تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرىمىز. شۇڭا ھەردائىم ئۆزۈلدۈرمەستىن ئىنسانلارغا

ھېسابىسىز كاتتا نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا تېخىمۇ كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلىشقا تېخىمۇ نېئمەتلەرنى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇياشنى مىسالغا ئالساق، ئىنساننىڭ قۇياش تارقاتقاندەك يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە تارقىتىدىغان باشقا بىر قۇياش ئىجاد قىلالىشى ياكى قۇياشنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ئازلىتىپ، كۆپەيتەلىشى ۋە خالىغاندا قۇياشنى يوشۇرۇپ يامغۇر ياغدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

كۆندۈزلىرى ئىنساننىڭ تىرىكچىلىك قىلىپ، كېچىلىرى ئارام ئېلىشى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئالمىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھېچ ئىش قىلغىنى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولۇۋاتقان بولۇپ، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى قاتارىدىندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ئىنساندىن بۇرۇنلا يارىتىلدى. ئەتراپىمىزدىكى كۆرۈۋاتقان ۋە پايدىلىنىۋاتقان نېئمەتلەر ئاللاھقا ھەمد ئېيتىشنى تەقەززا قىلىدۇ. كائىناتنى ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ، ئىنساننىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز.

كائىناتتىكى نېئمەتلەر ۋە مۆجىزىلەر كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىغا ۋە ئۇ ياراتقۇچىنىڭ ھەمدۇساناغا لايىق بىرى ئىكەنلىكىگە باشلاۋاتىدۇ. كائىنات، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە ئاسمان-زېمىن قاتارلىقلارغا ئىنساننىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. ھېچقانداق بىر كىشى كائىناتنى، ئاتموسفېرا قاتلىمىنى، ئىنسانلارنى ياكى باشقا جانلىقلارنى «مەن ياراتتىم» ياكى «مەن باشقۇرىمەن» دېيەلمەيدۇ. قۇياش ئەتىگەندە چىقىپ كەچتە پېتىپ، كېچە-كۈندۈز ئالمىشىدۇ. ئوخشاش يەر، ھاۋا ۋە يامغۇردا خىلمۇ-خىل زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەر ئۆسىدۇ. ھوسۇل يىغىش مەزگىلى كەلگەندە، ھوسۇلنى

يىغىۋالساق، كېيىنكى قېتىم يەنە ئوخشاش ھوسۇل بېرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ تەرتىپلىك ھالەتتە داۋام قىلىشى بۈيۈك بىر ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر.

ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھېچكىم «مەن ياراتتىم» دېيەلمەيدىغان بۇ ھېسابسىز نېئمەتلەر بىزنى ھەرۋاقىت ئاللاھقا ئىشىنىشكە ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى شۇنداق بولسا كېرەك، شۇنچە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ۋە كاتتا نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھنى ئۇنتۇپ، كىچىككىنە ياخشىلىق قىلغان ياكى ئاللاھ بەرگەن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئەقىل بىلەن ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ياساپ چىققان كىشىلەرنى ئېغىز-ئېغىزغا تەگمەي ماختاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىرەر چىرايلىق ياسالغان زىبۇ-زىننەت، سىپتا قول-ھۈنەر بۇيۇمى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا گۈزەل ھايۋانات ۋە گۈللەرنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى باشقىلارغا تەرىپلەپ، توختىماي ماختاپ كېتىمىز. لېكىن بىز ماختاۋاتقان مەخلۇقاتلار ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالمىغان ياكى ئۆزى چىرايلىق بولۇۋالمىغان. بەلكى ئۇلارنى گۈزەل شەكىلدە ياراتقىنى ۋە ئىنسانغا شۇ بۇيۇملارنى ياساش ئىقتىدارىنى بەرگىنى بۈيۈك ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا ئىنسان گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرگەندە، ئەڭ ئاۋۋال ياراتقۇچى ئاللاھنى ئەسلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىشى كېرەك.

# 7-دەرس

## سۈرە فاتىھە 2-ئايەتنىڭ داۋامى

﴿الْحَمْدُ لِلَّـــهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

### «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر»

ئاللاھنىڭ دۇنيادا ماڭدىغان يولىمىزنى كۆرسەتكەنلىكى ناھايىتى كاتتا نېئمەت بولۇپ، بۇ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بىزلەرگە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ، يامانلىق يوللىرىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن توغرا يولنى كۆرسەتتى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن ھەقىقەت بىلەن كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە مەۋجۇداتنى ياراتقانلىقىنى بىلدۈردى.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇنيادىكى مەسىلىمىز «ئىمتىھان» مەيدانىدىكى سىناق ياكى گۇناھنى يۇيۇش مەسىلىسىدۇر. بىز ئەسلى نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتكە يارىتىلغان ئىدۇق، ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمىز سەۋەبىدىن چىقىرىلدۇق. ئەسلى ئاللاھنىڭ ئادالىتى بويىچە خاتالىقىمىز سەۋەبىدىن جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىدۇق. ئەمما ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئادالىتىدىن ئۈستۈن كېلىپ بىزگە زېمىندا خاتالىقىمىزنى يۇيۇش پۇرسىتىنى بەردى. بىزگە «دۇنياغا چۈشۈپ ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ئورۇنلاشتۇرۇڭلار» دېيىلگەن بولسا، ئۆزىمىز ئىزدىنىپ توغرا يولنى تاپالىشىمىز قىيىن بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەتراپىمىزدىكى بۈيۈك كائىناتنىڭ ناھايىتى ئۈستىلىق ۋە پۇختا ئىنتىزام بىلەن يارىتىلىشى، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا بۇلارنى يارىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان كاتتا ئىلاھنىڭ بارلىقىغا باشلاپ قويىسىمۇ، ئەمما بۇ زاتنىڭ كىملىكى، بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقى ۋە قانداق قىلىپ ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ گۇناھلىرىمىزنى يۇيالايدىغانلىقىمىزنى دەپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا بىز بۇنىڭغا يېتەكلەيدىغان يېتەكچىگە موھتاج بولىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا بىزگە رەھمەت قىلىپ، توغرا يولنى بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتتى. بۇ كاتتا نېئمەت بولۇپ، بۇ بىزلەردىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ يولى ياشاش ئۇسۇلىمىزنى ھەقىقىي رەۋىشتە بەلگىلەپ بەردى. ئاللاھ ھېچكىمگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ھېچكىمدىن ئارتۇق كۆرمەيدۇ. پەقەت تەقۋالىق بىلەنلا ئىنسانلار ئارىسىدا يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجە پەيدا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكمى ھەممە بەندىلەرگە باراۋەر. ئەمما ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلاردا بەزى تەبىقىلەر باشقا تەبىقىلەردىن پەرقلىق بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقى قوغدىلىپ، يەنە بەزىلەرنىڭ دەپسەندە قىلىنىدۇ. ئىنسانلار تۈزگەن ھەرقانداق پىرىنسىپ ۋە قانۇندا مەلۇم سىنىپنىڭ مەلۇم سىنىپقا زۇلۇم قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئەزالار شۇ دۆلەتتىكى ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، خەلقنى خالىغانچە ئېزىدۇ. چۈنكى كوممۇنىست دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى يولغا قويغان كىشىلەر كۆڭۈل-خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى پۈتۈن مەنپەئەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. كاپىتال دۆلەتلەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش بولۇپ، كاپىتاللار چوڭ مەنپەئەتلەرگە يالغۇز ئىگە بولۇۋالىدۇ. ئاللاھ بىزگە شەرىئەتنى چۈشۈرگەن ۋاقىتتا كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەردى. يەرشارىدىكى ھايات ئىنساني خاھىشتىن خالىي

بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە بويسۇنغان ۋاقىتتا رىتىملىق داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىزلەرگە ئۆگەتتى. بۇ ئاللاھنىڭ نېمىتى بولۇپ، بىزلەردىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىزغا لايىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ بىزدىن ئالمايدۇ، بەلكى بىزگە بېرىدۇ. ھەربىر ئەسىردىكى قانۇن تۈزگەن ھۆكۈمدارلار باشقىلاردىن پايدىلانماقچى ۋە قوللىرىدىكى مال-دۇنيانى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما بۈيۈك ئاللاھنىڭ قولىمىزدىكى نەرسىلەرگە ھېچ ئېھتىياجى يوقتۇر. بارلىق نەرسىنىڭ خەزىنىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئاللاھ بۇنى قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلَّا عِندَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلَّا بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ﴾[1] «قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز» دەپ بايان قىلغان. ئاللاھ دائىم بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى بولغان ئىنسانلار بولسا دائىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن ئالىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش ئىنساندىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قارشىسىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېمەتلەرنى بېرىدۇ. بۇ ئىنسانلاردىكى ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ئىنسانلاردىكى «ماڭا بويسۇنغىن» دېگەنلىك «ماڭا بەرگىن» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما بۈيۈك ئاللاھنىڭ «ماڭا قۇل بولغىن، ماڭا بويسۇنغىن» دېگەنلىكى «مەندىن ئالغىن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ: «ئى ئاللاھ! بىزگە پالانى نەرسىنى بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلىشىمىزنى ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇمۇ بىر نېمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇنىڭ بىلەن بىزنى دۇنيادىكى خارلىقتىن ساقلايدۇ - دە، بىز

[1] سۈرە ھىجر، 21-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



باشقىلاردىن بىر نەرسە سورىماستىن، پەقەت ئاللاھتىنلا سورايمىز. باشقىلارغا يالۋۇرماستىن، پەقەت ئاللاھقىلا يالۋۇرىمىز. مەسىلەن: سەن نوپۇزلۇق كىشىدىن بىر نەرسە سورىساڭ، ئۇ ساڭا مەلۇم ۋاقىت ۋە ئورۇننى بەلگىلەپ بېرىدۇ. سەندىن كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىرەر سۆزنى ئاڭلىسا، بەلكى ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىششىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. لېكىن سەن خالىغان ۋاقىتىڭدا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ قولۇڭنى كۆتۈرسەڭ، ئاللاھنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. سەن خالىغان ۋاقىتتا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى سورىساڭ، ئاللاھ سورىغان نەرسەڭنى سەن ئۈچۈن ياخشى بولسا بېرىپ، يامان بولسا بەرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ بەرگىنىمۇ ۋە بەرمىگىنىمۇ سەن ئۈچۈن پايدىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ بەرگەن ۋە بەرمىگەن ھەممىسى نېئمەتتۇر .

ئاللاھ تائالا: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)» دېگەن ئايەتتە، بىزدىن ئۆزىگە دۇئا قىلىپ سوراشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان پەرۋەردىگار بارمۇ؟ بىز ئاللاھقا دۇئا قىلمىساق ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئېشەنمىگەن بولىمىز، بۇنداق ئەھۋالدا ھالىمىز نېمە بولار؟ ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾[2] «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» دېگەن بولۇپ، ئاللاھقا دۇئا ۋە ئىبادەت قىلماسلىق تەكەببۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ جەھەننەمگە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

[1] سۈرە غافىر، 60-ئايەت
[2] سۈرە غافىر، 60-ئايەت

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ ۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾[1] «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ نېمە دېگەن مېھرىبان ۋە سۆيۈملۈك زات! ئاللاھ مۇشۇنداق ۋەدىلەرنى بېرىۋاتسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۇئا قىلمايمىز؟! خالىغان ۋاقىتتا دۇئا قىلىش ۋە قىلغان دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىش ئىمتىيازى كاتتا نېئمەتتۇر . ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر ئەمەلدارى ساڭا: «خالىغان ۋاقتىڭدا ئىشىكىم ئوچۇق، سورىغىنىڭنى بېرىمەن» دېگەن بولسا، ئۆزىمىزنى ناھايىتى چوڭ ھېسابلاپ، «مەن پالانى بىلەن يېقىن، ئۇ ھەرقانداق تەلىپىمنى رەت قىلمايدۇ، سورىغىنىمنى بېرىدۇ» دەپ شۆلگەيلىرىمىزنى ئېقىتىپ، ئۆزىمىزنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغان بولاتتۇق. دۆلەتلەرنىڭ، رەئىسلەرنىڭ ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالا «ئىشىكىم سىلەر ئۈچۈن دائىم ئوچۇق. خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان نەرسىنى سوراڭلار. سورىغىنىڭلارنى بېرىمەن» دەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھقا ئىشىنىدىغان كىممۇ سۆيۈنمەي تۇرالىسۇن؟! بۇنىڭدىنمۇ كاتتا نېئمەت بارمۇ؟! بۇ بىزدىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلمامدۇ؟!

ئاللاھ تائالا قەلبىمىزدىكىنى ياخشى بىلگەچكە، بەزىدە بىز سورىمىساقمۇ بېرىدۇ. مەسىلەن: قەلبىمىزدە نۇرغۇن تىلەكلىرىمىز بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر ياكى مەلۇم مەشغۇلاتلار تۈپەيلىدىن ئاللاھتىن سورىيالمىغان بولساق، ئاللاھ قەلبىمىزدىكىنى بىلگەچكە، سورىمىساقمۇ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر ھەدىس قۇددۇسىدا: "مَنْ شَغَلَهُ الْقُرْآنُ عَنْ ذِكْرِي

[1] سۈرە بەقەرە، 186-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



وَمَسْـأَلَتِي أَعْطَيْتُـهُ أَفْضَـلَ مَـا أُعْطِـي السَّـائِلِينَ"[1] «مېنىڭ يولۇمدا خىزمەت قىلىمەن، دەپ مەندىن تىلەكلىرىنى سورىيالمىغان ئادەمگە مەندىن سورىغانلارغا بەرگەندىنمۇ كاتتا نېئمەتلەرنى بېرىمەن» دېگەن. ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى تۈگىمەيدۇ، خەزىنىسى قۇرۇقدالمايدۇ. سىز قاچان ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى سورىسىڭىز، ئاللاھنىڭ يېنىدا ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى تاپىسىز.

يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئادالىتى بولمىغان بولسا، كىشىلەر زېمىندا ھەددىدىن ئېشىپ، بىر-بىرىگە قاتتىق زۇلۇم قىلىشقان بولاتتى. ھەرقانداق جەمئىيەتتە زالىملارنىڭ زۇلۇمىنى توسۇپ، مەزلۇملارنىڭ كۆڭلىگە شىپا بېرىدىغان ئاللاھنىڭ بىر قانۇنىيىتى بار. ئۇ بولسىمۇ: زۇلۇم قىلغۇچى ھامان ھالاك بولىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يۈرگۈزگەن ئادالىتىنىڭ تەجەللىيسىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلىپ زالىملارنى جازالىغاچقا، كىشىلەر زۇلۇم قىلىشتىن قورقىدۇ. زالىملار دۇنيادا قىلغان زۇلۇم-جىنايەتلىرىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىپ، قەلبى تەسكىن تاپىدۇ ۋە ئاخىرەتتە زالىمنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يارىلانغان قەلب جاراھىتى يەڭگىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەزلۇمنىڭ قەلبى ئارام تېپىپ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىدىن ھېچكىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي بىلىپ يېتىدۇ. بۇمۇ ھەمدۇسانا ئېيتىشقا تېگىشلىك ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتىدۇر.

بىز ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقان ۋاقتىمىزدا نۇرغۇن ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى ئىپادىلەيمىز. ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش ھېس-تۇيغۇنىڭ سىمۋولى بولۇپ، بۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ماختاش، شۈكۈر قىلىش ۋە تونۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، بىز: «ئى ئاللاھ!

[1] تىرمىزى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان

نېئمەتلىرىگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيمىز. سىلى رەھمەت ئېيتىشتا ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن سۆزنى ئۆگەتكەنلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتىمىز. بۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق ھاياجانلىق ھېس-تۇيغۇلىرىمىز قەلب قاتلاملىرىدىن تېشىپ چىقىۋاتىدۇ» دەيمىز.

ئاللاھقا چىن كۆڭۈلدىن ئېيتىلغان ھەمدۇسانا پۈت-قوللىرىمىزنى ھەمدۇسانا ئېيتمايدىغانلارغا ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾نىڭ تەسىرىدۇر. بۇ ئېغىزىمىزدا تەكرارلاپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان سۆز ئەمەس، بەلكى ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاللاھ بەرگەن نېئمەتلەر ئەقلىمىزدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، «رەببىم مېنى ناھايىتى مول نېئمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، مېنى يوق يەردىن يارىتىپتۇ. ئانامنىڭ قاراڭغۇ قورسىقىدا ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈپ، ساق-سالامەت دۇنياغا چىقىرىپتۇ» دەپ دۇئا قىلىمىز. ئىچ-ئىچىمىزدىن ھاياجانلىنىپ، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، بۇ ھاياجانلىنىش تىل باشچىلىقىدىكى بارلىق بەدەن ئەزالىرىمىزغا ئۆتىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ ناماز ئوقۇيمىز ۋە پۈتۈن بەدىنىمىز تىترەپ، كۆزىمىزدىن ياش تۆكۈلىدۇ. مەسىلەن: مەن بىرەر مۇشەققەتكە يولۇقۇپ قالغاندا، مەلۇم كىشى كېلىپ شۇ قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولسا، شۇ ۋاقىتتا تۇنجى قىلىدىغان ئىشىم «بۇ ئادەم ماڭا كاتتا ياخشىلىق قىلدى، قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىمدا ياردەم قولىنى سۇندى» دەپ، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئويلاش ۋە «بۇ ئادەم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە لايىق، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈم كېرەك» دەپ قاراشتۇر. بۇ ئۇقۇم كاللامغا ئورۇنلىشىپ بولغاندا، ئۇ كىشىنى قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئاندىن مېنىڭ ئەزالىرىم ئۇ ئادەمنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئاددىي ئىنسانغا بولغان مىننەتدارلىق بۇنچىلىك بولسا، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا

www.uyghurkitap.com



قانچىلىك دەرىجىدە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرسەك بولار؟!

ئەسلى مەقسەتكە قايتساق، ئەگەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلساق، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرسەك، تەبىئىيلا ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزدە بۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ئەتراپىمىزدىكىلەرگىمۇ تەسىر قىلىپ، ئۇلارمۇ بىزدەك ھاياجانلىنىپ، بىزگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ. مىننەتدارلىق مانا مۇشۇنداق كېڭىيىپ، پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھقا مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. نەتىجىدە بىز ئاللاھقا كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە لايىق بولىمىز ۋە ئاللاھنىڭ بىزگە بېرىدىغان نېئمەتلىرى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿إِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت ) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى» دېگەن.

قولىمىزدىكى ھەربىر نېئمەتنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنى ياخشى تونۇپ چىڭ تۇتالمىغانلىقىمىز ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا شۈكۈر ئېيتمىغانلىقىمىزدىندۇر. چۈنكى ھەقىقەت ئېگىسى بولغان ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە نېئمەتكە شۈكۈر قىلساق، ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. بىز قىلىۋاتقان ياخشى ئىش ئاللاھقا ئېيتىدىغان رەھمىتىمىزنى ھەقىقىي ئىپادىلىگەن بولسا، ئاللاھنىڭ نېمىتى ھەرگىز ئاخىرلاشماستىن، بەلكى تېخىمۇ زىيادە بولغان بولاتتى. بىز ئېچىۋاتقان مەكتەپ ھەقىقىي ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان بولسا، ھەرگىز تاقالمايتتى. تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي شۈكرانىسى ئاللاھقا يەتسە، بىز ئۈچۈن شارائىتلار كېڭىيىپ بارغان بولاتتى. بىزگە

[1] سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت

مۇسـەبـبـەتلەرنىڭ كېلىشـى، يوللارنىـڭ تارلىششـى، پائالىيەتلىرىمىزنىـڭ چەكلىنىشـى نېئمەتنىـڭ شۈكرانىسـى ئاللاھقـا يەتمىگەنلىكـى ئۈچـۈن بولۇۋاتقـانلىقىنى ياخشـى چۈشىنىشـىمىز كېـرەك. چـۈنكى ئاللاھنىـڭ سـۆزى ھەق بولـۇپ، بـۇ سـۆزنى دېگـۈچى زات «ھەق ۋەدە ئىگىسـى» بولغاچقـا، ۋەدىسـىگە خىلاپلىـق قىلمايـدۇ. نېـئمەتكە شـۈكۈر قىلىشـنىڭ بـىزگە تېخىمـۇ كـۆپ نېـئمەت ئېلىـپ كېلىـدىغانلىقىنى تونۇشـىمىز كېـرەك. ئاللاھقـا شـۈكۈر قىلىـش ئۈزۈلـۈپلا قالمايدىكەن، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

ھاياتىمىزغـا كـۆز يۈگۈرتـۈپ چىقىـدىغان بولسـاق، ھايـاتىمىزدىكى ھەربىـر ھەرىـكەت بىـزدىن ئاللاھقـا ھەمدۇسـانا ئېيتىشـىنى تەلەپ قىلىـدۇ. ئۇخلىغـان ۋاقتىمىـزدا ئـاللاھ جـانلىرىمىزنى ئېلىـپ، ئويغانغانـدا ئـۇنى قـايتۇرۇپ بېرىـدۇ. بۇمـۇ بىـزدىن ئاللاھقـا ھەمدۇسـانا ئېيتىشـنى تەلەپ قىلىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا: ﴿اللَّـهُ يَتَوَفَّى الْأَنفُسَ حِينَ مَوْتِهَا وَالَّتِي لَمْ تَمُـتْ فِـي مَنَامِهَـا ۖ فَيُمْسِـكُ الَّتِـي قَضَىٰ عَلَيْهَا الْمَوْتَ وَيُرْسِلُ الْأُخْرَىٰ إِلَىٰ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِـكَ لَآيَـاتٍ لِّقَـوْمٍ يَتَفَكَّــرُونَ﴾[1] «ئىنسـانلار ئۆلىـدىغان چاغلىرىـدا، ئـاللاھ ئۇلارنىـڭ جـانلىرىنى ئالىـدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىـڭ جـانلىرىنى ئۇخلىغـان چاغلىرىـدا ئالىـدۇ، ئۆلـۈمگە ھۆكـۈم قىلىنغـان (يەنـى ئەجىلـى يەتكەنلەر)نىـڭ جـانلىرىنى تۇتـۇپ قېلىـپ، قالغانلارنىـڭ جـانلىرىنى مـۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنـى ئەجىلـى يەتكـۈچە) قويـۇپ بېرىـدۇ. بۇنىڭـدا پىكىـر يۈرگۈزىـدىغان قەۋم ئۈچـۈن (ئاللاھنىـڭ قـۇدرىتىنى كۆرسـىتىدىغان) نۇرغـۇن ئـالامەتلەر بـار» دېـگەن. دېـمەك، كـارىۋاتتىن قوپقانـدا ھەرىـكەت قىلىـش ئىقتىـدارىنى ئـاللاھ بېرىـدۇ. ئەگەر ئـاللاھ بەرمـىگەن بولسـا، بىـز ئـورنىمىزدىن تۇرالمىغـان بولاتتـۇق. كىشـىلەر بىـلەن پاراڭلاشـقاندا تىلىمىـز بىـلەن سـۆزلەش ئىقتىـدارىنى ئـاللاھ بەردى، ئەگەر خالىسـا بىزنـى گـاس-گاچـا قىلىغـان بـولاتتى. ئـاللاھ بىـزلەرگە ھـالال رىزىققـا ئېرىشـىدىغان ھەرخىـل خىزمەتلەرنـى قـولاي قىلـدى. ئايـاللىرىمىزنى بىـزگە بويسـۇندۇرۇپ،

[1] سۈرە زۇمەر، 42-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بالىلىرىمىزنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەگەر ئاياللاردىمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مىجەز يارىتىپ قويغان بولسا، ئۇلار بىزنى ئۆيدە كۈتۈپ، كەلگىنىمىزدە تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالمىغان بولاتتى. ئەجەبا ئاللاھنىڭ مۇشۇ نېئمەتلىرىگە ھەمدۇسانا ئېيتامدۇق؟

بۇلار ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾[1] دېگەن ئايەتتىن ئالىدىغان چۈشەنچىلەردۇر. ئاللاھ بەرگەن ھەربىر نېئمەت بىزدىن ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەپسۇس بىز نېئمەتلەرنى ساناپ بولالمىغانلىقىمىز ياكى تونۇمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيۋاتىمىز. ئاللاھ بىزگە ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن ئىككى ئېغىز سۆزنى ئۆگىتىپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى (ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇن!). دۇنيادىكى ئىنساننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئىنساندىن ھەمدۇسانا تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان دائىم ئۆزىگە يەتكەن ياخشىلىق ۋە مۇسىبەتلەر ئۈچۈنمۇ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى يامانلىق دەپ ئويلىغان نەرسە بىز ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَرِثُوا النِّسَاءَ كَرْهًا ۖ وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا آتَيْتُمُوهُنَّ إِلَّا أَن يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ ۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ۚ فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾[2] «ئى مۆئمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار

---

[1] سۈرە فاتىھە 2-ئايەت
[2] سۈرە نىسا 19-ئايەت

(سەۋر قىلغىلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن» دېگەن. شۇڭا بىزگە بىر ياخشىلىق ياكى مۇسىبەت يەتسە، بۇنىڭ ئارقىسىدا بىز بىلمەيدىغان ياخشىلىق بارلىقىغا ئىشىنىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز كېرەك. بەزىدە بىزگە ئېغىر خاپىلىقلار كېلىدۇ. ئەمما بەزىمىز ئۇنىڭغا رازى بولساق، بەزىمىز نارازىلىق ئىپادىلىرىنى بىلدۈرىمىز. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىز بىلمەيدىغان ھېكمەتلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىمىز. شۇڭا ھەرقانداق ئىشقا ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېيىشىمىز كېرەك. ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ياخشى ياكى يامان كۆرسەكمۇ، نەتىجىدە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. چۈنكى بىز ئىشنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى ۋە نەتىجىسىنى بىلمەيمىز. ئەمما بۈيۈك ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھ فاتىھەتۇل كىتابنى ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دەپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلىدى. ئاللاھ نېمىشقا بۇ يەرگە ﴿رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېگەن سۆزنى قوشتى؟ بۇ يەردە ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ بىلەن﴿رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ئارىسىدا ئىككى ئۇقۇم بار. ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ تەۋھىد ئۇلۇھىيەت قىسمىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ ئىپادىسىدۇر. ﴿رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ تەۋھىد رۇبۇبىيەت تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، پەرۋەردىگار دېگەن مۇئمىن ۋە كاپىر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىپادىدۇر. چۈنكى ئاللاھ بارلىق ئىنسانلارنى دۇنياغا كەلتۈردى ۋە پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈردى. بۇ يەردە تەۋھىد ئۇلۇھىيەت بىلەن تەۋھىد رۇبۇبىيەت ئىپادىسى بىرگە كېلىپ، ئىككى خىل ھەمدۇسانا ئېيتىش شەكلىنى پەيدا قىلغان. ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەندە ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت سۈپىتىنى نېئمەت قىلىپ بەرگەنلىكىگە مۇئمىنلەردىن ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ﴿رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېگەندە ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەت سۈپىتى بىلەن بارلىق ئىنسانىيەتنى يوقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يارىتىپ پەرۋىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانلاردىن ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەۋھىد - ئۇلۇھىيەت تەكلىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما تەكلىپلەر بەزى ئىنسانلارغا ئېغىر كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار تەكلىپنىڭ قىممىتىنى بىلگەن بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقان بولاتتى. تەكلىپلەر ئەمەلىيەتتە مۇشەققەت ئەمەس. «بۇنى قىل، ئۇنى قىلما» بۇيرۇقى ھايات رىتىمى ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن دېيىلگەن. چۈنكى ئاللاھ بىزنى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ھايات ھەرىكەتلىرىنىڭ توقۇنۇشۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ يەردە بىرىنچى نېئمەت ئاللاھنىڭ بىزگە ئىبادەت قىلىش يولىنى كۆرسەتكەنلىكىدۇر. ئىككىنچى نېئمەت ئاللاھنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى بولغانلىقىدۇر. شۇڭا بىزگە تەكلىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى يەنە بىر نېئمەتتۇر. بۇمۇ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۇنيا ھاياتىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئاسىيلىق قىلىدىغانلار بار. ئاللاھ بىزلەرگە ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت نۇقتىسىدىن نۇرغۇن نېئمەتلەرنى بەردى. ئاللاھنىڭ بىزنى بەندەم دەپ قوبۇل قىلىپ، ئىمان ئاتا قىلغانلىقى ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت نېمىتىدۇر. ئىنسانلارنى يوقتىن بار قىلىپ، پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۇرۇپ، دۇنيادا ياشاش شارائىتىنى بەرگەنلىكى ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەت نېمىتىدۇر. شۇڭا بىز ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت نېئمەتلىرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ئىنسانلار (مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن) دۇنيادا رۇبۇبىيەت نېمىتىنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولسا بولىدۇ. ئاللاھ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئىكەن، دۇنيانى ھەرگىز نېئمەتسىز قالدۇرۇپ قويمايدۇ. مەسىلەن: قۇياشنىڭ ھەرگىز چىقماسلىق ھوقۇقى بولمايدۇ. يۇلتۇزلار ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ سوقۇلمايدۇ. زېمىن زىرائەتنى ئۈندۈرۈش ۋەزىپىسىدىن باش تارتالمايدۇ. يەرشارىدىكى

ھاۋا قاتلىمى زېمىندىن يىراقلىشىپ، كىشىلەر نەپەس ئالالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەجبۇرىي ئىتائەت قىلىپ، ۋەزىپىسىنى داۋام قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ يەردە ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېيىش ئارقىلىق «مەن بارلىق كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى، ھەرقانداق نەرسىنى كونترول قىلىمەن. ئىنسانغا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق كۈچ خىزمەتتىن توختىۋالالمايدۇ. شۇڭا ھەر جانلىق دۇنيادا خاتىرجەم ياشايدۇ» دېگەن نۇقتىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇمۇ بىزدىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھېچقانداق نەرسە ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا مۇئمىن ئەتىسىدىن قورقمايدۇ (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ھەممىنى كونترول قىلىۋاتسا قانداقمۇ قورقسۇن). بۇگۈن بىر مۇئمىننىڭ يەيدىغان تامىقى بولمىسا، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇنىڭغا رىزىق بېرىدۇ. بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. ئىنسان بىرەر نېئمەتكە ئېرىشسە، ئاللاھنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىدۇ. مۇئمىننىڭ قەلبى مۇشۇنداق راھەتتە ئۆتىدۇ.

بىزگە يېتىۋاتقان ھەرقانداق مۇسىبەت ۋە ھەربىر ھالەتتىن ئاللاھ بىخەۋەر ئەمەس، ھېچقانداق نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا مۇئمىننىڭ قەلبى راھەت تۇرىدۇ. ئاللاھ بىزگە ئۆزىنى «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى» دەپ مەلۇمات بەرگەنلىكىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئاللاھ شۇنداق دېيىش ئارقىلىق بىزلەرنى خاتىرجەم قىلدى. بىز ئاللاھ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن سۆپەتكە تايىنىپلا خاتىرجەم ياشاپ، كەلگۈسىمىزدىن قورقمايۋاتىمىز. ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت نېمىتىنىڭ مۇكاپاتى ئاخىرەتتە بولىدۇ. دۇنيا ئىماننىڭ سىناق مەيدانى بولسا، ئاخىرەت مۇكاپات مەيدانىدۇر. كىشىلەردىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايدىغانلىرىمۇ ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەت نېئمەتلىرىدىن ئوخشاش

uyghurkitap.com



مەنپەئەتلىنىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت نېئمەتلىرى پەقەت مۇئمىنلەرگىلا خاس بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ ۚ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾[1] «ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر. (ئاللاھنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز» دېگەن.

ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش پەقەت دۇنيادىلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىمۇ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيادا بارلىق مەخلۇققا بەرگەن رۇبۇبىيەت نېئمەتلىرى، ئىمان ئېيتقانلارغا بەرگەن ئۇلۇھىيەت نېئمەتلىرى بىلەن مەدھىيىلەنسە، ئاخىرەتتە پەقەت مۇئمىن بەندىلىرىگە بەرگەن ئۇلۇھىيەت نېئمەتلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزىگە ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ: ﴿وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاءُ ۖ فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾[2] «ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: ‹جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!› دېگەن. قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرگەنلەر بۇ دۇئا بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

[1] سۈرە ئەئراف، 32-ئايەت
[2] سۈرە زۇمەر، 74-ئايەت

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿دَعْوَاهُمْ فِيهَا سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَامٌ ۚ وَآخِرُ دَعْوَاهُمْ أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾[1] «ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز - دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر-بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: (ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) - دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر! - دېيىشتىن ئىبارەتتۇر» دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرقى دۇئاسىنىڭ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاخىرەتتىكى نېئمەت پەقەت مۇئمىنلەرگىلا خاس بولۇپ، دۇنيادىكى نېئمەتلەر مۇسۇلمان ۋە كاپىرلارغا ئومۇمىي بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئاللاھ يەنىلا ھەمدۇساناغا لايىق بولىدۇ.

[1] سۈرە يۇنۇس، 10-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# سۈرە فاتىھە 3-ئايەت

﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾

## «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر»

﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدىغان سۈپەتلەردىن بىرىدۇر. ئاللاھ دۇنيادا نېئمەتلىرىنى رۇبۇبىيەت نېمىتى سۈپىتىدە مۇئمىنگىمۇ، كاپىرغىمۇ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيەت نېمىتى ئىنسان ئۆلگەندە ئۈزۈلىدۇ. ئىنسان دۇنيادا ياشاپلا تۇرىدىكەن، سان-ساناقسىز رۇبۇبىيەت نېئمەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىپ تۇرىدۇ. ھېچكىم دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى سانىيالمايدۇ. چۈنكى نېئمەتنى ئىستاتىستىكا قىلىش، شۇ نېئمەتلەرگە كۈچى يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ئىنساننىڭ قۇدرىتىنىڭ سىرتىدا بولغاچقا، ھېچقانداق كىشى ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئىستاتىستىكا قىلالمايدۇ.

ئۆي ئىگىسى مېھمان چاقىرسا، مېھمان ئۆيدە مېھمانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ جايىدا ئولتۇرماي ھەددىدىن ئاشسا، ئۆي تار كەلگەندەك، كائىناتمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئىنسانلارغا تار كېلىدۇ. بىزلەرگە مەجبۇرىي خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ دۇنيا، ئاسىي كىشىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلاردىن سىقىلىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىشقا ئاللاھ تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، بىزگە بېرىشكە تېگىشلىك مەنپەئەتلەرنى جايىدا بېرىدۇ. ئەمما ئاسىي بەندىگە مەنپەئەتلەرنى

سىقىلىپ تۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ بىز بۇنىڭ جاۋابىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەدىس قۇددۇسىينى ئوقۇيلى.

ئاللاھ تائالا بىر ھەدىس قۇددۇسىيدا: «ھەركۈنى قۇياش چىققان ۋاقىتتا، ئاسمان مۇنداق نىدا قىلىدۇ: ئى پەرۋەردىگار! ماڭا رۇخسەت قىلساڭ ئادەم بالىسىنىڭ ئۈستىگە بىر ئازابنى چۈشۈرسەم، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ ساڭا شۈكۈر ئېيتمىدى. دېڭىزلار ئېيتىدۇكى، ئى پەرۋەردىگار! ماڭا رۇخسەت قىلساڭ ئادەم بالىلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتەي، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ ساڭا شۈكۈر قىلمىدى. تاغلار ئېيتىدۇكى، ئى پەرۋەردىگار! ماڭا رۇخسەت قىلساڭ ئادەم بالىلىرىنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈلەي، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ ساڭا شۈكۈر قىلمىدى، دېيىشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئېيتىدۇكى، ئۇلارنى قويۇڭلار، مەن ئۇلارنى ياراتقان ئىكەنمەن، ئۇلارغا رەھىم قىلىمەن. ئۇلار مېنىڭ بەندىلىرىم، ئۇلار ماڭا تەۋبە قىلسا مەن ئۇلارنىڭ دوستى، ئەگەر ماڭا تەۋبە قىلمىسا مەن ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىمەن، سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىڭلار»[1] دېگەن.

مانا بۇ ئاللاھنىڭ ﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ سۈپىتىنىڭ تەجەللىسىدۇر. ئاللاھنىڭ «مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك» دېگەن سۈپىتى بىلەن ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە داۋام قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. ئەگەر ئاللاھ قىلغان ئەمەلىمىزگە قارىتا مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، بىز خاتىرجەم ياشىيالمىغان بولاتتۇق. ئەگەر بىزگە خىزمەت قىلىۋاتقان نەرسىلەرگە ئىختىيارلىق بېرىلسە، جىنايىتىمىز سەۋەبىدىن خىزمەتتىن توختىغان بولاتتى.

[1] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىي
www.uyghurkitap.com



يۇقىرىدىكى ھەدىس قۇددۇسىيدا بايان قىلىنغان تاغ، دەريا ۋە ئاسمان قاتارلىق جانسىز مەخلۇقلار سۆزلەمدۇ؟ شۇنداق، ئۇلار بىز بىلمەيدىغان ئەمما ياراتقۇچىسى بىلىدىغان بىر تىل بىلەن سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە قۇرئان كەرىمدە بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئۆزگىچە بىر تىلىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿ثُمَّ اسْتَوَىٰ إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ﴾[1] «ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى. ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى. ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) - دېدى. ئىككىلىسى: ئىختىيارىي كەلدۇق - دېدى» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئاسمان-زېمىننىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىن ئىككىلىسى ئاللاھنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە «ئاللاھقا ئىختىيارى ھالدا كەلدۇق» دېدى. ئاللاھ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا قۇشلار ۋە چۈمۈلىلەرنىڭ تىلىنى ئۆگەتمىدىمۇ؟ تاغلار داۋۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن تەسبىھ ئېيتمىدىمۇ؟ دېمەك، ئاللاھنىڭ ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئۆز لايىقىدا ئىدراكى ۋە تىللىرى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ قەۋمى ھەققىدە توختىلىپ: ﴿كَمْ تَرَكُوا مِن جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ. وَزُرُوعٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ. وَنَعْمَةٍ كَانُوا فِيهَا فَاكِهِينَ. كَذَٰلِكَ وَأَوْرَثْنَاهَا قَوْمًا آخَرِينَ. فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ وَمَا كَانُوا مُنظَرِينَ﴾[2] «ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى» دېگەن. ئاسمان-زېمىندا يىغلاش دەرىجىسىگە يېتىدىغان بىر تۇيغۇ بار بولۇپ، ئۇلار پىرئەۋن ۋە

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 11-ئايەت
[2] سۈرە دۇخان، 25~29-ئايەتلەر

ئۈنىــڭ قەۋمــگە يىغلىمــدى. ئەممــا نامــاز ئوقۇيــدىغان، ئاللاھنىــڭ قــانۇنىنى تەتبىقلايــدىغان مــۇئمىن دۇنيــادىن ئايرىلغــان ۋاقتىــدا بولســا، كــۆكلى يېــرىم بولــۇپ يىغلىــدى. ئەلــى (ئــاللاھ ئۇنىڭــدىن رازى بولســۇن) بىــر ئەســەردە: «مــۇئمىن ئۆلســە بۇنىڭغــا ئىككــى ئــورۇن يىغلايــدۇ. بىــرى زېمىنــدىكى ئــورۇن، يەنە بىــرى ئاســماندىكى ئــورۇن بولــۇپ، زېمىنــدىكى ئــورۇن نامــاز ئوقــۇپ ئــۇنى بەختلىــك قىلىــدىغان ئــورنى، ئاســماندىكى ئــورنى بولســا ياخشــى ئەمەللىــرى ئۆرلەيدىغان ئورنىدۇر» دېگەن.

دەرســىمىزنى خۇلاســە قىلســاق، ئاللاھنىــڭ نېئمەتلىــرى ســان-ساناقســىز بولــۇپ، ھەتتــا ﴿الرَّحْمَـــــــــٰنِ الـــــرَّحِيمِ﴾ «ئــاللاھ ناھــايىتى شــەپقەتلىك ۋە مېھرىبانــــدۇر» دېــگەن ئــايەتمۇ، ئاللاھقــا ھەمدۇســانا ئېيتىشــىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 8-دەرس

## سۈرە فاتىھە 4-ئايەت

﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾

### «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر»

بىز ئالدىنقى دەرسىمىزدە سۈرە فاتىھەدىن: ﴿بسم الله الرحمن الرحيم. الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ. الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دېگەن ئۈچ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەگەر ﴿بسم الله الرحمن الرحيم﴾ نى سۈرە فاتىھەنىڭ بىر ئايىتى دەپ قارىساق ئۈچ ئايەت، ئۇنداق دەپ قارىمىساق ئىككى ئايەت بولىدۇ.

﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتنى ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ ۋە ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دەپ ئىككى خىل ئوقۇشقا بولىدۇ. ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ بولغاندا «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى»، ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ بولغاندا «قىيامەت كۈنىنىڭ پادىشاھى» دېگەنلىك بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىمىز.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن نېئمەتلىرىگە ئاساسەن ھەمدۇساناغا لايىق بولسا، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ھەمدۇساناغا لايىقتۇر. بىز ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە ئاللاھنىڭ تۈرلۈك نېئمەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھەمدۇساناغا لايىق ئىكەنلىكىنى بايان

قىلىدۇق. بۇ دەرسىمىزدە ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدە ھېساب-كىتابنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، تېخىمۇ كاتتا ھەمدۇساناغا لايىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيمىز. چۈنكى ئىنسانلار قىيامەت كۈنى دۇنيادا قىلغان يامان ئىشلىرىغا ھېساب بەرمىسە، جازالانماي قۇتۇلۇپ قالامدۇ؟ دۇنيادىكى نۇرغۇن مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قېلىپ، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىغان، تائەت-ئىبادەت قىلغان كىشىلەر دۇنيادا بىھۇدە جاپا تارتقان بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە يامانلىق قىلغۇچىلاردىن ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا تەكشۈرۈلۈق ئورۇنلاشتۇردى.

ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدە ھېساب ئېلىشى، ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەقىقەتنى كائىناتتا تەجەللى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. دۇنيادىكى ھوقۇقدارلار، پۇلدارلار، دۆلەتلەرنى باشقۇرۇۋاتقان سەلتەنەتلىك ھۆكۈمدارلار ۋە دۇنيادا ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ھېچقانداق ھوقۇقى بولمايدۇ. قىيامەت، ئاخىرەت ۋە ھېساب ئېلىش ئۇقۇمى دۇنيادا كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. توغرا يولدا ماڭغان ئىنسان باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بېرىدۇ، باشقىلارنى كەچۈرىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى ھەربىر كىشى ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاقىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. ئەمما گۇناھكار ئىنسان جەمئىيەتكە نۇرغۇن خاپىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ يامانلىقى ۋە زۇلۇمىدىن ساقلىنىپ قالالمايدۇ. ياخشى ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە يامان ئادەمنىڭ يامان ئەمەللىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدىغان مەيدان بولمىسا، ياخشى كىشىنىڭ تارتقان جاپاسى، يامان كىشىنىڭ قىلغان زۇلۇمى جازا-مۇكاپاتسىز قالامدۇ؟!

﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن زالىمنىڭ زۇلۇمىنى توسۇپ، مەزلۇمنى ھىمايە قىلىدىغان ئاللاھنىڭ مىزانىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، يامان

www.uyghurkitap.com



ئىش قىلغان ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىيامەت كۈنى قىلمىشىدىن ھېساب بەرمەي قۇتۇلالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئاللاھنىڭ ئادالىتى ھەرقانداق زالىمغا تولۇق يېتىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولىمىز ۋە قەلبىمىز ئارام تاپىدۇ. بىزگە بىر كىشى ناھەق زۇلۇم قىلغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى بىلمىسەك، ئۆلگۈچە ئاچچىق يۇتۇپ ياشايمىز ۋە ۋىجدانىمىز ئازابلىنىدۇ ياكى ئوخشاش شەكىلدە جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىمىز. ئەمما «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ، بىزنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىمىز» دېگەن قاراش بىزنى راھەتلەندۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى «ھېساب كۈنىنىڭ ئىگىسى» دەپ سۈپەتلىدى. بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى شۇ نەرسىنى ئۆزى يالغۇز ئىشلىتىدۇ ۋە ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ھېچكىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھېچقانداق كىشى زاھىرى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۇ ئىشلارغا ئارىلىشالمايدۇ. ئەمما دۇنيادا ئاللاھ بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى زاھىرى كۆرۈنۈشتە ئىنسانغا بەردى. يەنى، بىر كىشىگە ئۆي بەرگەن بولسا، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ بولسىمۇ، شەكىلدە شۇ كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ رەئىسىگە شەكىل جەھەتتە دۆلەتنىڭ ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. دېمەك، دۇنيادا ئاللاھ بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى شەكىل جەھەتتە باشقىلارغا بەرسىمۇ، قىيامەت كۈنى بارلىق ئىش مۇتلەق ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، كۆرۈنۈشتىمۇ ھېچ كىشىگە ھوقۇق بەرمەيدۇ. مەسىلەن: دۇنيادا بىزگە زۇلۇم قىلغان بىر ھوقۇقدارنى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئەرز قىلىشنى ئويلىغان بولساق، «شۇ زالىم مېنىڭ ئەرز قىلغىنىمنى

ئۇقۇپ قالسا ماڭا تېخىمۇ بەك زۇلۇم قىلارمۇ؟» دەپ ئەنسىرەيمىز. قىيامەت كۈنى بۇ ئىشنىڭ ئىگىسى خالىس ئاللاھ تائالا بولۇپ، ھېچقانداق كىشىنىڭ ئەنسىرەپ قورققۇدەك نوپۇزى قالمايدۇ ۋە پۈتۈن ئىشلارنى يېگانە ئاللاھ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنى سۈپەتلەپ: ﴿كَلَّا بَلْ تُكَذِّبُونَ بِالدِّينِ﴾[1] «ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ كەرىمىگە مەغرۇر بولماڭلار). (ئى مەككە كۇففارلىرى!) بەلكى سىلەر قىيامەتنى ئىنكار قىلىسىلەر» دېگەن. ئاللاھ تائالا دۇنيادا زاھىرىي مۈلۈكلەرنى خالىغان ئادەمگە سەۋەبسىز بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە: ﴿قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاءُ وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَاءُ ۖ بِيَدِكَ الْخَيْرُ ۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾[2] «ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن» دېگەن. بۇ ئايەتتە بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى شەكلي جەھەتتە مەلۇم كىشىلەرنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. توغرا، ئۆيۈم ۋە ماشىنام مېنىڭ ئىگىدارلىقىمدا، مەن باشلىق بولغان يەرنىڭ كونتروللۇقى مېنىڭ قولۇمدا بولىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكلي بولۇپ، ئاخىرەتتە ئوخشىمايدۇ ۋە ھېچكىم ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋاستە بولالمايدۇ. ئىشلارنىڭ كونتروللۇقى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ يۇقىرىدىكى ئايىتىدىكى ﴿تَنزِعُ﴾ «تارتىپ ئالىسەن» دېگەن سۆزى ئىنچىكە بىر نۇقتىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىنسان

---

[1] سۈرە ئىنفىتار، 9-ئايەت
[2] سۈرە ئال ئىمران، 26-ئايەت

www.uyghurkitap.com



دۇنيادا قول ئىلكىدىكى مۈلكىنى تاشلاشنى خالىمايدۇ. مەسىلەن: مەن ماشىنامدىن ياكى ھوقۇقۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. لېكىن ئاللاھ ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۇلارنى مەندىن تارتىپ ئالىدۇ. دۇنيادىكى مۈلۈكنى ئاللاھ بەردى، ئاللاھ يەنە تارتىپ ئالالايدۇ. بۇ يەردە كاللىمىزغا «دۇنيا-ئاخىرەتتە مۈلۈك ئاللاھنىڭ ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئال كېلىدۇ. شۇنداق، دۇنيا-ئاخىرەتتە بارلىق نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھ دۇنيادا بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقنى شەكلىي جەھەتتىن بىر قىسىم ئىنسانلارغا بەردى ۋە ئۇلار ۋاقىتلىق پايدىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزى كىشىلەرنى ۋەكىل خاراكتېرىدە ئىزباسار قىلىپ، زېمىندىكى مەلۇم مۈلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ﴾[1] «پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىلاھنى ئېتىراپ قىلمايدىغان دىنسىز نەمرۇد ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ. ئاللاھ ئۇنى پادىشاھلىققا ۋەكىل قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئاللاھ بەرگەن ھوقۇقتا زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئېشىپ، نەتىجىدە ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى. پىرئەۋن ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى ئۆزىنى چوڭ سانىغان ھوقۇقدارلارغىمۇ بۇ ھوقۇق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۆزلىرى ئېرىشكەن بولسا، ھېچكىم ئۇلاردىن تارتىۋالمىغان ۋە مەڭگۈ قالغان بولاتتى. ئەمما بىز ھاياتىمىزدا بىر دۆلەتنى 30-40 يىل ئىدارە قىلىپ

[1] سۈرە بەقەرە، 258-ئايەت

كەلگەن ھۆكۈمدارلارنىڭ تۈرمىگە كىرگەنلىكىنى، ئۆلگەنلىكىنى ۋە ھوقۇقىنىڭ خەلق تەرىپىدىن بىكار قىلىنغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئۇلارغا پادىشاھلىقنىڭ ئىمتىھان قىلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق بېرىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىنچىكىلىگەندە، ھەتتا ئۈستىمىزدىكى كىيىم-كېچەك، ھەيدەۋاتقان ماشىنا ۋە ئۆي قاتارلىق مۈلۈكلىرىمىزگىمۇ ئىگە بولالمايمىز. «مېنىڭ ئۆيۈم، بىزنىڭ ماشىنا» دېگەن ئىگىدارچىلىق ئىپادىلىرى پەقەتلا شەكلىي جەھەتتىكى ئىگىدارچىلىقنى كۆرسىتىدۇ، خالاس. ئاللاھ تائالا ئۆزى ئاتا قىلغان بۇ شەكلىي مۈلۈك بىلەن زالىم ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى ۋە گۇناھنى ياخشى كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىدە ئىنسانلارغا ئىمتىھان قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ بىزگە بەرگەن ھەرقانداق مۈلۈكنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. ئۇلارنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتەلىسەك، نېمەتلەر داۋام قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلالمىساق، بىزدىن تارتىۋېلىنىدۇ.

ئاللاھ ئىنساندىن ئىمتىھان ئالمىسا كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەمدۇ؟! بۈيۈك ئاللاھ تائالا ھەر ئىشتىن خەۋەردار زاتتۇر. ئەمما ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغاننى يامان ئىش قىلغاندىن ئايرىش ئۈچۈن ئىمتىھان قىلمايدۇ، بەلكى قىيامەتتە ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھچى قىلىش ئۈچۈن ئىمتىھان قىلىدۇ. يەنى، ئاللاھ ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنى: «ئى ئاللاھ، ماڭا مۈلۈك بەرگەن بولساڭ ھەق يولغا ئەگىشىپ، پرىنسىپىڭغا ئەمەل قىلغان بولاتتىم» دەپ دەلىل قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۈلۈك بېرىدۇ. چوڭلارغا دۆلەت بەرگەن بولسا، كىچىكلەرگە دۆلەتنىڭ كىچىك كارتىنىسى بولغان بىر ئائىلە بېرىدۇ. ئىنسان ئائىلىسىدە ياكى دۆلىتىدە ئاللاھنىڭ يولىنى تەتبىقلىغان ياكى تەتبىقلىمىغىنىدىن سورىلىدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى «ئەگەر شارائىت بولغان بولسا ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭغان بولاتتىم» دەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنسانىي مەجەزگە ئۆزىمىزنى گۇۋاھلىق قىلىش ئۈچۈن، شارائىتلارنى يارىتىپ ئىمتىھان قىلىدۇ.

«ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىمتىھان ئالىدۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرۈپ باقايلى:

دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مۇئەللىملەر ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىنى بىلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، مەلۇم نەرسە بىلىۋېلىش ئەمەس. ئۇنداقتا نېمىشقا ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ چۈنكى ئىمتىھان ئالمايلا ئوقۇغۇچىنىڭ سەۋىيەسىنى بەلگىلىگەندە، لاياقەتسىز قىلىنغان ئوقۇغۇچى ئىمتىھان ئالسا لاياقەتلىك بولىدىغانلىقىنى، بىرىنچى بولالمىغانلار بىرىنچى بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ شىكايەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىمتىھان ئېلىپ سەۋىيە بەلگىلەنسە، ھەربىر ئوقۇغۇچى قانائەت قىلىدۇ.

﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ ئاللاھ قىيامەت كۈنىگە يالغۇز ئىگە بولۇپ، خالىغانچە ئىدارە قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئايەتنى ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دەپ ئوقۇساق، «قىيامەت كۈنىنىڭ پادىشاھى» دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿مَلِك﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىش دائىرىسى ﴿مَالِك﴾ دېگەن سۆزدىن كەڭرەك بولىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى پەقەت ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىنى تەسەررۇپ قىلسا، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مۈلۈكىنىمۇ تەسەررۇپ قىلىدۇ. ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەندە: «ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ يېگانە ئىگىسىدۇر، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ، ھەتتا شەكلىي جەھەتتىن بولسىمۇ ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەندە بولسا: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى بىر پادىشاھ بولۇپ، دۇنيادا شەكلىي جەھەتتىن مەلۇم نەرسىلەرگە ئىگە قىلىنغان كىشىلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق سۆز ساھىبى قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ ياكى ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېيىش ئارقىلىق پەقەت

بەندىلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىنسان دۇنيادا مەلۇم ھۆكۈمدار تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق سۆز ساھىبى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەق-ھوقۇقىنىڭ چوقۇم قوغدىلىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿يَوْمِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «كۈن»، ﴿الدِّينِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «جازا، ھېساب» دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿يَوْمِ﴾ دېگەن سۆز نورمالدا ئاسترونومىيە نۇقتىسىدىن قۇياش چىققاندىن تارتىپ ئەتىسى قۇياش چىققۇچە بولغان 24 سائەت ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىرشۇناسلار «24 سائەت ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بىر كۈن بىلەن قىيامەت كۈنىدىكى بىر كۈن ئوخشاش بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. چۈنكى زامان رەۋىشى مەلۇم ئىشقا ئىگە بولالمايدۇ. قىيامەت كۈنى دېگىنىمىزدە، كۈن قىيامەتنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. كۈن دېگەن ئۇقۇمنى ئىنسانغا نىسبەتەن 24 سائەت دەپ بېكىتكىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىز زامانغا ئىگە بولالمايمىز، ئەمما زامان بولسا بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنى كونترول قىلالمايمىز، ئۆتمۈشنى قايتۇرۇۋالالمايمىز ۋە كەلگۈسىنى كەلتۈرەلمەيمىز. بىز ئاللاھ ياراتقان زامان بىلەن كونترول قىلىنىمىز ۋە زاماننىڭ ئىچىدە ياشايمىز. شۇڭا بىزگە نىسبەتەن زامان ئۇقۇمى مەۋجۇت بولۇپ، 24 سائەت ئۆتسە بىز ئۇچۈن بىر كۈن ئۆتكەن بولىدۇ. ئەمما زاماننى ياراتقان زات ھېچقانداق زامان ياكى ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

قىيامەت كۈنى دېگەنلىك، قىيامەتنىڭ كۈن چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَلَن يُخْلِفَ اللَّهُ وَعْدَهُ ۚ وَإِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ

[1] سۈرە ھەج، 47-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



(ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ). ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (ئاللاھ بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلچىلىكتۇر» دېگەن. بۇ ئايەت ئاللاھقا نىسبەتەن ۋاقىت ئۇقۇمى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىز كۈندۈزى ئىشلەپ كېچىسى ئارام ئالىمىز. قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىزلەرنى مەلۇم ئىشلارغا ئالدىرىتىپ جىددىيلەشتۈرىدۇ. ئەمما ئاللاھقا نىسبەتەن ئۇنداق بولمايدۇ. ئاللاھ ۋاقىتنى ياراتقۇچى بولغاچقا، ۋاقىت ئۇنى ئەمەس، ئۇ ۋاقىتنى كونترول قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿تَعْرُجُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ إِلَيْهِ فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ﴾[1] «پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ» دېگەن. بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ۋاقىت، كۈن، سائەت، سېكۇنت ئۇقۇمى بولمايدۇ ۋە ئاللاھ بۇلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىمىز، ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى كۈن زېھنىمىزدىكى 24 سائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈن ئەمەس، بەلكى «قىيامەت كۈنىدىكى سوئال-سوراق، ھېساب-كىتاب قاتارلىق پۈتۈن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈن» دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ. ئاللاھ يۇقىرىدىكى بىر ئايەتتە قىيامەتتىكى بىر كۈننى دۇنيانىڭ مىڭ يىلىغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى، يەنە بىر ئايەتتە 50 مىڭ يىلغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بىز بۇ ئىككى ئايەتنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى كۈن ئۇقۇمىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى كۈن ئۇقۇمى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى كۈن ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىر كۈن 24 سائەت بولغان بولسا،

[1] سۈرە مەئارىج، 4-ئايەت

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسى يوق، ئاللاھ ۋاقىتنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا زاماننى ياراتقان زاتتۇر. ئۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىگە ئوخشاش 24 سائەتلىك، مىڭ يىللىق، 50 مىڭ يىللىق ۋە مىليون يىللىق بىر كۈننىمۇ ياراتالايدۇ. پۈتۈن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ خاھىشىغا بويسۇنىدۇ.

ئەمما بىز ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايمىز. يەنى، باشقىلار بىلەن ۋەدىلەشكەن ئورۇنغا ۋاقتىدا بارىمىز، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇيمىز، خىزمەتلەرگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىرىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا چۈشىمىز. شۇڭا ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دىگەن ئايەتنى «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى» دىگەننىڭ ئورنىغا، «قىيامەتتە بولىدىغان بارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئىگىسى» دەپ چۈشەنسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىدىغان بارلىق ئىنسانلار ۋە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. ئاللاھ ئاشۇ كۈننىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا، بۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن مەخلۇقنىڭ ئىلمىگە ئۆتىدۇ. يەنى، ھازىر نىمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەمما ئاللاھ قىيامەتنى بەرپا قىلغاندا، ھەممىمىز قىيامەتتە نىمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ مەسىلە شۇ ۋاقىتتا ئىنسان، جىن ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى ھەممىسى شۇ مەيدانغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ. ئاللاھ «بول» دەپلا ئۇ كۈننى ياراتالايدۇ. ئۇ كۈننىڭ ئومۇمي ئەھۋالىنى يېگانە ئاللاھ بەلگىلەيدۇ.

بىز كۆرۈنۈشتە بىر كۈننى 24 سائەت قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنى كېچە-كۈندۈز دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا نىسبەتەن كېچە-كۈندۈز ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى زېمىندا كېچە-كۈندۈز داۋاملىق بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كېچە ۋە كۈندۈز پەقەت بىر جايدا ياشايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت «تاڭ ئاتسا كۈندۈز، قاراڭغۇ چۈشسە كېچە بولىدۇ» دەپ بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەر

www.uyghurkitap.com



شارىنىڭ يېرىمىدە كېچە بولسا، يەنە بىر يېرىمىدە كۈندۈز بولىدۇ. شۇڭا ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان ئاددىي ئىنسان يەر شارىدا كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ داۋاملىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ۋاقىت مەسىلىسىنىڭ ئۇنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك.

زامان ئۇقۇمى نېمىشقا پەقەت بىزگە نىسبەتەن مەۋجۇت؟ نېمىشقا زېمىننىڭ ئۈستىدە داۋاملىق كېچە ۋە كۈندۈز تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ؟ چۈنكى ھەممىمىزگە مەلۇمكى يەرشارى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشى بىلەن مەلۇم رايوندا كۈندۈز ئاخىرلىشىپ، يەنە بىر رايوندا كۈندۈز باشلىنىدۇ. بىز تۇرۇۋاتقان رايوندا سائەت سەككىزدە تاڭ ئاتسا، باشقا بىر رايوندا ئىككى سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ. يەنە باشقا بىر رايوندا چۈش بولسا، تېخىمۇ يىراق رايوندا كەچ بولىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر كۈن باشلىنىۋاتقان ۋە ئاخىرلىشىۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر بىز سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يەرشارىغا قارىساق، ئۇنىڭدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭ مەۋجۇتلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى قوغلىشىپ داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەرشارىدا ھەممە ۋاقىت ئوخشاش بولۇپ، 24 سائەتلىك كېچە-كۈندۈز ئۇقۇمى پەقەت ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇ بىلەن مەلۇم رايوندىكى كىشىلەرگە خاس بولىدۇ. دۇنيادىكى ۋاقىت ئۇقۇمى بۇنداق بولغان ئەھۋالدا، دۇنيا ھاياتى ئاخىرلىشىپ ئاخىرەت باشلانغاندىكى ئەھۋال تەبىئىي پەرقلىق بولىدۇ. مانا بۇ ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿يَوْم﴾ دېگەن سۆزنى كۈن دېمەستىن، شۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر دەپ چۈشەندۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. كۈن دېگەن ئۇقۇم يەرشارىدىمۇ مۇتلەق ئەمەس. يەرشارى تۈگەپ، قىيامەت بولغاندا تېخىمۇ مۇتلەق بولمايدۇ. ئاللاھ ياراتقۇچى بولغانلىقى نۇقتىسىدىنمۇ ئۇنىڭ ۋاقىت ۋە ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى، ئۇ كۈندە پۈتۈن ھەق-ھوقۇق

ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى مۇشۇ ئۇقۇم بىلەن خاتىرجەم قىلىۋاتىدۇ. دۇنيادا قىساسنى ئالالماي ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ھەرقانداق ئىنسان ھەققىنى ئاخىرەت كۈنى ئالىدۇ. دۇنيادا ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلغان ئىنسان قىيامەت كۈنى ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. قىيامەت كۈنى جەننەتكە لايىق بولغان ھەربىر كىشى چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇنىڭ بېلىتى تۈگەپ قالىدىغان ياكى ئادەم توشۇپ قالىدىغان ئىش بولمايدۇ. تۆۋەندە بۇ توغرىسىدىكى بىر ۋەقەلىكنى ئەسلەپ ئۆتىمىز. بىر ئادەم سالىھ بىر كىشىنىڭ قېشىغا كىرىپ: «مەن دۇنيا ئەھلىدىنمۇ ياكى ئاخىرەت ئەھلىدىنمۇ؟ مېنىڭ بۇنى بىلگۈم بار» دەپ سورىغاندا، سالىھ ئادەم: «ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، ئىنساننىڭ مىزان-ئۆلچەملىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنساننىڭ قولىدا قىلمىدى. ھەربىر ئىنساننىڭ مىزان-ئۆلچىمى باشقىلارنىڭ ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ قولىدا بولىدۇ. چۈنكى سەن باشقىلارنى ئالدىيالىغان بىلەن، ئۆزۈڭنى ئالدىيالمايسەن. باشقىلارغا باشقا شەكىلدە كۆرۈنەلەيسەن، ئەمما ئۆزۈڭگە ئۇنداق قىلالمايسەن. دېمەك، سېنىڭ ئۆلچىمىڭ ئۆز قولۇڭدا. سېنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ياكى ئاخىرەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىڭنى ئۆزۈڭ بىلەلەيسەن» دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى ئادەم: «قانداق بىلىمەن؟» دەپ سورىدى. سالىھ كىشى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ساڭا مال-دۇنيا بېرىدىغان ۋە سەندىن مال-دۇنيانى سەدىقە سۈپىتىدە ئالىدىغان ئىككى ئادەم قېشىڭغا كىرسە، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى بىلەن بەكرەك خۇشال بولىسەن؟» دېگەندە، ھېلىقى ئادەم سۈكۈت قىلدى. سالىھ ئادەم: «ئەگەر سەن مال-دۇنيا بەرگەن ئادەم بىلەن خۇشال بولساڭ، سەن دۇنيا ئەھلىدىن. ئەگەر سەندىن سەدىقە ئالغان كىشىدىن خۇشال بولساڭ، سەن ئاخىرەت ئەھلىدىن بولىسەن. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە خۇشال بولىدۇ. مال-دۇنيا بەرگەن ئادەم دۇنيانى بەرسە، سەدىقە ئالغان ئادەم ئاخىرەتنى بېرىدۇ. ئەگەر سەن ئاخىرەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەھلىدىن بولساڭ، سەندىن سەدىقە ئالغان ئادەم كەلسە، ساڭا مال-دۇنيا بەرگەن ئادەم كەلگەندىن بەكرەك خۇشال بولسەن. مانا بۇ سېنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ياكى ئاخىرەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىڭنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر» دېگەن. ئىنسان مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۆزىنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلسە بولىدۇ. شۇڭا بەزى سەلەف-سالىھلار سەدىقە سوراپ كەلگەن كىشىنى «مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى ئاخىرەتكە ئەجىرسىز ئېلىپ كېتىدىغان ئادەم كەپتۇ» دەپ ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى.

﴿مَٰلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە كۈچى يەتمەيدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ ساھىبى يېگانە ئاللاھدۇر. شۇڭا ئىنسان بۇنىڭغا تەييارلىق قىلسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ئەڭ ياخشى بىلگەچكە، ئۆزىنى باشقىلارغا باھالاتماي ئۆزى باھالىشى كېرەك. ﴿مَٰلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ ئەقىدە مەسىلىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئايەتتۇر. چۈنكى بۇ مەسىلە بىزگە باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بىز ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكىمىزگە ئىشەندۇق، ئەمدى بۇ ئايەت بىزگە ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇئمىن، پاسىق ياكى كاپىر بولسۇن، ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئۇچرىشىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇڭا بىز ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسەك، ئۇ كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا مۇئمىن دائىم «ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھېساب ئالىدۇ» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىش قىلىپ، باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىگە دىققەت قىلىدۇ. ئەمما كاپىر ۋە پاسىقلار ئىشلارنى قىلغاندا ئاللاھنى ئەسلىمەستىن ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً حَتَّىٰ إِذَا جَاءَهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئًا وَوَجَدَ اللَّهَ عِندَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ ۗ وَاللَّهُ سَرِيعُ

الْحِسَــــــــاب﴾[1] «كاپىرلارنىــڭ (ياخشــى ئەمەل دەپ ئويلىغـــان) ئەمەللــرى باياۋانــدىكى ســەرابقا ئوخشــايدۇ. تەشــنا ئــادەم ئــۇنى ســۇ دەپ گۇمــان قىلىــدۇ، ئۇنىــڭ يېنىغــا كەلســە ھېچنەرســە كۆرەلمەيــدۇ، ئــۇ ئاللاھنىــڭ ئــۆز يېنىــدا ئىكەنلىكىنــى بايقايــدۇ، ئــاللاھ ئۇنىــڭ قىلمىشــىغا تېگىشــلىك جــازا بېرىــدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر» دېگەن.

ئــاللاھ بــۇ ئــايەتتە كاللىســىدا ئــاللاھنى ۋە قىيــامەتنى ئويلىمايــدىغان ئىنســانلارنىڭ ئىشــىنى خــۇددى ھــاۋا ئىسســىق ۋاقىتتــا يىــراقتىن كــۆرۈنگەن، ئەممــا قېشــىغا بارســا ھېچنەرســە كۆرەلمەيــدىغان ســەرابقا ئوخشــاتتى. بۇلارنىــڭ ئەمەللــرى قىيــامەت كــۈنى ئەســقاتمايدۇ. چــۈنكى ئۇلارنىــڭ كاللىســىدا ئــاللاھ يــاكى ھېســاب دېــگەن ئۇقــۇم بولمىغــانلىقى ئۈچــۈن، قىيــامەت كــۈنىگە تۇيۇقســىز ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن يېتەرلىك جازادۇر.

﴿مَلِــكِ يَــوْمِ الــدِّينِ﴾ دىنىنىــڭ ئاساســى تەرىپىنــى كۆرســىتىدۇ. چــۈنكى ئــاخىرەتكە ئىشــەنمىگەن ئــادەم خالىغــان ئىشــنى قىلىــدۇ. ئــاخىرەت ۋە ھېســابقا ئىمــان ئېيتمىســا نېمــدىن قورقىــدۇ؟ كىــم ئۈچــۈن، نــېمە ئۈچــۈن دۇنيــادىكى ئىشــلىرىنى كــونترول قىلىــدۇ؟ ئۇنىڭغــا نىســبەتەن دۇنيــادىن كەتســە ھەمــمە ئىــش تۈگەيــدۇ. ئەممــا دىــن پۈتــۈن ئەمەل-ئىبــادەتلىرى بــىلەن ئــاخىرەت ۋە ھېســاب ئۇقــۇمى ئۈســتىگە قۇرۇلغــان. نامــاز، زاكــات، رامىــزان، ھەج ۋە راســتچىللىق قاتارلىقلارنىــڭ ھەممىســى ئــاخىرەت ئۈچــۈن بولىــدۇ. شــۇڭا ئىمــان ئېيتىدىســى كەلــگەن نۇرغــۇن ئــايەت ۋە ھەدىسلەردە: ﴿مَــن كَــانَ يُــؤْمِنُ بِاللَّــــهِ وَالْيَــوْمِ الْـــــآخِرِ﴾ «ئاللاھقــا ۋە ئــاخىرەت كــۈنىگە ئىمــان ئېيتقــان كىشــى» دېــگەن ئىپــادىلەرنى ئــۇچرىتىمىز. قىيــامەت كــۈنى ھەمــمە ئىنســان ئاللاھنىــڭ ئالدىــدا تــۇرۇپ ھېســاب بېرىــدۇ. تــوغرا قىلغــان ئــادەم مۇكاپاتلىنىــپ، خاتــا قىلغــان ئــادەم جازالىنىــدۇ. مانــا بــۇ بىزنىــڭ ئىمــاني ئىشــلىرىمىزنى ئايرىيــدىغان ھەل قىلغــۇچ

---

[1] سۈرە نۇر، 39-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ھۆكۈمدۇر. ئەگەر ھېساب بېرىدىغان كۈن بولمىسا نېمىشقا ناماز ئوقۇيمىز، روزا تۇتىمىز، سەدىقە قىلىمىز ۋە باشقا ياخشى ئىشلارنى قىلىمىز؟!

دىنىمىز نېمىگە بۇيرۇغان بولسا، ھېچكىم قۇتۇلالمايدىغان ئاشۇ كۈننى ئاساس قىلىپ بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ بۇ كۈننى مۆئمىنلەر ئۈچۈن «بۈيۈك نىجاتلىق كۈنى» دەپ ئاتىدى. بىز يامان كۆرىدىغان بارلىق ئىشلارغا سەۋر قىلىمىز، ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز ۋە مىسكىن بىچارىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مال-دۇنيا سەرپ قىلىمىز. بۇلارنى قىلىشىمىزغا سەۋەب بولغىنى ئاخىرەت كۈنىدۇر. بىز بۇلارنى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن قىلىمىز. ئاللاھ ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلسا، ئۇ كۈن بىزنىڭ نىجاتلىق كۈنىمىز بولىدۇ، ئىنشائاللاھ!

ئاللاھ تائالا يەنە بۇ كۈننى «جازا كۈنى» دەپ ئاتىدى. چۈنكى ھەربىر ئىنسان بۇ كۈندە ئەمەل قىلمىغان ياكى زايە قىلىۋەتكەن دىنىغا قارىتا ھېساب بېرىدۇ. دىنغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغانلار جەننەتتە مەڭگۈ قېلىش بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. دىننى ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى ئىنكار قىلغانلار دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بىلەن جازالىنىدۇ. بۇ كۈن ئاللاھنىڭ ئادالىتى ۋە مەرھەمىتىنىڭ ئىپادىسى شەكلىدىكى ھېساب كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز كېرەك. چۈنكى دۇنيادا زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلار دۇنيادىكى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھنىڭ ئادالىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. پەقەت دۇنيادىكى ئىنساننىڭ قۇدرىتى بىلەن بېرىلىدىغان چەكلىك ئازابتىن، ئاخىرەتتىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بېرىلىدىغان مەڭگۈلۈك ئازابقا يۆتكىلىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنى مىزاننى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، ھەربىر ئادەم قىلغان ئەمەلنى تاپشۇرىدىغان ۋە زېمىندا باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ جازادىن قۇتۇلۇپ قالغانلار جازالىنىدىغان بىر كۈن بولۇشى كېرەك. دۇنيادا نۇرغۇن زۇلۇم ۋە

ناچارلىقلارنى قىلىپ، دۇنيادىن جازالانماي كېتىپ قالغان ئىنسانلارمۇ بار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى ئۇلار ئۆچۈن ياخشى دەپ ئويلىماسلىق كېرەك، ئەكسىچە بۇ ئۇلار ئۆچۈن يامانلىقتۇر. چۈنكى ئۇ چەكلىك ئازابتىن مەڭگۈلۈك ئازابقا يۆتكەلگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دۇنيادا جازالانغان بولسا، ھېسابى يەڭگىللىگەن ياكى تۈگىگەن بولاتتى. مەسىلەن: ئوغرىلىق قىلىپ دۇنيادا قولى كېسىلگەن، زىنا قىلىپ دۇنيادا رەجىم قىلىنغان بولسا ھېسابى تۈگىگەن بولاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا باراۋەر ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. چۈنكى ئاللاھ ھۆكۈمنى ئىنسانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسا، باشقىلارنىڭ ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچراش ئەھۋالى يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما قىيامەت كۈنى ھېچقانداق كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە: ﴿لِّمَنِ الْمُلْكُ الْيَوْمَ لِلَّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ﴾[1] «بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن. تەقۋالىقنىڭ ئاساسى قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتا گەۋدىلىنىدىغان بولۇپ، بىر كىشىنىڭ قەلبىدە قىيامەت تەجەللى بولغاندا، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ھېچقانداق كىشىنىڭ بۇيرۇقىسىز تەبىئىي ئۆزگىرىدۇ.

[1] سۈرە غافىر، 16-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



## سۈرە فاتىھە 5-ئايەت

﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾

### «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»

ئاللاھنىڭ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، مۇھىم بىر مەسىلە ھەققىدە سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆرۈش ئىككى خىل بولۇپ، بىرى كۆز بىلەن كۆرۈش، يەنە بىرى قەلب بىلەن كۆرۈش. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن پەرقلىق. كۆزنىڭ بىلەن ئالدىڭىزدىكى نەرسىنى كۆرىسىز، بۇنىڭدا ئىمان مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى «سېنىڭ مېنى كۆرۈۋاتقانلىقىڭغا ئىمان ئېيتىمەن» دېگىلى بولمايدۇ. قەلب بىلەن كۆرۈش بولسا، ئالدىمىزدا يوق بولغان نەرسىگە ئەمەلىي كۆرۈۋاتقاندەك ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆرۈش كۆز بىلەن كۆرگەندىنمۇ بەكرەك كەسكىن بولىدۇ. چۈنكى قەلب بىلەن كۆرۈش — پاكىت بىلەن كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىر كۈنى بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىدۇق. تۇيۇقسىز قاپقارا چاچلىق، ئاپئاق كىيىملىك بىر كىشى كەلدى. ئۇ كىشىدە سەپەرنىڭ ئەسىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى بىزدىن ھېچبىر كىشى تونۇمايتتى. ئۇ كىشى كېلىپ ئىككى تىزىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى تىزىغا يۆلەپ، ئىككى قولىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ماڭا ئىسلام توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن، ئىسلام دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئىسلام دېگەن ‹ئاللاھدىن باشقا

ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشۇڭ، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ھەج قىلىشىڭدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ: «راست ئېيتتىڭ» دېدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى سوئال سوراپ، ئۆزى تەستىقلىغانلىقىدىن ھەيران قالدۇق. ئۇ يەنە: «ماڭا ئىمان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن، ئىمان دېگەن نېمە؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئىمان دېگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە تەقدىرنىڭ ياخشى-يامانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر» دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ، ماڭا ئېھسان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئېھسان دېگەن ئاللاھ تائالاغا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېدى. ئۇ كىشى: «ماڭا قىيامەت توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «قىيامەت توغرىسىدا سوئال سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئالىم ئەمەس. مەن ساڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى دەپ بېرەي. دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇغىدۇ (يەنى دېدەكنىڭ بالىسى خوجايىن بولىدۇ)، يالىڭاچ، يالاڭئاياق، چارۋا-مال باقىدىغان پادىچىلار بىر-بىرىدىن ئېگىز ئىمارەت سېلىش بىلەن بەسلىشىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ كىشى كەتتى. بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ» دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «ئۇ جىبرىئىل، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى»[1] دەپ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىسنىڭ دەرسىمىزگە ئالاقىدار تەرىپى، رەسۇلۇللاھ ئېھسان ھەققىدە سورالغاندا: «ئېھسان دېگەن ئاللاھ تائالاغا ئۇنى كۆرۈپ

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۇرغانلىقى ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىدۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە مۆئمىن قەلبىدىكى ئىماني قاراشنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئىنسان ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ھەرقانداق ئىشقا ئىماني كۆز بىلەن قارىشى كېرەك. جەننەت ھەققىدە بىر ئايەت ئوقۇلسا، خۇددى ئۇ نېئمەت ئىچىدە تۇرغان جەننەت ئەھلىنى كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولۇشى، دوزاخ ھەققىدە بىر ئايەت ئوقۇلسا خۇددى دوزاختا ئازابلىنىۋاتقان دوزاخ ئەھلىنى كۆرگەندەك بەدىنى تىترىشى كېرەك. قىيامەت مەسىلىسىدىمۇ ﴿مَلِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېيىلسە، قىيامەتتە ھەممە نەرسە خۇددى كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقاندەك، نام-ئەمەللىرىمىز ئالدىمىزغا قويۇلۇۋاتقاندەك، ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئوڭ تەرەپتىن، يامان ئىشلىرىمىزنىڭ جازاسىنى سول تەرەپتىن ئېلىۋاتقاندەك، ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە، يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا كىرىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشىمىز، ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ئېھساندۇر.

# 9-دەرس

## سۈرە فاتىھە 5-ئايەتنىڭ داۋامى

## ﴿إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ﴾

## «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىسنى كۆرۈپ:

- بۈگــۈن ئەھۋالىــڭ قانــداقراق؟ قانــداق تــاڭ ئــاتقۇزدۇڭ؟ - دەپ سورىغىنىدا، ئۇ:

- بۈگــۈن مەن قەلــبىم ئىمانغــا تولغــان ھەقىقــي مــۆئمىن ھالىتــدە تــاڭ ئاتقۇزدۇم، - دەپ جاۋاب بەردى.

- نــېمە دەۋاتقىنىڭغــا قــارا، ھەرقانــداق ســۆزنىڭ ئارقــا كۆرۈنۈشــى بولــدۇ. بۇ گېپىڭدىن نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتىسەن؟

- مەن ئــۆزۈمنى دۇنيــادىن ســوۋۇتتۇم. كېچىنــى ئۇخلىمــاي نامــاز بىــلەن قىيامــدا تــۇرۇپ، كۈنــدۈزنى روزا تۇتــۇش بىــلەن ئۆتكــۈزدۈم. خــۇددى مەن رەببىمنىــڭ ئەرشــىنىڭ ئالدىمــدا ئاپئاشــكارا نامايــان بــولغىنىنى، جەنــنەت ئەھلىنىــڭ بىــر-بىرىنــى يوقلىشــىپ پــاراۋان ياشــاۋاتقانلىقىنى، دوزاخ ئەھلىنىــڭ نــالە-پەريــاد، قىقــاس-چۇقــانلىرىنى تۇيۇۋاتقانــدەك ھــېس قىلــدىم. بــۇ نۇقتــدىن ئۆزۈمنى ھەقىقىي مۆئمىن دەپ كۆرۈۋاتىمەن، - دەپ ئىزاھلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىسنىڭ بۇ جاۋابىغا قارىتا:
- ھارىس، سەن ھەقىقەت ۋە ئىماننى تونۇپسەن. بۇ سېنىڭ يولۇڭ بولسۇن، بۇ يولنى چىڭ تۇتقىن، - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھارىسنى «ھەقىقەتنى تونۇپسەن، چىڭ تۇتقىن» دېيىشى ۋە بۇ خىل ئىماننى «ھەقىقىي ئىمان» دەپ تەرىپلىشىدە مۇھىم بىر ھالقا بار. ئۇ بولسىمۇ قەلبنىڭ كۆرۈشى بولۇپ، بۇ ئەڭ يۇقىرى شەكىلدىكى ئىمان ھېسابلىنىدۇ. بىز جەننەت، دوزاخ ۋە ئەمەللىرىمىزنى يېزىۋاتقان پەرىشتىلەردەك غەيب ئىشلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرمىدۇق. ئەمما ھەممىسىنى كۆز ئالدىمىزدا ھازىر تۇرغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىشىمىز ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ئېھسانغا يېقىنلاشقىنىمىزنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مانا بۇ ئالدىنقى دەرسىمىزدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىيالوگىدا سۆزلەنگەن ئېھسان بولۇپ، مۇئمىن بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ئىمان ئىگىسى بولالايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا ئۆز رەسۇلىغا پىل ۋەقەسىنى ئەسلىتىپ: ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دەپ خىتاب قىلغان. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «پىل ۋەقەسى» بولغان يىلى تۇغۇلغان بولغاچقا، بۇ خىتابتىكى «كۆرمىدىڭمۇ؟» ئىبارىسى ھەرگىزمۇ كۆز بىلەن كۆرۈشنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى «قەلب تۇيغۇڭ بىلەن قارىمامسەن؟ كۆز ئالدىڭغا ئەكەلمەمسەن؟» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

بەزى شەرقشۇناسلار بۇ ئايەتنى قۇرئان كەرىمنى ئەيىبلەش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ، «ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ‹پىل ئىگىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرمىدىڭمۇ؟› دەپ خىتاب قىلىپتۇ. ئەمما رەسۇلۇللاھ شۇ يىلى

[1] سۈرە فىل، 1-ئايەت

تۇغۇلغان تۇرسا، قانداق كۆرەلەيدۇ؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتنى ياخشى چۈشىنەلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئاللاھ تائالا ئەگەر «كۆرمىدىڭمۇ؟» ئىبارىسىنى ئىشلەتمەي، «بىلمىدىڭمۇ؟» دەپ ئىشلەتكەن بولسا، رەسۇلۇللاھ باشقىلاردىن بىلىپتۇ دەپ چۈشىنەتتۇق. چۈنكى بىلىش چوقۇم باشقا تەرەپتىن ئېرىشىلىدىغان بولغاچقا، بۇ «ساڭا باشقا بىر ئىنسان بىلدۈرمىدىمۇ؟» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ قوياتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا «كۆرمىدىڭمۇ؟» ئىبارىسىنى قوللانغان بولۇپ، «ئۇ ۋەقەنى قەلبىڭدە ھېس قىلىپ، كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرمەمسەن؟» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قەلب ئارقىلىق كۆرۈش ۋە ئىشىنىش مەسىلىسى ئىمان مەسىلىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىن قەلبى ئارقىلىق ھەقىقىي شەكىلدىكى «كۆرۈش»نى روياپقا چىقىرىشى، ھەر ئويلىغىنىدا جەننەت، دوزاخ، پەرىشتىلەر، جەننەتتىكى مۇئمىنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان غىلمان ۋە ھۆر-پەرىلەر، ئۇ يەردىكى نازۇ-نېئمەتلەر ۋە دوزاختىكى ھەر تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغىنى بويىچە كۆز ئالدىغا كېلىشى كېرەك. مانا بۇ ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

قۇرئان كەرىم، تىلاۋەت قىلسا ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا «كۆرمىدىڭمۇ؟» دېدى. بۇ قارىماققا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ «كۆرمىدىڭمۇ؟» خىتابى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ھەربىر مۇسۇلمانغا تاكى قىيامەتكىچە قىلىنىدىغان ئۈزلۈكسىز خىتابتۇر. ھەر ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە قىلىنغان خىتاب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىز ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۆزىمىز كۆرۈشكە ئاجىز كەلگەن نەرسىلەرنى قەلبىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئاددىي كۆزنىڭ كۆرۈشىدىنمۇ ئىشەنچلىك بولغان ئىمانىي كۆرۈشتۇر. كۆز ئۆز ساھىبىنى ئالدىشى مۇمكىن، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com



ھەقىقىي ساپ قەلب ئۆز ساھىبىنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ. بىز ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگەن ئايەتنى مۇشۇ خىل ئىمانىي كۆزىمىز بىلەنلا ھەقىقىي شەكىلدە كۆرەلەيمىز.

ئادەتتە 3-شەخس ئالدىمىزدا يوق، غايىب نەرسىلەرگە، 2-شەخس بولسا كۆز ئالدىمىزدا ھازىر بولغان نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، كۆز ئالدىمىزدا بولمىغان ئىمان مەسىلىلىرىدەك غەيب ئىشلاردا 2-شەخسنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما بىز ئۇ خىل ئىمانىي مەسىلىلەرگە «ئىمانىي كۆز»ىمىز بىلەن قارىغاندا، ئاددىي كۆزىمىز كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ئېنىق كۆرەلەيمىز. بىز «فاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇپ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ. الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ. مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾[1] «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگەن ئايەتلەرگە قارىساق، ھەممىسىنىڭ 3-شەخس شەكلىدە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىز ئاددىي كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان بۈيۈك زات بولغانلىقتىن، 3-شەخس شەكلى قوللىنىلدى. ئەمما ئارقىدىكى: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾[2] «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگەن ئايەتكە قارىغىنىمىزدا، باشتىن داۋاملىشىۋاتقان 3-شەخس شەكلى بىلەن «ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز» دېيىلمەستىن، بىردىنلا 2-شەخسكە يۆتكىلىپ، «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز» دېيىلگەنلىكىنى بايقايمىز.

ئاللاھ تائالانى بىز كۆرەلمەيدىغان تۇرساق، نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكى ئايەتلەردەك «ئۇ» ئىبارىسى ئىشلىتىلمەي، ئالدىمىزدا تۇرغاندەك «سەن» ئىبارىسى ئىشلىتىلدى؟ بۇ يەردە دىققىتىمىزنى تارتىدىغان ئىنچىكە بىر نۇقتا بار. ئەگەر بەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇھىيەت نۇقتىسىدىن ھەمدۇساناغا

---

[1] سۈرە فاتىھە، 2، 3، 4-ئايەتلەر
[2] سۈرە فاتىھە، 5-ئايەت

لايىــق ئىكەنلىكىنــى بىلىــپ، ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگــارى ئىكەنلىكىنــى ۋە ئــۇنى يــوقتىن بـــار قىلىـــپ، پۈتـــۈن نېئمەتلەرنـــى بەرگەنلىكىنـــى ھـــېس قىلىســـا ۋە شـــەپقەتلىك، مېھرىبـــان ۋە قىيامەتنىـــڭ ئىگىســـى ئىكەنلىكـــگە ئىمـــان ئېيتىـــپ ئاخىرىتتـــىن ئەمـــىن بولســا، كـــۆز ئالـــدىغا ئـــۆزىنى ئـــاللاھ تائـــالا ئالدىـــدا ھـــازىر بولغــان بىــر شــەكىل كېلىــدۇ. بــۇ ۋاقىتتــا مــۇئمىن ئــاللاھنى قەلــب كــۆزى بىــلەن «كـــۆرۈپ» تۇرغاچقـــا، خىتـــاب دەررۇ 2-شەخســـتىكى «ئـــى ئـــاللاھ ســـاڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز»غا ئۆزگەرگەن.

بىــز پۈتــۈن ئەتراپىمىزنــى نېئمەتلــرى ئــوراپ تۇرغــان ئاللاھنىــڭ ھۇزۇرىــدا تـــۇرۇۋاتىمىز. چـــۈنكى ئـــۇ ئـــاللاھ ئالەملەرنىـــڭ پەرۋەردىگارىـــدۇر. ئـــۇ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىـــرەت قىلىـــدىغان، ئـــۆز پەرۋەردىگـــاھلىقنى بىســـم ۋە قەھــر بىــلەن ئەمەس، بەلكــى ﴿الرَّحْمَـــــــنِ الـــــرَّحِيمِ﴾ ســۈپىتى بىــلەن يۈرگۈزىـــدىغان ناھـــايىتى شـــەپقەتلىك ۋە مېھرىبـــان زات. ئەگەر بىــز مۇشــۇ كــۆپ نېئمەتلەرگە ھەمدۇســانا ئېيتمىســاق، چوقــۇم ئــاللاھ تائالانىــڭ يولىغــا قارشــى چىقىپ قالغانلىقىمىزدىن ئەنسىرىشىمىز كېرەك.

بىـــز ئىلاھلىـــق نۇقتىســـىدىن ۋە بىـــزگە بېـــرىلگەن پۈتكـــۈل نېئمەتلـــرى ئۈچــۈن ئــاللاھ تائالاغــا ھەمــد ئېيتىمىــز. گۇنــاھلىرىمىز كــۆپ بولســىمۇ، ئــاللاھ تائـــالا گۇنـــاھلارنى مەغپىـــرەت قىلىـــدىغان ناھـــايىتى شـــەپقەتلىك ۋە مېھرىبـــان زات بولغاچقـــا، نۇرغـــۇن كەچـــۈرۈمگە ئېرىشـــتۇق. ئەمـــدى بىـــز ئاللاھنىـــڭ يولىغـــا قارشـــىلىق قىلىشـــتىن، ئاللاھقـــا ئىمـــان كەلتۈرمەســـلىك ۋە ھەمـــد ئېيتماســـلىقتىن ھەزەر ئەيـــلەپ، ھېچقانـــداق زالىمنىـــڭ زۇلۇمىـــدىن قورقماســـلىقىمىز كېـــرەك. بـــۇ تەرەپلەرنـــى تونـــۇغىنىمىزدا، ئـــاللاھ تائـــالا پۈتـــۈن ســـۈپەتلىرى، ئىلاھـــي پەزىلەتلـــرى، رۇبـــۇبىيەت نېئمەتلـــرى ۋە گۇنـــاھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىـــدىغان رەھمىتـــى، قىيـــامەت كـــۈنى ئاللاھقـــا ئۇچرىششـــتىن قورقىـــدىغان قورقـــۇنچىمىز بىــلەن بىــرلىكتە ئالــدىمىزدا نامايــان بولىــدۇ. ئــۇ چاغــدا بىــزگە «ئــى ئــاللاھ! ســاڭىلا ئىبــادەت قىلىمىــز» دەپ خىتــاب قىلىشــتىن باشــقا يەنە نــېمە تــوغرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلسۇن؟!

ئەرەب تىلىدا ئادەتتە «ساڭا ئىبادەت قىلىمىز» دېگەننى "نَعْبُدُكَ" دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئەمدى بۇ ئورۇندا "نَعْبُدُكَ وَ نَسْتَعِينُكَ" «ساڭا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىن ياردەم سورايمىز» دەپ كەلتۈرۈلۈشكە بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنداق كەلتۈرمەي، "ك" ئالمىشىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ ئىپادىسىنى قوللاندى. بۇ چاغدا خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان «پەقەت ساڭىلا» دېگەن مەنە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئەگەر بىز بىراۋغا «سەن بىلەن كۆرۈشىمەن» دېسەك، باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەمما «سەن بىلەنلا كۆرۈشىمەن» دېگىنىمىزدە، بۇ كۆرۈشۈش خاس بولۇپ، باشقا كۆرۈشۈشلەرنى ئىمكانسىز قالدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك "نَعْبُدُكَ" دېيىلگەندە، باشقا بىرىگە ئىبادەت قىلىش ئۇقۇمى چەكلەنمەيدۇ. ئەمما ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېيىلگەندە، «سەندىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمىز، سەندىن باشقىدىن ياردەم تەلەپ قىلمايمىز» دېگەن كەسكىن مەنە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە بىلەن ئىبادەتكە باشقا بىرىنى شېرىك قىلىش ئىشىكى پۈتۈنلەي تاقىلىدۇ.

"نَعْبُدُ" «ساڭا ئىبادەت قىلىمەن» دىكى ئىبادەت مەسىلىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە «قىل» ياكى «قىلما» دېگەن بۇيرۇقلىرى ۋە شەرىئەتكە ئىتائەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سەجدە ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغاچقا، ناماز ئىبادەتنىڭ ئاساسى قىلىندى. چۈنكى بىز ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان يۈزىمىزنى يەرگە قويۇپ، قۇللۇقىمىزنى ئىپادىلىيەلىسەك، باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ قىلالايمىز. شۇڭا نامازغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. نامازدا سەجدىنى باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلىمىز. بۇ يەردىكى ئاللاھقا بولغان ئىتائەتتە باي، نامرات، چوڭ-كىچىك ھەممىسى باراۋەر. پادىشاھ-ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالار بىلەن بىر سەپتە قاتار تۇرۇپ

بىشىنى يەرگە قويغىنى قەلبىدىكى كىبىر ۋە چوڭچىلىقنى خەلقنىڭ ئالدىدا قوغلىغانلىقى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا رەببىگە ئىتائەت قىلىشتا ۋە بويسۇنۇشتا بارچە ئىنسانىنى باراۋەر قىلدى. «باي ئەمەلدارلار ئالدىدا تۇرۇپ، كەمبەغەل پۇقرالار ئارقىدا تۇرسۇن» دېمىدى، بەلكى «كىم بالدۇر كەلسە شۇ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، باراۋەر بىر شەكىلدە ئاللاھقا بولغان ئىتائىتىنى ئىپادە قىلسۇن» دېدى. مانا بۇمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن چوڭ نېئمەتلىرىنىڭ بىرى. ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾[1] «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگەن ئايەت ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾[2] «ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى» دېگەن ئايىتىگە قارىساق، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك بارلىقىنى ۋە ئاشۇ بىر ھەق ئىلاھقىلا ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بىز ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ دېگەن چېغىمىزدا، ھەمدۇسانانىڭ پۈتۈن تەقەززاسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ﴿رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېگەن چاغدا، ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىدىكى رۇبۇبىيەت نېئمەتلىرىنى ۋە كائىناتنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا ئەكېلىمىز. ﴿الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ دا ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتىنى، قىلغان گۇناھىمىزغا ئېھسان بىلەن قارشىلىشىدىغانلىقىمىزنى ۋە تەۋبىنىڭ ئىشىكلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دا ھېساب كۈنىنى ۋە ئەمەللىرىمىزگە قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. بىز مۆشۈلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ «ئى ئاللاھ، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز»

---

[1] سۈرە فاتىھە، 5-ئايەت

[2] سۈرە ئەنبىيا، 22-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەيمىز. چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلدۇق ۋە باشتىن ئاخىر پۈتۈن ھاياتىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە تۇرسا، بىز ئىبادەت قىلماي يەنە نېمە قىلالايمىز؟

ئەرەپچىدىكى "العلة و المعلول" دېگەن سۆز «سەۋەب ۋە نەتىجە» مەنىسىدە كېلىدۇ. بىزنىڭ بىر ئىشنى قىلىشىمىزنىڭ بىر سەۋەبى ۋە نىشانى بولىدۇ. بالىلار ئىمتىھاندىن ئۆتمەكچى بولسا، چوقۇم مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك. دېمەككى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش بالىنىڭ زېھنىدىكى ئالاھىدىلىك، كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان كەلگۈسى ۋە ئارزۇ قىلىدىغان تۇرمۇش بىلەن باغلىنىپ، مۇزاكىرە قىلىش روياپقا چىقىدۇ. "الدافع قبل الواقع" «تۈرتكە رېئاللىقتىن ئىلگىرى بولىدۇ»، يەنى، بالىنىڭ زېھنىدە ھاسىل بولغان تۈرتكە مۇزاكىرە قىلىش رېئاللىقىدىن ئىلگىرى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى كاللىسىغا ئەكېلىپ، داۋاملىق تىرىشىپ مۇزاكىرە قىلىدۇ. بىز مەلۇم شەھەرگە سەپەر قىلماقچى بولساق، ماشىنا بىزنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزىدىغان سەۋەبتۇر. ئەمما مېنىڭ پەسكە چۈشۈپ، ماشىنىنى ھەيدەپ، كۆزلىگەن نىشانغا بېرىشىمدىكى تۈرتكە بولسا كاللامدىكى «شۇ شەھەرگە بارىمەن» دېگەن ئويدۇر. نىشانغا بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئويى مېنى لازىم بولغان پۈتۈن ئىشلارنى قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ياراتتى. قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾[1] «جىنلار ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېيىلگەن. ئىنسان ۋە جىننىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىش. سەپەرنىڭ سەۋەبى زېھنىدىكى نىشانغا بېرىش ئويى بولغىنىدەك، ئىنسان ۋە

[1] سۈرە زارىيات، 56-ئايەت

جىننىڭ يارىتىلىشىدىكى سەۋەب ئىبادەتتۇر. ئاللاھ بىزنى يارىتىپ بولدى، ئەمدى ئىبادەت روياپقا چىقىدۇ. خۇددى ئىمتىھاندىن ئۆتۈش مۇزاكىرىنىڭ ئالدىدا كۆزلەنگەندەك ۋە مەلۇم شەھەرگە بېرىش ئۇيى سەپەر تەييارلىقلىرىدىن ئىلگىرى بولغىنىدەك، بۇ نىشان يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا كۆزلەنگەن. ئەمما «سەۋەب ۋە نەتىجە» قائىدىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلاشمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلەردىن بىھاجەت بولۇپ، بىزنى ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىشى قىلچىلىك پايدا-زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. «ئۇنداقتا بۇ يەردىكى ئىبادەت قىلىشنىڭ سەۋەبى كىمگە قايتىدۇ؟» دېگەندە، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بەندىلەرگە قايتىدۇ. دېگىنىمىزدەك، ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ ئىشلىرى سەۋەب بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. شۇڭا ئىبادەتنىڭ مەقسىتى ئاللاھ تائالاغا ئەمەس، بىز بەندىلەرگە ئائىت بولىدۇ.

بەزى كىشىلىرىمىز «ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىننى ئىبادەت ئۈچۈن ياراتتى» دېگەن ئايەتتىكى مەقسەتنى سەل گۇڭگا چۈشىنىۋالغان. ئىبادەت مەسجىدتىلا ئولتۇرۇش ۋە توختىماي تەسبىھ ئېيتىش قاتارلىق ئىشلارنىلا كۆرسىتەمدۇ ياكى ئۇ پۈتۈن ھاياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر يولمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ تائالا بەندىلەردىن ناماز ۋە تەسبىھنىلا ئىرادە قىلغان بولسا، بىزنى بۇ خىل ئىختىيارىي شەكىلدە ياراتمىغاي، ئىنسان جىندىن باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش مەجبۇرىي ئىبادەت قىلىش شەكلىدە ياراتقان بولاتتى. ئىنسان ۋە جىندىن باشقا پۈتۈن نەرسىلەر ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆزلۈكسىز ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بېكىتىلگەن پىروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىزنى شۇ باشقا مەخلۇقاتلاردەك ياراتقان بولسا، بىز ھەرگىزمۇ ئۇ پىروگراممىدىن

www.uyghurkitap.com



چىقىپ كېتەلمەيتتۈق. ئەمما ئاللاھ بىزنى قىلىش-قىلماسلىق ئىختىيارلىقى بىلەن ياراتتى. بۇ يەردىكى مەقسەت ئىبادەتنىڭ پەقەتلا ناماز، زاكات ۋە ھەجلا ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ «قاھھار» دەپ سۈپىتى بار. قاھھار - ئىشلارنى «بول» دەپ بولدۇرالايدىغان، «قىل» دەپ قىلدۇرالايدىغان ۋە ئۆزى خالىغان رەۋىشتە ئورۇنلاشتۇرالايدىغان دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ مۇشۇ سۈپەتلىرى بىلەن خالىسا بىزنى مەجبۇرىي ئۆزىگە ئىبادەت قىلغۇچى قىلىپ يارىتالايتتى. ئاللاھ تائالا: ﴿لَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَّفْسَكَ أَلَّا يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ. إِن نَّشَأْ نُنَزِّلْ عَلَيْهِم مِّنَ السَّمَاءِ آيَةً فَظَلَّتْ أَعْنَاقُهُمْ لَهَا خَاضِعِينَ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشىنى) خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن (ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان) بىر ئايەتنى (ئالامەتنى) نازىل قىلاتتۇق-دە، ئۇنىڭغا ئۇلار باش ئەگكەن بولاتتى» دېگەن ئايەتتە «ئەگەر بىز خالىغان بولساق ئاسماندىن بىر ئازابنى چۈشۈرۈپلا، ئۇلارنىڭ بوينىنى ئىبادەتكە باش ئەگدۈرەتتۇق» دەپ، رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بەرگەن. دېمەك، ئاللاھ خالىغان بولسا بىزنى مەجبۇرىي ئىبادەت قىلىدىغان قىلىپ يارىتاتتى.

ئاللاھ بىزنى بارلىق ئىشلاردا ئىختىيارىي قىلىپ ياراتمىدى. بەدەنلىرىمىزدە ياكى دۇنيا ھادىسىلىرىدە بىز مەجبۇرلىنىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. مەسىلەن: بەدىنىمىز بىزنىڭ دېگىنىمىز ۋە بۇيرۇقىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ياراتقان سىستېما بويىچە مەجبۇرىي خىزمەت قىلىدۇ. يۈرىكىمىز ئىزنىمىز توختىماي سوقۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز خالىمىساقمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن سوقۇشتىن توختايدۇ. ئاشقازانىمۇ بىزدىن ئىزن

[1] سۈرە شۇئەرا، 3، 4-ئايەتلەر

ئالماستىن تاماقلارنى ھەزىم قىلىۋېرىدۇ. قانلىرىمىز ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۆز ئورنىدا ئېقىۋېرىدۇ. ئاللاھ بەدەنىدىكى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىنسان سىستېمىسىغا مەجبۇرىي بېكىتىۋەتكەن. بىزنىڭ ئىرادىمىز ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھېچ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ھاياتتا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بىز ئۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلىيەلمەيمىز. ماشىنىنىڭ بىزنى سوقۇۋېتىشى، ئايروپىلاننىڭ بىز بىلەن پارتلاپ كېتىشىدەك ئاللاھ تائالانىڭ قازا-قەدەرىدىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى چەكلىيەلمەيمىز.

بىزگە بېرىلگەن ئىختىيارلىق چەكلىكتۇر. بىز تۇغۇلغان كۈنىمىزنى، ئاتا-ئانىمىزنىڭ كىملىكىنى ۋە شەكلىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بېكىتەلمەيمىز. بۇ دۇنيادىكى ئىختىيارلىق مەنتىقىسى پەقەتلا «قىل» ياكى «قىلما» دېگەن پرىنسىپتا بولۇپ، ئىنسانغا بېرىلگىنى ئاشۇ «قىل» ياكى «قىلما» ئارىسىدىكى ئىختىيارلىقتۇر. ئىنسان بېكىتىلگەن سىستېما بويىچە ياشىسىمۇ، ئەمما ئاللاھ بېكىتىپ بەرگەن بىر يولدىلا ئىنسانغا ئىختىيارلىق بېرىلدى. ئىنسان ئۇ يولدا خالىسا ماڭىدۇ، خالىمىسا ماڭمايدۇ. قىيامەتتە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىنساندىن باشقا مەخلۇقاتلىرىدىن «قەھىر»[1] ئىبادىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئىنسان ۋە جىنغا كەلگەندە، قەھىر ئىبادىتىنى ئەمەس، سۆيۈپ ئىبادەت قىلىشنى يولغا قويىدى. يەنى، «خالىسا ياخشى كۆرۈپ ئىبادەت قىلسۇن، خالىمىسا ئاسىي بولسۇن» دېدى. شۇڭا ئاللاھ يولىدا مېڭىش-ماڭماسلىق، ئىتائەت قىلىش-قىلماسلىق ياكى ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك ئىختىيارلىقىمىز بار. بۇنىڭ بىلەن بىز ئاللاھقا سۆيگۈ ئىتائىتىمىزنى ئىپادىلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئىنسان مەجبۇرلانغۇچىدۇر.

[1] مەجبۇرىي ئىبادەت قىلدۇرۇش

ئەگەر بىز ئاللاھنى سۆيسەك، ھەق يولىغا ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن كېلىمىز. ھەتتا ئاللاھقا بولغان سۆيگۈمىز تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ غەزىپى كېلىدىغان ئىشلاردىن ۋاز كېچىمىز. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى شۇ سۆيگۈنىڭ كۈچى بىلەن ئىختىيارى ھالدا قىلىمىز. ئۆز خاھىشىمىزدىن كېچىپ، ئاللاھنىڭ يولىغا چۈشىمىز. شۇ چاغدا بىز ئاللاھنىڭ "عبيد الله" «ئاللاھنىڭ مۇئمىن ۋە ئاسىي بولغان بارلىق قۇللىرى» دىن ئەمەس، بەلكى"عباد الله" «ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە بويسۇنغان بەندىلىرى» قاتارىدىن بولالايمىز. ھەممىمىز يارىتىلغاندا "عبيد" «قۇل» بولۇپ باراۋەر شەكىلدە يارىتىلدۇق. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغان بەندىلەر "عباد الله" بولىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە "عباد" بىلەن "عبيد" نىڭ ئارىسى ئايرىلغان.

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ﴾[1] «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن» دېگەن بۇ ئايەتتە مۇئمىن بەندىلەر مەقسەت قىلىنغاچقا، "عباد" ئىبارىسى كەلتۈرۈلگەن. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَٰنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا﴾[2] «مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز - دەيدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردىمۇ مۇئمىن بەندىلەرنىڭ سۈپىتى سۆزلەنگەچكە، "عباد" كەلىمىسى قوللىنىلدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئومۇمىي ئىنسانلار توغرىسىدا سۆزلىگەندە: ﴿ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِّلْعَبِيدِ﴾[3] «بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» دەپ، "عبيد"

[1] سۈرە بەقەرە، 186-ئايەت
[2] سۈرە فۇرقان، 63-ئايەت
[3] سۈرە ئال ئىمران، 182-ئايەت

كەلىمىسىنى قوللانغان. لۇغەتتە ھەر ئىككىلىسى «بەندە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، "عبيد" بارچە ئىنسانلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. "عباد" بولسا ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە سۆيگۈ ئىتائىتى بىلەن ھەق يولغا ئەگەشكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما قۇرئاندا: ﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّـهِ فَيَقُولُ أَأَنتُمْ أَضْلَلْتُمْ عِبَادِي هَـٰؤُلَاءِ أَمْ هُمْ ضَلُّوا السَّبِيلَ﴾[1] «شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلەرنى يىغىدۇ. ئاندىن ئاللاھ (ئۇلارغا): مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟ - دەيدۇ» دېگەن ئايەت كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاھ قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار ۋە ئۇلار ئىبادەت قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا: « ‹سىلەر ماۋۇ بەندىلىرىمنى ئازدۇردۇڭلارمۇ؟› دەيدۇ» دەپ، مۇشۇ ئورۇندا "عباد" كەلىمىسى قوللىنىلغان. يۇقىرىدا "عباد" نى مۇئمىن بەندىلەرگە ئىشلىتىمىز، دېگەن ئىدۇق. ئەمما بۇ يەردە «مۇئمىن ئەمەسلەرگىمۇ ئىشلىتىلىپتىغۇ؟» دەپ سورالغاندا، «بۇ ئايەتتە قىيامەتتىكى ئەھۋال سۆزلەنگەن، ئۇ ۋاقىتتا "عباد" ياكى "عبيد" دەپ ئايرىلماي، ھەممىمىز "عباد" دەپ ئاتىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىمىز. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا، ھەممىمىز ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر. ئىنسانىي ئىختىيارلىق سەكراتقا چۈشكەندىن باشلاپلا تۈگەيدىغان بولغاچقا، ھېچكىم ئۇ چاغدا ئىتائەتتىن باش تولغىيالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئىنساننى ھېچ مەجبۇرلىماستىن، ئىختىيارلىقنى ئۆزىگە بەردى. مۇئمىن بولمىغان ئىنسانلارغا ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش شەرئىي مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلىمىدى. مۇئمىن بۇ ھەق يولنى خالاپ تاللىغان بولغاچقا، ئۆزىنى ئىبادەتكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاللاھ

---

[1] سۈرە فۇرقان، 17-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن بىر ئىمانىي توختامغا كىرگەن بولىدۇ. ئىنسان ئىمان ئېيتمىسا ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجنىڭ ھېچبىرى يۈكلەنمەيتتى. ئەمما ئىمان ئېيتقان ھامان نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى قىلماسلىق توغرىسىدا توختام تۈزگەندەك بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ. شۇڭا بىز ئاللاھ تائالانىڭ شەرئىي مەجبۇرىيەتنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەمەس، پەقەت مۆئمىنلەرگە خىتاب قىلغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ﴾[1] «ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە (رامىزان) روزىسى پەرز قىلىندى» ۋە ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ﴾[2] «ئى مۆئمىنلەر! سەۋر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار» دېگەندەك ئىسلام ھۆكۈملىرى ۋە شەرئىي مەجبۇرىيەتلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا مۆئمىنلەرگىلا خىتاب قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن ئىمانىي توختامغا كىرگەن كىشىلەرگە ئىسلام ئەھكامى ۋە شەرئىي مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بەندىچىلىك، ئىتائەت ۋە ئىبادەت تارازىسىغا قويساق، ئەڭ يۇقىرى پەللىدە چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئىرادە قىلغان ھەقىقىي ئىبادەتنى روياپقا چىقارغان ئىنسان بولغاچقا، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ بىزنى يارىتىش سەۋەبى بولغان ئىبادەتنى، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ياخشى شەكىلدە روياپقا چىقاردى. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى، ئىتائەتلىرى ۋە بۇ يولدىكى مۇستەھكەملىكىگە قاراپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۈيۈك ماقامىنى تونۇيالايمىز.

ئەمدى بىز ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز» نىڭ يەنە بىر بۆلىكى بولغان ﴿وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ «سەندىنلا ياردەم سورايمىز» گە كەلسەك، ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا «ئۆزىگە يالغۇز ئىبادەت قىلىش» دېگەن مەزمۇننى

[1] سۈرە بەقەرە، 183-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە، 153-ئايەت

«ئۆزىــــدىنلا يـــاردەم تەلەپ قىلـــش» ئىبارىســـگە جـــۈپلەپ كەلتـــۈردى. بـــۇ يەردىكـــى «ئـــاللاھتىنلا يـــاردەم تەلەپ قىلـــش» بىزنـــى دۇنيانـــىڭ خارلىقىـــدىن تارتىـــپ ئېلىـــپ چىقىـــدۇ. بىـــز ئاللاھنـــىڭ غەيرىـــدىن يـــاردەم تەلەپ قىلغـــان ۋاقتىمىـــزدا، ئـــۇ ئىنســـاننىڭ نوپـــۇزى ۋە كـــۈچ-قـــۇۋۋىتى ھەر قـــانچە يـــۇقىرى بولـــۇپ كەتســـىمۇ، ھەممىســـى ئىنســـاننىڭ كـــۈچى يېـــتىش دائىرىســـىدىلا چەكلىنىـــپ قېلىـــپ، ئۇنىڭـــدىن ھالقىـــپ كېتەلمەيـــدۇ. ھەرۋاقىـــت كـــۈچ ئىگىســـى ئـــاجىز بولـــۇپ قېلىشـــى، نوپۇزلـــۇق ئىنســـان كـــۆزنى يۇمـــۇپ ئـــاچقۇچە قوغلانـــدى خـــار ئىنســـانغا ئايلىنىـــپ قېلىشـــى يـــاكى تەختتىكـــى ئـــادەم تـــۈرمىگە كىرىـــپ قېلىشـــى مـــۇمكىن. بـــۇ ئىشـــلار بولمـــدى دېگەنـــدىمۇ، بىـــز يـــاردەم تەلەپ قىلغـــان شـــۇ شـــەخس ئۆلـــۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا بىز ياردەمچىسىز قالىمىز.

مـــۇئمىن ئۆلمەيـــدىغان تىرىـــك، ئاجىزلىشـــىپ قالمايـــدىغان كۈچلـــۈك ۋە ھـــېچكىم ئۇنىـــڭ بۇيرۇقىـــدىن چىقىـــپ كەتمەيـــدىغان «قاھھـــار» زاتـــتىن يـــاردەم تەلەپ قىلىشـــقا بۇيرۇلغـــان. دېـــمەك، ئـــاللاھتىن يـــاردەم تەلەپ قىلســـاق، ئـــاللاھ يېنىمىـــزدا بولـــدۇ. ئـــاللاھ تائـــالادىن باشقىســـى ئـــاجىزلىقىمىزنى كـــۈچ-قـــۇدرەتكە، خـــارلىقىمىزنى ئەزىـــزلىككە ئۆزگەرتەلمەيـــدۇ. مـــۇئمىن دائىـــم بۇيـــۈك بىـــر كـــۈچكە يۆلىنىـــپ، ئاللاھنـــىڭ يولىغـــا قارشـــى چىققـــان ۋە دائىـــم باشـــقىلارنى قـــۇل قىلىشـــنى ئىزدەيـــدىغان نوپـــۇز ئىگىلىـــرىگە جەڭ ئـــېلان قىلىـــدۇ. شـــۇڭا ئـــاللاھ تائـــالا ھەق-باتىـــل كۈرىشـــىدە ئۆزىنىـــڭ مـــۇئمىن بەنـــدىلىرى بىـــلەن بىـــرگە ئىكەنلىكىنـــى ســـۆزلەپ، پەقەت ئۆزىـــدىنلا يـــاردەم تەلەپ قىلىشـــقا بۇيرىـــدى. «ســـەندىنلا يـــاردەم ســـورايمەن» ئـــايىتى مـــۇئمىنگە نىســـبەتەن ھايـــاتلىقى ھەرىـــكەت دەســـتۇرىدۇر. چـــۈنكى ﴿نَسْـــــــتَعِينُ﴾، «يـــاردەم تەلەپ قىلىـــمەن» دېگەنلىـــك بولـــۇپ، بـــۇ ئىنســـان قىلالايـــدىغان پۈتـــۈن ســـەۋەبلەرنى قىلغـــان بولســـىمۇ، كـــار قىلمـــاي يـــۈزى يەرگە قـــاراپ قالغانـــدا، ئـــۆزىنى تاشـــلاپ قويمـــاي يـــاردەم بېرىـــدىغان بىـــر زات بـــارلىقىنى ئەســـلەپ يـــاردەم تەلەپ قىلىـــش كېرەكلىكىنـــى چۈشـــەندۈرىدۇ. بىـــر ئىشـــنى پۈتـــۈن ئىقتىســـادىمىز، زېھنىمىـــز ۋە

www.uyghurkitap.com



كۆچىمىزنى چىقىرىپ بېجىرەلمىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھىمىز بولمىغان پەرۋەردىگارىمىزنى ئەسلىشىمىز ھەم پۈتۈن سەۋەبلەر ۋە ئىمكانىيەتلەر تۈگىگەن ۋاقتىدا، ئۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەرۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان رەببى بارلىقىنى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

ئىنسانلار سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەمما سەۋەب تۈگىگەن بىلەن، سەۋەبنىڭ رەببى دائىم مەۋجۇتتۇر. ئۇ ھەر شەيئىدىن خەۋەردار زات بولۇپ، كائىناتتىكى كىچىككىنە تىنىقمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىسىز قالمايدۇ. شۇڭا مۇئمىن دائىم ئاللاھقا يۈزلىنىدۇ، ئاللاھ بولسا دائىم مۇئمىن بىلەن بىرگە بولىدۇ. «ئاللاھتىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمىز» دېگەنلىك، ھېچقانداق سەۋەب قىلماستىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى سەۋەب قىلىش بىلەن بىرلىكتە، پەقەتلا يېگانە ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز پۈتۈن سەۋەبلەرنى قىلىپ ئىمكانىيەتلەر تۈگىگەن ۋاقتىمىزمۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمىدە يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز. ئۇ پەرۋەردىگار سەۋەب سۈلغا تارتقان ئىشلارنى ئۇڭغا ئەكېلىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا سەۋەب قىلىشنىڭ ئالدىدا ۋە ئارقىدا ھەردائىم ئاللاھقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك.

# 10-دەرس

## سۈرە فاتىھە 6-ئايەت

## ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾

## «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن»

سۈرە «فاتىھە»نىڭ مەزمۇنى ئاساسلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاۋۋالقى «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگەن ئايەتلەر خاس ئاللاھ تائالا توغرىسىدا سۆزلەنگەن. «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ ۋە بەندىگە ئائىت مەزمۇن سۆزلەنگەن. ئاخىرىدىكى «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)» دېگەن ئىككى ئايەتتە بولسا بەندىگە مۇناسىۋەتلىك خالىس دۇئا سۆزلەنگەن.

ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نېمە؟ بىز «ئاللاھ تائالانى ئىلاھىمىز ۋە پەرۋەردىگارىمىز» دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت ئاتاسىنى، پەرۋەردىگارلىق نېئمەتلىرىنى ۋە ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا بولغان رەھمەت مولچىلىقلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ﴿الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ﴾ «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە

ئۇيغۇرچە كىتابلىرى بىلەن ئالدىنىشى www.uyghurkitap.com

مېھرىباندۇر» دەيمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېگەن ئايەتتە، "لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّه" دېگەن شوئارىمىزنى ئېلان قىلغان بولدۇق. چۈنكى «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگىنىمىز «مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا ئىلاھىم يوق» دېگەنلىكىمىز بولىدۇ. بىز بۇ نۇقتىغا كەلگەندە، ئاللاھنى تولۇق ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھنىڭ مۆئمىن بەندىسىگە ئايلانغان بولىمىز.

ئەمدى ئاللاھ: «مەندىن تىلىگىن، سورىغىنىڭنى بېرىمەن» دەپ، ھەر مۇئمىن ئۈمىد قىلىدىغان ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)» دېگەن دۇئانى ئۆگىتىۋاتىدۇ. بۇ ھەر كۈنلۈك بەش ۋاخ نامىزىمىزدا توختىماي تەكرارلىنىدىغان دۇئا بولۇپ، بۇنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگەتكەچكە، ئەلۋەتتە ئۇنى ئىجابەت قىلىشى ئېنىق ۋە يەنە: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ ۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ ۖ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾[1] «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن» دېگەن ئايىتى ئارقىلىق دۇئا قىلغان ئادەمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

مۇئمىن ئاللاھنىڭ كۆپ مال ۋە ھەشەمەتلىك ئىمارەت بېرىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى مۇئمىن بۇ دۇنيالىقنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ۋە تېز يوقىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىر كىشى قىرىق-ئەللىك ياشقىچە مال-دۇنيا

---

[1] سۈرە بەقەرە، 186-ئايەت

يىغسا، ئاللاھ تائالا يەنە ئۇ-يىگىرمە يىل ئۆمۈر بەرسىمۇ، يەنە شۇ مال-دۇنيا ئالدىراشلىقىدا ئۆتىدۇ. يىغقان نەرسىلىرىنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ نۇقتا مۇئمىننىڭ كاللىسىدا ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا، دۇنيادا پەۋقۇلئاددە ئېسىل نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ كەتمەستىن، پەقەت ئاللا دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە ئاپىرالايدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقىقىي مۇئمىننىڭ خاراكتېرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز رەھمىتى بىلەن بىزگە قانداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكىمۇ ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆگەتمىگەن بولسا، بىز ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن پايدىلىق دەپ قارىغان زىيانلىق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ، زىيانلىق دەپ قارىغان پايدىلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇشىمىز مۇمكىن ئىدى.

مۇئمىن تەلەپ قىلىشى كېرەك بولغان تۇنجى نەرسە ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېگەن ئايەتتە دېيىلگەندەك توغرا يول (ھىدايەت يولى)دۇر. «ھىدايەت» ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى باشلاپ قويۇش ھىدايىتى، يەنە بىرى بولسا ياردەم ھىدايىتىدۇر. باشلاپ قويۇش ھىدايىتى بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھ پۈتۈن بەندىلىرىنى قۇرئاندا بايان قىلىش ئارقىلىق ھەق بولغان ياخشىلىق يولىغا باشلاپ قويىدۇ. ئۇ ياخشىلىق يوللىرىغا ئىنسان خالىسا ئەگىشىدۇ، خالىسا تەرك ئېتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «بۇيرۇغاننى قىل، چەكلىگەندىن يىراق تۇر» دېگەن توغرا يولنى بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقتۇرىدىغان خاتا يوللارنى كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇردى.

ئاللاھنىڭ توغرا يولنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھەر ئادەم ئۇ يولدا ماڭامدۇ؟ تەبىئىيكى ئۇنداق بولمايدۇ. خالىغانلار مېڭىپ، خالىغانلار يۈز

www.uyghurkitap.com



ئۆرۈيدۇ. ﴿وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَىٰ عَلَى الْهُدَىٰ﴾[1] «سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى» دېگەن ئايەتتىكى "الْهُدَىٰ"، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھىدايەت قىلىش»نى ئەمەس، بەلكى «كۆرسىتىپ قويۇش»نى ئىپادىلىگەن. ئەمما ئۇلار كۆرسىتىلگەن توغرا يولدا ماڭماي، گۇمراھلىقنى ئارتۇق بىلدى. دېمەك، ئاللاھ كۆرسىتىپ قويغان ھىدايەت يولنى تەرك ئېتىدىغانلار بار. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىمىزنى ھىدايەت يولىدىكى كىشىلەردىن قىلىۋېتەتتى. ئۇنداق بولۇپ قالغان بولسا، ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن چىقالمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھنى سۆيۈپ، ھەقىقەتكە قىزىقىپ ئۆز ئايىغىمىز بىلەن ھىدايەت يولىغا مېڭىشىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى ئىختىيار قويۇلغان ھالدا ياراتتى. ئەمسە ئاللاھ بىزنى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئىبادەتلا قىلىدىغان، توغرا يولدىن چەتنىمەيدىغان ۋە يامانلىق قىلمايدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، بىزنىڭ پەرىشتىدىن نېمە پەرقىمىز بولىدۇ؟ يەپ-ئىچىپ، تەسبىھ بىلەنلا بولىدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، ھايۋاندىن نېمە پەرقىمىز؟ ئاللاھ تائالا بىزنى پەرىشتە ياكى ھايۋان قىلماي، ئىختىيارىي تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىنسان سۈپىتىدە ياراتتى.

ئەمما ياردەم ھىدايىتى بولسا ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ توغرا يولىغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھ ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا ئىمان، تەقۋالىق ۋە ئۆزگە ئىتائەت قىلىشنى سۆيۈملۈك كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ﴾[2] «توغرا يول تاپقانلارنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ» دېگەن بولۇپ، ئاۋۋال ئىنسان بۇ ھەق يولنى تاللىسا، ئاللاھ ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ كۈچەيتىدۇ. ئۇنى بۇ يولدا

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 17-ئايەت
[2] سۈرە مۇھەممەد، 17-ئايەت

مۇستەھكەم قىلىپ، دىنىدىكى تەقۋالىقىنى ۋە مۇھەببىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرى ۋە كىتابلىرى ئارقىلىق توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يولىغا قارشىلىق قىلغان كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقىغا تاشلاپ قويىدۇ. قۇرئاندىكى: ﴿وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ﴾[1] «كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن ئايەت كىم ھەق يولدىن يۈز ئۆرىسە، شەيتانغا تاشلاپ قويۇلىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇ خىل كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئۈچ ئايەتتە ئىمانغا ھىدايەت قىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ اسْتَحَبُّوا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ﴾[2] «بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر» دېگەن ئايەتتىكى «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلەر» ھىدايەتتىن ئايرىلىپ قالغان بىرىنچى خىل كىشىلەردۇر. ئىككىنچى خىل كىشىلەر ﴿ذَٰلِكَ أَدْنَىٰ أَن يَأْتُوا بِالشَّهَادَةِ عَلَىٰ وَجْهِهَا أَوْ يَخَافُوا أَن تُرَدَّ أَيْمَانٌ بَعْدَ أَيْمَانِهِمْ ۗ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاسْمَعُوا ۗ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾[3] «بۇ گۇۋاھچىلارنى توغرا گۇۋاھچى قىلىدىغان، قىلغان قەسىمنى رەت قىلىشتىن قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) ئاڭلاڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتتە بايان قىلىندى. ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ

[1] سۈرە زۇخرۇف، 36-ئايەت
[2] سۈرە نەھل، 107-ئايەت
[3] سۈرە مائىدە، 108-ئايەت

uyghurkitap.com



﴿إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ ۖ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللَّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ ۗ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾[1] «پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ - دېدى. ئۇ: مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن - دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): ئاللاھ كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن - دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتتە زالىم ۋە تاغۇت نەمرۇتتەك ئۈچىنچى خىل كىشىلەر سۆزلەنگەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ ئىمانغا يېتەكلەش ھىدايىتىدىن مەھرۇم بولغان ئۈچ خىل كىشى كاپىرلار، پاسىقلار ۋە زالىملار بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل كىشىلەر ئاللاھنىڭ ھىدايەتكە ياردەم قىلىش ۋە ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتىنى زىيادە قىلىش قاتارلىق رەھمەتلىرىدىن قوغلانغان.

﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېگەن ئايەتتىكى "الصِّرَاط" دېگەن نېمە؟ ئۇ بولسا مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان يولدۇر. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن «توغرا، تۈز» دېگەن مەنىدىكى "الْمُسْتَقِيمَ" سۆزى سۈپەت قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ بىزگە مەقسەتكە يېتىدىغان ئەڭ تۈز يولنى بېكىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئەڭ قىسقا يول تۈپتۈز يولدۇر. ئەگەر بىز مەلۇم جايغا بارماقچى بولساق، ئەگرىسى بولمىغان

---

[1] سۈرە بەقەرە، 258-ئايەت

ۋە باشقا يەرگە قىيىپ كەتمەيدىغان تۈز يولنى تاللاپ ماڭىمىز. ھەرگىزمۇ توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشنى «چوڭ خاتالىق ياكى چوڭ ئەگرىلىككە كىرىپ قېلىش بىلەنلا باشلىنىدۇ» دەپ ئويلاپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى يولنىڭ باشلىنىشىدىكى كىچىككىنە بۇرۇلۇش كىشىنى ماڭغانسېرى ئاخىرقى نۇقتىدىن يىراقلاپ كېتىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن: باشلىنىش نۇقتىسىدا ئوخشاش بىر يولدىن چىققان ئىككى پويىزنىڭ بىرى باشلىنىشىدا نەچچە سانتىمېتىر قىيىپ باشقا يولغا كىرىپ كەتكەچكە، ماڭغانسېرى ئارىلىق ئاستا-ئاستا كېڭىيىپ، ئاخىرقى نۇقتىغا كەلگەندە نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق پەرق پەيدا بولىدۇ. دېمەك، يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىش قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ، بىزنى ئاخىرىدا "الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ" «تۈز توغرا يولدىن» ناھايىتى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دۇئايىمىز «يولغا باشلىسىلا» ئەمەس، بەلكى «قەتئىي ئەگرىلىكى بولمىغان توغرا تۈز يولغا باشلىسىلا» بولىدۇ. يەنى، بۇ «بىزنى مېڭىشىمىز كېرەك بولغان توغرا رېلىسقا قويسىلا» دېگەنلىك بولىدۇ.

شۈنىڭ ئۈچۈن مۆئمىن ئاللاھ تائالادىن غايىگە يەتكىلى بولىدىغان ئەڭ قىسقا يولنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى غايە بولسا ئاخىرەتتىكى جەننەت ۋە نېئمەتتۇر. بۇ مۆئمىننىڭ ئاخىرقى نىشانىدۇر. شۇڭا بىز دائىم دۇئالىرىمىزدا: «ئى پەرۋەردىگارىم، بىزنى ھىدايەت قىلسىلا، بىزنى جەننەتكە يەتكۈزىدىغان ۋە جەھەننەمدىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ھېچقانداق ئەگرىلىكى بولمىغان توغرا يولغا باشلىسىلا» دەيمىز. ھەدىس قۇددۇسىيدا ئاللاھ تائالا: «ئەگەر بەندەم ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دەپ سورىسا، بۇ دۇئا خالىس بەندەمگە ئائىت، بەندەم سورىغىنىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## سۈرە فاتىھە 7-ئايەت

﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾

### «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)»

ئايەتتە: ﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ﴾ «سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا» دېيىلدى. ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەر كىم؟ ئاللاھ تائالا بىزگە ئىنئام قىلغان كىشىلەرنى: ﴿وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَٰئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ ۚ وَحَسُنَ أُولَٰئِكَ رَفِيقًا﴾[1] «كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمە دېگەن ياخشى ھەمراھلار!» دەپ بايان قىلىپ بەرگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتە «ئۇلار ئىنئام قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ» دەپ بولۇپ، ئىنئام قىلغان كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇئانى قىلغىنىمىز پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشى كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى، شۇلار ماڭغان يولدا مېڭىشنى ئاللاھتىن تىلىگىنىمىز بولىدۇ. ئاخىرەتنىڭ مەسىلىسى دۇنيانىڭ مەسىلىسىگە باغلىق بولۇپ، دۇنيادا كىم كىملەر بىلەن بىرگە ماڭسا، ئاخىرەتتە شۇلار بىلەن بىللە قوپىدۇ. يۇقىرىدا

---

[1] سۈرە نىسا، 69-ئايەت

تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ جەننەتتە بۈيۈك ماقامى بولغاچقا، بۇ دۇنيادىمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلار ئۆز نۆۋىتىدە ئېتىبارلىق، بۇ دۇنيادا ئەمەلنىڭ ئەڭ ئۈستۈن، ئىككىنچى ھايات جەننەتتىكى بۈيۈك مەرتىۋىنى تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر.

بىز «بۇ بەندەمگە ئېيت، بەندەم سورىغىنىنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن ھەدىس قۇدسىيدىن ئىجابەتنىڭ «ئاخىرەتتە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىش» ۋە «ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن ھۇزۇرلاندۇرۇش» دېگەن مەنىلىرى بارلىقىنى بىلىمىز. ئاللاھ قۇرئاندا بۇ دۇنيانى ئۆتكۈنچى، ئاندىن ھەدىس قۇدسىيدا ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيا چەكلىك. قىلىنغان دۇئالاردىن مەقسەت ئىجابەت بولىدىغان ئۈچ كاپالەت دۇنيادا ئۆزگىرىدۇ، بىزنىڭ مەسىلىمىز ھەل بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ خىل كاپالەت بېرىشى دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. دۇنيادا بەزىدە بىر ئىنسان بىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، «سورىغىنىڭنى بېرىمەن» دېسە، ئۆز ئىمكانىيىتى ئىچىدىكى نەرسىلەرنىلا بېرەلەيدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالىدۇر. دۇنيانىڭ نېئمەتلىرى ساناقسىز بولغان يەردە، ئاخىرەت نېئمەتلىرىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالا ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى توغرىسىدا بايان قىلىپ: ﴿لَهُم مَّا يَشَاءُونَ فِيهَا وَلَدَيْنَا مَزِيدٌ﴾[1] (جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا تېخىمۇ زىيادىسى بار) دېگەن. ئىنسانغا خالىغىنىنى بېرىشتىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بولامدۇ؟!

ئۇنىڭدىن سىرت، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئىنسانلار ئۈچۈن خىيال

[1] سۈرە قاف، 35-ئايەت

www.uyghurkitap.com



قىلىپ بولالمىغان نېئمەتلەرنىڭ زىيادىسى بارلىقىنى سۆزلىدى. شۇڭا بىز مەيلى قانچىلىك تەلەپ قىلايلى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭدىن ئارتۇقى بار بولۇپ، بىز تەلەپ قىلمىغان ۋە بىلمەيدىغان نېئمەتلەرنىمۇ قوشۇپ زىيادىسى بىلەن بېرىدۇ. قۇرئان-ھەدىستە جەننەت ۋە نېئمەتلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى بار بولۇپ، «ھەسەل، سۈتتىن بولغان شارابلار، غىلمانلار ۋە ھۆر-پەرىلەر» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. ئەمما ئۇ كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ باقمىغان نېئمەتلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى تەسەۋۋۇرىمىزغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ خىل ئوخشىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. شۇڭا قۇرئان-ھەدىس بىز بىلىدىغان دۇنيادىكى شۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى. تىلغا ئېلىنغان ئۇ ھەسەل ۋە شارابلار بىز بىلىدىغان ھەسەل-شارابلار ئەمەس. ئەگەر بىز بىلىدىغان ناملار بىلەن ئىپادىلەنمىسە، ئۇ نېئمەتلەرنى ھەرگىز ھېس قىلالمايتتۇق.

بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇ ئۇقۇم ئاۋۋال كاللىمىزدا بولۇشى كېرەك. كاللىدا بولغاندىن كېيىن، بۇنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆز پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كىتاب دېيىلسە، ئەگەر مەن ھاياتىمدا كىتابنى كۆرۈپ باققان بولسام، تۆت چاسا، ۋاراقلىق بىر نەرسە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەمما مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ تىلىمدا ئىپادىلەيدىغان سۆزىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: تېلېۋىزور ئىجاد قىلىنىپ مۇئەييەن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىسىم قويۇلۇپ ئومۇملاشتى. ئەگەر يۈز يىل ئىلگىرى تېلېۋىزور دېيىلسە، ھېچبىر ئىنسان چۈشەنمىگەن بولاتتى. ئايروپىلان كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. دېمەككى، بىر شەيئى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمى قويۇلىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى تىل كومىتېتلىرى پات-پات يىغىلىپ، يېڭى پەيدا بولغان نەرسىلەرگە ئىسىم قويۇپ ئومۇملاشتۇرىدۇ. ھېچبىر ئىنسان جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ

باقمىغاچقا، ئىنسان تىلىدا ئۇلارنى ئىپادىلىيەلەيدىغان سۆزلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىگىمۇ كېچىپ باقمىغان نېئمەتلەرنى تىلدا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز قۇرئاندا ئۇقۇۋاتقان جەننەت تەسۋىرلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇ يەردىكى نېئمەتلەرنى دۇنيا شەكلى بىلەن تەسەۋۋۇرىمىزغا يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، لېكىن ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا جەننەت توغرۇلۇق سۆزلەپ: ﴿مَّثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَا أَنْهَارٌ مِّن مَّاءٍ غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ وَأَنْهَارٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّارِبِينَ وَأَنْهَارٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَمَغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ ۖ كَمَنْ هُوَ خَالِدٌ فِي النَّارِ وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾[1] «تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۈدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ ئۈچەيلىرى پارە-پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟» دېگەن. بۇلار جەننەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەقىقىتى بولماستىن، پەقەتلا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر ئوخشىتىشتۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تىلىدا جەننەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ﴾ «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ يولىغا ئەمەس» دېگەن سۆزىدە تەسۋىرلەنگىنى ئاللاھ غەزەپ قىلغان ئاسىيلار، ياردەم ھىدايىتى توسۇلغانلار، توغرا يولنى تونۇپ بولۇپ خىلاپلىق

[1] سۈرە مۇھەممەد، 15-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلغان ۋە ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ، غەزەپكە لايىق بولغان بۇ تۈردىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئى رەببىم، سىلىنىڭ غەزەپلىرىگە لايىق بولىدىغان يولنى بىزگە قولاي قىلمىسىلا، بىزنى ئۇ يولدىن يىراق قىلسىلا، ھاياتى دۇنيادىكى پايدا-مەنپەئەت ۋە ھوقۇقلارغا ئېرىشىش، باشقىلارنىڭ مېلىنى باتىل يول بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىنى ئۆزگەرتكەن شۇ ئادەملەر لايىق بولغان غەزەپكە بىزنى لايىق قىلمىسىلا» دېگەنلىك بولىدۇ.

"الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ" سۆزى قۇرئاننىڭ ﴿قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللَّهِ ۚ مَن لَّعَنَهُ اللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ ۚ أُولَٰئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَاءِ السَّبِيلِ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: سىلەرگە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ (ئۇ شۇنداق) كىشىلەرنىڭ (جازاسىكى)، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر (يەنى دوزاختۇر)، (ئۇلار) توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر» دېگەن ئايىتىدىمۇ كەلگەن. بۇ ئايەت بەنى ئىسرائىل توغرىسىدا نازىل بولغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەقنى بۇرمىلىغان كىشىلەر ئەڭ ناچار كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿وَلَا الضَّالِّينَ﴾ «ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس»دېگەن ئايەتتىن «ئازغۇچى» ۋە «ئازدۇرغۇچى» دېگەن ئىككى خىل مەنە چىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يولدىن ئېزىپ، نىشانىنى تاپالمىسا «ئازغۇچى» دەپ ئاتايمىز. ئاللاھنىڭ يولىدىن باشقا بىر يولدا مېڭىپ ئېزىپ

---

[1] سۈرە مائىدە، 60-ئايەت

كەتكەن، دىندىن ۋە ھىدايەتتىن بارغانسېرى يىراقلاپ ماڭغان ۋە دۇنيادا تېڭىرقاپ شەيتاننىڭ دوستىغا ئايلىنىپ كەتكەنلەرنى ھەم «ئازغانلار» دەيمىز. «ئازدۇرغۇچى» بولسا ئۆزى ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلىشىپ، ھاياتىدا ھىدايەت يولىنىڭ غەيرىدە مېڭىش بىلەن كۇپايىلەنمەي، باشقىلارنىمۇ ئازغۇنلۇققا ئېلىپ مېڭىشقا تىرىشىدىغان، كىشىلەرنى كۇپۇرغا ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراق تۇرۇشقا قىزىقتۇرىدىغان ئادەملەردۇر. قىيامەت كۈنى ھەربىر ئاسىي ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەمما «ئازدۇرغۇچى» ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ئۆزى ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم: ﴿لِيَحْمِلُوا أَوْزَارَهُمْ كَامِلَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۙ وَمِنْ أَوْزَارِ الَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ أَلَا سَاءَ مَا يَزِرُونَ﴾[1] «ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلىدى)، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!» دەپ، ئۆزى ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى، ئۆزىنىڭ گۇناھى بىلەن بىللە ئەكېلىدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ.

بىز سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇغاندا، ئازغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئازدۇرغۇچىنىڭ گېپىنى قىلمىدى. چۈنكى بىر كىشى «ئازدۇرغۇچى» بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال «ئازغۇچى» بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى «ئازغۇچى» بولۇپ قېلىشتىن پاناھلىق تىلەش ھەر ئىككىسىدىن پاناھلىق تىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى «ئازغۇچى» بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالىساق، ھەرگىزمۇ «ئازدۇرغۇچى» بولۇپ قالمايمىز.

[1] سۈرە نەھل، 25-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



شۇنىڭ بىلەن سۈرە فاتىھەنىڭ تەپسىر چۈشەنچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىرەر قۇر ئاخىرلاشتى.

ئەمدى سۈرە فاتىھەنى خەتمە قىلغاندا دەيدىغان «ئامىن» سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆزنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن بولۇپ، ئۇ قۇرئاندىكى بىر سۆز ئەمەس. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەگىشىش يۈزىسىدىن ھەر فاتىھە ئوقۇلۇپ بولغاندا ئۇنى دەيمىز. «ئامىن» سۆزى بىرەر ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىنى ئويلىغىنىمىزدا، دېگىنىمىزدە ياكى ئاڭلىغىنىمىزدا دەيدىغان بىر سۆز بولۇپ، «دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ!» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەزى ئۆلىمالار «ئامىن» سۆزىنىڭ ئەرەبچە ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان. ئەگەر ئەرەبچە سۆز ئەمەس دېيىلسە، «قۇرئان ئەرەبچە نازىل بولغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئەرەبچە بولمىغان بىر سۆز كىرىپ قالىدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ جاۋابى، ئەسلى ئەرەبچە بولمىغان سۆزنىڭ قۇرئاندا كېلىشى قۇرئاننىڭ ئەرەبچە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەبچىگە قوشۇلۇپ ئەرەبچىگە ئايلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن سۆزلەر بار. بىر تىلدا باشقا بىر تىلدىن كىرگەن ھېچبىر سۆزنىڭ بولماسلىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەر تىلدا مەلۇم مىقداردا باشقا تىلنىڭ سۆزلۈكلىرى بولغاچقا، ھېچبىر تىل يۈز پىرسەنتلىك ساپ تىل بولالمايدۇ. ئىككىنچى بىر تىلدىن بۇ تىلغا كىرىپ قوللىنىلىپ ئومۇملاشقان سۆز بۇ تىلنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قوللىنىلىپ داۋاملىشىدۇ. «قۇرئان ئەرەب تىلىدا نازىل بولدى» دېگەنلىكىمىز سىرتتىن ھېچقانداق سۆز ئارىلاشمىغان يۈز پىرسەنتلىك ئەرەب تىلىدا نازىل بولغانلىقىنى بىلدۈرمەستىن، ئەرەبلەر ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن نازىل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ سۆز نورمال قوللىنىلىپ، ئاڭلاپ چۈشىنىلىپ ۋە ئەۋلادلار بۇ سۆزنى ئەرەب تىلىدىن ئايرىماي قوبۇل قىلىپ

قوللانغان بولسا، بۇ سۆز تامامەن ئەرەب تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ۋە قۇرئان نازىل بولغان ۋاقىتتا، ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان سۆز بولىدۇ. شۇڭا «بۇ سۆز ئەرەبچە ئەمەس ئىدى» دېيىشىمىز توغرا بولمايدۇ.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان بولساق، ئىمام سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولۇشىغا بىرلىكتە «ئامىن» دەيمىز. چۈنكى جامائەتنىڭ ھەربىرى دۇئا قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز «ئامىن» دېگەن چاغدا دۇئاغا شېرىك بولغان بولىمىز. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ماللىرىنى ھالاك قىلىۋېتىشنى تىلىگەن ۋاقىتتا، ھارۇن ئەلەيھىسسالام قېشىدا تۇرۇپ «ئامىن» دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا: ﴿قَالَ قَدْ أُجِيبَت دَّعْوَتُكُمَا فَاسْتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَانِّ سَبِيلَ الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾[1] «ئاللاھ ئېيتتى: ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار» دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىنىنى سۆزلىدى. ئەمەلىيەتتە دۇئا قىلغىنى يالغۇز مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ھارۇن ئەلەيھىسسالام پەقەت «ئامىن» دېگەن ئىدى. بىر ئادەم دۇئا قىلىپ، باشقىلار «ئامىن» دېگەن بولسا، ھەممىسى ئورتاق دۇئا قىلغان بولىدۇ. شۇڭا بىز دۇئانى قىلساقمۇ، ئاڭلىساقمۇ «ئامىن» دەيمىز.

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 89-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 11-دەرس

## سۈرە بەقەرە - مۇقەددىمە

سۈرە «بەقەرە» چۈشكەن ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مەدىنە سۈرىسىگە تەۋە. بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى تىلىمىزدا «كالا» دېگەن مەنىدە بولغاچقا، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇ سۈرە "بقرة" «كالا» سۈرىسى دەپ ئاتالغان؟

بىز بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن كالا دېگەن ئاتالغۇ بىلەن قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئەرەب زېمىنىنى سېلىشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قۇرئان چۈشكەن ئەرەب زېمىنىدا كالا بولمىغاچقا، ئەرەبلەر كالىنىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنداقتا «نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سۈرىنى بۇ ئىسىم بىلەن چۈشۈرىدۇ؟ بۇ يەردە كالا دېگەن ئىسىمنى بىلىدىغان بىرەر ماكان بارمۇ ياكى يوقاپ كەتكەن باشقا بىرەر ماكانغا ئىشارەت قىلىۋاتامدۇ؟» دېگەن نۇقتىلار زېھنىمىزدە سوئال تۇغدۇرىدۇ.

سۈرىنىڭ ئىسمى «تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىش مەسىلىسى»نى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇ سۈرىدە بەنى ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن، بىر كالىغا باغلانغان ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ مەسىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سۈرىگە «كالا سۈرىسى» دەپ ئىسىم قويۇلغان.

بۇ «كالا» ۋەقەلىكىدە ئاساسلىق «تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىش مەسىلىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى «ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا

بىزنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرىدۇ» دېگەن ئەقىدە دىنىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىمىز. بۇ شەكىلدە ئىمان ئېيتىش نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ شەكىلدە ئىمان ئېيتمىغان بولسا، دۇنيادىكى ھەرقانداق گۇناھلارنى چەكلىمىسىز ھالەتتە قىلالايدۇ. چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ ھېساب بېرىشكە ئىمان ئېيتىش ئىنساننى نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ. ئىبادەتنىڭ ئاساسىمۇ بىز تىرىلىدىغان ۋە قايتىدىن باشلىنىدىغان بىر ھاياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دۇنيا بىر سىناق دۇنياسى بولۇپ، بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئىككىنچى ھاياتنى باشلايمىز. بىز ئىمان ئېيتىدىغان شۇ ئاخىرەت بولسا نېئمەتلىرى مەڭگۈ يوقاپ كەتمەيدىغان بىر ئورۇن. لېكىن بۇ دۇنيانىڭ نېئمەتلىرى ئۆلۈم ياكى باشقا يوللار بىلەن قولىمىزدىن كېتىپ قالىدۇ. مانا بۇ بىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ خاراكتېرى.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بېكىتىپ بەرگەن يولى بار. ئەگەر ئىنسان ئۇ يولنى ئۆزىگە تەتبىقلىسا، جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەكسىچە، ئۇ يولدىن چىقىپ خالىغان يولدا ماڭسا، ئۇدۇل جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، بۇ دۇنيادىكى ئىمان مەسىلىسى ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇنداقتا «كالا» ۋەقەلىكى بىلەن ئىمان مەسىلىسىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

سۈرە «بەقەرە»دە بەنى ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن بىر تەجرىبە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگىنىنى بۇ دۇنيادا ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. يەنى، ئاللاھ قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ، ئىسمىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جېنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قايتا ئالدى.

ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: بەنى ئىسرائىلدا كاتتا بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا مىراسخور بولىدىغان بىرمۇ ئەۋلادى يوق ئىدى. كېيىن بۇ باينى قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر كەنتكە تاشلاپ قويدى. مەقسىتى «بۇ باينى مۇشۇ كەنتتىكىلەر ئۆلتۈردى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، جىنايەتتىن قۇتۇلۇش ئىدى. كەنت ئەھلى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، جەسەتنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەمنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق» دېيىشتى. بۇنىڭغا قارىتا باينىڭ تۇغقانلىرى: «ياق، بۇنى سىلەر ئۆلتۈرۈپسىلەر» دېدى. ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېغىر دە-تالاش چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ: «رەببىڭدىن سوراپ، بىزگە قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرسەڭ» دېيىشتى. بۇ ۋەقەلىك سۈرە «بەقەرە»نىڭ 67-ئايەتتىن 73-ئايەتكىچە بولغان ئارىلىقتا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ۋەقەلىك ئاللاھنىڭ ئۇلارنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇغانلىقى بىلەن باشلىنىدۇ. يەنى، ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى بىر كالا بوغۇزلاپ، شۇ كالىنىڭ بىر پارچە گۆشى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ تىرىلىپ ئۆز قاتىلىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۆجىزە خاراكتېرلىك بىر ئىشقا بۇيرۇغان.

ئەگەر شۇ ۋاقىتتا ئۇلار خالىغان بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرغان بولسا، ئۆلۈك شۇ ھامان تىرىلىپ، قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى. لېكىن بەنى ئىسرائىل ئاللاھنىڭ «قىل» دېگەن بۇيرۇقنى ئىككىلەنمەيلا قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇنجى قېتىمدىلا شەك قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن قوبۇل قىلدى. بەنى ئىسرائىل ئاللاھنىڭ بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: «بىز سېنىڭ يېنىڭغا ئۆلۈك ھەققىدە سوراپ كەلسەك، بۇ خىل گەپنى قىلىپ بىزنى مەسخىرە

قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. دېمەك، بۇلار ئاللاھتىن تۇنجى قېتىم كەلگەن بۇيرۇققا ئىشەنمىگەنلىكتىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سوئالنى كۆپ سوراپ ئۆزىگە بېسىمنى كۆپەيتتى. ئۇلار: «بوپتۇ، سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنەيلى. قېنى ئېيتقىن، بىز ئۆلتۈرىدىغىنى قانداق كالا؟» دەپ سوراشتى. ئاخىرىدا ئاللاھتىن كالىنىڭ يېشى، رەڭگى، جىنسى قاتارلىق پۈتۈن مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بەنى ئىسرائىل ئاللاھ بەرگەن مەلۇماتتىكى كالىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە تېپىپ ئۆلتۈرۈپ، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇردى. ئۆلۈك شۇ ۋاقىتتا تىرىلىپ، ئۆزىنىڭ قاتىلىنى ئېيتىپ بەردى ۋە قايتا ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ قىسسەنىڭ بىر تەرىپى بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرىپى ئاللاھنىڭ سالىھ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنى، بەنى ئىسرائىلدا بىر سالىھ ئادەم بولۇپ، ئۇ كىشى تىجارىتىگە پەقەت ھارام ئارىلاشتۇرمايتتى ۋە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئادەمگە ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، ئىلىكىدە پەقەت بىرلا كالا قالغان ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ بالىسى بەك كىچىك بولۇپ، تېخى كالىنى بېقىپ چوڭ قىلالىغۇدەك ياشتا ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئايالى ۋە بالىسىغا قالدۇرىدىغان پۈتۈن مال-دۇنياسى ھېسابلانغان كالىنى كىمنىڭ ھامىيلىقىغا تاپشۇرۇش ئىشىدا گاڭگىراپ، ئاللاھتىن باشقا ئىشەنچلىك بىرىنى تاپالماي: «ئى ئاللاھ! ساڭا بۇ كالىنى ئامانەت قىلىمەن، سەن ئۇ كالىنى بالام ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئايالىغا: «مەن ئاللاھتىن باشقا ئىشەنچلىك بىرىنى تاپالمىدىم، شۇڭا كالىنى ئاللاھقا ئامانەت قويدۇم» دېدى. ئايالى: «كالا قەيەردە؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم: «كالىنى ئوتلاققا قويۇۋەتتىم» دەپ جان ئۈزدى. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايال بالىسىغا بولغان ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. بالا ئانىسىدىن: «كالىنى تېپىش ئۈچۈن قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا، ئايال بالىسىغا: «داداڭ كالىنى كائىناتنىڭ رەببىگە ئامانەت قىلدى. سەن ‹ئى ئاللاھ! كالىنى ساڭا تەۋەككۇل قىلىپ ئىزدەيمەن› دېگىن» دېدى. بالا: «ئى ئىبراھىم ۋە يەئقۇبنىڭ رەببى! دادام ساڭا قويغان ئامانەتنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دەپ ئېتىز تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ۋە كالىنى تاپتى. بىز يۇقىرىدىكى بەنى ئىسرائىلنىڭ ھېكايىسىدە تىلغا ئالغان كالىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كالىدا تېپىلاتتى. بەنى ئىسرائىل بۇ كالىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدى. بالا كالىنى تېرىسىگە پاتقۇدەك ئالتۇن بەرگەندە ساتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن كالىنى شۇ باھادا سېتىۋالدى.

ئاللاھنىڭ بالىغا كالىسىنى ساقلاپ بېرىشى ۋە كالىنى بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشى پەقەتلا دادىسىنىڭ سالىھلىقىدىن بولغان ئىدى. دېمەك، دادا سالىھ بولسا، باللىرى ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىپ، ئىشلىرى ئاسانلىشىدۇ. بالىلارغا مىراس قالدۇرۇش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ ئەمەس، پەقەتلا سەن ئاللاھتىن قورققىن، ئىشلىرىڭدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، باللىرىڭنى ئاللاھقا ئامانەت قويغىن، ئاللاھ ئەڭ ياخشى ئامانەتنى ساقلىغۇچىدۇر.

يۇقىرىدىكى ھېكمەت بىر يەردىلا تىلغا ئېلىنغان بولماستىن، سۈرە «كەھف»تىمۇ ئىزاھلانغان. يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن سالىھ بىر ئادەمنىڭ قېشىغا بارغان (بەزى مەنبەلەردە بۇ سالىھ كىشى خىزىر دېيىلگەن). ئۇ قىسسەدە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ماڭغان سالىھ بەندە ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر تامنى قوپۇرۇپ قويىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «بۇ كەنتتىكى كىشىلەر سېنى مېھمان قىلىشقا ئۇنىمىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇ تامنى قوپۇرۇپ قويىسەن؟» دېگەندە، سالىھ كىشى بۇنىڭغا جاۋابەن: «بۇ يەردە ئىككى يېتىمنىڭ ئامانىتى بار. ئۇ ئىككىسىنىڭ

دادىسى سالىھ كىشى ئىدى. تام ئاستىدىكى ئامانەت ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوپۇرۇپ قويىدۇم» دېگەن. دىققەت قىلساق، ھېلىقى سالىھ كىشى «ئۇ ئىككىسىنىڭ ئامانىتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى دادىلىرىنىڭ سالىھ ئادەم بولغانلىقى» دەپ چۈشەندۈردى. بۇ ۋەقەلىك ئايەتتە: ﴿وَأَمَّا الْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَامَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِي الْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُ كَنزٌ لَّهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَالِحًا﴾[1] «تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى» دەپ بايان قىلىنغان. دېمەك، دادىنىڭ سالىھ ۋە ياخشى بولۇشى بالىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا، ھەق-ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئالاھىدە سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

كالىسىنى ئاللاھقا ئامانەت قويغان كىشىنىڭ بالىسى كالىنى ئادەتتىكى بىر كالا سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كاتتا بىر بايلىق شەكلىدە تاپشۇرۇپ ئالدى. چۈنكى ئۇ كالىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ تەلىپى بىلەن تېرىسى توشقۇدەك ئالتۇنغا ساتتى ۋە شۇ كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇش بىلەن ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى. سۈرىدە ئىسلامدىكى ئاساسىي پىرىنسىپ بولغان ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىش مەسىلىسى ئالاھىدە ئىسپاتلانغانلىقى ۋە بۇنى ئىسپاتلاشتا كالا ۋەقەسى سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ سۈرە «كالا سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

سۈرە «بەقەرە»گە قارىساق، بۇنىڭ مەدىنە سۈرىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. لېكىن بۇنىڭدا بەزى مەككە ئايەتلىرىمۇ بار. بۇ يەردىكى مەككە ئايەتلىرى دېگىنىمىز ئەقىدە مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردۇر. مەسىلەن: مەككە ئايەتلىرى چۈشكەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ مەككىدە

[1] سۈرە كەھف، 83-ئايەت

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىكلارغا، ھەمدە ساماۋى دىنلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەھلى كىتابقا قارشى تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى قۇرئان ئىنسانلارغا ئاسمان-زېمىننىڭ ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىش قانۇنىيىتىنى بىلدۈرۈش، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ قوللىرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن پەيغەمبەرلەر قىسسەنى تۈزىتىش، ئىنسانلارنى شېرىك ئەقىدىلىرىدىن پاكلاش ۋە ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن دىنلارنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئازغۇنلۇقلىرى، دۇنيانىڭ پانىي ئىكەنلىكى، ھەممىمىزنىڭ ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن تىرىلىپ ھېساب بېرىدىغانلىقىمىز، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەقىدە ۋە ئىمان مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن.

مەدىنە ئايەتلىرىگە كەلسەك، بىز ئۇ ئايەتلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مەدىنە جەمئىيىتىنى بىر قۇر چۈشىنىپ چىقىشىمىز كېرەك. مەككىدىكى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى پەقەت كاپىر-مۇشرىكلار ئىدى. لېكىن مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇلارغا يېڭى بىر دۈشمەن بولغان مۇناپىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى مەككىدىكى ئاجىز ۋاقىتىدا، زۇلۇم بولسىمۇ مۇناپىقلىق بولمىغان. لېكىن مەدىنىدىكىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلاشقان، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ كۈچلەنگەن ۋاقىتتا، يېڭى دۈشمەن مۇناپىقلار پەيدا بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَمِمَّنْ حَوْلَكُم مِّنَ الْأَعْرَابِ مُنَافِقُونَ ۖ وَمِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ ۖ مَرَدُوا عَلَى النِّفَاقِ لَا تَعْلَمُهُمْ ۖ نَحْنُ نَعْلَمُهُمْ ۚ سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيْنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ إِلَىٰ عَذَابٍ عَظِيمٍ﴾[1] «ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم

[1] سۈرە تەۋبە، 101-ئايەت

(يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئەھلى كىتابلاردىن بولغان يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كىرىۋالغان مۇناپىقلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا باشلىغان.

مەدىنىدە رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلەرگە رەددىيە قايتۇرۇشتىن باشقا، يېڭى بەرپا بولغان ئىسلامىي جەمئىيەتنى ئىنتىزامچانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بار ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرى، قوغدىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش پرىنسىپلىرى بولىدۇ. شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە «بۇنى قىلساڭ بولىدۇ، بۇنى قىلساڭ بولمايدۇ» دەيدىغان ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مەككە دەۋرى ئەقىدە، ئىمان ۋە كاپىرلارغا چۈشىدىغان ئازابلار ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىنى تەقەززا قىلغان بولسا، مەدىنە دەۋرى شۇ جەمئىيەتكە ئالاقىدار پرىنسىپلار، ھالال-ھارام، تىجارەتكە ئالاقىدار ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشىنى تەقەززا قىلغان ئىدى. مانا بۇ يۇقىرىدىكى مەككە ۋە مەدىنە ئايەتلىرىنىڭ پەرقى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم رەسۇلۇللاھقا قۇرئاننى رەتلەپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتتا، مەدىنىدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ، چوڭ بىر ئىسلامىي جەمئىيەت شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەھكاملارنى بىلىشى شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا: ﴿لا إلـه إلا الله محمـد رسـول الله﴾ «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمە بىلەن بىرلىكتە دىن ئەھكاملىرىنى بىلدۈرۈشنى خالىدى.

سۈرە «بەقەرە» ئىسلامنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، قۇرئاننىڭ ھېكمىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلىملەرنى تونۇشتۇرغان. يەنە تۈنجى ئىنسان بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش قىسسىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققەتتە ئىزدەش ۋە كەبىنى قۇرۇش ۋەقەلىكلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا سۈرە «بەقەرە» يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلىگەن. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار ھەققىدە: ﴿لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ النَّاسِ عَدَاوَةً لِّلَّذِينَ آمَنُوا الْيَهُودَ وَالَّذِينَ أَشْرَكُوا﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن» دېگەن.

سۈرە «بەقەرە» ھەج، روزا، ھاراق، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، تويى قىلىش، ئېمىلداشلىق، نىكاھ ۋە تالاق قاتارلىق ئىشلارنى بايان قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام جەمئىيىتىدىكى سودا-تىجارەتنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى بەلگىلىگەن. مەككىدە بۇنداق ئىشلارغا ئېھتىياج ۋە ئۇنى تەتبىقلايدىغان جەمئىيەت بولمىغاچقا، بۇ خىل ئىشلارغا بەلگىلىمە بېكىتىلمىگەن ئىدى. لېكىن بۇ ئىشلار مەدىنىدىكى ئىسلام جەمئىيىتىدە يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغاچقا، ئايەتلەرمۇ شۇنىڭغا قارىتا نازىل بولغان.

[1] سۈرە مائىدە، 82-ئايەت

# 12-دەرس

## سۈرە بەقەرە 1-ئايەت

﴿الم﴾

سۈرە «بەقەرە» ئاللاھ تائالانىڭ ﴿الم﴾ دېگەن سۆزى بىلەن باشلاندى. بۇ ھەرپلەر "حروف مقطعة" «ئۈزۈك ھەرپلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈزۈك ھەرپلەر - ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەردۇر. ئادەتتە ھەممىمىز قۇرئان ساۋادىمىزنى چىقارغان ۋاقتىتا، ھەرپلەرنى "ا، ب، ت" «ئەلىف، بە، تە» دەپ ئايرىم ئىسمى بىلەن ئوقۇيمىز. ئەمما بىز بۇ ھەرپلەرنى بىر-بىرىگە قوشۇپ ئوقۇغان ۋاقتىتا، يۇقىرىدىكى ئايرىم تەلەپپۇز شەكلىدە ئوقۇمايمىز (بۇ ئەقەللىي ساۋاتنى ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىپ باققانلار بىلىدۇ). كۆپىنچە كىشىلەر ھەرپلەرنى نورمال قوشۇپ ئوقۇيالىغىنى بىلەن، شۇ ھەرپلەر يالغۇز كەلگەندە ئۆز ئىسمى بىلەن ئايرىپ ئوقۇيالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زات بولغاچقا، ھەرپلەرنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرنىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتا ﴿الم﴾گە ئوخشاش ئۈزۈك ھەرپلەرنى ئوقۇيالىدى. بۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بىر كىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە نورمال ئىش ئەمەس. ئەمما رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش ئوقۇمىغان بىر ئادەمنىڭ شۇ ھەرپلەرنى ئوقۇشى ۋە ساھابىلارغا قۇرئاننى ئۆگىتىشى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەنلىكىگە بىر دەلىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولالايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان بىلىملىك بىر كىشى بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنى ئوقۇيالىغان بولسا، بۇ نورمال ئىش ھېسابلىناتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئوقۇمىغانلىقى ھەممىمىزگە ئوچۇق ھەقىقەت، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

بىز يەنە باشقا سۈرىلەرنىڭمۇ ﴿الم﴾ ۋە ﴿حم﴾غا ئوخشاش «ئۈزۈك ھەرپلەر» بىلەن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۈزۈك ھەرپلەر بەزى يەرلەردە ئايرىم ئىسمى بىلەن ئوقۇلۇپ، بەزى يەرلەردە بىر سۆز شەكلىدە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: بىز بۈگۈن ئوقۇۋاتقان سۈرە «بەقەرە»نىڭ بېشىدىكى ﴿الم﴾نىڭ ھەممە ھەرپلىرى ئايرىم ئىسمى بىلەن ئوقۇلىدۇ. لېكىن سۈرە «ئىنشىراھ» ۋە سۈرە «فىل»دا بولسا ﴿أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ﴾[1]، ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ﴾[2] دەپ قوشۇپ ئوقۇيمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش يېزىلىشى بىر خىل، ئوقۇلۇشى ئىككى خىل بولغان بىر سۆزنى رەسۇلۇللاھتەك ئوقۇمىغان بىر كىشىنىڭ ئايرىپ توغرا ئوقۇشى رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەن قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ ھەق سۆزى ۋە مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھنى يېزىلىشى بىر خىل بولغان سۆزنى سۈرە «بەقەرە»دە بىر خىل، سۈرە «ئىنشىراھ» ۋە سۈرە «فىل»دا بىرخىل ئوقۇشقا مەجبۇرلىغان نەرسە بارمۇ ياكى بۇنى رەسۇلۇللاھ ئۆزى خالاپ ئوقۇۋالغانمۇ؟ رەسۇلۇللاھنى ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە ئوقۇشقا مەجبۇرلايدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. پەقەت رەسۇلۇللاھ قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئاسماندىن چۈشكەن ۋاقىتتا قانداق ئاڭلىغان بولسا، شۇ شەكىلدە ئوقۇپ، بىزگىمۇ شۇ شەكىلدە ئۆگەتكەن. يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ بۇنىڭدىن باشقا جاۋابى يوق. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئوقۇمىغانلىقى ۋە ئۇنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئوقۇيالمايدىغانلىقى

[1] سۈرە ئىنشىراھ، 1-ئايەت
[2] سۈرە فىل، 1-ئايەت

ھەممىمىزگە ئېنىق بىر ھەقىقەت.

قۇرئاندا سۈرە «بەقەرە»دىن باشقا ﴿ص وَالْقُرْآنِ ذِي الذِّكْرِ﴾[1]، ﴿ن وَالْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُونَ﴾[2]غا ئوخشاش بىر تال ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىلەرمۇ بار. قۇرئاندا بىر تال ھەرپ مۇستەقىل بىر ئايەت بولالمايدۇ. ئەمما سۈرە «بەقەرە»نىڭ بېشىدىكى ﴿الم﴾ ۋە سۈرە «ئەھقاف»نىڭ بېشىدىكى ﴿حم﴾ مۇستەقىل بىر ئايەت ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا سۈرە «مەريەم»دىكى ﴿كهيعص﴾قا ئوخشاش بەش ھەرپ بىلەن ۋە سۈرە «ئەئراف»تىكى ﴿المص﴾قا ئوخشاش تۆت ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئايەت ھېسابلانسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنىڭ كەينىدىكى ئايەتنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ.

﴿الم﴾ ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن مۇستەقىل بىر ئايەت بولۇپ، بىز بۇنى «بەقەرە»، «ئال ئىمران»، «ئەنكەبۇت»، «رۇم»، «سەجدە» ۋە «لوقمان» قاتارلىق ئالتە سۈرىدە تاپالايمىز. ﴿الر﴾مۇ ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئايەت ھېسابلانمايدۇ. بىز بۇنى «يۇنۇس»، «يۇسۇف»، «ھۇد» ۋە «ئىبراھىم» قاتارلىق تۆت سۈرىدە تاپالايمىز. سۈرە «ئەئراف»تىكى ﴿المص﴾ تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن مۇستەقىل بىر ئايەت. لېكىن سۈرە «رەئد»تىكى ﴿المر﴾مۇ تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۆزى مۇستەقىل بىر ئايەت ئەمەس. دېمەك، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىغان بىر قانۇنىيەت يوق. بۇ رەسۇلۇللاھقا قانداق شەكىلدە كەلگەن بولسا، بىزگىمۇ شۇ شەكىلدە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارغا باشقا بىرەر قائىدە بېكىتكىلى بولمايدۇ.

[1] سۈرە ساد، 1-ئايەت
[2] سۈرە قەلەم، 1-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com



قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزىسى: «يۇقىرىدىكى ﴿الم﴾، ﴿الر﴾، ﴿المص﴾ ۋە ﴿المر﴾ قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىن. بىز دەيمىزكى: «ھەرپلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىغان سوئالىڭىزنىڭ ئۆزى خاتا. چۈنكى ھەرقانداق بىر تىلدىكى ھەرپلەرنىڭ مەنىسى سورالمايدۇ. ئادەتتە بىز ھەرپلەرنى «قۇرۇلما ھەرپلىرى» ۋە «مەنە ھەرپلىرى» دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. «قۇرۇلما ھەرپلەر» دېگىنىمىز، «كتاب» دېگەن سۆزدىكى «ك، ت، ا، ب» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئايرىم مەنىسى بولمايدىغان، بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ مەنە ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب تىلىدا ئىككى ياكى ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن «فى»، «على»گە ئوخشاش ھەرپلەرمۇ بار. بۇ «مەنە ھەرپلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەنىلىرى بار. بۇلار ھەققىدە سوئال سورىسىڭىز جاۋابى چىقىدۇ. يەنى، «فى» دېگەن ھەرپ «ئىچىدە» دېگەن مەنىنى، «على» دېگەن ھەرپ «ئۈستىدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادەتتە قۇرئاندىكى ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىش قائىدىسى بىلەن كەلگەن. لېكىن يۇقىرىدىكى ھەرپلەر «ھەرىكەتسىز» ھالەتتە بولۇپ ئۇلانماي كېلىدۇ. بىز بۇنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى، رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى كۆرۈپ چىقايلى. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە: "مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللَّهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا لَا أَقُولُ الم حَرْفٌ وَلَكِنْ أَلِفٌ حَرْفٌ وَلَامٌ حَرْفٌ وَمِيمٌ حَرْفٌ"[1] «قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشىگە بىر ياخشىلىق بولىدۇ. بىر ياخشىلىققا شۇ ياخشىلىقنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر ئەجىر بېرىلىدۇ. مەن "الم" «ئەلىف، لام، مىم» نى بىر ھەرپ ھېسابلىمايمەن، چۈنكى «ئەلىف» بىر ھەرپ، «لام» بىر ھەرپ، «مىم» بىر ھەرپتۇر» دېگەن. بىز قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ھەربىر ھەرپكە بىردىن ساۋاب ئېلىشىمىز ئۈچۈن،

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

يۇقىرىدىكى ھەرپلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇستەقىل ھەرپ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: بىز ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ نى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ﴿بِسْمِ﴾ دېگەن بىر سۆزنى ئوقۇساق بىر ساۋاب ئەمەس، ئۈچ ساۋاب ئالىمىز. چۈنكى بۇ سۆز «ب، س، م» قاتارلىق ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن. شۇنداقلا بىز قۇرئاندىكى بىر ھەرپنى ئوقۇغان ۋاقتىتا بىر ساۋاب بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايمىز. چۈنكى ئاللاھ شۇ بىر ساۋابنىڭ ئون ھەسسىسىنى بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مېھرىبان ئاللاھ بىز مەنىسىنى بىلەلمىگەن مۇشۇ ھەرپلەردىمۇ نۇرغۇن ساۋاب ۋە ئەجىرلەرنى بېكىتىپ بەرگەن.

قۇرئان كەرىم پاساھەت تەرەپتىنلا بىر مۆجىزە كىتابى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانىنىڭ ئەقلى يېتەلەيدىغان ھەر ساھەدە مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇرئاننى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ باققان ئادەم نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى تاپالايدۇ. مەسىلەن: پاساھەت بىلىدىغان كىشى قۇرئاندىكى پاساھەت ۋە ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىنى كۆرسە، تېبابەت ئوقۇغان كىشى تېبابەتكە ئالاقىدار مۆجىزىلەرنى كۆرىدۇ. شۇڭا ئارىمىزدىكى بىرسى ﴿الٓمٓ﴾نىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى بولسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن چۈشەنمەستىن، ئاللاھنىڭ مەقسىتى بويىچە چۈشىنىشى كېرەك. چۈنكى ئىنساننىڭ چۈشىنىشى ئۆگەنگەن نەرسىلىرىگە قارىتا بولغاچقا، بىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسى يەنە بىرىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

بىز «چوقۇم يۇقىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىسەك بولاتتى» دەپ زېھنىمىزنى چارچىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ھاياتتا بىر ئىنسانغا مۇھىم بولغان نەرسە يەنە بىرىگە مۇھىم بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن: بىز ئادەتتە ئىشلىتىدىغان مەخپىي نومۇرلار ھېچقانداق بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى بىز ئۇنىڭغا ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ئۇنلىغان سان ۋە ھەرپلەرنى قويىمىز. لېكىن مۇشۇ ھېچنەرسە ئىپادىلىمەيدىغان نومۇرلار بېكىتكەن ئادەم ئۈچۈن مەلۇم مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، باشقا كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆچۈن كېرەكسىز نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممىسىنى چىڭ تۇتۇپ مېڭىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز چۈشىنەلمىگەن ئورۇنلار ئاللاھ تائالا غەيب ھالەتتە قالدۇرۇشنى خالىغان ئورۇنلار بولۇشى مۇمكىن.

قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغاندا بەزى ئوخشاش سۆزنىڭمۇ ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى بەزى ئوخشاش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. مەسىلەن: ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ﴾ غا قارىساق، «ب» بىلەن «س» ئوتتۇرىسىدا «ئەلىف» يوق ھالەتتە يېزىلغان. لېكىن سۈرە «ئەلەق»تىكى ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾[1] دېگەن ئايەتتە «ب» بىلەن «س» ئوتتۇرىسىدا «ئەلىف» بار ھالەتتە يېزىلغان ۋە يەنە "تبارك" دېگەن سۆز بىر ئورۇندا «ئەلىف» بىلەن يېزىلسا، يەنە بىر ئورۇندا «ئەلىف» يوق ھالەتتە يېزىلىدۇ. قۇرئاننىڭ بۇ ھالەتتە كېلىشى بىزگە قۇرئاننىڭ تىلاۋەت قىلىنىشىنىڭلا مۆجىزە ئەمەس، بەلكى يېزىلىشىنىڭمۇ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى «ئۈزۈك ھەرپلەر»نىڭ ھېكمىتى ھەققىدە سورايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن دەيمىزكى: چۈشىنەيلى ياكى چۈشەنمەيلى، چوقۇم ھېكمىتى بار. قۇرئان كەرىم ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب مىللىتىگە چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىنمۇ، كاپىرمۇ بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى كاپىرلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندىن باھانە ۋە يوچۇق ئىزدەپ، قۇرئانغا قارشى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، ھازىرغا قەدەر بىرەرسىنىڭ شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئەگەر بىرەر يوچۇق بايقىغان بولسا،

[1] سۈرە ئەلەق، 1-ئايەت

كاپىرلار ئۇنى ھەرگىزمۇ بوش قويمىغان بولاتتى.

قۇرئاننى ئىبادەت ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار زېھنىنى قۇرئاننىڭ پۈتۈن مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن چارچىتىپ قويماسلىقى كېرەك. ئەمما قۇرئان كەرىمدىن بىرەر مەزمۇن ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار قۇرئاننىڭ مەزمۇنى ۋە مەنىسىنى ئويدان تەپەككۇر قىلىپ ئىزدەنسە، تىرىشچانلىقىغا يارىشا چۈشەنچە ئالالايدۇ. قالغان چۈشەنچىلەرنى بولسا باشقا كىشىلەر ئالىدۇ. چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ چەكلىك ئىلمى بىلەن قۇرئاندىن ھەممە چۈشەنچىنى تولۇق ئالالمايمىز. ئەگەر بىز «قۇرئان ئوقۇغان كىشى چوقۇم قۇرئاننىڭ مەنە-مەزمۇنلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ ئوقۇشى كېرەك» دەپ قارىساق، ئەرەب تىلى بىلمەيدىغان ۋە قۇرئاننى ئىبادەت ئۈچۈن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەپ قويغان بولىمىز. چۈنكى نۇرغۇن ئەجەم[1] مىللەتلىرى ئىچىدە ھەتتا ئەرەب تىلىدىن بىرەر سۆزنىڭمۇ مەنىسىنى بىلمەي تۇرۇپ، قۇرئاننى پۈتۈن يادقا ئېلىپ بولغانلىرى بار. بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بىلەن بولۇۋاتقاچقا، ھېچكىمنى «مەنىسىنى بىلمەيسەن» دەپ قۇرئان ئوقۇشتىن توسماسلىقىمىز كېرەك.

ئادەتتە قۇرئاندا بىز چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن نۇقتىلار بار. ھەتتا ئۆزىمىزدىن «ئاللاھ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى ۋە مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدىغان سۆزلەرنى چۈشۈرگەندۇ؟» دەپ سوراپ قالىمىز. بۇ ۋاقىتتا بىزگە تۆۋەندىكى ھېكمەت يېتەرلىك. يەنى، دىن دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىۋاتقان ئەمەلىي تارىختا بىز ھۆكۈم ۋە مەنىلىرىنى چۈشىنەلمەيۋاتقان مۇشۇ قۇرئان كەرىم ئاجايىپ بىر ئۈممەتنى تەربىيەلەپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېراتورلۇقىنى ۋەيران قىلغان. يەنە بۇ قۇرئان كەرىم تاغلاردا ياشايدىغان، ھاياتى بويىچە

[1] ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەجەم دەپ ئاتىلىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پادىچىلىق قىلىدىغان بىر مىللەتنى قەلەم ۋە ئەلەمدە يېتىشكەن كاتتا ئىلىم ساھىبلىرى قىلىپ يېتىشتۈردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى ئۆزىمىزنىڭ تاقىتى يەتكەن مىقداردا چۈشىنىپ، ئەمەل قىلىمىز. تاقىتىمىز يەتمىگەن ئورۇنلارنى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە ئامانەت قىلىمىز.

بىز قۇرئاندىكى بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىسەكمۇ، قۇرئاندىكى مۆجىزىلىك ئورۇنلار توگەپ قالمايدۇ. چۈنكى سۆز دېگەن سۆزلىگۈچىنىڭ خاس بىر سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزى بولغاچقا، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ چېكىگە يېتەلمەستىن، بەلكى ئازراق يېقىنلىشالايدۇ. سىز: «مەن قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولدۇم» دېگەن ۋاقتىڭىزدا، ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ مەنىسىنى ئۆزىڭىزنىڭ بىلىش دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ قويغان بولىسىز. شۇڭا ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ﴿الم﴾غا ئوخشاش ھەرپلەر ئىنساننى ئاجىز قىلىش ئۈچۈن، «مېنىڭ مەنىلىرىمنىمۇ بىلىپ باقىن» دېگەن مەقسەتتە كەلگەن. بۇ ئارقىلىق ئىنسان قۇرئاننىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن چەكلەپ قويالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇ بىر ئەقەللىي ھېكمەت بولۇپ، ﴿الم﴾دا يۇقىرىدىكىدىن باشقا نۇرغۇن ھېكمەتلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ چۈشىنىپ يېتەلىگىنىمىز ئاران مۇشۇنچىلىك.

سىز «نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەي ئوقۇساق نېمە پايدىسى بار؟» دەپ قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىنساننىڭ بەزى نەرسىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىكى ئۇنىڭدىن پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن: كۆپىنچە ئىنسانلار توك، تېلېۋىزور ۋە سۇنئىي ھەمراھ قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن پايدىلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى «چوقۇم قۇرئاندىكى مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىشىم كېرەك» دەپ ئىزدەنسە، ھەر كۈنى يېڭى نەرسىلەرنى بايقايدۇ. ھەتتا ئۆمرى قۇرئاندىكى يېڭىلىقلارنى بايقاشقا يەتمەسلىكى مۇمكىن. ئۆلىمالار بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى قىلىپ، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا چۈشەنچىلەرنى ئالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى: «مېنىڭ ئالغان چۈشەنچەم قۇرئاندىكى شۇ ھەرپلەرنىڭ دەل مەنىسى» دەپ كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ، بەلكى: «ئاللاھ تائالا ئۆز مەقسىتىنى ئوبدان بىلىدۇ، بىزنىڭ قۇرئاندىن ئالغىنىمىز مۇشۇنچىلىكلا» دېيەلەيدۇ. ئۆلىمالارنىڭ بەزىلىرى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ﴿الر﴾، ﴿حم﴾ ۋە ﴿ن﴾ قاتارلىقلارنى بىر يەرگە تىزىپ، ئاللاھنىڭ ﴿الرَّحْمَٰنِ﴾ ئىسمى شەكىللىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن بۇ قانائەتلەندۈرەرلىك جاۋاب ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردە «بۇ ئۈچىنى بىر يەرگە ئەكەلسەك ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى شەكىللىنىپتۇ، ئۇنداقتا قالغانلىرىنى قانداق چۈشىنىمىز؟» دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ.

نېمىشقا بىز بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇنچە كۈچەيمىز؟ ئوقۇپ ئەجرىنى ئېلىۋەرسەك بولمامدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەنىسىنى بىزگە بىلدۈرۈشنى خالىغان بولسا، قۇرئاندا ئوچۇق كەلتۈرەتتى ياكى بىرەر ئورۇندا ئۇلارنى ئىزاھلاپ كەلتۈرگەن بولاتتى. لېكىن ئاللاھ شۇ ھالەتتە قويۇپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئىزاھلىمىغان نەرسە ئۆز ھالىتىدە قېلىۋەرسۇن. يەنە بەزى ئۆلىمالار: «﴿الم﴾نىڭ مەنىسى ‹مەن ئاللاھ، ئاڭلايمەن ۋە كۆرىمەن› دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى. بىز بۇ ئالىملارغا: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىن سىلەر دېگەندەك مەنىنى مەقسەت قىلغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان شەكىلدە كەلتۈرمەستىن، ﴿الم﴾ دېگەن ئۈچ تال ھەرپكە كىرگۈزۈپ قويدى؟» دەيمىز. بۇ ھەرپلەردە مەنىسىنى چۈشىنەلمىسەكمۇ، ئوقۇپ پايدا-مەنپەئەت ئالىدىغان ئاللاھنىڭ سىرلىرىدىن بىر سىر بار. بۇ سىرنى تاپالىغانلار ئۆزىنىڭ تاقىتى بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاپسۇن، تاپالمىغانلار ئۇنى ئوقۇپ، ئوقۇغانلىقنىڭ ئەجرىنى ئالسۇن.

ئىنسانلىرىنىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈش دائىرىسى، قۇلىقىنىڭ ئاڭلاش دائىرىسى بولغىنىدەك، ئەقلىنىڭمۇ چەكلىمىسى بولىدۇ ۋە شۇ چەكلىك دائىرىدىكى ئىلىملەرنى سىغدۇرۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئىنسان قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، سۈرە بېشىدىكى ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى «ئىدراكىمىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىش» دەپ ئويلىسا بولىدۇ. بۇ خۇددى ئەتراپىمىزدىكى ئىشلارنىڭ بەزىسىنى چۈشىنىپ، بەزىسىنى چۈشىنەلمىگىنىمىزگە ئوخشايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك «قۇرئاندا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بار» دەپ، ئىنسانلارنى قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە قۇرئان ھەققىدە ئىجتىھات قىلىشتىن توسىغانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ ئاللاھنىڭ كالامى ئالدىدا، ئەقىل ۋە ئىدراكىمىزنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بولىدۇ. بىز ئىمان ئېيتقان نەرسىلەردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتىمىز. مەسىلەن: چوشقا گۆشى يېيىش ۋە ھاراق ئىچىشنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشاش ئىشلاردا، ئۇلارنىڭ ھېكمىتىنى بىلگەنگە قەدەر كۈتۈپ ئولتۇرماستىن ئىمان ئېيتىمىز.

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەققىدە: "ما عرفتم من محكمه فاعملوا به، وما لم تدركوا فآمنوا به"[1] «سىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئوچۇق ۋە روشەن بولغانلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، بىلمىگىنىڭلارغا بولسا ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿هُوَ الَّذِي أَنزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُّحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلَّا اللَّهُ وَالرَّاسِخُونَ فِي

[1] ئەبۇ سەئدىنىڭ «الطبقات الكبرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان

الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِّنْ عِندِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ» دېگەن. شۇڭا بىز قۇرئاندا كەلگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسەك ياكى چۈشەنمىسەكمۇ ئوقۇۋېرىپ، چۈشەنمىگەنلىرىنى ئاللاھقا قويىمىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ بىزگە شۇ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئايەتلەردىمۇ بېرىدىغان ئەجىر ۋە پايدا-مەنپەئەتلىرى بار.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 7-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 13-دەرس

## سۈرە بەقەرە 2-ئايەت

﴿ذَٰلِكَ الْكِتَابُ لَارَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾

### «بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر»

ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»نى ﴿الم﴾ دىن ئىبارەت مۆجىزىلىك ھەرپلەر بىلەن باشلىغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىمنى ﴿ذَٰلِكَ الْكِتَابُ﴾ «بۇ كىتاب» دەپ سۈپەتلەپ، جۈملىدىكى ئىگە ۋە خەۋەر ھەر ئىككىسىنى ئېنىق شەكىلدە قوللىنىپ، «مۇكەممەل ۋە ئاجايىپ كىتاب» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

ئاللاھ بۇ يەردە نېمىشقا «قۇرئان» دېمەستىن، «كىتاب» دەپ قوللاندى؟ «قۇرئان» پەقەت ئوقۇلىدۇ، ئەمما كىتاب ھەم ئوقۇلىدىغان ھەم يېزىپ ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ بۇ سۆزنىڭ بېشىدىلا «بۇ كىتاب» دېيىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ باشقا كىتابلاردىن پەرقلىق بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. قۇرئان ئاسمان-زېمىندىكى پۈتۈن ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب بولۇپ، ئاللاھنىڭ قۇرئانغا ئىشارەت قىلىپ «بۇ كىتاب» دېيىشى، قۇرئاننىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە قۇرئاننىڭ ئاسماندىن چۈشكەن ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى

تەكىتلەيدۇ.

تارىختىن بىرى ئادەم ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغىچە بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھنىڭ قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىتابلار چۈشكەن. قۇرئاندىن بۇرۇن چۈشكەن كىتاب ياكى رىساللەر مەلۇم زامان ياكى ماكانغا خاس بولۇپ چۈشكەن ئىدى. پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇئەييەن قەۋم ئىچىدە مۇئەييەن بىر زاماندا ئادا قىلغان. نۇھ، ئىبراھىم ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قاتارلىق بارچە پەيغەمبەرلەر مەلۇم ۋاقىتتا مەلۇم بىر قەۋمگە ۋەزىپىسىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئادا قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما قۇرئان دەل ئەكسىچە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىيامەتكىچە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ۋە ئەمەلدىن قالمايدىغان شەكىلدە چۈشۈرۈلدى. مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاللاھنىڭ قۇرئاننى «بۇ كىتاب» دەپ ئاتىشى بۇ نۇقتىلار سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردا پۈتۈن دۇنيانىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان، ئاخىرقى زاماندا كېلىدىغان بىر پەيغەمبەردىن بىشارەت بېرىلگەن. ئالدىن بېرىلگەن بۇ بىشارەتلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاللاھقا ئىشىنىدىغان ھەربىر كىشى بۇنىڭغا ئىشىنىشى لازىم. بۇ ھەقتە قۇرئاندا: ﴿الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنجِيلِ﴾[1]«ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ» دېيىلگەن.

[1] سۈرە ئەئراف، 157-ئايەت

uyghurkitap.com



قۇرئاننىڭ «كىتاب» دېيىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، قۇرئاننىڭ قەلبلەرگە ۋە سەھىپىلەرگە يېزىلىپ ساقلىنىپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئىنسانلارغا ئامانەت قىلغان. بۇ كىشىلەر ئامانەت قىلىنغان كىتابنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئۇنتۇپ، بەزى يەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بەزى يەرلىرىدە ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى قوشقان. لېكىن قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرىپىدىن ساقلانغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ دەلىلى: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾[1] «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» دېگەن ئايەتتۇر. بۇ ئايەت «ھېچقانداق كىشى بۇ كىتاب ھەققىدە شەك قىلمىسۇن، چۈنكى بۇ كىتابتىكى پۈتۈن مەزمۇن ئاللاھنىڭ قانۇنى بولۇپ، چۈشكەندىن تارتىپ قىيامەت كۈنىگىچە ئاللاھنىڭ قوغدىشى ئاستىدا بولىدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»نىڭ بېشىدىلا قۇرئاننى ﴿لَا رَيْبَ فِيهِ﴾ «ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر» دېدى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ﴿هُدًى لِلْمُتَّقِينَ﴾ «تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر» دېدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى، مەنە-مەزمۇنى، سۆزلەنگەن قىسسەلىرى ۋە تەۋرات-ئىنجىلدا تەستىقلىنىۋاتقان تۇغرا مەزمۇنلار، ئىنسانلار بىلەلمەيۋاتقان ۋە ھازىرمۇ تېگىگە يېتىپ بولالمايۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر بولغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر. قۇرئان مۆجىزىلىرى بارلىق ساھەدە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى بىر ساھەگىلا چەكلەپ قويغانلار خاتالاشقان بولىدۇ. قۇرئاننىڭ مۆجىزە بولۇشىدىكى سەۋەب باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغانلىقى، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكى، سۆزلەنگەن قىسسەلەرنى يالغان دېيەلمىگەنلىكى ۋە تەۋرات-ئىنجىلدىكى ئۆزگەرتىلگەن يەرلەرنى ئېچىپ

[1] سۈرە ھىجر، 9-ئايەت

تاشلىغىنىدا ھېچكىمنىڭ قارشى تۇرالمىغانلىقىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ «بۇ كىتابتا ھېچقانداق شەك يوق» دېگەنلىكى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنى ئېلان قىلغانلىقى بولىدۇ.

قۇرئان ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. ھېچقانداق كىشى قۇرئان ئايىتىگە ئوخشاش بىرەر ئايەت كەلتۈرەلمىگەن يەردە، قۇرئاندەك مۆجىزىلىك كىتابنى قانداقمۇ كەلتۈرەلىسۇن!؟ (ئەلۋەتتە كەلتۈرەلمەيدۇ).

قۇرئان كەرىم ھەرقانداق بىر كىتابتىن، ھەتتاكى ئىنساننىڭ ئىدراكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بۇ كىتاب بىزگە كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، ماڭىدىغان يوللىرىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئاننىڭ ھەر زامانغا خاس مۆجىزىسى بار. ئاللاھ تائالا قۇرئاننى سۈپەتلىگەن ﴿ذَٰلِكَ الْكِتَابُ﴾ «ئۇ كىتاب» دېگەن سۈپەت بۇ ئورۇندا ئىلگىرىكى كىتابلاردىن قۇرئاننى پەرقلەندۈرۈپ، باشقا نۇرغۇن مەنىلەرگە دىققىتىمىزنى تارتىپ، قۇرئان ئېلىپ كەلگەن ئاساسىي پىرىنسىپلارنى بىزگە بىلدۈرىدۇ. بۇ پىرىنسىپلارنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھنىڭ قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان، قاچان بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەك جاۋاب تاپالايدىغان مۇشۇنداق بىر كىتابنى چۈشۈرگەنلىكىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ كاتتا نېئمەت ۋە ئۇنىڭغا ھەمد ئېيتىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَنزَلَ عَلَىٰ عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُ عِوَجًا. قَيِّمًا لِّيُنذِرَ بَأْسًا شَدِيدًا مِّن لَّدُنْهُ وَيُبَشِّرَ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا حَسَنًا﴾[1] «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، (ئاللاھ ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئوبدان

[1] سۈرە كەھف، 1، 2-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد)گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قۇرئاندەك كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، رەھمەتكە تولغان، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىپ، ئۇنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن ۋە دوزاختىن ئەسكەرتىپ، ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىشنى كۆرسەتكەن بۇ كىتابنى چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەمد ئېيتىش كېرەكلىكىنى سۆزلەۋاتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەسكەرتمىگەن بولسا، ئۇلار خاتالىشىپ مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرمەس كىتابلىقىنى تەكىتلەپ: ﴿وَاتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِن كِتَابِ رَبِّكَ لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِهِ وَلَن تَجِدَ مِن دُونِهِ مُلْتَحَدًا﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغاننى ئوقۇغىن، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، سەن ھەرگىزمۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلتىجاگاھ تاپالمايسەن» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە قۇرئاننىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلارغا موھتاج بولمايدىغانلىقىنى، ھەر ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئەگەر خالىسا ئىنسانلارنى ئىبادەتكە مەجبۇرلىيالايدىغانلىقىنى، مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ھېچقانداق بىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿طسم. تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ الْمُبِينِ. لَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَّفْسَكَ أَلَّا يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ. إِن نَّشَأْ نُنَزِّلْ عَلَيْهِم مِّنَ السَّمَاءِ آيَةً فَظَلَّتْ أَعْنَاقُهُمْ لَهَا خَاضِعِينَ﴾[2] «طا، سىم، مىم. بۇ، روشەن كىتاب

[1] سۈرە كەھف، 27-ئايەت
[2] سۈرە شۇئەرا، 1~4-ئايەتلەر

(يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشىنى) خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن (ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان) بىر ئايەتنى (ئالامەتنى) نازىل قىلاتتۇق-دە، ئۇنىڭغا ئۇلار باش ئەگكەن بولاتتى» دېگەن. ئاللاھ تائالا بىزگە ئىختىيارلىق بېرىش بىلەنلا تاشلاپ قويماستىن، توغرا يولنى كۆرسىتىپ، خاتا يولدىن ياندىغان ئۆزگەرمەس قۇرئاننى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى ئاللاھنىڭ كاتتا رەھمىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى ھەربىر سۆزنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى قەسەم بىلەن بايان قىلىپ: ﴿فَلَا أُقْسِمُ بِمَوَاقِعِ النُّجُومِ. وَإِنَّهُ لَقَسَمٌ لَّوْ تَعْلَمُونَ عَظِيمٌ. إِنَّهُ لَقُرْآنٌ كَرِيمٌ. فِي كِتَابٍ مَّكْنُونٍ. لَّا يَمَسُّهُ إِلَّا الْمُطَهَّرُونَ. تَنزِيلٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ﴾[1] «يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»نىڭ بېشىدىلا " ذَٰلِكَ الْكِتَابُ" «ئۇ كىتاب» دېيىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق قۇرئاننى ئىنسانلارغا قانۇن قىلىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ شەك-شۈبھىسىز ئۆزىنىڭ كىتابى ئىكەنلىكى، ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن تەۋرات-ئىنجىلغا ئوخشاش بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 75~80-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شەكىلدە قىيامەتكە قەدەر ئاللاھنىڭ قانۇنى سۈپىتىدە قېلىشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سۆزلەۋاتىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئېلىپ كەلگەن تۈنجى ۋە ئاساسىي قىسمى يەككە-يېگانە ئاللاھنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇشتۇر.

ئاللاھ تائالا: ﴿الم. اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ. نَزَّلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنزَلَ التَّوْرَاةَ وَالْإِنجِيلَ﴾[1] «ئەلىف، لام، مىم. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (ئاللاھ) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ كىتابنىڭ بۇرۇنقى تەۋرات-ئىنجىلغا ئوخشاش ساماۋى كىتابلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. خۇلاسە قىلغان ۋاقتىمىزدا، قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن ھەقىقەتلەرنى ئايرىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدى. شۇ دەۋردىكى كىشىلەر تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۆزگە قانۇن ۋە يول قىلىۋاتقان بولغاچقا، قۇرئان كەرىم ئۇ كىتابلارنى بىر پۈتۈن ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپلا قويساق بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈش كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: ﴿المص. كِتَابٌ أُنزِلَ إِلَيْكَ فَلَا يَكُن فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِّنْهُ لِتُنذِرَ بِهِ وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾[2] «ئەلىف، لام، مىم، ساد. (ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 1~3-ئايەتلەر
[2] سۈرە ئەئراف، 1، 2-ئايەت

ئۆچۈن، مۇئمىنلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن» دېگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان خىتابى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئۈممەتكە قىلغان خىتابدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىتابنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىنغان بولغاچقا، بىزمۇ كىشىلەرگە يەتكۈزۈش تەكلىپىگە ئورتاق بولىمىز. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئاللاھنىڭ يولىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بۇ يولدىن يىراقلىشىپ كەتكەن. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز قۇرئاننى تاشلىۋەتمەستىن يەتكۈزۈشتۇر.

قۇرئاندا كاپىر ۋە باتىلغا قارشى نۇرغۇنلىغان پاكىت-دەلىللەر بار. ﴿الر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ الْحَكِيمِ. أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنْ أَوْحَيْنَا إِلَىٰ رَجُلٍ مِّنْهُمْ أَنْ أَنذِرِ النَّاسَ وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا أَنَّ لَهُمْ قَدَمَ صِدْقٍ عِندَ رَبِّهِمْ قَالَ الْكَافِرُونَ إِنَّ هَـٰذَا لَسَاحِرٌ مُّبِينٌ﴾[1] «ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەتلىك كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر، ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۇئمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھىي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كاپىرلار: بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر، دېدى».

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىككى ھەقىقەتنى ئېچىپ بەردى. بىرى «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ سىلەرگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىنسان ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى

[1] سۈرە يۇنۇس، 1، 2- ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇرۇنقى بەنى ئىسرائىل ئىچىدىن چىققان پەيغەمبەرلەرنى ئىنتىراپ قىلىپ، نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمايسىلەر؟» دېگەن ھەقىقەت. ئىككىنچىسى بولسا، قۇرئاننىڭ ئىنسانلار قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ بۇ ھەرپلەرنى قوللىنىپ، قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىدۇر.

قۇرئان - ئايەتلىرى روشەن ۋە ھۆكۈملىرى ئېنىق بېكىتىلگەن بىر كىتابتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿الر كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِن لَّدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ. أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنَّنِي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ﴾[1] «ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسەلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر. (ئېيتقىنكى): سىلەر پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، (كاپىر بولساڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، (ئىمان ئېيتساڭلار ئاللاھنىڭ ساۋابى بىلەن سىلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن» دېگەن. قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئايەتلەر "ذَٰلِكَ الْكِتَابُ" «بۇ كىتاب» نى چۈشەندۈرۈپ، قۇرئاننىڭ ھېكمەتلىك ۋە ھەممىدىن خەۋەردار زات ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەنلىكى، ھەر ئايىتىدە ئىنسان ۋە جىنلارغا كاتتا مۆجىزە بارلىقى ھەققىدە توختالغان.

قۇرئاندا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەسى تىلغا ئېلىنغان. ﴿الر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ الْمُبِينِ. إِنَّا أَنزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لَّعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ. نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ أَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ هَٰذَا الْقُرْآنَ وَإِن كُنتَ مِن قَبْلِهِ

[1] سۈرە ھۇد، 1، 2- ئايەت

لَمِنَ الْغَافِلِينَ﴾[1] «ئەلىف، لام، را. بۇ روشەن كىتاب ئايەتلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق. بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسەنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسەدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ» دېگەن بۇ ئايەتتىن قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى قىسسەلەرنى، جۈملىدىن پەيغەمبەرلەر قىسسەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قۇرئاننىڭ قىسسەلىرى ھەرۋاقىت تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى، بۇرۇنقى ئۈممەتلەردە يۈز بەرگەن ئىشلار ھېلىھەممۇ، كەلگۈسىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋن ھەرقانداق زاماندىكى تاغۇت ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى. قارۇن بولسا ئاللاھنىڭ شۇنچە كاتتا نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاسىي بولغانلارنىڭ مىسالى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان قىسسەسى بولسا قېرىندىشىغا ئاداۋەت تۇتۇپ سۇيىقەست قىلغان قېرىنداشلارنىڭ مىسالى. ئەسھابۇل كەھفنىڭ قىسسەسى بولسا، ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە رەھمەت قىلغان ياشلارنىڭ مىسالى. (ئەمما قۇرئاندىكى بىر قىسسە دۇنيادا تەكرارلانمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام قىسسەسى. ئۇ قىسسە ھەقىقەتنى ۋە مۆجىزىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلەنگەن). ئاللاھنىڭ بۇ قىسسەلەرنى سۆزلەپ بېرىشى پىرئەۋن ۋە نەمرۇتلارنىڭ ھەر زاماندا چىقىدىغانلىقى ۋە بىزنىڭ ئۇلارغا قارشى مۇسا ۋە ئىبراھىم بولۇشىمىز كېرەكلىكى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك ھازىرقى دەۋردىكى ياشلارنىڭ ئىچىدىمۇ «ئەسھابۇل كەھف» ۋەقەلىكىدىكى ياشلاردەك ئۆزىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ئوت يۈرەك ياشلار مەۋجۇت.

[1] سۈرە يۈسۈف، 1، 3-ئايەت

قۇرئان يەنە كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە دىققىتىمىزنى تارتىپ: ﴿المر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ وَالَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ الْحَقُّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ. اللَّهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا ثُمَّ اسْتَوَىٰ عَلَى الْعَرْشِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُّسَمًّى يُدَبِّرُ الْأَمْرَ يُفَصِّلُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُم بِلِقَاءِ رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ﴾[1] «ئەلىف، لام، مىم، را. بۇ، كىتاب (يەنى قۇرئان)نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ، ئاللاھ (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلي بايان قىلىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ۋە مۆجىزىسىنى بايان قىلىپ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتقانلىقى، قۇياش ۋە ئاينى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلاندۇرغانلىقىنى سۆزلىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرى بولۇپ، بۇ ئايەت بۇلارنى سۆزلەش ئارقىلىق بىزنى ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر ئىنسانلار بۇ ھەقتە ئويلانغان بولسا، ئاللاھنىڭ روشەن پاكىتلىرىنى كۆرگەن ۋە ئاللاھقا ئىشەنگەن بولاتتى.

ئاللاھ تائالا قۇرئاننىڭ ئىنسانلارغا رەھمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿الر كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِ

---

[1] سۈرە رەئد، 1، 2-ئايەت

رَبِّهِمْ إِلَىٰ صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ. اللَّهِ الَّذِي لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَوَيْلٌ لِّلْكَافِرِينَ مِنْ عَذَابٍ شَدِيدٍ﴾[1] «ئەلىف. لام. را. (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيەلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، قاتتىق ئازابتىن كاپىرلارغا ۋاي!» دېگەن. قۇرئاننىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىنسانلارنى كۇپرىنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەتلىرىدىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىشتۇر. ھەرقانداق كاپىر ياكى مۇشرىكنى قاراڭغۇ زۇلمەت قورشاپ تۇرغان بولۇپ، روشەن پاكىتلار تۇرسىمۇ كۆرمەيدۇ. ئاخىرەتنىڭ بارلىقىنى ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كۇپرىنىڭ زۇلمىتىدىن يىراقلىشىپ ئىمان نۇرىنى كۆرگەن بولسا ئاخىرەتكە ئىشەنگەن، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە تەلپۈنگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشقان بولاتتى. قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ ئىمان نۇرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىردىنبىر يول بۇ كىتابتۇر. چۈنكى قۇرئاننى ئوقۇغان كىشى قاراڭغۇلۇق ۋە ئىماننىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە قۇرئان ئۇ كىشىنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ھاياتتىن باشقا غېمى بولمىغان كىشىلەرنىڭ يەپ-ئىچىدىغان ھايۋانغا ئوخشايدىغانلىقىنى، بەلكى ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى ھايۋانلارمۇ دۇنيادىكى خىزمەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ. ئەمما بۇلار دۇنيادىكى ئىبادەت ۋە ئىتائەتتىن ئىبارەت قۇلچىلىق مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿الر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ وَقُرْآنٍ مُّبِينٍ. رُّبَمَا يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ كَانُوا

[1] سۈرە ئىبراھىم، 1، 2-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مُسْلِمِينَ. ذَرْهُمْ يَأْكُلُوا وَيَتَمَتَّعُوا وَيُلْهِهِمُ الْأَمَلُ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ﴾[1] «ئەلىف، لام، را. بۇ، كىتابنىڭ - روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق قۇرئان يولىنىڭ بىر كىشىنىڭ ئارزۇسى بىلەن بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا قۇرئاننى تەتبىقلاش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ھاياتىي دۇنيادا يەپ-ئىچىپلا ئۆتىدىغان كىشىلەر «نېئمەت پەقەت ھاياتىي دۇنيادا بولىدۇ» دېگەن قۇرۇق ئارزۇغا باغلىنىپ قالغان. ھالبۇكى ئۇ كىشىلەر پات يېقىندا ھەقىقەتنى بىلىدۇ.

سەپەرگە چىققان كىشى باشقىلارغا سەپەر جەريانىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە، بەلكىم بەزىلىرى ئىشىنىپ، بەزىلىرى ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئىشەنگەن كىشىلەر تەدبىر ئېلىش ئارقىلىق يولدىكى خېيىمخەتەرلەردىن ئامان قالغان بولسا، بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن بولىدۇ. ئىشەنمىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بالا-قازاغا ئۇچرىسا ھەقلىق بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە شۇ يولدىكى خېيىمخەتەرلەرنى ئەسكەرتىش قۇرئاننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا قۇرئان بىزنىڭ ھاياتلىق ۋە نىجاتلىق يولىمىز ھېسابلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىدا «بۇ كىتاب» دېگەن سۆزنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئەقىدە مەسىلىسىنى يۇكسەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز. بۇ ئەقىدە

[1] سۈرە ھىجر، 1~3-ئايەتلەر

بولسىمۇ «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن ئەقىدىدۇر. كىشىلەر بۇ كىتاب بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن نۇرانىلىككە چىقىپ، ياخشى ئەمەل قىلغانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نېئمەتنىڭ بارلىقىنى، گۇناھكار ۋە كاپىرلار ئۈچۈن جەھەننەمنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. «بۇ كىتاب» دېگەن سۆز يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پۈتۈن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزگەرمەستىن ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ داۋام قىلىدۇ. شۇڭا "ذَٰلِكَ الْكِتَابُ" دېگەن بۇ كەلىمىنى «ئاجايىپ كىتاب»، «قالتىس كىتاب» ياكى «مۇكەممەل كىتاب» دېگەندەك تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

"ذَٰلِكَ" ئەسلى بىر سۆز بولماستىن، بەلكى ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئايرىم-ئايرىم مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. «ذَٰ» كۆرسىتىش ئالمىشى، «لِ» يىراقلىقنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، قۇرئاننىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. «كَ» كىشىلەرگە قىلىنىۋاتقان خىتاب بولۇپ، قۇرئاننىڭ ۋەزىپىسىنىڭ قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن كىشىلەرگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

سۈرە «بەقەرە»نىڭ ئىككىنچى ئايىتىنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلۇش شەكلى بار. بىرىنچىسى، ﴿الم. ذَٰلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ فِيهِ﴾ دەپ توختاپ ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ﴿هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ نى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش. ئىككىنچىسى، ﴿الم. ذَٰلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ﴾ دەپ توختىۋېتىپ، ﴿فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ دەپ داۋاملاشتۇرۇش. ھەر ئىككى خىل شەكىلدە "لَا رَيْبَ" كەلىمىسىنىڭ مەنىسى «قۇرئاننىڭ قۇدرەتلىك ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە ھېچقانداق شەك يوقلۇقى» بولىدۇ. ھەتتا بۇ ئورۇندىن دىننىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپىنى ئېلىپ، قۇرئاننىڭ ھايات دەستۇرى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «بۇ كىتابتا ھېچقانداق شەك يوقتۇر» دەپ بولغاندىن كېيىن، «بۇ كىتاب تەقۋادارلارغا ھىدايەتتۇر» دېدى. ئەمىسە «ھىدايەت» دېگەن نېمە؟ تەقۋادارلار كىملەر كۆرسىتىدۇ؟

«ھىدايەت» ئەرەب تىلىدا ئارزۇ قىلغان يەرگە باشلاپ ئاپىرىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، بازارغا بارماقچى بولساق، بىرىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى، ماشىنىدىكى ئورۇن بەلگىلەش ئۈسكۈنىسى ياكى يوللاردىكى ئىشارەت تاختىلىرى قاتارلىق بىز بارىدىغان ياكى مەقسەت قىلغان نىشانغا باشلىغۇچى «ھىدايەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىدايەت - باشلىغۇچى، ماڭغۇچى ۋە بارىدىغان مەنزىل قاتارلىقلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نىشان بولمىسا، ھىدايەت رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. چۈنكى بارىدىغان نىشان ياكى مەنزىل بولمىسا، بىرىشقا ياكى باشلاپ قويۇشقا ئېھتىياج بولمايدۇ. ئەڭ ئاۋۋال بارىدىغان نىشان ئېنىق بولۇشى، نىشان ئېنىق بولغاندىن كېيىن نىشانغا باشلىغۇچى بولۇشى كېرەك. ھىدايەتنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى ھىدايەتنىڭ باشلايدىغان نىشانىنى چۈشىنىش كېرەك. «قانداق بارىمەن؟» دېيىشتىن بۇرۇن «قەيەرگە بارىمەن؟» دېيىش، قەيەرگە بارىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن «كىم، قانداق باشلايدۇ؟» بۇ ھەقتە ئىزدىنىش لازىم بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ رېئاللىقىغا قاراپ باقساق، ھېچقانداق كىشىنىڭ بىلىمسىز، نادان كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىغانلىقىنى ئۇچرىتالمايمىز. مەسلىھەت بەرگۈچى چوقۇم ئىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇشى، ھاياتتىكى نىشان بەلگىلەپ بەرگۈچىمۇ چوقۇم كىشىلەر ئىلىمگە قايىل بولىدىغان ئىلىملىك بىرى بولۇشى كېرەك. يولغا باشلىغۇچى بارماقچى بولغان نىشاننى ياخشى بىلىشى ۋە شۇ نىشانغا بىزنى ئەڭ قىسقا يول بىلەن باشلىيالىشى كېرەك. بىر يەرگە بېرىشنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ئالدىن تەييارلىق قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۆي سالماقچى بولغان كىشى سېلىشتىن بۇرۇن

ئۆيىنىڭ خەرىتىسىنى سىزدۇردۇ. ئەگەر خەرىتە سىزغان ئىنژېنېر ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياخشى سىزالماي قالسا، باشقا بىر ئىنژېنېرغا سىزدۇرۇپ، كەم قالغان ياكى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. خەرىتە پۈتۈپ ئۆي سېلىشقا چۈشكەن ۋاقىتتا ئىنژېنېر تەلەپ قىلغان بەزى ماتېرىياللار تېپىلماي قالسا، ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەممىنى تەل قىلىپ ئۆينىڭ ھۇلىنى پۈتتۈرسە، شەھەر باشقۇرۇشتىن كېلىپ نۇرغۇن باھانىلەر بىلەن قۇرۇلۇشنى توختىتىپ قويسا، شۇلار تەلەپ قىلغاندەك ئۆزگەرتىشكە ۋە كەم قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۆينى پۈتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. مانا بۇ ھاياتلىقتىكى كىشىلەرنىڭ مىسالى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە ياشاش شەكلى قايتا تۈزىتىپ ئۆزگەرتىش ئىچىدە داۋاملىشىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بىلىمى ۋە ئىمكانىيىتى چەكلىك بولغاچقا، ئارزۇسى ۋە كۆڭلىدىكى ئىش قەتئىي بولماسلىقى، بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزى تەلەپ قىلغاندەك مۇكەممەل بولماسلىقى مۇمكىن. دۇنيادا ھېچقانداق كىشى: «مەن بۇ ئىشنى مۇنداق قىلالايمەن» دەپ كېسىپ ئېيتالمايدۇ. شۇنىڭدەك بىزمۇ بارىدىغان نىشان ۋە يولىمىزنى ئىنسانلارغا تاشلاپ بەرسەك مەقسىتىمىزگە يېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ھايات خەرىتىمىزنى سىزىش ئۈچۈن مۇكەممەل ئىلىمگە، مۇكەممەل بولغان بىلىم ئىگىسى ۋە بىزگە ياردەم قىلالايدىغان بىرىگە ئېھتىياجىمىز بار. بىزلا ئەمەس، پۈتكۈل كائىنات بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق. چۈنكى ئارزۇيىمىزنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن، كائىناتمۇ بىزگە ماسلىششى كېرەك. ئۇنداقتا كۈچ-قۇدرەت ساھىبى بولغان، ھەممىنى بىلىدىغان، بىز ئىشەنچ قىلىدىغان زات زادى كىمۇ؟!

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تائالا: ﴿قُلْ إِنَّ هُدَى اللَّهِ هُوَ الْهُدَىٰ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرمەس ۋە توغرا بىر يولغا ئېھتىياجى بارلىقى، بۇ يول ئاللاھنىڭ يولى ئىكەنلىكى ۋە بەندىلەرنىڭ بۇ يولدا مېڭىشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن يول ۋە قانۇنلارنى شۇنچە مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىپ باقسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگەرتىشكە موھتاج بولىدۇ. ئۆزىنى قۇدرەتلىك ۋە سىياسەت تۈزۈشكە ئەڭ ماھىر دەپ قارايدىغان دۆلەتلەرگە قارىساقمۇ، ھەر بەش-ئون يىلدا بىر قېتىم قانۇن-سىياسەتلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزىۋاتقانلىقىنى، ھەر يېڭى مەسىلە چىقسا، شۇنىڭغا قارىتا يېڭىدىن قانۇن تۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان قانۇن ۋە يوللارنىڭ باشقىلارغا ماس كېلىشى ناتايىن. لېكىن ئاللاھنىڭ قانۇنى ئۆز مەنپەئەتىنى ئاساس قىلمىغان بولۇپ، بەندىلەر مەيلى ئىبادەت قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئاللاھقا ھېچ پايدا-زىيان يەتمەيدۇ. ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن نىشانغا قاراپ، شۇ يولدا ماڭغان ۋاقتىمىزدا، تەكرار ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھايات بىئارامچىلىقىدىن ساقلىنىپ، خاتىرجەم ۋە بەختلىك ياشىيالايمىز.

ئاللاھ ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەتكە يېتىدىغان ئەڭ قىسقا يولنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ يولدا ماڭمىغانلار ئۆزىگە زىيان سېلىشتىن باشقىنى قىلمايدۇ. يېقىنقى زامانغا قاراپ باقساقمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يېرىمىنىڭ زۇلۇم، يوقسۇزلۇق ۋە جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۆلگەنلەر سانىنىڭ ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە ماڭغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىنسانلار قۇرئان پرىنسىپى بويىچە ماڭغان ۋاقتىتا، بۇنچە كۆپ قان تۆكۈلۈش ۋە زۇلۇم بولمىغان بولاتتى. نىشانى ئاللاھ بەلگىلەپ، يېتىدىغان يولنى ئاللاھ

[1] سۈرە بەقەرە، 120-ئايەت

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن يولدا مېڭىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ﴿هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ «تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر» دېدى. بىز تۆۋەندە ﴿لِّلْمُتَّقِينَ﴾ «تەقۋادارلار» ھەققىدە چۈشەنچە بېرىمىز. "مُتَّقِينَ" نىڭ ئەسلىسى "متق"، بۇنىڭمۇ ئەسلىسى "وقاية" بولۇپ، «ساقلىنىش، يىراق قېچىش» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾[1] «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار» دېگەن.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ ئىككى خىل شەكىلدە تەقۋالىققا بۇيرۇغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بىرى "اتقوا اللهَ" «ئاللاھتىن قورقۇڭلار»، يەنە بىرى "اتقوا النار" «جەھەننەمدىن قورقۇڭلار». بۇ يەردە كاپىرلار ئازابلىنىدىغان جەھەننەم بىلەن ئاللاھنىڭ ئىسمى نېمىشقا ئوخشاش ئورۇندا كېلىپ قالىدۇ؟ "اتقوا" نى بىز ئالدىدا «ساقلىنىش، يىراق بولۇش» دېگەندەك تەرجىمە قىلغان ئىدۇق. بۇ خىل شەكىلدە تەرجىمە قىلغان ۋاقتىمىزدا، «جەھەننەمدىنمۇ ساقلىنىشىمىز كېرەك، لېكىن ئاللاھتىنمۇ ساقلىنامدۇق؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئال كېلىپ چىقىدۇ. "اتقوا النار" «جەھەننەمدىن ساقلىنىڭلار»، بولسا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن ساقلىنىپ، جەھەننەمگە كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ قەھر ۋە گۈزەللىك سۈپەتلىرى بولۇپ، قەھر سۈپەتلىرى قاتارىدىن «قەھر قىلغۇچى»، «غەزەپ قىلغۇچى» ۋە «ئىنتىقام ئالغۇچى» قاتارلىق سۈپەتلىرى بار. جەھەننەممۇ ئاللاھنىڭ قەھر سۈپىتىگە

[1] سۈرە تەھرىم، 6-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ جازاسى ۋە غەزىپىدۇر. شۇڭا جەھەننەمدىن ساقلانماقچى بولغان كىشى ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلىرىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئاللاھنىڭ قەھر سۈپىتىنىڭ دەھشىتى بەلكىم جەھەننەمدىنمۇ قاتتىق بولۇشى مۇمكىن. "اتقوا الله" «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئايەتنى «ساقلىنىڭلار» دەپ چۈشەنگەن ۋاقىتتا، ئىنسان ئاڭلىسىمۇ تېنى شۈركىنىدىغان دەرىجىدىكى ئاللاھنىڭ قەھر سۈپەتلىرىدىن ساقلىنىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن قورقمايمىز، بەلكى ئاللاھنىڭ قەھر سۈپەتلىرىدىن قورقىمىز. ئاللاھنىڭ قەھر قىلىشى، ئىنتىقام ئېلىشى ۋە غەزەپ قىلىشىدىن قورقىمىز. "اتقوا الله" «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» ۋە "اتقوا النار" «جەھەننەمدىن قورقۇڭلار» دېگەن بۇ ئايەتلەر ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ: "اذا كانت اخر ليلة من رمضان تجلى الجبار بالمغفرة" «رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، قەھر قىلغۇچى ئاللاھ تائالا مەغپىرىتىنى نامايەن قىلىدۇ» دېگەن. يەنى بۇ، رامىزاندا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپىتىدىن گۈزەل سۈپەتلىرى ئېشىپ، جازالاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. "الجبار بالمغفرة" ئاللاھنىڭ «قەھرى قىلغۇچى» دېگەن سۈپىتى بىلەن «مەغپىرەت» كەلىمىسى بىرلىكتە كەلگەندە، گۇناھكار بەندە ئاللاھنىڭ «قەھر قىلغۇچى» دېگەن سۈپىتىنى ئاڭلاپ، گۇناھى تۈپەيلىدىن غال-غال تىترەپ تۇرغىنىدا، مەغپىرەت كەلىمىسى دېيىلسە، «ئاللاھ قەھر قىلىدىغان يەردە مەغپىرەت قىلدى» دەپ ئىنتايىن خۇرسەن بولىدۇ.

جەھەننەم بۇيرۇغۇچى ئەمەس، بۇيرۇلغۇچى. شۇڭا جەھەننەمدىن ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى بىلەن پاناھ تىلەش كېرەك. تەقۋادار كىشىلەر

ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى بىلەن جەھەننەمدىن پاناھ تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان ھەققىدە سۆزلەپ: ﴿هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ «تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر» دېگەنلىكى ھىدايەتنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ «يولۇڭنى ۋە نىشانىڭنى ئۆزۈڭ تاپقىن» دېمەستىن، بىزنى ھىدايەت يولىغا باشلىغانلىقى ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتىدۇر. چۈنكى ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىزگە تاشلاپ قويمىدى، ئۆزىمىزگە تاشلاپ قويغان بولسا، بىلىمسىز ۋە تەجرىبىسىزلىكىمىز تۈپەيلى ئاسانلا خاتالىشىپ قالغان بولاتتۇق. ئاللاھ بىزگە رەھمەت قىلىپ ئازغۇنلۇقتىن ساقلىدى ۋە نىشاننى بەلگىلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، نىشانغا يېتىدىغان يولنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھىدايەتنى (توغرا يولنى) كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ بولسىمۇ كۆرسىتىپ قويۇش ھىدايىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا پۈتۈن خەلقنى ئۆزىنىڭ تائىتى ۋە جەننەتكە بارىدىغان يولغا باشلاپ قويدى. بىز ئالدىنقى دەرسلەردە ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يارىتىپ، ھىدايەت يولىدا مېڭىش-ماڭماسلىق ئىختىيارىنى بەرگەنلىكىنى دېگەن ئىدۇق. بۇ ئايەتتىكى «تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر» دېگىنى ئاللاھنىڭ ھىدايەت يولىنى تاللاپ ماڭغانلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلاپ قويىدۇ. خالىغانلار ھىدايەت يولىدا ماڭسا، خالىمىغانلار ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا: ﴿وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَىٰ عَلَى الْهُدَىٰ فَأَخَذَتْهُمْ صَاعِقَةُ الْعَذَابِ الْهُونِ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾[1] «سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 17-ئايەت

www.uyghurkitap.com



قىلىدى» دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا سەمۇد قەۋمىنى ھىدايەتكە باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئازغۇنلۇقنى تاللىدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھىدايەتكە باشلاپ قويىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئاللاھ ھىدايەت يولىدا ماڭغانلارغا ھىدايەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. بىز بۇنى ئاللاھنىڭ ياردەم ھىدايىتى دەيمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ﴾[1] «ھىدايەت تاپقانلارنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا كۆرسىتىپ بەرگەن ھىدايەت يولىدا ماڭساق، ئاللاھ بۇ يولدا تېخىمۇ راۋان مېڭىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ. بۇ خىل ياردەم ھىدايىتى ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ئاللاھنىڭ ھىدايەت يولىدا ماڭغان كىشىلەرگە خاستۇر. كۆرسىتىلگەن يولدا ماڭمىغان كىشىلەرگە ھىدايەت ئاسانلاشتۇرۇلمايدۇ ياكى باشقا بىر يول كۆرسىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: ھاياتىمىزدا ئىككى كىشى بىزدىن مەسلىھەت سورىسا ۋە بەرگەن مەسلىھەتىمىزنى بىرى قوبۇل قىلىپ، يەنە بىرى قوبۇل قىلمىسا، بىزمۇ ئەلۋەتتە مەسلىھەتىمىزنى قوبۇل قىلغان كىشىگە ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە ياردىمى دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، باشلىغان يولدا ماڭغانلارغا ياردەم قىلىپ، ماڭمىغانلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويىدۇ.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾[2] «شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگە ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ»

[1] سۈرە مۇھەممەد، 17-ئايەت
[2] سۈرە قەسەس، 56-ئايەت

دېگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلالمايدىغانلىقىنى دېگەن بولسا، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾[1] «شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن» دەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىدايەتكە باشلايدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. بۇ ئايەتنى ئوقۇغان كىشى ئىككى ئايەتتىكى مەقسەتنىڭ ئىككى خىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

بۇ ئىككى مەقسەتنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، قۇرئاندىكى تۆۋەندىكى ئايەتنى تەھلىل قىلىپ باقايلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى كۈنىدە مۇشرىكلارغا بىر ئوچۇم توپا ئاتقانلىقى قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ رَمَىٰ﴾[2] «(ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلىيەتتە ئاللاھ ئاتتى» دېيىلگەن. «توپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقان تۇرسا، بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟» دېگەندە، بۇ ئايەتتىمۇ مەقسەت باشقا ئىدى. يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتتى، بىراق قۇرەيشنىڭ ھەربىر ئەسكىرىگە يەتكۈزگىنى ئاللاھتۇر. «ئاتتىڭ» دېگەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيشكە قارىتىپ ئاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا، «ئاتمىدىڭ» دېگەندىن ئەسكەرگە تەككۈزگىنى ۋە مۇشرىكلارغا زىيان يەتكۈزگۈچىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقان بىر سىقىم شېغىل توپا قۇرەيشنىڭ مىڭدەك ئەسكىرىگە يەتمەيدۇ، ئۇلارنى يەتكۈزگىنى پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾[3] «شەك-شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن» دېگەنلىكى «سەن پەقەت توغرا

---

[1] سۈرە شۇرا، 52-ئايەت
[2] سۈرە ئەنفال، 17-ئايەت
[3] سۈرە شۇرا، 52-ئايەت

يولنى كۆرسىتىپ قويىسەن» دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىش ۋە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق توغرا يولنى كۆرسىتىپ قوياالايدۇ. ئەمما: ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئىستىسەڭمۇ، ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن ئايەتتە مەقسەت قىلىنغىنى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىدايەتنى قەلبكە يەتكۈزەلمەيدۇ، ھىدايەتنى قەلبكە يەتكۈزىدىغىنى ئاللاھتۇر. شۇڭا ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە ھەقىقىي ھىدايەتنىڭ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشىشنى خالىغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ.

[1] سۈرە قەسەس، 56-ئايەت

# 14-دەرس

## سۈرە بەقەرە 3-ئايەت

﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾

### «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ. ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ»

ئاللاھ تائالا تىلغا ئالغان قۇرئان ھىدايەت قىلىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ تۇنجى سۈپىتى: ﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ﴾ «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ» دېگەن سۈپەتتۇر. ئاللاھ بۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان تۇنجى بولۇپ ھىدايەتكە ئېرىشىدىغان، جەھەننەم ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىدىغان تەقۋادارلار ئىشىنىدىغان «غەيب» دېگەن نېمە؟

ئىنساننىڭ ھېس-تۇيغۇسى بىلەلمەيدىغان بارلىق ئىشلار غەيبتۇر. كۆرەلەيدىغان ۋە تۇتالايدىغان نەرسىلەرنى ھېچكىم غەيب دېمەيدۇ. شۇڭا ئاسماننىڭ كۆپكۆك، سۇنىڭ سۈزۈك ۋە گۈللەرنىڭ ھەرخىل رەڭدە ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ئىشلار غەيب ھېسابلانمايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ "ليس مع العين أين" «كۆز كۆرگەنگە قەيەردە دېيىلمەس» دەيدىغان بىر ماقال-تەمسىلى بار. يەنى، كۆز كۆرىدىغان نەرسىنى سوراش ھاجەتسىز. ئىنسان كۆزى كۆرىدىغان نەرسىگە دەلىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. لېكىن غەيبنى ئىنساننىڭ كۆزى كۆرەلمەيدۇ، ھېس-تۇيغۇلىرى ھېس قىلالمايدۇ.

ئىنساننىڭ بەش خىل سەزگۈسى بولۇپ، ئۇلار كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش ۋە تېگىشتىن ئىبارەت. ئىنسان بۇ بەش تۈرلۈك ئىقتىدار بىلەن ئۇچۇر قوبۇل قىلىدۇ. غەيب دېگەن مۇشۇ بەش تۈرلۈك ئىقتىدارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن بىلىنمەيدىغان نەرسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ-كىچىكلىكى، ھەجمى ۋە شەكلى ئوخشاش ئىككى سومكا بار دەپ پەرەز قىلساق، قاراپ ياكى تۇتۇپ بېقىپ بۇ سومكىلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. يەنى، بەش تۈرلۈك ئىقتىدار بىلەن بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. قايسىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم سومكىلارنى كۆتۈرۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆتۈرۈپ بېقىپ، «بۇ ئۇنىڭدىن ئېغىركەن» دېگەن ۋاقتىمىزدا بۇنى قانداق بىلگەن بولىمىز؟ مۇسكۇللىرىمىزنىڭ بىرىنىڭ بەكرەك كۈچەپ، يەنە بىرىنىڭ بوشراق كۈچىگەنلىك تۇيغۇسىغا قاراپ بىلىمىز.

قورسىقىمىزنىڭ ئاچقانلىقىنى ۋە چاڭقىغانلىقىمىزنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بەش تۈرلۈك ئىقتىدار بىلەن بىلەلمەيمىز. ئۇيقۇمىز كەلگەنلىكىنى مۈگدەك تۇتۇشى بىلەن بىلسەك، ئۇيقۇمىزنىڭ قانغانلىقىنى ئويغىنىش بىلەن بىلىمىز. ئىنساننىڭ بەش خىل سەزگۈسىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان بىلىش ۋە ئىدراك قىلىش تۇيغۇسى بولىدۇ. ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچكىم بۇ تۇيغۇ ۋە ئىدراكلارنىڭ قەيەردىن كېلىپ، قانداق ھاسىل بولغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.

ئالىملار ئىنسان روھىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىسىمۇ، ئەمما چۈشەندۈرەلمىدى. چۈنكى ئىنسان ئۆزى بىلەلمەيدىغان نەرسىنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەلىسۇن؟ ھەرقانچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئىنساننىڭ چۈشىنىدىغىنى روھنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى خالاس. لېكىن ئىنساننىڭ ئىچكى

دۇنياسىدا چۈشىنىش مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن تەرەپلەر بار. يۇقىرىدا دېيىلگەن بەش تۈرلۈك سەزگۈ ياكى تۇيغۇلار ئارقىلىق بىلگەن ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى غەيب ھېسابلانمايدۇ. بىر ئوقۇغۇچىغا ماتېماتىكىلىق بىر تاپشۇرۇق بېرىلگەن بولسا، ئوقۇغۇچى ئۇنى ھەل قىلىپ ئىشلەپ كەلسە، «غەيبنى بىلىدۇ» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بىر قانۇنىيەت بار بولۇپ، شۇنى ئىگىلەش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

غەيب دېگەن سەۋەبى ۋە قانۇنىيىتى بولمىغان ھەم تېگىگە يېتىش مۇمكىن بولمىغان ئىشلاردۇر. ھاۋارايى ئىستانسىسى «ئەتە يامغۇر ياغىدۇ» دەپ ئېلان قىلغان بولسا، غەيبنى بىلگەن بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇنقى سەۋەب-قانۇنىيەتكە ۋە ھاۋارايىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ تۇرۇپ ئېلان قىلىدۇ. سېھىرگەر ياكى جىنكەشتىن بىرەرسى ئوغرىلانغان نەرسە پالانى يەردە ياكى پالانىنىڭ يېنىدا دېسە، بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولغان بولىدۇ، ھەرگىز غەيبنى بىلگەن بولمايدۇ. چۈنكى غەيبنى ھەرقانداق بىر ئىنسان بىلمەيدۇ، ئىنسان بىلگەن نەرسە غەيب بولمايدۇ. ئوغرىلىغان نەرسىنى قەيەرگە ئاپىرىپ، كىمگە ساتقانلىقىنى ئوغرى ئۆزىلا بىلىدۇ. ساقچىلارمۇ يىپ ئۇچىغا ۋە بەزى گۇمانلىق نۇقتىلارغا قاراپ، كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئانالىز قىلىپ بىلەلىشى ۋە ئىز قوغلاپ تېپىپ چىقالىشى مۇمكىن.

جىنلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە تېز ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ﴾[1] «شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر» دېگەن. جىنلارنىڭ بىزنى كۆرەلىشى، بىزنىڭ ئۇلارنى كۆرەلمەسلىكىمىز يارىتىلىش قانۇنىيىتىدۇر. جىنلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان

[1] سۈرە ئەئراف، 27-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەزى جىنكەشلەرنىڭ جىنلار سۆزلەپ بەرگەن مەلۇماتلارنى بىلگەنلىكى غەيبىنى بىلگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئۇ مەلۇماتلارنى بىز بىلمىگەن بىلەن جىنكەش بەزى ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق جىنلاردىن بىلگەن بولىدۇ. دۇنيانىڭ سىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارمۇ غەيبىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئەسلىدە بار بولغان مەلۇم نۇقتىنى ئىلىم-پەننىڭ ياردىمى بىلەن بايقىغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان ھەرقانداق شەكىل ۋە ۋاستە قوللىنىش ئارقىلىق بىلگەن نەرسە غەيب ھېسابلانمايدۇ.

غەيب دېگەن ھېچقانداق سەۋەبى ۋە مەخلۇقاتلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ مەلۇماتى بولمىغان، ئەقىل-ئىدراكتىن ھالقىغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان نەرسىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن ئىسىملارنى ئۆگىتىپ، پەرىشتىلەرگە كۆرسەتكەن بىر قىسسەسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا: ﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلَائِكَةِ فَقَالَ أَنبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَٰؤُلَاءِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ. قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ. قَالَ يَا آدَمُ أَنبِئْهُم بِأَسْمَائِهِمْ فَلَمَّا أَنبَأَهُم بِأَسْمَائِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ﴾[1] «ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: (خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار – دېدى. پەرىشتىلەر: سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن - دېدى. ئاللاھ: ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: مەن

[1] سۈرە بەقەرە، 31، 33-ئايەت

سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلىپ تۇرىمەن دېمىگەنمىدىم - دېدى» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ بىر نەرسە ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى دەۋاتىدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ تۇرۇپ: «سەن بىلگەننى بىز بىلمەيمىز، بىز پەقەت سېنىڭ ئۆگەتكىنىڭنى بىلىمىز» دېگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئارتۇقچىلىقىنى نامايەندە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاسمان-زېمىندىكى غەيبلەرنى بىلىدىغانلىقىنى، پەرىشتىلەرنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى دېگەن. شۇڭا غەيب دېگەن پەقەت ئاللاھ بىلىدىغان نەرسىدۇر.

جىنلارنىڭمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە قۇرئان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىنى بايان قىلىپ: ﴿فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ الْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ الْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ﴾[1] «سۇلايماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلايماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلايمان (ھاسىسىنى قۇرت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى» دېگەن. جىنلارنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگىنىدىن پەقەتلا قۇرتنىڭ ھاسىنى يېيىشى ئارقىلىق خەۋەر تاپقانلىقى غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىدۇر. چۈنكى غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا غەيب ھەققىدە: ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَىٰ غَيْبِهِ أَحَدًا. إِلَّا مَنِ ارْتَضَىٰ مِن رَّسُولٍ فَإِنَّهُ

[1] سۈرە سەبە، 14-ئايەت

www.uyghurkitap.com

يَسْلُكُ مِـن بَـيْنِ يَدَيْـهِ وَمِـنْ خَلْفِـهِ رَصَـدًا﴾[1] «ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ» دېگەن. بۇ ئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بىراق ئاللاھ خالىغان پەيغەمبەرگە خالىغان غەيبنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، بۇ بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ.

ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى غەيبتۇر. ئاللاھ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەردى. پەرىشتىلەرنى گەرچە كۆزىمىز بىلەن كۆرمىسەكمۇ، ئاللاھ تائالا خەۋەر قىلغاچقا، بارلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمىز. ئاللاھ ئاخىرەت كۈنى ھەققىدە خەۋەر بەردى، بىز بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمىز. چۈنكى خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھتۇر. بىز ئاللاھنى ئىلاھ دەپ ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بەرگەن بارلىق خەۋەرلىرىگە ھەم ئىشىنىمىز. غەيبكە ئىشىنىشتە ئاللاھنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە، كائىناتتىكى مۆجىزىلەرگە قاراپ، ئەقلىمىز ئارقىلىق دۇنيانى ئايلاندۇرۇۋاتقان بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا ئاللاھنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى ۋە ئەقلىمىزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، غەيبكە ئىشىنىمىز.

ئىنسان بار نەرسىنى بايقىيالايدۇ ۋە بىلەلەيدۇ. ئەمما بىلەلمىگەن ۋە بايقىيالمىغان نەرسىنى يوق دېيەلمەيدۇ. ئىدراك قىلىپ بىلىشىمىز باشقا، بىلەلمەسلىكىمىز ۋە بايقىيالماسلىقىمىز باشقا بىر ئىش. روھ ئىنساننىڭ جىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئەمما ئۇنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ ياكى ھېس قىلىپ باققانلار يوق. ئۇنى ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسمىمىزنىڭ تەسىرى ئارقىلىق

---

[1] سۈرە جىن، 26، 27-ئايەت

بىلىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىمىزدە بار بولغان ۋە جىسمىمىزنى ھەرىكەت قىلدۇرۇۋاتقان ئاللاھنىڭ مەخلۇقى بولغان روھىمىزنى بىلىشكە ئاجىز كەلگەن بىزدەك ئاجىز مەخلۇقلار ھېسسىي تۇيغۇ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قانداقمۇ ھېس قىلالايمىز!؟

بىز ئاللاھ تائالادىن ئىبارەت ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى غەيبكە ئىمان ئېيتتۇق. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ئىكەنمىز، ئاللاھ خەۋەر بەرگەن ھەرقانداق ئىشقا كۆرمىسەكمۇ ئىمان ئېيتىشىمىز كېرەك. ئاللاھ بىز ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ، ئەقلىمىزگە غەيب مەسىلىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەردى. ماددىي كائىناتتىمۇ بىز كۆرمىگەن، ئەمما بارلىقىنى بىلىدىغان دەلىللەر بار. مەسىلەن: ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەر كائىنات بىلەن تەڭ يارىتىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ كەلمەكتە. كىشىلەر ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، بەزىدە قىزىتمىسى ئۆرلەش ياكى باشقا كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ قالىدۇ. بۇرۇنلاردا بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. بىراق ھازىر ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، ئاللاھ ئىنسانغا باكتېرىيەلەرنى كۆرەلەيدىغان مىكروسكوپلارنى ياساش تېخنىكىسىنى ۋە شۇ ئارقىلىق باكتېرىيەلەرنى كۆرۈش ئىلمىنى بەردى. ئىنساننىڭ كۆزى باكتېرىيەلەرنى كۆرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مىكروسكوپ ئارقىلىق باكتېرىيەلەرنى كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىش مەقسىتىگە يەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاياتلىق سىستېمىسى بارلىقىنى بىلدى.

زامان تەرەققىي قىلغانسېرى، بىز كۆرمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەندۇق. بىر نەرسىنى كۆرەلمىگەنلىكىمىز ئۇ نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ۋە ھەجمى چەكلىك بولغاچقا، باكتېرىيەنى مىكروسكوپ ئارقىلىق چوڭايتىپ، كۆرۈش دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگەن ۋاقىتتا ئاندىن كۆرەلەيدۇ. باكتېرىيەلەرنى بۈگۈن مىكروسكوپ بىلەن كۆرگىنىمىز، بۇرۇن يوقلۇقىغا دەلىل ئەمەس، بەلكى

بۇرۇنــدىن تارتــىپ بــار نەرســىنى، بۈگــۈنكى تەرەققىياتنىــڭ يــاردىمى بىــلەن كۆرەلــدۇق. بەلكىــم مىكروســكوپ يــوق نەچچە يــۈز يىلــلار بــۇرۇن «ئــادەم بەدىنىــدە كېســەل قىلىــدىغان بــاكتېرىيە بــار» دېــگەن بولســاق، باشــقىلار ئىشــەنمىگەن بــولاتتى. دۇنيــادا بىــز بىلمەيــدىغان نۇرغــۇن نەرســىلەر بــار بولــۇپ، ئــاللاھ تائــالا ئــۇلارنى ۋاقتىلىــق مەخپىــي قىلغــان. زامانلارنىــڭ تەرەققىيــاتى بىــلەن ئــۇ نەرســىلەر بايقالغــان ۋاقىتتــا ئىمــانىمىز زىيــادە بولۇشــى كېــرەك ئىــدى. چــۈنكى ئــاللاھ تائــالا ئىنســانلارنىڭ ئىمــانى كۈچەيســۇن دەپ، مەخپىــي قىلغــان نۇرغــۇن ســىرلارنى ھەرخىــل شــەكىلدە ئېچىــپ بېرىۋاتىــدۇ. دېمەككــى، ھاياتلىقتــا بىــز بىلمىــگەن نۇرغــۇن نەرســىلەر مەۋجــۇت. بــۇ نەرســىلەرنىڭ بەزىســىنى ئــاللاھ ۋاقتــى كەلگەنــدە ئاشــكارا قىلىشــى مــۇمكىن. بۇنىڭــدەك ئاشكارىلانغان ئىشلار غەيب ئەمەس، غەيبنى پەقەت ئاللاھ تائالا بىلىدۇ.

ئــاللاھ تائــالا كائىناتتــا ئۆزىنىــڭ بارلىقىغــا قۇيــاش، ئــاي، يۇلتــۇز، ئاســمان-زېمىــن، ئىنســان ۋە ھايۋانــات قاتــارلىق ســاناپ بــولغىلى بولمايــدىغان نۇرغــۇن دەلىللەرنــى قويــدى. ئەگەر ئــاللاھ تائــالا پەيغەمــبەر ئەۋەتمــگەن ۋە كىتــاب نازىــل قىلمىغــان بولســىمۇ، ئىنســان دۇنيانىــڭ تەرتىپلىــك ئايلىنىشــىغا قــاراپ، ياراتقۇچىنىــڭ بارلىقىغــا ئىشىنىشــى كېــرەك ئىــدى. ھــېچكىم بــۇ نەرســىلەرنى يــاكى ئــۆزىنى «مەن يــاراتتىم» دېيەلمەيــدۇ. شــۇنچە چــوڭ كائىنــات ۋە كائىنــاتتىكى نەرســىلەر بــۇنچە ئىنچىكىلىــك بىــلەن تاســادىپىي رەتلىنىــپ قالمايــدۇ. تاســادىپىيلىق دېــگەن رەتســىز ۋە ئىنتىزامســىز ھــالەتتە تۇيۇقســىز يــۈز بەرگەن ئىشــتۇر. ئەگەر تاســادىپىي بولــۇپ قالغــان بولســا ئىــدى، كــېچە-كۈنــدۈز ۋە قۇيــاش-ئــاي بۇنچىلىــك رەتلىــك بولمىغــان، ئۆزئــارا ســوقۇلۇپ نۇرغــۇن قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن بولاتتى.

كائىنــاتتىكى ئــالامەتلەر بىــزگە كائىنــاتنى ياراتقــان ۋە تەرتىــپكە ســالغان بىــر كۈچنىــڭ بــارلىقىنى ئىپادىلەيــدۇ. شــۇڭا ئاللاھنىــڭ پەيغەمبىــرى كېلىــپ بىزنــى ياراتقــان قۇدرەتلىــك كۈچنىــڭ ئــاللاھ تائــالا ئىكەنلىكىنــى سۆزلىســە،

دەرھــال تەستىقلىشــمىز كېــرەك. چــۈنكى بىــز كائىناتقــا قــاراپ، يــاراتقۇچى ۋە تەرتىــپكە ســالغۇچى ھەققىــدە ئويلىنىــپ، تاپالمــاي قالغــان ئىــدۇق. ئىنســان ئۆزىنىــڭ قانــداق يارىتىلغــانلىقى ھەققىــدە ئويلىنىشــقا باشــلىغاندا، پەيغەمــبەر كېلىــپ ئىنســاننىڭ ئــادەم ئەلەيھىســسالامنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنــى، ئــادەم ئەلەيھىســسالامنى ئاللاھنىــڭ لايــدىن يارىتىــپ، جەننەتــتە تۇرغۇزغانــدىن كېــيىن ئۆتكــۈزگەن خاتــالىقى ســەۋەبىدىن زېمىنغــا چۈشــۈرۈۋەتكەنلىكىنى ســۆزلەپ بېرىــدۇ. بــۇ چاغــدا بىــز ئىــزدەپ تاپالمىغــان ئىنســان ھەققىــدىكى ســوئالنىڭ جــاۋابى ۋە يېشــىمى چىققاچقــا دەرھــال ئىشــىنىپ ئىمــان ئېيتىمىــز. غەيــب ــــ ئاللاھقــا ئىشىنىشــنىڭ ئەڭ يــۇقىرى پەللىســى. ئــۇ ئاللاھقــا ئىشــىنىش بىــلەن باشلانســا، ئــاخىرەتكە ئىشــىنىش بىــلەن ئاخىرلىشــىدۇ. شــۇڭا قۇرئانــدا ئــاللاھ ھىــدايەت قىلىــدىغان تەقــۋادار كىشــىلەرنىڭ بىرىنچــى ســۈپىتى «غەيــبكە ئىشىنىش» دەپ كەلتۈرۈلگەن.

قۇرئــان ھىــدايەت قىلىــدىغان تەقــۋادار كىشــىلەرنىڭ ئىككىنچــى ســۈپىتى ﴿وَيُقِيمُـــونَ الصَّـــلَاةَ﴾ «ئــۇلار نامــازنى ئــادا قىلىــدۇ». نامــاز ئوقــۇش ئۆزىنىــڭ ئاللاھقــا تەۋە بەنــدە ئىكەنلىكىنــى ئىسپاتلاشــتۇر. نامــاز ئىنســاندىن ھېچقاچــان ســاقىت بولمايــدۇ. ئــۆرە تــۇرۇپ نامــاز ئوقۇشــقا تــاقىتى يەتمــىگەن كىشــى ئولتــۇرۇپ، ئولتــۇرۇپ نامــاز ئوقۇشــقا تــاقىتى يەتمىســە يېتىــپ ئوقۇيــدۇ. ئىنســان بــالاغەتكە يېتىــپ، نامــاز پەرز بولغــان كۈنــدىن تارتىــپ، ھايــاتى ئاخىرلاشــقان مىنۇتقــا قەدەر ھەر كــۈنى بەش ۋاقىــت نامــاز ئوقۇشــى كېــرەك. چــۈنكى ئىنســاننىڭ بەنــدىچىلىكىنى ئاللاھقــا بــاغلاپ تۇرىــدىغان بىردىنبىــر نەرســە نامــازدۇر. ئىنســان ئۆزىنىــڭ بەنــدىچىلىكىنى ئــاللاھنى ئــۇزۇپ قويمىغــان ۋاقىتــدا قۇرئاننىــڭ ھىــدايىتىگە ئېرىشــىدىغان تەقــۋادار كىشــىلەرنىڭ ئىككىنچــى سۈپىتىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ.

قۇرئــان ھىــدايەت قىلىــدىغان تەقــۋادار كىشــىلەرنىڭ ئــۈچىنچى ســۈپىتى ﴿وَمِمَّـــا رَزَقْنَـــاهُمْ يُنفِقُـــونَ﴾ «ئــۇلار بىــز بەرگەن مــال-مۈلــۈكتىن (خــۇدا يولىغــا)

www.uyghurkitap.com



سەرپ قىلىدۇ». رىزىق ھەققىدە سۆزلەنگەندە، كۆپىنچە كىشىلەر «رىزىق دېگەن مال-دۇنيا» دەپلا ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما رىزىق دېگەن مال-دۇنيالا ئەمەس، بەلكى ئىنسان مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بارلىق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، مال-مۈلكى، چىرايلىق ئاۋازى، بىلىمى، ئەقلى ۋە ھاياتلىقتىكى ھەربىر ھەرىكىتى ئاللاھ ئاتا قىلغان رىزىقلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ يېنىدا خىراجەت قىلىدىغان پۇل بولماي قالسا، كۈچ-قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئىشلەپ پۇل تاپالايدۇ، تاپقان پۇلنى خىراجەت قىلىپ، خەير-ئېھسان قىلالايدۇ، ئەقىل ئارقىلىق دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنالايدۇ. بىلىم بىلەن كىشىلەرنى ياخشى يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا بېرىلگەن رىزىقتۇر. ئىنسان بۇ رىزىقلارنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتەلىگەن ۋاقىتتا، قۇرئاننىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى سۈپىتىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ.

## سۈرە بەقەرە 4-ئايەت

﴿وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ﴾

### «ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ»

قۇرئان ھىدايەت قىلىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ تۆتىنچى سۈپىتى: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ». ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت بىلەن تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ قۇرئانغا ۋە بۇرۇنقى كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. قۇرئان كەلگەن ۋاقىتتا ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىر تۈرلۈك كىشىلەر ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان كاپىر-مۇشرىكلار، يەنە بىرى يەھۇدىي ۋە ناسارادىن ئىبارەت ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەيدىغان ئەھلى كىتابلار ئىدى. چۈنكى ئەھلى كىتاب: «بىز ئاللاھقا، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ۋە كىتابلارغا ئىشىنىمىز» دەپ، ئۆزىنى «ئاللاھقا باغلانغان كىشىلەر» دەپ قارايتتى. ئىسلام ۋە قۇرئاننىڭ كېلىشى ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىك-كاپىرلارنى

www.uyghurkitap.com



مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇش ۋە ئىلگىرىكى ئۆزگەرتىلگەن دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ئىلگىرىكى كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ۋە سۈپىتى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈپىتى ۋە ئىسمىغا ئاساسەن بىلىدىغان ئەھلى كىتابتىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بالىلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغان زامانىغىچىلىك ئېنىق بىلەتتىكى، ھەتتا مەدىنە يەھۇدىيلىرى ئەرەبلەرگە: «يېقىندا كېلىدىغان پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەم خەلقىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمىز» دەپ تەھدىت سالاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەرەبلەردىن كەلگەندە تۇنجى بولۇپ قارشى چىققانلار شۇ يەھۇدىيلار بولدى.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَلَمَّا جَاءَهُمْ كِتَابٌ مِّنْ عِندِ اللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُوا مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُوا فَلَمَّا جَاءَهُم مَّا عَرَفُوا كَفَرُوا بِهِ فَلَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾[1] «ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى). ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى» دېيىلگەن. ئۇلار پەيغەمبەر كەلسىلا بۇرۇنقى كىتابلار بۇيرۇغاندەك ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى دېيىشەتتى.

[1] سۈرە بەقەرە، 89-ئايەت

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە ئىمان ئېيتىش ۋە قۇرئانغا ئىشىنىشنى رەت قىلدى.

قۇرئان كەرىم ھىدايەت قىلىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى سۈپىتى: ﴿وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ». بىز ئاۋۋال بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ﴿وَبِالْآخِرَةِ﴾ «ئاخىرەت» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. يەھۇدىيلارنىڭ كىتابى بولغان تەۋرات ياكى تەلمۇدنى ۋاراقلاپ باققىنىمىزدا، ئاخىرەت ھەققىدە ھېچقانداق مەزمۇن ئۇچرىتالمايمىز. يەھۇدىيلار كىتابلىرىدىن دۇنياۋى بۇيرۇقنىلا ئالغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەت مەسىلىسىنى چىڭ تۇتقانلىقى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتكە ئىشەنمىسە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاخىرەت مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، ئەھلى كىتاب: «ئىسلامۇ بىز ئىشىنىۋاتقان دىنغا ئوخشاشكەن، بىزمۇ مۇسۇلمان» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەت ئارقىلىق ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمىسا، مۇئمىن بولالمايدىغانلىقنى بىلدى.

ئاللاھ تائالا ئىماننى مۇكەممەل سۈپەتتە چۈشەندۈرۈشنى ئىرادە قىلدى ۋە ئىماننىڭ ئەۋۋىلى ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن باشلانسا، ئاخىرەتكە ئىشىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بۇ ئايەت ئارقىلىق بايان قىلدى. ئاخىرەتتە جەننەت مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى بولسا، ئازاب كاپىرلارنىڭ جازاسى بولىدۇ. جەننەت بىلەن جەھەننەمگە ئىمان ئېيتمىغان كىشىنىڭ ئىمانى مۇكەممەل ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۇنىڭ پەقەتلا ھاياتى دۇنيادىن باشقا ئارزۇسى بولمىغان كاپىردىن ھېچقانچە پەرقى بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا قۇرئاننىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ بەش خىل سۈپىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مانا بۇلارغا ئىمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېيتقــان كىشــى ئاللاھنىــڭ ئــاخىرەتتىكى نېمــەتىگە ئېرىشــىش ئۈچــۈن، ئاللاھنىــڭ دۇنيــادىكى قــانۇنى بــويىچە ياشــايدۇ. ئەگەر ئــاخىرەت مەۋجــۇت بولمىغــان بولســا، كــاپىرلار دۇنيــادا مــۆئمىنلەردىن بەكــرەك بەختلىــك ياشــىغان بــولاتتى. چــۈنكى كــاپىر چەكلىمــگە ئۇچرىماســتىن، دۇنيــادا خالىغــانچە ياشــاپ، كــۆڭلى تارتقــاننى قىلىــدۇ. مــۆئمىن بولســا ئاللاھنىــڭ قانۇنىغــا بويســۇنۇپ، ئــۆزىنى كــونترول قىلىــپ، ھەۋەســلىرىگە ئەگەشــمەي، ئاللاھنىــڭ دېگىنــى بــويىچە ياشــاش ئۈچــۈن كــۆپ جاپــا چېكىــدۇ. ئاخىرىــدا ھەر ئىككىســى ئۆلىــدۇ. ئۆلگەنــدىن كېــيىن پۈتــۈن ئىــش تۈگەيــدىغان بولســا، كــاپىر دۇنيــادا خالىغــانچە ياشــىغانلىقى ئۈچــۈن ئۇتــۇق قازانغــان، مــۆئمىن ھېچنــېمىگە ئېرىشــەلمىگەن بــولاتتى. بۇنــداق بولســا ئىماننىــڭ ھېچقانــداق قىممىتــى ۋە ئەھمىيىتــى بولمايــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن ئاللاھقــا ئىمــان ئېيــتىش ئىماننىــڭ باشــلىنىش پەللىســى بولســا، ئــاخىرەتكە ئىشــىنىش ئىماننىــڭ ئەڭ ئــاخىرقى يۇكســەك پەللىسىدۇر.

# 15-دەرس

## سۈرە بەقەرە 5-ئايەت

﴿أُولَـٰئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

## «ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿أُولَـٰئِكَ﴾ «ئەنە شۇلار» دېگەن سۆزى ئىلگىرىكى ئىككى ئايەتتە بايان قىلىنغان بەش خىل سۈپەت تەتبىقلىنىدىغان شۇ كىشىلەرگە ئىشارەت بولۇپ، ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدىغان، نامازنى ئۆزىنىڭ هايات مىزانى قىلىدىغان، ئۆزىگە بېرىلگەن پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان پۈتۈن كىتابلارغا ئىشىنىدىغان ۋە ئاخىرەتكە چىن پۈتىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار هىدايەتكە، نىجاتلىققا ئېرىشكەن ۋە توغرا يولغا يېتەلەيدىغان كىشىلەردۇر.

﴿أُولَـٰئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئېيتىلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نېمە ئۈچۈن بۇ ئايەتتە ﴿أُولَـٰئِكَ﴾ «ئەنە شۇلار» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم تەكرارلانغان؟ بۇ قۇرئاننىڭ پاساهەت قىسمىغا تەۋە بولۇپ، ئىنشائاللاھ كېيىن سۆزلىنىدۇ. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئايەتنى ئىككى خەۋەر بىر-بىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن؟ بۇ ئايەتنى «ئاشۇ بەش خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈپەتنى ئۆزگە تەتبىقلىغانلار رەببىدىن كەلگەن ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ» ۋە «ئەنە ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن ئىككى خەۋەر بېرىلىپ، بىر خەۋەر سىياقىدا كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردىن ئىسلامدا ئىككى خىل ئىمان بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بىزگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازا شۇ بىر خىل ئىمانغا ئاساسەن بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئان ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزگەن ھىدايەت ئىماننىڭ ۋاستىسى بولۇپ، ئاخىرقى نىشانى نىجاتلىقتۇر. يەنى قۇرئان ئارقىلىق ھىدايەت ۋە توغرا يولنى تېپىپ، ئۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتتىكى «ئەنە شۇلار ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ» بىلەن «ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېگەن ئىككىسى ئىككى مەسىلە بولماستىن، بەلكى بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ھىدايەتكە ئېلىپ بارىدىغان ناماز ۋە زاكاتتەك شەرئىي بۇيرۇقلارغا قارىساق، ئاللاھ توغرا يولدا ماڭغانلارنى ھىدايەتنىڭ ئىچىگە ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە قويغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئايەتتە نېمە ئۈچۈن "عَلَىٰ" «ئۈستىدە» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان؟ چۈنكى ھىدايەت بىزنىڭ تۇرمۇش ھاياتىمىزنى كىشەنلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەرىجىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. يۈزەكى تەپەككۇر ئىگىلىرى «ھىدايەت كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى كىشەنلەپ، ھەۋەسلىرىگە يېتىشتىن چەكلەيدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھىدايەت ئىنساننىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈپ، زىياندىن، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلايدۇ.

"عَلَىٰ" سۆزى ئۈستۈنلۈكنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، "انت على الجواد" دېسەك، «سەن ئاتنىڭ ئۈستىدە» دېگەنلىك بولىدۇ. ھىدايەت ئېرىپ قالغان ئىگىسىنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، توغرا يولغا باشلاپ ماڭغان ۋە نىشان قىلغان مەنزىلىگە يەتكۈزگەن بىر ئېسىل ئاتقا ئوخشاش، ئىنساننى بىر ياخشىلىقتىن يەنە بىر ياخشىلىققا ئېلىپ بېرىپ، جەننەت تەرەپكە باشلاپ ماڭىدۇ.

ھىدايەت بولسا ئىنساننى خارلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئازغۇنلۇقنىڭ تامامەن قارشىسىدۇر. ئىنسان خاتالاشقاندا، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، چىقالمايۋاتقاندەك ياكى بىر خاتالىقى باشقا خاتالىقلارنى سۆرەپ، ئۆزىنى خاتالىقلار ئورىۋالغاندەك ھېسسىياتقا ئەكېلىپ قويىدۇ. شۇڭا خاتالىق قىلغانلارغا نەسىھەت قىلىنسا، ئۆزىنىڭ گۇناھقا پېتىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ چىقالمىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَإِنَّا أَوْ إِيَّاكُمْ لَعَلَىٰ هُدًى أَوْ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، ياكى روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز» دېگەن ئايەتتىكى ھىدايەتتە "عَلَى" «ئۈستىدە»سۆزىنى، گۇمراھلىقتا بولسا "فِي" «ئىچىدە» سۆزىنى ئىشلەتكەن. بۇ ھىدايەتتىكى ئادەم ئەركىن ۋە زىياندىن يىراق بولىدىغانلىقىنى، گۇمراھلىقتىكى ئادەمنىڭ بولسا قاراڭغۇلۇق ۋە بىئاراملىق ئىچىگە سولىنىپ قالىدىغانلىقىنى، خاتالىقلار ئۇ كىشىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىپ، ئۇ يەردىن چىقالمايۋاتقاندەك بىر كەيپىياتتا ئەكېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتىدۇ.

بۇ ئايەتتە ھىدايەتتىكى ئۈستۈنلۈك ۋە بۈيۈكلۈكنى، زالالەتتىكى تۆۋەنلىك ۋە خارلىقنى "عَلَىٰ" ۋە "فِي" دىن ئىبارەت ئىككى سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇ دىن مەنھەجى[2] بىزنى ئەزىز قىلىش ۋە ماقامىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھايات ھەرىكىتىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرىدۇ. بىز شەرىئەتنى ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن ئەمەس، بەلكى بىزنى ياراتقان بۈيۈك زاتتىن ئالىمىز. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاللاھتىن بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان ئىنساندىن يۇقىرى ھېچكىم بولمايدۇ. ئىنسانلارغا ئەگىشىپ، شۇلارنىڭ تەلىماتى بويىچە مېڭىش بىلەن ئاللاھنىڭ تەلىماتىنى ئېلىپ، ھەق يولغا ئەگىشىش ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار.

[1] سۈرە سەبە، 24-ئايەت
[2] يول، پىلان

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىنسانغا ئەگەشكەنلەر ئاقىۋەتتە خار بولسا، ئاللاھقا ئەگەشكەنلەر بۈيۈكلۈك ماقامىغا يېتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە خاتالىقتا قالغان كىشىنى سۈپەتلەپ: ﴿بَلَىٰ مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَاطَتْ بِهِ خَطِيئَتُهُ فَأُولَـٰئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾[1] «ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، گۇناھ قىلغانسېرى ئۇنىڭغا چۆكۈپ كېتىدىغانلىقى ۋە چىقىشقا تىرىشىپمۇ چىقىش يولىنى تاپالمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ئاللاھ تائالا: ﴿أُولَـٰئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ دەپ مۇئمىنلەرنىڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئالىغۇچىغا مەنىنى يېقىنلاشتۇرىدىغان "عَلَىٰ" «ئۈستىدە» ئىپادىسىنى قوللىنىپ، ھىدايەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئەركىن بولىدىغانلىقىنى، ئەركىن ئادەمنىڭ ئەزىز بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئازغۇنلۇق ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ خار بولىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن.

﴿وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾نى «ئەنە ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. "الْمُفْلِحُونَ" سۆزى "فَلاح" دېگەن سۆز بىلەن يىلتىزداشتۇر. بىلگىنىمىزدەك، ئەزانلىرىمىزدا "حي على الفلاح" دېگەن بىر ئىبارە بار. "فَلاح" دېگەن «نىجاتلىق»، "الْمُفْلِحُونَ" بولسا «نىجات تاپقۇچىلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى قوللاندى؟ "فَلاح" نىڭ ئەسلى مەنىسى بولسا: «ئۇرۇق سېلىش ئۈچۈن يەرنى كولاش» دېگەنلىكتۇر. دېھقانلار يەرنى بىرەر ئەسۋاب بىلەن كولاپ، ئىچىگە ئۇرۇق سېلىپ كۆمگەچكە، ئەرەبلەر دېھقاننى "فَلّاح" دەيدۇ. ئۇنداقتا "الْمُفْلِحُونَ" نىڭ لۇغەت مەنىسى «يەرگە ئۇرۇق سالغۇچىلار» دېگەنلىك بولسا، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن «نىجات تاپقۇچىلار» دېگەن مەنىگە لۇغەت مەنىسى «يەرگە ئۇرۇق

---

[1] سۈرە بەقەرە 81-ئايەت

سالغۇچىلار» بولغان سۆزنى ئىشلىتىدۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇ سۆزنى ئاخىرەتتە نىجات تاپىدىغانلار ئۈچۈن قوللانغان بولۇپ، بىزگە نىجات تېپىشنى دەلىللى بىلەن چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

دىنىدىكى «قىل» ياكى «قىلما» بۇيرۇقى ھايات ھەرىكىتىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە رەتكە سالىدۇ. ئاللاھنىڭ مەنھەجى بىزگە «ئۇنى قىل، بۇنى قىلما» شەكلىدە چۈشكەن بولغاچقا، كۆپىنچە كىشىلەر «بۇ ھايات ھەرىكىتىنى كىشەنلىگەنلىك ۋە ئۆزگە جاپا سالغانلىق» دەپ ئويلايدۇ. ئاللاھ تائالا «بۇنى قىلما» دېگەن ۋاقىتتا كاللىسى ئاددىي ئىنسانلار: «ئاللاھ بىز قىلماقچى بولغان ئىشنى تارلاشتۇرۇپ قويىدىكەن» دەپ، بىر ئىشنى «قىل» دېگەن ۋاقىتتا «قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا زورلايدىكەن» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مەسىلەن: زاكات شەكىل جەھەتتە پۇل-مالنى كېمەيتىۋەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەرىكەت ۋە كۆپىيىش ھاسىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ، وَمَا زَادَ اللَّهُ عَبْدًا بِعَفْوٍ إِلَّا عِزًّا، وَمَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ لِلَّهِ إِلَّا رَفَعَهُ"[1] «سەدىقە-زاكات تۆلەيدىغان مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بىر بەندە ئەپۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئەزىز قىلىدۇ. كىم ئاللاھ يولىدا كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ» دېگەن بولۇپ، بىز زاكات بەرگەندە، شەيتان مېلىمىزنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن قورقۇتىدۇ. ئەمما زاكات پەيغەمبىرىمىز دېگەندەك پۇل-مالنىڭ بەرىكىتىنى كەلتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھاياتتا تۇرمۇشىمىزنى ئىنتىزاملاشتۇرۇپ، «ئۇنى قىل، بۇنى قىلما» دېگەن بولسا، بۇ بىر قىيناش ۋە بېسىم سېلىش بولماستىن، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ «زاكات بەر» دەپ بۇيرۇغان ۋاقىتتا يالغۇز بىزنىلا بۇيرۇمىدى. «قىلما» دەپ چەكلىگەندە

[1] مۇسنەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يالغۇز بىزنىلا چەكلىمىدى. بەلكى بۇ بۇيرۇق ۋە چەكلىمە پۈتۈن كىشىلەرگە ئومۇمىي بولدى. ئەگەر ھەممە ئادەم زاكات بەرسە، نامراتلارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل بولغان ۋە نۇرغۇن پۇل بازارغا چىقىپ، سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان بولاتتى. سودىنىڭ راۋاجلىنىشى پۈتۈن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئاللاھ: «ئوغرىلىق قىلما، بولمىسا قولۇڭ كېسىلىدۇ» دېدى. بۇ چەكلىمە بىزگىلا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىدۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ چەكلىمىدىن ئۆزىمىز پايدا ئالىمىز. مەسىلەن: بەزىلەر كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋېلىپ، «پايدا ئالدىم» دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئوغرىلىق چەكلەنمىگەن بولسا، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىمۇ باشقا يۈزلىگەن ئوغرىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ، زىيان ئىچىدە قالغان بولاتتى. بۇ چەكلىمە بىزنى ئوغرىلىقتىن چەكلىگەندەك، نەچچە مىليون كىشىلەرنىڭ مېلىمىزنى ئوغرىلىشىدىن توسۇپ قالىدۇ. زىنانى چەكلەش بۇيرۇقى بىزنىڭ باشقا قىزلار بىلەن ئارىلىشىشىمىزنى توسۇپ، كۆڭلىمىز تارتقان ناشايان ئىشلارنى قىلغىلى قويمىغاندەك قىلغان بىلەن، بىزدىن باشقا كىشىلەرنىمۇ چەكلەپ تۇرىدۇ. بۇ ئومۇمىي چەكلىمە ئايال-قىزلىرىمىزنى مەينەتلىكتىن پاك ساقلاپ قېلىشتا تەسۋىرلىگۈسىز چوڭ رول ئوينايدۇ. شەرىئەت بىزنى باشقىلارنىڭ قىز-ئاياللىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن توسسا، مىليونلىغان كىشىلەرنى بىزنىڭ شەرىپىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشتىن چەكلەپ تۇرىدۇ. دېمەك، بۇ چەكلىمىلەردىن پايدا ئالىدىغان كىم؟ ئەلۋەتتە ئۆزىمىز.

﴿وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ دېگەن "الْمُفْلِحُونَ" سۆزى "فلح" سۆز تۈركۈمىدىن بولۇپ، «يەرنى كولاپ ئۇرۇق سېلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ ئاخىرەتلىك نىجاتلىقىمىزغا يەرگە ئىشلىتىدىغان سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق دىققىتىمىزنى يەرگە قارىتىۋاتىدۇ. يەرگە ئۇرۇق سالغان ئەھۋالغا قاراپ باقساق، ئۆزىمىزنىڭ قانداق نىجات تاپىدىغانلىقىمىزنى ئاللاھ بىزگە

مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. يەر قارىماققا بىر جانسىز نەرسە بولسىمۇ، كۈلاپ ئۇرۇق سالغان ۋاقتىمىزدا بىزگە ئاجايىپ چوڭ مەھسۇلاتلارنى بېرىدۇ. تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ئۆگەنگەن. ئۇنداقتا يەرگە ئۇرۇق سېلىپ، تېرىقچىلىق قىلىشنى بوۋىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامغا كىم ئۆگەتكەن؟ ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بارلىق ئىسىملارنى ئۆگەتكەندەك، زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىشنىمۇ ئۆگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زېمىندىكى ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان پۈتكۈل ئىلىمنى ئۆگەتكەن. ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىلىملەرنىڭ باشلانمىسىنى ئۆگىتىپ قويغان. ئاندىن ئاللاھ ئۆز ئىلمىدىن مەخلۇقاتلىرىغا ئېچىپ بەرگىنى بويىچە تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ئىلغار ئۇسكۈنىلەر بىلەن تېرىقچىلىق قىلالايدىغان ھالەتكە كەلدۇق. ئەمما دۇنيا يارىتىلغاندىن باشلاپ بىر ھەقىقەت ئۆزگەرمىدى ۋە قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىنسان تېرىقچىلىقتا پەقەت يەرنى كۈلاپ ئۇرۇق سېلىش، سۇغۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەرنىلا قىلالايدۇ. لېكىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش، زىرائەت ياكى مېۋە شەكلىگە كىرگۈزۈش ئىنسان قىلالايدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئاللاھ ھاياتتا قىلغان ئىشلىرىمىزغا ئالدىنىپ مەغرۇرلىنىپ، «بىز تېرىپ ئۆستۈردۇق» دېيىلمەسلىكى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇپ: ﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ. أَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ. لَوْ نَشَاءُ لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ. إِنَّا لَمُغْرَمُونَ. بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ﴾[1] «سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ، ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟). ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق-دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار. سىلەر: بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق، (دېيەتتىڭلار)» دەپ، ئۇرۇقنى

[1] سۈرە ۋاقىئە، 63~67-ئايەتكىچە

www.uyghurkitap.com



ئۈندۈرۈپ ئۆستۈرۈشىنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ. قولىدا ياكى زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردە قىلسىمۇ، ئىنسان پەقەت سەۋەبنىلا قىلالايدۇ. ئۇرۇقنىڭ تۇپراقتىن سۇ ۋە ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپ، يىلتىزلىرىنى كېڭەيتىپ ئۆسۈپ مېۋە بېرىشى، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىنساننىڭ ئەسلا كۈچى يەتمەيدۇ.

بىر ئۇرۇقچا زېمىنغا تاشلانغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ چىقىشىغا يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ ئوزۇقلۇققا تايىنىپ ئۈنۈپ چىقالايدۇ. بىز بىر ئۇرۇقنى نەمدەپ قويۇپ قويغاندا بىخلىنىپ ئۈنۈپ چىققىنىنى كۆرىمىز. يەرگە سالساقمۇ بىر نەچچە كۈندە يەرنى يېرىپ ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر: «كۆمۈپ قويسا ئەلۋەتتە ئۈنۈپ چىقىدىغۇ، بۇ ناھايىتى ئاددىي ساۋات» دېيىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ كىچىك ئۇرۇقنىڭ قايسى كۈچكە تايىنىپ يىلتىزلىرى تارالغان، غوللۇق بىر ئۆسۈملۈككە ئايلانغانلىقىنى ئويلاپ باقامدىمۇ؟ بىز چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا غول ۋە يوپۇرماقلارنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە ئۇرۇقچىدىن چىقىدىغانلىقىنى، ھەر دانىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىغا يېتەرلىك بولغان ئوزۇقلۇقنىڭ ئۆزىدە ساقلانغانلىقىنى، ئۈنۈپ تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق ئالالىغۇدەك بولغانغا قەدەر ئوزۇقلۇقنى ئۆز ئىچىدىن ئالىدىغانلىقىنى، بىخلىنىپ چىقىشىغا يېتەرلىك ئوزۇقلۇق مىقدارىغا ئاساسەن دانىنىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭ-كىچىك بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ كۈچ دائىرىسىدىن سىرتقى بىر ئىلاھىي كۈچ ئارقىلىق بولۇۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئۇرۇق يەرگە چۈشۈپ، يىلتىز تارتىپ، يوپۇرماق چىقىرىپ، سىرتتىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلغۇچە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدۇ. ئاندىن كېيىن يەر ۋە ھاۋادىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، چوڭىيىپ مېۋە بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئايەتتە «نىجاتلىق تاپقۇچىلار» "اَلْمُفْلِحُونَ" «يەرگە ئۇرۇق سالغۇچىلار»

ئىبارىسى بىلەن كەلگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا غەيبنى چۈشىنىشكە ئاجىز ئەقلىمىزنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن بىز بىلەلەيدىغان ماددىي كۆرسەتمىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئاللاھ تائالا "الْمُفْلِحُونَ" ئىبارىسىنى ئىشلەتكەچكە، دېھقانچىلىقنىڭ پۈتۈن جەريانى كۆز ئالدىمىزدىن بىر قۇر ئۆتتى. بۇ جەريانى ئويلانساق، قىيامەت كۈنى قانداق نىجاتلىق تاپىدىغانلىقىمىز بىر ئاز بولسىمۇ يورۇيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بۇيرۇغان شەرئىي بۇيرۇقلىرى ۋە ئاخىرەتتە بېرىدىغان مۇكاپاتلىرى دەل ئۇرۇق ۋە دېھقانچىلىقتا سىمۋول قىلىنغان. يەنى بىز ئاۋۋال ئۇرۇق تېرىيمىز، ئاندىن ئۇ زورىيىپ بىزگە نۇرغۇن مېۋە بېرىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇرۇقچىنى تېرىيمىز، ئۇندىن كېيىنكى قانداق ئۆزۈقلىنىپ، قانداق مېۋە بېرىش جەريانى بىلەلمەيمىز. ئاخىردا ئۆسۈپ چىققان مەھسۇلات ئۇرۇقتىن نۇرغۇن ھەسسە كۆپ بولىدۇ. دۇنيادىكى ئىمان ۋە ئەمەل مەسىلىسىمۇ مۇشۇنىڭدەك بولۇپ، دۇنيالىقتا قىلغان كىچىك ئىشلىرىمىز قىيامەت كۈنى چەكسىز نازۇ-نېئمەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئۇ كىچىككىنە ئەمەللىرىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە زورىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىمىز.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە بارلىقنى سەرپ قىلىپ دىن، خەلق ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ مۇكاپاتنى ئالىدىغانلارنى سۈپەتلەپ: ﴿مَّثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنبُلَةٍ مِّائَةُ حَبَّةٍ ۗ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَن يَشَاءُ ۗ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾[1] «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر، (مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى)

---

[1] سۈرە بەقەرە، 261-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلگۈچىدۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتە پۇل-مېلىنى ئاللاھ ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىلەرنىڭ شۇ ماللىرىنى ئوچۇق ھالدا يەرگە تېرىلغان ئۇرۇققا ئوخشىتىپ، بىر تال داننىڭ يەتتە يۈز ھەسسە ھەتتاكى چەكسىز كۆپىيىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن.

زېمىندىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقى بىز بەرگەننى ھەسسىلەپ قايتۇرغان يەردە، شۇ زېمىننى ياراتقان ياراتقۇچى قانچىلىك بېرەر؟ ئىتائەت قىلغانلىقىمىزنىڭ ساۋابى قانچە ھەسسىلىنەر؟ مانا بۇ ھەق تائالانىڭ ﴿وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ئىبارىسىنى قوللانغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئاللاھ بۇ يەردە ھەممىمىز بىلىدىغان دېھقانچىلىق جەريانىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ قانداقلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدى. شۇڭلىدەك ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى بىزدىن بىر نەرسىنى ئالغان بولسا، كېيىن ئۆزىمىزگە ھەسسىلەپ قايتىدۇ. زېمىن بىزدىن بىر ئۇرۇق ئېلىپ، يەتتە يۈز دان بەرگەنلىكىنى بىلىش ئارقىلىق، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ئۈقۇمىنى ھېس قىلالايمىز.

# سۈرە بەقەرە 6-ئايەت

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾

## «شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ»

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتتىكى بولارنى كۈتۈپ تۇرغان بۈيۈك ياخشىلىقلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپتىكى يەنە بىر خىل كىشىلەرنى سۆزلىمەكچى، ئۇلار بولسىمۇ كاپىرلاردۇر. ئىمان بىزنى كونترول قىلىپ تۇرۇش ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق بېرىش ئۈچۈن كەلدى. شۇڭا ئىماننىڭ قارشىسىدا بىر يامانلىق بار. ئەگەر ئۇ يامانلىق بولمىسا ئىدى، ئىماننىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان بولاتتى. چۈنكى ئىمان مۆئمىننى، جەمئىيەتنى ۋە دۇنيانى كۆپۈرنىڭ يامانلىقىدىن قوغدايدۇ. ئاللاھ ئىمان ساھىبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كۇپۇر ساھىبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرسا ياكى ئاگاھلاندۇرمىسا بەرىبىر ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ.

كاپىرلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى خىلى، كاپىر بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ، ساغلام تەبىئىتى بىلەن قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتىدىغانلار. يەنە بىر خىلى بولسا كۇپۇر، ھەددىدىن ئېشىش، زۇلۇم قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن پايدا ئالىدىغان كاپىرلار. بۇ ئىككىنچى تۈرلۈك كاپىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىمان كېلىپ قالسا دۇنيادىكى يۈز-ئابرۇيىنى، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز ئارقىلىق ئېرىشىۋاتقان مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىمانغا قاتتىق قارشى تۇرىدىغانلار كۇپۇردىن پايدا-مەنپەئەت ئالىدىغان كاپىرلاردۇر. ئەمما كاپىر بولۇپ، كېيىن ئاللاھنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى تۈردىكىلەرنىڭ ئىمانغا قەلبى ئېچىلغانلىرى مۆئمىن بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنى ئىككىنچى خىل كاپىرلاردۇر.

كۇپۇرنىڭ «يۆگەش، يېپىش ۋە ئىنكار قىلىش» دېگەن مەنىلىرى بار. "كۇفر" دېگەن سۆز «يۆگىدى، يوشۇرۇۋالدى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئاللاھقا كاپىر بولدى» دېگەنلىك «ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلدى ۋە يوشۇردى» دېگەنلىك بولىدۇ. يۆگەيدىغان ئادەم چوقۇم بار نەرسىنى يۆگىيەلەيدۇ، يوق نەرسىنى يۆگىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا «كاپىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن ئاللاھنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بىر شەيئى بولغاندا «يوشۇرۇش» دېگەن ھەرىكەت ئاندىن ئەگىشىپ كېلەلەيدۇ. دۇنيادىكى ئەسلى ھەقىقەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئىدى، ئەمما كاپىرلار ئاللاھنىڭ بارلىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇڭا ئىمان ئەسلىدىن بار، ئۇنى يوشۇرۇش بولسا كېيىن پەيدا بولغان ئىشتۇر.

كاپىرلار ئۆزىنىڭ ھوقۇق، مەنپەئەت ۋە يۇقىرى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىرلىك-بارلىقىنى يوشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى «كاپىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا ئىماننىڭ ئەسلى بار، كۇپۇرنىڭ كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى تۇنجى ئىنسان بولسا ئاللاھ تائالا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا روھ پۈۋلىدى، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇردى ۋە بارلىق ئىسىملارنى ئۆگەتتى. ئۇ ۋاقىتتا كۇپۇر دەيدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشۈپ ئورۇنلىشىپ، ئەۋلادلىرىغا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە «قىل ۋە قىلما» دېگەن ئاللاھنىڭ

مەنھەجىنى ئۆگەتتى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر: «ئىمان ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كىشەنلەپ، خالىغان ئىشلارنى قىلغىلى قويمايدىكەن» دەپ ئويلاپ، ئېزىپ كېتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ھەۋەسلىرىگە كىشەنسىز ھالدا تاشلاپ قويغان كىشىلەر ئاستا-ئاستا كۆپۈيۈپ يولىنى تۇتۇپ، ھەقىقەتنى يوگەشكە باشلىدى.

ئەقىللىك ئادەم كۆپ كەلمىسىنى ئاڭلىغان ۋاقىتدا مەنىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ تائالادەك بولۇشى ۋاجىپ بولغان بىر زاتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش» دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسان قانداقمۇ بار بولغان زاتنى يوگەپ قويۇپ، كاپىر ۋە مۇشرىك بولىدۇ؟ ئىنسان ئۆزىگە بىر قاراپ باقسا ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىپ، بەدىنىگە ۋە ھاياتىغا ئۆزى ئىگە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلمىغان بولاتتى. ئىنسان: «ئۆزۈمنى ياراتتىم، ھېچنەرسىگە ئېھتىياجلىق ئەمەسمەن ۋە ھەرگىز ئۆلمەيمەن» دېيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقىسىز تۇغۇلدى، چىراي شەكىل ئاتا قىلىندى، جىنسى بېكىتىلدى، يېشى چوڭىيىپ باردى ۋە ئاخىردا ھامان ئۆلىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئازراق ئەقىل ئىشلەتسىلا، بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئەمەسلىكىنى، ئۆز ئىرادىسىدىن سىرت ئۇنى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىۋاتقان بىر كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بىرلىك بارلىقىنى ئىنكار قىلىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش.

ئاللاھ تائالا ئىنسان خالىمىسىمۇ، ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، پات-پات ھەرخىل كېسەللىكلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭدىن ساقىيىش ئۈچۈن نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىلىپ قىيىنچىلىق تارتىدۇ. ئەگەر ئىنسان كۈچى يەتسە ئىدى، ھەرگىز كېسەلنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايتتى. شۇڭا ئىنسان زېمىندا باشقا بىر بۈيۈك كۈچنىڭ كونتروللۇقىدا ياشاۋاتىدۇ. بۇ ئۇقۇم كاللىغا كەلگەندە بۈيۈك كۈچ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەھۋال شۇ تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىشى

www.uyghurkitap.com



ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ﴿كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ. هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ اسْتَوَىٰ إِلَى السَّمَاءِ فَسَوَّاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾[1] «ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر» دەپ، «مېنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟» دېگەن سوئالنى قويۇۋاتىدۇ. كاپىر ئەلۋەتتە بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى كاپىرنىڭ ئۆزىگە قارىتا ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەنچىسى بولمىغاچقا، ھاياتىغا تەبىر بېرەلمەيدۇ.

ئىنساننىڭ دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزى ئىماننىڭ جانلىق دەلىلى بولۇپ، ھەركىم ياشاۋاتقان ئەھۋاللىرىغا قاراپ ئىماننى تاپالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا: «سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان تۇرۇپ، ئاللاھقا قانداقمۇ كاپىر بولىسىلەر؟ قانداقمۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى يوشۇرىسىلەر؟» دەپ سوئال قويغان. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىش-پائالىيىتى بۇ سوئالنى سوراشقا ھەقلىق قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزى ياراتقانلىقىنى ۋە باشقا بىر نەرسە ياراتقانلىقىنى دەۋا قىلالمىغان يەردە، يارىتىش ئەلۋەتتە كەسكىنلىك بىلەن ئاللاھقا خاس بولىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ھېچكىمنىڭ بىزنى يارىتالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان چېغىمىزدا بىزنى ياراتقان بۈيۈك بىر زات بارلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا بۇ دۇنيادا ھايات ياشاپ تۇرغىنىمىزنىڭ ئۆزى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ

[1] سۈرە بەقەرە، 27، 28-ئايەتلەر

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بولغان ئېنىق بىر دەلىل. ئىنسان ئەتراپىغا قارىسا، كائىناتتىكى بارچە نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ «زېمىننى مەن كونترول قىلىۋاتىمەن» دەپ ئويلاپ قېلىپ، كاللىسىغا «ئۇنى قىلسام، بۇ بولىدۇ» دېگەندەك سەۋەبنىڭ كۈچىلا كىرىۋالىدۇ.

ئەلۋەتتە قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىنسا نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بۇ بىر قانۇنىيەتلىك دۇنيا بولغاچقا، ئاللاھ ھەر ئىشقا ئۆز قانۇنىيىتىنى ئورناتقان. ئىنسان بۇنىڭغا قاراپ «سەۋەبىنى قىلساملا ھەر ئىشنى قىلالايمەن» دەپ، باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپ سەۋەبلەرنى تۇتۇپ، نەتىجىسى چىققانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۆز كۈچۈم بىلەنلا قىلدىم» دەپ ئويلاپ قالىدۇ-دە، شۇ سەۋەبلەرنى ياراتقان، نەتىجە ئۈچۈن سەۋەب قىلىش قانۇنىيەتنى ئورناتقان ئاللاھنى ئەستىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلىپ: ﴿كَلَّا إِنَّ الْإِنسَانَ لَيَطْغَىٰ. أَن رَّآهُ اسْتَغْنَىٰ﴾[1] «شەك-شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى بىھاجەتساناپ (ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ» دېگەن بولۇپ، بۇ خىل ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى ھېچنەرسىدىن بىھاجەت ساناپ قېلىش كاپىرلاردا ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ.

ئىنسان يەر تېرىسا، يەر ئۇنىڭغا مېۋە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى «يەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆسۈش قانۇنىنى ئورناتقۇچى» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۆيدىكى توكنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلىنى بېسىپ ئۆينى يورۇتقاندا «توكنى بىز پەيدا قىلدۇق»، ئايروپىلانغا چىقىپ ئۇنى ھەيدىگەندە «بۇنى ئۈچىدىغان قىلغان بىز» دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ توك چىقىرىدىغان بارلىق ئېنېرگىيەنى بەرگەنلىكىنى ۋە ھاۋا قاتلىمىنىڭ ئايروپىلاننى كۆتۈرىدىغان

[1] سۈرە ئەلەق 6-، 7-ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىپ ياراتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. تېلېۋىزورنى ئېچىپ، دۇنيادا بولۇۋاتقان ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى كۆرىدۇ ۋە «بۇ ئىنساننىڭ قۇدرىتى بىلەن پەيدا بولغان» دەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ھاۋا قاتلىمىدا نەچچە دەقىقە ئىچىدە دۇنيانىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگە ئۇچۇر يەتكۈزگىلى بولىدىغان خۇسۇسىيەتنى قويغىنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. «پاراخوتلارنى ياساپ سۇدا ماڭدۇردۇق» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشىدۇ. ھالبۇكى سۇغا كۆتۈرۈش كۈچىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى ئويلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئەتراپىتىكى ھەر شەيئىنى ئىنسان ئۆزى بويسۇندۇرغان» دەپ جەزم قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنساننىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرغان ۋە شۇ قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكىنى بۈيۈك ئاللاھ تائالادۇر.

ئىنسانلار شەيئىلەرنىڭ سالاھىيەت ئۇقۇمىنى چۈشەنسە ئىدى، بۇ ئىدىيەلەرگە كەلمىگەن بولاتتى. سالاھىيەت ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە سالاھىيەتنى ساقلىغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. قېنى، ئىنسانلارنىڭ «پۈتكۈل نەرسىلەرنى بىز بويسۇندۇردۇق» دەيدىغان ئاشۇ سالاھىيىتىگە قاراپ باقايلى!

"ذاتيــــــة" «سالاھىيەت، ئۆزلۈك» دېگەن سۆزنىڭ «ھەر شەيئىدە باشقىلارغا موھتاج بولمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىدىغان» دېگەن مەنىلىرى بار. ئەمما ھاياتىمىزنىڭ ھەر ساھەلىرىدە ھەقىقىي مۇستەقىللىق يوق، چۈنكى ئەتراپىمىزدىكى ھەرنەرسە ئىرادىمىزسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: كىچىك بالا ھاياتىنىڭ دەسلىپىدە دادىسىغا موھتاج بولىدۇ. ئەمما چوڭىيىپ ئازراق كۈچ پەيدا بولغاندا ئەتراپىتىكىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇ مۇشۇ ياشلىق ۋە يىگىتلىكىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەرگىزمۇ قادىر بولالمايدۇ. ياشلىق دەۋرى ئىنساننىڭ ساغلام، ھەممە ئىشنى قاملاشتۇرالايدىغان ئەڭ گۈزەل دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنساندا مۇستەقىللىق

بولغان بولسا، مۇشۇ دەۋرنى داۋاملاشتۇرالىغان بولاتتى. بۇ زامان قىسقا مۇددەتتە ئۆتۈپ، قېرىلىق دەۋرىگە كىرىپ كېتىدۇ. قېرىغاندا بولسا قولنى يېتىلەپ ياردەم قىلىدىغان ئادەمگە موھتاج بولىدۇ، ھەتتاكى يېمەك-ئىچمەكتەك ئاددىي ئىشلارنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماس بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىنساندا مۇستەقىللىقنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟! ئىنساننىڭ بالىلىق دەۋرى موھتاج ھالىتىدە باشلانغان بولسا، قېرىپ باشقىلارغا موھتاج ھالدا دۇنيادىن كېتىدۇ. ھەتتاكى كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان ياشلىق دەۋرىدىمۇ بەزى كېسەل سەۋەبلىك يېتىپ قالىدۇ. ئىنساندا ھەقىقەتەن ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان سالاھىيەت بولغان بولسا، كېسەل بولۇشتىن ساقلانغان ۋە كېسەل بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىيالىغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا مۇشۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئىنسان ھاياتىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى، مەغرۇرلۇقىنىڭ ئىنسان نەپسىدىن يوقىلىشى ئۈچۈندۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن شەيئىلەر ۋە قانۇنىيەتلەر بىلەن كۈچەيگەنلىكىنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن بۇ ئۆزگىرىشلەر قويۇلغان. بىز ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالاغا موھتاج، ئۇ زات پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ باشقىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۆزى ئۆزگەرمەيدۇ. جانلارنى ئالىدۇ، ئۆزى ھەردائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ بىزنى كۈچلۈك ھالىتىمىزدىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۆزى ھەرۋاقىت كۈچلۈك تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەر نەرسىسى تۈگەيدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى ئاللاھ پۈتكۈل ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ئىگىسىدۇر. ئىنساننىڭ بىر خىل شەكىلدە ئۆزگەرمەستىن قېلىپ قالىدىغان كۈچى بولمىغان يەردە، ئەلۋەتتە «پۈتۈن كائىناتنى بويسۇندۇردۇق» دېيەلىگىدەك سالاھىيىتىمۇ ھەم بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا، قانداقمۇ ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ، يوشۇرۇشقا ئۇرۇنسۇن؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كاپىرلارنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدۇق. بىرى ئاۋۋال ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ، كېيىن ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەقنى تېپىپ ئىمان ئېيتقانلار. يەنە بىرى بولسا كۇپۇرلۇقتىن پايدا ئېلىۋاتقانلار. شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى تۈردىكىلەر كۇپۇرغا چىڭ ئېسىلىدۇ. ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىمانىي دەلىل كەلسۇن، قارشى چىقىپ ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىقى، زۇلۇم ۋە ھەددىدىن ئېشىش ئۈستىگە قۇرۇلغان نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايدۇ. ئۆز مەنپەئەتىگە زىيانلىق دەپ ئويلىغان ئىشنى ھەق بولسىمۇ، قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دېگەن ئايەت نازىل بولغان. ئىنساننىڭ مەنپەئەتى كۇپۇرلۇققا باغلىنىپ قالسا، ئەھۋالى شۇ بولىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئاز دېگەندە كۇپۇر بىلەن چېتىشلىق بىر مەنپەئەتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھەق كەلگەندە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. بۇلار دەۋەت يەتمىگەنلىك ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئىمان ئېيتمىغانلار بولماستىن، بەلكى كۇپۇرنى ھاياتتىكى كەسپى قىلىۋالغانلاردۇر.

كۇپۇر ئۇلارنى خوجايىن قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىق ئورۇنغا چىققان. ئەگەر پۈتۈن كىشىلەرنى باراۋەر قىلىدىغان ئىمان كېلىپ قالسا، بۇلار ھېچكىمدىن پەرقلەنمەيدىغان باراۋەر ئىنسانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا كۇپۇرنى دۇنيا ئابرۇيى ۋە زىننىتى ئۈچۈن بىر يول قىلىۋالغان بۇ كاپىرلار ھەرقانچە ئاگاھلاندۇرۇلسۇن ياكى ئاگاھلاندۇرۇلمىسۇن، بەرىبىر ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ياشاۋاتقان دۇنيانى ئىزدەپ، دىنغا ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا قارشىلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئىماننىڭ ئۆزلىرىدىكى نۇرغۇن ئىمتىيازلارنى ئېلىپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقى ئىماننىڭ ئۇلارغا يەتمىگەنلىكتىن ياكى نەزىرىنى ئاللاھنىڭ

ئــايەتلىرىگە قاراتمىغــانلىقتىن بولماســتىن، بەلكــى هايــاتنى كۈپــۈر ئاساســىغا قۇرۇۋالغــانلىقتىن بولغــان. ئــۇلار كۈپــۈردىن ئايرىلســا كــۆزلىگەن تۇرمۇشــىدىن ئايرىلىــپ قالىــدىغان بولغاچقــا، ئىمانغــا جــان-جەهلــى بىــلەن قارشــى تۇرىــدۇ. هايــاتنى قۇرۇلغــان شــۇ زالىملىقنىــڭ يوقلىلىشــى ئۇلارنىــڭ تەختــى، كىشــىلەر ئالدىــدىكى ئىــززەت-ئــابرۇيى، هوقــۇق-مەنپەئەتــى ۋە مــال-دۇنياســىنى يــوق قىلىنىشىنى تەھدىتىگە ئۇچراتقاچقا، ئىماننى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 16-دەرس

## سۈرە بەقەرە 7-ئايەت

﴿خَتَمَ اللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَعَلَىٰ سَمْعِهِمْ ۖ وَعَلَىٰ أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

### «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىمانىنىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، كاپىرلارنىڭ سۈپىتىنىمۇ بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزىلەر: «بۇ كاپىرلارنىڭ قەلب، قۇلاقلىرىنى ئاللاھ پېچەتلىۋەتكەن تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا شۇنچە تىرىشىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى «قەلبنى پېچەتلەش» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى: «قەلبتىكى كۇپۇرنىڭ چىقماسلىقى ۋە سىرتتىن ئىماننىڭ كىرمەسلىكى» دېگەنلىك بولۇپ، پېچەتلەنگەن نەرسىدىن ھېچنېمە چىقالمايدۇ ۋە كىرەلمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتنى ئارىمىزغا تاشلاپ، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈپ دۇنيادىكى ئىمتىھان مەيداندىن ساق-سالامەت چىقىۋېلىشىمىز ئۈچۈن يول خەرىتىسىنى بەرگەن تۇرسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇ خەرىتىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆز خاھىشى بىلەن ماڭماقتا. مەيلى

بىز ئىمان ئېيتىپ ئاللاھ كۆرسەتكەن يولنى تاللىساق ياكى رەت قىلساق، ئاللاھقا ھېچ پايدا-زىيىنى بولمايدۇ، بەلكى پايدا-زىيان بەندىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. بەندىلەردىن بەزىسى ئۆزىنى «ئىماندىن بىھاجەت» دەپ قاراپ، باشقا يولنى تاللىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ يوللىرىنى قولاي قىلىپ بېرىپ، ئىمانغا قايتىشىغا ياردەم قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئىككى كىشى بىزدىن مەسلىھەت سوراپ كېلىپ، بىرى بىز كۆرسەتكەن يول بىلەن ماڭسا، ھەرۋاقىت ئىشىنىڭ قانداق بولغىنىنى سوراپ، داۋاملىق مەسلىھەت بېرىمىز. مەسلىھەتكە پىسەنت قىلمىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ قويىمىز. ئاللاھ قۇرئاندا توغرا يولنى بىزگە كۆرسىتىپ، ئاللاش ھوقۇقىنى ئۆزىمىزگە بەردى. قاچان ئاللاھنىڭ يولنى تاللىساق، قۇرئان خەرىتىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول باشچىمىز بولىدۇ. ئەگەر باشقا يولنى تاللىساق، ئاللاھ ئۆز ھالىمىزغا تاشلاپ قويىدۇ-دە، بارغانسېرى تۇيۇق يولغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپ قالىمىز.

ئاللاھ تائالا بىر ھەدىس قۇددۇسىيدا بەندە بىلەن بولغان ئەھۋالنى تىلغا ئېلىپ: "أَنَا عِنْدَ ظَنِّ عَبْدِي بِي وَأَنَا مَعَهُ حِينَ يَذْكُرُنِي، فَإِنْ ذَكَرَنِي فِي نَفْسِهِ ذَكَرْتُهُ فِي نَفْسِي، وَإِنْ ذَكَرَنِي فِي مَلإٍ ذَكَرْتُهُ فِي مَلإٍ خَيْرٍ مِنْهُمْ، وَإِنْ اقْتَرَبَ إِلَيَّ شِبْراً اقْتَرَبْتُ مِنْهُ ذِرَاعاً، وَإِنِ اقْتَرَبَ إِلَيَّ ذِرَاعاً اقْتَرَبْتُ إِلَيْهِ بَاعاً، وَإِنْ أَتَانِي يَمْشِي أَتَيْتُهُ هَرْوَلَةً"[1] «بەندەم مەن توغرۇلۇق قانداق قاراشتا بولسا، مەنمۇ شۇ خىل قاراشتا، قاچان ئەسلىسە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن. مېنى كۆڭلىدە ئەسلىسە، كۆڭلۈمدە ئەسلەيمەن. مېنى بىر توپ كىشىلەر ئىچىدە تىلغا ئالسا، تېخىمۇ ياخشى توپتا ئۇنى تىلغا ئالىمەن. ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، بىر گەز يېقىنلىشىمەن. بىر گەز يېقىنلاشسا، بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. پىيادە مېڭىپ كەلسە، يۈگۈرۈپ بارىمەن» دېگەن. دېمەككى بىز تاللىغان يولىمىزغا

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراپ مۇئامىلىگە ئېرىشىمىز. ئاللاھنىڭ يولىنى تاللىساق، ئۇزلۇكسىز ياردەمگە ئېرىشىپ تۇرىمىز.

بۇ ھەدىس قۇددۇسىي شۇنى ئېنىق ئىزاھلاپ بەردىكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ئىمانغا قارىتا ياردەم بېرىدۇ. بىر بەندىنىڭ ئاللاھ تەرەپكە كېلىش-كەلمەسلىكى، ئاللاھقا ھېچ پايدا-زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا بىز قۇرئاندا كەرىمنىڭ كاپىرلارنىڭ كۆپۈرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللىغانلىقنى نازۇك شەكىلدە بايان قىلغانلىقنى كۆرىمىز. كاپىر بولغانلار ئۆز ئىرادىسى بىلەن كۇپۇرلۇقنى تاللاپ شۇ يولدا ماڭغان بولۇپ، قانداقتۇر ئاللاھ ئۇ يولغا سېلىپ قويغان ئەمەس. بۇلارنىڭ كۆپۈرنى تاللىشى ئاللاھ قەلبىگە پېچەت سېلىشىتىن ئىلگىرى بولغان بولۇپ، ياراتقۇچى زات پۇتۇن شېرىكلەرنىڭ شېرىكىدىن بىھاجەتتۇر. ئىماننى تاللىغانلار ئىمانغا، كۆپۈرنى تاللىغانلار كۇپۇرغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋېرىدۇ. ئىماننى تاللىغانلارنىڭ ئىمانى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ دۇنيانى تىترەتسە، كۆپۈرنى تاللىغانلارنىڭ كۆپۈرى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، گۇناھىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىگە پېچەت سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ كۆزلىرى توغرىنى كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى ياخشىنى ئاڭلىمايدۇ ۋە قەلبلىرى ھەقنى چۈشەنمەيدۇ.

كۇپپارلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بولغان ئىماننى يوشۇرۇپ كۇپۇر بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئىدراك ۋاستىلىرىغا پېچەت سېلىنىپ كەتكەن. ئىدراك ۋاستىلىرى ئۈچ بولۇپ، كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ ۋە قەلب چۈشىنىپ قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دەل مۇشۇ ئۈچ ئىدراك ۋاستىسىگە قۇلۇپ سالىدۇ. قەلب ئاشكارا ئىدراك ۋاستىسى بولمىسىمۇ، ئاللاھ ئىدراك يوللىرىنى بىزگە ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇ ئايەتتە قۇلاق ۋە كۆزنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالغان. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّن بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْئًا وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ ۙ لَعَلَّكُمْ

تَشْـــــكُرُونَ﴾[1] «ئـــاللاھ ســـىلەرنى ئاناڭلارنـــىڭ قارنـــىدىن ھېچنەرســـىنى بىلمەيـــدىغان ھـــالىتىڭلار بىـــلەن چىقـــاردى، ئـــاللاھ ســـىلەرگە شـــۈكۈر قىلســـۇن دەپ، قـــۇلاق، كـــۆز ۋە يـــۈرەكلەرنى ئاتـــا قىلـــدى» دەپ، بـــۇ ئـــۈچ خىـــل ئىـــدراك ۋاســتىســـىنى ھەقنـــى تونۇشـــىمىز ئۈچـــۈن بەرگەنلىكىنـــى ســـۆزلىگەن. ئەگەر بـــۇ ۋاســـىتىلەر ئـــارقىلىق ھەقنـــى تونۇمـــاي يـــۈز ئۆرۈســـەك، ئـــاللاھ ئـــۇلارنى پېچەتلىلۋېتىـــدىغانلىقىنى بايـــان قىلغـــان. شـــۇ ســـەۋەبتىن بـــۇ دىنـــدىن يىراقلاشـــقان كىشـــىلەر ھەرقـــانچە ۋەز-نەســـىھەت ئـــاڭلاپ، ھەقىقەتنـــى كۆرســـىمۇ تەســـىر قىلمايدۇ.

ئـــاللاھ تائـــالا ئىنســـاننىڭ ئىلىـــم-مەرىـــپەتكە ئېرىششـــى ئۈچـــۈن قـــۇلاق، كـــۆز ۋە قەلبـــتىن ئىبـــارەت ئـــۈچ تۈرلـــۈك ئىـــدراك ۋاســتىســـىگە تايىنىـــدىغانلىقىنى سـۆزلەۋاتىدۇ. ئەمـــدى بىـــز ئوقۇۋاتقـــان بـــۇ ئـــايەت كەرىمـــدە ئـــاللاھ قەلبنـــى كـــۆز ۋە قۇلاقنىـــڭ ئالدىـــدا كەلتـــۈردى. ئـــاللاھ بەرگەنـــدە قـــۇلاق، كـــۆز ۋە قەلبنـــى تەرتىپـــى بىـــلەن بەرگەن بولســـا، پېچەتلىگەنـــدە ئـــاۋۋال قەلبنـــى پـــېچەتلىگەن. چـــۈنكى ئـــاللاھ تائـــالا ئۇلارنىـــڭ كـــۇپرىنى تاللايـــدىغانلىقىنى بىلـــدىغان بولـــۇپ، ئـــۇلار كـــۆرۈپ، ئـــاڭلاپ، قەلبىـــدىن كـــۇپرىنى تاللىغـــان. بـــۇ ئىختىيـــارلىق قەلـــبىگە پـــېچەت سېلىنىشـــتىن بـــۇرۇن بولـــدۇ. مەيلـــى كـــۆز ھەرقـــانچە كۆرســـۇن، قـــۇلاق ھەرقـــانچە ئـــاڭلاپ كەتســـۇن، قەلـــب پېچەتلەنســـە، ئۇنىڭغـــا يېڭـــى مەلۇمـــات كىرمەيـــدۇ ۋە كونـــا مەلۇمـــاتلار چىقىـــپ كەتمەيـــدۇ. چـــۈنكى قەلـــب ســـاھىبلىرى كۇپـــۇرنى تـــاللاپ، ئۇنىڭـــدا چىـــڭ تۇرغـــاچقا، قەلبـــى ئاللاھنـــىڭ پېچىتـــى بىـــلەن پېچەتلەنگەن.

ئاللاھ تائالا بـۇ خىـل كىشىلەرنى: ﴿صُـمٌّ بُكْـمٌ عُمْـيٌ فَهُـمْ لَـا يَرْجِعُـونَ﴾[2] «ئـــۇلار گاســـتۇر (يەنـــى گـــاس ئاڭلىمىغانـــدەك، ياخشـــىلىقنى ئاڭلىمايـــدۇ)، گاچـــدۇر (يەنـــى گاچـــا ســـۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشـــى ئىشـــنى ســـۆزلىيەلمەيدۇ)،

[1] سۈرە نەھل، 78-ئايەت

[2] سۈرە بەقەرە، 18-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن. نېمە ئۈچۈن بۇلار ئىدراك ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىنى يوقاتتى؟ چۈنكى «ئىنكار» ئۇلارنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالغان. قەلب بىر نەرسىنى چۈشەنمىگەندىن كېيىن، كۆز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۆرۈشتىن، قۇلاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈگۈتلىرىنى ئاڭلاشتىن ئاجىز كېلىدۇ.

رىسالىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە قۇرئاننىڭ بولۇشىغا قارىماي، كۇپۇرنى تاللاپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلارنى ئاللاھ قانداق قىلىدى؟ ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويىدى. چۈنكى ئاللاھ پۈتۈن ئالەمدىن بىھاجەت زاتتۇر. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى ياكى ئىنكار قىلىشى ئاللاھقا قىلچە پايدا-زىيان ئەكېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ماڭغان يولنى قولايلاشتۇرۇپ بەردى ۋە شۇ يولدا ياردەم بەردى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە: ﴿وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ﴾[1] «كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈپ، كۇپۇرنى تاللىغانلارغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿هَلْ أُنَبِّئُكُمْ عَلَىٰ مَن تَنَزَّلُ الشَّيَاطِينُ. تَنَزَّلُ عَلَىٰ كُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ﴾[2] «(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى) سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھەربىر ئىغۋا توقۇغۇچى گۇناھكارغا چۈشىدۇ» دېگەن بولۇپ، گۇناھكارلارغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، شەيتان ئۇلارنى يېتەكلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

[1] سۈرە زۇخرۇف، 36-ئايەت
[2] سۈرە شۇئەرا، 221، 222-ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا بىلمىنىڭ بۈيۈكلۈكى بىلەن كىمنىڭ مۆئمىن، كىمنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىختىيارى تاللىشىغا ئارىلاشمايدۇ. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ 950 يىل ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىشى ۋە توپان بالاسى كېلىشتىن بۇرۇنلا ئاشۇ نەچچە ئادەمدىن باشقىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن شۇ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ توپاندىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كېمە ياسىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەسىلە: ﴿وَأُوحِيَ إِلَىٰ نُوحٍ أَنَّهُ لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلَّا مَن قَدْ آمَنَ فَلَا تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُوا يَفْعَلُونَ. وَاصْنَعِ الْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا وَلَا تُخَاطِبْنِي فِي الَّذِينَ ظَلَمُوا ۚ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ﴾[1] «نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيي قىلىندى: قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ» دېگەن ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، ئاللاھ تائالا ئىلمىنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن كىمنىڭ كۇپۇرنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ كىمنىڭ كاپىر بولۇپ كىمنىڭ ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى بىلگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنىڭ يولى ۋە قۇرئاننى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؟ چۈنكى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا دەۋەت يەتكەنلىكىگە ئۆز-ئۆزىگە گۇۋاھلىق بولسۇن ئۈچۈن ۋە شۇ بۈيۈك كۈندە ھىدايەت ۋە پەيغەمبەر كەلگەن بولسا، ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى داۋا قىلماسلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلغان. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە پېچەت سېلىۋېتىدۇ؟ چۈنكى قەلب ئەقىدە ئورنى. بىر

[1] سۈرە ھۇد، 36، 37-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلە ئەقلىدە مۇنازىرە قىلىنىپ، تامامەن قانائەت ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن قەلبكە ئورناپ، ئەقىدە ۋە ئىمانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَٰكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾[1] «ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ» دېگەن بولۇپ، ئەگەر قەلب ئىمان مەسىلىسىدە كۆرمەس بولۇپ قالسا، ئىماننىڭ دەلىللىرىنى كۆرىدىغان كۆز، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلايدىغان قۇلاق بولمايدۇ. ئىماننىڭ ئۈستىگە كۇپۇرنى تاللىغان ئادەملەرگە قىيامەتتە بۈيۈك ئازاب بار. ئاللاھ تائالا ئازابنى «دەردلىك»، «خار قىلغۇچى» ۋە «بۈيۈك» دەپ سۈپەتلىگەن. يەنى، "العذاب الأليم" «دەردلىك ئازاب»، قاتتىق دەردكە سەۋەب بولىدۇ. "العذاب المهين" «خار قىلغۇچى ئازاب» بۇ ئاساسەن دۇنيادا چوڭ نوپۇزغا ئىگە رەئىس، باشلىق، بايلارغا كېلىدىغان ئازاب بولۇپ، ئاخىرەتتە ئەڭ خار ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. بەلكىم ئۇچرىغان ئاھانەت ئازابتىنمۇ ئېغىر كېلىشى مۇمكىن. مانا بۇلار دۇنيادىكى كۇپۇرنىڭ چوڭلىرى بولۇپ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئەگەشكەن ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئاھانەت قىلىدۇ. "العذاب العظيم" «بۈيۈك ئازاب» بولسا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە نىسبەت بېرىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۈيۈك بولغاچقا، ئازابىمۇ ناھايىتى بۈيۈكتۇر. ئادەمنىڭ كۈچى ئىنتايىن چەكلىك، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ كۈچى چەكسىز! ھەرئىش قىلغۇچىسىغا مۇناسىپ شەكىلدە بولغانلىقتىن، ئىنسان ئۆزىگە چۇشلۇق ئازابلىيالايدۇ. قۇدرىتى ھەممىدىن بۈيۈك زاتنىڭ ئازابى بولسا تەسۋىرلىگۈسىز بۈيۈك بولىدۇ.

---

[1] سۈرە ھەج، 46-ئايەت

## سۈرە بەقەرە 8-ئايەت

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّـهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُم بِمُؤْمِنِينَ﴾

**«كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئېغىزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)»**

سۈرە «بەقەرە» ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى سۆزلەپ، دۇنيا ھاياتىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇئمىن، كاپىر ياكى مۇناپىق دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بىرىنچى تۈردىكىلەر مۇئمىنلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ ئايەتتە بايان قىلغان. ﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ. وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ. أُولَـٰئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».

ئىككىنچى تۈرلۈك كىشىلەر كاپىرلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتتە بايان قىلغان. ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ. خَتَمَ اللَّـهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَعَلَىٰ سَمْعِهِمْ ۖ وَعَلَىٰ أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەربىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىمانىنىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى ئارقىمۇ-ئارقا كەلگەن 13 ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ دىنغا بولغان خەتىرى زور بولۇپ، دىن ئەھلىنى يىقىتىدىغىنى دەل مۇناپىقتۇر. كاپىر مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ كۇپۇرىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مۇناپىق ئالدىمىزدا ئىمان قىياپىتى بىلەن ئاشكارا بولىدۇ، لېكىن يامانلىق ۋە كۇپۇرنى يوشۇرىدۇ. بىز ئۇنى مۆئمىن دەپ ئويلاپ، سىرلىرىمىزدىن خەۋەردار قىلىمىز. شۇڭا بىلەن ئۇ سىرلارنى دىنغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردا تۆرلۈك ئېتىقادلارنى ياراتقان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ياخشى ياشىشى ئۈچۈن ئېتىقادلىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ، توقۇنۇشماسلىقى كېرەك. مۆئمىنىنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكلىرى بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى ماسلىشىدۇ. چۈنكى ئۇ قەلبى بىلەن ئىمانغا ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە تىلى ئېتىقاد قىلغان شۇ ئىمان بىلەن سۆزلەيدۇ. قەلبى بىلەن تىلىدا زىتلىق بولمايدۇ. كاپىرنىمۇ «ئۆز نەپسى بىلەن ياخشى ياشايدۇ» دەپ قارىساق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئىماننى ئىنكار قىلىپ، تىلى شۇ بويىچە سۆزلەپ، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش ياشايدۇ. ئۆز ئېتىقادلىرى ئارىسىدا ساغلاملىقنى يوقاتقان بىردىنبىر ئادەم مۇناپىقتۇر. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە ۋە ئۆزى بىلەن نورمال مۇناسىۋەت ساقلىيالمايدۇ، تىلى قەلبى ئويلىمايدىغان نەرسىلەرنى دەيدۇ، يوشۇرۇۋاتقان نەرسىنىڭ ئەكسى بويىچە

كۆرۈنىدۇ، ئۇيلاۋاتقىنىنىڭ ئەكسىنى سۆزلەيدۇ ۋە قەلبىدىكىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دائىم قورقۇنچتا ياشايدۇ. بۇ قارىمۇ-قارشىلىقلارنى «تۇگەپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق نەرسە» دەپ ئويلايدۇ، لېكىن بۇ زىددىيەت دۇنيادا تۈگىمەي، ئاخىرەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئاندىن بۇ زىددىيەتلەر ئۇ كىشىگە قارشى تۇرۇپ، دوزاخقا كىرگۈزىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە: ﴿حَتَّىٰ إِذَا مَا جَاءُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَارُهُمْ وَجُلُودُهُم بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ. وَقَالُوا لِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدتُّمْ عَلَيْنَا ۖ قَالُوا أَنطَقَنَا اللَّهُ الَّذِي أَنطَقَ كُلَّ شَيْءٍ وَهُوَ خَلَقَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾[1] «ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟ - دەيدۇ، تېرىلىرى: ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ دەسلەپتە سىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر - دەيدۇ» دېگەن ئايەت كەلگەن بولۇپ، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلار شۇ خىل توقۇنۇش ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇلار ئارزۇ قىلىدىغان نورمال تۇرمۇش ھاياتى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ رويابقا چىقمايدۇ. مۇناپىقنىڭ تىلى، ئىككى قولى، پۇتلىرى ۋە تېرىلىرى قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا قارشى چىقمىغان نېمە قالىدۇ؟! مۇناپىق بىلەن رەببى، نەپسى، جەمئىيىتى ۋە ئاخىرەتلىكى ئارىسىدا توقۇنۇش بولۇش بىلەن بىرگە، ھەتتاكى كاپىر بىلەنمۇ توقۇنۇشى بار.

ئاللاھ تائالا ئايەتتە مۇناپىقلارنى ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُم بِمُؤْمِنِينَ﴾ «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئېغىزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)» دەپ

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 20، 21-ئايەتلەر

سۈپەتلەۋاتىدۇ. بۇ مۇناپىقنىڭ قۇرئاندىكى بىرىنچى سۈپىتى بولۇپ، ئۇلار ئىماننى ئىپلان قىلىپ، قەلبىدە كۇپۇرلۇق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىمانى ساختا قىياپەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار نامازغا بارسا قەلبىتىكى ئىمان سەۋەبىدىن ئادا قىلمىغاچقا، ساۋاب يېزىلمايدۇ. ئۇلار «زاكات پۇل-مالنى ئازايتىدۇ» دەپ ئويلىغاچقا، زاكات بېرىش ئۇلارغا ھەسرەت بولىدۇ. ئۇلار ھاياتىنى ئاللاھ يولىدا تەقدىم قىلمىغاچقا، ئۇلاردىن بىرى جەڭدە ئۆلسە، مۇسىبەت قاتتىق يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر ئىشى ئۆزى ئۈچۈن ئازاب ۋە خاپىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مۇئمىنغا كەلسەك، ئۇ پۈتۈن ئىشىدا جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ ۋە ئاللاھ يولىدا شەھىد بولىدۇ. مۇناپىقمۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ، ئەمما جەننەتنى ئۈمىد قىلمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارغا نىپاق سەۋەبلىك دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختسىزلىك ھۆكۈم قىلىۋەتكەن. ئۇلار دۇنيادا مۇئمىن ئاللاھ يولىدا قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئالغاندەك ھوزۇر ئالالمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئاللاھتىن ئارزۇ قىلغىنىدەك ساۋاب ئۈمىد قىلالمايدۇ.

# 17-دەرس

## سۈرە بەقەرە 9-ئايەت

﴿يُخَادِعُونَ اللَّـــهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّا أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ﴾

## «ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ»

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە: «ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ» دېيىش ئارقىلىق بىزگە مۇناپىقلارنىڭ ئىككىنچى سۈپىتىنى ئېچىپ بەردى. بۇ سۈپەت ئۇلارنىڭ غاپىل ۋە ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقى سەۋەبىدىن «ئاللاھنى ئالدايمىز» دەپ ئويلىشىدۇ. ئەجەبا بىرەر ئىنسان ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنى ئالدىيالامدۇ؟ ئەلۋەتتە ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئاللاھ سىر-مەخپىيەتلىكنى ۋە سىردىنمۇ مەخپىي بولغان ئىشلارنى بىلىدۇ. بۇنداق دېگەندە «سىردىنمۇ مەخپىي ئىشلار بارمۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەلۋەتتە بار. يەنى سىر دېگىنىمىز، سىز باشقا بىر كىشىگە سۆزلىگەن، ئۇنى سىز ۋە شۇ كىشىدىن باشقىسى بىلمەيدىغان ئىشلارنى، سىردىن مەخپىي بولغىنى بولسا قەلبىڭىزدە

www.uyghurkitap.com



ساقلاپ، ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمەيدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ سىزنىڭ ھېچكىمگە ئېيتماستىن، قەلبىڭىزدە ساقلىۋالغان ئىشلىرىڭىزنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَإِن تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى﴾[1] «ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن. ئاللاھنى ئالدىيالايدىغان ھېچقانداق مەخلۇق يوق. لېكىن بۇلار ئۆزلىرىنىڭ غاپىل ۋە ئەخمەقلىقىدىن «ئاللاھنى ئالدىيالايمىز» دەپ ئويلىشىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ بۇ خىلدىكى تەسەۋۋۇرى سەۋەبىدىن ئاللاھ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بولمايدۇ. مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ مەخپىي ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى بىلمەي، ئۆزىچە مەخپىي پىلانلارنى تۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە غەزىپىگە مۇپتىلا بولىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۆزىچە: «بىز مۇئمىنلەرنى ئالداۋاتىمىز» دەپ ئويلايدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئالدىغا بارغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى سۆزلەرنىڭ قارشىسىنى سۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكى ئالداش ئۇلارغا نىسبەتەن خارلىق ۋە جاپا بولۇپ، بۇ ئۇلارنى داۋاملىق خار ھالەتتە ياشىتىدۇ. يەنى سورۇنلىرىدا مۇئمىنلەر ھەققىدە يامان سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش قاتارلىق تۈرلۈك قورقۇنچلار بىلەن ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار ئۆزلىرىنىڭ سورۇنىدا سۆز قىلماقچى بولسا، تۈنجى قەدەمدە گېپىنى مۇئمىنلەردىن بىرەرسىنىڭ ئاڭلاپ قالمايدىغانلىقىغا جەزم قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشلايدۇ. مۇناپىقلار مۇئمىنلەر سورۇنىغا بارغان ۋاقىتتىمۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېغىزىدىن مۇئمىنلەرگە قارشى بىرەر سۆزنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىلەن مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار «ئاللاھنى ۋە

---

[1] سۈرە تاھا، 7-ئايەت

مۇئمىنلەرنى ئالدايمىز» دەپ تىرىشقان بىلەن ئاخىرىدا ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى بىلىدۇ. ھەتتا مۇئمىنلەرمۇ ئاللاھنىڭ قۇرئاندا بەرگەن بىشارەتلىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ: ﴿وَلَوْ نَشَاءُ لَأَرَيْنَاكَهُمْ فَلَعَرَفْتَهُم بِسِيمَاهُمْ وَلَتَعْرِفَنَّهُمْ فِي لَحْنِ الْقَوْلِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ أَعْمَالَكُمْ﴾[1] «ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، چوقۇم ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيتتۇڭ، سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن. ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، سەن ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندە، ئاللاھ تائالا: ﴿إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ قَالُوا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ اللَّهِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُ وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَكَاذِبُونَ﴾[2] مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن - دەيدۇ، سېنىڭ ھەققەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق مۇناپىقلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ ۋە مۇناپىقلار تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆز ئوخشاش بولسىمۇ، ئاللاھ مۇناپىقلارنى يالغانچى دەۋاتىدۇ.

بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئوخشاش سۆز تۇرسا، مۇناپىقلار قانداق بولۇپ يالغانچى بولۇپ قالدۇ؟ چۈنكى يۇقىرىدىكى سۆزلەر مۇناپىقلارنىڭ تىلىدىن چىققان بولسىمۇ،

[1] سۈرە مۇھەممەد، 30-ئايەت
[2] سۈرە مۇنافىقۇن، 1-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەلبلىرىدىكى سۆز ئەمەس ئىدى. چۈنكى مۇناپىقلارنىڭ تىلى بىلەن قەلبى ھېچقاچان بىر بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى رەسۇلۇللاھنى «ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بىلەن، قەلبى ئۇنى ئىنكار قىلىپ رەسۇلۇللاھنى ناھايىتى ئۆچ كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناپىقلار سۆزىدە راستچىل بولسىمۇ، قەلبلىرىدە يوق سۆزلەرنى دېگەچكە يەنىلا يالغانچى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ يەنە نۇرغۇن ئايەتلەردە مۇناپىقلارنى رەسۋا قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە يوشۇرۇنغان نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەن. دېمەك، بۇلارنىڭ «مۇئمىنلەرنى ئالدايمىز» دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتتە ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالداش بولسىمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۆزلىرى تۇيماستىن ھەقىقەتنى سۆزلەپ قويۇپ، ئەيىت-بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار خاتا سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەيىت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ ئاشكارىلايدىغان بايانلار كېلىپ تۇرىدۇ.

خۇلاسە: ئۇلار ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى تۇگۇل، ھەتتا مۇئمىنلەرنىمۇ ئالدىيالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ بىر قېتىم مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەيىت-بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرسە، يەنە بىر قېتىم ئۇلار خاتا سۆزلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. دېمەك، مۇناپىقلار بۇ ئىشلىرى ئارقىلىق پەقەتلا ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

# سۈرە بەقەرە 10-ئايەت

﴿فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّـهُ مَرَضًا وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ﴾

**«ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى. يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىمانىنى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»**

يۇقىرىدا مۇناپىقلارنىڭ ئىككىنچى سۈپىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. ئەمدى ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئۈچىنچى سۈپىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى كېسەلگە ئوخشاتتى. كېسەل تۈنجى بولۇپ ئادەم بەدىنىدىن سالامەتلىكنى يوق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى كېسەل بولغاچقا، قەلبنى تىرىلدۈرۈپ كۈچلۈك قىلىدىغان ئىمانغا ئىگە بولالمىغان.

نېمشقا ئۇلارنىڭ قەلبلىرى كېسەل بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى نىفاق ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن قېچىپ، ئۇلار بىلەن ماسلاشماسلىق چارچىتىپ قويغان. چۈنكى مۇناپىقلار پۈتۈن يالغان بىلەن تولغان هاياتتا ياشايدىغان بولۇپ، بۇ سىقىلىش ۋە توقۇنۇشلار ئۇلارنىڭ قەلبىنى كېسەل قىلىپ قويغان. ئۇلار بۇ كېسەلدىن ئىچى-تېشى بىر بولغان شەكىلدە ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق ساقىيالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ هەقتە: ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

﴿هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ الظَّالِمِينَ إِلَّا خَسَارًا﴾[1] «بىز مۆئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ قەلبنىڭ شىپاسى بولغان قۇرئان ۋە ئىمان نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. لېكىن مۇناپىقلارنىڭ قەلبى ئۇ ئىككىسىدىن يىراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كېسىلى خۇددى دورىسى يوق ئادەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقانغا ئوخشاش ئېغىرلىشىپ ماڭىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ پاسىقلىقى سەۋەبلىك كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

مۇناپىقلار كېسەل قەلب ئىگىلىرى بولغاچقا، ئىمان نۇرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرمەيدۇ. تەبىئىيكى ئىمان نۇرى كىرمىگەن قەلب ھەقىقەتنى تونۇيدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ قەلبلەر ئەتراپىدىكى ھەرقانداق نەرسىدىن قورقىدۇ. ئۆزى قەلبى بىلەن تىلىنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالىدۇ. بۇنداق كېسەل قەلبنىڭ ھېچنەرسىگە كۈچى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە جەڭگە كىرىپ قالسا، ئۇلارنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى جەڭدىن قېچىش ئۈچۈن يوشۇرۇنىدىغان جاي ئىزدەش بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سۈپەتلەپ: ﴿لَوْ يَجِدُونَ مَلْجَأً أَوْ مَغَارَاتٍ أَوْ مُدَّخَلًا لَّوَلَّوْا إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ﴾[2] «ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋە ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى» دەيدۇ.

خۇلاسە: ئۇلار يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، بىرەر يەردە ساقلىنىۋالغانلىقى ياكى دۇنيادا ھېچكىمنىڭ بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ قاتتىق

---

[1] سۈرە ئىسرا، 82-ئايەت
[2] سۈرە تەۋبە، 57-ئايەت

ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا﴾[1] «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن» دېگەن.

[1] سۈرە نىسا، 145-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 11-ئايەت

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ﴾

### «ئۇلارغا: ‹يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز› دەيدۇ»

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ تۆتىنچى سۈپىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېگىنىمىز، سالىھ كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ياخشى ئادەمنى ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ھالىتىدە قويۇپ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەسلىك دۇنيادا تەلەپ قىلىنغان ئەڭ ئاددىي بىر ساۋات. ئەگەر سىز ياخشىلىقنى خالىسىڭىز، سالىھ ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ياخشى ئىشلارنى ئۆگەنسىڭىز بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي بۇ سالىھ ئادەمگە ھۇجۇم قىلسىڭىز، ئىككى بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغان بولىسىز. چۈنكى سىز ياخشى سالىھ كىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ بەرگەن توغرا ھايات ئاساسلىرىڭىزنىمۇ بۇزدىڭىز.

مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى بولغان بىر قۇدۇقنى ئاللاھنىڭ سىزگە بەرگەن ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق تاملىرىنى رېمونت قىلىپ، چېلەك بىلەن ئارغامچا تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ سۇ ئىچىشىنى قولايلاشتۇرۇپ قويسىڭىز، بۇ ياخشىلىققا ياردەم قىلغىنىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇ قۇدۇقنى ئۆرۈۋەتسىڭىز، ھاياتتىكى ياخشىلىقتىن بىرنى ۋەيران قىلغان بولىسىز. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مۇكەممەل بىر ياشاش يولىنى

چۈشۈرگەن. ئەمما مۇناپىقلار دىن نامىدا پۈتۈن ئىرىشچانلىقنى چىقىرىپ بۇ يولنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەستلەرنى قىلىدۇ.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامغا يىللارچە ھۇجۇم قىلىپ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ ھەرگىزمۇ ئوچۇق-ئاشكارا كاپىرلارنىڭ تەسىرىدىن مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر بولۇپ قالسا، ئىچكى قىسمىدىن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئۇيلاپ، تاشقى كۆرۈنۈشلىرى مۇسۇلمان بولغان بىر تۈركۈم مۇناپىقلارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار ئىسلامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كاپىرلارغا خىزمەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل مەزھەپ ۋە ئېقىملارنى پەيدا قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان. مۇناپىقلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىسلام تونىنى كىيىۋېلىپ قىلغاچقا، مۇئمىنلەر بۇ ئىشلارنىڭ ئىسلامغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلماستىن، بەلكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى داۋا قىلىشىدۇ.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



# سۈرە بەقەرە 12-ئايەت

﴿أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَـٰكِن لَّا يَشْعُرُونَ﴾

## «بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ»

مۇناپىقلار ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلماستىن ئۆزلىرىنى ئالداپ، «زېمىندا ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇزغۇنچىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ يولىغا ۋە ھىدايىتىگە قارشى كۆپۈرلۈك بار. كائىنات پەقەتلا ئاللاھنىڭ پرىنسىپىغا ماس كېلىدۇ. ئاللاھ بۇ كائىناتنى ياراتتى ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى ھەر نەرسىنى ياسىغۇچىسىدىنمۇ بەكرەك بىلىدىغان بىرى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىز دۇنيادا ئىشلىتىۋاتقان بىرەر ئۈسكۈنە بۇزۇلۇپ قالسا، شۇ ۋاقىتتىلا بۇ ئۈسكۈنىنى ياسىغان زاۋۇت بىلەن ئالاقە قىلىمىز. ئەگەر بىز ياشىغان شەھەردە ئۇ زاۋۇت بولمىسا، زاۋۇت بەلگىلىگەن ۋاكالەتچىلەرنى ئىزدەيمىز ياكى ئۇنى رېمونت قىلىش قوللانمىسىنى كۆرۈپ چىقىمىز. مانا بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى بىر ئەھۋال. شۇنىڭدەك، بىز ھاياتتا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچرىساق، يۇقىرىقى شەكىلدىكىدەك قۇرئان ۋە ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئىنسان بىلەن دۇنيا مەسىلىسىدە ئالەمنى ياراتقان ئاللاھنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئالماستىن، دۇنيانى بۇزىدىغان پرىنسىپلارنى ئىشلىۋاتىمىز. بۇ ئاجايىپ ھەيران قالارلىق بىر ئىش. ئەگەر بىز ئىنسان ۋە دۇنيانى

ئوڭشىماقچى بولساق، ئاللاھقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ، ياراتقۇچى ئۆز بەندىلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار تۈزگەن ئىسلاھات پرىنسىپلىرى كۆرۈنۈشتە مەسىلىنى ھەل قىلىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، نەتىجىدە ئىشلارنىڭ ھەممىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى «بۇزغۇنچىلار» دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلغاچقا، بۇ ئۆزگەرمەس ھۆكۈم بولىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىنى «ئىسلاھات دەۋاسى» بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئادەم، ئۆزى ھېس قىلمىسىمۇ ئېنىقلا «بۇزغۇنچى» ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەقىقىي ئىسلاھات قىلماقچى بولسا، كائىناتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ھەقىقىي پرىنسىپقا يۈزلەنگەن بولاتتى. كائىناتنى ئىسلاھ قىلىدىغان بىردىنبىر پرىنسىپ پەقەتلا ئاللاھ چۈشۈرگەن ئىلاھىي پرىنسىپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 18-دەرس

## سۈرە بەقەرە 13-ئايەت

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُوا كَمَا آمَنَ النَّاسُ قَالُوا أَنُؤْمِنُ كَمَا آمَنَ السُّفَهَاءُ ۗ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ وَلَـٰكِن لَّا يَعْلَمُونَ﴾

**«ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): ‹ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟› دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ»**

بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ بەشىنچى سۈپىتى سۆزلىنىدۇ. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىغا قاراپلا، ئۇلارنى «جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر» دەپ كەمسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىتتا مەككىدىكى چوڭ پۇلدار كاپىرلار ئىمان ئېيتمىغان بولۇپ، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى نامرات كىشىلەر ئىدى. مۇناپىقلار ئىمانغا دەۋەت قىلىنغان ۋاقىتتا: «بىز مۇشۇ ئەقىلسىز، ئەخمەق كىشىلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئەخمەق ۋە ئەقىلسىز بولغىنى مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقان مۇناپىقلار ئىدى.

مۇناپىقلارنىڭ «ئەقىلسىز، ئەخمەق» دېگىنىدىن ئىمان ئېيتقان كەمبەغەل مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن بۇ ئايەتتە ئىشلىتىلگەن "السفه" دېگەن سۆز «دۆت، ئەخمەق ۋە ئىشلاردا ئالدىراقسانلىق قىلىدىغان كىشىلەر»گە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرگە ئىشلىتىلەمدۇ ياكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان مۇناپىقلارغىمۇ؟ مۇناپىقلار ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى «ئەقىلسىز» دەپ سۈپەتلىگەن بىلەن ئۆزلىرى ئىمان دەۋاسى قىلىدۇ، بۇ ھەقىقەتتە زىت بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ چۈنكى مۇناپىقلار مۆئمىنلەرنى «ئەقىلسىز» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ئەجەبا ئۇلارنىڭمۇ شۇ «ئەقىلسىز» ئىنسانلارنىڭ قاتارىدىن بولغۇسى بارمۇ!؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆئمىنلەر مۇناپىقلارنى ئىمانغا چاقىرغىنىدا، مۇناپىقلار مۆئمىنلەرنى «ئەقىلسىز كىشىلەر» دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئۆلچەشتە كۆزدە تۇتقىنى مال-دۇنيا ۋە ئابرۇي ئىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا قۇرەيشنىڭ پۇلدار، ئابرۇيلۇق كىشىلىرى ئىمان ئېيتمىغان بولۇپ، مۇناپىقلار مۆئمىنلەرنى «ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىۋاتىدۇ» دەپ قارايتتى. مۇناپىقلارنىڭ قەلبىنى غەپلەتتىن ئىبارەت بىر كېسەل قاپلىۋالغاچقا، بۇ غەپلەت ئۇلارنى ئاجايىپ بىر ھەقىقەتكە دىققەت قىلىشتىن توسۇپ قويغان. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى كەمسىتىدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ مۇناپىقلارغا: «مۆئمىنلەر سىلەر دەۋا قىلغاندەك ئەقىلسىز بولسا، نېمە ئۈچۈن ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟ نېمىشقا ئۆزۈڭلارنىڭ شۇ ‹ئەقىلسىزلەر› قاتارىدىن بولۇشنى خالايسىلەر؟» دەپ خىتاب قىلغۇمىز كېلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ سۆزى بىلەن دىلىنىڭ بىر ئەمەسلىكى بۇ چاغدا ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن دىلىنىڭ بىر بولمىغانلىقى،

ئېغىزىدىن چىققىنى قىلىۋاتقان ئىشىغا زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن «مۇناپىق» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ ۋە مۆئمىنلەر بىلەن بىرلىكنى ساقلىيالمايدۇ. ھەتتا ئۆزى بىلەنمۇ بىرلىك ساقلىيالمايدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ تىلى قەلبىنى، ئەمەلى ئەقىدىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقان قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقتىن، ئىماننىڭ مۇشەققىتىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ. ئادەتتە بىرەر ئىش قەلبىدىن رازى بولۇپ قىلمىغان كىشىگە ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. مۇناپىقلار تارتقان بۇ جاپاسىنىڭ ئورنىغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ئالالمايدۇ. ئەسلىدە ئۇلار بىر پۈتۈن ئىمان ئېيتىپ، مۆئمىنلەر بىلەن بىرگە ياشاپ، ئاللاھتىن ئەجىر ئېلىشى ۋە ياكى ئىمان ئېيتماي كاپىرلار بىلەن بىرگە ياشاپ، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى سۈرۈپ، ئاخىرەتتە جازالىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارغا بۇ دۇنيادا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن جاپالار بولىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇنى بىلمەستىن مېڭىۋېرىپ، «ئەقىلسىز» دېگەن سۈپەتنى ئۆزىدە شەكىللەندۈردۇ.

## سۈرە بەقەرە 14-ئايەت

﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا إِلَىٰ شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ﴾

**«ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: ‹بىز ئىمان ئېيتتۇق› دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: ‹بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز› دەيدۇ»**

بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئالتىنچى سۈپىتى. ھاياتنىڭ مۇقىم بىر خىل شەكىلدە داۋاملىشىشى ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھەر تەرەپلىرى ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. مۇناپىقلارنىڭ ھاياتى بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرخىل بولۇپ، ئەتىگەندە قەلبى ئازابلانغان ھالدا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بولسا، كەچتە خۇشال ھالەتتە كاپىرلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قەلبلىرىنى قورقۇنچ قاپلىۋالىدۇ. بۇلار خۇددى زامانىمىزدىكى ئارتىسلارغا ئوخشايدۇ. يەنى بەزى قورقۇنچاق ئارتىسلار قەھرىمانلارنىڭ رولىنى ئالىدۇ، يەنە بەزى ئارتىسلار سەھنىدە ئۆزىنىڭ مىجەزىگە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇناپىق دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقانداق رولنى ئالالايدىغان كىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىسى زىتلىق ۋە ساختىلىققا تولغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ: ﴿وَإِذَا خَلَوْا إِلَىٰ شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ﴾ «شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئۆز كاتتىۋاشلىرىنىڭ يېنىغا مەخپىي ئۇچرىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقتتا، «بىزنىڭ قەلبىمىز سىلەر بىلەن بىرگە» دەپ خۇشامەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھەق داۋاملىق ئاشكارا ۋە روشەندۇر. ئەمما شەيتاننىڭ سۈيقەستلىرى باتىل بولغاچقا، داۋاملىق يوشۇرۇن ھالەتتە يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان مەڭگۈ ھەقتىن خىجىل بولمايدۇ. لېكىن باتىلنى قىلغۇچى ئۇنى يوشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

بۇنىڭغا ئاددىي بىر مىسال كەلتۈرەيلى. بىر ئەر ئۆيدە ئايالى بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۆينىڭ ئىشىكى چېكىلسە نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ئەر ئورنىدىن خاتىرجەم تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئىشىكنى چەككىنى دوستى ياكى تۇغقانلىرى بولسا، ئۆيگە ئەكىرىدۇ. ئايالى ئۇ مېھمانغا يېمەك-ئىچمەك تەييارلايدۇ. بۇ نورمال بىر ئىش. ئەمدى بىز بۇ ھالەتنى باشقا بىر شەكىلدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ھېلىقى ئەر ئۆيدە باشقا بىرىنىڭ ئايالى بىلەن بولۇپ قالسا نېمە ئىش يۈز بېرەر؟ ئەلۋەتتە بۇ چاغدا ناھايىتى جىددىيچىلىك يۈز بېرىدۇ. ئەر ئايالنى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇن ياكى چىقىرىۋېتىدىغان مەخپىي ئىشىك ئىزدەيدۇ. ئۆينىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئىشىك چەككەن ئادەمنىڭ «بۇ ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن» دەپ كېتىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇياق-بۇياققا قاراپ، ھېچقانداق ئادەمنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى خالايدۇ. ئەگەر ئۇنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن دەپ

قالسا، يولدا بىرگە ماڭماي يىراقتىن كۆزىتىپ ماڭىدۇ. مانا بۇ ئىنساندا يۈز بېرىدىغان تۇغرا ئىش بىلەن خاتا ئىشنىڭ، ئىمان يولى بىلەن شەيتان يولىنىڭ پەرقى. يۇقىرىدا يۈز بەرگەن ھادىسە بىر بولسىمۇ، كۆرۈنۈشى ئىككى خىل. بىرىنچى كۆرۈنۈشتە ئەر ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن، ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە بولسا ئەر باشقا ئايال بىلەن ئىدى. ھادىسە بىر بولسىمۇ، ئادەتتە ئادەمنىڭ ھەقكە تۇتقان پوزىتسىيەسى باشقا، باتىلغا تۇتقان پوزىتسىيەسى باشقا بولىدۇ. ئادەم ھالالدا شۇنداق خاتىرجەم ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن ھارامدا بولسا يۈرىكى دەككە-دۈككە ھالدا مەخپىي ھەرىكەت قىلىدۇ.

شەيتاننىڭ يولى يالغۇزلۇقتا ۋە ھېچكىم ئاڭلىيالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان ئورۇنغا موھتاج. چۈنكى شەيتاننىڭ يولىدىكى ئاشكارا بولۇپ قېلىش رەسۋالىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سىز كىشىلەرنىڭ تۇغرا بولمىغان ئىشلارنى قىلغاندا دائىم يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقى ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بىلىڭكى، بىر ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئۇنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگىنى، ئۇ ئىشنىڭ ئاللاھ رازى بولمايدىغان شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قىممەت قاراش ياخشى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىمۇ، يامان ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. ﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا﴾ «ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: بىز ئىمان ئېيتتۇق، دېيىشىدۇ» دېگەن ئايەتتىكىدەك، مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ئىمانىي قىممەت قاراشنى ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ. لېكىن شەيتانلىرىنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلار بىلەن بىرگە تۇردۇق» دېمەستىن، «بىز ئۇلارغا ئىشەنمىدۇق» دەپلا ئىشلىرىنى يوشۇرىدۇ. بۇ باتىلنىڭ قىممەت قارىشى، چۈنكى باتىل قىممەت قاراشتا ھەممە ئىشلار يوشۇرۇن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ يەردە ﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا﴾ «ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: بىز ئىمان ئېيتتۇق، دېيىشىدۇ» دېگەن بىر جۈملە بار. بۇ پېئىللىق جۈملە شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، ئەرەب تىلىدا پېئىللىق جۈملە ۋە ئىسىملىق جۈملە دەپ ئىككى جۈملە تۈرى بار. پېئىللىق جۈملە ئىش-ھەرىكەتنىڭ يېڭىلىنىپ قايتا-قايتا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئىسىملىق جۈملە ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىر خىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ﴿آمَنَّا﴾ دەپ پېئىللىق جۈملە ئىشلىتىپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن كاپىرلانىڭ يېنىغا بارغاندا ﴿إِنَّا مَعَكُمْ﴾ دەپ ئىسىملىق جۈملە ئىشلىتىپ جاۋاب بەرگەن. بۇ بولسا مۇناپىقلارنىڭ شۇ كاپىرلار بىلەن مەڭگۈ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كاپىرنىڭ دىنىغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## سۈرە بەقەرە 15-ئايەت

﴿اللَّـهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾

### «مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ»

ئىلگىرىكى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا، مۇناپىقلار «ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىپ، «مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلدۇق» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇناپىقلارنىڭ مەسخىرە قىلغۇدەك كۈچ-قۇۋۋىتى يوق. لېكىن ئاللاھ تائالا ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلارنى ئېغىر مەسخىرە قىلىشقا، قاتتىق ئازابلاشقا قادىر. مۇناپىق قەلبىدە يوق گەپلەرنى سۆزلىگەن بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىككى تەرىپى بار. ئاللاھ دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخشاش مۇناپىقلارنىڭمۇ ئاشكارا تەرىپىگە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا مۇناپىقلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلىنىپ، جەھەننەمنىڭ ئەڭ ئاستىغا تاشلىنىدۇ. ھەتتا بۇلارنىڭ جازاسى كاپىرنىڭكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ.

﴿اللَّـهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى "استهزاء" دېگەن سۆز «مەسخىرە» دېگەن مەنىدە كەلگەن. يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاپ، «سىلەر دۇنيادا مۇنداق-مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئىدىڭلار» دەپ، جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاشلىنىۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەققىدە: ﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ﴾[1] «(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي!» دېگەن بولۇپ، مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ «ۋەيلۇن» دېگەن دوزاختا چۆشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. دېمەك، مۆئمىنلەرنى ئېغىر مەسخىرە قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ئورنى ئاشۇ دوزاخ بولىدۇ.

"هُمَزَةٍ" باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىمانىنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتى. بىر كىشى پۈتىنىڭ مېيىپلىقى سەۋەبىدىن ئاقساپ ماڭسا مەسخىرە قىلىپ دوراپ مېڭىش، باشقىلارغا كۆز قىسىش ئارقىلىق مەسخىرە قىلىش ۋە گەپتە سوقۇپ مەسخىرە قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، يۇقىرىدىكى "هُمَزَةٍ" دېگەن سۆزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بىز ھەممىمىزنى بىر ئاللاھ ياراتقانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئادەم ئۆزى خالاپ توكۇر بولۇۋالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنى توكۇر قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغان ئىختىيارلىقى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى يوق. ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشىنى مەسخىرە قىلغانلىق ياراتقۇچى ئاللاھنى مەسخىرە قىلغانلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئارتۇقچىلىقلىرىغا شۈكرى قىلماستىن، ئاللاھنىڭ بەزى بەندىلىرىگە بەرگەن كەمچىلىكلىرىنى مەسخىرە قىلىشى ئەقىلسىزلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰ أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ﴾[2] «ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. بىر ئادەمدە بىر كەمچىلىكنى بايقىساق، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىزدە بولمىغان بىر ئارتۇقچىلىق ئۇ ئادەمدە تېپىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ

[1] سۈرە ھۇمەزە، 1-ئايەت
[2] سۈرە ھۇجۇرات، 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئادىللىقىدۇر. دېمەك، بىر مۆئمىننى مەسخىرە قىلىش ئۇ كىشىنى مەسخىرە قىلىش بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ يارىتىشىنى مەسخىرە قىلغانلىق بولىدۇ.

مۇناپىقلار ﴿إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ﴾ دېگەن ئايەتتە، ئېنىقلا «بىز ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ. بۇ مال-دۇنيا ياكى بىرەر ئەيىب-نۇقسان سەۋەبىدىن مەسخىرە قىلىش بولسۇن، ئاللاھنى مەسخىرە قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار بۇ قىلغانلىرىنىڭ جاۋابىنى ئاللاھتىن ئېلىشى كېرەك. ئاللاھ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ﴿اللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾ «مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ» دەيدۇ. يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئازغۇنلۇقىغا تاشلاپ قويىدۇ ۋە ئۇلار داۋاملىق ئازغۇنلۇقتا تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ﴿يَعْمَهُونَ﴾ دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. ئەرەب تىلىدا "عمه" ۋە "عمى" دەپ ئىككى سۆز بار. "عمه" نىڭ مەنىسى «قارىغۇلارچە ئىش قىلىش، تېڭىرقاش» دېگەنلىك بولىدۇ. لۇغەتلەردە "عمه" ۋە "عمى" دېگەننى «قارىغۇ بولۇش» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى قارىغۇلۇقنىڭ پەرقى بار. "عمى" دەپ كەلگىنى ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشىنى، "عمه" دېگەن سۆز بولسا ئادەمنىڭ ئەقىل كۆزىنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: يىراقنى كۆرەر كىشى دەيمىز. يىراقنى كۆرۈشتىن بولغان مەقسەت ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈش بولىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارغا "عمه" دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. چۈنكى مۇناپىقلارنىڭ ئەقلى ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان يەرگە يېتىپ بارغان. بۇ ئىككى سۆزدە بىر ھەرپتىلا ئوخشىماسلىق بار، "عمى" نىڭ ئاخىرىسىدا «ى» ھەرپى بار، بۇ كۆزنىڭ قارىغۇلۇقنى بىلدۈرىدۇ. "عمه" نىڭ ئاخىرىدا بولسا «ه» ھەرپى بار، بۇ ئەقىلنىڭ قارىغۇلۇقنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com

الْأَبْصَارُ وَلَـٰكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾[1] «ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)» دېگەن ئايەتتە "عمى" دېگەن سۆز كۆزنىڭ قارىغۇلۇقىدىن يۆتكىلىپ، ئەقىلنىڭ قارىغۇلۇقىغا ئىشلىتىلگەن.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدىكى كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: ﴿قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَىٰ وَقَدْ كُنتُ بَصِيرًا. قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَٰلِكَ الْيَوْمَ تُنسَىٰ﴾[2] «ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟ - دەيدۇ، ئاللاھ ئېيتىدۇ: شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن» دېگەن. يەنى بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ دۇنيادا كۆزى كۆرگەن بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەتتە كور ھالەتتە تىرىلدۈرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئەقىل كۆزلىرىنى ئىشلەتمىگەنلىكىنىڭ جازاسى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

---

[1] سۈرە ھەج، 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە تاھا، 125، 126-ئايەتلەر

## سۈرە بەقەرە 16-ئايەت

﴿أُولَـٰئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الضَّلَالَةَ بِالْهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾

**«ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى»**

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدىن يەنە بىرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھىدايەتنى ئازغۇنلۇققا ساتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇلار ھىدايەتنى قولدىن بېرىپ، ئازغۇنلۇقنى ئېلىپ قالغان كىشىلەردۇر.

ئادەتتە «ب» ھەرپى سودا-سېتىق ياكى ئالماشتۇرۇش ئىپادىسىدىكى جۈملىلەردە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بېرىلىدىغان نەرسىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئېلىپ قالىدىغان نەرسىگە ھېچقانداق ھەرپ قوشۇلۇپ كەلمەيدۇ. قۇرئاندىكى ئىپادىدىمۇ «ب» ھەرپى «ھىدايەت» دېگەن سۆزگە قوشۇلۇپ كەلگەن. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، مۇناپىقلار ھىدايەتنى قولدىن چىقىرىۋەتكەن. ئۇنداقتا «مۇناپىقلار ھىدايەتنى تاشلاپ، ئازغۇنلۇقنى ئالغۇدەك، ئۇلاردا بۇرۇن ھىدايەت بارمىتى؟» دېگەن بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلاردا بۇرۇن ھىدايەت يوق ئىدى. مۇناپىقلار ھىدايەتنىڭ ئۆزلىرىگە دۇنيادىكى مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھىدايەتنى تاشلاپ دۇنيالىق مەنپەئەتنى ئېلىپ كېلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئازغۇنلۇقنى قولىغا ئالغان.

ئاللاھ تائالا ھەر كىشىگە ھىدايەتكە باشلايدىغان كىتاب ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىنسانلاردا ھىدايەتنى ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللاش پۇرسىتى بولىدۇ. كىمكى ھىدايەتنى تاللىسا، ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَىٰ عَلَى الْهُدَىٰ﴾[1] «سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى»دەيدۇ. ئۇندىن باشقا ﴿فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾ «شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى» دېگەن ئايەتتە ئۇلارنىڭ تىجارىتىدە پايدا ئالالمىغانلىقى سۆزلەنگەن. تىجارەت دېگەن ئېلىپ-سېتىش بولۇپ، ساتقان تەرەپمۇ، ئالغان تەرەپمۇ بىر نەرسىگە ئېرىشىدۇ. بىرەر نەرسە قولغا كەلسە پايدىغا ئېرىشكەن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئايەتتە ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي، زىيان ئىچىدە قالغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

يۇقىرىدا مۇناپىقنىڭ ماڭغان ئىككى خىل يولىدا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. سەن مۇناپىقنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەكچى بولساڭ، دىققەت قىل! مۇناپىق ئەرزىمەس غۇرۇرسىز بىر ئىنسان. ئۇ باشقىلار بىلەن يۈزمۇ-يۈز تۇرالمايدۇ. ھەرقانداق يەرگە بارسا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى مۆئمىن ياكى كاپىر دېيەلمەيدۇ. ھەتتا مۇناپىقلارنىڭ شەكلى ئۆزىگىمۇ سەت كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۆزىگە يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىلغانلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتىپ يوشۇرالىغان بىلەن، ئۆزىنىڭ ناھايىتى پەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 17-ئايەت

شائىر مۇناپىقنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

كىشىلەردىن ئەنسىرەپ يامانلىق قىلالمىساممۇ،

لېكىن ئىنسانلار مەندىن كۆپ ھۆرمەتلىك.

ئىنساننىڭ يامانلىقىنى ئىنس-جىن كۆرمىسىمۇ،

ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىكى نومۇس قىلىشقا يېتەرلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# 19-دەرس

## سۈرە بەقەرە 17-ئايەت

﴿مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَّا يُبْصِرُونَ﴾

**«ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى»**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مىسال ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. ئايەتنى تەپسىر قىلىشتىن بۇرۇن ﴿مَثَلُهُمْ﴾ «مۇناپىقلارنىڭ مىسالى» دېگەن ئايەتتىكى «مىسال، تەمسىل» دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. قۇرئان كەرىم نۇرغۇن نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش يولى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەردى. چۈنكى قۇرئان كەرىم بايان قىلىدىغان مەزمۇنلار ئەقىل-ئىدراكىمىزدىن سىرت، غەيبكە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مىسال كەلتۈرۈش يولى ئارقىلىق ئەقىل-ئىدراكىمىزغا يېقىنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: ئاللاھ جەننەتتىكى ئىنسان كۆزى كۆرۈپ، قۇلىقى ئاڭلاپ، قەلبىگە كېچىپ باقمىغان ۋە دۇنيادا ئوخشىشى بولمىغان

نۇرغۇن نازۇ-نېئمەتلەرنى مىسال ئارقىلىق زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈردى.

ئەرەب تىلىدا "أمثال" دېگەن سۆز "مثال"نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، بۇ مەلۇم مەنىنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ، بىر ھېكمەتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئوخشىتىشتىن ئىبارەتتۇر. تەمسىل ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىي ئۇسلۇبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئۇنىڭ ئوخشىشى «ماقال-تەمسىل» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ئىلگىرى يۈز بەرگەن مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن ماقال-تەمسىلگە ئوخشاش تۇراقلىق ئىبارىلەر بىلەن مەقسىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ مەلۇم ئىشقا دەسلەپتە قىزىقماي، كېيىن بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى «موللام گۆش يېمەيتتۇ، يېسە بوش يېمەيتتۇ» دەپ ئىپادىلەيمىز. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاچكۆزلۈك قىلغان كىشىگە «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەن ئىپادىنى ئىشلىتىمىز.

تەمسىل دېگىنىمىز تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىلىقلىرى، تەبىئىتى ۋە ھالىتىگە سېلىشتۇرغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ ماڭا بېرىشكە تېگىشلىك قەرزى بار، لېكىن ئۇنى بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلغان بولسا، مەقسىتىنى «مەن قەرزىمنى تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە بېرىمەن» دەپ ئىپادىلەيدۇ. مۇھىم ۋاقىتتا ئەسقاتمىغان كىشى ئۈچۈن «ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئىت سىيگىلى كېتىپتۇ» دېگەن تەمسىلنى ئىشلىتىمىز. بىر ئادەمنىڭ قاتتىق بېخىللىقىنى «تۆمۈر خوراز» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيمىز. ئەگەر ئۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالسا تەمسىل بولمايدۇ. بۇنىڭ دەرسىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان تەمسىلنىڭ چۈشەنچىسىنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرئان كەرىم ئىمان، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ئەقلىمىز يەتمەيدىغان بىر قىسىم غەيبىي نەرسىلەرنى مۇشۇ شەكىلدە زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە ئاپتورنىڭ تەمسىل ئۇچۇن كەلتۈرگەن مىسالىنى ئوقۇپ ئۆتەيمىز. بۇرۇنقى پادىشاھلاردىن بىرى ئەرەب قىزلىرىدىن بىر قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەسسام ئىسىملىك بىر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ «قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟» دېگەننى "ما وراءك ياعصام؟" «ئى ئەسسام! كەينىڭدە نېمە بار؟» دەپ ئىپادىلىگەن. ئۇ ئايال «نەق جاۋابنى ئېلىپ كەلدىم» دېگەننى "أبدي المخض عن الزبد" «قايماق كۆپۈكتىن ئايرىلدى» دەپ ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن "ما وراءك ياعصام؟" ۋە "أبدي المخض عن الزبد" دېگەن ئىككى جۈملە ئەرەبلەر ئارىسىدا «قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟» ۋە «نەق جاۋابنى ئېلىپ كەلدىم» دېگەن سوئال-جاۋابنى ئىپادىلەشتە ئومۇملاشقان سۆز بولۇپ قالغان. بۇ سۆز تەقەززا قىلىدىغان ھەرقانداق ئورۇندا دېيىلسە، ئەرەبلەر بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەرقانداق مىللەتنىڭ خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان ماقال-تەمسىلى بار. مەسىلەن: ئاكا-ئۇكا ياكى دوستلار ئارىسىدىكى ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان كۆڭۈل ئاغرىقىنى "إن القلوب إذا تنافر ودها *** مثل الزجاجة كسرها لايشعب" «قەلبلەرنىڭ دوستلۇقى يوقاپ دۈشمەنلەشكەندە، بۇ خۇددى سۇنۇپ كەتسە ئەسلىگە كەلمەيدىغان ئەينەككە ئوخشايدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىسە ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ. سۇنۇپ كەتكەن ئەينەكنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغاندەك، دۈشمەنلەشكەن قەلبلەرنىڭ دوستلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى سۆزنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ قەلب ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنى يارقىن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى دوست-دۈشمەنلىك قەلبتىكى ئۇقۇم بولۇپ، پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي نەرسىلەرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، ھېسسىي ئۇقۇملارنى زېھنگە يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسىنى، ئۆزىنىڭ بىرلىك-بارلىقىنى، كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى، نېئمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىش قاتارلىق بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللارنى مىساللار بىلەن زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇردى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَلَقَدْ صَرَّفْنَا لِلنَّاسِ فِي هَـٰذَا الْقُرْآنِ مِن كُلِّ مَثَلٍ فَأَبَىٰ أَكْثَرُ النَّاسِ إِلَّا كُفُورًا﴾[1] «بىز قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىساللارنى خىلمۇ-خىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، (روشەن پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي) ئىنسانلارنىڭ تولىسى پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلدۇ» دېگەن. ئاللاھ ئىنسانلارغا مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ھېسسىي ئۇقۇمنى ماددىي نەرسىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن يۈز ئۆرىدى. ئەسلىدە بۇ مىساللار ھېسسىي چۈشەنچىلەرنى ئىنسان زېھنىگە يېقىنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئىماننى كۈچەيتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما كىشىلەر ئەكسىچە ھەددىدىن ئاشتى.

﴿مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَّا يُبْصِرُونَ﴾ «ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى» دېگەن ئايەتتىكىدەك، ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ئايەتتە ماددىي نەرسىلەرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ھېسسىي ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرۈپ، مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتىدۇ.

[1] سۈرە ئىسرا، 89-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىماننىڭ ئەڭ يۈكسەك تەرىپى بولغان تەۋھىد كەلىمىسىگە مىسال كەلتۈرۈپ، ئىماننىڭ بىز ئۈچۈن كاتتا رەھمەت ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ ئىمان ئارقىلىق بىزنى بەختسىزلىكتىن ساقلاپ قالغانلىقىنى، شۇڭا شۈكۈر قىلىپ سەجدە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمان يولىدا مېڭىشىنىڭ ئورنىغا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش يولىنى تاللىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ: ﴿ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا رَّجُلًا فِيهِ شُرَكَاءُ مُتَشَاكِسُونَ وَرَجُلًا سَلَمًا لِّرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلًا ۚ الْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾[1] «ئاللاھ (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ). يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر. بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ» دېگەن.

ئاللاھ يۇقىرىدا كۆپ ئادەمگە خىزمەت قىلغان قۇلنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىر ئادەمگە خىزمەت قىلغان قۇلنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ ھايات يولى بىلەن ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ھايات يولىنىڭ پەرقىنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ بەردى. بىر ئادەمگە خىزمەت قىلغان قۇلنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر كىشىنىڭ ئىتائىتىدە بولىدۇ ۋە ئۇنى رازى قىلىشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئون ئادەمگە خىزمەت قىلغان قۇل ئۇلاردىن ھەربىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ بىرى بۇ تەرەپكە چاقىرسا، يەنە بىرى ئۇ تەرەپكە چاقىرىدۇ. بىرى بىر ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىرى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ يۇقىرىدىكى

---

[1] سۈرە زۇمەر، 29-ئايەت

مىسال ئارقىلىق بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغان ۋە بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىپ بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغان ۋە بىر ئىدىيەدە ياشىمىغان

هاياتنىڭ مۇشۇنداق زىددىيەت ۋە بەختسىزلىك ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھ بۇ ئايەتتە بىر ئىلاھقا ئىمان ئېيتىش مەسىلىسىنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تونۇش ۋە قۇرئاندا كەلتۈرۈلگەن مىساللار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشىمىزنى ئىرادە قىلدى.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا رَّجُلَيْنِ أَحَدُهُمَا أَبْكَمُ لَا يَقْدِرُ عَلَىٰ شَيْءٍ وَهُوَ كَلٌّ عَلَىٰ مَوْلَاهُ أَيْنَمَا يُوَجِّههُّ لَا يَأْتِ بِخَيْرٍ ۖ هَلْ يَسْتَوِي هُوَ وَمَن يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ ۙ وَهُوَ عَلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾[1] «ئاللاھ يەنە مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ: مۇنداق ئىككى ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان بىر گاچىدۇركى، ئىگىسى بۇ گاچىنى مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. يەنە بىرى بولسا ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاشمۇ؟ (يەنى بۇ گاچا بىلەن ئۆزى توغرا يولدا تۇرۇپ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئۆزى قۇرئان نۇرى بىلەن نۇرلانغان ئادەم بىر-بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئەقىللىك ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويمىغىنىدەك، بۇت ۋە تاشنى ھەممىنى بىلگۈچى قۇدرەتلىك ئاللاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ)» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھەق بىلەن باتىلغا مىسال كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىنسانلار قولى بىلەن ياسىغان، ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، بەلكى ئۇنىڭغا يۈك بولىدىغان بۇتلار بىلەن بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى ۋە

[1] سۈرە نەھل، 76-ئايەت

بۇتلارغا ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ نادانلىقىنى مىسال ئارقىلىق ئاشكارا بايان قىلىپ بەردى.

ئاللاھ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان ئەمەلىي نەرسىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇرنى چۈشەندۈرۈپ: ﴿اللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۚ مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ ۖ الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ ۖ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٍ مُّبَارَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَّا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ ۚ نُّورٌ عَلَىٰ نُورٍ ۗ يَهْدِي اللَّهُ لِنُورِهِ مَن يَشَاءُ ۚ وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ ۗ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾[1] «ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۆئمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراغ قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ باردۇر، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» دېگەن. ئاللاھ بۇ مىسالدا ئۆزىنىڭ نۇرىنى خۇددى بىر ئۆينى يورۇتىدىغان چىراغ تەكچىسىگە ئوخشىتىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى چىراغ شامالدىن مۇداپىئە قىلىدىغان مەرۋايىت ئەينەكنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۆچۈپ قالمايدۇ، تەۋرەنمەي مۇقىم تۇرىدۇ، نۇرى كۈچلۈك ۋە ئىس-تۈتەكسىز ساپ

[1] سۈرە نۇر، 35-ئايەت

بولىدۇ. ئۇنىڭ يېقىلغۇسى مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىدىن بولۇپ، ھەممە تەرەپنى تەڭ يورىتىدۇ. ماي پارقىراپ، نۇر ئۈستىگە نۇر بولۇپ، ئۇتىنىڭ نۇرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق نۇرلۇق چىراغ قويۇلغان كىچىككىنە تەكچىدە قاراڭغۇلۇق مەۋجۇت بولامدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە تەكچىنىڭ ھەممە يېرى تولۇق يورۇيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن ئاسمان-زېمىننى يورىتىدۇ.

شائىر ئەبۇ تەممام خەلىپىنى ماختىماقچى بولۇپ: "إِقْدَامُ عَمْرٍو فِي سَمَاحَةِ حَاتِمٍ ... فِي حِلْمِ أَحْنَفَ فِي ذَكَاءِ إِيَاسِ" «خەلىپە ئەمرۇدەك باتۇر، ھاتەمدەك سېخىي، ئەھنەفدەك ئەقىللىق ۋە ئىياستەك زېرەك كىشىدۇر» دېگەن. سورۇندىكى بىر كىشى شائىرغا: «خەلىپە سەن ئۇنى ئوخشىتىۋاتقان كىشىلەردىن ھەرقايسى تەرەپتە يۇقىرى، خەلىپىنى ئۇلارغا ئوخشاتساڭ ئۇنى كىچىك كۆرگەن بولىسەن» دېگەندە، شائىر ئەبۇ تەممام:

لا تُنكِروا ضَربي لَهُ مِن دونِهِ ... مَثَلاً شَروداً فِي النَدى وَالباسِ

فَاللَهُ قَد ضَرَبَ الأَقَلَّ لِنورِهِ ... مَثَلاً مِنَ المِشكاةِ وَالنِبراسِ

«سېخىيلىق ۋە باتۇرلۇقتا خەلىپىدىن تۆۋەن ئادەمنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مىسال قىلىپ كەلتۈرگىنىمنى ئىنكار قىلماڭلار، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرى ئۈچۈن ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان تەكچە ۋە چىراغنى مىسال قىلدى» دېگەن. خەلىپە بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەبۇ تەممامنىڭ زېرەكلىكىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرگەن. دېمەك، ئاللاھنىڭ بىر مەسىلىنى مىسال قىلغانلىقى ئاللاھ مىسال قىلغان نەرسە بىلەن مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئاللاھ مىسال ئارقىلىق مەقسەتنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇشنى ئىرادە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿مَّثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَا أَنْهَارٌ مِّن مَّاءٍ غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ وَأَنْهَارٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّارِبِينَ وَأَنْهَارٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَمَغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ ۖ كَمَنْ هُوَ خَالِدٌ فِي النَّارِ وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾[1] «تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ، (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە-پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتە جەننەتتە سۇ، سۈت، شاراب ۋە ھەسەل قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە جەننەتتە دۇنيادىكى بىز بىلىدىغان سۇ، سۈت، شاراب ۋە ھەسەللەر بولمايدۇ. لېكىن ئاللاھ ھاياتىمىزدا بار بولغان نەرسىلەرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، جەننەتنىڭ تەسۋىرىنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ قەلبىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەر بار بولۇپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ دۇنيادا ئىسمى بولمايدۇ. ئاللاھ جەننەتتىكى بىز بىلمەيدىغان ئىسمى يوق نەرسىلەرنى دۇنيادىكى ئىنسان بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇردى. ئاللاھ جەننەتتىكى نەرسىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى بايان قىلىپ: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾[2] «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېگەن. جەننەتتە

[1] سۈرە مۇھەممەد، 15-ئايەت
[2] سۈرە سەجدە، 17-ئايەت

مۆئمىنلەرگە، دوزاختا گۇناھكارلارغا ھازىرلانغان نەرسىلەرنى ئىنسانغا تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. قۇرئان كەرىم جەننەت ۋە دوزاختىكى نەرسىلەرنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىز بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتا ئىككىلىنىۋاتقان ئىچكى ھېسسىياتىنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ: ﴿مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَّا يُبْصِرُونَ﴾ «ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتنىڭ) يورۇقنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچنەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى» دېگەن. مۇناپىقلارنىڭ قەلبى تېڭىرقاش بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار يەھۇدىيلاردىن بىڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش قارارىغا كەلگەن. ئەمما ئۇلار چىن قەلبىدىن ئەمەس، بەلكى دۇنيادا خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان. چۈنكى يەھۇدىيلار بۇلارغا تەھدىت سېلىپ: «بىر پەيغەمبەرنىڭ زامانى كەلدى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەم قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمىز» دەيتتى. مۇناپىقلار ئىمان يولىنى كۆرسىتىدىغان يورۇقلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوت ياقتى. يەنى ئىمان ئېيتىشنى قارار قىلدى. بۇ نۇر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن ۋاز كەچتى. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئۇلارنىڭ نۇرىنى ئېلىپ كەتتى ۋە قەلبىدە ئىمان نۇرىدىن ھېچنەرسە قالمىدى.

بۇ ئايەتتە ئىنچىكە بىر نۇقتا بار بولۇپ، ئاللاھ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يېقىلغۇسىنى ياكى ياققان ئوتىنى ئەمەس، بەلكى نۇرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنداقتا "ضوء" «يورۇقلۇق» دېگەن سۆز بىلەن "نور" «نۇر» دېگەن سۆزنىڭ پەرقى نېمە؟ "ضوء" بىر نەرسىنىڭ ئۆزىدىن چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يورۇقلۇقنى، "نـــور" بولسا بىـر نەرسـىنىڭ ئەكـس ئەتـكەن نـۇرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ باشقا بىـر ئـايەتتە: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ الشَّمْسَ ضِـيَاءً وَالْقَمَـرَ نُـورًا وَقَـدَّرَهُ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ ۚ مَـا خَلَـقَ اللَّـــهُ ذَٰلِـكَ إِلَّـا بِـالْحَقِّ ۚ يُفَصِّــلُ الْآيَــاتِ لِقَـــوْمٍ يَعْلَمُـــونَ﴾[1] «ئـاللاھ قۇياشـنى نـۇر چاچقۇچى ۋە ئـاينى نۇرلـۇق قىلىـپ يـاراتتى، يىللارنـىڭ سـانىنى ۋە (ۋاقىتلارنـىڭ) ھېسـابىنى بىلىشـىڭلار ئۈچـۈن ئايغـا مەنزىللەرنـى (يەنـى بـۇرۇجلارنى) تەيىـن قىلـدى. ئـاللاھ ئـۇلارنى بىكـار يـاراتقىنى يـوق (بەلكـى بۈيـۈك ھـېكمەت ۋە زور پايـدا ئۈچـۈن يـاراتتى)، ئـاللاھ ئـايەتلىرىنى (قـۇدرىتى ئىلاھىيىنـى) بىلىـدىغان (ۋە ئۇنـىڭ ھېكمىتىنـى پىكىـر قىلىـدىغان) قەۋم ئۈچـۈن تەپسىلىي بايـان قىلىـدۇ» دېگەن.

ئاللاھنـىڭ قۇياشـنى "ضـوء" دېگەن سۆز بىلەن، ئـاينى "نـور" دېگەن سـۆز بىـلەن ئىپادىلىشـى قۇرئـان كەرىمنـىڭ مۆجىزىسـىدۇر. چـۈنكى قۇيـاش ئۆزىنـىڭ نـۇرىنى تارقىتىـدۇ، ئـاي بولسـا قۇياشـتىن ئەكـس ئەتـكەن نـۇرىنى تارقىتىـدۇ. قۇيـاش چىقىشـتىن بـۇرۇن ئەتراپنـىڭ يورۇغـانلىقى، ئۇنـىڭ نۇرىنـىڭ باشـقا جىسـىمدىن بىـزگە قايتىـپ كەلگەنلىكىنـىڭ ئىپادىسـىدۇر. «ئـاللاھ ئۇلارنـىڭ نـۇرىنى ئېلىـپ كەتتـى» دېگەنلىـك، «ئـاللاھ ئـۇلار ياققـان ئوتنـىڭ ئەسـلى تۇتـۇل ئەكـس نۇرىنىمـۇ ئېلىـپ كېتىـپ، ئـۇلار قـاراڭغۇلۇق ئىچىـدە قالـدى» دېگەنلىـك بولىـدۇ. شـۇڭا ئـاللاھ تائـالا بـۇ ئايەتنـىڭ ئارقىسـىدىنلا «ئـۇلارنى كۆرەلمەيـدىغان قـاراڭغۇلۇق ئىچىـگە تاشـلاپ قويـدى» دېـگەن ئـايەتنى يۇقىرىـدىكى ئۇقـۇمنى تەكىـتلەش ئۈچـۈن كەلتـۈردى. دېـمەك، مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدە ئىمانىنىڭ ئەسلى نۇرىمۇ ۋە ئەكس نۇرىمۇ قالمايدۇ.

ئاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە «وتـر كهم في ظلــم" دېمەي، ﴿وتـر كهم في ظلمــات﴾ دېدى. "ظلمــات" بولسا "ظلــم"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئـاللاھ

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 5-ئايەت

كۆپلۈك شەكلى ئارقىلىق مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتنىڭ ئورنىغا دۇنيانى تاللاپ، ئىمان نۇرى كەلگەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەمەس، بەلكى قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالغانلىقىنى بايان قىلدى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن مەدىنە ئەھلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى باشلىق قىلىشقا ھازىرلانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كېلىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ باشلىق بولۇشىغا توسالغۇ بولدى. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان نۇرى تەلەپ قىلغان بولسا، ئاخىرەتتە دۇنيادىكى پادىشاھلىقتىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت دۇنيا بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادا يۇقىرى ئۆرلەشنى تەلەپ قىلىپ، ئاخىرەتتىكى جەننەتنى تەلەپ قىلمىدى. ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەت، ھەسرەت ۋە دۈشمەنلىك قاتارلىق قاراڭغۇلۇقلار ئۇنىڭ قەلبىنى قاپلىۋالدى. ھەرقانداق مۇناپىقنىڭ قەلبى مۆئمىنلەرنى يامان كۆرۈش، ئاداۋەت تۇتۇش، ھەسەت قىلىش، يامانلىقنى ئارزۇ قىلىش، ھىيلىگەرلىك ۋە كۆپۈرلۈكتىن ئىبارەت قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقلار بىلەن قاپلانغان.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ جَعَلْنَا بَيْنَكَ وَبَيْنَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ حِجَابًا مَّسْتُورًا﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان (مۇشرىكلارغا) قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتە ھىجابنى "حِجَابًا سَاتِرًا" «يوشۇرىدىغان ھىجاب» دېمەستىن، ﴿حِجَابًا مَّسْتُورًا﴾ «يوشۇرۇن ھىجاب» دەپ بايان قىلدى. ئەمەلىيەتتە ھىجاب باشقىلارنى يوشۇرىدىغان نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىپادىلىمەكچى

[1] سۈرە ئىسرا، 45-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولغىنى شۇكى، ھىجاب باشقىلارنى يوشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ بىز كۆرمەيدىغان شەكىلدە يوشۇرۇندۇ. بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ، "مَّسْتُورًا" دېگەن سۆز «ئېنىق سۈپەت» مەنىسىدە كەلگەن «ئېنىقسىز سۈپەت» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ يەنە بىر ئايىتىدە: ﴿جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدَ الرَّحْمَٰنُ عِبَادَهُ بِالْغَيْبِ ۚ إِنَّهُ كَانَ وَعْدُهُ مَأْتِيًّا﴾[1] «ئۇ دائىمىي تۇرالغۇ بولغان، مەرھەمەتلىك ئاللاھ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان، ئۇلار كۆرمەي تۇرۇپ (ئىشەنگەن) جەننەتلەردۇر، ئاللاھنىڭ (جەننەت بىلەن قىلغان) ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿إِنَّهُ كَانَ وَعْدُهُ مَأْتِيًّا﴾ «ئاللاھنىڭ ۋەدىسى كېلىنىدۇ» دەپ ئىپادە قوللانىدى. بۇ ئايەتتىكى "مَأْتِيًّا"دېگەن سۆز «ئېنىقسىز سۈپەت» بولۇپ، «كېلىنگۈچى، ئىرادە قىلىنغۇچى» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ. بەزى ئالىملار ئېنىقسىز سۈپەت ئېنىق سۈپەتنىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى ۋە ئايەتنىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ ۋەدىسى كېلىدۇ» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بەندىلەرنى ئىزدەپ كېلەمدۇ ياكى بەندە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئىزدەپ ماڭامدۇ؟ ئەلۋەتتە بەندە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ئىزدەيدۇ. ۋەدە قىلىنغۇچى پايدا ئالىدۇ، ۋەدە پايدا ئالمايدۇ. دېمەك، بەندە پايدا ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋەدىنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا بەندە كەلگۈچى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى كېلىنگۈچى بولىدۇ. شۇڭا ئايەتتىكى "مَأْتِيًّا" بولسا ئەسلى مەنىسىدە، يەنى «ئېنىقسىز سۈپەت» مەنىسىدە كەلگەن.

ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە: ﴿وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَّا يُبْصِرُونَ﴾ «ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچنەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى» دېدى. يورۇقلۇقنىڭ ئاكلاش، پۇراش ۋە تۇتۇش بىلەن ئالاقىسى يوق، ئەمما ئۇنىڭ كۆرۈش بىلەن ئالاقىسى بار. كۆز بىر نەرسىلەرنى كۆرەمدۇ

[1] سۈرە مەريەم، 61-ئايەت

ياكى كۆزگە نەرسىلەرنىڭ نۇرى كىرىپ كۆرگەن ھالەت شەكىللىنەمدۇ؟ بۇ ئازراق مەلۇماتى بار ئادەم بىلىدىغان قانۇنىيەت بولۇپ، كۆز ئەسلى ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمەيدۇ. ئالدىمىزدىكى نەرسىلەر ئۇنىڭدىن قايتقان نۇرنىڭ تەسىرىدە بىزگە كۆرۈنىدۇ . كۆرۈشنىڭ تۈپ ئاساسى نۇرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بولۇپ، ئەگەر نۇر بولمىغاندا ھېچنەرسە كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى ئىنچىكە ئويلانغاندا، كۆز بولغان تەقدىردىمۇ نۇر بولمىسا كۆرگىلى بولمايدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا ئايەتتە «ئۇلارنىڭ نۇرىنى ئېلىپ كەتتى» دېگەن ئىپادە قوللىنىلغان.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ ۖ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِّتَبْتَغُوا فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ ۚ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلًا﴾[1] «كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتىمۇ كۈندۈزنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى "مُبْصِرَةً" «كۆرگۈزگۈچى قىلدۇق» دېگەن. يەنى كۈندۈزدىكى نۇر ئىنسانغا كۆرۈش ئىقتىدارى بېرىدۇ. ئەگەر كۈندۈزنىڭ نۇرى بولمىسا ئىدى، ئىنسان ھېچنەرسىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى. دېمەك، كۆز ئۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ، ئەكس ئەتكەن نۇر ئارقىلىق نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ. بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىدۇر. مۇناپىقلار سەممىيەتسىزلىك

[1] سۈرە ئىسرا، 12-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بىلەن ئىمان ئېيتماقچى بولىدۇ. ئىمان ئېيتىش پۈرستى ئالدىغا كەلگەندە، چىن قەلبىدىن نىيەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلاردىن نۇرنى ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا ئالدىغا ياكى كەينىگە ماڭالماي تېڭىرقاپ قالىدۇ.

# 20-دەرس

## سۈرە بەقەرە 18-ئايەت

﴿صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ﴾

**«ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ»**

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىمان نۇرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىپ، ھەقىقەتنى كۆرەلمىگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ پەقەت كۆرۈش ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى بارلىق ھېسسىي تۇيغۇ ئەزالىرىنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى بايان قىلغان. يەنى ئۇلارنىڭ قۇلىقى، تىلى ۋە كۆزى كاردىن چىققان بولۇپ، سىرتتىن ھېچقانداق مەلۇمات ۋە ئۇچۇر قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، ئۇلاردا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ. ئىنسان ئەسلىدە ھېچقانداق نەرسە بىلمەيدىغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق مەلۇماتى ھېس-تۇيغۇ ۋاستىسى بىلەن پەيدا بولىدۇ. شۇ ۋاستىلار ياردىمىدە دوكتور، پروفېسسور ۋە ئىنژېنېر بولالايدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ كاردىن چىققانلىقى ئىنساننىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ: ﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّن بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْئًا وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ ۙ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾[1] «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى» دېگەن. ئاللاھ ئىنساننى بۇ جەھەتتە باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلىق ياراتقان. باشقا جانلىقلار ۋەزىپىسى ئاپتوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئىنسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپلا نېمە قىلىشنى بىلىدۇ. مەسىلەن: تاشپاقا دېڭىز بويىغا تۇخۇمنى تۇغۇپ قويۇپ قايتسا، تاشپاقىنىڭ بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپلا ئۇدۇل دېڭىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشنى بىلىدۇ. قۇشلار جەنۇبتا تۇخۇمنى تۇغۇپ قويۇپ يېنىپ كەلسە، چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپ چوڭ بولغاندا شىمالغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئىنسان ھېچنەرسە بىلمەيدىغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. دېمەك، مۇناپىقلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرى كاردىن چىققان بولۇپ، قايتا ئەسلىگە كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى بىھۇدە تاما قىلماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بۇزۇلغان بولغاچقا، نەق زىيان بىلەن كېيىنكى پايدىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ھىدايەت يولى ئىنسانلارنى پاكىت بىلەن ئاللاھنىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدۇ. لېكىن مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ ھىدايىتى كەلگەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغان ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ھەرقانداق ئىنساننىڭ ھىدايەت يولىنى تاللاش پۇرسىتى بولىدۇ. ئەگەر توغرا يولنى تاللىسا، قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن توغرا يولغا

[1] سۈرە نەھل، 78-ئايەت

يېتەكلىگۈچى بولۇپ، يوللىرىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرىدۇ. ئەگەر خاتا يولنى تاللىسا، تاللىغان خاتا يولنىڭ ۋاستىلىرى ئاسان قىلىنىدۇ، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ ۋە توغرىغا يېتەكلىگۈچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاچال يولدا خاتا يولنى تاللاپ قالغان ئادەمنىڭ نەچچە ئون كىلومېتىرغىچە ئارقىسىغا يېنىش يولى بولمىغاندەك، مۇناپىقنىڭمۇ ئارقىغا يېنىش يولى بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسان دەسلەپتە توغرا يولنى تاللىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئاللاھ بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ھېسسىي ئەزالىرىنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى، كاپىرنىڭ ئىمان ئېيتىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، ئەمما مۇناپىقنىڭ ئىمان ئېيتىش ئېھتىماللىقى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى دەۋەت قىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بايان قىلدى. چۈنكى كاپىر پەقەت مال-دۇنيا ۋە شان-شۆھرەت سەۋەبىدىن كاپىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇناپىقلار ئىمانىنىمۇ ۋە كۇپۇرنىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىمىغان، قەلبى داۋالغۇش بىلەن توشۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەر 19-ئايەت

﴿أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ السَّمَاءِ فِيهِ ظُلُمَاتٌ وَرَعْدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِم مِّنَ الصَّوَاعِقِ حَذَرَ الْمَوْتِ ۚ وَاللَّـهُ مُحِيطٌ بِالْكَافِرِينَ﴾

**«ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»**

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە ئىمانىنى ئوتقا ئوخشىتىپ مىسال كەلتۈرگەن بولسا، بۇ ئايەتتە يامغۇرغا ئوخشىتىپ مىسال كەلتۈردى. مۇناپىقلارنىڭ ئىمانغا تۇتقان مۇئامىلىسى خۇددى يامغۇرغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئوخشايدۇ. يامغۇر ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولۇپ، ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ رىزقىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما يامغۇر ياغقاندا، ئۇنىڭ چاقماق، گۈلدۈرماما، شامال ۋە قارا بۇلۇتلىرى ئىنسانلارنى قورقۇتىدۇ. بىز بۇلارغا سەۋر قىلىپ، كېيىنكى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان يامغۇرغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. ئىمان تەلەپلىرى ۋە ئۇ مەھرۇم قىلغان بەزى نەرسىلەر يامغۇرنىڭ ئالدىدىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماققا ئوخشايدۇ. ئەمما گۈلدۈرماما، چاقماق ۋە قارا بۇلۇتلار ۋاقىتلىق بولۇپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتى بولغان يامغۇر چۈشىدۇ. مۇناپىقلار گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، يامغۇردىن مەھرۇم قالغاندەك، ئىماننىڭ

ئۇلاردىن تەلەپ قىلغان تەكلىپلىرى بىلەن قولىدىكى مەنپەئەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىماندىن مەھرۇم قالىدۇ.

مۇناپىقلارغا شەرىئەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى خۇددى گۈلدۈرماما ۋە چاقماقتەك تۇيۇلۇپ، قۇلىقىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋېلىپ ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئىماندىن ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشەنگەن بولسا، شەرىئەت ئەھكاملىرى خۇددى يامغۇرنىڭ ئالدىدىكى گۈلدۈرمامىدەك ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئاللاھ گۈلدۈرمامىدىن كېيىنكى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان يامغۇرنى چۈشۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ﴾[1] «ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق» دېگەن.

ئاللاھنىڭ ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈرۈشى قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، يامغۇرنىڭ چۈشۈش خىزمىتى ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قانۇنىيەتتۇر. يامغۇرنىڭ يېغىشىدا ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئامىللار بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى زېمىننى ياراتقان ۋاقىتتىلا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. زېمىننىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى سۇدىن، قالغان تۆتتىن بىر قىسمى قۇرۇقلۇقتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ئاللاھ زېمىندىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، زېمىننىڭ كۆپ قىسمىنى سۇ قىلىپ ياراتقان. چۈنكى سۇنىڭ يۈزى قانچە كەڭ بولسا، پارغا ئايلىنىشى شۇنچە ئاسان بولىدۇ. يۈزى قانچە تار بولسا، پارغا ئايلىنىشى شۇنچە قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن: سۇ توشقۇزۇلغان بىر ئىستاكاننى ئۆيدە تولۇق بىر كۈن قويۇپ قويساق، سۇ يۈزى تار بولغانلىقتىن سۇ كىچىككىنە ئازلايدۇ. ئەگەر ئىستاكاندىكى سۇنى يەرگە چاچساق، سۇ يۈزى كەڭرىپ، قىسقا مۇددەتتە پارغا ئايلىنىپ يوقاپ كېتىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 30-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com



بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان ئاددىي بىر مىسالدۇر. ئاللاھ زېمىننى ياراتقان ۋاقىتتا زېمىندىكى سۇ يۈزىنى كەڭ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى قۇياشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىي بولغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنچىكە ھېسابى بىلەن بولغان ئىشلاردۇر. ئەگەر سۇ ئۆلچەمدىن ئارتۇق بولۇپ قالسا، زېمىننى سۇ باسىدۇ. ئاز بولۇپ قالسا، زېمىندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، جانلىقلارنىڭ ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بۇلۇتلارنى يامغۇرغا ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن شامالنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاللاھنىڭ كائىناتنى مۇشۇنداق ئىنچىكە ئىنتىزام بىلەن ياراتقانلىقى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارغا ئالدىنقى ئايەتتە ئوت بىلەن، بۇ ئايەتتە سۇ بىلەن مىسال كەلتۈردى. ئوت بىلەن سۇ مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ماددىي مىساللاردۇر. مۇناپىقلار نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە قارىماستىن، ماھىيەتتىن سىرت نەرسىگە قارايدىغان بولغاچقا، گۈلدۈرماما بىلەن چاقماقنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان ياخشىلىققا دىققەت قىلمىدى. نېئمەت بولغان يامغۇر چۈشۈشتىن ئىلگىرى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى توسۇلۇپ قاراڭغۇ بولىدۇ. لېكىن مۇناپىقلار زېمىنغا چۈشىدىغان ياخشىلىققا قارىماي، قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپلا قاچىدۇ. يامغۇرنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان گۈلدۈرماما قۇلاققا، چاقماق كۆزگە تەسىر قىلىدىغان بولۇپ، مۇناپىقلار ئۇلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالىدۇ. ئىمانىنىڭ ئالدىدا خۇددى يامغۇرنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاش مۇقەددىمە بولۇپ، بۇ مۇقەددىمە مۇناپىقلارغا خۇددى قاراڭغۇلۇقتىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماقتەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىماننىڭ تەلەپلىرىگە ئاۋاز قوشسا، ئۆزلىرىنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن

«قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالىدۇ».

ئاللاھ تائالا: ﴿يَجْعَلُونَ أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِم﴾ «قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن ئايەتتە "أَصَابِعَ" دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ سۆز پۈتۈن بارماقنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە پۈتۈن بارماق قۇلاقنىڭ ئىچىگە پاتمايدۇ، قۇلاققا پەقەت بارماقنىڭ كىچىككىنە ئۇچى كىرىدۇ. ئاللاھ "أنامل" «بارماق ئۇچى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "أَصَابِع" «بارماقلىرى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، گۈلدۈرماما-چاقماقنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى مۇبالىغە قىلىپ، مۇناپىقلارنىڭ ئىماندىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قاچقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئاللاھ ھەربىر مۇناپىقتا مۇشۇنداق مىجەزنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە، ئايەتتىكى جۈملىنى كۆپلۈك شەكلىدە بايان قىلدى. بۇ خۇددى ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا «قەلەمىڭلارنى چىقىرىڭلار» دېگەن سۆزى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىدىن بىر تال قەلەمنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا ئوخشاش ھەربىر مۇناپىق ئۈچۈن مىسال بولالايدۇ.

بەزىدە گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئىنسانىنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاچقا، مۇناپىقلار ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، قوللىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالىدۇ. مۇناپىقلار گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنىڭ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئىماننىڭ قوللىرىدىكى مەنپەئەت ۋە ئىنتىلىۋاتقان ھەۋەسلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇلار پەقەت دۇنياغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغاچقا، ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى ئەسلى خاراكتېرىدىن باشقا بىر خاراكتېردە قوبۇل قىلىپ، ھەقىقىي نېمەتنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ھەۋەسلىرىگە سەۋر قىلالمايدۇ. مۇناپىقلار ئاللاھ مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ۋەدە قىلغان ھەقىقىي ياخشىلىققا قارىماي، ئۇلارغا بۇيرۇلغان تەكلىپلەرگە قارايدۇ. تەكلىپلەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن قورقۇش ئۇلارنى ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتتىن غاپىل قالدۇرىدۇ. ئىمان تەقەززالىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېئمەتنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. يامغۇرنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماقتىن ئىبارەت دەپ قاراپ، يامغۇرسىز ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك مۇناپىق ئىماننىڭ تەلەپلىرىنى جاپا-مۇشەققەتتىن ئىبارەت دەپ قاراپ، ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتنى ئەسلا ئويلاشمايدۇ. ئۆتكۈنچى بوران-چاپقۇنغا قاراپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ئاسانچىلىق ۋە بەخت-سائادەتكە قارىمايدۇ.

ئاللاھ بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇناپىقلارنىڭ دۇنيا نېمىتىدىن ۋە دۇنيادىكى نوپۇزىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇشىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿وَاللَّهُ مُحِيطٌ بِالْكَافِرِينَ﴾ «ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن. مۇناپىقلار گۈلدۈرمامىدىن قورقۇپ قاچسۇن ياكى قۇلاقلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ، ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن قاچسۇن ياكى باشقا ۋاستىلەرنى قوللانسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى "مُحِيطٌ" دېگەن سۆز مەلۇم نەرسىنى ھېچ يەرگە قاچالمايدىغان دەرىجىدە قورشاشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## سۈرە بەقەرە 20-ئايەت

﴿يَكَادُ الْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَارَهُمْ ۖ كُلَّمَا أَضَاءَ لَهُم مَّشَوْا فِيهِ وَإِذَا أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا ۚ وَلَوْ شَاءَ اللَّـهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَارِهِمْ ۚ إِنَّ اللَّـهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

**«چاقماق چاقفاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ، قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەرنەرسىگە قادىردۇر»**

چاقماقنىڭ يورۇش ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، مۇناپىقلار بۇ ئازغىنە ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ياخشىلىققا قارىماي، ۋاقىتلىق قىينچىلىققا قارايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتقان بولسا، ئىمان نۇرى ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، قەلبىنى ئېچىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەرق ئەتكەن بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى كۇپۇر زۇلمەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەچكە، ئىمان نۇرىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، چاقماق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېلىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. "يَخْطَفُ" دېگەن سۆز بىر نەرسىنى ساھىبى دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتا تېز سۈرئەتتە ئېلىپ كەتكەننى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېلىپ كېتىلگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە ئېلىپ كەتكۈچىنى توسۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. "غصب" دېگەن سۆز بىر نەرسىنى ساھىبى قاراپ تۇرغان ھالەتتە زورلۇق

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىپ ئېلىۋالغاننى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. "أخذ" دېگەن سۆز بىر نەرسىنى ساھىبىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئېلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئايەتتىكى "يَكَادُ" دېگەن سۆز «يېقىنلىشىدۇ، تاس قالىدۇ» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ. يەنى چاقماق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېلىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىنسان چاقماقنىڭ كۆزنى ئېلىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال ئارقىلىق مۇناپىقلارنىڭ شۇ دەرىجىدە ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

﴿وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَارِهِمْ﴾ «ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇناپىقلارنىڭ سىرتقى كۆزى نورمال كۆرىسىمۇ، ئەمما قەلب كۆزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولغاچقا، ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدۇ. بەزى شەرقشۇناسلار يۇقىرىدىكى: ﴿صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ﴾ «ئۇلار گاستۇر، گاچىدۇر، كوردۇر، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن بۇ ئايەتنى بىر-بىرىگە قارشىلاشتۇرۇپ، قۇرئانغا قارشى ھۆججەت قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما ئايەتتىكى گاس، گاچا ۋە قارىغۇ دېگەن سۆزلەردىن مەقسەت مەنىۋى جەھەتتىكى گاس، گاچا ۋە قارىغۇلۇقنى كۆرسىتىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ھېس-تۇيغۇ ئەزالىرى مەنىۋى نەرسىلەر ئۈچۈن كاردىن چىققان بولۇپ، ھېسسىي نەرسىلەرگە نىسبەتەن نورمال خىزمىتىنى داۋام قىلىدۇ. ئەمما مۇناپىق ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان ئازابنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى ئىككى خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىنى قارشىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يەنى بىر كىشىگە «قارىغۇلارچە گەپ قىلما» دېگىنىمىز، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى قارىغۇدەك دەلىلسىز سۆزلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈنى مۇنازىرە قىلىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە تىلىنى ساغلام ياراتتى. مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ئازغىنە نەق پايدا تەرەپكە يۈز ئۆرىدى. ئۇلار ئىسلامغا قارشى پىلانلانغان بارلىق سۇيىقەستلەرنى ئاڭلايدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ ئايىتى تىلاۋەت قىلىنسا ئاڭلىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ حَتَّىٰ إِذَا خَرَجُوا مِنْ عِندِكَ قَالُوا لِلَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ مَاذَا قَالَ آنِفًا ۚ أُولَٰئِكَ الَّذِينَ طَبَعَ اللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَاتَّبَعُوا أَهْوَاءَهُمْ﴾[1] «ئۇلاردىن (يەنى مۇناپىقلاردىن) بەزى كىشىلەر سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە: بايا ئۇ (يەنى مۇھەممەد) نېمە دېدى؟ - دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلەردۇر» دېگەن. مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىماسلىقتا گاسقا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە قارىمايدۇ، بەلكى ھاياتى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قارايدۇ ۋە نەق پايدىنى ئېرىشىشنى كۆزلەيدۇ. مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇق، ئۇلارنى ئىمان نۇرىدىن توسۇپ، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق زىننەتلىرىگە ئىنتىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار پەقەت دۇنيادىكى مەنپەئەتنى كۆرىدۇ. كۆزلىرى كۆرگەن مەنپەئەت يوقالسا، ئۇلار ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا قاراڭغۇلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغىنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغىنىغا باراۋەر بولىدۇ.

مۇناپىقلار كۆز-قۇلاقتىن توغرا شەكىلدە پايدىلانمىدى. ئەسلى بۇ ۋاسىتىلەر ئىماننى زىيادە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ۋاسىتىلار بىلەن پەقەت دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆرۈپ، شەيتاننىڭ سۆزلىرىنىلا ئاڭلىدى. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئەزالىرىنى ئېلىۋالغان بولسا، دۇنيالىقتىمۇ مەنپەئەتلىنەلمىگەن بولاتتى. ئۇلار بۇ ۋاسىتىلەرنى پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈنلا

[1] سۈرە مۇھەممەد، 16-ئايەت

ئىشلەتكەچكە، كۆز ۋە قۇلاقلىرىنىڭ ئىمانىي ۋەزىپىلىرى خۇددى ئۇلاردا مەۋجۇت ئەمەستەك توختاپ قالدى. ئاللاھ بۇ ئەزالارنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قارشى پاكىت قىلىش ئۈچۈن قويۇپ قويىدۇ. مۇناپىقلار ئۈچۈن دۇنيالىقنى كۆرگەنلىكى يولنىڭ يورۇقلۇقىنىڭ، دۇنيالىقنى كۆرەلمىگەنلىكى يولنىڭ قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇلار دۇنيانىڭ يولى ئېچىلسا ماڭىدۇ، دۇنيانىڭ يولى توختىسا توختايدۇ.

# 21-دەرس

## سۈرە بەقەرە 21-ئايەت

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**«ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»**

ئىلگىرىكى 13 ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇناپىقلار ھەققىدە سۆزلەپ، مۇئمىنلەرنىڭ بۇلارنى ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن تونۇۋېلىشى ۋە دىققەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تاشقى سۈپىتىنى بايان قىلىپ، ئىچكى دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردى ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگارلىق سۈپىتىگە كاپىر بولغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەرۋەردىگارلىق سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارغا، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى دۇنياغا يارىتىپ مۇشۇ خىل ياشاش رىتىمىغا ئەكەلگەنلىكىنى ۋە ھېلىھەم ياشاش پۇرستى بېرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ.

ھېچكىم «مەن ئۆزۈمنى ياكى دۇنيانى ياراتتىم. پۈتۈن ئەھۋالىمغا ئۆزۈم ئىگە» دەپ دەۋا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان دۇنيادا ئاغرىپ قالىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن ھادىسىلەرگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۆلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىختىيارلىق دائىرىسىدە بولمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى ئۆزى يارىتالىغان بولسا، يۈز بەرمەكچى بولغان ھادىسە ۋە ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالالىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: «ئى ئىنسانلار، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. مۇشۇ سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دەپ، ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مۆئمىن ياكى كاپىر دېمەستىن نېمىتىنى ئورتاق قىلىپ، بۇلارنىڭ رىزقىغا ۋە ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىدىن ھېچبىرىنى ئۆزىنىڭ رۇبۇبىيەت نېمىتىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. قاراڭ! قۇياش مۆئمىنگىمۇ، كاپىرغىمۇ ئوخشاش چىقىدۇ. يامغۇر «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن كىشىگىمۇ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان كىشىگىمۇ چۈشىدۇ. ناماز ئوقۇيدىغان كىشىمۇ، ھاياتىدا ھېچ ناماز ئوقۇپ باقمىغان ئادەممۇ ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ. ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەممۇ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرمۇ رىزىققا ئېرىشىدۇ. دېمەك، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن پەرۋەردىگارلىق نېمىتىدۇر. شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، يۇقىرىدىكى بۇ نېمەتلەرنى ئاللاھ پۈتۈن خەلققە بېرىدۇ. ئەمما ئۇلۇھىيەت نېمىتى بولسا پەقەتلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرگىلا بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋاقىتتىن تارتىپ قىيامەتكە قەدەر، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىنسانلارغا خىتاب قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىمان مەسىلىسىگە خاس خىتابى ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان بىر ئىلاھقا بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى

ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ﴾ «سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلار» دېگەن ئايىتى ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغانلىقى ئىبادەت قىلىشىمىزنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يارىتىش پەقەت ئاللاھقا ئائىت ھېچبىر شۈبھە بولمىغان بىر مەسىلە بولۇپ، ئىنسانلاردىن ھېچبىرى ئۆزىنى ۋە كائىناتنى ياراتقانلىقىنى دەۋا قىلالمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، يارىتىش خالىس ئاللاھقا ئائىت بولسىمۇ، ئاللاھ بىزنىڭ يارىتىلىشىمىزغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان ئاتا-ئانىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن» دېگەن. بۇ ئايەتتىكى بىر نۇقتىغا دىققەت قىلساق، ئاللاھ پۈتۈن كائىناتتىكى نەرسىلەرنى ياراتقان تۇرۇپ، ئىنساننىڭ خىزمىتىنى ھۆرمەت قىلدى. بىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىزگە سەۋەب بولغان ئاتا-ئانىمىزغا شۇنچىلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى، ھەمدە ئاۋازىمىزنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىشنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئەدەپ بىلەن تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئانىمىزنىڭ

[1] سۈرە ئىسرا، 23-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قورسىقىدىكى ۋاقىتتىن باشلاپ بىزگە رىزىق بەرگەن، ھەقىقىي يارىتىقۇچىمىز بولغان زاتقا قانداق مۇئامىلىدە بولساق بولار!؟

ئاللاھ تائالا پۇل-مالنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئەقىلىسىز ئاللاھنىڭ بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿مَّن ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّـهَ قَرْضًا حَسَنًا﴾ «كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)» دېگەن بولۇپ، پۇل-مالنى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۆزى بەرگەن تۇرۇقلۇق، ئىنساننىڭ پۇل-مالغا ئېرىشىشتىكى خىزمىتىنى ھۆرمەت قىلىپ: «كىم ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن» دېگەن شەكىلدە ئۆز رەھمىتىنى نامايەن قىلدى.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا: ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن (ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن)» دېگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئاللاھنىڭ قەھر سۈپىتىدىن ساقلىنىمىز. ئاللاھنىڭ قەھر ۋە شەپقەت سۈپەتلىرى بار. ئاللاھ بىزدىن ئۆزىنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن قەھر سۈپەتلىرى ئارىسىدا ئارىلىق ساقلىشىمىزنى خالايدۇ. ئەگەر ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ئارىلىق ساقلىمىغىنىمىزدا، ئاللاھ بىزگە قەھر سۈپىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. بىز ئاللاھنىڭ مېھر-شەپقەت قىلغۇچى، رەھىمدىل، مەغپىرەت قىلغۇچى قاتارلىق شەپقەت سۈپىتىگە ئېسىلىپ مېڭىشىمىز كېرەك. مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئېسىلىپ، قەھر سۈپەتلىرىدىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ ماڭالىساق، ئاللاھنىڭ قەھر سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان جەھەننەمدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ﴾ «ئى ئىنسانلار» دېگەن ۋاقىتىدا، ھەر ئىنسانغا خىتاب قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئاللاھ يالغۇز مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىشنى ئىرادە قىلسا: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئى

ئــاللاھنى ھەقىقــي ئىلاھــم دەپ ئىمــان ئېيتقــانلار، ئــاللاھ بىــلەن ئىمــانى توختامغا كىرگەنلەر» دېگەن بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 22-ئايەت

﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ فِرَاشًا وَالسَّمَاءَ بِنَاءً وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ فَلَا تَجْعَلُوا لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

**«ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر»**

ئاللاھ تائالا پەرۋەردىگارلىق نېمىتىنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى بىزگە پەرۋەردىگارلىق نېئمەتلىرىدىن بىر قانچە پاكىتلارنى بايان قىلىپ، شۇ نېئمەتلەرگە دىققىتىمىزنى قارىتىۋاتىدۇ. بەلكىم مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىمان ئېيتمىغان ئادەم ئايەتنى ئوقۇش ۋە نېئمەتلەرگە نەزەر تاشلاش ئارقىلىق قەلبىگە ئىمان كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا زېمىننىڭ يارىتىلىشىغا دىققىتىمىزنى قارىتىپ: ﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ فِرَاشًا﴾ «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك قىلىپ بەردى» دېگەن. ھەممىمىز زېمىننىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىگىسى يوق ئىكەنلىكىنى

بىلىمىز. زېمىن كىشىلەر ياشايدىغان ئورۇن بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى «مەن ياراتتىم ۋە پەيدا قىلدىم» دېيەلمەيدۇ. دېمەك، زېمىننىڭ ئۆزى دىققەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەقلىي تىرىشچانلىق تەلەپ قىلمايدىغان ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىق نېمىتىدۇر.

ئايەتتىكى "فراشا" «تۆشەك، كۆرپە» دېگەن سۆز بولسا ئىنسان ئولتۇرغان ۋاقىتتا راھەتلىنىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. مانا شۇنىڭدەك زېمىن ئىنساننىڭ راھەت ياشىشى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولۇپ، بىز زېمىننى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد مىراس ئېلىۋاتىمىز. زېمىن يارىتىلغان كۈندىن تارتىپ قىيامەتكە قەدەر، ئىنسانغا كۆرپە ۋە ياشاشقا ئىنتايىن لايىق جاي بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىر قىسىم ئىنسانلار: «ئاستىڭىزدا تاشلار ۋە بىئارام قىلىدىغان نەرسىلەر بولغاچقا، يەردە ئۇخلاپ قالسىڭىز راھەت ئۇخلىيالمايسىز. شۇڭا زېمىننى تۆشەككە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. ئىلگىرىكى ئىنسانلار زېمىندا راھەت ياتاتتى. دېمەك، ئۇيقۇنىڭ زۆرۈرىيىتى كەلگەندە يەردىمۇ تامامەن ياخشى ئۇخلىغىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زېمىننى ھەر ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ قوللىنىشىغا مۇناسىپ شەكىلدە ھازىرلاپ بەرگەچكە، مەدەنىيەتلەر تەرەققىي قىلىپ، پاراۋانلىق ئاشقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ زېمىن ئۆز ھالىتىدە ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

ئاللاھ تائالا زېمىن ھەققىدە: ﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ مَهْدًا﴾[1] «ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن زېمىننى قارارگاھ قىلدى» دېگەن. بۇ يەردىكى "مهد" دېگىنىمىز كىچىك بالىنىڭ كۆرپە ۋە بۆشۈكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كىچىك بالىنىڭ كۆرپىسى راھەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر كۆرپىدە كىچىك بالىنى بىئارام قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە بولسا، بالىنى راھەتلەندۈرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئانا بالىنىڭ راھەت ئۇخلىشى

[1] سۈرە زۇخرۇف، 10-ئايەت

uyghurkitap.com



ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن ھازىرلايدۇ. ئانا بالىسىغا ماس ھالدا كۆرپە تەييارلىغىنىدەك، ئاللاھ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىغا زېمىننى كۆرپە قىلىپ ھازىرلاپ بەردى. ئاللاھ تائالا سۈرە «مۇلك»نىڭ 15-ئايىتىدە: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِن رِّزْقِهِ﴾ «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار» دەيدۇ. يەنى ئاللاھ بۇ زېمىننى ئىنسانغا ئىتائەت قىلدىغان، ئىنسان ئېھتىياجلىق نەرسىنىڭ ھەممىنى بېرەلەيدىغان قىلىپ ھازىرلاپ بەردى.

ئاللاھ زېمىننىڭ مەسىلىسىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ئاسمان ھەققىدە: ﴿وَالسَّمَاءَ بِنَاءً﴾ «ئاسماننى بىنا قىلىپ بەردى» دېدى. بىنا دېگىنىمىز مۇستەھكەم قۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ. ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاسماننى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم چىڭ بىر تورۇس ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئاللاھ تائالا بۇنى كۈچلەندۈرۈپ: ﴿وَيُمْسِكُ السَّمَاءَ أَن تَقَعَ عَلَى الْأَرْضِ إِلَّا بِإِذْنِهِ﴾[1] «ئاللاھ ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن ۋە سۈرە «ئەنبىيا»نىڭ 32-ئايىتىدە بولسا: ﴿وَجَعَلْنَا السَّمَاءَ سَقْفًا مَّحْفُوظًا﴾ «ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق» دېگەن. يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن ئاسماننى ئاللاھ تائالانىڭ قوغداۋاتقانلىقىنى، «ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئەندىشە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئاللاھ ئاسماننى ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈك قۇدرىتى بىلەن ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم ۋە زېمىن ئەھلىگە تەھدىت سالمايدىغان قىلىپ

[1] سۈرە ھەج، 15-ئايەت

ساقلايدىغانلىقىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارلىق سۈپىتىنى ئەسلەتتى. ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ﴾[1] «بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى» دېگەن. ئاللاھ بۇ ئايەتتە زېمىندا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋاستىلىرىنى قويۇپ، ئىنسان ئېھتىياجلىق بولىدىغان نەرسىلەرنى ھازىرلىماستىن تاشلاپ قويمىغانلىقىنى، ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر سەۋەبلىك زىرائەتلەر، مېۋە-چېۋىلەرنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى، ئاسماننىڭ ئۈستىمىزگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا پەرۋەردىگارلىق سۈپىتى بىلەن رىزىق بېرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ.

كىشىلەر رىزىق مەسىلىسى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالىدۇ. رىزىق قانداقتۇر بىز ئېرىشكەن نەرسىلا بولماستىن، بەلكى ئىنسانلار مەنپەئەتلىنىدىغان ۋە ئىنسانلارغا بېرىلگەن پۈتۈن ئىمكانىيەتنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. سىز ناھايىتى كۆپ پۇل-مال تاپقان بولىسىڭىزمۇ، ئۇ سىزنىڭ رىزىقىڭىز ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ رىزىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىز پەقەت ئۇنى مۇھاپىزەتچى سۈپىتىدە ساقلاپ، ئاخىرىدا ئۆز ساھىبىغا يەتكۈزىسىز. كۆپىنچە كىشىلەر پەقەت پۇل-مالنى رىزىق دەپ قارايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا: "يَقُولُ ابْنُ آدَمَ: مَالِي مَالِي، وَهَلْ لَكَ مِنْ مَالِكَ إلا مَا أَكَلْتَ فَأَفْنَيْتَ، أَوْ تَصَدَّقْتَ فَأَمْضَيْتَ، أَوْ لَبِسْتَ فَأَبْلَيْتَ"[2] «ئادەم بالىلىرى: مېلىم، مېلىم - دەيدۇ. ئەي ئادەم بالىسى، سېنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭ پەقەت يەپ تۈگەتكىنىڭ، كىيىپ كونىراتقىنىڭ ياكى سەدىقە قىلىپ بەرگىنىڭدۇر» دېگەن. پۇل بولسا رىزىقنىڭ بىر تۈرى. لېكىن ھاياتتا ساغلاملىق، پەرزەنت، يېمەك-ئىچمەك ۋە بەرىكەت قاتارلىقلارمۇ رىزىق

[1] سۈرە ئىبراھىم، 32-ئايەت
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن، ئىنسان ئىستېمال قىلالىغان ۋە سەرپ قىلالىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رىزىق دېيىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەت ئارقىلىق، ئىنساننى يارىتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ۋە مەۋجۇت بولۇش ئاساسلىرىنى ياراتقانلىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن كائىناتنى ياراتقان زات ھەققىدە ئويلىنىشىمىزغا بۇيرۇغان. ئاللاھ بىزگە ماددىي ھايات ئاساسىمىزنى ھازىرلىغاندەك، روھىي ھايات ۋە مەۋجۇداتتىكى قىممەت قاراش ئاساسلىرىنىمۇ تەييارلاپ بەرگەن. سۈرە «رەھمان»دا: ﴿الرَّحْمَـٰنُ. عَلَّمَ الْقُرْآنَ. خَلَقَ الْإِنسَانَ. عَلَّمَهُ الْبَيَانَ﴾ «مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى» دېيىلگەن. بۇ ئايەتلەردىن قۇرئاننىڭ ھايات قىممەت قاراشلىرىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ۋە قۇرئانسىز ھاياتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. سىز بۇ ھاياتنى جەننەتكە يەتكۈزىدىغان يول دەپ قارىماستىن، ئۆز خىزمىتىڭىزنى ئادا قىلالمىسىڭىز، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تامامەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولىسىز-دە، دۇنيا سىزگە ئاخىرەتتىكى ئازابتىن باشقا ھېچنەرسىنى بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە رىزىقنى ئاسمانغا باغلاپ: ﴿فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ﴾ «سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا دىققىتىمىزنى تارتىپ، رىزىقنىڭ پەقەت ئۈستى تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. سۇ بولسا بىز ئەمەلىي ھېس قىلالايدىغان نەق رىزىقتۇر. چۈنكى سۇسىز ھېچبىر ھاياتنىڭ داۋاملىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ بىزگە سۇ بىلەن مىسال كەلتۈرگەن. سۇ ئاسماندىن ئەڭ پاكىز شەكىلدە تامچە-تامچە ھالەتتە چۈشىدۇ. ئاسماندىن كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە بۈيۈكلۈك

بولىدۇ. سۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ، رىزىقلارنىڭ يارىتىلىشىدىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى ئەگەر ئىنسان ئۆزى قىلماقچى بولسا، سۇغا ئىرىشىش ئۈچۈن مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىپ، بىر ئائىلىگە يېتەرلىك سۇ تاپالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئاللاھ ئاسماندىن سۇنى ئەڭ پاكىز شەكىلدە چۈشۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى ھاياتلىققا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ۋە بۇ نېئمەتلەردىكى مۆجىزىلەرنى چۈشىنىپ، كاللىمىزغا سىغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا: ﴿فَلَا تَجْعَلُوا لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر» دەيدۇ. ئايەتتىكى "أنداد" ئەرەبچىدە "نِد" دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «بىر نەرسىنىڭ ئوخشىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. زەررىچە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىل ھېچكىمنى ئاللاھقا ئوخشاتمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كۈچ-قۇدرەتتە، يارىتىشتا، زاتىدا، ئىسىم ۋە سۈپەتتە يەككە-يېگانە زاتتۇر. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما مەۋجۇت ئەمەس. ئاللاھ ھەربىرىمىزگە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىل بەردى. ئەگەر «ئاللاھنىڭ شېرىكى بار» دېگەن بۇ مەسىلە ئەقىلگە توغرىلانسا، ئەقىل بۇنى تامامەن رەت قىلىدۇ. چۈنكى «ئاللاھنىڭ شېرىكى بار» دېگەن گەپ نورمال ئەقىل ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر» دېگەن. يەنى ئەقلىڭلار تەبىئىتى ئاللاھنىڭ شېرىكى بارلىقىنى تامامەن رەت قىلىدۇ. مەسىلەن: «سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتتىم» دەپ دەۋا قىلىدىغان كىم بار؟ يالغاندىن بولسىمۇ «زېمىننى مەن سىلەرگە راھەت قىلىپ بەردىم» دەيدىغان كىم بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئاسماننى سىلەرگە ئىشەنچلىك تورۇس قىلىپ بەردىم» دەيدىغان كىم بار؟ «يامغۇرنى چۈشۈرۈپ زىرائەتلەرنى مەن ئۈندۈردۈم» دەيدىغان كىم بار؟ ئەلۋەتتە ھېچكىم يوق. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەۋە. ئۇنداقتا ئاللاھقا بىر قارشى تۇرغۇچى بولمىغان ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمىغان ئىكەن، بۇ مەسىلە ئېنىقكى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خاستۇر!

ئاللاھ تائالا: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ اللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللَّهِ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ﴾[1] «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، بۇتلارنى مۆئمىنلەر ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر» دېگەن. نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ؟ چۈنكى ئىنسان جاپا تارتماي بىر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ھەق يولنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىمان تەرىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، «شەكلىي جەھەتتە مۇسۇلمان بولۇپ ئىبادەت قىلسامۇ، دىنىنىڭ بۇيرۇق-چەكلىمىلىرىگە كىرمىسەم» دەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى تەڭ ئېلىپ مېڭىشنى خالىمىغاچقا، ئىنسانلار داۋاملىق تۈزۈلمىسىز بىر دىننى خالاپ، ھەردائىم ئۇنىڭدىن يوچۇق ئىزدەيدۇ.

ئىنسانلار ئاللاھ ئۇلاردا ياراتقان ئىمان تەبىئىتىنى رازى قىلىشنى ئويلايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىدۇ. ئاندىن بۇ ھەقتە ئويلىنىپ، ئەڭ ياخشى يولنىڭ ئۇلاردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدىغان تۈزۈلمىسىز ۋە مەنھەجسىز «ئىلاھىي يول» تاللاش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئازغۇن چاقىرىق ۋە خاتا يولنىڭ ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى مۇباھ قىلىدىغانلىقى ۋە ناماز،

[1] سۈرە بەقەرە، 165-ئايەت

زاكات، جىھاد قاتارلىق ئىمان تەكلىپلىرى بولغان ئىبادەتلەرنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلار مېڭىۋاتقان يولنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغانلىقىنى ۋە ئوقۇغان نامىز، بەرگەن زاكات ۋە ئىمان يولىنىڭ ئاللاھقا ھېچ پايدىسى يوقلۇقىنى ئېنىق بىلىدۇ. مۆئمىنلەر مۇشۇ ئىشلارنى بىلگەچكە، ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما كاپىرلار شۇنچە چوڭچىلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئەڭ قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۆزى كەلتۈرۈۋاتقان شېرىكلەرنى ئۇنتۇپ، ئاللاھنى بىردىنبىر پاناھگاھ دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم: ﴿وَإِذَا مَسَّ الْإِنسَانَ الضُّرُّ دَعَانَا لِجَنبِهِ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَائِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَا إِلَىٰ ضُرٍّ مَّسَّهُ﴾[1] «ئىنسانغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ياتسا، ئولتۇرسا، تۇرسا (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ» دېگەن.

نېمە ئۈچۈن ئىنسان قىيىنچىلىقلاردا قالغىنىدا، شېرىكلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا دۇئا قىلمايدۇ؟ چۈنكى ئىنسان ئەڭ قىيىنچىلىق ۋاقىتتا ئۆزىنى ئالدىغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇلار ئەقلىلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇ شېرىكلىرىنى دۇنياۋى مەقسەت-غەرەزلىرى ئۈچۈن قىلىۋالغان. ئۇلار پۈتۈن زىياننى كۆتۈرۈۋېتىدىغان زاتنىڭ يەككە-يېگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي خەتەر كېلىپ قالغىنىدا، دەرھال ئاللاھقا يېلىنىدۇ. مەسىلەن: ساختىپەزلىك قىلىپ كىشىلەرنى داۋالايدىغان كوچا دوختۇرلىرى ئوغلى ئاغرىپ قالغان ۋاقىتتا ئۆزى داۋالىماي ھەقىقىي دوختۇرنىڭ قېشىغا ئاپىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى ئالداۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن

[1] سۈرە يۇنۇس، 12-ئايەت

ئۆزىنى ئالداشنى خالىمايدۇ.

شائىر ئەسمەئىي كەبىنىڭ قېشىدا بىر ئەئرابىنىڭ: «ئى رەب، سەن بىلىسەن، مەن ساڭا ئاسىيلىق قىلغان. ساڭا دۇئا قىلىشىم ئۈستۈمدىكى سېنىڭ ھەققىڭدۇر. چۈنكى مەن ئاسىي بىر بەندە. لېكىن مەن بىلىمەن، سەندىن باشقا بىر ئىلاھ يوق، سەندىن باشقا كىمنىڭ قېشىغا بارارمەن؟» دېگەن ۋاقتىدا، ئەسمەئىي: «ئەي ئادەم، سەن گۈزەل شەكىلدە سورىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سېنى كەچۈرىدۇ» دېگەن.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 22-دەرس

## سۈرە بەقەرە 23-ئايەت

﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾

**«بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»**

ئالدىنقى دەرسىمىزدە ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەرۋەردىگارلىق سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلىپ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىنى، بۇ چاقىرىشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنى ۋە ئاسمان-زېمىننى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ نورمال ياشىشى ئۈچۈن زېمىننى قولاي شەكىلدە ھازىرلىغانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئاخىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە ھەرخىل شېرىكلەرنى كەلتۈرۈشىنى تەنقىد قىلغان. ئاللاھنى قويۇپ شېرىكلەرنى تۇتۇۋالىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇتقان يولىنىڭ مەنتىقىگە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پەقەت كۆز ئالدىدىكى ھەۋەس ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھۋەتلەرگە تايىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچۇن مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغان قۇرئان كەرىم ھەققىدە شەك قىلىدىغان ۋە يالغانغا چىقىرىدىغان كىشىلەرگە جەڭ ئېلان قىلغان. ئاللاھ تائالا كائىناتنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ يارىتىلىش ئەھۋاللىرىنى، كۆزىمىز كۆرۈۋاتقان ھەرخىل مەخلۇقاتلارنى بىزگە ھېسسىي مۆجىزە قىلغان بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ قىيامەت قاراشقا ئىگە مۆجىزىلىك يول ۋە پىرىنسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بايان قىلىپ بەردى.

﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ﴾ «بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار» دېگەن ئايەتتىكى "رىيب" سۆزى ئەرەب تىلىدا شەكنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان ھەققىدە شەك قىلىدىغان ۋە ئىككىلىنىدىغان ھەربىر شەخسكە خىتاب قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان ئادەمنىڭ قەلبىدە شەك بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيى بىلەن يەتكۈزۈلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. مۆجىزە قۇرئان كەرىمنىڭ يەتكۈزگۈچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قورشاپ تۇرىدىغان تۇرسا، بۇ شەك قەيەردىن كېلىدۇ؟ بۇ شەكنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇيالمايدىغان ۋە يازالمايدىغان ياكى ئەرەبلەرنىڭ پاساھەت ۋە تىل تەرەپتىن يېتىشكەن چوڭ شائىرلىرىمۇ كەلتۈرەلمىگەن بۇنداق مۆجىزىلىك جۈملىنى ئۆزى كەلتۈرگۈدەك شېئىر بىلەن تونۇلغان ئادەم بولمىسا، زادى بۇلار قايسى نۇقتىدىن شەك قىلىدۇ؟ بىز دەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يازالمايدىغانلىقى، ئوقۇيالمايدىغانلىقى، قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئوقۇش-يېزىش ۋە شېئىرىيەت بىلەن تونۇلمىغانلىقىنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئۆز ئىچىدىن چىقىرىپ دەۋالماستىن، ئاللاھ تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەنلىكىگە بىر

دەلىل. ئىككىنچى دەلىل بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزەلدىن يالغان ئېيتمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىك ۋەزىپىسى يۈكلىنىشتىن ئىلگىرى يالغان بىلەن تونۇلۇپ باقمىغان. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەممىسى "صادق الأمين" «راستچىل، خاتىرجەم كىشى» دەپ چاقىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى "صادق الأمين" دەپ ئاتىغان ۋە شۇ نامنى بەرگەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان ئاللاھنىڭ قېشىدىن كەلمىگەن، سەن يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىۋاتاتتى. ئەجەبا، رەسۇلۇللاھ ھاياتىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە راست سۆزلەپ، ئاللاھقا يالغان ئېيتارمۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى ئەرەب پاساھەت ئۆلىمالىرىدىن ھېچبىرى كەلتۈرەلمىگەن ئىدى. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان مەلۇماتلارنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلار بىلمەيتتى. ئوقۇمىغان بىر پەيغەمبەر بۇنداق مۆجىزىلىك كىتابنى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلار بىلمەيدىغان مەلۇماتلارنى قانداقمۇ ئېلىپ كېلەلىسۇن؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر مۇئەللىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاپ ياكى قەدىمكى مەدەنىيەت كىتابلىرىنى ئوقۇپ قالغان بولسا، بەلكىم ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن سۆزنى «مۇئەللىمدىن ياكى قەدىمكى كىتابتىن ئالدى» دېيىشەتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان ئىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ شەك ئۇلارنىڭ قەلبىگە قەيەردىن كىرىپ قالدى؟ ئېنىقكى، بۇ، باتىل ۋە خاتا يولدىن كىرگەن بولۇپ، خاتا يولنىڭ پاكىتى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇرئاندىن شەك قىلمايدىغانلىقىنى ئېپادىلەش ئارقىلىق رەسۋا قىلىشتى. لېكىن ئۇلار قۇرئاننىڭ قۇرەيش كاتتىلىرىغا چۈشۈشىنى خالايتتى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە: ﴿وَقَالُوا لَوْلَا نُزِّلَ هَـٰذَا الْقُرْآنُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ الْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ﴾[1] «ئۇلار:

---

[1] سۈرە زۇخرۇف، 31-ئايەت

www.uyghurkitap.com

بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟ - دېيىشتى» دەيدۇ.

بۈگۈنكى رىبىئاللىقىمىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ياخشى بىر پىلان ياكى ياخشى بىر سىستېما ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقسا ياكى شۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىجرا بولۇپ قالسا، ھېچكىمنىڭ قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئەمما ئۆزى ياكى ئۆزىدىن چوڭ ئادەمنىڭ قولىدىن چىقسا قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھ ھېكمەت ۋە پەزلى-ئىنئامىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. بۇ شەك قىلغۇچىلار قۇرئان كەرىمگە قارشى تۇرىدىغان پاكىت تاپالمىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «سېھىرگەر» دەيدۇ. سېھىرلەنگەن ئادەمنىڭ سېھىر قىلغۇچىغا يېتىدىغان كۈچى بارمۇ؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن سېھىرگەر بولۇپ قالسا، نېمە ئۈچۈن سىلەرنى سېھىرلىمىدى؟ يەنە بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «مەجنۇن» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەجنۇن (ساراڭ) مەنتىقىسىز ئىش-ھەرىكەت قىلىدۇ. سەۋەبسىز كۈلۈپ، يىغلاپ كىشىلەرنى ئۈركىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە قايتۇرۇپ: ﴿ن ۚ وَالْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُونَ. مَا أَنتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ بِمَجْنُونٍ. وَإِنَّ لَكَ لَأَجْرًا غَيْرَ مَمْنُونٍ. وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾[1] «نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دېگەن. ئەجەبا مەجنۇن بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى بولامدۇ؟ دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇ پەردە «قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ قېشىدىن ئەمەس» دەپ شەك قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بىرەمۇ ھەقىقىي سەۋەب يوق. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن ﴿وَإِذْ قَالُوا اللَّهُمَّ إِن

[1] سۈرە قەلەم، 1~4-ئايەتلەر

كَانَ هَـٰذَا هُوَ الْحَقَّ مِنْ عِندِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِّنَ السَّمَاءِ أَوِ ائْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن! - دېدى» دېگەن ئايەتتە كەلگىنىدەك، بۇ يەردە ئەسلىدىنلا شەك قىلغۇدەك سەۋەب يوق، ئەمما جەزمىيەت سەۋەبلىرى ئېنىق بار بولسىمۇ، ئۇلار يەنە شەك قىلغان.

ئاللاھ تائالا: ﴿مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا﴾ «بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار» دەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسان يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزدا بار بولۇپ، كائىناتتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ۋاقتى كەلگەندە لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىغا بىراقلا چۈشۈرۈلۈپ، مۇناسىۋەت ۋە ھادىسىلەر ئېھتىياجىغا قاراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. ئاللاھنىڭ بۇ يەردىكى "نَزَّلْنَا" دېگەن سۆزى «لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىغا بىراقلا چۈشتى» دېگەننى كۆرسىتىدۇ. باشقا ئايەتلەردىكى "أنزل" دېگەن سۆز بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەتمۇ-ئايەت، ھادىسە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەلىپىگە قاراپ چۈشۈرۈلگەننى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿عَلَىٰ عَبْدِنَا﴾ «بەندىمىزگە (چۈشۈردۇق)» دېدى. بۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ "عبيد"[2] «قۇللىرى» ۋە "عباد"[3] «بەندىلىرى» بار. ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى ئاللاھنىڭ قۇلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئىرادە-خاھىشىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى كىم؟ ئۆزىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز

[1] سۈرە ئەنفال، 32-ئايەت
[2] ئۆزى خالىغان ۋە خالىمىغان شەكىلدە، مەجبۇري ھالەتتە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغان كىشى
[3] ئۆزى خالاپ، خالىس ئىختىيارلىقى بىلەن ئىتائەت قىلغان كىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەنلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا، "عباد" دېگەن سۆزنىڭ ئاساسلىقى ياخشى كىشىلەرگە ئىشارەت قىلىنغانلىقىنى كۆرىسىز. ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»نىڭ 186-ئايىتىدە: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ ۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ ۖ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)» دېگەن. بۇ پەزىلەت ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ «قىلىنغانلار» دېسە قىلغان، «قىلماڭلار» دېسە قىلمايدىغان كىشىلەر بولغان "عباد" «بەندىلەر»گە خاس. بۇلارنىڭ باشقا يولنى تاللاشقا قادىر تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىنى تاللايدۇ ۋە قارشىلىق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ جىھاد ھەققىدە مۇجاھىدلارنى "عبيد" دەپ سۈپەتلىمەستىن، "عباد" دەپ سۈپەتلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە «ئىسرا»نىڭ 5-ئايىتىدە: ﴿فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ أُولَاهُمَا بَعَثْنَا عَلَيْكُمْ عِبَادًا لَّنَا أُولِي بَأْسٍ شَدِيدٍ فَجَاسُوا خِلَالَ الدِّيَارِ ۚ وَكَانَ وَعْدًا مَّفْعُولًا﴾ «بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىڭنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى» دېگەن.

بىر قىسىم شەرقشۇناسلار قۇرئان كەرىمنى ئەيىبلىمەكچى بولۇپ: ﴿أَأَنتُمْ أَضْلَلْتُمْ عِبَادِي هَٰؤُلَاءِ أَمْ هُمْ ضَلُّوا السَّبِيلَ﴾ [1] «مېنىڭ بۇ

[1] سۈرە فۇرقان 17-ئايەت

بەنـــدىلىرىمنى ســــىلەر ئـــازدۇردۇڭلارمۇ يـــا (تـــوغرا) يولـــدىن ئـــۇلار ئـــۆزلىرى ئـازدىمۇ؟ - دەيـدۇ» دېـگەن ئـايەتتىكى "عبـــاد" دېـگەن سـۆز مـۇئمىن ئەمەسـلەر ھەققىـــدىمۇ كەلگەنـلىكىنى كۆرسەتـــمەكتە - دېســە، بىــز دەيمىزكــى: ســىلەر چۈشەنمەيســىلەر، "عبيـــد" ۋە "عبـــاد" نــى ئـايرىش بـۇ دۇنيـادىكى مەسـىلە، ئەممـا بـۇ ئـايەتتىكى "عبـــاد" سـۆزى ئـاخىرەتتە ھېسـاب بېرىدىغانـدا قوللىنىلـدۇ. چـۈنكى ئـاخىرەتتە پۈتـۈن ئىنسـانلار بويسـۇنغۇچىغا ئايلىنىـدۇ، ھېچبىـر كىشـىنىڭ تـاللاش ھوقـۇقى بولمايــدۇ. ئىنســـانىنىڭ تـــاللاش ھوقـــۇقى ســـەكراتقا چۈشـــكەندىن باشـــلاپ ئاخىرلىشـدۇ. ئـاخىرەتتە ھەممىمىـز "عبـــاد"، لـېكىن "عبيـــد" بىـلەن "عبـــاد" پەقەت دۇنيادىلا پەرقلىنىدۇ.

بەنـــدىچىلىك ـ ئاللاھقـــا يېقىنلىشـــىش ۋە ئاللاھقـــا ئىبـــادەت قىلىشـــنىڭ ئەڭ يـۇقىرى مەرتىۋىسـى. چـۈنكى ئـۇ چاغـدا ئاللاھقـا ئىختىيـارلىقىڭىز بىـلەن ئىتـائەت قىلىــپ، ئۆزىڭىزنىــڭ تاللىشــى بىــلەن ئاللاھنىــڭ بــۇيرۇقلىرىنى ئىجــرا قىلىــپ كەلــگەن بولىســىز. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســـسالامغا پەرىشــتە ئەلچــى يــاكى بەنــدە ئەلچــى بولــۇش ئىختىيــارلىقى قويۇلغــان چاغــدا، بەنــدە ئەلچــى بولۇشــنى تاللىغـــان. ئەگەر بىـــز بەنـــدىچىلىكنىڭ مەنىســـىنى بىلمەكچـــى بولســـاق، ســـۈرە «ئىسرا»دىكى مۇنۇ ئـايەتنى ئوقۇسـاق بولىـدۇ: ﴿سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِّنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ﴾[1] «ئـاللاھ (بـارچە نۇقســـاندىن) پـــاكتۇر، ئـــۇ (مـــۇھەممەد ئەلەيھىســـسالامغا) قۇدرىتىمىزنىـــڭ دەلىللىرىنـــى كۆرســـىتىش ئۈچـــۈن، بەندىســـىنى (يەنـــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى) بىـر كېچىـدە مەسـجىدى ھەرەمـدىن ئەتراپىنـى بەرىكەتلىـك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى».

ئاللاھنىـــڭ «بەنـــدەم» دېـــگەن بـــۇ ســـۆزى پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامغا بېـرىلگەن نېـئمەت دەرىجىلىرىنىـڭ ئەڭ بۈيـۈكى. بـۇ ئـايەتتىكى "عَبْـــد" دەپ

---

[1] سۈرە ئىسرا، 1-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



تىلغا ئېلىنغان ئىبارە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ھېچكىمدە يۈز بېرىپ باقمىغان بۈيۈك بىر مۆجىزىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتە قات ئاسمانغا ئۆزىنىڭ روھى ۋە تېنى بىلەن چىقىپ، زېمىنغا قايتىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇرىدىغان يەردىن ۋە سىدرەتۇل مۇنتەھادىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ ئىنسانلار ۋە مۇقەررەب پەرىشتىلەرنىڭ ئىلمى يېتەلەيدىغان ئەڭ يىراق ئورۇن ئىدى.

پەيغەمبەرنىڭ پەرىشتىدىن بولماي، ئادەمدىن بولۇشى ساماۋى رىسالىلەر باشلانغاندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە، چوڭ تالاش-تارتىش قوزغىغان بىر مەسىلىدۇر. ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى تۆت ئايەتتە ھېكايە قىلىپ: ﴿فَقَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِن قَوْمِهِ مَا نَرَاكَ إِلَّا بَشَرًا مِّثْلَنَا﴾[1] «ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن»، ﴿فَقَالُوا أَبَشَرًا مِّنَّا وَاحِدًا نَّتَّبِعُهُ إِنَّا إِذًا لَّفِي ضَلَالٍ وَسُعُرٍ﴾[2] «ئۇلار ئېيتتى: ئارىمىزدىكى (بىزگە ئوخشاش) بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ (ئۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن گۇمراھلىقتا ۋە ساراڭلىقتا مۇپتىلا بولىمىز»، ﴿وَمَا مَنَعَ النَّاسَ أَن يُؤْمِنُوا إِذْ جَاءَهُمُ الْهُدَىٰ إِلَّا أَن قَالُوا أَبَعَثَ اللَّهُ بَشَرًا رَّسُولًا﴾[3] «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر»، ﴿وَلَئِنْ أَطَعْتُم بَشَرًا مِّثْلَكُمْ إِنَّكُمْ إِذًا لَّخَاسِرُونَ﴾[4] «ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر» دېگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان بولۇشى ئىمان ئېيتىشنى خالىمىغانلارغا چوڭ بىر باھانە بولغان. پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە ھۇد، 27-ئايەت
[2] سۈرە قەمەر، 24-ئايەت
[3] سۈرە ئىسرا، 94-ئايەت
[4] سۈرە مۇمىنۇن، 34-ئايەت

ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن يەتكۈزگۈچى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىلگىرىمۇ ياشىغان بولۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقارماسلىقى ئۈچۈن ئامانەتدارلىق، راستچىللىق بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇشى ۋە ئۇنىدىن باشقا ئۇلگە بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم ئۆز قەۋمىدىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يولنى قەۋمىنىڭ ئالدىدا ئەمەلىي تەتبىقلايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر باشقا بىر تۈردىن بولسا، كىشىلەر: «ئى رەب، سىلى بىزنى بۇيرۇغان ئىشقا قادىر بولالمايدىكەنمىز، بۇ پەيغەمبەر باشقا تۈردىكى مەخلۇقكەن، ئىبادەتنى بەك قىلىدىكەن، ئەمما بىز ئىنسانلار بۇنىڭدەك بولالمايدىكەنمىز» دېيىشكەن بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلىقتىن باشقا سۈپەت بېرىشكە تىرىشقانلار ھەرقانداق ئادەم ئاللاھنىڭ ئەلچىلىك مۇكەممەللىكىنى كېمەيتىۋەتمەكچى بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى مالائىكىگە ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَلَوْ نَشَاءُ لَجَعَلْنَا مِنكُم مَّلَائِكَةً فِي الْأَرْضِ يَخْلُفُونَ﴾[1] «ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەتتۇق» دېگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان بولۇشى ئەلچىلىكنىڭ مۇكەممەللىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ: ﴿فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ﴾ «قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار» دەۋاتىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن چاقىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ ياردەمچىلەر ئىنساندىن بولغان ئاجىز گۇۋاھچىلار بولۇپ، قانداقتۇر ئاللاھتىن كەلگەن غەيبىي شاھادەت ئەمەس.

[1] سۈرە زۇخرۇف، 60-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە نۇرغۇن شۈبھىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋېلىشىمىز ۋە قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك جەۋھىرىگە يېتىشىمىز ئۈچۈن، پۈتۈن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كاپىرلارنى تەدرىجىي جەڭگە چاقىردى. ئۇلاردىن تۈنجى بولۇپ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئاندىكىگە ئوخشاش ئون سۈرىنى كەلتۈرۈشنى، ئاندىن تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بىر سۈرە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى جەڭگە چاقىرىشتا تەدرىجىي تۆۋەنگە چۈشتى. مانا بۇ چۈشكەنلىكنىڭ ئۆزى جەڭگە چاقىرغان كىشىلەرگە قارشى چوڭ بىر دەلىل. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىدى. «ئۇنداقتا ئون سۈرە كەلتۈر» دېيىلدى، كەلتۈرەلمىدى. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار قاتتىق مەسخىرىگە ئۇچرىدى. «ئۇنداقتا بىر سۈرە كەلتۈر» دېيىلدى، يەنە كەلتۈرەلمىدى. مانا بۇ ئاللاھ جەڭگە چاقىرىۋاتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئاھانەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىگە قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلاردىن "مىسل" دەپ «ئوخشاش»نى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمايدىغان، قۇرئانغا شەك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كۆرسىتىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم﴾ «ئاللاھتىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېگەن ئايىتىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەيدانغا چاقىرىشتا تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۆزى قىلالمىسا ياردەمچىلىرىنى چاقىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇلار ئەكەلگەن نەرسىسىنى قۇرئانغا ئوخشاش بولىدىمۇ ياكى بولمىدىمۇ دەپ، ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن ياردەمچىلىرىگە سۇنىدۇ. ئەجەبا بۇ ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىنكەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەر ياكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا راستچىللىقى بىلەن مەشھۇر ئادەمنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلمىدى. بەلكى ئۇلارغا: «قانداق گۇۋاھچى ئەكەلسەڭ

ئەكەل» دېدى. ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلىرىمۇ ئۇلار ئەكەلگەن سۆزنى «قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشاش» دەپ گۇۋاھلىق بېرەلمىدى.

ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنغا ئورتاق قىلىپ: ﴿مِّن دُونِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرۈڭلار)» دەپ، ئۇلاردىن ئاللاھتىن باشقا گۇۋاھچى ئەكېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەكەلگەن ۋە تۈزگەن نەرسىنىڭ قۇرئانغا ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىش خام-خىيالنى قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا يالغان ئېيتىش ۋە ئاللاھ دېمىگەن نەرسىنى دېدى، دەپ دەۋا قىلىشتىن يانمىغان ۋە يانمايدۇ.

﴿إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ «(قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار» دېگەن ئايەتتىكى راستچىللىق دېگەن نېمە؟ بۇلار نېمىدە راستچىل؟ راستچىللىق يالغانچىلىقنىڭ قارشىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى سېلىشتۇرما مەسىلىدۇر.

ھەرقانداق سۆز ئېغىزدىن چىقىشتىن ئىلگىرى زېھنىدە رېئاللىققا نىسبەتەن سېلىشتۇرمىسى بولىدۇ. مەسىلەن: «مۇھەممەد تىرىشچان» دېگەن بولسىڭىز، ئەمەلىيەتتىمۇ مۇھەممەد ئىسىملىك تىرىشچان ئادەم بولسا، جۈملىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىق بىلەن ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر مۇھەممەد ئىسىملىك ئادەم بولمىسا ياكى بولغان تەقدىردىمۇ تىرىشچان بولمىسا، جۈملىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىققا زىت كەلگەن بولىدۇ. ئايەتتىكى "صَادِقِينَ" دېگەن سۆز ئارقىلىق «دەۋاتقان سۆز نۆۋەتتىكى رېئاللىق نىسبىتىگە ئۇيغۇن كەلسە راستچىل، ئۇيغۇن كەلمىسە يالغانچى بولىدۇ» دەپ، ئۇلارنىڭ راستچىللىقىغا دەلىل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 24-ئايەت

﴿فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا وَلَن تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾

### «ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار -ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر- كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار»

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم ھەققىدە شەك قىلغۇچىلار تايىنىدىغان دەلىللەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەقىل ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا خالىغان بىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر سۈرىنى كەلتۈرۈشكە چاقىردى. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى. مۇشرىكلار قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىدە ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەنلىكىگە شەك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلاردىن خالىغان بىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، قۇرئان كەرىمدىكىگە ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، باشقىلارغا تارقاتماقچى بولغان شەكنى يوقىتىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ مەيدانغا چۈشۈشنى تەلەپ قىلىشى تۈگىمەي تۇرۇپ: ﴿فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا وَلَن تَفْعَلُوا﴾ «ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار -ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر-...» دەپ، ئاخىرىدىكى نەتىجىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارغا مەغلۇبىيەت بىلەن ھۆكۈم قىلىۋەتتى. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن

ھېچنەرسە مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ ھەرنەرسىنى بىلىدۇ. ئايەتتىكى "إن" دېگەن سۆز شەرت مەنىسىدە بولۇپ، ئېھتىماللىق ئىپادىلەردە قوللىنىلىدۇ.

﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى "إذا" كەسكىنلىكنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى شەكسىز كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا "إن" ۋە "إذا" دەپ ئىككى شەرت قوشۇمچىسى بار. "إن" دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچىغا «ئەگەر» دەپ تەرجىمە قىلىمىز، "إذا" نى «ۋاقتىدا» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. "إن" ھەرپ، "إذا" رەۋىش. رەۋىش مەلۇم بىر زامان ۋە ماكانغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەگەر كەسكىن يۈز بېرىدىغان بىر ئىشنى ئىپادىلىمەكچى بولسىڭىز "إذا" نى، بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىش ياكى بەرمەسلىك ئېھتىمالىنى ئىپادىلىمەكچى بولسىڭىز "إن" نى ئىشلىتىسىز.

ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا ﴿فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا﴾ «ئەگەر قىلالمىساڭلار» دېدى. چۈنكى ھەرقانداق ئىشنىڭ بولۇش-بولماسلىق ئېھتىمالى بار. ئاندىن: ﴿وَلَن تَفْعَلُوا﴾ «ھەرگىز قىلالمايسىلەر» دېدى. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ھەرگىزمۇ ئىگە بولالمايدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە خەۋەر بەرگەن غەيبىي مەسىلىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَجَحَدُوا بِهَا وَاسْتَيْقَنَتْهَا أَنفُسُهُمْ﴾[2] «ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى (زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن) ئىنكار قىلدى» دېگەن. ئۇلار ئايەتلەرنى تەستىقلايدۇ، لېكىن تىلى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ﴿فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا وَلَن تَفْعَلُوا﴾ دېگەن ئايەتتە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى شەكنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە نەسىر، 1-ئايەت
[2] سۈرە نەمل، 14-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com



ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ پىكرى ئىمان ئېيتماسلىقتا بېكىتىلىپ بولغاچقا، ھەرخىل پۇچەك سەۋەبلەرنى كەلتۈرگەن.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾ «ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار» دېيىش ئارقىلىق، كاپىرلارنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىدىن يەنە بىرىگە دىققىتىمىزنى تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەرخىل ئۆزرىلەرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇلارغا: «ئەمەلىي كۈچۈڭلار بىلەن دۇنيادا ئىمان ئېيتىشتىن ئۆزۈڭلارنى ساقلاپ قالغان بولساڭلار، ئۇنداقتا قىيامەت كۈنى دوزاختىن ئۆزۈڭلارنى ساقلاپ بېقىڭلار» دەۋاتىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇلارغا دۇنيادا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلگەن. ئۇلار ئىمان ئېيتماسلىقنى مەجبۇري تاللىماستىن، بەلكى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن ئىختىيارلىق خاھىشى بىلەن تاللىدى. لېكىن تاللاش بولمىغان ئاخىرەت كۈندە ئۇلار دوزاخ ئازابىدىن قانداقمۇ ساقلىنالىسۇن؟

ئاللاھ تائالا ئۇ كۈننى سۈپەتلەپ: ﴿لِمَنِ المُلْكُ اليَوْمَ لِلَّهِ الوَاحِدِ القَهَّارِ﴾[1] «بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر» ۋە يەنە: ﴿يَوْمَ لاَتَمْلِكُ نَفْسٌ لِنَفْسٍ شَيْئًا و الأمْرُ يَوْمَئِذٍ لِلَّهِ﴾[2] «ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللاھ تائالا سۈرە «ئەنبىيا»نىڭ 98-ئايىتىدە: ﴿إِنَّكُمْ وَمَا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنْتُمْ لَهَا وَارِدُونَ﴾ «(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر» دېگەن.

[1] سۈرە غافىر، 16-ئايەت
[2] سۈرە ئىنفىتار، 19-ئايەت

نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئىبادەت قىلغان بۇت، تاشلار دوزاختا كىرىدۇ؟ چۈنكى ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزى ئىبادەت قىلىۋاتقان تاشلاردىن مەنپەئەت كۈتۈپ ئىبادەت قىلىدۇ. بۇلار ۋە ئىبادەت قىلىۋاتقان تاشلىرى بىللە دوزاختا تاشلانغاندا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرىتى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. قانداقتۇر بۇ ئازاب تاش ۋە بۇتلارغا قىلىنغان ئازاب ئەمەس، چۈنكى تاشلار ئاللاھنىڭ بويسۇندۇرۇلغان مەخلۇقاتلىرى بولۇپ، ھەر زامان ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ تاش ۋە بۇتلار ئاللاھقا كاپىر بولغان كىشىلەرنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن رازى بولىدۇ ۋە: «ئۇلار بىزگە ئىبادەت قىلدى. ھالبۇكى بىز ئەتىگەنلىرى تۇرۇپ، ئاللاھقا ئىستىغپار ئېيتىدىغانلاردىنمۇ بەكرەك ئىبادەت قىلغۇچىلاردۇرمىز» دەيدۇ.

﴿أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ «كاپىرلارغا تەييارلانغان» دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى ۋاقتىدىلا دوزاخنىڭ كاپىرلارغا ھازىرلانغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ بولدى. مانا بۇ مۇئمىننى خاتىرجەم قىلىش، كاپىرنى بولسا ئەك يۇقىرى دەرىجىدە قورقۇتۇشتۇر. ئايەتتىكى "أُعِدَّتْ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «دوزاخ گەرچە بىز كۆرەلمىسەكمۇ يارىتىلىپ، ھازىرلىنىپ بولغان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "عرضت عليّ الجنة ولو شئت أن آتيكم منها بقطاف لفعلت" «ماڭا جەننەت توغرىلاندى، خالىغان بولسام مېۋىسىدىن ئېلىپ كېلەتتىم» دېگەن. مانا بۇنىڭ ئۆزى جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئەمەلىي بار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. مۇئمىن جەننەتنىڭ ئەمەلىي بار ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان ۋاقتىدا، ئىمانى ئۇنى جەننەت تەرەپكە يېتەكلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿أُولَـٰئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ. الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾[1] «ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆئمىنلەر نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا، ئاللاھنىڭ سىزنى جەننەتكە ئەكىرىدىغانلىقىنى بىلىسىز. چۈنكى مىراس باشقىلاردىن قالىدىغان نەرسە بولۇپ، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يارىتىشتىن ئىلگىرى مەخلۇقاتلاردىن ھەربىر كىشىگە دوزاخ ۋە جەننەتتىن بىر ئورۇننى ھازىرلاپ بولغان. دوزاختا كىرگەنلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى ئورۇنلىرى خالى قالىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا جەننەتتىكى قۇرۇق قالغان ئورۇننى مۆئمىنلەرگە بېرىدۇ. مۆئمىنلەر ئۇ ئورۇنلارنى ئۆزىنىڭ ئورنىدىن سىرت مىراس ئالىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ "أُعِدَّتْ" دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى. ئاللاھ ھەممىمىزنى دوزاختىن ساقلاپ، جەننەتكە كىرىشكە نېسىپ قىلسۇن!

[1] سۈرە مۆئمىنۇن، 11، 12-ئايەت

# 23-دەرس

## سۈرە بەقەرە 25-ئايەت

﴿وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُوا مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا ۙ قَالُوا هَٰذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَأُتُوا بِهِ مُتَشَابِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ»**

ئالـــدىنقى ئـــايەتتە ئـــاللاھ تائـــالا ئىمـــان ئېيتماســـلىققا باھـــانە تېـــپىش ئۈچـۈن قۇرئـان كەرىـم ھەققىـدە شـەك قىلغـان كاپىرلارنـىڭ بارىـدىغان جايىنـىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەھەننەم بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بېرىلگەن تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئاساسەن ئىمان ئېيتماسلىقنى تاللىغان بىلەن ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تاللاش ئىختىيارلىقى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشنى ئەڭ ئالىي نېئمەت سۈپىتىدە بايان قىلدى. چۈنكى نېئمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ۋە يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەسلىك نېئمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە جەننەتنى بايان قىلسا، جەھەننەمنى بىرگە بايان قىلىدۇ. ئاسمان ھەققىدە سۆز قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە زېمىن ھەققىدە سۆز قىلىدۇ. كاپىرلار ھەققىدە سۆز قىلسا، مۆئمىنلەر ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى. بۇ خىل قارمۇ-قارشى ئۇسلۇبنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىشتا پايدىسى بار. ئىنسان ئازاب ھەققىدىكى مەزمۇننى ئوقۇغاندىن كېيىن نېئمەت ھەققىدە بىر مەزمۇن ئوقۇسا، ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىم نىجات تاپقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يەنى جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ ئۇنىڭغا چۈشمەسلىك بىر قېتىملىق نىجاتلىق بولسا، ئارقىدىنلا جەننەتكە كىرىش ئىككىنچى قېتىملىق نىجاتلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَمَن زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ﴾[1] «كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «جەننەتكە كىرسە نىجات تاپقان بولىدۇ» دېمەستىن، «جەھەننەمدىن يىراق بولۇپ، جەننەتكە كىرگەن بولسا نىجات تاپقان بولىدۇ» دېدى. جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزىمۇ كاتتا بىر نىجاتلىق ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 185-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاخىرەتتىكى ھېسابتىن كېيىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك قۇرۇلىدۇ. بۇ كۆۋرۈكتىن مۇئمىنلەرمۇ، كاپىرلارمۇ ئۆتىدۇ. مۇئمىنلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە قارىتا ئۆتىدىغان بولۇپ، بەزىلىرى چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كەتسە، بەزىلىرى شۇنچىلىك تەستە ئۆتىدۇ. ئەمما كاپىرلار ئۆتەلمەي ئۇدۇل جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. مۇئمىنلەر جەھەننەمنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىدىغان بولغاچقا، جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە كىرگەن بولىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئىككى نېئمەتتۇر. مۇئمىنلەرنىڭ نېمىشقا ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ: ﴿وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا. ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوا وَّنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا﴾[1] (سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز) دېگەن. مۇئمىنلەرنىڭ جەھەننەمنى كۆرۈشىنىڭ ئۆزى كاتتا بىر نېئمەتتۇر. مۇئمىنلەر ئىمانىنىڭ ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن قۇتقۇزغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بولغان نېمىتىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. جەننەت ئەھلى بىلەن جەھەننەم ئەھلى ئۆزئارا بىر-بىرىنى كۆرگەندە، جەننەت ئەھلى ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ كاتتا ئىنئام ئاتا قىلغانلىقىنى، جەھەننەم ئەھلى بولسا ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەكمۇ غەزەپ قىلغانلىقىنى ۋە نېمىتىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئۈچرىشىش جەننەت ئەھلى ئۈچۈن بىر نېئمەت بولسا، جەھەننەم ئەھلى ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر ئازاب ۋە ھەسرەت-نادامەت بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ بېشىدىلا "وَبَشِّرِ" «خۇشخەۋەر بەرگىن» دېدى. خۇشخەۋەر - كەلگۈسىدە بولىدىغان خۇشاللىق بىلەن باشقىلارغا خەۋەر

[1] سۈرە مەريەم، 71، 72-ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com



يەتكۈزۈش دېگەنلىك بولىدۇ. خۇشخەۋەر بەرگەنلىك تېخى كەلمىگەن ئەمما كېلىشى مۇقەررەر بولغان بىر ئىشنى ئېلان قىلغانلىقتۇر. بۇ ئايەت كاپىرلارنى جەھەننەم بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كەلدى. ئاگاھلاندۇرۇش - تېخى يېتىپ كەلمىگەن قورقۇنۇچلۇق بىر خەۋەر بىلەن باشقىلارنى دىققەت قىلىشقا چاقىرىشتۇر. لېكىن قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارغا كىنايە قىلىش ئۈچۈن بەزى ئورۇنلاردا ئۇلارغىمۇ «خۇشخەۋەر بېرىش» دېگەن كەلىمىنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن: ﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ. يَسْمَعُ آيَاتِ اللَّهِ تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ثُمَّ يُصِرُّ مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾[1] «ھەربىر گۇناھكار يالغانچىغا ۋاي!. ئۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك (كۇفرىدا) چىڭ تۇرىدۇ (گۇمراھلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن». بۇ يەردىكى خۇش-خەۋەر ئاللاھ تائالادىن بولغان كىنايىدۇر. كاپىرلار «خۇش بىشارەت»نى ئاڭلاپ «ياخشى خەۋەر ئاڭلايمىز» دەپ خۇش بولۇپ تۇرسا، قاتتىق ئازاب بىلەن غەم ئۈستىگە غەم قوشۇلۇپ، ئازاب ئۈستىگە ئازاب بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا خۇش بىشارەت بەرگىن» دېگەن. خۇش بىشارەت مۇئمىنلار ئۈچۈن كەلگۈسىدىكى ياخشىلىقنى ئېلان قىلىشتۇر. ئىمان بولسا ئىش-ھەرىكەتنىڭ زاپاس مەنبەسى. چۈنكى ھەر كىشى قەلبىدە نېمىگە ئىشەنسە، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ۋەتەن بولسا، ۋەتىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مىللىتىنى سۆيگەن كىشى مىللىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ قەلبىدە بۇزۇق خىياللار ئورۇن ئالغان بولسا، ئولتۇرسا-قوپسا ئويلايدىغىنى بۇزۇقلۇق بولىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قاراپ قەلبىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئىمان دېگەن

[1] سۈرە جاسىيە، 7، 8-ئايەت

هايات ھەرىكىتىنىڭ قەلبتىكى ئىشەنچ بىلەن ئاللاھنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالەتتە ھەرىكەتلىنىشىدۇر.

ھايات نىزامى ۋە ياخشى ئەمەللەر ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَالْعَصْرِ. إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ. إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾[1] «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر» دېگەن. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾[2] «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن، دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟» دېگەن. قۇرئان كەرىم ھەرۋاقىت ئىمان ئېيتىشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى ئوخشاش بايان قىلىپ كەلدى. مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئېغىزدا سۆزلەپ جاكارلاپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى بۇ جاكارلاشقا ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەل قوشۇلۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ ئېيتقان ئىمانىمىزغا ئىسلامغا ئۇيغۇن بولغان ئەمەلنى ئەگەشتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بىزنىڭ ئىمان ئېيتىشىمىزنىڭ ئاللاھقا ھېچبىر مەنپەئەتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەن، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھنى كۆرگەن بىر شەكىلدە ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن. ئىلىم ئىگىلىرى بولغان ئالىملارمۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىلىم بىلەن ئاللاھنىڭ

[1] سۈرە ئەسىر
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 33-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾[1] «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ شەرىئەت بويىچە ئىش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ھاياتنىڭ ھەرىكىتى نىزاملاشقان ۋاقىتتا ھاياتمۇ نىزاملىشىدۇ ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ئىللىق بىر جەمئىيەت ھاسىل بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ تارقىلىشى كىشىلەرنىڭ «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇشى بىلەن يېتەرلىك بولمايدۇ. بەلكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئىسلامغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ھايات رىتىمى ئىسلامدىن يىراقلاشقان ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىش ۋە ئېيتماسلىقىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بىز ياشاۋاتقان شەھەردىكى ياكى يەر شارىدىكى پۈتۈن كىشىلەر «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇپ ئىش-ھەرىكىتى ئىسلامغا ئۇيغۇن بولمىسا، ئۇنداق ئىماننىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. ھايات پىرىنسىپى ۋە ياشاش ئۇسۇلى ئىسلام ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. مانا بۇ ئىسلامنىڭ تەلىپى. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە داۋاملىق «ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلار» دەپ كېلىدۇ. ئىنسان دۇنياغا توغرا يۈزلەنگىنىدە ئۆزى قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ياخشى ئىشنى بۇزمايدۇ، قىلغانلارنى ئەيىبلىمەيدۇ. ياردەم قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ياخشى پېتى قويۇپ قويىدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 18-ئايەت

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەردى. جەننەت سۆزىنىڭ "جنات" «جەننەتلەر» دەپ كۆپلۈك كېلىشى، جەننەتنىڭ كۆپلۈكى ۋە جەننەتتىكى دەرىجىلەرنىڭ كۆپ بولغىنى ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿انظُرْ كَيْفَ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ وَلَلْآخِرَةُ أَكْبَرُ دَرَجَاتٍ وَأَكْبَرُ تَفْضِيلًا﴾[1] «ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر» دېيىلگەن. جەننەتنىڭ تۈرلىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن «فىردەۋس»، «ئەدن»، «نەئىيم»، «دارۇل خۇلد»، «دارۇسسالام» ۋە «جەننەتۇل مەئۋا» قاتارلىق يۇقىرى مەرتىۋىدىكى مۆئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئەڭ ئالىي جەننەتلەر بار. جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى نېئمەت ئاللاھ تائالانى كۆرۈشتۇر. جەننەتتىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىمۇ دۇنيانىڭ نازۇ-نېئمەتلىرىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇقتۇر.

جەننەت ئەھلىگە تاماق ۋە سۇلار ئۇلارنىڭ ئاچ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈل تارتقانلىقى ۋە ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. جەننەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. زېھنىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل يەر سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان يېشىللىق باغ بولغاچقا، ئاللاھنىڭ جەننەتنى ئاستىدىن سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغ دەپ تەسۋىرلىشى، زېھنىمىزگە جەننەتنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمما جەننەتنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾[2] «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم

[1] سۈرە ئىسرا، 21-ئايەت
[2] سۈرە سەجدە، 17-ئايەت

بىلمەيدۇ» دېيىلگەن. يەنى جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى ئىنسان بىلمەيدۇ، ئۇلارنى ئىپادىلەشكە كەلىمىلەر ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ يەردە قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قەلبىمىز ئويلاپمۇ باقمىغان ھەم ئويلىيالمايدىغان نەرسىلەر بار. شۇڭا ئاللاھ تائالا جەننەتنى ئەقلىمىزگە ماس بولغان: ﴿جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾ «ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بار» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلىگەن.

﴿جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾ ۋە ﴿تَجْرِي تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾[1] دېگەن ئىككى ئايەتنىڭ قانداق پەرقى بار؟ بىرى «ئاستىدىن»، يەنە بىرى «ئاستىدا» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «ئاستىدىن ئاقىدۇ» دېگەن ۋاقتىمىزدا، سۇنىڭ مەنبەسىنىڭ يىراقتىن كېلىدىغانلىقىنى، «ئاستىدا ئاقىدۇ»دا جەننەتنىڭ ئاستىدىن سۇ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىزاھلايدۇ. جەننەتتىكى ئۆستەڭلەرنىڭ مەنبەسى جەننەتنىڭ ئۆزىدە بولۇپ، قۇرۇپ قالمايدۇ، توختاپ قالمايدۇ. ئىنساننىڭ يىراقتىكى نەرسىلەرنىڭ ياكى نېئمەتلەرنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان خاراكتېرى بولغاچقا، ئاللاھ جەننەتتىكى نېئمەتلەرنىڭ مەڭگۈ توختاپ قالماي داۋام قىلىدىغانلىقىنى يۇقىرىقى ئايەت ئارقىلىق تېخىمۇ روشەن بايان قىلدى. جەننەتتە يېشىللىق ۋە ئېقىپ تۇرغان سۇ، گۈزەل مەنزىرىلەر بولغان ئىكەن، چوقۇم مېۋە بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿كُلَّمَا رُزِقُوا مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا قَالُوا هَٰذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِن قَبْلُ وَأُتُوا بِهِ مُتَشَابِهًا﴾ «ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق - دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ» دېگەن.

[1] سۈرە تەۋبە، 100-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

جەننەت مېۋىلىرى دۇنيانىڭ مېۋىسىدىن پەرقلىق بولىدۇ. دۇنيادا مېۋە يېيىش ئۈچۈن مېۋىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ياكى باشقىلارنىڭ ئەكېلىپ بېرىشىگە موھتاج بولىمىز. ئەمما جەننەتتە مېۋە يېنىمىزغا كېلىدۇ ياكى ئۇيلاپ بولغۇچە قولىمىزدا بولىدۇ. قارىساق جەننەتتىكى مېۋىنىڭ شەكلى دۇنيادىكى مېۋىنىڭ شەكلىگە ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن، تەمى ۋە باشقا جەھەتتىن قىلچىمۇ ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى ئوخشاش مېۋىنى يېسەك جىق پەرق قىلمايدۇ. بىراق جەننەتتىكى ئوخشاش مېۋىنىڭمۇ تەمى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، يۈز قېتىم يېسەك يۈز خىل تەم بىلەن يەيمىز. دۇنيادىكى تائامنىڭ چىقىرۋەتمىسە بولمايدىغان قالدۇقى بولىدۇ. ئەمما ئىنسان جەننەتتىكى تائامدىن قانچىلىك يېسۇن، قالدۇقنى چىقىرىۋېتىشكە موھتاج بولمايدۇ. جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى ئاللاھ تائالا قۇدرىتى بىلەن «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مانا بۇ جەننەتتىكى تائاملار ۋە مېۋىلەرنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىنىڭ بىرى.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە جەننەتنى سۈپەتلەپ: ﴿وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەن. سالىھ ئايال ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھۇزۇرى. ئايال كىشى سالىھ بولماي قالسا، ئىنساننىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمايدۇ. نۇرغۇن ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ھاياتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، بەختسىز قىلىپ قويىدۇ. ئايال كىشىنىڭ تىلى ئىتتىك بولۇپ ئەرلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىسە ياكى ئېرىنى گۇمانغا سېلىپ قويىدىغان ئايال بولسا، بۇنداق ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن ئاپەتتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە مۇشۇ پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ھەممىنى يوق قىلىدۇ. جەننەتتىكى ئاياللار ئەرلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان بولۇپ، پۈتۈن يامان ئىللەتلەردىن پاكتۇر. ئاخىرەتتىكى مۇئمىنلەر دۇنيادىكى كېسەللىك ۋە پۈتۈن ناچار قىلىقلاردىن قۇتۇلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا: ﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



إِخْوَانًا عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ﴾[1] «ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ» دېگەن. دۇنيا باشقا، ئاخىرەتمۇ دۇنياغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر دۇنيادۇر. دۇنيادىكى ئۆلچەملەر، يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتتە يوقايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاياللارنى مىسال قىلىپ، ئۇلاردىن يامان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى ئايال كىشىمۇ بىر نېئمەتتۇر. ئايال كىشى ئەرلەرنىڭ جەننەت ۋە جەھەننەمگە كىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ نېئمەت بولغاچقا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئايالارنى مىسال قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە بىزگە بېرىلىدىغان نېئمەتنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە بۇ نېئمەتلەرنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەن. نېئمەتنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈزۈلۈپ قالماي مەڭگۈ داۋام قىلىشىدۇر. ئاخىرەتتە ۋاقىتلىق دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ، جەننەتمۇ مەڭگۈلۈك ۋە جەھەننەممۇ مەڭگۈلۈكتۇر. قايسىنى تاللاش دۇنيادا ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىغا بېرىلدى. ئىنسان دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا جەننەتكە ياكى جەھەننەمگە كىرىدۇ.

[1] سۈرە ھىجر 47-ئايەت

## سۈرە بەقەرە 26-ئايەت

﴿إِنَّ اللَّـهَ لَا يَسْتَحْيِي أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُوا فَيَقُولُونَ مَاذَا أَرَادَ اللَّـهُ بِهَـٰذَا مَثَلًا يُضِلُّ بِهِ كَثِيرًا وَيَهْدِي بِهِ كَثِيرًا وَمَا يُضِلُّ بِهِ إِلَّا الْفَاسِقِينَ﴾

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۇئمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كاپىرلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ»**

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە جەننەت ھەققىدە سۆزلەپ، جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرۈپ، مۇئمىنلەر تۈتۈپ مېڭىشقا تېگىشلىك يوللارنى بەلگىلەپ بەردى. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغىنى يوق. لېكىن ئىمان ئېيتقان كىشى ئاللاھ تائالا بىلەن ئىمان ئەھدىسى تۈزگەن بولىدۇ. ئىنساندا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن تاللاش ئەركىنلىكى بولىدۇ. ئەمما ئىمان ئېيتىپ ئاللاھ تائالا بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىكى

ئەھدە تۇزگەندىن كېيىن، چوقۇم بۇ ئىمانىي ئەھدىگە ۋاپا قىلىشى كېرەك. بۇ ئەھدىنامىدە ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن شەرتلىرى قويۇلغان بولىدۇ. مۇشۇ شەرتلەرنىڭ ھېكمىتىنى سورىماستىن شەرتسىز ئىجرا قىلىش كېرەك. چۈنكى غەيبكە ئىمان ئېيتىپ، ھېكمىتىنى سورىغانلىق ئەخمىقانىلىقتۇر.

ئىمان تەكلىپى ئەگەر ئىنسانىنىڭ تەكلىپى ياكى بۇيرۇقى بولغان بولسا، ھېكمىتىنى سوراپ مۇنازىرە قىلساق بولاتتى. ئەمما بۇ ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاللاھتىن كەلگەن بۇيرۇقتۇر. بۇ بۇيرۇقنىڭ ھېكمىتىدىن سورالمايدۇ. بەلكى ئاللاھنىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن بۇيرۇقى بىزگە يېتەرلىك. بىزنىڭ ناماز ئوقۇشىمىز ساغلاملىق ياكى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھنىڭ نامازنى پەرز قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بەلكىم نامازنىڭ سالامەتلىككە پايدىسى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىزنىڭ كۆتىدىغىنىمىز ئۇ ئەمەس. تاھارەت ئېلىشىمىز ئاللاھنىڭ نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈندۇر. رامىزان روزىسى تۇتۇشىمىز قانداقتۇر كەمبەغەللەرنىڭ ئاچلىقىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رامىزاننى پەرز قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ناماز تەنھەرىكەت ياكى بەدەن ساغلاملىقى ئۈچۈن بولسا، مەيدانلاردا تەنھەرىكەت ئوينىساق يېتەتتى. تاھارەت پاكىزلىق ئۈچۈن بولغان بولسا، دائىم مۇنچىغا چۈشۈپ پاكىز تۇرساق يېتەتتى. بىز ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرىنى باشقا بىر مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن قىلىمىز. قۇرئاندىكى پۈتۈن ئايەتلەرنى «ئاللاھنىڭ كالامى» دەپ قوبۇل قىلىمىز. مانا بۇ بىزدىن تەلەپ قىلىنغان ئىمان ۋە ھايات يولىدۇر.

﴿إِنَّ اللَّـهَ لَا يَسْتَحْيِي أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن،

يۇقىرىدىكى مۇقەددىمىگە ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئاللاھ تائالا پاشىنى مىسال قىلسا، كاپىرلار بۇنىڭ ماھىيىتىگە قارىماستىن: «ئاللاھ نېمىشقا كىچىككىنە پاشىنى مىسال قىلىدۇ؟ پاشا دېگەن بىرنى قويسا ئۆلىدىغان بەكلا ئاجىز نەرسە تۇرسا، ئاللاھ نېمىشقا بۇيۇك ۋە كۈچلۈك پىللار، ۋەھشىي شىرلار بىلەن مىسال كەلتۈرمەيدۇ؟» دېيىشىدۇ. يەنى: ﴿مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا﴾ «كاپىرلار بولسا: ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟» دېيىشىدۇ. كاپىرلار پاشىدەك ھەجمى كىچىك نەرسىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىق مۆجىزىسىگە دىققەت قىلمايدۇ. ئاللاھ پاشىدەك ھەجمى كىچىك مەخلۇققا ياشىيالايدىغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. پاشىنىڭ كۆزى، ئىنسانىنىڭ تېرىسىنى تېشىپ قېنىنى سۈمۈرەلەيدىغان ئىنچىكە ئۇزۇن نەشتىرى، پۇتى، قانىتى ۋە كۆپىيىش ئەزالىرى بار. ھەرقانداق نەرسىنى كىچىك ياسىغانلىق ياسىغۇچىنىڭ ئۈستىلىقى ھېسابلىنىدۇ. پاشىدەك ھەممە ئەزاسى تولۇق بولغان، ئىنسانىنىڭ قېنىنى شورايدىغان مەخلۇقنى شۇنچىلىك كىچىك ياراتقانلىقى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئىنسانلار ئىجاد قىلغان تۇنجى سائەتنىڭ ھەجمى بەك چوڭ بولغاچقا، بەك جىق يەرنى ئىگىلەيتتى. ئەمما پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ سانائەت ۋە تەرەققىياتتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلگەندىن كېيىن، سائەتلەر نەپىسلىشىپ، ھەتتا ئۈزۈككىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك شەكىلدە ياسالماقتا. رادىئومۇ دەسلەپتە چوڭ ھەجىملىك ياسالغان، بىراق تېخنىكىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى بىلەن ئۇنىڭ ھەجمى كىچىكلەشكە باشلىدى. قول تېلېفونلارمۇ تۇنجى قېتىمدا بەكلا چوڭ ياسالغان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىچىكلەپ يانچۇقلىرىمىزغا سىغقۇدەك بولۇپ كەتتى.

سانائەت تەرەققىي قىلغانسېرى ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ھەجمى كىچىكلەشكە باشلايدۇ. ھەجمىنىڭ كىچىكلىشى تەرەققىياتقا ۋە

www.uyghurkitap.com



ياسىغۇچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق. ئاللاھ تائالانىڭ پاشا ۋە پاشىدىنمۇ كىچىك نەرسىلەر بىلەن مىسال كەلتۈرۈشى ئىنتايىن كىچىك ۋە مۇكەممەل يارىتىشقا دىققىتىمىزنى تارتىش ئۈچۈندۇر. بىر نەرسە قانچە كىچىكلەپ نەپىسلەشكەنسېرى تېخىمۇ مۇكەممەل ياسىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ بۇ يەردىكى ھەيرانلىقى ئىنچىكىلىكنى چۈشەنمەي پاشىنى ئاددىي بىر نەرسە دەپ قالغىنىدا بولۇپ، ھالبۇكى كاپىرلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسى ناھايىتى يۈزەكى بىر چۈشەنچىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق مىساللار كەلتۈرگىنىدە، ئاللاھقا ئىشەنگەن مۇئمىنلەر بۇ مىسالنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنسۇن ياكى چۈشەنمىسۇن، ئاللاھنىڭ كالامى دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَلَقَدْ جِئْنَاهُم بِكِتَابٍ فَصَّلْنَاهُ عَلَىٰ عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ. هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأْوِيلَهُ يَوْمَ يَأْتِي تَأْوِيلُهُ يَقُولُ الَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبْلُ قَدْ جَاءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِالْحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَاءَ فَيَشْفَعُوا لَنَا أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ الَّذِي كُنَّا نَعْمَلُ قَدْ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا يَفْتَرُونَ﴾[1] «ئۇلارغا كىتاب (يەنى قۇرئان) بەردۇق، ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى) بىلىش ئاساسىدا بايان ۋە رەھمەت قىلدۇق. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ - دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالدى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ تۆھمەت قىلغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى» دېيىلگەن. ئىنسان ئاجىز بىر مەخلۇق، ئاللاھقا

[1] سۈرە ئەئراف، 52، 53-ئايەتلەر

ئىشىنىپ، ئاللاھنى ئاللاھ دەپ تونۇغاندىن كېيىن ئىشلارنىڭ ھېكمىتى ۋە سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن بولغاچقا، ئىنسان نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىشكە ئاجىز كېلىدۇ.

قۇرئانغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ھەرقانداق كىشى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكمەتلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا كاپىرلار: ﴿مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا﴾ «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ» دەيدۇ. كاپىرلارنىڭ بۇ سۆزىگە ئاللاھ تائالا رەددىيە قايتۇرۇپ: ﴿يُضِلُّ بِهِ كَثِيرًا وَيَهْدِي بِهِ كَثِيرًا وَمَا يُضِلُّ بِهِ إِلَّا الْفَاسِقِينَ﴾ «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ» دېگەن.

بىز يۇقىرىدا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن ئەھدە تۈزىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدۇق. پاسىقلار دەل شۇ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. پاسىقنىڭ ئىرىنچى سۈپىتى ۋەدىدە تۇرماسلىق، قىلغان ئەھدىسىنى بۇزۇشتۇر. خورما ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىنىڭ پوستى پىشقاندا ئاسانلا سويۇلۇپ كەتكەنگە ئوخشاش، مۇناپىقمۇ بەرگەن ئەھدىسىدىن ئاسانلا چىقىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىلمىغان پاسىق كىشىمۇ يولىدىن ئاسانلا ئېزىپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ نىزاملىرىدىن يىراقلاشقان كىشى ئۇ نىزاملارغا ئەمەل قىلالماي ناماز ئوقۇمايدۇ، ئاللاھ چەكلىگەندىن يانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدىن يىراقلاپ كەتكەن.

ئىنسانىنىڭ ئەركىن يارىتىلغانلىقى ۋە دۇنيادا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلگىنى پاسىقلىقنى پەيدا قىلىدىغان ئامىلدۇر. ئىنسان دەل مۇشۇ تاللاش ئەركىنلىكى بىلەن دۇنيا تەرتىپىنى بۇزىدۇ. ئىنسانغا تەۋە ھەرقانداق ئىش ھەرۋاقىتتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئىنسانىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇپ بېرىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش، يولتوزدەك، يەرشارى قاتارلىقلار ئۆزگەرمەيدۇ. بولارنىڭ ھەممىسى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆز خىزمىتىنى داۋام قىلىپ، بويرۇلغان ئۆزگەرمەس بىر قانۇنىيەتكە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسانغا ھايۋان ياكى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئىختىيارلىق بېرىلمىگەن بولسا، پاسىقلىق قىلمىغان بولاتتى. ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات نىزامى بولغان قۇرئاندىن يىراقلاشقاندىن كېيىنلا پاسىقلىشىپ، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. پاسىقلىقنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى قۇرئاندىن ۋە ئاللاھتىن يىراقلىشىشتۇر.

# 24-دەرس

## سۈرە بەقەرە 27-ئايەت

﴿الَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّـهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّـهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ ۚ أُولَـٰئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾

**«پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە-رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر»**

ئاللاھ تائالا بىزگە ئىمانىنى «ئۆزى تەرەپتىن كەلگەن ھەرقانداق بۇيرۇقنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمىگەن ئەھۋالدىمۇ شەرتسىز ئىجرا قىلىش» دەپ ئىزاھلىدى. ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەرقانداق بۇيرۇقنى كاپىرلىق ياكى شەك قىلىش چۈشەنچىسىدە ئەمەس، بەلكى «بۇ ئىلاھىمىز بولغان ئاللاھنىڭ ئەمرى» دېگەن چۈشەنچە بىلەن قوبۇل قىلىمىز. ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەرقانداق ئىشنىڭ ھېكمىتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى يوقتىن بار قىلغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچى ۋە دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن مۇكاپات-جازا بەرگۈچى دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن كەلگەن بۇيرۇقلارنى قوبۇل قىلىمىز ۋە ھېكمىتىنى سۈرۈشتە قىلماستىن ئىتائەت قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاللاھ تائالا بىزگە پاسىقلارنىڭ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىدە تۇرماي، بۇزىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالا ئۇلاشقا بۇيرۇغان سىلە-رەھىمنى ئۈزىدىغانلىقى، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى قاتارلىق ئۈچ خىل سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەق يولنى تاشلاپ، كۆڭلى تارتقان يوللارغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، زىيانكارلىق ئىچىدە بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿أُولَـٰئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الضَّلَالَةَ بِالْهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾[1] «ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى» دېگەن. پاسىقلار بۇزۇقچىلىق يوللىرىنى تاللاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىنى ئازغۇنلۇق بەدىلىگە تېگىشىپ، زىيان سودىنى قىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى مەڭگۈلۈك بولغان بىر ھاياتقا، ئاخىرلاشمايدىغان كاتتا نېئمەتكە باشلايدۇ. بۇنداق كاتتا نېئمەتنى ۋاقىتلىق بولغان ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن زايە قىلىۋەتكىنى زىيان تارتقان سودىغا ئوخشايدۇ.

ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇنى ئىزاھلاپ: ﴿إِنَّ اللَّـهَ اشْتَرَىٰ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّـهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّـهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُم بِهِ وَذَٰلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾[2] «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك

[1] سۈرە بەقەرە، 16-ئايەت
[2] سۈرە تەۋبە، 111-ئايەت

ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھقا جەننەت بەدىلىگە جان ۋە ماللىرىنى ساتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئەھدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى دۇنيانىڭ ئازغۇنلىقى بەدىلىگە سېتىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. پاسىقلارنىڭ بىرىنچى سۈپىتى ئەھدىسىدە تۇرماسلىق بولۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن بولدى قىلماي، ئاللاھ بىلەن بولغان ئەھدىنىمۇ بۇزىدۇ. ئەمما ئاللاھ بولسا ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پاسىقلار ھەققىدە: ﴿وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُ وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْئُولًا﴾[1] «يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (يېتىمگە) ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان-قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر» ۋە ﴿وَمَا وَجَدْنَا لِأَكْثَرِهِمْ مِنْ عَهْدٍ وَإِنْ وَجَدْنَا أَكْثَرَهُمْ لَفَاسِقِينَ﴾[2] «ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق» دېدى.

پاسىقلار بۇزىدىغان ئەھدە ئىمان ئەھدىسىدۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈن كىشىلەردىن ئەھدە ئالغان بولۇپ، بەزىسى بۇ ئەھدىگە ۋاپا قىلسا، بەزىسى بۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا

[1] سۈرە ئىسرا، 34-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف، 102-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەھدە بارلىقىنى ئەسكەرتىپ: ﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَىٰ شَهِدْنَا أَن تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَٰذَا غَافِلِينَ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ - دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق - دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز - دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر» دېدى. يۇقىرىقى ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ۋە ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئەھدە ئالدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ قەلبلەر غەپلەتكە پاتتى ۋە ئىنسانلار ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇپ، ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالدى.

ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزۇش ئەمەس، ئىنسانلار بىلەن ھەتتاكى كاپىرلار بىلەن بولغان ئەھدىنىمۇ بۇزۇشقا يول قويمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿إِلَّا الَّذِينَ عَاهَدتُّم مِّنَ الْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنقُصُوكُمْ شَيْئًا وَلَمْ يُظَاهِرُوا عَلَيْكُمْ أَحَدًا فَأَتِمُّوا إِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ إِلَىٰ مُدَّتِهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ﴾[2] «ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا ئۆزى، پەيغەمبىرى

[1] سۈرە ئەئراف، 172-ئايەت
[2] سۈرە تەۋبە، 4-ئايەت

ۋە مۇئمىنلەرنىڭ، كاپىر ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى بۈيۈك ئىمان مەسىلىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەككىدىكى ئاللاھنىڭ بەيتىگە يېقىنلىشىشىنى ھارام قىلغان. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇشرىكلار بىلەن بولغان ئەھدىگە ھۆرمەت قىلدى ۋە مۇئمىنلەردىنمۇ بۇ ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ تائالا ئىمان مەسىلىسىدە مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدا دەپ تۇرۇپ، «كاپىر ۋە مۇشرىكلار بىلەن ئەھدە تۈزگەن بولساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، ئەھدىنى بۇزماڭلار» دەۋاتسا، مۇشرىكلارنىڭ بۈيۈك ياراتقۇچى ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا خىيانەت قىلغانلىقى قانچىلىك ئېغىر گۇناھ! ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغان كىشىلەر قانداقمۇ بەندىلەر بىلەن بولغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلسۇن!؟ مانا بۇ پاسىق كىشىلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى بولغان ئەھدىنى بۇزۇشتۇر. ئۇلار نە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە، نە كىشىلەرگە بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مەڭگۈ ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

پاسىقلارنىڭ ئىككىنچى سۈپىتى بولسا: ﴿وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ﴾ «ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە-رەھىم قىلمايدۇ)». ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسە سىلە-رەھىمدۇر. سىلە-رەھىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە بولۇپ، مۇسۇلمانلار ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەممىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى، شۇڭا ئىنسانلار ئۆزئارا سىلە-رەھىم قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە: «سىلەر ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلدى» دېگەن.

يۇقىرىقى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغاندەك، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قارىتىۋاتقان مەسىلە كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر. بۇ خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالاقە ئەڭ بېشىدا ئائىلىدىن باشلانسا،

مەھەللە-يېزا، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە كېڭىيىپ، پۈتۈن مۆئمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا-ئاستا پۈتۈن دۇنياغىچە كېڭىيىدۇ. مانا بۇ ئىنسانىي قېرىنداشلىقتۇر.

بۇ يەردىكى ئاللاھ تائالا بايان قىلماقچى بولغان مەسىلە پاسىقلارنىڭ ئىنسانىي سىلە-رەھىمنى ئۈزگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققانلىقى ۋە ئاللاھقا ئاسىي بولغانلىقىدۇر. ئاللاھ سىلە-رەھىمنى ئۇلاشقا بۇيرۇۋاتسا، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۈزگەنلىكى ئاللاھنىڭ يولىغا قارشى چىققانلىقىدۇر. سىلە-رەھىم كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تۈرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەلۇم بىر كىشىگە مۇسىبەت كەلگەندە، سىلە-رەھىم ئۈزۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تۇغقانلىرى بۇ كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئورتاق ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئائىلىدىكى بۇ خىل يېقىنچىلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈش بۇ ئائىلىنى مۇسىبەت ۋە بالا-قازالارغا قارشى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدامچان بىر ئائىلە قىلىدۇ. سىلە-رەھىم مۇشۇ بويىچە داۋام قىلىنغىنىدا، ھېچقانداق بىر كىشى جەمئىيەتتىن ياكى ئائىلىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىنى ھېس قىلمايدۇ. مۇشۇ ھالەت شەكىللەنگەن ۋاقىتتا، جەمئىيەتتىن ئۆچ-ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ چوڭ بىر ئائىلىگە ئايلىنىدۇ.

غەرب دۇنياسىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئائىلە مېھرىنىڭ بەكلا سۇسلاپ ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكىنىنى، ئۆزگە باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن زەھەرلىك چېكىملىك، ئىچىملىك، زىنا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل رەزىل ئىشلارغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلە-رەھىمنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىدىندۇر. قۇرئان كەرىم ھەردائىم ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە مۇناسىۋەتنى باغلاشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

كۈنىمىزدىكى يولدىن چىققان ياشلار ھەققىدە سۆز قىلىشقا توغرا

كەلسە، بىز ئۇ ياشلارغا مالامەت قىلمايمىز، بەلكى سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ باللىرىغا كۆيۈنمەستىن تاشلىۋەتكەن ئاتا-ئانىلارغا مالامەت قىلىمىز. چۈنكى سىلە-رەھىم ئۈزۈپ قويۇلغاندا، چەكسىز روھىي سىقىلىشقا ئۇچرىغان، ئىناق ئائىلە مۇھىتىنى ۋە ھايات نىزامىنى بىلمەيدىغان ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ھاياتلىقنى ۋەيران قىلىدىغان ھەرقانداق مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتلەردىن خالىي بولۇشىنى، ئۆزئارا دوستانە ۋە مېھرىبان بىر ھاياتتا ياشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سىلە-رەھىمنىڭ بولماسلىقى، پۈتۈن ئەۋلادلارنى زايە قىلىۋېتىدۇ. سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش پاسىق كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى سۈپىتىدۇر.

پاسىقلارنىڭ ئۈچىنچى سۈپىتى ﴿وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ﴾ «ئۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ». كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسە نىزام ئۈستىگە يارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَىٰ﴾[1] «مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى» دېگەن سۆزى ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېتەكلىگۈچىسى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق نەرسە يېتەكلىنىشكە موھتاجدۇر. ئەمما ئىنسانغا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن بولغاچقا، يېتەكلىنىشكە بويسۇنماي كائىناتتىكى ياخشىلىقلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

كائىناتتىكى مەخلۇقلارنى بويسۇندىغان بىر شەكىلدە يارىتىپ، بۇيۇك كائىناتنىڭ ھەرىكىتىنى مۇقىم قىلغانلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر. ئىنسان ۋە جىندىن باشقا كائىناتتىكى قۇياش، يۇلتۇز ۋە زېمىن قاتارلىق ھەرقانداق نەرسە ئىنچىكە نىزام بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەرگە تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلمىگەن، شۇڭا ئۇلار ھەركۈنى ئوخشاش ئورۇندىن چىقىپ ئوخشاش ئورۇنغا پېتىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا ھايات

[1] سۈرە ئەئلا، 3-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىزاملىق بولۇشى ئۈچۈن، بىزنى ئۆزىنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇپ، شۇ بويىچە ياشاشقا چاقىرىۋاتىدۇ. ئىنسان ۋە جىندىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلار مۇئەييەن سىستېما بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارغا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلمىگەن بولغاچقا، كىتاب ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن. ئەمما ئىنسان بىلەن جىنغا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن، ماڭىدىغان يولنى ئۆزى تاللىيالايدۇ. لېكىن دۇنيا ھاياتىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئىنسان ۋە جىنغا ھايات ئىزامىنى بەلگىلەپ بەردى.

ئىنسانغا تاللاش ئىختىيارلىقىنىڭ بېرىلگىنى «خالىغىنىڭچە ياشىساڭ بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ «مەجبۇرلىغۇچى» دەپ سۈپىتى بولۇپ، خالىغان ئىشقا بىزنى بويسۇندىغان قىلىپ قويالايدۇ. لېكىن ئاللاھنى چىن قەلبىمىزدىن ياخشى كۆرۈپ ئىتائەت قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلدى. بىز شەھۋىتىمىزنى توسالغۇسىز قاندۇرۇشنى ياخشى كۆرىمىز. بىراق شەھۋىتىمىزدىن بەكرەك ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، شەھۋىتىمىزگە بويسۇنماستىن ئاللاھنىڭ ئىزامىغا بويسۇنىمىز. بىزگە تاللاش ئەركىنلىكىنىڭ بېرىلىشى زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خالىغانچە ياشاش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى ئاللاھقا بويسۇنۇپ ياشاپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مەرتىۋىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ھەربىرىمىزگە ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىقتا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن. مۇشۇ تاللاش ئاللاھ تائالانىڭ قەلبىمىزدىكى سۆيگۈسىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن ئىنسانغا ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئورنىغا گۇناھ-مەئسىيەت قىلىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى دەھشەتلىك ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

بۇزغۇنچىلىق ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلماسلىق ۋە چەكلىگىنىنى

قىلىش بىلەن پەيدا بولىدۇ. بۇ بۇزغۇنچىلىق سەۋەبلىك ھايات نىزامى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىز ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن يىراقلاشقان ۋاقىتتا، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىگە ئۆزىمىزنى باغلىمىغان، ھەركىشى ئۆزىگە بىر نىزام تۈزۈۋالغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

يېڭى سېلىنغان ئىمارەتنىڭ تۈرۈبىلىرىدىن سۇ ئېقىش قۇرۇلۇشچىنىڭ ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولماسلىقى ۋە ئۇستىگە ئامانەت قىلىنغان خىزمىتىنى ياخشى ئادا قىلماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈپەيلى ئېغىر زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ۋە ئەخلاقىغا سادىق بولمىغان ھەرقانداق كىشى ھاياتلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ ماللىرى ۋە ئىززىتىگە تېگىپ سالىدۇ. بۇنداق ناچار قىلمىشلار جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ سەۋەبلىك باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ مېلى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئىززىتىنى ئويلىمايدىغان كىشى پەقەت نەق پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ. بۇ ئەھۋال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چوڭ قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. تىجارەتچى باشقىلارنى ئالداشقا، ئوغرى ئوغرىلىق قىلىشقا، بۇلاڭچى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرگە ناچار قىلمىشلار بىلەن پۇل-مالنى چىرايلىق كۆرسىتىپ قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئاخىرەتتىكى ھەسرەتنى دۇنيادىكى پاساتچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا «زېمىندىكى پاساتچىلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى ئاللاھنىڭ نىزامىدىن باشقا نىزامنى ئىجرا قىلىش بىلەن يۈز بېرىدۇ» دېسەك قىلچىمۇ خاتالاشقان بولمايمىز.

ئاللاھنىڭ نىزامىنىڭ دۇنيادىن يوقۇلۇپ كېتىشى ھەركىشىنىڭ ئۆز خاھىشىنىڭ قۇلىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىشلار كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



خاھىشى بويىچە ماڭغان ۋاقىتتا، ھاياتنىڭ ھەرىكىتى ۋە نىزامى سائادەتنىڭ ئورنىغا بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قاقشاشلىرىنىڭ ھەممىسى پاساتچىلىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر. يەنى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن قاقشايدۇ، ئەمما بۇ پاساتچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. بۇنداق بولغاندا جەمئىيەت ئوڭشالمايدۇ ۋە پاساتچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسان ھاۋايى-ھەۋىسى ئارىلىشىپ قالمىغان بىردىنبىر يول بولغان ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ يولىنى تۇتقاندىلا بۇ پاساتچىلىقتىن قۇتۇلالايدۇ.

پاساتچىلىقنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشى ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇلۇشىدۇر. چۈنكى ئىش سالاھىيىتى بولمىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغان ۋاقىتتا، قىيامەتنى كۈتۈش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بار. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "إِذَا وُسِّدَ الْأَمْرُ إِلَى غَيْرِ أَهْلِهِ فَانْتَظِرِ السَّاعَةَ"[1] «ئىش سالاھىيىتى توشمايدىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغان ۋاقىتتا قىيامەتنى كۈتكىن» دېيىلگەن. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا جەمئىيەت ئىخلاس ۋە تەقۋالىق ئۈستىگە ئەمەس، مۇناپىقلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. خۇشامەتچىلىكنى ياخشى قىلالايدىغان كىشى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سادىق، خىزمىتىنى ياخشى قىلالايدىغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسمەيدۇ، تېگىشلىك ھەققىنى ئالالمايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر تۈركۈم بىلىمسىز، كالانپاي كىشىلەر ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. زېمىندا پاساتچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ھەقىقەت كۆمۈلۈپ قالىدۇ، پرىنسىپلار چەيلىنىشكە باشلايدۇ ۋە جەمئىيەت كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان ئورمانلىققا ئايلىنىدۇ. ھەرقانداق كىشى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان

باشقىلارنىڭ ھەققىگە قارىماستىن، ئۆزىنىڭ خاھىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. خىزمىتىنى بىجانىدىل ئورۇندايدىغان كىشى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغانىنىڭ قىلچە پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىشقا باشلايدۇ.

زېمىنىدىكى پاساتچىلىق دېگىنىمىز ئاللاھنىڭ نىزامىنى ھاكىم قىلماستىن، ئەقلىمىزنى ھاكىم قىلغانلىقىمىزدىن بولىدۇ. بىز ئاللاھ ياراتقان كائىناتنىڭ نىزامى ھەققىدە ئويلىنالمايمىز، پەقەتلا ئەقلىمىز بويىچە ماڭىمىز. شۇ سەۋەبتىن دەرەخلەرنى كېسىمىز، زاۋۇتنىڭ زەھەرلىك قالدۇق سۇلىرىنى ئۆستەڭلەرگە چىقىرىۋېتىپ، سۇنى بۇلغايمىز. خىمىيەلىك بۇلغانغان سۇلارنى ئېتىزغا ياكى دەريا-ئۆستەڭلەرگە باشلايمىز ۋە ئۇ يەرلەردىن چىققان ئاشلىق ۋە بېلىقلارنى يەيمىز. ئاتموسفېرادىكى ئوزۇن قاتلىمىنى بۇزۇپ، ئېغىر خەتەرگە دۇچار بولىمىز. سۇلارنى بۇلغاپ، ئىچكىلى ياكى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە ئاپىرىمىز. جەمئىيەتتىكى ياخشىلىقلار تەدرىجىي يوقىلىپ، پاساتچىلىق باش كۆتۈرۈپ، زۇلۇم يامراشقا باشلايدۇ. ھايات تۈگىمەس بەختسىزلىك زەنجىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەتىجىدە ئۆزىمىزنى قەستلىگەن بولىمىز.

زېمىندىكى بۇزغۇنچىلىق ئامانەتلەرنى زايە قىلىپ، كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىشلار بۇزغۇنچىلىقنىڭ بىرقانچە تۈرى. بىز پۈتۈن بۇزغۇنچىلىقلارنى سۆزلەپ بولالمايمىز. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن ئومۇمىي بىر قانۇن بېكىتىپ بەردى. لېكىن كىشىلەر بۇ يولدىن ئايرىلىپ جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا تېڭىرقىماقتا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مَنِ اسْتَعْمَلَ رَجُلًا مِنْ عِصَابَةٍ وَفِي تِلْكَ الْعِصَابَةِ مَنْ هُوَ أَرْضَى لِلَّهِ مِنْهُ فَقَدْ خَانَ اللَّهَ وخانَ رَسُولَهُ وخانَ الْمُؤْمِنِينَ"[1] «قانداق بىر كىشى مەلۇم تۈپتىن بىر كىشىنى خىزمەتكە قويغان بولسا، ئۇ تۈپتە ئۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خىزمەتكە لاياقەتلىك كىشى بولسا، خىزمەتكە قويغۇچى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ» دېگەن. مانا بۇ ئىسلامنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىنتىزامچانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ يارقىن نامايەندىسى.

ئاللاھ تائالا پاسىقلارنىڭ پاساتچىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿أُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ «ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دېيىش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل سۈپەت تىپىلىدىغان كىشىلەرنىڭ زىيان تارتقۇچى ئىكەنلىكىنى دەۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى زىيان تارتىش ئۇلارنىڭ دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكىنى، ھەتتاكى ئۆزلىرىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئىككى ھاياتى بولىدۇ. بىرى دۇنيادىكى مۇشەققەتكە تولغان قىسقىغىنا ھايات، يەنە بىرى ئاخىرەتتىكى ئۇزۇن ۋە مەڭگۈلۈك ھايات. قىسقىغىنا مۇشەققەتلىك ھاياتتىكى ئازراق پاراغەتنى دەپ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولغۇچى ئېنىق زىيان تارتقۇچىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆمرى بىر كۈن، بىر ئاي ياكى بىر يىل بولۇشى مۇمكىن. قانچە ئۇزۇن ياشىغاندەك قىلسىمۇ، دۇنيا ھاياتى بەربىر قىسقىدۇر. ھەرقانچە پاراغەت ئىچىدە ياشىغان بولساقمۇ بۇ بەك ئاز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى دۇنياغا ساتقان كىشى ئەلۋەتتە زىيان تارتقان كىشىدۇر.

ئىنسان ئاللاھ تائالانى ئۇنۇتقان تەقدىردىمۇ ئاللاھقا ئۇچرىشىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلۈپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا

[1] ھاكىم ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان

ھېساب بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازاب ۋە غەزىپىگە دۇچار قىلغان بولغاچقا، ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «زىيان تارتقۇچىلار» دېگەن سۆزى «ھەممىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ئىشىنىڭ نەتىجىسى زىيان تارتىش بىلەن ئاخىرلاشتى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى زىيان تارتىش ۋاقىتلىق ئەمەس، بەلكى ھەرگىز ئورنىنى تولۇقلاش مۇمكىن بولمىغان مەڭگۈلۈك زىيان تارتىشتۇر. شۇڭا بۇنىڭ پۇشايمىنى بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّا أَنذَرْنَاكُمْ عَذَابًا قَرِيبًا يَوْمَ يَنظُرُ الْمَرْءُ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ وَيَقُولُ الْكَافِرُ يَا لَيْتَنِي كُنتُ تُرَابًا﴾[1] «بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن (يۈز بېرىشى) يېقىن ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. كاپىر: كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتسەمچۇ!، دەيدۇ» دېگەن. نېمىشقا كاپىرلار تۇپراق بولۇپ كېتىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ؟ چۈنكى كۆز ئالدىدا كۆرۈۋاتقان ئازاب بەكمۇ دەھشەتلىك بولغاچقا، ئۇ دۇچ كەلگەن زىياننىڭ قورقۇنچى تۇپەيلى تۇپراق بولۇپ كېتىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇ كۈنى پۇشايمان ھېچ پايدا بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە زىيان تارتقۇچىلارنى سۆزلىگەن بولسا، يەنە بىر ئايەتتە تېخىمۇ زىيان تارتقۇچىلارنى سۆزلەپ: ﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُم بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا. الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا. أُولَٰئِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ وَلِقَائِهِ فَحَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا﴾[2] «سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان،

[1] سۈرە نەبە، 40-ئايەت
[2] سۈرە كەھف، 103~105-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز» دېگەن.

ئارىمىزدا زىيان تارتقۇچىلار ۋە بەكرەك زىيان تارتقۇچىلار بار. بەكرەك زىيان تارتقۇچى - ئاللاھنى ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلىپ، «ھايات پەقەت مۇشۇ دۇنيادا بولىدۇ» دەپ ئويلىغان كىشىدۇر. بۇ كىشى ھەرقانداق ئىش قىلسا ئاللاھنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ، بەلكى ھەممە ئىشنى دۇنيالىقنى دەپلا قىلىدۇ. بۇنداق كىشى قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ئۇچرىغان ۋاقتىتا، ھېچقانداق ياخشىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ياخشىلىقنى پەقەتلا ھاياتىي دۇنيانى ئويلاپ قىلغاچقا، ئاخىرەتتە ھېچقانداق مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بەزى كىشىلەر دۇنيالىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك پايپېتەك بولۇپ، ئەۋلادلىرىنى قوش تىللىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ. ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە چەتئەللەرگە ئەۋەتىپ، ئېنىق بولمىغان كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. ئەمما ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەلكىم ياش ئۆلۈپ كېتىپ، قىلغان تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كېتىشى ياكى ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا يولدىن چىقىپ دىپلومغا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. بەلكىم بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبلىك تۈرمىگە كىرىپ، ئۆمرى زايە بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

دۇنيادىكى ئېنىق بولمىغان ھاياتقا شۇنچىلىك تەييارلىق قىلىدىغان ئىنسان قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ئۇچرىشىشى ۋە ھېساب بېرىشى ئېنىق تۇرۇپ، بۇنىڭغا دىققەت-نەزىرىنى قاراتماسلىقى ھەيران قالارلىق! بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ناماز ئوقۇش، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىشقا بۇيرۇمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇلار

ھەقىقىي نېئمەتنى ئۇنتۇپ، يوق بولىدىغان قىسقىغىنا ھاياتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بولسا ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



# 25-دەرس

## سۈرە بەقەرە 28-ئايەت

﴿كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

**«ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابى مەنىي ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر»**

ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئاللاھ كاپىر، مۇناپىق ۋە پاسىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى توغرىسىدا سىگنال بېرىپ بولغاندىن كېيىن، گەپنى بىۋاسىتە ئۇلارغا قارىتىپ: ﴿كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابى مەنىي ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر» دەپ سوئال قويغان.

بۇ ئايەتتىكى سوئال ئالمىشى "كَيْفَ" «قانداق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئەسلىدە چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. لېكىن بۇ ئورۇندا ئۇلارنىڭ شۇنچە كۈچلۈك دەلىللەر سايىسىدە تۇرۇپمۇ، كاپىر، مۇناپىق ۋە پاسىقلىقىدىن يانمىغانلىقى ئۈچۈن تەئەججۈپ شەكلىدە قوللىنىلغان. بۇ دەلىللەرنىڭ ئەڭ يارقىنى بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈپ يەنە تىرىلدۈرۈشتۇر. دۇنيا ھەر تۈرلۈك دەلىللەرگە تولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرقانداق جان ئىگىسى ئېتىراپ قىلماي ئامالى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم مەسىلىسىدۇر.

"كَيْفَ" «قانداق» دېگەن سۆز ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى بۇ ئايەتتە سوئال سوراش مەقسىتىدە كەلتۈرمىگەن، بەلكى يۈز بېرىشى لايىق بولمىغان بىر ئىشقا چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلتۈرگەن. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئاسمان-زېمىن ۋە كىشىلەرنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى ئۆتكۈر دەلىللەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ئۆلۈمنى دەلىل قىلىپ: «ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟» دېدى. چۈنكى بۇ خىل ئىنكارنىڭ ھېچبىر پاكىتى ۋە مەنتىقىسى يوق ئىدى. ئايەتتىكى سوئال "كيف تسب أباك؟" «قانداقمۇ داداڭنى تىللىدىڭ؟» دېگەندەك ياكى قىلماسلىقى كېرەك بولغان ئىشلارغا ئەجەبلىنىشنى ئىپادىلىگەندەك كايىش ۋە ئەيىبلەش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ھېچ چۈشەندۈرۈش مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى كاپىرلارنى ئەيىبلەش ۋە قىلمىشلىرىغا ھەيران قېلىشتىن بولغان مەقسەت يۈز بېرىشى لايىق بولمىغان بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن بولغان.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ۋە يالغانغا چىقىرالمايدىغان دەلىلنى كەلتۈرۈپ: ﴿وَكُنتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

﴿يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى. كېيىن ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر» دېگەن. ماۋزۇ كاپىر، مۇناپىق ۋە پاسىقلارنىڭ زېمىندىكى بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ۋە ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان سىلە-رەھىمنى ئۈزگەنلىكلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇنازىرە ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق مەسىلىسىگە يۆتكەلدى.

﴿وَكُنتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ﴾ «جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى» دېگەن ئايەتتىكى مەسىلە مۇنازىرىسىز قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، ھەركىم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىنسانلار بەلكىم ھەق يول ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈش توغرىسىدا مۇنازىرە قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما ھايات ۋە ئۆلۈم مەسىلىسىدە ھېچكىم مۇنازىرە قىلالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى يوقتىن ياراتتى، ھېچكىم باشقىلارنى ياكى ئۆزىنى ياراتقىنىنى داۋا قىلالمايدۇ. ھەممە ئۆزىنىڭ يوقتىن يارىتىلغىنىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، كىشىلەرگە: «سىلەرنى ياراتقىنى ئاللاھ» دېگەن ۋاقىتتا، ھېچكىم رەسۇلۇللاھنى ئىنكار قىلالمىدى ۋە قىلالمايتتى.

﴿ثُمَّ يُمِيتُكُمْ﴾ «كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ». ئۆلۈم ھېچكىم شەك قىلمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئۆلۈم كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بەلگىلەنگەن، كۆز ئالدىمىزدا بار ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان بىر رېئاللىق بولۇپ، يوقلۇقتىن يارىتىشمۇ دەلىللىرى بولغان بىر ئەمەلىيەتتۇر. شۇڭا بۇ ئىككىلىسىنى ھەرقانداق ئىنسان ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۆلۈم مەسىلىسى ھەرقانداق دىنسىزغا قارشى تۇرۇشتىكى بىر يولىمىز. ئەگەر كاپىر: «ئەقىل ئارقىلىق دۇنيانى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ، ئۆلۈم دەيدىغان بىر نەرسە يوق» دەپ تۇرۇۋالسا، بىز: «مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتا ھۆكۈمرانلىق

قىلىنىدىغان زات ئۆلۈمگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» دەيمىز. ھاياتىي دۇنيا ئىككى تىرناق ئارىسىدىكى باسقۇچ بولۇپ، بىرىنچى تىرناق ئاللاھنىڭ بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ يارىتىشى بىلەن باشلىنىپ، ئىككىنچى تىرناققا قاراپ ماڭىدۇ. ئىككىنچى تىرناقتا ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ ئۆلۈم بىلەن توختايدۇ. يەنى بىز ئاللاھتىن ئاللاھقا قاراپ ماڭغان بىر سەپەر ئۈستىدىكى ئىنسانلار.

كاپىرلار: «ئىنساننى ئاللاھ ياراتىدۇ دەۋاتىتىڭلار، ئەجەبا تەتقىقاتچىلار پىروبىركىدا بوۋاق يېتىلدۈرىدۇغۇ» دىيىشى مۇمكىن. پىروبىركىدا بالا يېتىلدۈرۈش دېگىنىمىز، ئەر كىشىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئايال كىشىنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ، بىر ئەينەك پىروبىركىدا ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈشتۇر. بۇ خىل تېخنىكا ئاساسلىق تۇغۇش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرىغانلارنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۇسۇلنى ئۆزىچە «ئادەم ياراتتۇق» دەپ دەلىل قىلىشىدۇ. پىروبىركىدا بوۋاق يېتىشتۈرۈش ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ مۇستەقىل ھالدا ئادەم ياراتقىنى بولماستىن، بەلكى تۇغماسلىقنى داۋالاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر جەرياندۇر. لېكىن ئۇلار ئادەم ياراتقىنىنى نادانلارچە تەسەۋۋۇر قىلىشىۋاتىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىدا توسالغۇ بولۇپ ياكى تەبىئىي ئۇرۇقلىنالماسلىق ئەھۋاللىرى بولۇپ قالسا، ئۇ پەقەتلا بالىياتقۇدىن ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقى بولغان تۇخۇمچىنى ئېلىپ، يەنە بىر مەخلۇقى بولغان ئەر كىشىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئاندىن ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرىدىغان بىر تېخنىكا. ئەگەر تۇخۇمچە بىلەن ئۇرۇق ئۇرۇقلاندۇرۇشقىمۇ يارىمىسا، ئىنسانلار ھەر قانچە قىلسىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان يوق يەردىن ئۇرۇق ۋە تۇخۇمچە يارىتالمايدۇ، بەلكى ئاللاھ ياراتقان ئىككى مەخلۇقنىڭ بىرىكىشىگە تەلەپ قىلىنغان شەرتنى ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ خالاس. ئەينەك پىروبىركا بالا يارىتالايدىغاندەك ئۇ بوۋاقنى «پىروبىركا بوۋىقى» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەتتە ئۇرۇق بىلەن تۇخۇم ئىككىلىسىنى ئاللاھ ياراتقان بولۇپ، ئىنسانلار ھېچقانداق نەرسە يارىتالمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارغا: «ئەگەر ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم قولۇڭلاردا بولسا، مىسلاپ دوللار خەجلەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى ئېنىق بولمىغان تۇغماسلىق داۋاسىنىڭ ئورنىغا ئۆلۈمى ئېنىق بولغان بىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ بېقىڭلار» دەيمىز. ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.

ئۆلۈم بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئەمەلىي بىر ھەقىقەت. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بولسا ئىنسانغا نىسبەتەن غەيبىي ئىشلارنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇشتۇر. ئۆلۈم «ئىشەنمەيمەن» دېگۈچىلەرگە ئەتراپىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق غەيبىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە قارىغان ۋاقىتىدا، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى قانداق ياراتقانلىقىنى، قانداق ھاياتلىق بەرگىنىنى بىلەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يارىتىلىشتىكى غەيبىي ئەھۋاللارنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ، ئىنساننىڭ توپىدىن لايغا ئۆزگىرىپ، ئاندىن جان كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

﴿إِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن تُرَابٍ﴾[1] «ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ياراتتۇق».

[1] سۈرە ھەج، 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن سُلَالَةٍ مِّن طِينٍ﴾[1] «بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق».

﴿إِنَّا خَلَقْنَاهُم مِّن طِينٍ لَّازِبٍ﴾[2] «بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى بولغان ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق».

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ﴾[3] «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى)نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق».

﴿فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾[4] «ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار».

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ئىنسانلار بىلمەيدىغان يارىتىلىش جەريانىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ جەريانىنى كاپىرلار ئىنكار قىلغان بولسا، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم مەسلىسى بىلەن دەلىل قىلدى. ئۆلۈم كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىدىغان ئىش بولغاچقا، كۆرمىگەنلىكتىن ئىنكار قىلىنىۋاتقان يارىتىلىش مەسلىسىگە دەلىل قىلىنغان. ئۆلۈم بولسا ھاياتنىڭ يوقىلىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا يارىتىلىش باسقۇچلىرىنى بىزگە بايان قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ غەيب ئىش بولغاچقا بىلەلمىدۇق. لېكىن بىزنى ياراتقان زات: «مەن سېنى تۇپىدىن، لايدىن، قارا لايدىن ۋە ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتىم» دەۋاتىدۇ. ئىنسان بەلگىلەنگەن ھاياتنى ياشاپ بولغاندىن

[1] سۈرە مۆمىنۇن، 12-ئايەت
[2] سۈرە سافات، 11-ئايەت
[3] سۈرە ھىجر، 26-ئايەت
[4] سۈرە ساد، 72-ئايەت

كېيىن ئۆلۈم كېلىپ، ھاياتلىقنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ھەر شەيئىنىڭ بۇزۇلۇشى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەكسى تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆيىنى ئاستىدىن سېلىپ چىققان بولساق، ئاخىرى ئۆگزىسىدىن باشلاپ بۇزىمىز. شۇڭا ھەرقانداق سەپەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى قايتىش يولىدىكى تۈنجى قەدەم بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم شەھەرگە سەپەر قىلساق، قايتىشىمىزدىكى تۈنجى ئورۇن شۇ شەھەر بولىدۇ. شۇ بويىچە تەھلىل قىلساق، جەسەتكە ئەڭ ئاخىرىدا جان كىرگەچكە، ئەڭ ئالدىدا چىقىدىغىنى جان بولىدۇ. ئاندىن جەسەت قېتىپ قارا لايغا ئوخشاپ، چىرىپ قۇرۇق لايغا ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن جەسەتتىكى سۇ پارغا ئايلىنىپ، پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۇپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆلۈم ھاياتلىق شەكلىنى ئاللاھ بىزگە بايان قىلغان باسقۇچلارغا ماس شەكىلدە تەدرىجىي يوق قىلىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى تۇپىدىن باشلاپ قەدەممۇ-قەدەم يارىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جان بەرگەن بولسا، ئۆلگەندىمۇ ئاۋۋال جېنىنى ئېلىپ، بايان قىلىنغان شەكلىنىڭ قارشىسى بويىچە ماس ھالدا تۇپىغا ئايلاندۇرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دېيىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. كاپىرلار، دىنسىزلار ۋە ماددىچىلار: «ھازىر بىز تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە ياشاپ نۇرغۇن پىكىرلەرگە ئېرىشتۇق» دەپ ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، قايتا تىرىلىش مەسىلىسىنى ئىنكار قىلىپ باققان بولسىمۇ، دىققەت قىلساق ئۇ پىكىرلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇشرىكلار ئوتتۇرىغا چىقارغان پىكىرنىڭ ئۆز ئەينى ئىكەنلىكىنى، يېڭى بىر پىكىر ئەمەسلىكىنى بايقايمىز.

قۇرئاندا ئىلگىرىكى جاھىلىيەتتىكىلەر توغرىسىدا: ﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ﴾[1] «ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز - (دەيدۇ)» دەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنيانىلا ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تۇغۇلۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆلىمىز، دەپ ئويلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. قاراپ باقساق بۇگۈنكى تەبىرچى، پەلسەپچى ۋە دىنسىزلارمۇ شۇ گەپنىڭ ئۆزىنى دەيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۇ قەدەر ئاساسسىز تەبىر بېرىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار كاپىر بولۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاچقا، «تىرىلدۈرۈش ۋە ھېساب بولمىسىكەن» دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ. بۇلارغا دەيمىزكى: «سىلەرنى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلىگە قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىر».

كاپىر ۋە ھەددىدىن ئاشقان زالىملار ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى بىلگەچكە، قايتىدىن ھېساب بېرىش ئۇلارغا قەتئىي ياقمايدۇ. شۇڭا ئۇلار: «پۈتۈن ھاياتىمىز مۇشۇنداق يەپ-ئىچىش، ئويناش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەنلا ئۆتىدۇ» دەپ ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَهُوَ الَّذِي يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ ۚ وَلَهُ الْمَثَلُ الْأَعْلَىٰ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۚ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾[2] «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) ئاللاھقا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش

[1] سۈرە جاسىيە، 24-ئايەت
[2] سۈرە رۇم، 28-ئايەت

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچىدۇر» دېگەن. دېمەككى، ئىلگىرى بار بولغان نەرسىنى ياساش ھېچقانداق ئۆرنەكى بولمىغان نەرسىنى ياساشتىن كۆپ ئاساندۇر.

ئىنسانىنىڭ بۇرۇن يوقلۇقىنى، كېيىن دۇنياغا كېلىپ ئۆلىدىغىنىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى بەزىلەر ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇنى چۈشىنىش ناھايىتى ئاسان بولۇپ، يوق يەردىن يارىتىلىپ دۇنياغا كەلتۈرۈلگەن ئىنسانىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلۈشى ناھايىتى ئوڭاي بىر ئىش. ئاللاھ تائالا ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ، دەلىلسىز پاكىتلارنى ئەكەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُ ۖ قَالَ مَن يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ. قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ ۖ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ﴾[1] «ئۇ بىزگە (ئىنسانىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ - دېدى. ئېيتقىنكى، ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەربىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر» دېگەن ۋە ئىنساننى دەسلەپ ياراتقاندەك قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ رەددىيە بەرگەن. مانا مۇشۇنداق قايتا تىرىلدۈرۈش يېڭىدىن يارىتىشتىن كۆپ ئاسان. ھەر شەيئى ئاللاھ تائالانىڭ قېشىدا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان بولۇپ، زېمىن ئىنسانىڭ بەدىنىدىن يەپ كەتكەن جەسەتلىرىنى قايتىدىن تىرىلىپ قوپۇش ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئاددىي بىر ئىشلاردۇر.

ئەمەلىيەتتە ئاسمان-زېمىننى يارىتىش ئىنساننى يارىتىشتىن كۆپ قىيىن. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿لَخَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِ النَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾[2] «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە

---

[1] سۈرە ياسىن، 78، 79-ئايەتلەر
[2] سۈرە غافىر، 57-ئايەت

ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ» دېگەن بولۇپ، چەكسىز ئاسمان بوشلۇقى، ئايلىنىش سىستېمىسى ۋە كەڭرى يېيىلغان زېمىنغا قارىساق، ئىنساننىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر بۇ نۇقتىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدىغان ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش مەسىلىسىنى چۈشەندۈردى.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى: ﴿ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دېگەن بۇ بۆلەك مۆئمىنلەرگە ئارامبەخش ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى ھېچكىم دۇنيادا خاپىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتتە ياشاپ، دۇنيادىن قۇرۇق قول كېتىشنى خالىمايدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، پۈتۈن مۇكاپاتنى ئۆز دەرگاھىغا قايتقاندىن كېيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىنسانلار ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلدى ۋە ئاخىرى ئاللاھ تەرەپكە قايتىدۇ. ھايات ئاللاھتىن باشلىنىپ، يەنە ئاللاھقا قايتىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن ياشىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ئۆلۈمنى زامان، ماكان، سەۋەب ۋە ياش نۇقتىسىدىن بىزگە بىلدۈرمىدى. يەنى بىز ئۆزىمىزنىڭ قاچان، قەيەردە، نېمە سەۋەبتىن ۋە نەچچە ياشتا ئۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. بۇنىڭ ئۆزى بىزگە بېرىلگەن چوڭ بىر نېئمەت بولۇپ، ئەگەر بىلگەن بولساق، ئۇزۇن يىللىق ئۆمرىمىز قالسىمۇ غەمدىن قۇتۇلالمىغان بولاتتۇق.

ئاللاھنىڭ ئۆلۈمنى بىزدىن يوشۇرۇپ قويۇشى ھەرگىزمۇ بىزنى بىخەۋەر قويۇش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ھەر لەھزىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ راۋرۇس ياشىشىمىز ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: ئۆمرىمىز ئۇزۇنراق بەلگىلىنىپ قالسا، نۇرغۇن ئىشلارنى «كېيىن قىلارمەن» دەپ سەل قاراپ غەپلەتتە قېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھازىر بىز بىر سائەتتىن كېيىن دۇنيادىن يوقلىش مۇمكىنچىلىقىمىزغا ئىشەنگەچكە، ھەر زامان ئاللاھنى ئەسلەپ

www.uyghurkitap.com



تۇرىمىز. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەلگە ئالدىرىشى ئۈچۈن ئۆلۈمنى كەڭ دائىرىدە بىلدۈرۈشىدىكى سەۋەبتۇر. دۇنيادا جەزم قىلىنىدىغان بىر ياش يوق بولۇپ، ھەتتاكى كىچىك بالىمۇ، ياشمۇ ۋە ئوتتۇرا ياشمۇ ئۆزىنىڭ داۋاملىق ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا ھەممە كىشى ئۆلۈمنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ، گۇناھكار پېتى كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياخشىلىققا ئالدىرىشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن گۇناھ قىلغاندا، «بۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسەم قانداق بولارمەن؟» دېگەن قورقۇنچ بىلەن ئۇنى تەرك ئېتىمىز ياكى تەۋبىگە ئالدىرايمىز.

بۇ ئايەتتىكى ھايات قىسسەسىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئويلىنىپ باقساق، مۇئمىنلەر جەزم قىلىدىغان ئاللاھقا قايتىش مەسىلىسى ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ يولىغا مەجبۇرلايدۇ ۋە بۇ يولنى چىڭ تۇتۇپ مېڭىپ، ھالال ياشاشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھنىڭ يولنى چىڭ تۇتۇش ئىنساننى جەننەتكە باشلايدۇ. ئاتا-ئانىلار دۇنيادىن سالىھ پېتى كەتسە، بالىسىدىن خاتىرجەم بولۇشى كېرەك. چۈنكى ياخشى ئادەمنىڭ قىلغان ئەمىلى بالىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە: ﴿وَلْيَخْشَ الَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً ضِعَافًا خَافُوا عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا اللَّهَ وَلْيَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾[1] «(كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن» دېيىلىپ، بىزدىن كېيىن قالغان باللارغىمۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىگە چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

[1] سۈرە نىسا، 9-ئايەت

ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئادەم ئاللاھتىن ئالغان ھاياتىنى مەنپەئەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ھېساب بىلەن دوزاختىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً حَتَّىٰ إِذَا جَاءَهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئًا وَوَجَدَ اللَّهَ عِندَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ ۗ وَاللَّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾[1] «كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەراپقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچنەرسە كۆرەلمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر» دېگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزى پەخىرلەنگەن ئىشلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى سەراپقا ئوخشاش ھېچ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەن. يەنى كاپىر ئاخىرەت كۈنى ئىنكار قىلغان ئاللاھقا تۇيۇقسىز ئۇچرايدۇ ۋە ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ھېساب ئالىدۇ.

﴿إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئىككى خىل قىرائىتى بار بولۇپ، بىرىنچىسى «ت» ھەرپىنىڭ "تُرْجَعُونَ" دەپ پەش ئوقۇلۇشى، يەنە بىرى "تَرْجَعُونَ" دەپ زەۋەر ئوقۇلۇشىدۇر. بىرىنچى خىلدىن «قايتۇرۇلىسىلەر» دېگەن مەنە چىقىدىغان بولۇپ، «مەجبۇري قايتۇرۇش» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاللاھ تائالاغا قايتىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا ماس كېلىدۇ. ئىككىنچى خىلدا «قايتىسىلەر» دېگەن مەنە چىقىدىغان بولۇپ، ئىختىيارلىق مەنىسى بار. شۇڭا بۇ ئاللاھقا قايتىشقا چىن پۈتىدىغان مۆئمىنلەرگە ماس كېلىدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر، 39-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 26-دەرس

## سۈرە بەقەرە 29-ئايەت

﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ اسْتَوَىٰ إِلَى السَّمَاءِ فَسَوَّاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

**«ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر»**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئالدىنقى: ﴿وَكُنتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر» دېگەن ئايەتتە يارىتىلىش مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان بولسا، بۇ ئايەتتە ئاسمان-زېمىندىكى پۈتكۈل شەيئىلەرنى بىز ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى سۆزلىدى. بۇنىڭدىن بىز پايدىلىنىۋاتقان پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ پەقەت بۇ مۈلۈكلەرنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرغۇچىلار ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلەيمىز. چۈنكى دۇنيادا بىزنىڭ دەپ يۈرگەن پۇل-مال ۋە ھوقۇقلىرىمىز ھامان

باشـــقىلار قولىغـــا ئۆتـــۈپ كېتىـــدۇ. ھەتتـــاكى بەدىنىمىزدىكـــى قـــول، پـــۇت ۋە كۆزلىرىمىزمـــۇ بىـــزگە مـــۇئەييەن ۋاقىـــت خىـــزمەت قىلىـــپ، ئىلكىمىـــزدىن كېتىـــپ قالىدۇ.

ئـــاللاھ تائـــاالا ھايـــاتلىقنى ياراتقانـــدا: ﴿كُنـــتُمْ أَمْوَاتًـــا فَأَحْيَـــاكُمْ﴾ «جانســـىز ئـــىدىڭلار، ســـىلەرگە جـــان بەردى» دېـــگەن بولـــۇپ، بـــۇ يەردىكـــى ئىپـــادە خـــۇددى ھاياتلىقنىـــڭ داۋاملىشىشـــى ئۈچـــۈن يـــاراتقۇچى تەرىپىـــدىن يـــاردەمگە ئېھتىيـــاجلىقتەك بىـــر مەنىنـــى ئىپادىلەۋاتىـــدۇ. يەنـــى ئىنســـان ھايـــاتى داۋاملىشىشـــى ئۈچـــۈن ئۈزلۈكســـىز داۋام قىلىـــدىغان نېـــئمەتلەر يـــاردىمىگە ئېھتىيـــاجلىق بولىـــدۇ. لـــېكىن نېـــئمەتلەر ئىنســـان تۇغۇلغانـــدىن ئـــۆلگەنگە قەدەر ھايـــات بـــويى داۋام قىلىـــپ، ئۆلگەنـــدىن باشـــلاپ دۇنيـــا نېئمەتلىـــرى بىـــلەن بولغـــان ئاالاقىســـى ئۈزۈلىـــدۇ. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن ئىنســـان چوقـــۇم ئۇنىڭغـــا بويســـۇندۇرۇپ بېـــرىلگەن شـــەيئىلەرگە ئاالاھـــىدە دىقـــقەت قىلىشـــى كېـــرەك. بـــۇ بويســـۇندۇرۇپ بېـــرىش باشـــقا بىرىنىـــڭ كـــۈچى بىـــلەن بولماســـتىن، بەلكـــى بۈيـــۈك ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغان.

ئـــاللاھ تائـــاالا خەۋەر بەرمـــىگەن بولســـا، ئىنســـان يارىتىلىشـــىنىڭ قانـــداق تاماملانغـــانلىقىنى ۋە ئۇنىـــڭ باســـقۇچلىرىنىڭ قانـــداقلىقىنى بىلەلمـــىگەن بولاتتى. ئاللاھ تائاالا بۇ توغرىسىدا: ﴿مَّـــا أَشْـــهَدتُّهُمْ خَلْـــقَ السَّـــمَاوَاتِ وَالْـــأَرْضِ وَلَـــا خَلْـــقَ أَنفُسِـــهِمْ وَمَـــا كُنـــتُ مُتَّخِـــذَ الْمُضِـــلِّينَ عَضُـــدًا﴾[1] «ئۇلارغـا ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىـــڭ يارىتىلىشـــىنىمۇ، ئۇلارنىـــڭ ئۆزلىرىنىـــڭ يارىتىلىشـــىنىمۇ كۆرســـەتكىنىم يـــوق (يەنـــى مەزكـــۇرلارنى خەلـــق ئەتـــكەن چېغىمـــدا ئـــۇلارنى ھـــازىر قىلغـــىنىم يـــوق)، (كىشـــىلەرنى) ئـــازدۇرغۇچىلارنى يـــاردەمچى قىلىۋالغىنىمـــۇ يـــوق» دېـــگەن ئـــايەتنى نازىـــل قىلغـــان. ئىنســـانلار ئاســـمان-زېمىـــن ۋە ئۆزىنىـــڭ يارىتىلىشـــىغا شـــاھىت بولمىغاچقـــا، ئـــۇ ھەقتىكـــى مەلۇمـــاتلارنى قۇرئـــان كەرىمـــدىكى ئاســـمان-

[1] سۈرە كەھف، 51-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زېمىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەردىن ئېلىشى لازىم بولىدۇ، چۈنكى ئۇ چىن ھەقىقەتتۇر. دىنسىزلار ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا مەنتىقلىق بىر جاۋاب بېرەلمىدى. ئىنسانلار ئادەتتە كۆز ئالدىدىكى باللىنىڭ بالىياتقۇدا يېتىلىپ تۇغۇلۇشىغا قاراپ، بۇنى يارىلىش دەپ يۈزەكى چۈشىنىپ قالىدۇ. «توخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۇخۇممۇ؟» دېگەن سوئالغا ئۇلار تېخى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىپ بولالمىدى. چۈنكى خاتا تەپەككۇر بىلەن توغرا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ غەيرىدىن كەلگەن بۇ مەلۇماتلار پەقەتلا ئازغۇنلۇق ۋە ساختىلىقتۇر.

ھازىر ئاسمان-زېمىن ۋە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتلار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە بارالماستىن، دەلىلسىز نەزەرىيە سۈپىتىدە داۋام قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ الْمُضِلِّينَ عَضُدًا﴾ «ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىم يوق» دېگەن. بۇ يەردە «ھېچكىمنى ياردەمچى قىلمىدىم» دېيىلمەستىن، «ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلمىدىم» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالا ئازدۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، بەزى كىشىلەرنىڭ دۇنيا-ئاخىرەت مەسىلىسىدە ئازغۇن پىكىر تارقىتىپ كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغانلىقى، ئاسمان-زېمىن ۋە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا ھەرخىل سەپسەتىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يارىتىلىش مەسىلىلىرىنى بۇرمىلايدىغانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بەرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. دېمىسىمۇ ئۇنداق كىشىلەر بۇرۇن چىققان، ھازىرمۇ مەۋجۇت ۋە كېيىنمۇ ھەم چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ئازدۇرغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئازغۇن پىكىرلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ ئەزىز كىتابىدا بۇ ئازدۇرغۇچىلار بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسىدە ئاسمان-زېمىن ۋە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا ئازغۇن پىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا

چىقىدىغانلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق كىشىلەر پەيدا بولىدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ شۇ خىل پىكرىي ئازدۇرغۇچىلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىغا نەچچە ئەسىر بۇرۇن بەرگەن بېشارىتىدۇر.

بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ سىرلىرىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قوللىنىمىز. مەسىلەن: ھايات ياشاۋاتساقمۇ جېنىمىزنىڭ قەيەردە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. ئائىلىلەردە ئېلېكتىرنىڭ قانداق نەرسىلىكىنى ئۇقماي تۇرۇپ ئىشلىتىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلەلمەسلىكىمىز ئۇنى قوللىنىش ئەھمىيىتىدىن مەھرۇم قويمايدۇ. مانا بۇ زېمىننىڭ سىرلىرىنىڭ ئىنسان قولىدا ئەمەسلىكى ۋە ئىنساننىڭ پەقەتلا پايدىلىنىش ھوقۇقى بارلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئىنساننىڭ پۈتۈن يارىتىلىش سىرلىرىنى بىلەلمەسلىكىمۇ ھاياتتىن پايدىلىنىش مەنپەئەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بىلمىسە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىلمىلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. كائىنات ئىنساننىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، ئادەتتە كائىنات ھادىسىلىرى ئىنسانغا قارشى چىقمايدۇ. ئەمما كائىناتتا ئىنسانغا قارشى چىقىپ بويسۇنمايدىغان كەلكۈن، يانار تاغ ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش بەزەن ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈز بېرىشى، كائىناتتىكى پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئىنسان كونتروللۇقى ۋە ھۆكمى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ كونتروللۇقى ۋە بۇيرۇقى بىلەن ئىنسانغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ خالىسا ئۇلار ئىنسانغا قارشى كۈچ بولالايدۇ.

دېگىز ئىنساننىڭ يېمەكلىككە ئېرىشىشى ۋە قاتنىشىنىڭ راۋانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلاردا خىزمەت قىلغان بولسا، ھەم ھىندونېزىيەدە يۈز بەرگەن يۈز نەچچە مىڭ ئادەمنى يۇتۇپ كەتكەن دېڭىز تاشقىنىغا ئوخشاش بالا بولۇپمۇ قالىدۇ. دېمەك، كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسە ئىنساننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىشى بىلەن ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر كائىناتنى ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرمىگەن، بەلكى ئۇلار ئۆزى ئىنسانلارغا بويسۇنغان دېيىلسە، كەلكۈن، يەر تەۋرەش ۋە بورانغا ئوخشاش ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە ئۇلارنى توختىتىشقا كۈچى يېتىشى كېرەك ئىدى. كائىناتتىكى پۈتكۈل شەيئىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە بويسۇنىدۇ، ھەتتاكى سەۋەب-نەتىجە مەسىلىسىمۇ مۇتلەق ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ قويغان قانۇنىيەتلەر بولۇپ، پۈتۈن ئىشلار شۇنىڭغا ئاساسەن يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەمما ۋاقتى كەلگەندە قانۇنىيەتنى قويغان ئاللاھ ئۇنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ھەم ئىشلىمەس قىلىپ قويالايدۇ. سۇ توپان بولۇپ، شامال بوران بولۇپ، زېمىن يەر تەۋرەش ۋە يانارتاغ پارتلاش بىلەن قارشى چىققان ۋاقىتتا، ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان كائىناتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئەمەسلىكىنى بىلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ. وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ﴾[1] «ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى قولىمىز بىلەن ياراتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ» دېگەن بولۇپ، تۆگە ۋە پىلغا ئوخشاش نۇرغۇن ھايۋاناتلارنىڭ ئىنسانغا بويسۇنۇشى ئىنساننىڭ قۇدرىتىدىن بولغان بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىشى بىلەن بولغان. بىز بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلار بىلەلمىگەن ئىشلارنى بىلەلەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: بەزى ھايۋانلار يەر تەۋرەشنى ئالدىن بىلىپ، ئۇ يەردىن قېچىپ چىقالايدۇ. ئەمما ئىنسان ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ. نۇرغۇن ھايۋان كۆرۈش، پۇراش ۋە كۈچ جەھەتتە

[1] سۈرە ياسىن، 71، 72-ئايەتلەر

ئىنسانلاردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرۇپمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا﴾ «ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى» دېگەن بولۇپ، «سىلەر ئۈچۈن» دېگەنلىك «مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى «نەرسىنى» دېگەن ئىبارە كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئىنسان بىرەر نەرسە ياسىماقچى بولسا، پەقەتلا ئاللاھ يارىتىپ، بويسۇندۇرۇپ بەرگەن دائىرىدىلا ياسىيالايدۇ. يەنى ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق نەرسىنى يارىتالمايدۇ. بىر تال بۇغدايىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئالدىنقى يىلدىكى مەھسۇلاتتىن كەلگەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئۇنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن كەلگەن. مۇشۇنىڭدەك زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ، ئەڭ بېشىدىكى بىر تال بۇغدايغا بېرىپ توختايدۇ. ئۇنداقتا تۇنجى بۇغداي نەدىن كەلگەن؟ ئېنىقكى تۇنجى بۇغدايىنى ئاللاھ تائالا بىۋاستە ياراتقان. زېمىندىكى مېۋىلەرمۇ ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا بېرىپ توختايدۇ. ئەگەر مەنتىقە ۋە ئەقىل بىلەن ئىنسان مەۋجۇتلۇقىغا نەزەر تاشلىساق، ھەرنەرسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى بولغىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭمۇ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى بار. بىز ئاتا-ئانىمىزدىن تۇغۇلدۇق، ئۇلار بوۋا-مومىمىزدىن تۇغۇلغان. مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىنسانغا بارساق، ئۇنى بىۋاستە ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئىنسان ھەققىدە دەپ ئۆتكەن بۇ پىرىنسىپ، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز جىسىملارغىمۇ مۇناسىپ كېلىدىغان بولۇپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇنى ئاللاھنىڭ بىۋاستە ياراتقانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بەزى ئىنسانلار: «ئەگەر ئىنسان ھېچنېمە يارىتالمىسا، ھازىر مەيدانغا كەلگەن تەرەققىيات، مەدەنىيەت ۋە يېڭى كەشپىياتلارغا نېمە دەيمىز؟ ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىشلاردا يارىتىش خۇسۇسىيىتى يوقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى بار بولغان نەرسىلەردىن كەلگەن. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلمىنى ئىنسانغا بېرىپ، ئىنسانلار شۇ ئەقلى بىلەن زېمىندا يارىتىلغان ماددىلارنى ئىشلىتىپ، تەرەققىي قىلىپ يېڭى نەرسىلەرنى ياسىيالىدى. ئىجاد قىلىنغان ھەرقانداق نەرسە ئەسلى بار بولغان شەيئىلەرگە تايىنىدۇ. شۇڭا بىز ھازىرغا قەدەر ئىنساننىڭ دۇنيادا يوق نەرسىنى ئىجاد قىلىپ يارىتىپ باققانلىقىنى بىلمەيمىز. ئىنسان ھەرقانچە تەرەققىي قىلسىمۇ، يوق نەرسىنى بار قىلالمايدىغان بولۇپ، پەقەتلا بار نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىدۇ. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى يوقتىن ياراتقان. ئاندىن ئۇ مەخلۇقاتلار ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەت بويىچە كۆپەيگەن. مۇشۇ تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى نەسلىنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىغا جۈپلىشىپ نەسىل قالدۇرۇش خۇسۇسىيىتىنى بەرگەنلىك نۇقتىسىغا قايتىدۇ.

بىز كائىناتتا ئاللاھنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىنى ئەسىردىن-ئەسىرگە، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرىدىغان قانۇنىيەت ۋە سەۋەبلەرنى بېكىتكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئاشۇ قانۇنىيەت بېكىتىشنىڭ ئالدىدىكى تۈنجى يارىتىشنى ئاللاھ تائالا قىلغان. مەسىلەن: بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ زىرەكلىكى ۋە بىلىمى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇنىڭ پەقەتلا ئاللاھ ياراتقان ئۇرۇق ۋە زېمىن بىلەن قىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن سۇ بىلەن سۇغۇرۇپ، ئاندىن ئاللاھ بېكىتىپ بەرگەن ئۈنۈش ئۆسۈش ۋە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوزۇقلۇق بىلەن ئۈندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىمىز. دېمەك، بۇ جەرياننىڭ ھەممىسى بىۋاستە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىنسانلارغا بېرىلگەن ئىمكانىيەتلەر بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى يەرنى تېرىش ئۈچۈن تەييارلاپ، ئۇرۇقنى سېلىشتۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە: ﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ. أَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ

الزَّارِعُــــــونَ﴾[1] «سىلەر تېرىغــان زىرائەتنــى دەپ بېقىشلارچــۇ. ئــۇنى سىــلەر ئۈنــدۈردۈڭلارمۇ يــاكى بىــز ئۈنــدۈرۈپ (دان چىقىــدىغان زىــرائەت قىلىــپ ئۆســتۈردۇقمۇ؟)» دەپ كەلــگەن. تــوغرا، ئىنســان ئــۇرۇق چېچىــپ يەرنــى تېرىيــدۇ ۋە زىرائەتلەرنــى پەرۋىــش قىلىــدۇ. ئەممــا ھېچبىرىــدە «يــارىتىش» ئۇقــۇمى بولمايــدۇ. بەلكــى ھەر شــەيئىنى يــاراتقىنى ئــاللاھ تائــالادۇر. ئەگەر ئىنســاننىڭ يارىتىشــقا قــۇدرىتى بولــۇپ قالســا، ئــاللاھ ياراتمىغــان بىــر ئــۇرۇقنى ئــاللاھ ياراتمىغــان بىــر زېمىنــدا ۋە ئــاللاھ ياغــدۇرمىغان بىــر سۇدا ســۇغۇرۇپ ئۆســتۈرۈپ باقسۇن! ئاجىز ئىنسان ئەلۋەتتە بۇنى قىلالمايدۇ.

«پەيــدا بولىــدىغان نەرســىلەرنىڭ مەنبەســى قەيەر؟» دەپ ســورالغاندا، بىــز ئــاۋۋال ئەمەلىيەتــتە بــار بولــۇش بىــلەن بــار بولالايــدىغان ھــالەتتە بولۇشــنىڭ پەرقىنــى چۈشىنىۋېلىشــىمىز لازىــم. بىــر خــورمىنى مىســالغا ئالســاق، قــولىمىزدا بىــر تــال خورمــا ئۇرۇقچىســى بولســا، كەلگۈســىدە بىــر چــوڭ خورمــا دەرىخــى بولۇشــى كــۆز ئالــدىمىزغا كېلىــدۇ. چــۈنكى ئۇرۇقنىــڭ دەرەخــكە ئــايلىنىش خۇسۇســىيىتى بــار. ئــۇرۇقنى تېرىــپ ئۆســتۈرگەندىن كېيىــن چــوڭ بىــر دەرەخــكە ئايلىنىــدۇ. شــۇڭا بــۇ كىچىــك ئــۇرۇق تىكلىــپ چــوڭ دەرەخــكە ئايلىنىشــى ھەرگىزمــۇ يېڭــى شــەيئىنى ياراتقــانلىق بولمايــدۇ. تۇخۇمنىــڭ ئىچىــدە چــۈجە بولمىســىمۇ، چــۈجە چىقىــدىغان قــۇۋۋەت بــار. شــۇڭا تۇخــۇمنى باســتۇرۇپ چــۈجە چىقارغــانلىق يــوق نەرســىنى بــار قىلغــانلىق بولماســتىن، ئاللاھنىــڭ مەخلۇقاتلىرىنىــڭ ســەۋەب-نەتىجە ئاسىــتىدا بىــر ھــالەتتىن يەنە بىــر ھــالەتكە ئۆتۈشــى بولــۇپ ھېسابلىنىدۇ. بــۇ ئىككــى خىــل ھالەتنىــڭ يۈرگۈزۈلۈشــىدە ئىنســاننىڭ ھــېچ رولــى يوقتــۇر. يەنــى، ئــۇرۇقنى ئىنســان ياراتمىغــان بولــۇپ، ئــۇنى چوڭايتىــپ دەرەخ قىلغىنىمــۇ ئىنسان ئەمەس. تۇخۇمنىمۇ، توخۇنىمۇ ھەم ئىنسان ياراتمىغان.

كائىناتتــا ئــاللاھ تــۇپراق ئاســتىدا ياراتقــان نۇرغــۇن نەرســىلەر بــار. ئــۇ

[1] سۈرە ۋاقىئە، 63، 64-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەرسىلەرنى كۆمۈك پېتى تاشلاپ قويغان ئاللاھ كېيىن ئۇنى كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئىزدىگەن كىشىلەرگە ئېچىپ بەردى. مەسىلەن: ئالتۇن، كۆمۈر ۋە نېفىت قاتارلىق كان بايلىقلىرى يەر ئاستىدا يارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى تىرىشىپ ئىزدەنگەنلەر ئۈچۈن ئېچىپ بەردى. بۇمۇ يوقتىن پەيدا قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى بار نەرسىنى ئىزدەپ تېپىپ چىقىرىشتۇر. ھەربىر بايقاشنىڭ بىر ۋاقتى بولۇپ، ئۇ بايلىقلار ئاللاھ ئۆز ئىلمى بىلەن ئىنسانىنى شۇ يەرگە باشلاپ ئاپارغۇچە كۆمۈكلۈك تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئىنسانغا يەر ئاستىدىن ئاشۇ بايلىقلارنى چىقىرىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، تېپىپ چىقىرىشقا ياردەم قىلىدۇ. بۇرۇن بۇ بايلىقلارنىڭ ئىنساندا بولماسلىقى زېمىندا يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەردىن تېپىپ چىقارغىنىمۇ يوقتىن بار قىلغانلىقى بولمايدۇ. ھەم بۇنىڭدىن كېيىن بايقالغان نەرسىلەرمۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان نەرسىلەر قاتارىدىن بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئىنسان بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ ئېچىپ بەرگەن مەلۇماتلار بىلەن چىقىرالايدۇ خالاس.

ئاللاھ تائالا: ﴿ثُمَّ اسْتَوَىٰ إِلَى السَّمَاءِ﴾ «ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى» دېگەن بولۇپ، ئاللاھ زېمىندىكى ھەر نەرسىنى ئىنسان ئۈچۈن ياراتقاندىن كېيىن ئاسمانغا يۈزلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا "اسْتَوَىٰ" «ئۆرلەش» دېگەن ئىپادە قوللىنىلغان بولۇپ، بەزىلەر بۇ ئۆرلەشنى پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياكى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا ئوخشىتىدۇ. يەنە بەزى پەلسەپىچىلەرنىڭ «ئاللاھ ئۆرلەپ چۈشەمدۇ؟» دېگەندەك ئىختىلاپلىرى بار. ئەمما بىز ئاللاھ توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەندە ئىنسانچە پەلسەپە بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي مەنتىقە بىلەن چۈشەنسەك ياخشى چۈشىنەلەيمىز. چۈنكى بۇنداق غەيبىي مەسىلىلەرنى ئىنسان ئىدراكىدىن يۇقىرى ھالەتتە چۈشەنسەك، ئاددىي ئىنسان

مەنتىقسىـــى بىــلەن تـــوغرا چۈشـــەنگىلى بولمايــدۇ. چـــۈنكى ئـــاللاھ ھېچقانـــداق شـــەيئىگە ئوخشـــمايدۇ. بىـــز ئاللاھقـــا ﴿لَـــيْسَ كَمِثْلِـــهِ شَـــيْءٌ﴾[1] «ئۇنـــىڭ ھـــېچ ئوخشىشـــى يوقتـــۇر» دېـــگەن ئـــايەت بىـــلەن ئىمـــان ئېيتىمـــىز. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن ئىنســـانلارنىڭ ئىدراكـــدىن ســـىرتقى نەرســـىلەر ئىنســـانىي تەپەككـــۇر بىـــلەن ئويلىنىۋېلىنســـا خاتـــالىق كېلىـــپ چىقىـــدۇ. مەســـىلەن: ئاللاھنىـــڭ قـــولى تىلغـــا ئېلىنغانـــدا، ئىنســـاننىڭكىدەك بەش بارمـــاقلىق قـــول تەســـەۋۋۇر قىلىنســـا، ئەلـــۋەتتە بـــۇ ئەقىلـــدىكى كەمتۈكلـــۈك بولىـــدۇ. ئىنســـاننىڭ قـــولى بىـــلەن باشـــقا ھايۋانلارنىـــڭ قـــولى ئوخشـــىمىغان يەردە، يـــاراتقۇچىنى قانـــداقمۇ ئـــاددىي مەخلۇقاتلارغـــا ئوخشـــىتىش مـــۇمكىن. ئـــاللاھ يەكـــكە-يېگـــانە، ئاللاھنىـــڭ ھـــېچ ئوخشىشـــى يـــوق بىـــر زاتتـــۇر. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن «ئـــاللاھ ئاســـمانغا ئۆرلـــدى» دېيىلگەنـــدە، بۇنىـــڭ ئاللاھقـــا لايىـــق رەۋىشـــتە بولـــدىغانلىقىنى چۈشىنىشـــىمىز كېرەك.

ئـــاللاھ ھايـــات، ئىنســـانمۇ ھايـــات. ئەممـــا بـــۇ ئىككـــى ھايـــاتلىق ئوخشـــاش بولامـــدۇ؟ ئاللاھنىـــڭ ئىلمـــى بـــار، ئىنســـاننىڭمۇ ھەم. ئەممـــا بـــۇ ئىلـــىم تەڭ بولالامـــدۇ؟ ئاللاھنىـــڭ كـــۈچ-قـــۇدرىتى بـــار، ئىنســـاننىڭمۇ ھەم. ئەممـــا بـــۇ كـــۈچ-قـــۇدرەت تەڭ بولالامـــدۇ؟ ئەلـــۋەتتە سېلىشـــتۇرۇش مـــۇمكىن بولمايـــدۇ. بىـــز "اسْـــتَوَىٰ" «ئـــۆرلەش» دېـــگەن ســـۆزنى ھەرگىزمـــۇ ئىنســـانىي تەپەككـــۇر بىـــلەن چۈشەنمەســـلىكىمىز كېـــرەك. ئـــاللاھ تائـــالا پۈتـــۈن شـــەيئىلەرنى ھەر تەرەپلـــىرى بىـــلەن بىلىـــدۇ. ھەتتـــا كىچىـــك زەررىچىلەرنىمـــۇ بىلىـــدۇ. بىـــز مەســـىلىنىڭ يـــۈزىنىلا كـــۆرەلەيمىز، ئەممـــا ئـــاللاھ قىيـــامەتكە قەدەر ۋە ئۇنـــدىن كېيىنكـــى پۈتـــۈن غەيبلەرنـــى بىلىـــدۇ. دېمەككـــى، ئـــاللاھ تائـــالا ھـــېچكىمگە ئوخشـــمايدۇ. ئىنســـان ئـــۆز ئەقلـــى بىـــلەن ئاللاھقـــا مۇناســـىۋەتلىك تەرەپلەرنـــى تەســـەۋۋۇر قىلالمايـــدىغان بولـــۇپ، ئەقىـــل-تەپەككـــۇر ئـــاللاھنى ئىـــدراك قىلىشـــتىن ئـــاجىز كېلىـــدۇ. بـــۇ خىـــل غەيبلەرنـــى ئاڭلىغانـــدا «ئـــاللاھ پـــاكتۇر» دەيمـــىز. «ئـــاللاھ

[1] سۈرە شۇرا، 11-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسمانغا ئۆرلىدى» دېگەن بۇ ئايەتكە كەلگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزلىگۈچى ئاللاھ بولغاچقا، مەخلۇقاتلارغا ئوخشاتماي، شۇ سۈپەتنى بىلەن چۈشىنىمىز.

بەزى كىشىلەر: «بىز قۇرئاننى ساقلىدۇق» دېيىشىدۇ. ئەمما قۇرئاننى ئاللاھ تائالا ساقلىغان. ئاللاھ ئۆز كالامىنى ساقلىغان ئىكەن، پۈتۈن مەۋجۇداتلار قانۇنىيىتىنىڭ قۇرئان بىلەن زىت كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمنى ساقلىشى كىشىلەرگە ھۆججەت بولۇشى ئۈچۈندۇر. دېمەككى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى ۋە قۇرئاننى دېگۈچى بولغاچقا، كائىناتتا قۇرئان بىلەن توقۇنۇشىدىغان بىر ھەقىقەت بولمايدۇ. شۇڭا قۇرئاندا: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾[1] «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» دېگەن ئايەت كەلگەن. ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭغا ئالاقىدار شەيئىلەر تېپىلىشتىن بۇرۇنلا بار ئىدى. ئاللاھ بۇيۇك ۋە يارىتىش سۈپىتى ئەزەلدىن بار بولغان ياراتقۇچى زات بولغاچقا، تۇنجى مەخلۇقاتلارنى يوقتىن ياراتتى. ئاللاھ تائالا رىزىق بېرىدىغان مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا رىزىق بېرىش سۈپىتىگە ئىگە «راززاق» ئىدى. ئەگەر ئەزەلدىن «راززاق» بولمىسا، تۇنجى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىغا قانداق رىزىق بېرەتتى؟ شۇڭا ئاللاھنىڭ بۇ خىل سۈپەتلىرى ئەزەلىي سۈپەتلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ كائىناتنى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل سۈپەتلىرى بىلەن ياراتقان.

ھەرقانداق مەخلۇقنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئىلگىرى ئاللاھ ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن بولۇپ، قۇرئاندا: ﴿شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ﴾[2] «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.

[1] سۈرە ھىجر، 9-ئايەت
[2] سۈرە ئال ئىمران، 18-ئايەت

پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى» دەپ كەلگەن. شۇڭا ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان پەرىشتىلەر ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنى يارىتىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىپ بولغان ئىدى. دېمەككى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن: ﴿شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ﴾ «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دېگەن گۇۋاھلىقى ئەڭ كۈچلۈك گۇۋاھلىق بولۇپ، ئاللاھ گۇۋاھلىقنى كۈچەيتىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھېچكىمگە موھتاج بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىندىكى بارچە نەرسىلەرنى ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ بېرىپ، پۈتۈن ئىشلارنى مۇقىملاشتۇرغان.

ئايىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر» دېيىلگەن بولۇپ، ئاللاھ بۇ نۇقسانسىز ئاسمان-زېمىننى يارىتىپ، ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىباتلارنى قويدى. ئاسمان-زېمىندىكى ھەر شەيئى ۋە ھەر ئىش ئاللاھتىن بىخەۋەر قالمايدۇ. ئاللاھ ئۆز مۈلكىدىكى، يەر-زېمىندىكى ۋە ئىنسانلاردىكى زەررىچىلىك ئىشلاردىنمۇ بىخەۋەر ئەمەس. كائىنات ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئايلىنىدۇ. بۇ توغرىسىدا قۇرئان كەرىم لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتنى سۆزلەيدۇ: ﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ ۚ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾[1] «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» دەپ

[1] سۈرە لوقمان، 16-ئايەت

كەلتۈرگەن بولۇپ، قىلچىلىك ئىشمۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 27-دەرس

## سۈرە بەقەرە 30-ئايەت

**﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً ۖ قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ ۖ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾**

**«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن› دېدى. پەرىشتىلەر: ‹يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز› دېدى. ئاللاھ: ‹مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن› دېدى»**

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا زېمىندىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى ياراتقانلىقىنى بىزگە خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، مۇشۇ زېمىننى گۈللەندۈرىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ئىنساننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىنى بايان قىلدى. بۇ قىسسە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئورۇنلاردا بايان قىلىنغان. بۇنى نۇرغۇن ئورۇنلاردا بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ھەق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿نَّحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ نَبَأَهُم بِالْحَقِّ﴾[1] «بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستلىقى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز» دېدى. يۇقىرىدىكى ئايەتتە كەلگەن "حق" دېگەن سۆز بىزنى بىر ئۇقۇمغا باشلاپ قويىدۇ. ئۇ ئۇقۇم ئاللاھ تائالا «ھەق» دېيىش ئارقىلىق ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان قىسسەلەرنىڭ ئىنسانلار ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان ۋە ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانە-قىسسەلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى، بەلكى مەزمۇنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەۋاتىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بىر-بىرىگە ئېيتىشىپ يۈرگەن قىسسەلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەي، كۆپىنچە خىيال بولۇپ چىقىدىغان ئەھۋاللار بار.

"قصة" دېگەن سۆز بۇنىدىن كېيىنكى مەزمۇنلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بىز بۇنى «ئىلگىرىكى ۋەقە، ھېكايە» دەپ چۈشىنىمىز. بۇنى ئەرەبچىدىن سۈرۈشتە قىلساق، بۇ سۆز "قص الأثر" «ئىز قوغلاش» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. ئەرەب تىلىدا بىر ئىز قوغلىغۇچى سەھرادا قۇمغا چۈشكەن ئىزغا قاراپ مېڭىپ نىشانىغا يەتكەن بولسا، بۇ "قص الأثر" دەپ ئىپادىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ قىسسەلىرى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلىرىنى ئىز قوغلاپ بېرىمۇ بىر خەۋەر بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەق شەكلىدە بىزگە قىسسە قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلسەك، قۇرئاندىكى قىسسەلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

قۇرئاندىكى ھەربىر قىسسەنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئىبرەتلىرى ۋە بىزنى قاراتماقچى بولغان مۇھىم نۇقتىلىرى بار. بەزى ۋاقىتتا قىسسە رەسۇلۇللاھ ۋە مۇئمىنلەرنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنبَاءِ الرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِ فُؤَادَكَ﴾[2] «كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم

[1] سۈرە كەھف، 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ھۇد، 120-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز» دېگەن. ئىلگىرىكى ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى قىسسە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، شۇ ۋاقىتتىكى مۆئمىنلەرنىڭ تارتقان ئازابلىرىغا تەسەللى بەرگەن. قۇرئاننىڭ قىسسەلىرى بىكارغىلا ۋاقىت ئىسراپ قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەن. ئىمانىي ھاياتنى مۇستەھكەملەش ۋە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قۇرئان قىسسەلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى. چۈنكى ئىمانىي ھايات قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتكە تولغان بىر جەريان بولۇپ، ئىنسان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر بىز قۇرئان كەرىمنىڭ قىسسەلىرىگە قارايدىغان بولساق، قۇرئاننىڭ بىزگە تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلار ھەققىدە سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخ ئۆز ۋاقتىدىكى ھادىسىلەرگە باغلىنىدۇ. ئەمما بەزىلىرى ھادىسىلەرگە باغلانماستىن شەخسلەرگە باغلىنىدۇ. لېكىن شۇ شەخسمۇ دۇنيا ھادىسىلىرىنىڭ بىرى. چۈنكى ئادەم جىم تۇرىدىغان مەخلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇئەييەن ئىش-ھەرىكەتلىرى بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن تارىختا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر سەن ھەر ھادىسىنىڭ تارىخىنى ئوقۇساڭ، شۇ تارىخنى سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن. بەزى قىسسەلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. لېكىن قۇرئاننىڭ قىسسەلىرى بۇ ھالەتتىن خالىي بولغان ھەقىقىي قىسسەلەردۇر. باشقىلار دېگەن سۆزلەر شۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىسىمۇ، لېكىن ئاللاھ بايان قىلغان قىسسەلەر بۇ خىل ئەھۋاللاردىن خالىي ھالەتتە چىن ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ قىسسەلىرى تارىختا ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تەكرارلانغان ھادىسىلەرنى بىزگە يۆتكەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋن بولسا زېمىندا ئۆزىنى مەبۇد قىلماقچى بولغان زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ سىمۋولى. پىرئەۋن ۋەقەلىكى قۇرئاندا قىسسە شەكلىدە بايان قىلىنغانلىقى بىزگە ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زامانىدىكى پىرئەۋنگە ئوخشاش زالىم، تاغۇتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەسھابۇل كەھف كاپىر ۋە تاغۇتلارنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئايرىم ياشىغان بىر مۆئمىن گۇرۇھنىڭ قىسسىسى. بىزنىڭ مىللىتىمىزمۇ ئۆزىنىڭ دىنىنى زالىملاردىن ئېلىپ قېچىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ۋەتەنىنى تاشلاپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا ياشاۋاتىدۇ. بۇ قىسسەدە مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش سۆزلىنىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى بولسا شەيتان ئوتتۇرىغا ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۆزئارا ئاداۋەتلەشتۇرۇپ ئايرىۋەتكەن قېرىنداشلارنىڭ قىسسەسى. بۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، قىسسەدىن ئۆرنەك ئېلىپ توغرا ئۇسۇلدا ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە ئاللاھ تائالا نۇرغۇن شارائىت ۋە كۆپلىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن. بۇ ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئاللاھنى رازى قىلغان ئىسلاھاتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ قىسسىدۇر. بۇ خىلدىكى ھۆكۈمرانلار ئەتراپىمىزدىمۇ بار ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمرانلارغا قانداق شەكىلدە ياردەم بېرىمىز؟ ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتىنى قانداق قوللايمىز؟ دېگەن مەسىلىلەر زۇلقەرنەيننىڭ قىسسەلىرىدە سۆزلىنىدۇ. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىگە كەلسەك، ئاللاھ تائالادىن مۆجىزە تەلەپ قىلىپ، ئۇنى مەيدانغا چىقىرىپ بەرسە تانغان كاپىر قەۋمنىڭ قىسسەسى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىگە كەلسەك، بۇ، تارازىلاردا كەم بېرىپ، كىشىلەرنى ئالدىغانلارنىڭ قىسسەسى. يۇقىرىدىكى قىسسەلەرنىڭ ھەممىسى سىمۋول خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇلار شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلمايدۇ، بەلكى ئومۇمغا قارىتىلىپ سۆزلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش قۇرئان كەرىمنىڭ قىسسەلىرى زاماننىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىز ياشاۋاتقان زاماندىمۇ پىرئەۋندىنمۇ زالىم نۇرغۇن «پىرئەۋن»لەرنى، ئۆز دىنىنى ئېلىپ قاچقان

نۇرغــۇن «ئەســھابۇل كەھــف»لەرنى ۋە ئــاللاھتىن ئــۆزىنى بىھــاجەت ســاناپ، مــال-دۇنياســىغا ئىشــىنىدىغان نۇرغــۇن «قــارۇن»لارنى ئــۇچرىتىمىز. يۇقىرىــدىكى قۇرئاننىـــڭ قىسســـەلىرى شەخســـكە قارىتىلماســـتىن ئومۇمغـــا قارىتىلىـــپ كەلگەنلىكـــى ئۈچـــۈن، قىسســـەدىكى شەخســـلەرنىڭ ئىســـىملىرى يوشـــۇرۇن كەلــگەن. مەســلەن: پىــرئەۋن دېــسەك، بــۇ بىــر ئادەمنىــڭ ئىســمى بولماســتىن، ئەينــى زامانــدىكى مىســىر پادىشــاھلىرىنىڭ ئومــۇمىي نــامى ئىــدى. زۇلقەرنەيــن «قــوش مۈڭگۈزلــۈك» دېــگەن مەنــدە بولــۇپ، شــۇ كىشــىنىڭ ئىســمى ئەمەس، ســۈپىتى ئىــدى. چــۈنكى كىشــىلەرنىڭ نەزىرىــدە ئــادەم ئىســىم بىــلەن مۇئەييەنلىشــىپ قالسا، مەسـىلە شـۇ ئىسـمى ئاتالغـان كىشـىلەردىن باشـقىلارغا ئۆتەلمەيــدىغان ھــالەت شــەكىللىنىپ قــالاتتى. شــۇڭا قۇرئانــدا ئىســىملار يوشۇرۇن كېلىپ، سىمۋول خاراكتېرلىك بايان قىلىنغان.

قۇرئانــدىكى بىــرلا قىسســەدە ئــادەم ئىســمى ئاشــكارا ئاتىلىــپ كەلــگەن. ئــۇ بولســـىمۇ ئىســـا ئەلەيھىسســـالامنىڭ قىسسەســـى. بـــۇ قىسســـەدە ئىســـا ئەلەيھىسســالام، مەريەم ئەلەيھىسســالام ۋە دادىســى ئىمراننىــڭ ئىســمى ئوچــۇق بايـــان قىلىنغـــان. ئـــۇ قىسســـەدە تىلغـــان ئېلىنغـــان ئەھـــۋاللار ئىســـا ئەلەيھىسســـالامغا ۋە مەريەم ئەلەيھىسســـالامغا خـــاس مـــۆجىزە. مـــۆجىزە يىللارنىــڭ ئۆتىشــى بىــلەن تەكرارلانمايــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن ئــاللاھ بىــزگە «مەريەمنىــڭ ئــوغلى ئىســا»، «ئىمراننىــڭ قىــزى مەريەم» دەپ ئېنىــق بايــان قىلىــپ بەردى. كۆنلەرنىــڭ بىرىــدە بىرســى «مەن ئەرســىز تۇغــدۇم، مەن دادىســىز تۇغۇلــدۇم، شــۇنىڭ ئۈچــۈن مەن پەيغەمــبەر» دەپ داۋا قىلىــپ قالســا، بىــز «ئۇنــداق ئىشــلار يــوق، دادىســىز تۇغۇلــۇش ئىســا ئەلەيھىسســالامغا، ئەرســىز تۇغــۇش مەريەم ئەلەيھىسســالامغا خــاس بولغــان مــۆجىزە» دەيمىــز. بــۇ قىسســە بۇنــدىن كېيىــن يــۈز بەرمەيــدىغان بولغاچقــا، ئادەمنىــڭ ئىســمى ئېنىــق قىلىــپ ســۆزلىنىپ شــۇ ئــادەمگە خــاس قىلىنغــان. قۇرئاننىــڭ بۇنىڭــدىن باشــقا قىسســەلىرىنىڭ ھەممىســى ئېنىقســىز شــەكىلدە كەلــگەن. مەســلەن: ئــاللاھ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تائالا بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى پىرئەۋننىڭ، ئەسھابۇل كەھفنىڭ، زۇلقەرنەيننىڭ ۋە «ئىككى باغنىڭ ئىگىسى» دېگەن قىسسەدىكى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرمىدى. چۈنكى بۇ قىسسەلەردىكى مەقسەت مۇئەييەن شەخسنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى بۇ قىسسەنىڭ ھەر زاماندا، ھەر ئادەملەر بىلەن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان خاراكتېرىنى بىلدۇرۇشتۇر.

بەزى كىشىلەر زېھنىنى «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى پىرئەۋن كىم؟ زۇلقەرنەينچۇ؟» دېگەندەك سوئاللار بىلەن چارچىتىپ، ئاللاھ بايان قىلمىغان ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرگە باش قاتۇرۇپ يۈرۈيدۇ. بىز ئۇلارغا: «سىلەر بۇنداق سوئاللار بىلەن زېھنىڭلارنى چارچىتىش ئارقىلىق ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىلەر. مەسىلىنىڭ مەقسىتى ئۇ كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىنى بىلىش ئەمەس، بەلكى شۇ خىل خاراكتېرنى تونۇش» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

قۇرئاندىكى قىسسەلەر تەكرار شەكىلدە كەلمەيدۇ. قىسسەنىڭ بىر قىسمى باشقا ئايەتتە، يەنە بىر قىسمى باشقا ئايەتتە كېلىشى قىسسەلەرنىڭ تەكرارلانغانلىقى بولمايدۇ. بۇ قىسسەلەر ھەرخىل ئورۇنلاردا كەلسىمۇ، بىرگە يېڭى-يېڭى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئەگەر قۇرئاندىكى قىسسەلەر تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرنى بىر يەرگە جۇغلىساق، كۆز ئالدىمىزدا مۇكەممەل بىر قىسسە شەكىللىنىدۇ. قۇرئاندىكى ئەڭ چوڭ قىسسە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى. قۇرئان كەرىم بۇ قىسسەنى بىزگە دائىم ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى تارىختىكى ئەڭ ناچار كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھەربىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇندا بۇ ناچار كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئاززاق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە بىر نەچچە مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى.

قۇرئاندا: ﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَىٰ أُمِّ مُوسَىٰ أَنْ أَرْضِعِيهِ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِي الْيَمِّ وَلَا تَخَافِي وَلَا تَحْزَنِي إِنَّا رَادُّوهُ إِلَيْكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ الْمُرْسَلِينَ﴾[1] «مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» دېيىلگەن.

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە: ﴿إِذْ أَوْحَيْنَا إِلَىٰ أُمِّكَ مَا يُوحَىٰ. أَنِ اقْذِفِيهِ فِي التَّابُوتِ فَاقْذِفِيهِ فِي الْيَمِّ فَلْيُلْقِهِ الْيَمُّ بِالسَّاحِلِ يَأْخُذْهُ عَدُوٌّ لِّي وَعَدُوٌّ لَّهُ﴾[2] «ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق. (ئېيتتۇقكى): ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)» دېگەن. بۇ ئىككى ئايەتتە ئوخشاش «دېڭىزغا تاشلىغىن» دېيىلگەن. لېكىن بۇ ئىككى ئايەتنىڭ قاراتمىسى ئوخشىمايدۇ. ئۈستىدىكى ئايەتتە «سەن بالىنى ئېمىتىۋەرگىن، ئەگەر بالىغا خەتەر يېتىپ قېلىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىغىن» دېيىلگەن. بۇ خەتەر كەلمىگەن ۋاقىت بولۇپ، ئەگەر خەتەر كېلىپ قالسا، دېڭىزغا تاشلاش توغرىسىدىكى بىر ئىدىيە تەييارلىقى ئىپادىلەنگەن. كېيىنكىسىدە بولسا ۋەزىيەت شۇنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. يەنى «پىرئەۋن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئوغۇللارنى ئىزدەۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بۇنى ساندۇققا سېلىپ تاشلا، بىز ئۇنى ساڭا كېيىن قايتۇرۇپ بېرىمىز» دەپ، نەق شۇ ۋاقىتتىكى جىددىي ۋەزىيەتكە قارىتا بۇيرۇق ئىپادىلەنگەن. يۈزەكى

[1] سۈرە قەسەس، 7-ئايەت
[2] سۈرە تاھا، 38-ئايەت ۋە 39-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشەنچىدە «بۇ ئىككى ئايەت تەكرار، ئوخشاشلىق بار» دەپ چۈشىنىش قىلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس.

﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَىٰ أُمِّ مُوسَىٰ أَنْ أَرْضِعِيهِ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِي الْيَمِّ﴾[1] دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنى ئىمانىي نۇقتىدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بىر ھادىسىگە قارىتا ئىدىيە تەييارلىقىنى ئىپادىلىگەن. لېكىن پىرئەۋننىڭ ئەسكەرلىرى ئوغۇللارنى ئىزدەۋاتقان، ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا بولسا قىسسەنىڭ شەكلى تېزلا ئۆزگەرگەن. ئەمدى ئىككىنچى ئايەتكە قاراپ باقساق: ﴿أَنِ اقْذِفِيهِ فِي التَّابُوتِ فَاقْذِفِيهِ فِي الْيَمِّ فَلْيُلْقِهِ الْيَمُّ بِالسَّاحِلِ يَأْخُذْهُ عَدُوٌّ لِّي وَعَدُوٌّ لَّهُ﴾[2] «(ئېيتتۇقكى): ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئايەت ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئىلگىرىكى ئايەت بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ساندۇققا سېلىشتىن ئىلگىرى ئېمىتكەنلىكىنى، خەتەر يۈز بېرىپ قالسا دەرياغا تاشلايدىغانلىقنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىپ، قورقمايدىغان ۋە غەم يېمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان. بۇنىڭدا ئىككى بېشارەت بار: بىرىسى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە بىرىسى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ.

ئەمدى بىزگە كۆرۈنۈشنى تولۇقلاپ بېرىدىغان ئىككىنچى ئايەتتىن بىلىدىغىنىمىز، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنى ساندۇققا سېلىپ، دېڭىزغا تاشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا سۇغا «ساندۇقنى قىرغاققا ئاتقىن» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنمىغان بىر مەزمۇن.

---

[1] سۈرە قەسەس، 7-ئايەت
[2] سۈرە تاھا، 39-ئايەت

دېمەك، بۇ ئىككى ئايەت تەكرار كەلمىگەن. پەقەت ئىككى ئايەتنىڭ ئوخشايدىغان يېرى دەرياغا تاشلاش بولۇپ، قالغان يەرلىرى ئوخشىمايدۇ. بىز كېيىنكى ئايەتتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەرياغا تاشلىغاندىن كېيىن ئالىدىغان ئادەمنىڭ پىرئەۋن ئىكەنلىكىنى ۋە پىرئەۋن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىدا ئۆزئارا دۈشمەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ قىسسەنىڭ ئىككى ئايىتى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ئۈچىنچى ئايەت كېلىپ بۇ كۆرۈنۈشنى تېخىمۇ تولۇقلاپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ ئايەتتە: ﴿فَالْتَقَطَهُ آلُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا﴾[1] «پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۇلارغا دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى» دېگەن. بۇ ئايەت بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ دۈشمەنلىكىنىڭ قانداق داۋاملاشقانلىقىدىن، ئاخىرىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننى قانداق مەغلۇپ قىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. ئادەتتە ئاداۋەت ئىككى تەرەپتىن بولسا تەرەققىي قىلىدۇ، ئەكسىچە بىر تەرەپتىن بولۇپ قالسا توختاپ قالىدۇ. ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرساڭ، ئۇ يامانلىق ئاز ۋاقىتتىلا يوقاپ كېتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭكىدەك تولۇق شەكىلدە بىر ئورۇندىلا بايان قىلىنمىغان دېيىلگەندە، ئاللاھ تائالا جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىدىن ئۇ يەردە بىر كۆرۈنۈش، بۇ يەردە بىر كۆرۈنۈش كەلتۈرۈش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۆئمىنلەرنى قەدەممۇ-قەدەم تەربىيەلەپ كۈچلەندۈرگەن.

[1] سۈرە قەسەس، 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىمۇ بىزگە تولۇق بىر قىسسەنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئايەتلەردە كەلگەن. ھەر ئايەتنىڭ شۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئېھتىياجلىق بىر ھېكمىتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، قىسسە بىر باشلىغانچە ئاخىرغىچە سۆزلەپ تۈگىتىۋېتىلسە، ئۇ ھېكمەتلىك كالام بولماستىن، بىر ھېكايە كىتاب بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ باشقا-باشقا ئورۇنلىرىدا چۈشكەن ئايەتلىرى بىرلىشىپ مۇكەممەل بىر قىسسەنى بايان قىلىپ بەرگەندىن باشقا، ئۆزى چۈشكەن ۋاقىتتىكى ھېكمەتنىمۇ بىزگە يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە يارىتىلىشىمىزنىڭ باشلىنىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: "كُلُّكُمْ بنوا ادَمَ وَآدَمُ مِنْ تُرَاب" «ھەممىڭلار ئادەمنىڭ بالىلىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان» دېگەن. ئاللاھ تائالا بىزگە يارىتىشىنى قانداق باشلىغانلىقىنى ۋە ئىبلىس بىلەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ھېكايىسىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، بىزگە تۇنجى يارىتىلغان ئىنسان ھەققىدە: ئۇنىڭ ئىسمى، يارىتىلغان ماددىسى، سىزىپ بېرىلگەن يولى ۋە پەرىشتىلەر بىلەن بولغان مۇنازىرىسى ھەققىدە سۆزلىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىننىڭ خەلىپىسى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن، نەرسىلەرنىڭ قانۇنىيەت ۋە ئاتالغۇلىرىنى ئۆگەتتى.

مۇشۇ بىر قىسسە ئارقىلىق ئاللاھ بىزگە نۇرغۇن نەرسىنى ئېيتىپ بەردى. ئەگەر بىرەر ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىنى تارىخ قىلىپ يازماقچى بولسا، بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىنى كەلتۈرۈپ يازالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئاللاھ تائالا بىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىسسەدىكى پۈتۈن كۆرۈنۈشلەرنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان قىسسە بەك كۆپ سۈرىلەردە تەكرارلانمىغان.

ئـــاللاھ زېمىنـــدا ئۆزىنىـــڭ قـــانۇنلىرىنى يۈرگۈزىـــدىغان بىـــر خەلىپىنـــى قىلىدىغانلىقىـــدىن خەۋەر بەردى. ئـــاللاھ تائـــالا ئـــادەم ئەلەيھىســـسالامنى ياراتقـــان ۋاقىتتـــا بىـــرلا ئـــادەمنى ياراتقـــانمۇ يـــاكى پۈتـــۈن ئـــادەملەرنى ياراتقـــانمۇ؟ يـــاكى ئادەمنىـــڭ پۈتـــۈن ئەۋلادلىرىنىـــڭ شـــەكىللىرىنى ئـــادەم ئەلەيھىســـسالامنىڭ ھۆجەيرىســـدە ياراتقـــانمۇ؟ دېـــگەن ســـوئاللارغىمۇ قۇرئـــان كەرىمـــدىن جـــاۋاب تېپىلىدۇ.

قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَـــاكُمْ ثُـــمَّ صَـــوَّرْنَاكُمْ ثُـــمَّ قُلْنَـــا لِلْمَلَائِكَـــةِ اسْـــجُدُوا لِـــآدَمَ﴾[1] «شۈبھىسـىزكى، بىـز سـىلەرنى يـاراتتۇق، ئانـدىن سـىلەرنى شـــەكىلگە كىرگـــۈزدۇق، ئانـــدىن پەرىشـــتىلەرگە: ســـىلەر ئـــادەمگە (ھـــۆرمەت بىلـــدۈرۈش يۈزىســـدىن) ســـەجدە قىلىڭـــلار - دېـــدۇق» دېـــيىلگەن. بـــۇ يەردە خىتـــاب «بىـــز ســـىلەرنى يـــاراتتۇق، ســـىلەرنى شـــەكىلگە كىرگـــۈزدۇق» دېـــگەن شـــەكىلدە، كۆپلـــۈك ھـــالەتتە كەلـــگەن. بـــۇ ئايەتنىـــڭ ئاخىرىـــدا «پەرىشـــتىلەرگە: ‹ئـــادەمگە ســـەجدە قىلىڭـــلار› دېـــدۇق» دېـــيىلگەن بولـــۇپ، يارىتىلغـــان ئـــادەم بىـــر بولســـىمۇ، لـــېكىن ئۇنىـــڭ ۋۇجۇدىـــدا پۈتـــۈن ئىنســـانىيەتنىڭ ســـۈپەتلىرى بـــار ھالەتتە يارىتىلغان.

ئـــــارىمىزدىكى ھەربىرىمىـــــزدە ئـــــادەم ئەلەيھىســـــسالامدىن كەلـــــگەن ھـــۆجەيرە بـــار. ئـــادەملەر بـــۇ ھـــۆجەيرىلەرنى بىـــر-بىرىـــدىن ئـــېلىش ئـــارقىلىق ئـــادەم ئەلەيھىســـسالام دەۋرىـــدىن باشـــلاپ ھـــازىرغىچە داۋاملىشـــىپ كەلـــگەن ۋە بـــۇ قىيـــامەتكىچە داۋاملىشـــىدۇ. بـــۇ ھايـــات بىـــر-بىـــرىگە ئۇلىنىـــپ داۋاملىشـــىدۇ ۋە ھەرگىزمـــۇ ئۈزۈلـــۈپ كەتمەيـــدۇ. ئەگەر ئۈزۈلـــۈپ كەتســـە ھايـــاتلىق توختـــاپ قالىـــدۇ. مەســـىلەن: مەن ھـــازىر تىرىـــك. چـــۈنكى مەن دادامـــدىن ئېلىنغـــان تىرىـــك ھۆجەيرىـــدىن يارىتىلغـــان. دادام ئۆزىنىـــڭ ھايـــاتىنى دادىســـىدىكى تىرىـــك ھۆجەيرىـــدىن ئالغـــان. بىـــز بـــۇ شـــەكىلدە ئىـــنقىلاپ سۈرۈشـــتە قىلســـاق ئـــادەم

[1] سۈرە ئەئراف، 11-ئايەتنىڭ بىرقىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. سەن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئېلىنغان بىر پارچىدىن يارىتىلغان، مۇشۇ پارچە بويىچە يارىتىلىش ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ھازىرغىچە توختاپ باقمىغان. ئەگەر توختاپ قالغان بولسا دۇنيادا ھاياتلىق بولمايتتى.

دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان بولىدۇ. بۇ ھاياتتا ئۈزۈلۈپ قېلىش بولۇپ باقمىدى. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان ۋاقىتتا، بىزگىمۇ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى شۇ ۋاقىتتا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان ۋە بىرىنچى قېتىملىق يارىتىشتا تەييار بولغان. ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَاكُمْ ثُمَّ صَوَّرْنَاكُمْ﴾ دېگەن ئايەتتە «بىز سىلەرنى ياراتتۇق» دەپ كۆپچىلىككە خىتاب قىلغان. بىزنىڭ ھۆجەيرىمىز شۇ ۋاقىتتىلا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا بار ئىدى.

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن - دېدى». يۇقىرىقى ئايەتتىن ئاللاھ ئادەمنى يارىتىدىغان ۋاقىتتا خۇددى پەرىشتىلەرگە مەسلىھەت سالغاندەك مەنە چىقىدۇ. لېكىن بۇ مەسلىھەت ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىنساننى يارىتىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. ئاللاھ بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ھەرگىزمۇ باشقىلارغا مەسلىھەت سالمايدۇ. بۇنى دېيىشتىكى مەقسەت ئادەمنىڭ پەرىشتىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىدا پەرىشتىلەر قىلىدىغان خىزمەت بارلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

بەزى كىشىلەر: «ئىنساننىڭ زېمىندىكى ھاياتى پەرىشتىلەرسىزمۇ

قـانۇنىيەت بـويىچە ماڭىـدۇ» دېيىشـى مـۇمكىن. بىـز ئۇنىڭـدىن: «شـۇ قانۇنىيەتنىـڭ كەيىنـدە پەرىشـتىلەرنىڭ بـار يـاكى يوقلـۇقىنى سـەن نـېمە بىلىسەن؟» دەپ سورايمىز.

ئـاللاھ قۇرئـان كەرىمـدە يارىتىۋاتقـان بـۇ ئىنسـاننى «خەلىـپە» دەپ ئاتىلغـا ئالـدى. خەلىـپە سـۆزى «ئىزباسـار، باشـقىلارنىڭ ئىشـنى ۋاكـالىتەن قىلىـدىغان كىشـى» دېـگەن بولىـدۇ. بـۇ ئىزباسـار زېمىنـدا كىمنىـڭ ئورنىـدا خەلىـپە بولـۇپ ئىـش ئېلىـپ بارىـدۇ؟ ئىنسـانلار بىـر-بىـرىگە ئىـز باسـار بولىـدۇ. ئـاللاھ بـۇ ئـايەتتە «ئىنسـان ئۆلسـە، ئۇنىـڭ ئورنىغـا باشـقا بىـرى خەلىـپە بولىـدۇ» دېـگەن مەقسـەتنى ئىپادىلەۋاتىـدۇ. بەزىلـەر دېگەنـدەك «ئـاللاھ زېمىنغـا بەزىـدە ئىنسـاننى، بەزىـدە باشـقا بىـر جىنسـنى خەلىـپە قىلىـدۇ» دېـگەن مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ. ئـاللاھ بـۇ سـۆزلەرنى رەت قىلىـپ: ﴿إِن يَشَـأْ يُـذْهِبْكُمْ وَيَـأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ. وَمَا ذَٰلِـكَ عَلَـى اللَّـهِ بِعَزِيـزٍ﴾[1] «(ئـى ئىنسانلار!) سىلەرنى يوق قىلىۋېتىـپ (ئورنۇڭلارغـا سـىلەردىن ياخشـى) يېڭـى ئـادەملەرنى يارىتىـدۇ. بـۇ ئاللاھقـا قـيىن ئەمەس» دېـگەن. بـۇ ئـايەتتىمۇ ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىنسـاننى زېمىنغـا خەلىـپە قىلىـش ئۈچـۈن ياراتقـانلىقى چىقىـپ تۇرىـدۇ. ئىنسـاننىڭ ماكـانى پەقەت زېمىـن. ئىنسـان قىيـامەتكە قەدەر زېمىنـدا ياشـايدۇ، زېمىنغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلىـدۇ. ئىنسـاننىڭ ئورنىغـا ھېچقانـداق مەخلـۇق ئالماشمايدىغانلىقى ئېنىق بىر ھەقىقەت.

يۇقىرىـدىكى يېڭـى خەلقمـۇ شـۇ ۋەيـران بولغـان خەلقنىـڭ تۇرىـدىن بولىـدۇ. يەنـى ئـاللاھ بـۇ ئىنسـانلارنى ۋەيـران قىلىۋېتىـپ قالسـا، يېڭـى كەلتۈرىدىغان خەلقمۇ ئىنسانلاردىن بولۇپ، باشقا تۈردىن بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 19، 20-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا﴾[1] «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» دېگەن. بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانلار كەتكەندىن كېيىن يەنە ئىنسان تۇرىدىن بولغانلار كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتتە يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە "خَلْفٌ" دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىمۇ باشقا ئايەتلەردىكى "خَلِيفَة" دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش.

شائىرمۇ شېئىردە "خَلْفٌ" دېگەن سۆزنى «ئىزباسار، كەينىدە قالماق» مەنىسىدە ئالغان.

ذهب الذين يعاش فى اكنافهم... وبقيت فى خلف كجلد الأجرب...

ماكانلىرىدا ياشايدىغان ئادەملەر كەتتى... تېرىنىڭ قاسىرىقىدەك كەينىدە قالدىم

ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدۇردى ۋە پۈتۈن زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ زېمىندا ئىنسانغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەييار قىلدى. پۈتۈن كائىنات ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بويسۇندى. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىدا: "يَا ابْنَ آدَمَ تَفَرَّغْ لِعِبَادَتِي أَمْلَأْ صَدْرَكَ غِنًى وَأَسُدَّ فَقْرَكَ وَإِلَّا تَفْعَلْ مَلَأْتُ يَدَيْكَ شُغْلًا وَلَمْ أَسُدَّ فَقْرَكَ"[2] «ئى ئادەم بالىسى ماڭا خالىس ئىبادەت قىل، سېنىڭ قەلبىڭنى باي قىلىپ، كەمبەغەللىكىڭنى يوق قىلىۋېتىمەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ سېنى مەشغۇل قىلىپ، كەمبەغەللىكىڭنى يوق قىلمايمەن» دېگەن. بۇ ھەدىستىن شۇ چىقىدۇكى، ئاللاھ زېمىندا ئىنسانغا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى

[1] سۈرە مەريەم، 59-ئايەت
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

تولۇقلىغان. پەقەت ئىنسان ئاللاھقا بويسۇنۇپ، خالىس ئىبادەت قىلسا، ئاللاھ ئىنسانغا پۈتۈن دۇنيانى بېرىدۇ.

ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: «مەن زېمىندا ئىنساننى يارىتىمەن» دېگەن ۋاقىتتا: ﴿قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ﴾ «پەرىشتىلەر: يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز - دېدى» دېگەن. بۇ ئايەتكە قارىساق پەرىشتىلەر «ئى ئاللاھ، سەن نېمە ئۈچۈن يەردە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان ئىنسانلارنى يارىتىسەن؟» دېگەن بولۇپ، ئىنسان يارىتىلىشتىن ئىلگىرى قان تۆكۈلۈش بولۇپ باقمىغان تۇرسا، پەرىشتىلەر ئىنساننىڭ بۇ قەدەر ئەسكى ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلگەن؟ پەرىشتىلەرنىڭ بۇنداق قىياس قىلىشى ئۈچۈن ئىنسان يارىتىلىشتىن بۇرۇن شۇنداق بىر مەخلۇقنى كۆرگەن بولۇشى كېرەك. ئەمىسە «زېمىندا ئىنسانلاردىن ئىلگىرى كىم ياشىغان؟» دېيىلسە، بەزىلەر: «جىنلار ياشىغان» دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَالْجَانَّ خَلَقْنَاهُ مِن قَبْلُ مِن نَّارِ السَّمُومِ﴾[1] «جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق» دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە خۇددى جىن ئىنساندىن بۇرۇن يارىتىلغاندەك ئىپادە چىقىۋاتىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ بۇنداق دېيىشى جىنلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى. مەخلۇقنىڭ مەلۇماتى چەكلىك، ئەمما ئاللاھنىڭ ئىلمى مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىزدۇر.

---

[1] سۈرە ھىجر، 27-ئايەت

www.uyghurkitap.com



پەرىشتىلەر يۇقىرىدىكى ئادەم ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاشكارا دېگەنمۇ ياكى يوشۇرۇنمۇ؟ ئۇلار مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا دېسۇن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ «مەن ھەققەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى. يەنى «مەن بۇ مەسىلىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى بىلىمەن، سىلەر بىلمەيسىلەر، كەلگۈسىدە ئىنساندا سىلەر بىلمەيدىغان ئىپادىلەر بولىدۇ» دېگەن. پەرىشتىلەر ئاللاھقا: ﴿وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ﴾ «بىز سېنى پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېگەن. "تقدىس" دېگەن سۆز ئاللاھنى لايىق بولمايدىغان سۆزلەردىن پاكلاش دېگەنلىك بولىدۇ. پەرىشتىلەر بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا﴾ «سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن» دېگەن.

تەسبىھ ۋە پاكلاش ئەيىب -نۇقسانسىز، مۇتلەق مۇكەممەل بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ ئاللاھ تائالا بىردۇر. ئاللاھ تائالا "سبحانك" دېگەن سۆزنى ئۆزىدىن باشقىلارغا ئىشلەتمەيدىغان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ تىلى ئاللاھتىن باشقىغا تەسبىھ ئېيتىشتىن چەكلەنگەن. پەرىشتىلەرنىڭ ﴿وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ﴾ دېگەن سۆزى ئاللاھنىڭ ھېچقانداق بىر زاتقا سۈپەتتە ۋە باشقا نەرسىلەردە ئوخشىشى يوق دېگەنلىك بولىدۇ. "بِحَمْدِكَ" دېگەن سۆز «سېنى پاك دەپ ئويلايمىز ۋە ھەمدە ئېيتىمىز، بىزنىڭ سېنى پاك دېگەنلىكىمىز بىزگە بېرىلگەن بىر نېئمەت، بىز شۇ نېئمەتكە قارىتا ھەمد ئېيتىمىز» دېگەنلىك بولىدۇ. "تقدىس" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاللاھ تائالانى ھەممە نەرسىلەردىن پاكلاش» دېگەنلىك بولىدۇ.

# 28-دەرس

## سۈرە بەقەرە 31-ئايەت

﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلَائِكَةِ فَقَالَ أَنبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَـٰؤُلَاءِ إِن كُنتُم صَادِقِينَ﴾

**«ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: ‹(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دېيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار› دېدى»**

بۇ يەردە ئەقلىمىزگە «ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتكىچە بولغان ھەممە نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتتىمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن پەيدا بولىدىغان يېڭى كەشپىياتلارنىڭ نامىنىمۇ بىلدۈرگەنمۇ؟» دېگەن سوئال كېلىدۇ. چۈنكى ئايەتتە «ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتتى» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئۆگىتىپ، پەرىشتىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ ئالاھىدە بىر ئورۇنغا قويغان ۋاقىتتا، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەمگە يۇقىرى تەبىقىدىكى پەرىشتە بىلمەيدىغان بىلىمنى بەرگەن بولدى. چۈنكى ئادەم لايدىن، پەرىشتە نۇردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يارىتىلغان. يۇقىرى تەبىقىدىكى پەرىشتە بىلمەيدىغان نەرسىلەر تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسانغا بىرىلمەيتتى، لېكىن ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بەردى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر. ئاللاھ تائالا بۇنى ئىنسانغا بىرىش ئارقىلىق ئىنساننى پەرىشتىدىن يۇقىرى قىلدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە پادىشاھ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېرىشەلمەيدىغان ئىمتىيازنى بەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بىر ھۆپۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ﴿أَحَطتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِهِ وَجِئْتُكَ مِن سَبَإٍ بِنَبَإٍ يَقِينٍ﴾[1] «مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەئدىن (يەنى يەمەندىكى سەبەئ شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم» دېگەن. ئىنسان ۋە جىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھ قانداقمۇ ھۆپۈپتەك كىچىك ۋە ئاجىز بىر قۇش بىلگەن نەرسىنى بىلمىگەن؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ مەغرۇرلىنىشىنى يامان كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەزى ۋاقىتلاردا ئاددىي كىشىلەرنى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن ئارتۇق قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرەپتىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەلچى ۋە پەيغەمبەر تۇرۇپ، تارىختا خىزىر دېيىلگەن سالىھ بىر كىشىدىن ئىلىم ئۆگەنگەن. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىن تۆۋەن بولغان ئىنسانغا بىر نەرسىنى بېرىش ئارقىلىق پەرىشتىلەردىن يۇقىرى قىلىۋەتتى. دېمەك، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قۇدرىتى ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى ئاللاھتىن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىز بىلىدىغان ھەم بىلمەيدىغان نۇرغۇن شەيئىلەرنى ياراتتى. پەرىشتىلەرنى مۇشۇ شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن

---

[1] سۈرە نەمل، 22-ئايەت

ئۆگىنىدىغان قىلدى. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قايسى شەكىلدە ئۆگەتتى؟ ئادەتتە يارىتىقۇچىنىڭ ئۆگىتىشى مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆگىتىشىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئىلھام قىلىش ئارقىلىق ئۆگەتكەن.

بۇ ئادەم ۋە پەرىشتىلەر ئارىسىدا بولغان بىرىنچى كۆرۈنۈش. بۇ كۆرۈنۈشتە كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسىلەر يارىتىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەممىسىنىڭ ناملىرى ئىلھام شەكلىدە ئۆگىتىلگەن. سۆز ئاڭلاشتىن بىلىنىدۇ، تىل مۇھىتتا شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتكەن ۋاقىتتا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاڭلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىشى كېرەك بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئەرەبنىڭ بالىسى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ لوندوندا ياشىسا، ئۇنىڭ تىلى ئىنگلىزچە چىقىدۇ. نەچچە يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنگلىزچە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، ھەتتا ئۇ بالا ئەرەبچىدىن بىر سۆزمۇ چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى بىر ئىنگلىزنىڭ بالىسىنى بىر ئەرەب يۇرتىدا قويۇپ قويسا، ئۇ بالىنىڭ تىلى ئەرەبچە چىقىدۇ، ئىنگلىزچە سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل دېگەن ئادەمگە مىراس قالىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئادەم ئاڭلاپ سۆزلەيدىغان بىر خىل دوراشتۇر. مەن چوڭ بولۇۋاتقاندا باشقىلار قانداق تىلدا سۆزلىگەن بولسا، مەنمۇ شۇنى ئاڭلاپ شۇ تىلنى دوراپ سۆزلەيمەن. ئۇنداقتا «ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىنى پەرىشتىلەرگە تەلەپپۇز قىلىپ ئېيتىپ بەردى» دېگەنلىك «ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىدى» دېگەنلىك بولىدۇ.

دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن ئۇسلۇب ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىۋاتقان ئۇسلۇبنىڭ ئۆزى. ئادەتتە كىچىك بالىلارغا بىر نەرسە ئۆگەتكەن ۋاقىتتا ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەرىكەتلەردىن باشلىماستىن، نەرسىلەرنىڭ نام-ئاتالغۇلىرىدىن باشلايدۇ. مەسىلەن: بۇ ئىستاكان، بۇ تاغ، بۇ دېڭىز، بۇ قۇياش... دېگەندەك. كىچىك بالا شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ شەيئىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

بىز يۇقىرىدا سۆزنىڭ تۈنجى قېتىم پەيدا بولۇش ئەھۋالىنى تونۇپ يەتتۇق. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇتلەق قۇدرىتى ئارقىلىق پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتتى.

بۇ يەردە بىز ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. بىز بۇ سوئاللارنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

1-سوئال: ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتكەن بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆگەنگەن شۇ ئىسىملارنىڭ ئىچىدە بۇ دۇنيادا يېقىندىن ئىجاد قىلىنىدىغان كەشپىياتلارنىڭ ئىسمى بارمۇ، يوقمۇ؟

ئادەم ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە يارىتىلغان ۋاقىتتا، زېمىندا ئېھتىياجلىق بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ زېمىندىكى ھاياتنىڭ تەقەززاسى ئىدى. بىرەر يېڭى شەيئى پەيدا بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى بۇرۇن ئۆگەنگەن ئىسىملاردىن پايدىلىنىپ ياسايدۇ. ئاتالغۇ ئۆزى پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى شۇ نەرسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، بۇرۇن بار بولغان سۆزلەردىن ياسىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىندىن پەيدا بولغان ئىسىملار شۇ تىلغا تەۋە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش كائىناتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئەسلى مەنبەسىگە قايتۇرساق، بۇ ئىسىملارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ ئاللاھ

تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. مەسىلەن: ئىنسانىنى ئەسلىگە قايتۇرساق، تۇنجى ئىنسانىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى بىۋاستە ياراتقانلىقىنى بىلىمىز. ئىلىمنىمۇ ئەسلىگە قايتۇرساق، ئىلىمنىمۇ تۇنجى قېتىم ئاللاھ تائالا ياراتقان ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆلىنىپ كېلىش ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن. ھەرقانداق بىر ئىلىم ئۆگەتكۈچىگە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن تۇنجى مۇئەللىم ئاللاھ تائالادۇر. ئاندىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالام بالىسىغا، ئۇمۇ بالىسىغا ئۆگىتىش ئارقىلىق زەنجىرسىمان ئۆلىنىپ بىزگە يېتىپ كەلگەن.

2-سوئال: ئاللاھ تائالا ئادەمگە تۇنجى قېتىم ئۆگەتكەن مۇئەللىم تۇرسا، نېمىشقا دۇنيادا بىر خىل تىل بولماي، نەچچە خىل تىل ۋە شېۋە بولىدۇ؟

تارىخ دەۋرلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ زېمىنغا تارقىلىشى بىلەن تىللار ئۆزگىرىشكە باشلىغان. ئادەتتە ھەرقانداق بىر تىل بۇرۇن مەۋجۇت بولغان بىر تىلغا تۇتىشىدۇ. مەسىلەن: ئىنگلىز، ئىتاليان تىلى قەدىمكى لاتىن تىلىغا تۇتاشقان. ئىبراي تىلى، ئەرەب تىلى سىرىي تىلىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەب تىلى بىر تىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن شېۋىلىرى بار. ھەتتا بىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىمۇ باشقا-باشقا شەھەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، نەچچە خىل شېۋىدە سۆزلىشىدۇ. ئەرەب تىلى ئەسلى بىر تىل ۋە قۇرئان تىلى. لېكىن ئەرەبلەردىن ئۆتكەن تارىخي ئاجىزلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ ئايرىم ھالەتتە ئەكېلىپ قويغاچقا، ھەر ئورۇندىكىلەر تىلىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغان. نەتىجىدە نۇرغۇن شېۋىلەر مەيدانغا كەلگەن.

ئاللاھ تائالا ئادەمگە پۈتۈن ئىسىملارنى ئۆگىتىپ، بۇ ئىسىملارنى پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ: ﴿أَنبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَـٰؤُلَاءِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى. يەنى، ئاللاھ تائالا ئادەمنى بىلىم بىلەن ھۆرمەتلەپ، پەرىشتىلەرگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى بەردى ۋە ئىسىملارنى پەرىشتىلەرگە ئۆگىتىدىغان ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق قۇدرىتىنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا كائىناتتا خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئاددىي نەرسىلەرنى يۇقىرى تەبىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىش پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

بۇ ئۇقۇمنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر مىسال ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئاجىز ئىنسان ئېغىر يۈكنى كۆتۈرمەكچى بولسىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇ ئاجىز ئىنساننىڭ يېنىدا كۈچلۈك بىرى بولسا، ئۇنىڭغا كۈچىدىن بېرەلمەيدۇ، لېكىن شۇ يۈكنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش. لېكىن شۇ ئاجىز ئىنساننى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغان قىلىدىغىنى ئىنسان ئەمەس، بەلكى ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا ئاجىز ئىنساننى كۈچلۈك، كۈچلۈك ئىنساننى ئاجىز قىلالايدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرىغا قارىساق، خۇددى پەرىشتىلەر يالغان ئېيتىدىغاندەك ئاللاھ تائالا: ﴿إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ «سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار» دېگەن. بۇ يەردە «پەرىشتىلەر يالغان ئېيتامدۇ؟» دېگەن بىر سوئال چىقىدۇ. ئەلۋەتتە ياق. پەرىشتىلەر ئاللاھقا دائىم تەسبىھ ئېيتىدىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، توسقىنىدىن يانىدىغان بىر مەخلۇق بولۇپ، ھەرگىزمۇ يالغان ئېيتمايدۇ. لېكىن پەرىشتىلەر ئىنسانلارنى بۇرۇن يارىتىلغان جىنلارغا قىياس قىلىپ، «ئىنسانلار يارىتىلغاندىن كېيىن شۇنداق قىلارمۇ؟» دېگەن. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئايەت بۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى غەيبنى قىياس قىلغانلىقى ۋە غەيبنى

بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت پەرىشتىلەرنى ئەسكەرتىش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى توغرىلاش ئۈچۈن دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا پەرىشتىلەرگە ئادەمنىڭ بۇرۇن يارىتىلغان جىنلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، پەرىشتىلەرنىڭ غەيبنى قىياس قىلىپ، ئاللاھنىڭ سورىغان سوئالىدا خاتالاشقانلىقىنى، غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

# سۈرە بەقەرە 32-ئايەت

﴿قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾

**«پەرىشتىلەر: ‹سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن› دېدى»**

بۇ بىزگە ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى تۇنجى مۆئەللىم ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر مۆئەللىمى بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ تۇنجى مۆئەللىمىمىز بولۇشى كېرەك. بىز بۈگۈنكى كۈنىمىزدە كۆرۈۋاتقان نۇرغۇنلىغان تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بەرگەن ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ ماسلىششىدىن كېلىپ چىققان.

ھەرقانداق بىر ئىجادىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىلگىرىكى بىر نەرسىدىن ئالغان بولىدۇ، چۈنكى ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلىسى بار. ئىنسان دۇنيادا يوق ھەرقانداق نەرسىنى يېڭىدىن ئىجاد قىلالمايدۇ. يەنى زېمىندا پەيدا بولۇۋاتقان نەرسىلەر ئىلگىرىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان ئىلھام ۋە قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: سۇ ئەزەلدىن بار، قۇياش نۇرى سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ، بۇلۇت پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن پويىز ۋە باشقا ماشىنىلارنى ياساپ، ئىلىم-پەن دەۋرىنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەب بولدى. لېكىن بۇ ئىلگىرىكى قانۇنىيەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسان بار بولغان ئېنېرگىيە ۋە

ئەقلنى بىرلەشتۈرۈپ تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

ئىنسان پار بىلەن ماشىنىدىغان پويىز ياسىغان دېسەك، بۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۇنى ھورغا ئايلاندۇرۇش قانۇنىيىتىنى بايقاشتىن باشلىنىدۇ. بۇ تەرەققىيات ئېنېرگىيە كۈچىدىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ ئىنسان ئەقلىگە بەرگەن مەلۇماتىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولىدۇ. يەنى ئىنسان كىچىككىنە بىر مەلۇماتنى بىلىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالالايدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىلىم ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەسلىگە تايىنىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن ئىمكانىيەتلەر بىلەن باغلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەجرىبىۋى ياكى پەننىي ئىلىملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىققىتىمىزنى ياراتقۇچىنىڭ كائىناتتىكى دەلىل-پاكىتلىرىغا تارتىپ، شۇ دەلىل-پاكىتلار ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئۈندەيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَكَأَيِّن مِّنْ آيَةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ﴾[1] «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئەقىل-ئىدراكىمىزنى ئىشلىتىپ، ئاسمان-زېمىندىكى نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ بېقىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئىنسان مەدەنىيىتىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى بايقىشىمىز ئۈچۈن، قۇرئان بىزدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇئمىن بولمىغان كىشىلەر ئىلىم-پەن ساھەسىدە بىزدىن تەرەققىي قىلىپ كەتتى. ئۇلار مۇئمىن ئەمەس تۇرۇپ بىزدىن تەرەققىي قىلىپ كەتكەن

[1] سۈرە يۇسۇف، 105-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەردە، بىزنىڭ مۆئمىن تۇرۇپ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى دەلىل-پاكىتلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلماسلىقىمىز چوڭ گۇناھلار قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: نيۇتون دەرەختىكى ئالمىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كەتمەستىن يەرگە چۈشكىنىگە قاراپ، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق «يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى»نى بايقىغان.

ئاللاھ يەرگەن ئىلىمدىن بىر مىسال ئالماقچى بولساق، بىر ئۇرۇقچىغا قارىشىمىز يېتەرلىك. بىر تال ئۇرۇقچىدىن ناھايىتى يوغان بىر مېۋە دەرىخى مەيدانغا كېلىدۇ. يەرگە سېلىنغان ئاشۇ كىچىك ئۇرۇقچىدا يوغان بىر تۈپ دەرەخ بارمىتى؟!

ھەرقانداق بىر پەننىڭ باشلىنىشى نەزەرىيە بىلەن باشلانماستىن، ئاللاھ تائالا كائىناتتا ياراتقان، ھېچقانداق دەلىل-پاكىتقا ئېھتىياجى بولمىغان ئوچۇق مەسىلىلەر بىلەن باشلىنىدۇ. ئەمما ھەممە پەن نەزەرىيەگە ئاساسلىنىدۇ. بىرىنچى نەزەرىيە ئىككىنچى نەزەرىيەگە، ئىككىنچى نەزەرىيە ئۈچىنچى نەزەرىيەگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەزەرىيەلەر مۇشۇ شەكىلدە تەرەققىي قىلىپ، ئارقمۇ-ئارقا قۇرۇلىدۇ. سەن مۇشۇ نەزەرىيەلەرنىڭ ھەممىنى ئەڭ بېشىغا قايتۇرساڭ، تۇنجى ئىلىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسەن. تۇنجى مۆئەللىم ئاللاھ، تۇنجى مېتونىمۇ ئاللاھ ياراتقان. ئىنسان يارىتىلغاندىن باشلاپ قىيامەتكىچە بولغان بايقاشلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن بار. يەنى بىر تال ئۇرۇقچىنىڭ ئىچىدە چوڭ بىر دەرەخنىڭ خۇسۇسىيىتى بار. دېمەككى، نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ ئويلىنىپ بايقىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا زېمىندا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قويغان، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇشۇلارنى تەتقىق قىلىپ بايقاپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشتۇر.

شائىر ئەھمەد شەۋقىينىڭ مۇشۇ بايانلارغا ماس كېلىدىغان بىر شېئىرى بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكى ئۈچ مىسرادىن تەركىب تاپقان.

سُــــبــــحــــانَــــكَ الــــلَــــهُــــمَّ خَــــيــــرَ
مُــــعَــــلِّــــمٍ عَــــلَّــــمــــتَ
بِــــالــــقَــــلَــــمِ الــــقُــــرونَ الأولــــى

أَرسَــــلــــتَ بِــــالــــتَــــوراةِ مــــوســــى
مُــــرشِــــداً وَاِبــــنَ
الــــبَــــتــــولِ فَــــعَــــلَّــــمَ الإِنــــجــــيــــلا

وَفَــــجَــــرتَ يَــــنــــبــــوعَ الــــبَــــيــــانِ
مُــــحَــــمَّــــداً فَــــسَــــقــــى الــــحَــــديــــثَ
وَنــــاوَلَ الــــتَــــنــــزيــــلا

ئاللاھىم پاك، ياخشى مۇئەللىمسەن دەسلەپكىلەرگە قەلەم بىلەن ئۆگەتتىڭ

تەۋرات بىلەن مۇسانى يېتەكچى قىلدىڭ ئۆگەتمەككە ئىنجىلنى، ئىسا ئەۋەتتىڭ

ھەقىقەتنىڭ بۇلىقى مۇھەممەد بولدى قۇرئان-ھەدىس سۈيىدە بىزنى سۇغاردى

شائىر شەۋقىي ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى بېيىتلىرىدا دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلىمنىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار سۆزىدە: ﴿قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ «پەرىشتىلەر: سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن - دېدى» دېگەن. پەرىشتىلەرنىڭ ئېيتىراپ قىلىشىدىن پۈتۈن ئىلىملەرنىڭ ئاللاھقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قايتىدىغانلىقى، ئىلىم-ھېكمەت مەنبەسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى نامايەندە بولىدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ دېگەن ئىككى سۈپەت كەلتۈرۈلگەن. "الْعَلِيمُ" بولسا «مەخپىي ۋە ئاشكارا بولغان ھەرقانداق ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ. "الْحَكِيمُ" بولسا «ھېكمەت» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەرەب تىلىدا ھېكمەت دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئاتنىڭ ئېغىزىغا سېلىنىدىغان چۇلۋۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. مىنگۈچى ئاتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئېغىزىغا چۇلۋۇر سالىدۇ. چۈنكى ئات دېگەن ئەركە، ئاسان قاچىدىغان، باشقۇرماق تەس بىر ھايۋان بولۇپ، كۆندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق. چۇلۋۇر سالغان ۋاقىتتا، ئات ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە ئاجايىپ ئىتائەت قىلىدىغان بىر ھايۋانغا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارغا ھەردائىم يول كۆرسىتىپ يېتەكلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن "الْحَكِيمُ" دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن. "الْحَكِيمُ" بولسا «ئىشلارنى ھېكمەت ۋە دانالىق بىلەن باشقۇرغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ھېكمەت - شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىششى ئۈچۈن نىشان بەلگىلەش، كائىناتنى ئالدى ۋە كەينىدىن باتىل كەلمەيدىغان شەكىلدە باشقۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمدى ئاللاھنىڭ ﴿الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ دېگەن سۈپىتىگە كەلسەك، بۇ «ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، كائىناتقا رامكا ۋە چېگرا بەلگىلەپ بەرگەن زات» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: فىقھىدىكى ھېكمەت ساغلام ھۆكۈم چىقىرىش، شېئىردىكى ھېكمەت سۆزلەرنى ئۆلچەم بويىچە ئورنىغا چۈشۈرۈش، تېبابەتتىكى ھېكمەت كېسەلنى كۆرۈپ، شۇ كېسەلنى داۋالايدىغان نەق دورىنى تېپىپ چىقىشتۇر.

كائىناتنىڭ ھەممىسى ﴿الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ بولغان زات تەرىپىدىن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ھەممە شەيئىلەرنى ئۆز ئورنىدا خىزمەت قىلىشقا بېكىتكەن. ئاللاھ تائالانى "الْحَكِيمُ" دەپ سۈپەتلەش ئاللاھنىڭ "الْعَلِيمُ" بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئورنىدا ھېكمەت بىلەن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە مەخلۇقاتلىرىغا ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق ئىلىملەرنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ زېمىندىكى دەلىل-پاكىتلارنى بايقىشى ئۈچۈن، ئىنساننى ئەقىل بىلەن ئالاھىدە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى. الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى﴾[1] «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم قىلدى (ئىنساندا ھەممىنى تەل قىلدى)» دېگەن.

[1] سۈرە ئەئلا، 1~ 3-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 29-دەرس

## سۈرە بەقەرە 33-ئايەت

**﴿قَالَ يَا آدَمُ أَنبِئْهُم بِأَسْمَائِهِمْ ۖ فَلَمَّا أَنبَأَهُم بِأَسْمَائِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ﴾**

**«ئاللاھ: ‹ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن› دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ‹مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم› دېدى»**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، زېمىندا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا قارىتا مۇلاھىزىسى ۋە بىلدۈرگەن ئىپادىسىگە رەددىيە بېرىشنى ئىرادە قىلدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ بۇ ئىشتىكى ھېكمىتى ئۇلارغا مەخپىي ئىدى. ئاللاھ بۇ ھېكمەتنى ئۇلارغا بۇ ئايەت ئارقىلىق بىلدۈرۈپ قويدى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ زېمىنغا ئىز باسار قىلىشتىن ئىلگىرى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ زېمىندا قىلىدىغان پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلەتتى. ئەمما پەرىشتىلەر بۇ ھەقتە ھېچنېمە

بىلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئىشلارنى بىلىش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس ئىدى. ھەرقانداق نەرسە ياكى ئىش شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان كىشىگە ئاساندۇر. ئىنسان ياكى باشقا مەخلۇقاتلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مۇئەييەن يارىتىلىش مەقسىتى بولغاچقا، ھەر كىشىنىڭ يارىتىلغان ئىشلىرى ئۇنىڭغا ئاسان قىلىنغان ۋە شۇنىڭغا ئائىت بىلىملەر بېرىلگەن. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە دەل مۇشۇ ھالەتنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. چۈنكى پەرىشتىلەر زېمىندا بولۇن ياشىغان جىنلارغا ياكى باشقا مەلۇماتقا ئاساسەن ئادەمگە قارىتا ئىپادە بىلدۈرگەن. بۇ ئىككىلا تەرەپ توغرا ئەمەس ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتىلەردىن ئايرىپ، پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى ۋە پەرىشتىلەردىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى دەپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن پەرىشتىلەر ئىلىملەرنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ ئۆگەتمىسە ئۆزلىرىنىڭ ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بايان قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىسىملارنى قارىسىغا ياكى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ۋە ياكى ئۆزى ئۆگىنىۋالغان ئىلىم بىلەن دەپ بەرگەن ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆگىتىشى بويىچە بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿نَرْفَعُ دَرَجَاتٍ مَّن نَّشَاءُ وَفَوْقَ كُلِّ ذِي عِلْمٍ عَلِيمٌ﴾[1] «بىز خالىغان ئادەمنى يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز، ھەربىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار» دېگەن. بىلىدىغان كىشى بىلمەيدىغان كىشىدىن پەزىلەتلىك، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولغان كىشىگە ئىلىم ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئورۇنىدىمۇ ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرۈپ، پەرىشتىلەرگە

[1] سۈرە يۈسۈف، 76-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلدۈرمەسلىكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىمى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان. پەرىشتىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلگەنلىكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدۇر. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ «ئادەملەر زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزىگە رەددىيە قايتۇردى ۋە پەرىشتىلەرگە ئەسلىتىپ تۇرۇپ: ﴿أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ «مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى.

ئاللاھ تائالا غەيبنى بىلىدىغان يېگانە زاتتۇر. بۇ يەردىكى غەيب مۇتلەق غەيبتۇر. ئاللاھ نىسپىي غەيبنىمۇ تولۇق بىلىدۇ. مەسىلەن: پۇل قاپچۇقىمىز يىتىپ كەتكەن بولسا، كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ بىزگە نىسبەتەن نىسپىي غەيب. لېكىن بۇ ئوغرىغا ۋە ئۇنىڭ كۆزەتچىلىك قىلىشىپ بېرىدىغان شېرىكىگە نىسبەتەن غەيب ئەمەس. مانا بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلىدىغان، بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلمەيدىغان نىسپىي غەيبتۇر. ئىدارىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىنىڭ خىزمەتتىن قوغلىنىش قارارى يىغىندا ماقۇللانغان بولسا، ئۇ خىزمەتچى بۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما شۇ يىغىنغا قاتناشقانلار ۋە بۇ قارارنى ماقۇللىغانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ. مانا بۇمۇ نىسپىي غەيب.

ئاللاھ تائالانىڭ بىلىدىغىنى نىسپىي غەيبتىن باشقا مۇتلەق غەيبتۇر. مۇتلەق غەيب بولسا يۈز بېرىدىغان ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرىدىغان، ھېچقانداق مۇقەددىمىسى بولمىغان، تۇيۇقسىز كېلىدىغان غەيبتۇر. بۇنداق غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ﴾ «مەن سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېگەن. بۇ ئايەت بىلەن بىرگە پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا: ﴿قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ

وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ﴾[1] «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز» دېدى. بەزىدە «پەرىشتىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاشكارا دېگەنمۇ ياكى كۆڭلىدە ئويلىغانمۇ؟» دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پەرىشتىلەر مەيلى ئاشكارا دېگەن ياكى كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىغان بولسۇن، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتۇر. بۇ نۇقتىدا مۇنازىرە قوزغاشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق. قايسى ھالەتتە بولسۇن، ئاللاھ تائالا تولۇق خەۋەرداردۇر.

[1] سۈرە بەقەرە، 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 34-ئايەت

﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ﴾

### «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: ‹ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار› دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ مەسىلە ئۈزۈن تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان. بەزىلەر: «پەرىشتىلەر قانداقمۇ ئاللاھتىن باشقا بىرىگە سەجدە قىلسۇن؟ سەجدە دېگەن يەككە-يېگانە ئاللاھقا بولىدۇ» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلغانلىقى ئىبادەت قىلغانلىقمۇ؟» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا: «ئاللاھتىن باشقىغا سەجدە قىلىش ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا توغرا بولمايدۇ» دېدى. بىز بۇ كىشىلەرگە: «سىلەر بۇ سەجدىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپسىلەر. بۇ يەردىكى سەجدىنىڭ تېگىگە يېتەلىگەن بولساڭلار بۇ خىل سوئالنى سورىمايتتىڭلار» دەيمىز. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆگىتىپ، پەرىشتىلەردىن مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن بولغان، ھەرگىزمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغۇچى ئاللاھتۇر. سەجدە قىلىشقا ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇيرۇلمىدى، ھەم سەجدە قىلىشقا بۇيرۇش ھەققىمۇ يوق. شۇڭا بۇ بۇيرۇققا ئىتائەت قىلغۇچى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان، بۇ بۇيرۇقنى رەت قىلغۇچى ئاللاھقا كاپىر بولغان بولىدۇ.

ئىبادەت - ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ۋە توسقىنىدىن يېنىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ بىزگە بىر ئىشنى «قىل» دېگەن بولسا بىز شۇ ئىشنى قىلىمىز، «قىلما» دېسە قىلمايمىز. ئىبادەت - خالىقنىڭ بۇيرۇقى ۋە توسقانلىرىدا مەخلۇقنىڭ خالىققا ئىتائەت قىلىشى دېگەنلىكتۇر. بىز ھەجگە بارساق، كەئبىدىكى قارا تاشنى سۆيىمىز. مىنادىكى شەيتانغا ۋەكىللىك قىلىنغان تاشقا تاش ئاتىمىز. بىر تاشنى سۆيىمىز، يەنە بىر تاشقا تاش ئاتىمىز! ھەر ئىككىسى ئوخشاش تاش، ئەمما بۇ بىر ئىبادەت. چۈنكى تاش ئېتىشقا بۇيرۇغىنىمۇ، تاشنى سۆيۈشكە بۇيرۇغىنىمۇ ئاللاھتۇر. بۇ يەردىكى مەسىلە تاش ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق قىلغۇچى! مانا بۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە يولىغا ئەگىشىش ئۇقۇمى.

بىز ئىبادەت قىلىشتا قانداق بۇيرۇلساق شۇنداق قىلىمىز. نەزىرىمىزدە ئاللاھنىڭ يولىدىن باشقا مۇقەددەس نەرسە يوق. پەرىشتىلەر ئۇچۈنمۇ شۇنداق. پەرىشتىلەرمۇ بۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن سەجدە قىلمىدى. بەلكى ئۇلار ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن سەجدە قىلدى. ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى ئۈچۈن سەجدە قىلىش بىلەن باشقا بىر نەرسىگە سەجدە قىلىشنىڭ ئارىسىدا بەك چوڭ پەرق بار. ئاللاھ بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن سەجدە قىلغانلىق ئاللاھنىڭ يولىدىن چىققانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتۇر. پەرىشتىلەرنىڭ سەجدە قىلىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش ۋە ياكى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بۇيرۇغىنى ئۈچۈندۇر. بۇ يەردىكى دىققىتىمىزنى تارتىدىغان مەسىلە پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلغانلىق ياكى قىلمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق ياكى قىلمىغانلىقى بولۇشى كېرەك.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن پەرىشتىلەر سەجدە قىلغانمۇ؟ ياق، پەقەت ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەرىشتىلەرلا سەجدە قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَافِظِينَ. كِرَامًا كَاتِبِينَ. يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ﴾[1] «ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار) نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»، ﴿مَّا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾[2] «ئىنسان قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ» ۋە ﴿فَالْمُدَبِّرَاتِ أَمْرًا﴾[3] «(ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ)» دېگەن. ئىنساننىڭ دەيدىغان سۆزلىرى، قىلىدىغان پۈتۈن ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر، شەيتانلاردىن قوغدايدىغان قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان پەرىشتىلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسان بىلەن بولغان خىزمىتى ۋە مۇناسىۋىتى بولىدۇ. سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغىنى دەل مۇشۇ خىل پەرىشتىلەردۇر. ئەمما ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، ئاسماننى قوغدايدىغان ۋە ئۇلاردىن باشقا ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز پەرىشتىلەر بۇ سەجدە بۇيرۇقىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

---

[1] سۈرە ئىنفىتار، 10، 12-ئايەتلەر
[2] سۈرە قاف، 18-ئايەت
[3] سۈرە نازىئات، 5-ئايەت

ئىبلىس سەجدە قىلىشتىن باش تارتقاندا: ﴿قَالَ يَا إِبْلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَن تَسْجُدَ لِمَا خَلَقْتُ بِيَدَيَّ أَسْتَكْبَرْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ الْعَالِينَ﴾[1] «ئاللاھ ئېيتتى: ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟ (ئۇنىڭغا سەجدە قىلماسلىقىڭ) تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭدىنمۇ ياكى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن بولغانلىقىڭدىنمۇ؟» دېگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى «سەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىنمۇ؟» دېگەنلىكى سەجدە قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بەزى پەرىشتىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى بىزنىڭ نامازدا كەئبىگە قاراپ سەجدە قىلغىنىمىزغا ئوخشايدۇ. بىز كەئبىگە قاراپ سەجدە قىلساقمۇ كەئبىنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلمايمىز، بەلكى ئاللاھ تائالا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن سەجدە قىلىمىز. پەرىشتىلەرمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتا ئاللاھ بۇيرۇغىنى ئۈچۈن سەجدە قىلدى، ئەمما ئىبلىس ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققىنى ئۈچۈن ئاللاھقا كاپىر بولدى.

بىر قىسىم ئالىملار: «ئىبلىس ئاللاھ تائالا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلارنىڭ ئىچىدە يوق. چۈنكى بۇ يەردىكى بۇيرۇق پەرىشتىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئىبلىس پەرىشتە ئەمەس، جىنلاردىن ئىدى» دەيدۇ. قۇرئان كەرىم بايان قىلغاندەك: ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾[2] «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار - دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى» دېگەن.

ئىبلىسنىڭ جىندىن بولغانلىقى ئاللاھنىڭ سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت بۇيرۇقىغا قارشى چىقىشقا سەۋەب بولغان. ئەگەر ئىبلىس ئىبادەت ئۈچۈنلا

[1] سۈرە ساد، 75-ئايەت
[2] سۈرە كەھف، 50-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىتىلغان پەرىشتىلەر قاتارىدىن بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقماستىن، سەجدە قىلغان بولاتتى. ئىبلىس جىنلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانغا ئوخشاش تاللاش ئىختىيارلىقى بولغاچقا، سەجدە قىلىش بۇيرۇقىغا قارشى چىقتى. بۇ ئايەتكە ئاساسەن بەزى كىشىلەرنىڭ «ئىبلىس جىن تائىپىسىگە تەۋە، سەجدە قىلىش بۇيرۇقى ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان» دېگەن سەپسەتىلىرىگە دەيدىغىنىمىز، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىبلىسنىڭ قايسى تەرەپتىن خاتالاشقانلىقىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن جىنسىنى بايان قىلدى. ئىبلىس ئىنسان ۋە جىنغا بېرىلگەن دۇنيادىكى تاللاش ئىختىيارلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىي بولۇشنى تاللىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبلىسنى ئىتائەت ۋە ئىبادەتكە مەجبۇرىي يارىتىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئاسىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىبلىسنىڭ ئاسىي بولۇشى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەنلىكتىن بولغان. مانا بۇ بىز چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ھەقىقەت.

ئاللاھ تائالا «ئىبلىس جىنلاردىن بولۇپ، سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلمىغان» دېگەن كىشىلەرگە رەددىيە قايتۇرۇپ: ﴿قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ﴾[1] «ئاللاھ (ئىبلىسقا): سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېگەن. ئىبلىسنىڭ كاپىر بولۇپ، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشى خاتالاشقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇيرۇقنى رەت قىلغانلىقىدىندۇر. ئىبلىس بۇيرۇقنى رەت قىلىپ: ﴿أَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا﴾[2] «سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى. ئىبلىسنىڭ مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولۇشى سەجدە قىلماسلىقىغا باھانە بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالا يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىكەن، بۇ بۇيرۇق تۆۋەن قاتلامدىكى ئىبلىسقىمۇ تەتبىقلىنىدۇ.

[1] سۈرە ئەئراف، 12-ئايەت
[2] سۈرە ئىسرا، 61-ئايەت

تارىخي ئەسەرلەردە كەلگىنىدەك، ئىبلىس پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا «تىوز» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۈرەتتى. بۇ تەكەببۇرلۇقى ئىبلىسنىڭ ئاسىي بولۇشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى ئىبلىس تاللاش ھوقۇقى بار شەكىلدە يارىتىلغان بولغاچقا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە قىلماسلىقتىكى ئىختىيارلىقى ئۇنى كاپىرلىق ۋە مەئسىيەتكە سۆرەپ ئاپىرىشتىن بۇرۇنلا تەكەببۇر قىلىپ قويغان. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىش بۇيرۇقى كېلەر-كەلمەي تۇرۇپلا تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقتى. ھەتتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا تىرىشىپمۇ باقمىدى.

ئىبلىسنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى چوڭ خاتالىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىۋاستە رەت قىلىۋەتتى ۋە ئۆزىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى دەپ قاراپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىدى. ئىبلىسنىڭ مەغرۇرلۇقى بىر گۇناھتىن يەنە بىر گۇناھقا باشلاپ مېڭىۋەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئىبلىسنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلاپ لەنەت قىلدى. ئىبلىس ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىگە قىيامەت كۈنىگىچە مۆھلەت بېرىشنى ئۆتۈندى ۋە ئاللاھنىڭ ئىززىتى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئادەم بالىلىرىنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ: ﴿ثُمَّ لَآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ﴾[1] «ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن» دېگەن. ئىنسانغا نىسبەتەن ئوڭ-سول، ئالدى-ئارقا ۋە ئاستى-ئۈستى ئالتە تەرەپ بار. لېكىن ئىبلىس بۇ ئالتە تەرەپتىن پەقەت تۆتىنى تىلغا ئالدى. ئاستى-ئۈستى ئىككى تەرەپتىن ئىبلىس يېقىن كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، بۇلارنى تىلغا ئالمىدى. چۈنكى

[1] سۈرە ئەئراف، 17-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئاستى تەرەپ ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغان ۋە ئىتائەت قىلىدىغان، ئۈستى تەرەپ ناماز ۋە دۇئا ئۆرلەيدىغان تەرەپ بولغاچقا، ئىبلىس بۇ ئىككى تەرەپتىن ئىنسانغا يېقىنلىشالمايدۇ.

بىز يۇقىرىقىلاردىن ئىبلىسنىڭ پەقەتلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ رەت قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مانا بۇ تۇنجى كاپىرلىقتۇر. ئۇندىن كېيىن ئۇ ئازغۇنلۇقىدا داۋام قىلىپ، ئادەم ۋە ئەۋلادلىرىنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

# 30-دەرس

## سۈرە بەقەرە 35-ئايەت

﴿وَقُلْنَا يَا آدَمُ اسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمَا وَلَا تَقْرَبَا هَـٰذِهِ الشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ الظَّالِمِينَ﴾

**«بىز (ئادەمگە): ‹ئى ئادەم! سەن جۈپتۈڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر› دېدۇق»**

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئىبلىس بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، ئاسىي بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىنى ئىرادە قىلدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىندىكى ۋەزىپىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ئۆچراشتۇردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىندا ئىبلىس تەرىپىدىن قانداق ئازدۇرۇلىدىغانلىقى ۋە قانداق ئىشلارغا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇقەددىمە سۈپىتىدە جەننەتتە سىناق قىلىندى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى نەزەرىيە بىلەنلا زېمىنغا چۈشۈرۈۋەتمەستىن، جەننەتتە ئەمەلىي سىناق قىلىپ، زېمىنغا چۈشۈرگەنلىكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر. چۈنكى نەزەرىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

بىرەر ئىش سۆزلەنگەندە، سەن ئۇنىڭغا نەزەرىيە جەھەتتىن قوشۇلساڭمۇ، لېكىن ئۇ ئىش ئەمەلىي بېشىڭغا كېلىپ قالسا ھېچنېمە قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە ياشىغان مەزگىلى بەندىچىلىك يولىنىڭ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشى ئىدى. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىگە نەزەرىيە بىلەنلا يولغا چىقسا بولمايتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەمەلىي تەجرىبە قىلىنغان يول بىلەن زېمىندىكى ۋەزىپىسىگە ئاتلاندى ۋە بۇ ئەمەلىي يولدا قىل-قىلما، ھالال-ھارام، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرى ۋە خاتالىشىپ قېلىشلارغا دۇچ كەلدى. جەننەتتە بۇ ئىشلارغا دۇچ كەلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام قانداق تەۋبە قىلىش، قانداق ئىستىغپار ئېيتىش، ئاللاھقا قانداق قايتىشنى ۋە ئادەم باللىرى خاتالاشقان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ تەۋبە ئىشىكىنى تاقىۋەتمەيدىغانلىقىنى ئۆگەندى.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتە ئورۇنلاشتۇردى. بەزىلەر: «ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئورۇنلاشتۇرغان جەننەت مۆئمىنلەر كىرىپ، مەڭگۈ قالىدىغان جەننەت شۇ» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر: «ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالاشمىغان بولسا، بىز ھازىرغىچە جەننەتتە ياشىغان بولاتتۇق» دېيىشىدۇ. بىز بۇ ئىككىلا خىل پىكىرگە قوشۇلمايمىز. ئاخىرەتتىكى جەننەتتە كىشىلەر بىر مەزگىل ياشايدىغان ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن جەننەتتىن قوغلىنىدىغان ئىش يوق، بەلكى جەننەت ئاللاھ تائالا خەۋەر قىلغىنىدەك مەڭگۈلۈك بولىدۇ ۋە كىرگەن كىشى مەڭگۈلۈك نېئمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز ياشىغان جەننەت قايسى؟ ئۇ تەجرىبە جەننىتى ياكى ئىمانىي ھايات تەجرىبىسى ئۆتكۈزۈلگەن ئورۇن.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز ياشىغان جەننەت ئاخىرەتتىكى جەننەت ئەمەس. بىز قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ «جەننەت» كەلىمىسىنى زېمىندىكى باغلار ئۈچۈنمۇ قوللانغانلىقىنى كۆرىمىز. جەننەت دېگەن كەلىمىنىڭ ئەسلى يىلتىزى "جىن" دېگەن سۆزدىن چىققان بولۇپ، مەنىسى «يوشۇرۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. باغدا قويۇق دەرەخلەر بولغاچقا، ئىچىدىكى كىشىلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿إِنَّا بَلَوْنَاهُمْ كَمَا بَلَوْنَا أَصْحَابَ الْجَنَّةِ إِذْ أَقْسَمُوا لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِينَ وَلَا يَسْتَثْنُونَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى، ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى» دېگەن. بۇ ئايەتتە يېتىم، مىسكىن، كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن بىر بېغى بار قېرىنداشلارنىڭ قىسسەسى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ باغدىكى بارلىق دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

سۈرە «كەھف»تىكى يەنە بىر ئايەتتىمۇ ئىككى باغ ئىگىسىنىڭ قىسسەسى بار. ئايەتتە: ﴿وَاضْرِبْ لَهُم مَّثَلًا رَّجُلَيْنِ جَعَلْنَا لِأَحَدِهِمَا جَنَّتَيْنِ مِنْ أَعْنَابٍ وَحَفَفْنَاهُمَا بِنَخْلٍ وَجَعَلْنَا بَيْنَهُمَا زَرْعًا﴾[2] «ئۇلار (يەنى كەمبەغەللەرنى يېنىڭدىن قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان كاپىرلار)غا مۇنداق (بىرى مۇئمىن، بىرى كاپىر بولغان) ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن: ئۇلارنىڭ بىرىگە (يەنى كاپىرغا) بىز ئەتراپى خورمىزارلىق، (ئىككى باغنىڭ) ئوتتۇرىسى ئېكىنزارلىق بولغان تاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلدۇق» دېيىلگەن. بۇ كىشى

---

[1] سۈرە قەلەم، 17، 18-ئايەتلەر
[2] سۈرە كەھف، 32-ئايەت

بېرىلگەن نېئمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تانىدى ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىقىنى، ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. سۈرە «سەبەئ»دىمۇ ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلىپ توغرا يول كۆرسەتسە ئېزىپ، كاپىر بولغان سەبەئ ئەھلى ھەققىدە: ﴿لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِي مَسْكَنِهِمْ آيَةٌ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ كُلُوا مِن رِّزْقِ رَبِّكُمْ وَاشْكُرُوا لَهُ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ. فَأَعْرَضُوا فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ سَيْلَ الْعَرِمِ وَبَدَّلْنَاهُم بِجَنَّتَيْهِمْ جَنَّتَيْنِ ذَوَاتَيْ أُكُلٍ خَمْطٍ وَأَثْلٍ وَشَيْءٍ مِّن سِدْرٍ قَلِيلٍ. ذَٰلِكَ جَزَيْنَاهُم بِمَا كَفَرُوا وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) بەلەن جايدۇر، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر. ئۇلار (شۈكۈردىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز-تولا سىدرىلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق. ئۇلار كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز» دېگەن. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «جەننەت» سۆزىنى دۇنيادىكى باغلارغا قوللاندى. بۇ سۆزنى ئاخىرەتتىكى جەننەتكە خاس قىلمىدى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَيَا آدَمُ اسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ﴾[2] «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان جەننەتمۇ ئاخىرەتتىكى جەننەت

[1] سۈرە سەبەئ، 15~17-ئايەتلەر
[2] سۈرە ئەئراف، 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس. بۇ پەقەتلا ئىماني هاياتنى تەجرىبە قىلدىغان جەننەت. شۇڭا ئىبلىس ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ تۇرۇپ، جەننەتكە قانداق كىرەلىگەن دېيىلمەيدۇ. بۇ نۇقتىغا ياخشى دىققەت قىلىش كېرەك، بولمىسا پۈتۈن كىشىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىشىپ قېلىشى تۈپەيلى جەننەتتىن چىقىرىلغان بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى ئىش ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن – دېدى» دەپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بولغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىندا ۋەزىپىسى بولغاچقا، زېمىن ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە كىرىپ، مەڭگۈلۈك نېئمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمَا﴾ «جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار» دېگەن بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىز ئۈچۈن جەننەتتە بۇلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان پۈتۈن ئېھتىياجلارنى تەمىنلەپ بەرگەن. شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «پەرۋىشكار» سۈپىتى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇنلا ئۇ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ زېمىندا ياشىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان سۇ، ھاۋا قاتارلىق ھېسابسىز نېئمەتلەرنى ياراتقان. ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتىكى «جەننەتتە تۇرغىن» دېگەنلىكى مەڭگۇ تۇرۇشنى ئىپادىلىمەيدۇ، بۇ پەقەتلا مەلۇم مەزگىللىك يول تەجرىبىسى قىلىشتۇر.

"سىكىن" دېگەن ئىنسان ئارام ئالىدىغان ۋە قايتىدىغان ئورۇندۇر. سەپەر قىلغاندا ئۆتكەن-كەچكەن دۆلەتلەر ياكى تۇرغان ئورۇنلار ئۆيگە

[1] سۈرە بەقەرە، 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قايتىپ بولغۇچە "سۈكۈن" ھېسابلانمايدۇ. ئىنسان ھاياتتا چارچايدۇ ۋە قەيەردە بولسۇن ئارام ئالىدىغان بىر تۇرالغۇغا موھتاج بولىدۇ. دەم ئالىدىغان تۇرالغۇ "سۈكۈن" دۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان جەننەتنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تۇرالغۇ قىلىپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تَقْرَبَا هَٰذِهِ الشَّجَرَةَ﴾ «بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)» دېگەن. بۇ ئايەتتىكى چەكلىمە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات يولىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇ يولنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىدى. بۇ تەجرىبە مەزگىلى بولغاچقا «قىل-قىلما، تۇر-تۇرما، يە-يېمە» دېگەن بۇ بۇيرۇقلارنىڭ ۋە چەكلىمىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.

ئاللاھ تائالا جەننەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىپ، ھېچقانداق جاپا تارتماستىن خالىغانچە يەپ-ئىچەلەيدىغان قىلىدى. ئۇيلىنىپ باقساق، بۇ يەردە رۇخسەت قىلىنغان ئىش بەك كۆپ، چەكلىمىنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. يەنى جەننەتتىكى ساناقسىز نېئمەتلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئاشۇ بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىلا چەكلەنگەن. زېمىندىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ساناقسىز نېئمەتلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە خالىغانچە قويۇۋېتىلىپ، پەقەت بىرلا چەكلىمىگە ئۇچرىغىنىغا ئوخشاش، ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرى زېمىندىكى ساناقسىز نېئمەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا يوقنىڭ ھېسابىدا سانىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَقُلْنَا يَا آدَمُ﴾ دەپ، كۆپلۈك ئالماش بىلەن خىتاب قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. لېكىن ئاللاھ تائالا يېگانە تۇرسا نېمىشقا كۆپلۈك ئالماش قوللاندى؟ دېيىلسە، بەزى تىلشۇناس ئالىملار بۇ يەردىكى «ن»

ئالماش ئەمەس، بەلكى بۇيۇكلۇك ۋە كاتتىلىق ئىپادىسى دەپ تەرىپلىدى. ئاللاھ تائالا ئۆزى ھەققىدىكى بىرەر ھادىسىنى بايان قىلماقچى بولسا، بۇيۇكلۇك ۋە كاتتىلىقنى ئىپادىلەيدىغان «ن»نى ئىشلىتىپ، كۆپلۇك شەكلىدە قوللىنىدۇ. چۈنكى بىر ئىشنىڭ پۈتۈپ تاماملىنىشى ئۇچۇن كۈچ ۋە ساناقسىز سۈپەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا سەنمۇ بىر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، ئۇ ئىش سەندىن كۈچلۈك، ئىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇشۇڭنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكچى بولغىنىدا، «مەن يېگانە ئاللاھتۇرمەن» دەپ، «بىز» دېمەيدۇ. ئاللاھ تائالا تەۋھىد ئورۇنلىرىدا بىرلىك ئالماش قوللىنىدۇ. ئەمما ۋەقە-ھادىسىلەرنى سۆزلىگەندە بۇيۇكلۇك ۋە كاتتىلىق ئالمىشى بولغان كۆپلۇك ئالمىشى قوللىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَالسَّمَاءَ بَنَيْنَاهَا بِأَيْدٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ﴾[1] «ئاسمانني قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز» دەپ، «بىز ياراتتۇق» دەۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ماختىغان ۋاقىتتىمۇ «ئىبراھىم بىر ئۇممەت» دېدى. بىر كىشىدە كۆپلىگەن خىلمۇ-خىل ياخشى سۈپەتلەر مۇجەسسەملەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇممەت ئاتالغۇسى قوللىنىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدا باشقىلاردا تېپىلمايدىغان تۈرلۈك سۈپەتلەر بولغاچقا، بۇ ئاتالغۇ قوللىنىلغان. ئۇممەت ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ بەزىسى ئەقىللىك، بەزىسى باتۇر، بەزىسى راستچىل بولىدۇ. ئەمما بىر كىشىدە پۈتۈن ياخشى سۈپەتلەر تېپىلماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدا پۈتۈن ياخشى سۈپەتلەر تېپىلىدىغان بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە «ئىبراھىم بىر ئۇممەت» دېگەن.

[1] سۇرە زارىيات، 47-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَقُلْنَا يَا آدَمُ﴾ دېگەن ئايىتىدىكى «ئادەم» ئاللاھ ياراتقان تۇنجى ئىنساننىڭ ئىسمى. "اسكن" يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «تۇرالغۇ»نى بىلدۈرسە، سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى سۈرۈشتە قىلساق، «ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ كەلىمە ئەرەب تىلىدىكى بۇيرۇق كەلىمىسى بولۇپ، ئەسلىسى "سكن"، «ئۆي» دېگەن ئاتالغۇمۇ شۇنىڭدىن چىققان. ئايال كىشىگىمۇ "سكن" كەلىمىسى قوللىنىلىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىسىدە خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقتىن ئىبارەت ئورتاقلىق بار. ئەگەر ئۆي خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقنى يوقاتسا، ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ "سكن" دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ دەلىلى: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾[1] «ئاياللار بىلەن ئۇنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار». تىنچلىق، رەھمەت، خاتىرجەملىكنىڭ ھەممىسى ئايال كىشىدە تېپىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾[2] «ئۇلارغا دۇئا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە "سكن" سۆزىنى «خاتىرجەملىك» مەنىسىدە قوللاندى. ئىنسان خىزمەت ۋە ھاياتنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرى تۈپەيلى، ئۆز ئۆيىدە ھۇزۇرلۇق ئارام ئېلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿اسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ﴾ «ئى ئادەم! سەن

[1] سۈرە رۇم، 21-ئايەت
[2] سۈرە تەۋبە، 103-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

جۈپتۈك (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار!» دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاياللىق ئالماش ئىشلەتمىدى، چۈنكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ئەر-ئايالغا ئورتاقتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿مَنْ عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجْزَىٰ إِلَّا مِثْلَهَا وَمَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَـٰئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ يُرْزَقُونَ فِيهَا بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾[1] «كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆئمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەن. ھاياتنى ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەر ياكى ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ. جەننەتتىمۇ ئەر-ئايالغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا جەننەتتە مۆئمىنلەر ئۇچۇن نېمىلەرنى ھازىرلىغانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيهَا وَلَا تَعْرَىٰ وَأَنَّكَ لَا تَظْمَأُ فِيهَا وَلَا تَضْحَىٰ﴾[2] «جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن، ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن» دېگەن. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالىغا «تەجرىبە» جەننىتىدە ئىنسانغا كېرەكلىك پۈتۈن نەرسىلەرنى تەييارلىغان. يۇقىرىقى سۆزلەنگەن ئايەت ۋە مەزمۇنلاردىن ئۇ جەننەتنىڭ ئاخىرەت جەننىتى ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى ئۇ جەننەتتە ﴿وَلَا تَقْرَبَا هَـٰذِهِ الشَّجَرَةَ﴾ «بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار» دېگەندەك چەكلىمە بار. ئاخىرەت جەننىتىدە بۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىزغا جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى خالىغانچە

---

[1] سۈرە غافىر، 40-ئايەت
[2] سۈرە تاھا، 118، 119-ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com



يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. «خالىغانچە يەڭلار» دېگەنلىك جەننەتتىكى نېئمەتلەرنىڭ ساناقسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا «خالىغانچە يەڭلار» دەپ بولغاندىن كېيىن، ﴿وَلَا تَقْرَبَا هَٰذِهِ الشَّجَرَةَ﴾ «بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار» دېگەن چەكلىمە كەلدى. ئاللاھ بۇ ئايەتتە «بۇ دەرەختىن يېمەڭلار» دېمەستىن، «يېقىنلاشماڭلار» دېدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالىنىڭ ئېزىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئەگەر «يېمەڭلار» دېگەن بولسا، دەرەخكە يېقىنلىشىشى دۇرۇس بولاتتى. دەرەخكە يېقىنلاشسا ئۇنىڭ گۈزەللىكى، مېۋىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە خۇشپۇراقلىرى تۈپەيلىدىن دەرەخكە قولىنى سۇنۇپ، مېۋىسىنى يەپ، ئېزىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ «يېقىنلاشماڭلار» دېگەن.

ئاللاھ تائالا ئىنسان نەپسىنىڭ يىراق تۇرغاندىلا هارامغا چۈشۈپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، هاراققا بىۋاستە «هارام قىلىندى» ئىپادىسىنى قوللانماستىن، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾[1] «ئى مۇئمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار» دېيىش ئارقىلىق، بىزنى هاراق سورۇنىدىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا كۆپىنچە هارام ئىشلاردا «يىراق تۇرۇڭلار، ساقلىنىڭلار» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان. چۈنكى هارام ئىشلارنى كۆرمەسلىك ۋە يېقىنلاشماسلىق هارام خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمايدۇ ۋە هارامغا چۈشۈپ قالمايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ هەقتە: "إِنَّ الْحَلَالَ بَيِّنٌ، وَإِنَّ الْحَرَامَ

[1] سۈرە مائىدە، 90-ئايەت

بَيِّنٌ، وَبَيْنَهُمَا مُشْتَبِهَاتٌ لَا يَعْلَمُهُنَّ كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ، فَمَنِ اتَّقَى الشُّبُهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ فِي الشُّبُهَاتِ وَقَعَ فِي الْحَرَامِ، كَالرَّاعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ، أَلَا وَإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمًى، أَلَا وَإِنَّ حِمَى اللَّهِ مَحَارِمُهُ"[1] «ھالالمۇ ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىق، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار بار. بۇلارنى كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەيدۇ. شۈبھىدىن ساقلانغان كىشى ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىغان بولىدۇ. شۈبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالغۇچى ھارامغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق كىشى چېگرادا مال باققان پادىچىغا ئوخشايدۇ. دىققەت قىلىڭلار! ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ چېگراسى ئۇنىڭ ھارام قىلغانلىرىدۇر» دېگەن.

بەزى كىشىلەر: «ھاراق ھەققىدە ‹ئېنىق ھارام قىلىندى› دېگەن ئايەت كەلمىگەن» دەپ ھاراق ئىچىۋېرىدۇ. «ساقلىنىڭلار» دېگەنلىك «ھارام قىلىندى» دېگەنلىكتىن مەنە جەھەتتە قاتتىقراقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇت ھەققىدىمۇ «بۇتقا يېقىن كەلمەڭلار» دېيىش ئارقىلىق، بۇتقا قاراپمۇ سالماسلىقنى تەكىتلىگەن. ھاراق مەسىلىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ئىچىش ئەمەس، يېقىن كېلىشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك.

بەزى كىشىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىز يېگەن دەرەخ ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلغان. بەزىلەر «ئالما» دېسە، بەزىلەر «ئەنجۈر» ياكى «ئۈزۈم» دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇ-خىل پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ قايسى خىل مېۋە ئىكەنلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ھارام قىلىنغىنى ۋە ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقىدۇر.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا: ﴿فَتَكُونَا مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «بولمىسا (ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېگەن. زۇلۇم -

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

باشــقىلارنىڭ ھەققىــگە تاجــاۋۇز قىلىــش ۋە باشــقىلارنىڭ ھەققىنــى نــاھەق ئېلىۋېلىشــنى ئېپادىلەيــدۇ. زۇلــۇم - زالــىم ۋە مەزلۇمــدىن شــەكىللىنىدىغان بولــۇپ، «نــېمە ھەقــتە زۇلــۇم قىلــدى؟ قانــداق زۇلــۇم قىلــدى؟» دېگەنــدەك تېمىلــىرى بولىــدۇ. بىــر ئىنســان يەنە بىــر ئىنســانغا مەيلــى مــاددىي جەھەتــتىن يــاكى مەنىــۋى جەھەتــتىن بولسۇن، ھەققىــگە تاجــاۋۇز قىلغــان بولســا زۇلــۇم بولىــدۇ. ھەتتــا ئىنســان بەزىــدە ئــۆزىگە ئــۆزى زۇلــۇم قىلىــپ سالىدۇ. ئــاللاھ تائــالا بــۇ ھەقــتە: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَىٰ مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾[1] «تەقــۋادارلار يامــان بىــر گۇنــاھ قىلىــپ قالســا يــاكى ئــۆزلىرىگە زۇلــۇم قىلســا، ئــاللاھنى يــاد ئېتىــدۇ، گۇنــاھلىرى ئۈچــۈن مەغپىــرەت تەلەپ قىلىــدۇ، گۇنــاھنى كەچۈرىــدىغان ئــاللاھتىن باشــقا كىــم بــار؟ ئــۇلار قىلمىشــلىرىنى بىلىــپ تــۇرۇپ داۋاملاشــتۇرمايدۇ» دېــگەن. ئىنســان باشــقىلارغا زۇلــۇم قىلىــدۇ، ئەمما ئــۇ كــۆڭلى خالىغــاننى قىلىــدىغان تۇرســا، ئــۆزىگە قانــداق زۇلــۇم قىلســۇن؟ ئىنســاننىڭ كــۆڭلى تارتقــاننى قىلغــانلىقى ئــۆزىگە زۇلــۇم قىلغانلىقىــدۇر. چــۈنكى ئىنســان دۇنيــادىكى ۋاقىتلىــق ھــاۋايى-ھەۋەســكە بېرىلىــپ، ئــاخىرەتتىكى مەڭگۈلــۈك نېئمەتــتىن مەھــرۇم قالىــدۇ. دۇنيــادىكى ۋاقىتلىــق مەنپەئەتكە ئــاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېئمەتنى تېگىشىدۇ. مانا بۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 135-ئايەت

# 31-دەرس

## سۈرە بەقەرە 36-ئايەت

﴿فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ وَقُلْنَا اهْبِطُوا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَىٰ حِينٍ﴾

**«شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى. (ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا): «بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېئمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇڭلار» دېدۇق»**

ئاللاھ تائالا ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانى جەننەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككەيلەنگە نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، شەيتان ئادەم ۋە ئەۋلادلىرىغا قارىتىلغان دۈشمەنلىك ۋەزىپىسىنى باشلىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ﴾، يەنى، شەيتان بۇ ئىككىيلەننى خاتالىققا چۈشۈردى، دېدى. ئاللاھ تائالا ئادەم ۋە ھەۋۋاغا شەيتانغا ئەگەشمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ، شەيتاننىڭ بۇ ئىككەيلەنگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى يەتكۈزگەن تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاللاھ تائالا سۈرە «تاھا»نىڭ 117-ئايىتىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەسكەرتىپ: ﴿إِنَّ هَٰذَا عَدُوٌّ لَّكَ وَلِزَوْجِكَ فَلَا يُخْرِجَنَّكُمَا مِنَ الْجَنَّةِ فَتَشْقَىٰ﴾ «ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ ۋە جۈپتۈڭنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا مۇشەققەتتە قالىسىلەر» دەيدۇ. بۇ ئايەتتە شەيتان بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىنمىغان دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبلىسنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە سەجدە قىلماي، چوڭچىلىق قىلغان ھالىتىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ: ﴿أَنَا خَيْرٌ مِّنْهُ﴾[1] «مەن ئادەمدىن ياخشى» دېدى. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿أَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا﴾[2] «مەن لايدىن يارانتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى. دېمەك، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبلىسنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشنى رەت قىلىش پوزىتسىيەسىدىن چىققان تەبىئىي ئىپادىلەر بىلەن بولدى قىلماي، ئادەم ۋە ھەۋۋاغا شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكىنى ئېنىق خەۋەر قىلىپ: ﴿فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ﴾ «شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى» دېگەن. ئۇنداقتا قەيەردىن چىقاردى؟ كەڭرى ياشاۋاتقان پاراۋان تۇرمۇشتىن، جەننەتتىكى كەڭرى نېئمەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئۇلارغا جاپاسىز كېلىدىغان رىزىقتىن چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: ﴿فَلَا يُخْرِجَنَّكُمَا مِنَ الْجَنَّةِ فَتَشْقَىٰ﴾[3] «ئۇ سىلەر

---

[1] سۈرە ساد، 76-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئىسرا، 61-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە تاھا، 117-ئايەت

ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سەن جاپامۇشەققەتتە قالىسەن» دېگەن.

بۇ يەردە بىر سوئال سوراش توغرا كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئايەتنىڭ بېشىدا "فَلَا يُخْرِجَنَّكُمَا" «سىلەر ئىككىڭلار» دەپ ئىككىلىك كەلتۈرۈپ، ئايەتنىڭ ئاخىرىدا "فَتَشْقَىٰ"[1] «سەن جاپادا قالىسەن» دەپ بىرلىك كەلتۈرىدۇ؟ بۇ ئەر ۋە ئايال ئىككى جىنسنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىغا دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر ئىشارەتتۇر. ئايال كىشىنىڭ خىزمىتى بولسا يولدىشى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ھۇزۇر بېغىشلاش ۋە تارتقان جاپا-مۇشەققىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇش. ئەمما ئەر كىشىنىڭ خىزمىتى بولسا ئايال ۋە بالىلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلەش، جاپا چېكىش، ھەرىكەت قىلىش ۋە بىر ئىش يۈز بەرگەندە پۈتۈن مۇشەققەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشىدۇر.

ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن خىزمىتى ئۆيدە بولۇپ، باشقا ئىشقا ۋاقتى بولمايدۇ. سىرتتا خىزمەت قىلىش ئايال كىشىگە نىسبەتەن جاپالىق بىر ئىش. ئەگەر ئايال كىشى ئەر كىشىگە ئوخشاش ئائىلە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالسا، مۇشۇ سەۋەبلىك بالىلار زايە بولۇپ، جەمئىيەتتە خاپىلىق ۋە مۇشەققەت پەيدا بولىدۇ-دە، ئەر كىشى ئۆزى ئېھتىياجلىق تىنچلىقنى ۋە خاتىرجەملىكنى بېرەلەيدىغان باشقا بىر ئورۇن ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەت قالايمىقانچىلىققا بېرىپ توختايدۇ.

ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشىتىكى بىردىنبىر سەۋەبچىسىنى ئادەم دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبلىسنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلماسلىقى ۋە ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن شەيتان قانداق بولۇپ ئادەم ۋە ئايالىنىڭ جەننەتتىن چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان خاتالىقتا چۈشۈرەلىدى؟ ئاللاھ بىزگە بۇنى بايان قىلىپ: ﴿فَوَسْوَسَ لَهُمَا الشَّيْطَانُ لِيُبْدِيَ لَهُمَا مَا وُورِيَ عَنْهُمَا مِن سَوْآتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَاكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَـٰذِهِ الشَّجَرَةِ إِلَّا أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ الْخَالِدِينَ﴾[1] «لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى. شەيتان ئېيتتى: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېدى. دېمەك، ئىبلىس «بۇ دەرەختىن يېگەن كىشى پەرىشتە بولۇپ ئۆلمەيدۇ» دەپ يالغان ئېيتىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى پۈتتۈرگەن.

ئەمەلىيەتتە شەيتان ئۈچۈن، قىلغان گۇناھىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس، پەقەت سىزنىڭ ئاللاھقا ئاسىي بولۇشىڭىزنى خالايدۇ. بەلكىم سىزنى تەقۋالىق يولغا باشلاپ تۇرۇپ، ئاسىي قىلىشى مۇمكىن. لېكىن شەيتاندىن باشقا ئادەمنى ئازدۇرىدىغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسى. شەيتان بىلەن ھەۋەسنىڭ پەرقى، شەيتان سىنى قايسى گۇناھ بىلەن بولسۇن ئاسىي بولۇشۇڭنى خالايدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇنىمساڭ، يەنە بىر تەرەپتىن كېلىدۇ. ھەۋەس بولسا بىر گۇناھ-مەئسىيەتكە باشلىغان ۋاقىتتا ئۆزى ئۈچۈن بىر نەرسىنى خالايدۇ. بۇنىڭ مىسالى: شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، يېسە تۈگىمەيدىغان مەڭگۈلۈك بىر دەرەخ ۋە مۈلۈككە باشلاپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن شەيتاننىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى ئۇتۇق قازىنالماي ئىككىنچى قېتىم: ﴿مَا نَهَاكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَـٰذِهِ الشَّجَرَةِ إِلَّا أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ الْخَالِدِينَ﴾[2] «شەيتان ئېيتتى: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى

[1] سۈرە ئەئراف، 20-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف، 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېدى. بۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالام دىققەت قىلماي قالغان نۇقتا، ئەگەر شەيتاننىڭ مۇشۇ سۆزى توغرا بولۇپ، زادى مۇشۇ دەرەخنى يېسە پەرىشتىگە ئايلىنىپ مەڭگۈ ياشايدىغان ئىش بولسا، ئىبلىس يېگەن ۋە ئاللاھ تائالادىن قىيامەتكە قەدەر مۆھلەت بېرىشنى سورىمىغان بولاتتى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنى گۇناھقا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە غەپلەت ۋە ئۇنتۇش ئىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە «تاھا»نىڭ 115-ئايىتىدە: ﴿وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَىٰ آدَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُ عَزْمًا﴾ «بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق» دېگەن. ئۇنداقتا ئۇنتۇپ قېلىش گۇناھمۇ؟ بۇ ھەقتە سۈرە «تاھا»نىڭ 121-ئايىتىدە: ﴿وَعَصَىٰ آدَمُ رَبَّهُ فَغَوَىٰ﴾ «ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى» دېيىلگەن. ئۇنتۇپ قېلىش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە گۇناھ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "رُفِعَ عَنْ أُمَّتِي الخَطأ و النِّسْيَان ومَا اسْتَكْرَهُوا عَلَيْهِ"[1] «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن يۈز بەرگەن خاتالىق ۋە ئۇنتۇپ قېلىش كۆتۈرۈلدى» دېگەن. دېمەك، ئادەم ئۇنتۇپ ئاسىيلىق قىلدى. سۈرە «ئەئراف»نىڭ 24-ئايىتىدە: ﴿قَالَ اهْبِطُوا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَىٰ حِينٍ﴾ «ئاللاھ ئېيتتى: سىلەر بىر-بىرىڭلارغا (يەنى شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن

---

[1] تىبرانى رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىسىلەر» دېيىلگەن. بۇ ئىنساننىڭ دۇنيادىكى خىزمىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَىٰ حِينٍ﴾ «زېمىندا ئاللاھ بېكىتكەن مەزگىلگىچە يەرلىشىشىڭلار ۋە نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشۇڭلار» دېيىلگەن ئىكەن، بۇ يەردە مىقدارى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىق بىر هايات بار. بىر قىسىم كىشىلەر: «ئادەم قىلغان خاتالىقلىرى سەۋەبلىك بەدەل تۆلىشى كېرەك» دېيىشىدۇ، بۇلار يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن هېچقايسىسىنى چۈشىنەلمىگەن كىشىلەردۇر. چۈنكى خاتالىق تۈزىتىلىدۇ، لېكىن گۇناھ جازالىنىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالاشتى. ئاللاھ ئادەمنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ، تەۋبە پۇرسىتىنى بەردى ۋە تەۋبە قىلىشنى ئۆگەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنىڭ گۇناھى قالمايدۇ. ئۇنداقتا بىز «دۇنيانى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقىدىن قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك» دەپ ئەيىبلىگۈدەك ئادەم ئەلەيھىسسالام نېمە ئىش قىلدى؟ پەقەت دەرەختىن مېۋە يېدى. دۇنيانىڭ خاتالىقىنىڭ ھەممىسى شۇ دەرەختىن يېيىشتىن كېلىپ چىققانمۇ؟ ياق. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم خاتالاشتى ۋە تەۋبە قىلىپ گۇناھى تۆگىدى. دۇنيادىكى ناھەق قان تۆكۈش، زىنا، بۇلاڭچىلىق، سۇخەنچىلىك ۋە غەيۋەت قىلىش قاتارلىقلارنى كىم پەيدا قىلدى؟ ئەجەبا بۇنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىمۇ؟ زېمىننىڭ ئۈستىدە دۇنيانى خاتالىقتىن قۇتقۇزىدىغان قۇتقۇزغۇچى بولسا، زېمىندا خاتالىق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن خاتالىق ۋە گۇناھ ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾[1] «ھېچبىر گۇناھكار ئادەم باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ» دېگەن.

[1] سۈرە فاتىر، 18-ئايەت

ئاللاھ تائالا: ﴿وَقُلْنَا اهْبِطُوا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ﴾ «(ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا) بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار» دېگەن. ئايەتتىكى دۈشمەنلىك ئىنسان بىلەن شەيتاننىڭ ۋە ئىنساندىن بولغان شەيتانلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىپ، مۇئمىنلەرنى دۈشمەن تۇتۇشى خاتالىشىپ غەپلەتتە قالماسلىقىمىز ۋە ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ئىزدىنىشىمىزگە ئاكتىپ ئېنېرگىيە بېرىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئۆرۈش تەرەققىي قىلدۇرغان. مەسىلەن: دۈشمىنى بار ئادەم بارلىق يوللار بىلەن دۈشمىنىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ئۇرۇنغىنىدەك، ھەربىر رەقىب ئۆز رەقىبىنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئامېرىكا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بولسۇن، تاماملىغان خىلمۇ-خىل ئىلمىي تەرەققىياتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسلى سەۋەبى ۋەيران قىلىش، ئۆلتۈرۈش ۋە بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان. يادرو تەتقىقاتى ۋە ئىنسانلار ئايغا چىقىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن راكېتا قاتارلىق بۇ تېخنىكىلار ئۇرۇشلاردا ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇرۇش توگىگەندە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿اهْبِطُوا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ﴾ دېگەن ئايىتىدىكى "الهبوط" «ئۈستۈندىن تۆۋەنگە چۈشۈش» نى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە «بۇ ئادەم پالانى ئىشنى قىلغانلىق سەۋەبلىك نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش، مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكەنگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەم ئېگىز ئورۇندىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قەدىر-قىممەتتە چۈشۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى چۈشكەن مۇساپە قانداقتۇر يىراق ياكى يېقىنىنى مەقسەت قىلمايدۇ. يىراق-يېقىنلىق ماددىي مەسىلە ئەمەس. بەزىدە ئىنسان قېشىڭىزدا ئولتۇرسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە سىزدىن ناھايىتى يىراق بولىدۇ. بەزىدە ئىنسان سىزدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىراقتا بولۇشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ سىزگە نىسبەتەن قىشىڭىزدا ئولتۇرغان ئادەمدىن يېقىنراق بولىدۇ.

ئايەتتىكى «چۈشۈش» مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋى بولسۇن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىندىكى خىزمىتىنى باشلاشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولغان. بۇ يەردىكى ئىمان بىلەن كۇپۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالاشقاندىن كېيىن ھەۋۋا ئانىمىز بىلەن زېمىندىكى ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن جەننەتتىن چۈشتى. «اهْبِطُوا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئادەم، ھەۋۋا ۋە ئىبلىس ئىمان ھايات تەجرىبىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن زېمىنغا چۈشۈڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەمەلىي شەكىلدە ئىبلىسنىڭ ئادەمگە ياخشىلىق ئىرادە قىلمايدىغانلىقىنى ۋە دۇنيا ھاياتىدىكى ھۇزۇر-نېئمەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھەم چەكلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَىٰ حِينٍ﴾[1] «ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر» دېگەن. زېمىندا ھېچكىم مەڭگۈ قالمايدۇ. پەقەت ئاللاھ تەقدىر قىلغان ۋاقىتقىچە ياشاپ ئۆلىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئادەم ۋە ئەۋلادىنى مەنپەئەتى چەكلىك، ۋاقتى قىسقا بولغان ھاياتنى ئاساسىي نىشان قىلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ.

[1] سۈرە ئەئراف، 24-ئايەت

## سۈرە بەقەرە 37-ئايەت

﴿فَتَلَقَّىٰ آدَمُ مِن رَّبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

**«ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»**

ئادەم خاتالاشتى، ئەمما بۇ ئادەمنىڭ تۇنجى خاتالىششى بولغاچقا، نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. ئاللاھ تائالا گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئانى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئادەم بىلەن ھەۋۋا دۇنيادىكى خىزمىتىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئاللاھ تائالا بۇ يولنى تەتبىقلاپ ۋە شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا نىسبەتەن ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىككىيلەنگە شەيتانىنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. بەندە خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن تەۋبىنى يولغا قويدى. چۈنكى تەۋبە خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىگە خاس رەھمەت بولماستىن، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتكە قىلىنغان رەھمەتتۇر. ئەگەر ئىنسان خاتالىشىپ، ئۆزىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلسە، گۇناھىنى داۋام قىلىپ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىنى كىم ئۆتەيدۇ؟ ئېنىقكى، خاتالاشقان ئادەم ياشىغان جەمئىيەت ئۆتەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلەيدىغانلار مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار ئەپۇچان، كەڭ قورساق كىشىلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ مۆئمىنلەرنى ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىققا بۇيرۇپ سۈرە «نۇر»نىڭ 22-ئايىتىدە: ﴿وَلَا يَأْتَلِ أُولُو الْفَضْلِ مِنكُمْ وَالسَّعَةِ أَن يُؤْتُوا أُولِي الْقُرْبَىٰ وَالْمَسَاكِينَ وَالْمُهَاجِرِينَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ «ياماننى ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ. يەنە بۇ ھەقتە سۈرە «بەقەرە»نىڭ 237-ئايىتىدە: ﴿وَأَن تَعْفُوا أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ وَلَا تَنسَوُا الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ﴾ «سىلەر ئۆتۈنسەڭلار، (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىمدە ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇشقا قىزىقتۇرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "أوصاني ربي بتسعٍ أُوصيكم بهم: أوصاني بالإخلاص في السر و العلانية و العدل في الغضب و الرضا و القصد في الفقر و الغنا و أن أعفو عن من ظلمني و أعطي من حرمني و أصل من قطعني و أن يكون صمتي فكراً و نطقي ذِكرا و نظري عبراً" «رەببىم ماڭا توققۇز تۈرلۈك نەرسىنى ۋەسىيەت قىلدى. مەنمۇ سىلەرگە مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، ئىخلاس قىلىشقا، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكتە ئوتتۇرھال مېڭىشقا، زۇلۇم قىلغان ئادەمنى ئەپۇ قىلىشقا، مەھرۇم قويغان كىشىگە بېرىشكە، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىگە ئۇلاشقا، سۈكۈتۈمنىڭ پىكىر بولۇشىنى، سۆزۈمنىڭ زىكىر بولۇشىنى، قارىشىمنىڭ ئىبرەت بولۇشىنى نەسىھەت قىلىمەن» دېگەن.

تەۋبە پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. بولۇپمۇ مۇئمىنلەر تاجاۋۇزچىلىققا كەڭ قورساقلىق بىلەن، زۇلۇمغا ئەپۇچانلىق بىلەن قارشى چىقىشقا بۇيرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مۇئمىنلەرگە رەھمەت قىلىپ، تەۋبىنى يولغا قويغان. ئاللاھ تائالا تۇنجى بولۇپ تەۋبىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالام تەۋبە قىلدى. تەۋبىنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق ئاللاھنىڭ خالىشىغا باغلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا إِنَّ اللَّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾[1] «ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام رەببىدىن تەۋبە قىلىدىغان سۆزلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى، ئاندىن ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنىڭ گۇناھى بولامدۇ؟ بىر قىسىم كىشىلەر: «ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاسىي بولدى، ئاللاھ كەچۈردى. ئىبلىس ئاسىي بولدى، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا مەھكۇم قىلدى. ئىككىلىسى خاتالاشقان، بىرىنى كەچۈرۈم قىلدى، بىرىنى كەچۈرۈم قىلمىدى» دېيىشىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەقەت ھارام قىلىنغان دەرەختىن يېدى. ئۆزىنىڭ خاتالىشىپ، ئاسىيلىق قىلغىنىنى بىلگەن ۋاقتىدا، خاتالىقىنى داۋام قىلماي، گۇناھىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ: «ئى رەببىم، سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە يولى ھەق، لېكىن ئۆزۈمگە ئىگە بولالمىدىم، مېنى كەچۈرسىلە» دەپ ئاللاھتىن تەۋبە تەلەپ قىلدى. مانا بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيەسى. لېكىن

[1] سۈرە تەۋبە، 118-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبلىس ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بۇيرۇقنى رەت قىلدى. ﴿قَالَ أَنَا خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِن طِينٍ﴾[1] «ئىبلىس: مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ - دېدى»، يەنە: ﴿لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ﴾[2] «چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن» ۋە يەنە: ﴿قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ﴾[3] «ئىبلىس ئېيتتى: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»، ﴿لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُ إِلَّا قَلِيلًا﴾[4] «ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)» دېدى. ئىبلىس گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ: «ئاجىزلىقىم ماڭا غالىب كەپتۇ، رەببىم سىلى ھەق، سۆزلىرىمۇ ھەق» دېمەستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ: «ئۇنداق قىلىمەن، بۇنداق قىلىمەن» دەپ، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقلىرىنى رەت قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. مەسىلەن: «ناماز ئوقۇيالمىدىم، ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى كەچۈرسىلە» دېسىڭىز مەيلى، ئەمما ھەرگىزمۇ «نامازنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دېمەڭ. زاكات بەرمىسىڭىز «ئى ئاللاھ! زاكات بېرەلمىدىم، گۇناھىمنى كەچۈرسىلە» دەڭ، ئەمما ھەرگىزمۇ «زاكاتنى يولغا قويۇش پۇلى بارلارغا نىسبەتەن زۇلۇم، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى يېڭى زامانغا ماس كەلمەيدۇ» دېمەڭ. چۈنكى بۇ گەپلەر ئارقىلىق كاپىر بولغان بولىسىز (ئاللاھ ساقلىسۇن!). «ئى ئاللاھ! ناماز، زاكات ۋە شەرىئەتنى تەتبىقلاش ھەق، لېكىن مەن ئۆزۈمگە قادىر

---

[1] سۈرە ئەئراف، 12-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف، 16-ئايەت
[3] سۈرە ساد، 82، 83-ئايەت
[4] سۈرە ئىسرا، 62-ئايەت

بولالمىدىم. ئى ئاللەملەرنىڭ رەببى، مەندەك ئاجىز بەندىلىرىڭگە رەھىم قىلساڭ» دېسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزگە ھىدايەت ۋە ئىبادەتتە ياردەم قىلىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ خاتالىقىدىكى پەرق بولسا، ئادەم خاتالىق ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان. لېكىن ئىبلىس ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ، ئىنكار پوزىتسىيەسىدە بولغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەقەت خاتالاشتى، لېكىن ئىبلىس ئاللاھقا كاپىر بولدى. ئاللاھ تائالا: ﴿فَتَلَقَّىٰ آدَمُ مِن رَّبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ﴾ «ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۆگەندى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى» دېگەن بولۇپ، ئۆلىمالار ئادەم ئەلەيھىسسالام تاپشۇرۇپ ئالغان بۇ سۆزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئايەت بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى: ﴿قَالَا رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾[1] «ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز - دېدى». بۇ ئايەتتىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھى چوڭچىلىق بولماستىن، بەلكى غەپلەتتە قېلىش، ئەمما ئىبلىسنىڭ گۇناھى بولسا، ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالاشقان ۋاقىتتا، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش ۋە چېكىنىش يۈز بېرىپ: «ئى رەببىم، دەرەختكە يېقىنلاشماسلىقتا قىلغان بۇيرۇقۇڭ ھەق، لېكىن مەن ئۆزۈمگە قادىر بولالمىدىم» دېگەن. دېمەك، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇق بېرىشتىكى ھەققىنى ئېتىراپ قىلغان. ئىبلىس بۇيرۇققا قارشى چىقىپ: ﴿أَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا﴾ «سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟» دېگەن.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 23-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەم ئەلەيھىسسالام رەببىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان سۆز: "اللهم لا إله إلا أنتَ سُبْحَانَكَ رَبِّي و بحَمْدكَ إنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًا كَثِيْرًا فَاغفِرْلِي يَا خيْرُ الغَافِرِيْن" «ئى ئاللاھ سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سېنى پاكلايمەن، ساڭا ھەمد ئېيتىمەن، ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، مېنى كەچۈرگىن، ئى كەچۈرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دېگەن بۇ دۇئا بولۇشى ياكى "اقبل توبتي يا خير التَّوَّابِيْن" «ئى تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسى بولغان ئاللاھ، تەۋبەمنى قوبۇل قىلسىلا» دېگەن بۇ دۇئا بولۇشى ۋە ياكى "سُبْحَانَ الله والحمدلله ولا إله إلا الله" «ئى ئاللاھ، سىلىنى پاكلايمەن، سىلىگە ھەمد ئېيتىمەن ۋە سىلىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن بۇ دۇئا بولۇشى مۇمكىن. مۇھىمى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىگە يېقىنلىشىدىغان تەۋبە سۆزلىرىنى ۋەھيي قىلغان. ئاللاھنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تەۋبە سۆزلىرىنى ئۆگەتكىنىگە قارىساق، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپنى تاپالايمىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبىنى يولغا قويمىغان ۋە تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرمىگەن بولسا، گۇناھ قىلغان ئادەم گۇناھىدىن مەڭگۈ قايتمىغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا بىزنى بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ئەمەس، ئىختىيارغا قويۇۋېتىلگەن شەكىلدە ياراتتى. مەجبۇرلاش ۋە بويسۇندۇرۇش ئاللاھنىڭ قۇدرىتى. ئەمما ئاللاھ بەندىنىڭ ئۆزى تەرەپكە مەجبۇرىي ئەمەس، ئۆز رازىلىقى بىلەن كېلىشىنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى تاللاش ھوقۇقى بار شەكىلدە، ئاسىيلىق قىلىش ياكى ئىتائەت قىلىشقا قادىر بولىدىغان كۈچ بىلەن ياراتتى.

ئاللاھ ھەرگىزمۇ پۈتۈنلەي ياخشىلىقنى تاللايدىغان ياكى پۈتۈنلەي يامانلىقنى تاللايدىغان ئىنسان ياراتمىدى. ياخشىلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر قېتىم يامانلىققا چۈشۈپ قالىدىغانلار ۋە يامانلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر قېتىم ياخشىلىق قىلىدىغانلىرى بار. ئىنسان بەزىدە ئۇنتۇپ، بەزىدە سەۋەنلىك

ئۆتكۈزۈپ خاتالىققا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر بەندە خاتالىشىپ قالسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ئاللاھ تەرەپكە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن تەۋبىنى يولغا قويدى. ھېكمەتلىك سۆزلەردە: «چوڭچىلىق پەيدا قىلىدىغان ئىبادەتتىن، خارلىق، تۆۋەنلىك ۋە تەۋبىگە سەۋەب بولىدىغان گۇناھ ياخشى» دېيىلگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالاشتى، ئاللاھ تەۋبە قىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆگەتتى ۋە تەۋبە قىلدى. نەتىجىدە ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ھاياتىنى خىزمىتىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن ۋاقتىتا، ئۇستىدە ھېچقانداق خاتالىق قالمىغان.

﴿إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن بۇ ئايەتتىكى "التَّوَّابُ" دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «نۇرغۇن گۇناھلارنى قوبۇل قىلغۇچى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەنى بۇ سۆزدىن «ئاللاھ بەندىلىرنى بىر گۇناھ بىلەن جازالىمايدىكەن» دېگەندەك ئۇقۇم چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گۇناھنى مەغپىرەت قىلسا، نۇرغۇن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغان بولىدۇ.

«تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى» دېگەن سۈپەتتىكى مۇبالىغە ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ. بىرىنچىسى، بىر ئىش ئاز كىشىلەر تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم تەكرارلانسا ياكى مەسىلە كۆپ ئادەم تەرىپىدىن بىر قېتىم يۈز بەرگەن بولسا، ئىككىلىسىنى ئاللاھنىڭ "التَّوَّابُ" دېگەن سۈپىتى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: پالانچىنىڭ قارنى يامان دېيىلسە، بەلكىم بۇ كىشىنىڭ تامىقى كۈندە ئۈچ ۋاختىن ئېشىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بىر قېتىمدىلا ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىشى مۇمكىن ياكى نورمال يېسىمۇ، كۈندە بەش-ئون ۋاخ يېيىشى مۇمكىن. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى كۆپ. ئىنسانلاردىن ھەربىرى بىر قېتىمدىن خاتالاشسا، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئاللاھ تەۋبە بېرىدىغان گۇناھ سانى زور ھەجىمدە بولىدۇ. ئەگەر بىر كۈندە بىر قانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېتىم گۇناھ قىلىپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلسا، ئاللاھ يەنە كۆپ تەۋبە قوبۇل قىلغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى مۇبالىغە «تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر گۇناھ قىلغان بولغاچقا، ئاللاھ تائالا "تائىب" «بىر قېتىم تەۋبە بەرگۈچى» بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن مەسىلە ئادەم بىلەن تۈگىمەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، كۆپ گۇناھ قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ ھەممىسىگە تەۋبە پۇرسىتى بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ﴿إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ دېگەن ئايەتتىكى "التَّوَّابُ" سۆزى ئاشۇرما سۈپەتداش شەكلىدە ئىشلىتىلگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئوغلى ئوغرىلىق قىلىپ، تۇتۇلۇپ قالغان بىر ئايال يىغلاپ كېلىپ: «بۇ ئوغلۇمنىڭ تۇنجى ئوغرىلىق قىلىشى» دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالغا: «ئاللاھ بەندىسىنى تۇنجى قېتىم جازالاشتىن رەھىمدىلدۇر. بالىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنىغا قارىغاندا، چوقۇم بۇنىدىن بۇرۇنمۇ ئوغرىلىق قىلغان» دەيدۇ. ئاللاھ بەندىنىڭ گۇناھىنى نەچچە قېتىملاپ ياپىدۇ. لېكىن گۇناھ قىلىۋەرسە، بەندىگە ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. "التَّوَّابُ" دېگەن بۇ سۆز «ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمدىن كېيىن جازالايدۇ» دېگەننى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى زاتتۇر.

# 32-دەرس

## سۈرە بەقەرە 38-ئايەت

﴿قُلْنَا اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

**«(ئۇلارغا): ‹ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ› دېدۇق»**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە "اهْبِطُوا" «چۈشۈڭلار» دەپ، كۆپلۈك شەكلىدە خىتاب قىلغان. سۈرە «تاھا»دا بولسا ﴿قَالَ اهْبِطَا مِنْهَا جَمِيعًا﴾[1] "اهْبِطَا" دەپ ئىككىلىك شەكلىدە خىتاب قىلدى. كۆپلۈك شەكلىدە خىتاب قىلغان ۋاقىتتا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن ئەۋلادلار بۇ خىتابنىڭ ئاستىغا كىرىدۇ. چۈنكى قىيامەتكە قەدەر ھەربىرىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىمىز. ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَاكُمْ ثُمَّ صَوَّرْنَاكُمْ ثُمَّ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ﴾[2] «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار -

---

[1] سۈرە تاھا، 123-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف، 11-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېدۇق» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغان ۋاقتىدا، «سىنى يارىتىم» دەپ بىرلىك شەكىلدە دېمەستىن، «سىلەرنى ياراتتىم» دەپ كۆپلۈك شەكىلدە خىتاب قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، پۈتۈن ئەۋلادلىرىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، سۈرەتكە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ "اهبطوا" «چۈشۈڭلار» دەپ كۆپلۈك شەكىلدە كەلگەن بۇ خىتابى ئادەم ۋە قىيامەتكە قەدەر ياشاپ ئۆتكەن پۈتۈن ئەۋلادلىرىغا قارىتىلغان.

﴿اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعًا﴾ دېگەن ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى باشلايدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ يەردىكى مەسئۇلىيەت شەخسىي بولغاچقا، كۆپلۈك شەكىلدە كەلمەي "اهْبِطَا" دەپ ئىككىلىك شەكىلدە كەلگەن ۋە ئارقىدىنلا "جَمِيعًا" دەپ كۆپلۈك كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى بۇ يەردە بىر-بىرىگە قارشى ئىككى تەرەپ بار بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئىبلىس بۇ ئىككىيلەننى گۇناھقا سۆرەشكە تىرىشىدۇ. بۇلار جەڭ مەيدانىدا ئۈچ بولغانلىقى ئۈچۈن "جَمِيعًا" دەپ كۆپلۈك شەكلى كەلگەن.

﴿فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى﴾ دېگەن ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالام «جەننەت تەجرىبىسى»دە گۇناھقا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەۋبە سۆزلىرىنى ئۆگىتىپ، ھەر قېتىم غەپلەتتە قالغان ۋاقتىدا تەۋبە قىلىشقا نەسىھەت قىلدى ۋە تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىزدىن زېمىندا ئورۇنلىشىپ، ھاياتتىكى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى باشلىشىنى خالىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى: ﴿فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى﴾ «سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى كېلىدۇ» دەپ ياخشىلىققا باشلىدى. ئايەتتىكى "هُدًى" دېگەن

سۆزنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار بولۇپ، بىرى ھىدايەت قىلىش، يەنە بىرى بولسا، ياخشىلىق يولىغا باشلاپ قويۇش. ھىدايەت قىلىش بەندە باشلانغان ياخشىلىق يولىنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ﴾[1] «ھىدايەت تاپقانلارنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ» دەيدۇ. ﴿فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى﴾ دېگەن ئايەتتىكى "هُدًى" دېگەن سۆز «ياخشىلىققا باشلاپ قويۇش» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ» دېگەن.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ دېگەن نېمە؟ كۆچىڭىز يەتمەيدىغان بىر يامانلىقنى كۈتۈش «قورقۇنچ»، ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۈمىد قىلىدىغان بىر ئىشنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەش «غەم-قايغۇ» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «مەن باشلىغان ۋە چۈشۈرگەن يولدا ماڭغان ئادەمگە قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ» دېدى. چۈنكى پۈتۈن ياخشىلىق ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا بولۇپ، بۇ يولغا ئەگەشكەن ئادەم بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن مەڭگۈ قورقۇپ قالمايدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بىر جەمئىيەتكە قورقۇنچ ھەرگىز يەتمەيدۇ. لېكىن خاتالىق قىلغان ئادەم دائىم ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ۋە يامان ئاقىۋەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. قورقۇنچ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى قىلغان خاتالىقنىڭ جازاسى. يەنە بىرى تۇيۇقسىز كېلىدىغان سەۋەبسىز قورقۇنچ. بۇ قورقۇنچتىكى ھېكمەتنى بىلەلىشىڭىز ياكى بىلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بۇ سىزگە ئاللاھ تەقدىر قىلغان قورقۇنچ بولۇپ، بۇنى قوبۇل

[1] سۈرە مۇھەممەد، 17-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلماي ئامالىڭىز يوق.

﴿وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىپ، گۇناھ قىلمىغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قارشى چىقمىغان كىشىدە قورقۇنچ، بىئاراملىق ۋە ئەنسىرەش بولمايدۇ. ئەگەر بۇ كىشىگە تۇيۇقسىز بىر ھادىسە كەلسە، قەلبى خاتىرجەم ھالەتتە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كىشى ياراتقۇچىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ ۋە ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھەرقانداق ئىشنى ياخشىلىق دەپ بىلىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى بىر-بىرى بىلەن ماسلاشقان بولۇپ، ئىچكى دۇنياسىدا ھېچقانداق زىددىيەت، توقۇنۇش بولمايدۇ ۋە پۈتۈن ئوي-پىكرى ئاللاھ بىلەن ماسلىشىش بىلەن بىرگە، جەمئىيەت بىلەنمۇ ماسلىشىدۇ. ئەگەر تۇيۇقسىز بىر ھادىسە يەتسە، گەرچە ھېكمىتىنى بىلمىسىمۇ، شۈكۈر بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بىرەر ھۆكۈمدە ئاللاھقا قارشى چىقىشتىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت سالىھ مۆئمىنلەر بىلەن بەختلىك بولىدۇ. مۆئمىن دېگەن ھاياتتا تارقىتىلىدىغان بىر گۈزەل روھ ۋە چىرايلىق نېئمەت بولۇپ، ھەردائىم «ئى ئاللاھ، ھۆكۈملىرىڭگە ۋە پۈتۈن قازايى-قەدەرلىرىڭگە رازى بولۇپ، ھېكمەتلىرىڭگە ئىشەنگەن ھالدا ئۆزلىرىنى مەدھىيەلەيمەن» دەپ، پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنسان ھادىسىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھادىسە تەسىر كۆرسەتكەن ئادەم بىلەن «بۇنىڭدا ھېكمەت بار» دەپ قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ پەرقى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا ناھايىتى ئىنچىكە بىر نۇقتىنى ئىپادىلەپ: "إِنَّ الْعَيْنَ تَدْمَعُ، وَالْقَلْبَ يَحْزَنُ، وَلَا نَقُولُ إِلَّا مَا يَرْضَى رَبُّنَا، وَإِنَّا بِفِرَاقِكَ يَا إِبْرَاهِيمُ لَمَحْزُونُونَ"[1] «كۆز ياش تۆكۈۋاتىدۇ، قەلب بىئارام. لېكىن رەببىمىز رازى بولىدىغاننى دەيمىز.

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئـى ئىبـراھىم، بىـز سـەندىن ئايرىلـىپ قالغىنىمىزغـا ناھـايىتى كـۆڭلىمىز يېـرىم» دەۋاتـــدۇ. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسســـالام بىـــزگە ئۆگىتىۋاتقـــان ئىمـــان مۇئمىنىنىـــڭ قەلبـى تاشـقا ئوخشـاش قـاتتىق بولمايـدىغانلىقى، ھادىسـىلەرنى قوبـۇل قىلىـپ، كـۆزى يـاش تۆكـۈپ، قەلبـى ئاللاھنىـڭ ھېكمىـتىگە بويسـۇنۇدىغانلىقىدىن ئىبـارەت بىـر ھەقىقەتنـى بىلدۈرۈۋاتـدۇ. ئـاللاھ بىزنىـڭ ھادىسـىلەرنى غەم-قـايغۇ بىـلەن قارشـى ئېلىشـىمىزنى خالىمايـدۇ. لېكىن كەلـگەن شـۇ مۇسـىبەتتە ھـېكمەت بارلىقىغـا ئىشـىنىپ، بىئـارام بولماسـلىقىمىز كېـرەك. مەسـىلەن: سـۆڭەك دوختۇرىنىـڭ سـۆڭەكلىرىڭىزنى قايتىـدىن داۋالاش ئۈچـۈن سـۇندۇرۇپ تېڭىشـى گەرچە ئازابلىسـىمۇ، يەنىـلا سـىز ئۈچـۈن ياخشـى. يـاراتقۇچى تەرەپـتىن كەلـگەن ھەرقانـداق بىـر مۇسـىبەت ئەلـۋەتتە سـىز ئۈچـۈن بىـر قېتىملىـق داۋالاشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 39-ئايەت

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا أُولَـٰئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

### «كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا﴾ دېگەن ئايەتتىكى "الكفر"نىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئېلان قىلغانلىقتۇر. چۈنكى بىر نەرسە بار بولغاندا ئاندىن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى پەيدا بولىدۇ. زېھنىمىزدە يوق ئىشنى يوشۇرۇشقا ئېھتىياج بولمايدۇ. زېھنىمىز بار نەرسە ھەققىدە ئويلىنىپ، تۈنجى تەسەۋۋۇر شەكىللىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىسمى ياكى سۆز شەكلى پەيدا بولىدۇ. بىر كىشى ئەسلىدىنلا يوق نەرسە ھەققىدە سۆزلىسە چۈشەنمەيسىز. لېكىن مەۋجۇت نەرسىگە ئوخشىتىپ سۆزلىسە ئاندىن چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن.

تىل تەتقىقات ئورگانلىرى زېھنىمىزدىكى مەلۇم بىر شەكىلنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: راكېتا، سۈنئىي ھەمراھ ۋە لازېر نۇر قاتارلىقلار كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىسىملىرى يوق ئىدى. ھەرقانداق نەرسە ئاۋۋال پەيدا بولۇپ، ئاندىن ئىسىم

قوبۇل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا كاپىر بولۇشنىڭ ئۆزى ئىماننى ئىسپاتلايدىغان بىر ئىسپات بولۇپ، نورمالدا بىر ئىسىمنى چۈشىنىشىڭىز ئۈچۈن شۇ ئىسىمغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن زېھنىڭىزدە بولۇشى كېرەك. دۇنيا تىللىرىدىن ھېچقانداق بىر تىلنى ئاللاھنىڭ ئىسمى يوق ھالەتتە تاپالمايسىز. بىز ئاللاھنى كۆرەلمەيمىز، ئەمما ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا، چوڭ-كىچىك، بىلىملىك-بىلىمسىز، دۇنيانى ئايلانغان ياكى ئۆيىدىن چىقىپ باقمىغان ھەممە ئادەم قەلبلىرىدە قوبۇلغان ئىمان تەبىئىتى بىلەن بىر چۈشەنچىگە كېلىدۇ.

﴿وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا﴾ دېگەن ئايەتتىكى "آية" دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. كائىناتتا قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، زېمىن قاتارلىق ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان، ئىنساننىڭ كۈچىدىن ھالقىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا "آية" دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە ئەۋەتكەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىدىن ھالقىغان نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى بېرىدۇ. بۇلارمۇ "آية" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىمدىكى سۈرىلەرنىڭ پارچە-پارچە بۆلەكلىرىنىمۇ ھەم "آية" دەيمىز. ئاللاھ تائالا قىيامەتكە قەدەر پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان مۆجىزىلىك كالامىمۇ "آية" دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايىتىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىر، مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى تۇرىدىغانلار بولۇپ، ئاللاھ بىزگە بۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى.

بۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشى چۈشىنەلمىگەنلىكتىنمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق! ئۇلار چۈشەنسىمۇ قەستەن ئىنكار قىلىدۇ. پىرئەۋن گۇرۇھىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەرخىل ئايەت، كىسەل ۋە كىچىك ئازابلار يەتتى. لېكىن ئۇلار بۇ پاكىتلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئېتىراپ قىلمىدى. قۇرئان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەھۋالنى بايان قىلىپ: ﴿وَجَحَدُوا بِهَا وَاسْتَيْقَنَتْهَا أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا﴾[1] «ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى» دېگەن.

كائىناتتا دەلىللەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئۇلارغا ئازراق دىققىتىنى قاراتسىلا ئىمان ئېيتاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا بىزگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ بىلەلىشى ئۈچۈن، بۇ مۆجىزىلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. مانا بۇلار ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئەگەشمەكچى بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆز مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ﴿أُولَـٰئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ﴾ «ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئايەتتىكى "أَصْحَابُ" دېگەن سۆز "صاحب" نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇلتۇرۇشنى خالايدىغان ۋە گۈزەل ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ﴿أَصْحَابُ النَّارِ﴾ دېگەن ئايەتتىن خۇددى «بۇلار دوزاخقا ئاشىق ۋە دوزاخقا كىرسە دوست دوستىنى كۆرۈپ خۇشال بولغاندەك خۇش بولىدۇ ۋە دوزاخ ئۇلاردىن مەڭگۈ ئايرىلىشنى خالىمايدۇ» دېگەندەك بىر ئۇقۇم ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان دوزاخنى سۈپەتلەپ: ﴿يَوْمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ امْتَلَأْتِ وَتَقُولُ هَلْ مِن مَّزِيدٍ﴾[2] «ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: توشتۇڭمۇ؟ - دەيمىز، جەھەننەم: يەنە بارمۇ؟ - دەيدۇ» دېگەن. بىز بۇ ئايەتتىن دوزاخ بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئىشق-مۇھەببەت» دەرىجىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دوزاخ ھەر ۋاقىت كاپىر، مۇناپىق ۋە گۇناھكارلارنى كۆيدۈرۈشتىن خۇشال بولىدۇ. چۈنكى دوزاخ ئاللاھنىڭ يولىغا كاپىر بولغان، ھاياتى دۇنيادا ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى جازالايدۇ. جەننەتكە

---

[1] سۈرە نەمل، 14-ئايەت
[2] سۈرە قاف، 30-ئايەت

نىسبەتەنمۇ ئەھۋال ئوخشاش. جەننەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلغان ۋە دۇنيادا ئاللاھنىڭ يولىنى تەتبىقلىغان كىشىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئورۇن ھازىرلايدۇ ۋە ھەمراھ بولىدۇ. جەننەت ھەققىدە ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَأَخْبَتُوا إِلَىٰ رَبِّهِمْ أُولَـٰئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرگەنلەر، ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ. خۇددى دوزاخ ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغانلارنى ياخشى كۆرۈپ چىڭ تۇتقاندەك، جەننەت مۇئمىنلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. دوزاخ كاپىرنى كۆيدۈرگەن ۋاقىتتا خۇشال بولغاندەك، جەننەتمۇ مۇئمىننى ھۇزۇرلاندۇرغان ۋاقىتتا خۇشال بولىدۇ.

﴿هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ ئۇلار ئۈچۈن دوزاخ ئازابى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، يەڭگىللىمەيدۇ ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿أُولَـٰئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالْآخِرَةِ فَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ الْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ﴾[2] «ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ» دېگەن. يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئاللاھنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىندا تۇنجى بولۇپ ساماۋى يولنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ھىدايەت بىلەن چۈشۈرگەنلىكىنى ۋە ئىنسانغا ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇق يولىنى بايان قىلماستىن بىر مىنۇتمۇ تاشلاپ قويمىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئاللاھ ئىنسانغا چىقىش يولى بېرىش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ «ئاقىۋىتىم دوزاخ بولۇپ كەتتى» دېگەن ھېسسىياتقا كىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بەلكى

[1] سۈرە ھۇد 23-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە 86-ئايەت

ئىنسان مۇشۇ سەۋەبلىك دائىم ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى يارانقان ئاللاھنىڭ ئىنسانغا شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى، تەۋبە ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەركىمنىڭ ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئىمان ئېيتىشنى خالىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىگە تەۋبە يولى ئوچۇقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دۇنيا ئاخىرەتتە ياخشى ھاياتتا ياشايدىغانلىقى، ئەمما كاپىر بولۇپ ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئازاب بولىدىغانلىقىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋلادلىرىنى ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دۈشمىنى بولغان ئىبلىسنى تونۇتۇپ، دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە ئادەم بالىلىرى نېمە قىلدى؟ ئاللاھنىڭ يولىنى ئىتائەت بىلەن قوبۇل قىلدىمۇ ياكى گۇناھ بىلەن قوبۇل قىلدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ تەلىماتىنى چىڭ تۇتتىمۇ ياكى چۆرۈپ تاشلىۋەتتىمۇ؟



www.uyghurkitap.com

# 33-دەرس

## سۈرە بەقەرە 40-ئايەت

**﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾**

**«ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت-ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار»**

ئىلگىرىكى دەرسىمىزدە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى، زېمىندا ئۇستىگە ئالىدىغان خىزمەت ۋە مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ، ئىنسانغا زېمىندا ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولىدىغان دۈشمىنىنىڭ ئىبلىس ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەجرىبە جەننىتىدىكى ھاياتىدا ئۆز دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بولسا ئۇ يەردىن قوغلىنىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەرلەر ئەڭ كۆپ كەلگەن بولسىمۇ، يامانلىقنى قەتئىي تاشلىمىغاچقا، ئۇلار قۇرئاندا كۆپ تىلغا ئېلىنغان. بۈگۈنكى دەرسىمىز ئىبرەت شەكلىدە سۆزلەنگەن بەنى ئىسرائىلنىڭ بىر قىسسەسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا بۇ قىسسەنى: ﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾ «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت-ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېگەن خىتاب بىلەن باشلاپ، بېرىلگەن نېئمەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ نېئمەتلەرگە قىلغان تۇزكورلۇقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلسا، ئاللاھنىڭمۇ بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا بىزگە يارىتىلىش قىسسەسىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن قانداق باشلانغانلىقىنى، ئىبلىسنىڭ ئادەمگە بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جەننەتلەرنىڭ بىرىدە ئىمان يولىنىڭ تۇنجى تەجرىبىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە بىر مەزگىل ياشاش تەجرىبىسى بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنغا چۈشكەندىن كېيىنكى ۋەزىپىسىنىڭ دەسلەپكى سىناق مەزگىلى ئىدى. ئاللاھ يەنە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەجرىبە ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇپ، گۇناھقا قانداق چۈشۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ يولى بىلەن قوراللىنىپ، ھەددىدىن ئېشىشتىن تەۋبە بىلەن قوغدالغان ھالدا زېمىنغا چۈشۈپ، ۋەزىپىسىنى باشلىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزگە رىسالە كارۋانلىرىنى بايان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ۋە دۈشمىنىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ مەنھىجىنى كۈپۈر-ئىسيانغا قارشى قانداق قورال قىلغانلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. ئاللاھنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرمەكچى

بولغـــان رىســـالە كارۋانلىرىـــدىن (ئىلگىرىكـــى دەۋرلەردىـــن) بەنـــى ئىســـرائىل دەۋرىنـــى تاللىـــدى. «ئىســـرائىل» يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالامنى كۆرســـىتىدىغان بولـــۇپ، «بەنـــى ئىســـرائىل» بولســـا، يەئقـــۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنـــى كۆرســـىتىدۇ. يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالامنىڭ ئـــوغلى يۈســـۈف ئەلەيھىســـسالام مىســـىر ئەزىـــزى بولغانـــدىن كېيىن، قېرىنداشـــلىرىنى يېنىغـــا ئەكەلـــگەن ۋە زورىيىـــپ بىـــر جەمئىـــيەت ھاســـىل قىلغـــان. كېيىنكـــى مىســـىر پىرئەۋنلىرىنـــىڭ زۇلـــۇم سېلىشـــى بىـــلەن مۇســـا ئەلەيھىســـسالام دەۋرىـــدە مىســـىردىن قېچىـــپ، ئـــۆز يۇرتىغـــا قايتىـــپ كەلـــگەن. مانـــا بـــۇ جامـــائەت «بەنـــى ئىســـرائىل» دەپ ئاتىلىـــدۇ. بەنـــى ئىســـرائىل مـــۆجىزىلەر ئەڭ كـــۆپ بايـــان قىلىنغـــان ۋە ئەڭ كـــۆپ پەيغەمـــبەر ئەۋەتىلـــگەن بىـــر مىللەت بولغاچقا، بۇ قىسسەدە ئىبرەتلىك ئۆرنەك بولۇپ بايان قىلىنغان.

بـــۇ بەنـــى ئىســـرائىلنىڭ تاللانغـــان ئالاھىـــدە ئـــادەملەر ئىكەنلىكىـــدىن دېـــرەك بەرمەيـــدۇ. ئەممـــا بـــۇلار قەۋمـــلەر ئىچىـــدىكى ئەڭ كـــۆپ ئاســـىيلىق قىلغـــان ۋە كـــۆپ گۇنـــاھ-مەئســـيەت ئۆتكـــۈزگەن قەۋم بولغاچقـــا، ئەڭ كـــۆپ پەيغەمـــبەر ئەۋەتىلـــگەن. ئۇلارنـــىڭ ئەھۋالىغـــا قـــاراپ باقســـاق، پەيغەمبەرلـــىرى بىـــر مـــۆجىزە كۆرسەتســـە، ئـــۇلار يولـــدىن چىقـــاتتى. يەنە بىـــر مـــۆجىزە كۆرسەتســـە، تېخىمـــۇ ھەددىـــدىن ئاشـــاتتى. دېـــمەك، بـــۇلار مۇشـــۇ دەرىجىـــدە يولـــدىن چىققـــان بىـــر قەۋم بولـــۇپ، ئـــۆز-ئـــۆزىگە كـــۆپ زۇلـــۇم قىلغاچقـــا، ئاللاھنـــىڭ بۇلارغـــا مۇنـــداق ھۆكـــۈم قىلىـــۋەتكەن: بـــۇلار زېمىنـــدا چېچىلىـــپ كېتىـــدۇ، ئانـــدىن گۇنـــاھى ۋە كاپىرلىقىغـــا لايىـــق ئـــازاب ۋە جـــازا بېرىـــلىش ئۈچـــۈن قايتـــا توپلىنىـــدۇ. يەھۇدىيلارنـــىڭ تارىخىغـــا قارىســـاق، ئۇنـــىڭ ئىككـــى مىـــڭ يىللىـــق جاپـــا-مۇشـــەققەت تـــارىخى ئىكەنلىكىنـــى كـــۆرۈۋالالايمىز. ئەمـــدى ئۇلارنـــىڭ بىـــر يەرگە قايتـــا توپلىنىشـــى قىلغـــان جىنـــايەتلىرى ئۈچـــۈن ئېغىـــر دەرىجىـــدە، كەڭ كۆلەملىـــك جازالىنىشـــى ئۈچۈنـــدۇر. چـــۈنكى ئۇلارنـــىڭ خـــاراكتېرى ھەددىـــدىن ئېشـــىش بولغاچقـــا، ئـــاللاھ تائـــالا ئۇلارغـــا شـــۇ خىـــل تەقـــدىرنى پۈتـــۈۋەتكەن. شـــۇڭا بەنـــى ئىســـرائىل قىسسەسى قۇرئاندا خېلى زور ھەجىمنى ئىگىلىگەن.

uyghurkitap.com



بەنى ئىسرائىلغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر شۇنچە جاھىل كىشىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىغا، كۈپۈر ۋە ئەزىيەتلىرىگە چىداپ دەۋەت قىلغان بولۇپ، بۇ قىسسەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە شۇ يولدا ماڭغانلارنى چىدام ۋە غەيرەتكە ئۈندەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ «ئىرادىلىك پەيغەمبەر» دەپ ئاتالغان بەش پەيغەمبەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قىسسە خاراكتېرى بۇزۇلغان بىر قەۋمنى قەدەممۇ-قەدەم تەربىيەلەش قىسسەسى بولغاچقا، بۇ قىسسەلەردىن تۈرلۈك ساۋاقلارنى ئالالايمىز.

ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلماقچى بولسا: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾[1] «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار» ياكى ﴿يَا بَنِي آدَمَ لَا يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ﴾[2] «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن» دېگەن ئايەتلەردىكىدەك "يَا بَنِي آدَمَ" «ئى ئادەم بالىلىرى!» دەپ خىتاب قىلغان.

ئاللاھنىڭ «ئى ئادەم بالىلىرى!» دەپ خىتاب قىلىشى بىزگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن بۇيانقى نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئادەمنى يارىتىپ، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئادەمگە ھاياتقا كاپالەتلىك قىلىدىغان، پۈتۈن نېمەتلەر بىلەن تولغان زېمىننى ھازىرلاپ بەردى. زېمىندا ھازىرلانغان نېمەتلەر ئادەمگە زۆرۈر نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ھەتتاكى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا قارشى چېنىقتۇردى ۋە شەيتاننىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ھەتتا خاتالاشسا قانداق تەۋبە قىلىشنى ئۆگەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ

[1] سۈرە ئەئراف، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئەئراف، 27-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

نېئمەتلىرىنـــى ئەســـلىگەن چېغىمىـــزدا، نېئمەتلەرنىـــڭ قارشىســـىدا گۇنـــاھ ۋە خاتـــالىق ئۆتكۈزۈشـــتىن خىجىـــل بـــولىمىز. بۇنىـــڭ ئـــۆزى ئاللاھقـــا ئۆمـــۈر بـــويى شۈكۈر ئېيتىپ ئۆتۈشىمىزگە يېتەرلىكتۇر.

بـــۇ ئـــايەتتە بولســـا ئـــاللاھ تائـــالا: ﴿يَـــا بَنِـــي إِسْـــرَائِيلَ﴾ «ئـــى ئىســـرائىل ئەۋلادلـــىرى!» دەپ خىتـــاب قىلغـــان. «ئىســـرائىل» ئىبرانـــي تىلىـــدا «ئىســـر» ۋە «ۋايـــل» دېـــگەن ئىككـــى ســـۆزدىن تـــۈزۈلگەن بولـــۇپ، «ئىســـر» تاللانغـــان ئىنســـان بەنـــدە دېـــگەن مەنـــدە، «ۋايـــل» بولســـا ئـــاللاھ، خـــۇدا دېـــگەن مەنـــدە كەلـــگەن. شـــۇڭا «ئىســـرائىل» دېگەنلىـــك «ئاللاھنىـــڭ تاللانغـــان ئىنســـان بەندىســـى» دېگەنلىـــك بولىـــدۇ. بـــۇ يەردىكـــى تـــاللىنىش، ئىنســـللىك ۋە ســـۈزۈكلۈك يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالامغا خـــاس بولـــۇپ، كېيىنكـــى ئەۋلادلىرىغـــا قارىتىلمىغـــان. ئەســـلى بـــۇ يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالامنىڭ تەخەللۇســـى بولـــۇپ، تاللانغـــان ئىنســـان بەنـــدە ئىكەنلىكىنـــى بىلدۈرىـــدۇ. يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالام ئاللاھنىـــڭ نۇرغـــۇن سىـــناقلىرىغا ئۇچرىغـــان بولســـىمۇ، بـــۇ ســـىناقلاردىن ناھـــايىتى گـــۈزەل شـــەكىلدە ئـــۆتكەنلىكى ســـەۋەبلىك، «ئاللاھنىـــڭ ئىنســـان، تاللانغـــان ۋە ســـاپ بەندىســـى» مەنىســـــىدىكى «ئىســـــرائىل» تەخەللۇســـــى قويۇلغـــــان. ئـــــاللاھ مۇســـــا ئەلەيھىســـــسالامنىڭ قەۋمىـــــگە خىتـــــاب قىلغـــــان چاغـــــدا، «ئـــــى ئىســـــرائىل ئەۋلادلـــىرى!» دەپ خىتـــاب قىلىشـــى ئۇلارغـــا ئـــاللاھ نەزىرىـــدىكى ئىســـرائىلنىڭ (يەنـــى يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالامنىڭ) ئـــورۇن دەرىجىســـىنى ئەســـلەتمەكچى بـــولغىنى بولـــۇپ، «ئـــى يەئقۇبنىـــڭ ئەۋلادلـــىرى، ئاتـــاڭلار شـــۇنداق ئىنســـان كىشـــى ئىدى، سىلەرگە نېمە بولدى؟» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يەئقـــۇب ئەلەيھىســـسالامنىڭ مۇســـىبەتلەرگە قىلغـــان ســـەۋرلىرى ۋە ئۆلـــۈم ئالدىدىكى ۋەسىيەتلىرى توغرىسىدا: ﴿أَمْ كُنـــتُمْ شُـــهَدَاءَ إِذْ حَضَـــرَ يَعْقُـــوبَ الْمَـــوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِن بَعْـــدِي قَـــالُوا نَعْبُـــدُ إِلَـــٰهَكَ وَإِلَـــٰهَ آبَائِـــكَ إِبْـــرَاهِيمَ وَإِسْـــمَاعِيلَ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



وَإِسْحَاقَ إِلَـٰهًا وَاحِدًا وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾[1] «يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار: سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز - دېدى» دېگەن ئايەت كەلگەن بولۇپ، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿يَا بَنِيَّ إِنَّ اللَّهَ اصْطَفَىٰ لَكُمُ الدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ﴾[2] «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتى دۇنيادىن كېتىڭلار - دېدى» دېگەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى تىلغا ئېلىنغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە «ئى مۇسانىڭ قەۋمى» دېيىلمەي، «ئى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى» دېيىلىشى، ئۇلارغا ئاتىسىنىڭ ئېسىللىقىنى خاتىرىلىتىش ئۈچۈندۇر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە ئاللاھنىڭ يەككە-يېگانىلىقى، شېرىكى يوقلۇقى ۋە ھەقىقىي دىنىنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكى قاتارلىق نۇرغۇن ۋەز-نەسىھەتلەر بار بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلار ئۈچۈن دىنىنى تاللاپ بەرگەنلىكى ۋە ئۆلگۈچە شۇ دىن يولىدا مېڭىشقا ئۈندىشى قاتارلىق ئەسلەتمىلەر بار.

بۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈم ھازىر بولغاندا دېيىلگەن ۋەسىيەت بولۇپ، ئۆلۈم سائەتلىرىدە ئىنسان ئۆزگىرىدۇ، رەببىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە راستچىل بولىدۇ. شۇڭا «يەئقۇبقا ئۆلۈم ھازىر بولغاندا مۇنداق نەسىھەت قىلدى» دېگەن ئىپادە ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ راستچىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ﴾ «ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى!» دېگەن ئىپادە بولسا: «ئاتاڭلارنى ئەسلەڭلار، ئۇ قانداق مۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلدى؟ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيىتى نېمە ئىدى؟» دېگەن مەنىنى

[1] سۈرە بەقەرە، 133-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە، 132-ئايەت

بىلدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاتىسىغا قىلغان پەزلى-مەرھەمىتىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ ۋەز-نەسىھەت تەسىر قىلىپ، ئۇلار گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشتىن خىجىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: جەمئىيەتتىكى ياخشى، ئېسىل ئادەملەرنىڭ باللىرى ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرسا، ئۇلارغا: «خىجىل بولماسسىلەر؟ سىلەر ياخشى ئادەمنىڭ باللىرىغۇ!؟ قانداقمۇ بۇنداق گۇناھلارنى ئۆتكۈزىسىلەر؟» دەپ نەسىھەت قىلىنغاندا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ.

ئىسرائىل يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ۋە ئىسھاق دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇ بىر تۇپتىن چىققان ئىككى شاخچىگە ئوخشايدۇ. شاخچىنىڭ بىرى ئىسھاق بولۇپ، ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇب ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بەنى ئىسرائىلدۇر. يەنە بىرى ئىسمائىل بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا خىتاب قىلىپ: ﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ﴾ «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار» دېگەن. ئەمما مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلغاندا ئادەتتە ﴿اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ﴾ «نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار» دېمەي، ﴿اذْكُرُوا اللَّهَ﴾ «ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» دەپ خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئىككى مىللەتنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. بەنى ئىسرائىل ماددىزىمچى كىشىلەر بولۇپ، مەسىلىلەرگە دۇنيادا ئېرىشكىنىگە قاراپ مۇئامىلە قىلغاچقا، ئاللاھ ئۆزى ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەن. ئەمما مۇسۇلمانلار ماددىزىمچى ئەمەس ۋە ياخشى كۆرىدىغىنىمىز ئاللاھ بولغاچقا، ئاللاھ دائىم ئۆزىنى ئەسلەشكە بۇيرۇغان.

ئىنسانىنىڭ نېئمەت تەرەپتە تۇرۇشى بىلەن نېئمەت بەرگۈچى تەرەپتە تۇرۇشى ئارىسىدا پەرق بار. ماددىزىمچى كىشىلەر نېئمەتنى ياخشى كۆرىدۇ. ماددىزىمچى ئەمەسلەر نېئمەت بەرگۈچىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا قىلىنىدىغان خىتاب ئاساسەن ﴿اذْكُرُوا اللهَ﴾ «ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار نېئمەت بەرگۈچى تەرەپتە تۇرىدۇ. ئەمما ئاللاھ بەنى ئىسرائىلغا: ﴿اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ﴾ «نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار» دەپ خىتاب قىلدى. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا: "أَنَا أَهْلٌ أَنْ أُتَّقَى أَنْ يُجْعَلَ مَعِي إِلَهٌ، فَمَنِ اتَّقَى أَنْ يَجْعَلَ مَعِي إِلَهًا فَهُوَ أَهْلٌ أَنْ أَغْفِرَ لَهُ"[1] «مەن سىلەر قورقۇشقا ئەڭ لايىق زات، ماڭا باشقا ئىلاھ شېرىك قىلىنمىسۇن. كىمكى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلانسا، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن» دېگەن.

ئەگەر ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى ياراتمىغان بولسىمۇ، بىزنى ياراتقان ۋە نېئمەت بەرگەنلىك سۈپىتىدە چوقۇم ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. مۇئمىنلەر ئاللاھ تەرىپىدىن سىناققا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەر سىناقتا بىر نېئمەت بار. ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرى بىلەن پەرىشتىلىرىگە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: «ئۇلار ماڭا مېنى دەپلا ئىبادەت قىلىدۇ» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «بەلكى ئۇلار سىلى بەرگەن نېئمەت ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ» دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: «مەن نېئمەتلىرىمنى ئۇلاردىن تارتىۋالساممۇ، داۋاملىق مېنى ياخشى كۆرىدۇ. بەندىلىرىم ئىچىدە دۇئالىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىرىم بار. مەن ئۇلارنى ئىمتىھان قىلسام، ئۇلار «ئى پەرۋەردىگار» دېگىنىدە، مەن بۇنىڭدىن سۆيۈنىمەن» دەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

بىزنىڭ دۇنيادا سىناققا ئۇچرىغىنىمىز ئاللاھقا بولغان ھەقىقىي سەممىيىتىمىزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بىرسى نېئمەت بەرگەندە ھەركىم

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

خۇشـــال بولـــدۇ. ئەگەر بەرگەن نېـــئمەت ئاخىرلاشـــقاندىمۇ ئۇنـــىڭ بـــىلەن خۇشـــال ئۆتـــۈپ ئىخلاســـىمىز ئۆزگەرمىســـە، ئانـــدىن ســـۆيگۈمىزنىڭ ھەقىقىيلىقـــى ئىســـپاتلىنىدۇ. ئـــاللاھ دەل مۇشـــۇ تەرىپىمىزنـــى ئوتتۇرىغـــا چىقارمـــاقچى بولغـــان. شـــۇڭا ئـــاللاھ تائـــالا بىـــر بەندىســـىنىڭ ســـاغلاملىق نېمىتىنـــى ئېلىۋېلىـــپ، تەن-ســـالامەتلىكتە ئىمتىھـــان قىلىســـا، جاھىـــل ۋە بىلىمســـىز كىشـــىلەرنىڭ بۇنىڭغـــا نـــارازىلىق بىـــلەن قارايـــدىغانلىقىنى كـــۆرىمىز. ئەممـــا ئىشـــلارغا چوڭقـــۇر نەزەر تاشلايدىغان ئادەم، ھەدىس قۇددۇسىيدىكى: «إن الله عـــز وجـــل يقـــول يـــوم القيامـــة: يا ابن آدم مرضت فلم تعدني. قال: يا رب كيـــف أعـــودك وأنـــت رب العـــالمين؟ قـــال: أمـــا علمت أن عبدي فلانا مرض فلم تعـــده. أمـــا علمـــت أنـــك لـــو عدتـــه لوجـــدتني عنـــده"[1] «ئـــاللاھ تائـــالا قىيـــامەت كـــۈنى: ئـــى ئـــادەم بالىســـى، ئاغرىـــپ قالســـام ســـەن مېنـــى يوقلىمـــىدىڭ - دېگەنـــدە، بەنـــدە: ســـىلى ئالەملەرنـــىڭ پەرۋەردىگـــارى تۇرســـىلا، قانـــداق يـــوقلايمەن؟ - دەيـــدۇ، ئـــاللاھ: «بەنـــدەم ئاغرىـــپ قالغانـــدا، ســـەن ئـــۇنى يوقلىمـــىدىڭ. ئەگەر ســـەن ئـــۇنى يوقلىغـــان بولســـاڭ، قېشـــىدا مېنـــى تاپقـــان بولاتتىـــڭ» دېـــگەن مەزمـــۇننى ئەســـلەپ، ئاغرىـــپ قالغانـــدا ئاللاھنىـــڭ ئـــۆزى بىـــلەن بىـــرگە ئىكەنلىكىنـــى چۈشـــىنىدۇ. شـــۇڭا مـــۇئمىن ســـاغلاملىق نېمىتىنـــى يوقاتقـــان ۋاقتىـــدا ئۈمىدســـىزلىنىپ كەتمەيـــدۇ. چـــۈنكى ئـــاللاھ تائـــالا ئـــاغرىقنى بېـــرىش ئـــارقىلىق، ئـــۇ بەنـــدىنىڭ ئـــۆزى بىـــلەن بىـــرگە بولۇشـــىنى خالـــىدى ۋە كېسەلدىن قوپقۇچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدى.

﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِـي أَنْعَمْـتُ عَلَـيْكُمْ﴾ «ئـى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىـــڭ ســـىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنـــى يـــاد ئېـــتىڭلار» دېـــگەن ئـــايەتتىن «ســـىلەر مېنـــــــى دېمىگەنـــــــدىمۇ، بەرگەن نېئمەتلىرىمنـــــــى دەپ بولســـــــىمۇ گۇنـــــــاھ ئۆتكۈزۈشـــتىن ھايـــا قىلىڭـــلار» دېگەنـــدەك مەنە چىقـــدۇ. چـــۈنكى بەنـــى ئىسرائىل ئاللاھقا نېئمەت يۈزىسىدىن ئىبادەت قىلاتتى.

[1] مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

﴿اذْكُـــرُوا نِعْمَتِـــيَ﴾ (مېنىـڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنـى يـاد ئېتىڭلار). ئۇنتـۇپ قېلىشـتىن سـاقلىنىش ئۈچـۈن زىكـر قىلىـپ تـۇرۇش كېـرەك. كـۆپىنچە، هايـات رىتمـى بـىزگە نېئمەت بەرگـۈچىنى ئۇنتۇلـدۇرۇپ قويىـدۇ. كۈنـدە قۇيـاش چىقىـــدۇ، ئەممـــا قـــانچە كىشـــى قۇياشـــنىڭ ئاللاھنىـــڭ رۇخسىتىســـىز چىقمايــدىغانلىقىنى ئەســلەپ شــۈكۈر ئېيتىــدۇ؟ پــات-پــات يــامغۇر يېغىــپ تۇرۇۋاتىــدۇ، كىــم يــامغۇرنى ئاللاھنىــڭ ياغدۇرىــدىغانلىقىنى ئەســلەپ شــۈكۈر ئېيتىـدۇ؟ شـۈكۈر تىـل ھەم قەلـب بىـلەن بولىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا بـىزدىن يوشـۇرۇن بولـۇپ، كـاتتىلىقى يوشـۇرۇنغانلىقىدىدۇر. لـېكىن ئاللاھنىـڭ كاتتـا نېئمەتلىـرى بىزنـى ئـاللاھ تەرەپـكە يېتـەكلەپ تۇرىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا بەنـى ئىسـرائىلدىن پەقەت ئـۆزى ئاتـا قىلغـان نېئمەتلىرىنـى ئەسلەشـنى تەلەپ قىلغـان بولـۇپ، ئۇلارنىـــڭ ئۈســـتىدىكى مەســـئۇلىيەت ئاللاھقـــا ئىتـــائەت قىلىـــپ نېئمەتنـــى ئەســـلەش ئىـــدى. چـــۈنكى ئـــاللاھ تائـــالانى ئەســـلەش كىشـــىنى ناھـــايىتى مۇســـتەھكەم بىـــر ئورۇنـــدا قىلىـــدۇ-دە، ئۇنىڭغـــا ھېچقانـــداق يامـــانلىق يەتمەيـــدۇ. قەلبـــتە ئەيمىـــنىش پەيـــدا قىلىـــپ، گۇنـــاھلارنى ئازلىتىـــدۇ ۋە كىشـــىلەرگە مەنپەئەت بېرىپ، ھايات ھەرىكىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرىدۇ.

﴿وَأَوْفُـــوا بِعَهْـــدِي أُوفِ بِعَهْـــدِكُمْ﴾ «ماڭـا بەرگەن (ئىمـان ئېيتىـش ۋە تـائەت-ئىبـادەت قىلىـش ھەققىـدىكى) ئەھـدەڭلارغا ۋاپـا قىلىڭـلار، مەنمـۇ سىلەرگە قىلغـان (سـاۋاب بېـرىش ھەققىـدىكى) ۋەدەمـگە ۋاپـا قىلىـمەن» دېـگەن ئـايەتتىكى ئەھـــدە بولســـا كىلىشـــىم ۋە مۇســـتەھكەم ۋەدىنـــى كۆرســـىتىدىغان بولـۇپ، ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمنىـڭ يەنە بىـر ئايىتىـدە: ﴿وَلَقَـدْ عَهِـدْنَا إِلَـىٰ آدَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِـدْ لَـهُ عَزْمًـا﴾[1] «بىـز ئىلگىـرى ئادەمـدىن ئەھـدە ئالـدۇق، ئـۇ (بـۇنى) يادىـدىن چىقـاردى، ئۇنىڭـدا ھېچقانـداق چىـڭ ئىـرادە كۆرمىـدۇق» دەپ، ئەھـدىنى تىلغـا ئالغـان. ئەھـدە بولسـا بەنـدە بىـلەن پەرۋەردىگـارى ئوتتۇرىســـىدا تـــۈزۈلگەن مۇســـتەھكەم ۋەدىـــدۇر. ئۇنـــداقتا ئـــاللاھ تائالانىـــڭ

[1] سۈرە تاھا، 115-ئايەت

ۋەدىگە ۋاپا قىلىشى ئۈچۈن بەنى ئىسرائىلدىن تەلەپ قىلىنغىنى قانداق ئەھدە؟ بۇ فىترەت ئەھدىسىدۇر. فىترەت ئەھدىسى دېگىنىمىز ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇشىدىلا ئاللاھقا بەرگەن ئىمان ئېيتىش، نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە زېمىندىكى ئامانىتىنى ئادا قىلىش ۋەدىسىدۇر.

نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى شۇنچە مەخلۇقاتلارغا ئىنسانغا بېرىلگەندەك ئەقىل بېرىلمەيدۇ؟ چۈنكى ئىنسان زېمىننىڭ ئامانىتىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ھەر كاتتا نەرسىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ئەقىل-ئىدراكقا ئېرىشىشىنىڭ ئۆزى زېمىندىكى ئامانەتنى ئۈستىگە ئالغانلىق بولۇپ، بۇ ئىنسان بىلەن ئاللاھ كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى سەپەر قىلىپ مەلۇم يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنئالا تەييارلانغان شارائىتلارنى كۆرسە، «بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مەندىن نېمە كۈتىلىدۇ؟» دەپ ئويلىمامدۇ؟ ئەگەر ئازراق پىكىر قىلىپ باقسا، ئۇ شارائىتلارنىڭ سەۋەبسىز ھازىرلانمىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

يارىتىش ئىنسان قۇدرىتىدىن ئۈستۈن بىر ئىشتۇر. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى زات ئىكەنلىكىنى دېسە، «مەن ياراتتىم» دەپ دەۋا قىلىدىغان باشقا دەۋاچى ۋە قارشى تۇرغۇچى بولمىغان ئىكەن، بۇ يارىتىش مەسىلىسى كەسكىنلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغىلا ئائىت مەسىلە بولىدۇ. ساغلام تەبىئەتنىڭ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشى ئېنىق بولغان مەسىلىدۇر. ئۇنى ئەقىدىلەشتۈرۈش ۋە پەلسەپىۋىلەشتۈرۈشكە ھېچ ئېھتىياج يوق.

ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش دېگىنىمىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە شۈكۈر ئېيتىشتۇر. بۇ ئىماننىڭ تەبىئىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ﴾ «ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت-ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ئەھدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن».

﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾[1] «مېنى (تائەت-ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن».

﴿إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾[2] «سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ».

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت كەرىملەردە بىزنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولغان نەرسە نېمە؟ بۇ ئايەتلەردىن ئاللاھ تائالا قولىمىزغا جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى قويۇپ قويغىنىنى ئەسكەرتتى. ھەربىرىمىزنىڭ قولىدا جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئاپىرىدىغان ئاچقۇچ بار. ئاشۇ ئاچقۇچ بىرلىدىغان توختام، ئەھدىگە ۋاپا قىلساق، ئاللاھ ۋاپا قىلىدۇ. ئاللاھنى ئەسلىسەك، ئاللاھ بىزنى ئەسلەيدۇ. ئاللاھقا ياردەم بەرسەك، بىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدۇسىدا: "وَإِنْ تَقَرَّبَ إِلَيَّ بِشِبْرٍ تَقَرَّبْتُ إِلَيْهِ ذِرَاعًا، وَإِنْ تَقَرَّبَ إِلَيَّ ذِرَاعًا تَقَرَّبْتُ إِلَيْهِ بَاعًا، وَإِنْ أَتَانِي يَمْشِي أَتَيْتُهُ هَرْوَلَةً"[3] «ماڭا بەندەم بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن يۈگۈرۈپ بارىمەن» دېگەن بولۇپ، مانا بۇ ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدە-مىساقتۇر.

ئىشلارنى ئىتائەت بىلەن باشلىساق، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 152-ئايەتنىڭ بىرقىسمى
[2] سۈرە مۇھەممەد، 7-ئايەتنىڭ بىرقىسمى
[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان

چەكسىزدۇر. ئاللاھقا يېقىنلاشساق ئاللاھ بىزگە يېقىنلىشىدۇ. ئاللاھتىن يىراقلاشساق، بىزنى چاقىرىدۇ. مانا بۇ ئىمان فىترىتىدۇر. بۇ بەنى ئىسرائىلغا قىلىنغان «ماڭا قىلغان ئەھدەڭلاردا تۇرساڭلار، مەنمۇ ئەھدەمدە تۇرىمەن» دېگەن خىتابىنىڭ مەقسىتىدۇر. ئەگەر بۇ ئىنسان يارىتىلىشىدىكى ئەھدە دېيىلمىگەندە، كەلگۈسىدە تەۋرات ۋە ئىنجىلنى تەستىقلايدىغان راستچىل پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ياردەم بېرىشى كېرەكلىكىنى يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى پەيغەمبەرلەردىن ئالغان ئەھدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكى پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە ئالغان ۋەدىسىمۇ؟ ياكى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەنى ئىسرائىلنىڭ تەۋراتنى ئۆگىنىپ، يېزىپ ساقلىغان ئۆلىمالىرىدىن، تەۋراتتىن ھېچنەرسىنى يوشۇرماسلىق ۋەدىسىمۇ؟ بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلَا تَكْتُمُونَهُ فَنَبَذُوهُ وَرَاءَ ظُهُورِهِمْ وَاشْتَرَوْا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى، لېكىن بۇنى ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنە بەدەلگە تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان!» دېگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەنى ئىسرائىلدىن تەۋراتتا كەلگەن مەزمۇنلارنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرماستىن، ئوچۇق بايان قىلىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 187-ئايەت

قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَلَمَّا جَاءَهُمْ كِتَابٌ مِّنْ عِندِ اللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُوا مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُوا فَلَمَّا جَاءَهُم مَّا عَرَفُوا كَفَرُوا بِهِ ۚ فَلَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾[1] «ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى). ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كاپىرلارغا لەنەت قىلدى» دېگەن ئايەتتە كەلگىنىدەك، قۇرئان تەۋراتتىكى مەزمۇنلارنى تەستىقلىدى. بەنى ئىسرائىل قۇرئاندا چۈشۈۋاتقان مەزمۇنلارنىڭ راستلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنكار قىلدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قەۋمىدىن ئەمەس ئىدى. ئەھلى كىتاب تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەم بارلىق پەيغەمبەر قەۋملىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتىشى كېرەكلىكىنى بىلگەن ئىدى.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەھدە پۈتۈن ئۇممەتلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىگە ئىمان ئېيتىش، ئەگەر ھاياتىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشالىسا ياردەم بېرىش ئەھدىسىمۇ؟ ياكى ئەگەر ھاياتىدا ئۇچرىشالمىسا، ياردەم ۋە ئىشىنىش مەسئۇلىيىتىنى باللىرى ياكى نەۋرىلىرى ئۈستىگە يۈكلەش ئەھدىسىمۇ؟ بۇ يەردىكى ئەھدە ئىمان فىترىتىدىكى ئەھدە بولۇشىمۇ ياكى بىز كېيىن تىلغا ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئەھدىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋە ياكى ئىككىلىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

[1] سۈرە بەقەرە، 89-ئايەت

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿أُوفِ بِعَهْدِكُمْ﴾ «مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن» دېگەن سۆزى ئاخىرەتتىكى جەننەت نېمىتىنى بېرىش ۋەدىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام چۈشكەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى ئۆز رەھمىتىگە خاس قىلدى. بۇ دىنغا ئىمان ئېيتمىغان ھەركىمنىڭ ئاللاھنىڭ قېشىدا ئەھدىسى بولمايدۇ. ئىسلامدىن ئىلگىرى ساماۋى دىنلار قوبۇل قىلىناتتى. پەيغەمبىرىمىز كېلىپ، قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەمەلدىن قېلىپ، ھەممە ئادەم ئىسلامغا ئەگىشىشى كېرەك. شۇڭا ئىنسان ئىسلامغا كىرگەن ۋاقىتتىلا ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە كىرەلەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمىنى تىتىرەك باسقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن رەھمەت تىلەپ: ﴿وَاكْتُبْ لَنَا فِي هَٰذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ إِنَّا هُدْنَا إِلَيْكَ ۚ قَالَ عَذَابِي أُصِيبُ بِهِ مَنْ أَشَاءُ ۖ وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ ۚ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَالَّذِينَ هُم بِآيَاتِنَا يُؤْمِنُونَ. الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ ۚ فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنزِلَ مَعَهُ ۙ أُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾[1] «بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق - دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: ئازابىم بىلەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن. ئۇلار ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۇز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ.

[1] سۈرە ئەئراف، 156، 157-ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ). ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە ۋە قۇرئانغا ئەگەشكەنلەرنىڭ نىجات تاپىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلنى زىكىر قىلىپ، ئۇلاردىن ئالغان ۋەدىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ ۋە ئۆز رەھمىتىنىڭ قاچانكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىلىكى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارغا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى: ﴿وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾ «مەندىنلا قورقۇڭلار»نىڭ مەنىسى بولسا: كائىناتتا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق كۈچ-قۇدرەت يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا ئۈچرىشىپ، ھېساب بېرىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار. ئاللاھ تائالا «قەھر قىلغۇچى» ۋە «مەجبۇرىي بويسۇندۇرغۇچى»دۇر، ئىمان ئېيتمىغانلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

# 34-دەرس

## سۈرە بەقەرە 41-ئايەت

﴿وَآمِنُوا بِمَا أَنزَلْتُ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُمْ وَلَا تَكُونُوا أَوَّلَ كَافِرٍ بِهِ وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ﴾

**«مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»**

ئىلگىرىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا ئۆزىنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىپ، تەھدىت شەكىللىك خىتاب قىلغان ئىدى. بۇ دەرسىمىزدىمۇ خىتاب داۋاملىشىۋاتىدۇ. «بۇ خىتاب بەنى ئىسرائىلغا قىلىنىپتۇ، شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىسى يوق» دەپ ئويلاپ قالمايلى. چۈنكى بۇ قىسسە بىزگە ۋەز-نەسىھەت بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئوقۇپلا قويىدىغان ھېكايە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت ئېلىنىدىغان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. قۇرئاندىكى دىن، ئىمان ۋە ئىسلام توغرىسىدا كەلگەن ھەربىر خىتاب بەنى ئىسرائىلغا قىلىنغان بىلەن، بىزنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا بەزى مەزمۇننى يوشۇرۇپ، بەزىسىنى قوشۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن تەۋراتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىرگۈزمەسلىك ۋە ئالماشتۇرۇۋەتمەسلىك ۋەدىلىرىنى ئەسلەتكەندىن كېيىن، تەۋراتتا سۈپەتلىرى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالغان ئەھدىسىنى ئۇلارغا ئەسلەتتى. ھەتتا بۇ توغرىسىدا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىماسى ئىبنى سالام: «مەن مۇھەممەدنى كۆرگەندە بىر توپ باللار ئارىسىدىن ئۆز بالامنى تونۇغاندەك، ھەتتاكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى تونۇدۇم» دەپ، ئۆز قەۋمىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنىڭ خاتالاشمايدىغان دەرىجىدە روشەن ئىكەنلىكىنى ئەسلەتمەكچى بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى بىلىدىغان ھەرقانداق يەھۇدىي ئۇنى تونۇماي قالمايتتى.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَآمِنُوا بِمَا أَنزَلْتُ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُمْ﴾ «مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېگەن بولۇپ، قۇرئان تەۋراتنى تەستىقلاپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تەۋراتتىن بولغان مەقسەت نۆۋەتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات بولماستىن، ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرىكى تەۋراتتۇر. قۇرئان ھازىرقى ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئالماشتۇرۇلغان تەۋراتقا ئەمەس، ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلمىغان ھەقىقىي تەۋراتقا مۇۋاپىقتۇر.

ئاللاھ تائالا «ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ بولغاندىن كېيىن: ﴿وَلَا تَكُونُوا أَوَّلَ كَافِرٍ بِهِ﴾ «قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار» دېگەن. مەككە مۇشرىكلىرى ئەڭ ئاۋۋال رەسۇلۇللاھنى ئىنكار قىلغان. يەھۇدىيلار بولسا رەسۇلۇللاھنى دەسلەپ ئىنكار قىلغانلار ئەمەس ئىدى. بۇ ئايەتتىكى مەقسەت بولسا ئۇلارنىڭ ئەھلى كىتابلار ئارىسىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى قۇرەيشلەرنىڭ ساماۋى رىسالىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ، ئىلگىرىكى كىتابلاردىن ھېچنەرسە بىلمەيتتى. ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ ھەقلىقىنى

بىلەتتى. بۇلار ھەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنە ئەھلىگە تەھدىت سېلىپ: «پەيغەمبەر زامانى كېلىپ قالدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەمنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمىز» دېيىشەتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭغا ئالدىراپ ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، دەسلەپ ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، پەيغەمبەر كەلگەن بولسىمۇ، ئۆز ئىچىدىن چىقمىغانلىقى ئۇلارنى بىئارام قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى ئەھلى كىتاب ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا بولغان ئىش بولماستىن، بەلكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئالدىنئالا ئەسكەرتىلگەن ئىش ئىدى. ئۇلار بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاۋۋال ئىنكار قىلماستىن، بەلكى ئاۋۋال ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى.

﴿وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ «ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار» دېگەن ئايەتتىكى "تَشْتَرُوا" دېگەن سۆز «سېتىۋالماڭلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە ئەرەب تىلىدا «سېتىۋالماق» پېئىلىدىن كېيىن ئىككى تولدۇرغۇچى كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى مال، يەنە بىرى پۇل بولۇپ، ئارىسى «ب» ھەرپى بىلەن ئايرىلىدۇ. يەنى «ب» ھەرپى قوشۇلۇپ كەلگىنى بېرىۋېتىدىغان، يەنە بىرى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قالىدىغان نەرسە بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتىكى «ب» ھەرپى بىلەن كەلگەن "بِآيَاتِي" «ئايەتلىرىم» بېرىۋېتىلىدىغان، «ب» ھەرپى كىرمىگەن "ثَمَنًا قَلِيلًا" «ئەرزان باھا» بولسا ئېلىپ قالىدىغان نەرسە بولىدۇ. يەنى ئەرزىمەس نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بېرىۋېتىشتۇر.

ئاللاھ تائالا ئادەتتە «ئىمان ئېيتىش»نى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە تىجارەت كەلىمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ توغرۇلۇق قۇرئاندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

﴿إِنَّ اللَّـــهَ اشْـتَرَىٰ مِـنَ الْمُـؤْمِنِينَ أَنفُسَــهُمْ وَأَمْـوَالَهُم بِـأَنَّ لَهُـمُ الْجَنَّـةَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، ئـاللاھ مـۇئمىنلەردىن ئۇلارنىـڭ جانلىرىنى، مـاللىرىنى ئۇلارغـا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى».

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ تِجَـارَةٍ تُنجِـيكُم مِّـنْ عَـذَابٍ أَلِـيمٍ. تُؤْمِنُـونَ بِاللَّـهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِـي سَـبِيلِ اللَّـــهِ بِـأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِـكُمْ﴾[2] «ئى مۇئمىنلەر! سـىلەرگە سـىلەرنى قـاتتىق ئـازابتىن قۇتقۇلدۇرىـدىغان بىـر تىجـارەتنى كۆرسـىتىپ قويـايمۇ؟ ئاللاھقـا ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبىـرىگە (چىـن) ئىمـان ئېيتقايسـىلەر، ئاللاھنىـڭ يولـدا مـېلىڭلار ۋە جېـنىڭلار بىـلەن جىھـاد قىلغايسىلەر».

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِن يَـوْمِ الْجُمُعَـةِ فَاسْـعَوْا إِلَـىٰ ذِكْـرِ اللَّـــهِ وَذَرُوا الْبَيْـــعَ﴾[3] «ئى مـۇئمىنلەر، جـۈمە كـۈنى جـۈمە نامىزىغـا ئەزان ئېيتىلسـا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار».

تىجـارەت - ئىشـلەپ چىقـارغۇچى بىـلەن ئىسـتېمالچى ئارىسـىدىكى بىـر ۋاسـتە بولـۇپ، ئىشـلەپ چىقـارغۇچى مەھسـۇلاتلىرىنى سېتىشـنى مەقسـەت قىلسـا، ئىسـتېمالچى ئـۇ مەھسـۇلاتلارغا ئېرىشىشـنى مەقسـەت قىلىـدۇ. پايـدا دېگىنىمىـز بەزىـدە ئۈزاقتـا ۋە بەزىـدە قىسـقا مـۇددەتتە كۆرۈلىـدىغان بىـر جەريانـدۇر. مەھسـۇلاتنىڭ يۈرۈشۈشـى ۋە قوبـۇل قىلىنىشـىنىڭ تېـز ياكى ئاستا بولۇشـى پايـدا ئـېلىش ۋاقتىنـى قىسـقارتىدۇ. ئـاللاھ تائالانىـڭ دىـن ئىشـلىرىغا تىجـارەت كەلىمىسـىنى قوللىنىشـى ئۇنىـڭ پايـدىغا ئەڭ يېقىنلىقىنـى ئىپـادىلەپ بېـرىش ئۈچۈنـدۇر. چـۈنكى كىشـىلەر ئارىسـىدا تىجـارەت ۋە تىجـارەتچى سـۆزى «پايـدا ئالىـدىغان، بـاي» دېـگەن مەنىنـى بىلدۈرىـدۇ. شـۇڭا ئـاللاھ مىسـال ئـارقىلىق پايـدا-مەنپەئەتنـى زېھنىمىـزگە يېقىنلاشـتۇرغان. تىجـارەت ئىنسـانىنىڭ

[1] سۈرە تەۋبە، 111-ئايەتنىڭ بىرقىسمى
[2] سۈرە سەف، 10، 11-ئايەتلەر
[3] سۈرە جۈمە، 9-ئايەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولى بىلەن مالنى ئېلىپ-سېتىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەمما تىجارەت ئاللاھ بىلەن بولغان ۋاقىتتا، ئاللاھ بىزدىن بىر قىسىم ئەركىنلىكىمىز، ۋاقتىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ناھايىتى كۆپ بولغان مەڭگۈلۈك نېئمەتلەرنى بېرىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ چەكلىك ئۆمرىمىزنى سېلىشتۇرۇش توغرا كېلىپ قالسا، قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەرمىز؟ ئەللىك، ئاتمىش ياكى يەتمىش يىل! بۇنىڭدىن بىز دۇنيا قانچىلىك ئۇزۇن بولسۇن، ئاخىرى تۈگەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنداقتا ئەقىللىك ئادەم تۈگەيدىغان چەكلىك بىر زامانىنى چەكسىز بولغان مەڭگۈلۈك بەخت ئۈچۈن قۇربانلىق قىلالايدۇ. بۇ دۇنيانى مىسالغا ئالساق، ئەگەر بىرەيلەندىن نېمىشقا شۇنچە جاپا تارتىپ ئىشلەيدىغانلىقى سورالسا، كېيىن راھەت ياشاش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ چەكلىك دۇنيا ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، چەكسىز ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا يوقنىڭ ھېسابىدا بولىدۇ. شۇڭا بۇ چەكلىك دۇنيايىمىزدىكى مۇشەققەت بەدىلىگە چەكسىز بەختكە ئېرىشسەك، بۇ سودىدا پايدا تاپقان بولىمىز. دۇنيا نېئمەتلىرى ئىنسان قۇدرىتى دائىرىسىدە بولىدۇ. چوڭ قەسىرلىرىمىز، شەخسىي ئايروپىلانلىرىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىنسانىي قۇدرەتتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى نېئمەت ئاللاھنىڭ قۇدرەت دائىرىسىدە بولىدۇ. بۇ قۇدرەتنى مەخلۇقاتلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان: «دۇنيادا نېمىشقا ئۆزۈمنى قىينايمەن؟! نېمىشقا خالىغانچە ھۇزۇرلانمايمەن؟!» دېسە، ئۇنىڭغا: «سەن بۇ دۇنيادىن ئالىدىغىنىڭ ئاخىرەتتە ئۇچرايدىغان كىچىككىنە ئازاب ۋە جازاغا باراۋەر بولالمايدۇ. يوقىلىدىغان ۋاقىتلىق نەرسىلەرنى دەپ، مەڭگۈلۈك نېئمەتلەرنى تاشلىساڭ، بۇ تىجارەتتە چوڭ زىيان تارتقان بولىسەن» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ «ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار» دېگەن بولۇپ، ئاللاھ ئىمان ئايەتلىرىنىڭ قارشىلىقىدا ئازغىنە مەنپەئەتنى ئويلاپ، ئايەتلەرنى قولدىن بېرىۋەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئىنسان ئۆزى بەرگەندىن ئاز نەرسىگە ئېرىشكەندە، سودىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنىڭ ئەكسى نەتىجىسىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. بۇ ئايەت: «سىلەر مۇكەممەل مەنھەج بولغان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بېرىۋېتىپ، دۇنيانىڭ مال-مۈلۈكلىرىدىن كىچىككىنە نەرسىلەرنى ئالىسىلەر» دەۋاتىدۇ. بۇنىڭ قىممىتى ئاز ۋە ۋاقىتلىق بولغاچقا، سودىنىڭ تامامەن ئەكسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە سودىدا پۇل ئېلىپ رازى بولغاندىن كېيىن مال بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ بىباھا ئايەتلىرىنى ئالدىن بېرىۋېتىپ، كېيىن ئازغىنە مەنپەئەتكە رازى بولۇش سۆزلەنگەن. سودىدا مال مەقسەت، پۇل ۋاستە بولغاچقا، دۇنيادا پۇلنى سەرپ قىلىپ، دىننى ۋە ئاخىرەتنى ئېلىپ قېلىشىمىز كېرەك. دىننى ۋە ئاخىرەتنى بېرىۋېتىپ، دۇنيالىق ئازغىنە مەنپەئەتنى تۇتۇپ قېلىش چوڭ ئەخمەقلىق ۋە خاتا بىر ئىشتۇر.

﴿وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ «ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار» دېگەنلىك بۇ سودا قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر سودىدۇر دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بېرىۋېتىپ، قۇربانلىق بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى قىممەتلىك نەرسە ئورنىدا ئېلىپ قالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئايەتلەرنى پۇلغا سېتىۋەتسەك، ئايەتلەرنى دۇنياۋى مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان كەسىپ قىلىۋالغان بولىمىز. كاشكى ئۇ مەنپەئەت بىباھا بولسىغۇ مەيلى ئىدى، ئەمما ئۇ دۇنيالىق ناھايىتى ئەرزان، ۋاقىتلىق، پۈچەك نەرسىلەردۇر.

ئىنسان مال-دۇنيالىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ بىلەن بولغان ۋەدىسىنى ئۇنۇتتى. ئەمما ئۇ مەڭگۈلۈك ئاخىرەتنىڭ ھۇزۇرىنى ئېلىپ قېلىش

ئۇچۇن، دۇنيا نېئمەتلىرىدىن بىرنى قۇربانلىق بەرگەن بولسا، بۇ سودا ناھايىتى پايدىلىق سودا بولغان بولاتتى. ئىنسان دۇنيادىكى نېئمەتلەردىن ئۆز تەسەۋۋۇر دائىرىسىدە تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېسىل داچام ۋە ئېسىل ماشىنام بولسا، دېسەك، پەقەت كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان خىيال قىلالايمىز ھەم ئۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيمىز. ئاخىرەتتىكى نېئمەتلەر ئاللاھنىڭ تەسەۋۋۇر قۇدرىتى بويىچە بولغاچقا، ئىنسان ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. قۇرئاندا ئاخىرەت نېئمەتلىرىنى ئىنسان زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۇچۇن بال، بۇلاق ۋە خىزمەتچى دەپ تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئۇ نېئمەتلەر ئەمەلىيەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنساننىڭ قەلبىگە كىرىپ باقمىغان نېئمەتلەردۇر.

ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزىگە تەتبىقلاشنى خالىمايدىغان كىشىلەر، سودىنىڭ نەق پايدىسىغا ئەخمەقلەرچە ئالدىرايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھارام ياكى ھالال دېمەستىن بىر مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى خالايدۇ. بىز ئۇلارغا دەيمىزكى: «ئەگەر ئاخىرەتكە ئىشەنسەڭلار ياكى ئىشەنمىسەڭلار، بۇ سودا سىلەر ئۈچۈن ئوخشاشلا زىيانلىق سودىدۇر. ئىككىلا خىل ھالەتتە دوزاختا ئازابلىنىسىلەر. چۈنكى سىلەر دۇنيالىقنى ئېلىپ قېلىپ، ئاخىرەتنى بېرىۋەتتىڭلار. خۇددى سىلەر ئىمان ۋە دىنىڭلارنى بېرىپ، ۋاقىتلىق يوقىلىدىغان ھۇزۇرنى ئالغاندەك، كۇپۇر ۋە ئاللاھقا ئاسىي بولۇشنى ئايەتلەرنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالدىڭلار. ئاللاھنىڭ يولى بەدىلىگە سېتىۋالىدىغان ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرىنى سېتىۋېتىپ قولدىن بېرىۋەتتىڭلار».

ئاخىرەت نېئمەتلىرى نېمىگە سېتىلدى؟ ئەلۋەتتە ۋاقىتلىق، يوقىلىدىغان مەنپەئەتلەر بەدىلىگە سېتىۋېتىلدى. ئىنسان ئۆزى بەرگىنىدىن ئاز نەرسە ئالغىنىدا بۇ سودا زىيانلىق سودا بولىدۇ. خۇددى بۇ ئايەتتە سۆزلەنگىنىدەك، ئۇلار دۇنيادىن يوقىلىدىغان كىچىك ۋە پۇچەك نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياخشىلىقلىرىنى بېرىۋەتتى.

سودىدا كۆپىنچە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پۇل بىرلىكلىرى باھا ئۆلچىمى قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنى مال دەپ ئويلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاچ ھالدا قارۇننىڭ ئالتۇنلىرى بىلەن يالغۇز ئورۇندا قالسا، ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئالتۇنلارنى بىر بۇردا نانغا تېگىششكە ئەلۋەتتە رازى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل بىزنىڭ غايىمىز ياكى «مىلىمىز» بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. پۇل غايىگە ئايلىنىپ قالغاندا، مەقسەت پۇل توپلاش بولۇپ قالىدۇ-دە، جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ. پۇل باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشىشتىكى ۋاستە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئىنسان مىلىنى يۇرۇشتۇرۇپ تۇرالايدۇ ۋە جەمئىيەت نورمال تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا بىز مۇھىم ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى بېرىپ، پۇلغا ئېرىشسەك بولمايدۇ. مەسىلەن: ھەق يول، ساغلاملىقىمىز، ئارامىمىز ۋە بەخت، مۇھەببىتىمىز بەدىلىگە پۇلغا ئېرىشسەك چوڭ زىيان تارتقان بولىمىز. پۇل ئارقىلىق ئاخىرەت سائادىتىنى سېتىۋالىمىز، ئەمما دۇنيا-ئاخىرىتىمىزنىڭ سائادىتى بەدىلىگە پۇلغا ئېرىشمەيمىز.

پۇل - ئىخلاسمەن بىر قول ۋە ناچار بىر خوجايىن. يەنى ئۇنى باشقۇرساق پۇلدىن ئوبدان نەرسە يوق. ئەمما پۇل بىزنى باشقۇرۇۋالغاندا، ئۇنىڭدىن ناچار خوجايىن تاپقىلى بولمايدۇ. قاچانكى ئۇنى چىقىم قىلساق، ئۇ قولىمىزغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى توپلاپ ئۇستىگە دۆم چۈشكەندە، بەختسىز ۋە كېسەل قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى بىز ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ قالىمىز.

ئايەت كەرىم بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىنىڭ پۇل ۋە ئالتۇن ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھاياتى پەقەت پۇل-مال ئۈچۈنلا چۆرگىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا جازانىنى ھارام

قىلىدى. چۈنكى جازانىدىكى پۇل بايلىق ئورنىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. مەسىلەن: يۈز سوم بىر يۈز ئەللىك سوم بەدىلىگە بېرىلىدۇ. پۇل خىزمەت قىلىش بىلەن كۆپىيىشى كېرەك، ئەگەر پۇل خىزمەت قىلماستىن كۆپەيسە، ھايات رىتىمى بۇزۇلىدۇ. كەمبەغەل تېخىمۇ كەمبەغەللىشىپ، باي تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ. بۇ، دۇنيادا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقتۇر. بۇ خىل تەر تۆكمەستىن پۇل-مالنى ئاۋۇتۇش ۋە باي-نامراتلىق پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى ئىقتىسادىي كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بانكىلارنىڭ ئۆسۈملۈك قەرز بېرىشى ھېساباتتىكى سان-سىپىرنى ھېچ تەر تۆكمەستىن توختىماي ئاشۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆلى يوق ئېشىش ۋايىغا يەتكەندە، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن ئۆچۈرۈش ياكى يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلايدۇ. ئىقتىسادىي كرىزىسنى قىسقىغىنا ھاياتىمىزدىمۇ بىر-ئىككى قېتىم باشتىن كەچۈردۇق. دۆلەتلەر بۇ خىل جازانىنى يوقاتمىغۇچە ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ زىيىنىنى كەمبەغەللەر ئەڭ ئېغىر تارتىدۇ. كەمبەغەل دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ كەمبەغەللىشىپ، باي دۆلەتلەردىن توختىماي پۇل قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەتتاكى ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئۈستى-ئۈستىگە يۈكلىنىۋېرىپ، تۆلەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھالەتكە كېلىدۇ. باي دۆلەتلەر قەرز بېرىپ، ئۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرىۋالىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بايلىقى بارغانچە ئېشىپ بارىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ «ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار» دېگەن ۋاقتىدا، «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى قىممەت باھادا سېتىلسا بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ دىن يولى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بېرىپ ئېرىشىدىغىنىمىزنىڭ باھاسى ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاز ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېرىشىدىغىنىمىز قانچىلىك بولۇپ كەتسۇن، بۇ بىر زىيانلىق سودا ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىنقى ئايەتتىكى ﴿وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾ «مەندىنلا قورقۇڭلار» دېگەن مەزمۇن ئاخىرەتتە كېلىدىغان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىپادىلىسە، ﴿وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ﴾ «ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» بولسا ھاياتتىكى رىئاللىقتۇر. بۇ رىئاللىق ئاللاھنىڭ «قەھر سۈپەتلىرى»دىن ساقلىنىشتۇر. «قەھر سۈپەتلىرى» دېگىنىمىز «جاببار»، «قاھھار»، «مۇتەكەببىر »، «مۇنتەقىم» ۋە «مۇزىل» قاتارلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئائىت سۈپەتلەر بولۇپ، ئىنسان ھەردائىم مۇشۇ سۈپەتلەرگە قارشىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئاللاھ تائالا ﴿اتَّقُوا اللّٰهَ﴾ «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» ۋە ﴿اتَّقُوا النَّارَ﴾ «دوزاختىن قورقۇڭلار» دېگەن ئىبارىلەرنى قوللانغان. «دوزاختىن قورقۇڭلار»نىڭ «دوزاختىن يىراق تۇرۇش» دەپ چۈشىنىمىز. ئەمما «ئاللاھتىن قورقۇڭلار»نىمۇ «ئاللاھتىن يىراق تۇرۇش» دەپ چۈشىنەمدۇق؟ ﴿اتَّقُوا النَّارَ﴾ «دوزاختىن قورقۇڭلار» دىن بولغان مەقسەت بولسا «ئۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابى بولغان دوزاخ ئوتتۇرىسىدا پەردە قويۇڭلار ۋە ساقلىنىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿اتَّقُوا اللّٰهَ﴾ «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەنلىك بولسا ئوخشاشلا «ئۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ قەھر سۈپىتى ئارىسىدا پەردە قويۇڭلار ۋە ساقلىنىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ﴾ دېگەن ئايەتمۇ «قاتتىق ئازاب كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ قەھر سۈپەتلىرى ئارىسىغا پەردە قويۇڭلار، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قەھر سۈپەتلىرى بىلەن ئارىمىزغا قانداق پەردە قويىمىز؟ دۇنيادىكى ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەن يولىغا ئۇيغۇن شەكىلدە قىلىش ئارقىلىق پەردە

قويىمىز. دېمەك، بىز بۇيرۇلغان تەقۋالىق دۇنيالىق ھاياتنىڭ ئۆزىدىلا تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ.

ئالدىنقى ئايەتتىكى ﴿وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾نىڭ مەنىسى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بولسا، ﴿وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ﴾نىڭ مەنىسى «دۇنيادا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ياشاپ، تەقۋالىق ئارقىلىق يامان يولدا مېڭىشتىن ساقلىنىش كېرەك» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 42-ئايەت

﴿وَلَا تَلْبِسُوا الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُوا الْحَقَّ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

### «ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار»

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە داۋاملىق بەنى ئىسرائىلغا خىتاب قىلىپ، ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرۇپ يوشۇرۇشتىن ئەسكەرتىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدىمۇ بار بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ خاتالىقىنى قەلبى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھەرخىل مەنپەئەت، قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەر تۈپەيلىدىن ھەقنى ئېيتالمايدۇ.

﴿وَلَا تَلْبِسُوا الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ﴾ «ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار» دېگەن ئايەتتە "تَلْبِسُ" پېئىلى قوللىنىلغان. بۇ "لبس" «كىيمەك» مەنىسىدىكى پېئىل يىلتىزىدىن چىقىرىلغان بولۇپ، «ھەقىقەتنى يۆگەپ، ئاشكارىلىماسلىق» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ھەقىقەت بولسا ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم نەرسىدۇر. مەسىلەن: بىر قانچە يەلەن بىر ۋەقەلىكنى كۆرۈپ، ھەربىرىمىز بولغان ۋەقەلىكنى سۆزلىسەك، ئەگەر ھەقىقىي سۆزلىسەكلا ھەممىمىزنىڭ سۆزى ماس شەكىلدە بىر خىل چىقىدۇ. لېكىن ھەربىرىمىز ئۆزگەرتىپ سۆزلىسەك، نەتىجە ئەلۋەتتە ھەرخىل شەكىلدە چىقىدۇ. شۇڭا ھەقىقەت بىر خىل، ئەمما يالغاننىڭ

ھەرخىل شەكىللىرى بار. تەۋراتتا ئۆزگەرتىلمەي ئۆز پېتى قالغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن ئايەتلەر بار. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئائىت ئايەتلەر ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. بۇ ئىنقىلا ھەقىقەتنى باتىلغا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

بۇلارنىڭ باتىلغا كىرىپ، ھەقىقەتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىدىكى سەۋەب ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە مەنپەئەت بەدىلىگە سېتىۋېتىشتۇر. باتىلنىڭ ئىشىكلىرى ھەرخىل بولغاچقا، ئۇنىڭ رېئاللىقى بولمايدۇ. ئەمما ھەقىقەتنىڭ ئىشىكى بىرلا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتقا ئاللاھ بۇيرۇمىغان نۇرغۇن باتىللارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئائىت ھەقىقەتلەرنى سەۋەنلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن يوشۇرغانمۇ؟ ياق، بەلكى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان. تۆۋەندە ئاللاھ تائالانىڭ يەھۇدىيلار توغرىسىدا كەلتۈرگەن مىسالىغا بىرلىكتە قاراپ باقايلى:

﴿وَادْخُلُوا الْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا حِطَّةٌ نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ ۚ وَسَنَزِيدُ الْمُحْسِنِينَ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا: (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز - دېدۇق» دېگەن ئايەتتىكى "حِطَّةٌ" دېگەن سۆز «ئى پەرۋەردىگار، گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسىلا» دېگەن گەپ ئىدى. ئەمما يەھۇدىيلار "حِطَّةٌ" دېيىشنىڭ ئورنىغا "حِنطَةٌ" دەۋالغان. بۇلارنىڭ ئىغىزىدىن ئاڭلىغانلار دىققەت قىلمىسا «راست ئاللاھ بۇيرۇغاننى دەۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغاندا،

---

[1] سۈرە بەقەرە، 58-ئايەت

www.uyghurkitap.com



«بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا قاراپ قويسىلا» دېگەن مەنىدىكى "راعىنا" سۆزىنى دېگەندە، يوشۇرۇنچە رەسۇلۇللاھنى تىللىۋېلىش ئۈچۈن تىللىرىنى ئېگىپ، "رعونة" «ئەخمەق» دېگەن سۆزدىن چىققان "راعنا" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىۋالاتتى. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا بۇلارغا ئوخشاش گەپ قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقُولُوا رَاعِنَا وَقُولُوا انظُرْنَا﴾[1] «ئى مۆئمىنلەر، (پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنزۇرنا (بىزگە قاراپ قويۇڭلار) دەپ خىتاب قىلىڭلار»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ سۆزلەرنى قەستەن ئۆزگەرتىپ، سۆز ئويۇنى ئوينايدىغان مىجەزىدىن ئېلىنغان ئۆرنەكلەردۇر.

ئادەتتە ئىنسان ھەقنى باتىلغا ئالماشتۇرمايدۇ. ئەمما قاچانكى ھەقكە قارشى تۇرالمىغان چاغدا ئالماشتۇرىدۇ. چۈنكى ھەقكە قارشى تۇرۇش كۈچى بولمىغاندا، بۇ ئاجىزلىق باتىل تەرەپكە قېچىشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ھەق ئۆز ساھىبىنى چارچىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەق تەرەپكە ئۆزىنى ئاسان ئۇرالمايدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿وَتَكْتُمُوا الْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار»نىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ ھەقنى بىلەلمەي ئەمەس، بەلكى قەستەنلىك بىلەن يوشۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتەن بەزى ئىنسانلار ھەقىقەتنى بىلمەي قېلىپ يوشۇرۇپ سالىدۇ. بىلمەسلىكتىن قىلىپ سېلىش چوڭ گۇناھ بولمىسىمۇ، ئەمما بىلىپ تۇرۇپ قىلىش چوڭ بىر مۇسىبەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار «بىلىپ تۇرۇپ يوشۇردى» دېيىلسە، «يەھۇدىيلار ئەھلى كىتاب بولغاچقا، ھەقنى يوشۇرسا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى» دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە، 104-ئايەت

# 35-دەرس

## سۈرە بەقەرە 43-ئايەت

﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾

## «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار»

يۇقىرىدىكى ئايەتتە دىققەتنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. ئاللاھ بۇ ئايەتتە «نامازنى ئادا قىلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق دىنىنىڭ ئاساسى بولغان نامازنى ئىپادىلىسە، «رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتىشنى ئىپادىلىگەن. چۈنكى رۇكۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىنىڭ نامىزىنىڭ خاسلىقى بولۇپ، يەھۇدىيلار ئوقۇيدىغان نامازدا رۇكۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ «رۇكۇ قىلىڭلار» دېگەن سۆزنى نامازغا يانداش تىلغا ئالغان.

«ناماز ئوقۇش» ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ئىسلامنىڭ بىر ئاساسى. ناماز تەكبىر بىلەن باشلىنىپ سالام بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش دېگەندەك نۇرغۇن شەرتلىرى بار. ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾ «زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار» دەپ، ئەھلى كىتابتىن چوڭ ئىمان كارۋىنىغا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئەھلى كىتابنىڭ نامىزىدا رۇكۇ بولمىغاچقا، ئاللاھ تائالا «رۇكۇ قىلغانلار بىلەن بىرگە رۇكۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەھلى كىتابلار «مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىيتقان ئىمانىمىز بىزگە يېتەرلىك، ئىسلام دىنىسىز كاپىر مۇشرىكلار ئۈچۈن كەلگەن» دەپ ئويلاپ قالىمسۇن. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە: ﴿ارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾ «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق «سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئىيتقان بولساڭلارمۇ، ئەمدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىپ، شەرىئىتىڭلار ئەمەلدىن قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىڭلار» دەۋاتىدۇ.

ئەھلى كىتاب دۇنيالىق نەرسىلەرگە بەك چوقۇنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا مال-دۇنيا بەك چوڭ ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇن ئۇلار ئەرەبلەرنى قورقۇتۇپ «بىزدىن بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ، شۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق سىلەرنى جازالايمىز» دەيتتى. دېمەك، ئۇلار شۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق كاتتا ئابرۇي ئىگىسى بولۇشىنى خالايتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەرەبلەردىن چىققان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن ئويلىغان خىياللىرىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ تەۋراتقا بولغان ئىمانى ھەقىقىي بولسا ئىدى، پەيغەمبەر قايسى مىللەتتىن چىقىپ، نېمىگە بۇيرۇسۇن، ئىجرا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىمانى ھەقىقىي بولمىغانلىقى ۋە ئىمانىنى دەستەك قىلىپ مال-دۇنياغا ئېرىشىش خىيالىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى.

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ يېڭى دىنغا بولغان تەكەببۇرلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغانىدەك ناماز ئوقۇشقا، زاكات بەرگەنىدەك زاكات بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە تەۋراتقا ئىيتقان ئىمانىنى ئىمان ئىيتىشقا بۇيرۇلغان يېڭى پەيغەمبەر كېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قوبۇل بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە تەۋراتقا ئىيتقان ئىمانىدا

راستچىل بولسا، بۇ ئىمان ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشنى ۋاجىپ قىلاتتى. چۈنكى تەۋراتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتمىغانلىقى خۇددى ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان تەۋراتقا تانغانلىق ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلمىغانلىق بولىدۇ.

ناماز بەندىنىڭ ئۆزىنى رەببىنىڭ ئالدىغا ھازىرلاش تەييارلىقى بولۇپ، بەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا، كۆڭلىدىكى تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىقنى يوق قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بەندىدە ئاللاھقا بويسۇنۇش، خارلىقنى ھېس قىلىش ۋە ئەستايىدىللىق پەيدا بولىدۇ. تەكەببۇر ئادەم نامازنى شەكىلگىلا ئوقۇغاچقا، ناماز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، غاپىللىقى سەۋەبىدىن ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ.

ئايەتتە نامازدىن كېيىن زاكات سۆزلەنگەن. دىنىنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى، ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ياشاش ئەمەس. چۈنكى مۆئمىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشى كېرەك. ئاللاھ تائالا بىزنى زېمىندا تىرىشىپ تىجارەت قىلىشقا ۋە ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۆزىمىزگە چۇشلۇق تىرىشىشقا بۇيرۇمايدۇ. بەلكى تىرىشچانلىقىمىزنىڭ ھايات ئېھتىياجىمىزدىن ئارتۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ھەرىكىتىمىز بۇ ھاياتتا ھەرىكەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغان ۋاقىتتا جەمئىيەت تەڭ تەرەققىي قىلىپ، ئاداۋەت-ھەسەت يوقايدۇ ۋە قەلبلەر بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلىدۇ ۋە بىرلىك-باراۋەرلىك يوقىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## سۈرە بەقەرە 44-ئايەت

﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾

«كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟»

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا «ئىسلامغا ئىمان ئېيتماسلىق، تەۋراتقا كاپىر بولغانلىق» ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن، ﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ﴾ «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟» دېدى. بۇرۇن يەھۇدىيلار يېڭى كېلىدىغان پەيغەمبەردىن بىشارەت بېرىپ، شۇ پەيغەمبەر كەلگەن ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلاتتى. لېكىن يېڭىدىن كەلگەن پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىمان ئېيتىشنى رەت قىلدى. چۈنكى يەھۇدىيلار يېڭى پەيغەمبەر ئارقىلىق ھوقۇق ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئۆزلىرىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەرەبلەردىن كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ھوقۇقنىڭ ئۆزلىرىدە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن كىتابقا كاپىر بولدى.

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەنلىكى، بۇ ئايەتنىڭ يەھۇدىيلارغىلا تەتبىقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى بۇ ئايەت يەھۇدىيلاردىن باشقا ئەھلى كىتابلارغا ۋە مۆئمىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ

ھەممىسىگە ئوخشاش تەتبىقلىنىدۇ. ئايەتلەردىكى چۈشۈش سەۋەبىنىڭ خاسلىقىنى ئەمەس، مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئېتىبارغا ئالىمىز. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋېتىدىغانلار بار. ئۇلار بولسا رەسۇلۇللاھ كۆرگەن ئوتتىن بولغان قايچا بىلەن ئېغىزى كېسىلىدىغان پىتنىخور دەۋەتچىلەردۇر. ئەينى ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ جىبرىئىلدىن: «بۇلار كىملەر؟» دەپ سورىغاندا، جىبرىئىل: «بۇلار پىتنىنىڭ دەۋەتچىلىرى. ئۇلار ھەرقانداق زالىمغا زۇلۇمىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، دىن خىزمىتىنى كىشىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە قىلىدۇ» دېگەن. ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ خاھىشى ئاللاھنىڭ دىنىغا بويسۇنۇشى كېرەك. ئەمما ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنى يېڭىلاش نامى بىلەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان يولنى ھازىرلاپ، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئاقلايدۇ. ئۇلار ئاخىرەتتە ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمايدۇ. ئاللاھنىڭ يولى مەڭگۈ ئىنسانىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر چوقۇم تەۋبە قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا قايتىشى، يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك. چۈنكى ھەقكە قايتىش باتىلدا داۋاملاشقاندىن ياخشىدۇر.

ئاللاھ تائالا: ﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ﴾ «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟» دېيىش ئارقىلىق بىزگە دەۋەتچىلەرنىڭ دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان مۇھىم نۇقتىنى ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ئاللاھنىڭ يولىنى زىممىسىگە ئېلىپ ماڭغان ئادەم ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەرنى كۆنۈپ كەتكەن باتىل يوللىرىدىن قۇتقۇزماقچى بولىدۇ. توغرا يولدا بولمىغان بىر كىشىنى ئۆزى ئادەتلىنىپ كەتكەن باتىل يولدىن قۇتقۇزۇش ھەقىقەتەن قىيىن. سەن ئۇنى شۇ يولدىن چىقىرىشقا تىرىشىۋاتقان ۋاقتىڭدا، ئۇ: «بۇ ئادەم مېنى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يولدىن چىقىرىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن مەن ئۇنىڭ يولىغا بىر قاراپ باقاي، ئۇ مېنى چاقىرىۋاتقان يولنى ئۆزىگە تەتبىقلامدۇ ياكى ئۆزى سۆزلەپ قويۇپ، ئەمەل قىلماي يۈرەمدۇ؟» دەپ سېنى كۆزىتىشكە باشلايدۇ ۋە سۆزلىگىنىڭگە ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرسە ساڭا ئەگىشىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ساڭا ئەگەشمەي ئۆزىنىڭ باتىل يولىدا مېڭىۋېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ.

دىن دېگەن ئېغىزدىن چىققان سۆز ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتتۇر. ئەگەر سۆز ئىش-ھەرىكەتتىن ئايرىلسا، دەۋەت بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاھ تائالا: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ . كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾[1] «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۇچۇن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)» دېگەن. سېنىڭ ئۆزۈڭ توسۇۋاتقان بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگەن ئادەم يالغانچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ. ئىنسان ئۆزى قىلمىغان بىر ئىشقا باشقىلارنى چاقىرالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دىنىنىڭ تۇنجى دەۋەتچىسى بولغان رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾[2] «سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن.

دىن دەۋىتى پەقەت سۆزلەش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى سۆزلىگەننى ھاياتقا تەتبىقلاش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇن ئۆزى قىلاتتى. مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگەن سۆزىدىن، قىلغان ئىش-ھەرىكىتىدىن ئۈلگە ئالاتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ دەپ قويۇپ، ئەمەل قىلمىغان بولسا كىم ئەگىشەتتى؟ ئۆمەر

[1] سۈرە ساف، 2، 3-ئايەت
[2] سۈرە ئەھزاب، 21-ئايەت

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر ئىشنى قانۇن قىلماقچى بولسا، ئائىلىسىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ يىنىغا بىرىپ: «مەن ماۋۇ ئىشنى قانۇن قىلماقچى، قايسىڭلارنىڭ بۇ ئىشقا قارشى چىققانلىقىنى كۆرسەم، مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئىغىر جازالايمەن» دېيىش ئارقىلىق پىتنىلەرنىڭ ئىشىكىنى تاقايتتى. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىتنىنىڭ سەمىمىيەتسىزلىك ۋە ئۆزىمىزنىڭ سۆزىگە ئۆزىمىزنىڭ ئەمەل قىلماسلىقىدىن كىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئىسلام ئۆلىمالىرى كىشىلەرگە دىنىي ئىشلار ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ساھەسىدە ئۈلگە بولۇشى كىرەك. لىكىن باشقا ساھەدىكىلەردىن ئۈلگە بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: «بۇ ئالىم ھاراق ئىچىدۇ، ئەسكى ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ» دەپ، كاتتا خىمىيە ئالىمىدىن ئىلىم ئۆگىنىشنى ھىچكىم تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ ناچار ئىشلىرىنى بىر ياندا قويۇپ، ئالىدىغان بىلىمىنى ئىلىۋېرىدۇ. لىكىن بىر دىنىي ئالىمنىڭ ھاراق ئىچكەن، ئوغرىلىق قىلغان ئەھۋاللىرىنى ئۇچراتسىڭىز، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلامسىز؟ ھەرگىزمۇ سۆزىنى ئاڭلىمايسىز ۋە ئۇ نەزىرىڭىزدىن چۈشۈپ كىتىدۇ.

دىنىي ئالىم يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، ياخشى ئۈلگە بولۇشى كىرەك. يامانلىقتىن باشقىلارنى توسۇپ ئۆزى قىلىدىغان، ياخشىلىققا باشقىلارنى بۇيرۇپ ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كىرەك. كىشىلەر ھەرۋاقىت ئالىم ۋە دەۋەتچىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئىسلام سۆز بىلەن تارقىلىشتىن ئىلگىرى ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن تارقايدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ دىنغا دىنىنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرى ئارقىلىق كىرگەن. ھىندونىزىيەدە ئىسلام گۈزەل ئەخلاققا ئىگە تىجارەتچىلەر ئارقىلىق تارقالغان ئىدى. ئۇلار ئىسلام ئەخلاقى ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەمنى ئۆزىگە تارتقانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىرگەن. قۇرئان كەرىمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنغا دەۋەت قىلىش پىرىنسىپلىرى ھەققىدە كەلگەن ئايەتتە: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾[1] «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن، دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۈچ نۇقتا بار. بىرىنچى، ئاللاھقا چاقىرىش. ئىككىنچى، ياخشى ئىشلارنى قىلىش. ئۈچىنچى، قىلغان مۇشۇ ياخشى ئىشلارنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىش. بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلساق، ﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ﴾ «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟» دېگەن ئايەتكە چۈشۈپ قالىمىز. يەھۇدىيلار تەۋراتقا ئىشەنگەن بولسا، رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقان بولاتتى. چۈنكى تەۋرات ئۇلارنى رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان. بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەستىقلىسىمۇ، ئەمما چوڭ نوپۇزلارغا ئېرىشىش كويىدا ئىمان ئېيتمىغان.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 33-ئايەت

# 36-دەرس

## سۈرە بەقەرە 45-ئايەت

**﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾**

**«سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر»**

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىن ھازىرغىچە بەزىدە ھوقۇق، كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى بولسا، بەزى زۇلۇمغا ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ بىر سىناق دۇنياسى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار بەزى كىرىزىسلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ كىرىزىس ۋە مۇشەققەتلەر شەخس ياكى مىللەت خاراكتېرلىك كەلسۇن، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىككى يولى بار. بىرى ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش (ئايەتتە سۆزلەنگەن سەۋر قىلىش دېگەنلىك بەرداشلىق بېرىشنى، چىڭ تۇرۇشنى ۋە بەل قويۇۋەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ). يەنە بىرى ناماز ئوقۇش. ناماز ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمەسلىكنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى. بۇنى دۈشمەنلەر ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە تىرىشىپ، ناماز ئوقۇش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ، ناماز ئوقۇش دائىرىلىرىنى تارايتىپ، جەمئىيەتتە ناماز ئىپادىسىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەر ۋە شوئارلارنى يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىشقا ئۈرۈنۈۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە ئىماننىڭ ئۆلگىسىنى بايان قىلىپ، بىزدىن ئىشلىرىمىزنى سەۋر ۋە نامازدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپ يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن بولسا، ئەمدى بۇلار ئىمان يوللىرىغا قايتىش ئۈچۈن چىدامچانلىق ۋە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. چۈنكى چەكلەنگەن ئىشلاردىن يېنىش ئىنساندىن قاتتىق بەرداشلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەن مەسىلە يەھۇدىيلارغىلا خاس قىلىپ دېيىلىۋاتقان مەسىلە ئەمەس، بەلكى بىز مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمان يولىغا كىرگەن ھەرقانداق مۆئمىن بۇ يولدىكى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشى، ئاللاھ چەكلىگەن ھاراملاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن چىدامچان ۋە ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك.

ئايەتتىكى سەۋرنى بەزى ئۆلىمالار «روزا» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئۇنداق دېسەك «ئاللاھ ئۇلارنى ئاچ قېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئازابىغا سەۋر قىلىش كېرەك» دېگەندەك بىر مەنە چىقىدۇ. بىز يۇقىرىدا دېگەن ئىمان ۋە نامازنىڭ مۇشەققەتلىك بولسا بويسۇنۇش، خارلىقنى ئىپادىلەش ۋە ئەستايىدىل بولۇشتۇر. ئىمان ۋە نامازنىڭ جاپاسىغا چىداش يەھۇدىيلار ۋە باشقىلاردىكى تەكەببۇرلۇقنى تۈگىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾ «ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر» دېگەن. بۇ سەۋرنى ئاللاھقا بويسۇنغان كىشىلەرلا قىلالايدۇ. تەكەببۇر دىنسىزلارغا ئېغىر كەلگەچكە قىلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ﴾ «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار» دېگەن ئايەتتە بىزدىن ئىككى يولنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرى سەۋر، يەنە بىرى ناماز بولۇپ، ئىككىسى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئىككى ئىش تەڭ روياپقا چىققان ۋاقىتتا، نەتىجە ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇچۈن ئاللاھ تائالا ئايەتتە "وَإِنَّهَا" دەپ ئىككىسىگە بىر ئالماش ئىشلەتكەن. بۇ سەۋر بىلەن نامازنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلىنى قۇرئاندىكى باشقا ئايەتلەردىمۇ كۆرەلەيمىز.

سۈرە «تەۋبە»نىڭ 62-ئايىتىدە: ﴿يَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ لِيُرْضُوكُمْ وَاللَّهُ وَرَسُولُهُ أَحَقُّ أَنْ يُرْضُوهُ إِنْ كَانُوا مُؤْمِنِينَ﴾ «ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار راستىلا مۇئمىن بولىدىغان بولسا، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشلىرى كېرەك ئىدى» دېيىلگەن. بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا "وَاللَّهُ"، "وَرَسُولُهُ" دەپ ئايرىم-ئايرىم كەلتۈرۈلگەن. لېكىن ئاخىرىدا بولسا "يُرْضُوهُ" دەپ، ئىككى سۆزگە بىرلىك ئالمىشى كەلتۈرۈلگەن. بۇ، ئىككىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىر-بىرىدىن ئايرىپ، ئاللاھنى رازى قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى رازى قىلمايدىغان، رەسۇلۇللاھنى رازى قىلىپ، ئاللاھنى رازى قىلمايدىغان ئىش بولمايدۇ. بۇ بىزگە «ئاللاھ رازى، رەسۇلۇللاھ رازى؛ رەسۇلۇللاھ رازى، ئاللاھ رازى» دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققى باشقا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەققى باشقا بولمىغاچقا، ئىككىسىنىڭ ھەققى تەڭ ئادا قىلىنىشى كېرەك.

يەنە بىر ئايەتتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىپادە قوللىنىلغان. ﴿وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انفَضُّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار

[1] سۈرە جۇمە، 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىنى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا يۈگۈرىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ بېشىغا قارىساق، «ئۇلار تىجارەت ۋە ئويۇن-تاماشىنى كۆرسە...» دېيىلگەن. لېكىن ئاخىرىدا بۇ ئىككى سۆزگە "إِلَيْهَا" دەپ بىر ئالماش ئىشلىتىلگەن. تىجارەت ياكى ئويۇن-تاماشا بولسۇن، نامازغا توسالغۇلا بولىدىكەن، ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل ئىشقا بىرلىك ئالمىشى كەلتۈرۈلگەن.

بىز ﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ وَإِنَّهَا﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە سۆزلەپ، «ناماز ۋە سەۋر ئىككىسى غەلىبە قىلىشنىڭ بىر ئامىلى، ئىككىسى ھەرگىزمۇ ئىككى ئامىل ئەمەس» دېگەن نۇقتىغا كەلگەن ئىدۇق. ناماز بىلەن بىرگە مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش دۇنيا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدۇ ۋە ھايات ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. دىن يولى بىزدىن دۇنيانىڭ نازۇ-نېئمەتلىرىگە ۋە گۇناھلىرىغا سەۋر قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ناماز ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۇلايدىغان بولۇپ، ئادەمدىكى تەكەببۇرلۇقنى قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئىككى ئامىلنى بىر دېيىشىنىڭ سەۋەبى ئادەمدىكى ئىماننىڭ پارچىلانمايدىغانلىقى ۋە بىرىنى قويۇپ، يەنە بىرىنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىدۇر. شۇڭا ئىماني سۈپەت پارچىلانمايدۇ. سەۋر نامازسىز، ناماز سەۋرسىز مۇكەممەل بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾ دېگەن بولۇپ، يۇقىرىدىكى سەۋر ۋە نامازدىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەتنىڭ مۇشەققىتىگە "الْخَاشِعِين" سۈپىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلەردىن باشقىلار چىداپ بولالمايدۇ. "الْخَاشِعِين" نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلساق، «قورققۇچى، ئاللاھقا ئۆزىنى ئاتقۇچى ۋە تالاش-تارتىشسىز بويسۇنغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئىنسانلار كىشىلىك قاراش ۋە تالانتتا پەرقلىق بولىدۇ. ھەربىر كىشى ئۆزىدە بار بولغان تالانت ئارقىلىق پەخىرلىنىشكە،

باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بولۇپ، «مەن سەندىن ياخشى» دەپ، ئۆزىدىكى نېئمەتلەر بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىشى مۇمكىن. لېكىن قانداق شەكىلدە بولسۇن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەمگە بويسۇنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تۈرلۈك ئىقتىدارلارنى بەرگەن ۋە بىر-بىرىگە بويسۇنىدىغان قىلىپ ياراتقان. ئىنسانلار ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق. مانا بۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە بويسۇنۇشتۇر. ئاللاھقا بويسۇنۇشقا كەلسەك، ئاللاھ ئىنساننى يارىتىپ، ھەممە نەرسىنى نېئمەت قىلىپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك.

ئاللاھتىن قورقۇش ئىنسانغا ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىدە بولغان نېئمەتنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ ئېلىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئىنسان ئاللاھتىن قورقسا، بۇ نۇقتىلارنى ئەسلەيدۇ. چۈنكى بىز دۇنيادا بۇگۈنكى پادىشاھنىڭ ئەتىسى جىنايەتچى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۈگۈنكى باينىڭ ئەتىسى نامرات بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزگەرمەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. ئىنسانغا كېلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ. بەزى ئۆزىدىكى نېئمەتلەرگە مەغرۇرلىنىدىغان ئىنسانلارغا: «سىلەر مەغرۇرلانماستىن شۇ نېئمەتلەرنى، ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئىبادەت قىلىڭلار» دەيمىز. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ تەكەببۇرلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەۋرنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلغان. شۇڭا مۇتلەق ھاكىمىيەت، مۇتلەق ھوقۇق بولمايدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ مال-دۇنياسى بىلەن پەخىرلەنسە، باشقا بىرى كېلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَاءَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ﴾[1] «ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر. سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ» دېگەن.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ كۆزىدە مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يەتكەن ۋاقىتتا پەخىرلىنىشكە باشلايدۇ. بىز ئۇنىڭغا: «سەن پەخىرلەنمە! بۇ مۇكەممەللىك بۇگۈن سەندە بولغان بىلەن ئەتە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، سەن شۇ مۇكەممەللىكنى بەرگەن ئاللاھقا بويسۇنغىن، بويسۇنۇش ۋە نېئمەتلەرنى ئەسلەش ئاللاھ ئۈچۈن بولسۇن» دەيمىز.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾ دېگەن بولۇپ، بالا-مۇسىبەتلەردە ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىش پەقەت «ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەر»گە نىسبەتەن بولىدىغان چوڭ ئىشتۇر. "الْخَاشِعِينَ" دېگەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ چەكلىگەن ھاراملىرىدىن يانىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى پۈتۈن كۈچىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەمدۇر. ئۇ پۈتۈن قازا ۋە قەدەرلەرگە سەۋر قىلىپ، كېلىۋاتقان بالا-مۇسىبەتلەردىن ياراتقۇچىنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى بىلىپ، ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. مانا بۇ تۆردىكى كىشىلەر غەلىبە قىلالايدۇ، ئىنشائاللاھ!

[1] سۈرە ئال ئىمران، 140-ئايەت

## سۈرە بەقەرە 46-ئايەت

﴿الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾

**«ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ»**

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە سەۋر ۋە نامازنى ئاللاھتىن قورققان كىشىلەرنىڭ قىلالايدىغانلىقىنى، ئۇ ئىككىسىنى ئىمانىي قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭلا غەلىبە ۋە شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغان كېيىن، ھەقىقىي "الْخَاشِعِينَ" لارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ﴿الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو رَبِّهِمْ﴾ «ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشەنگەن كىشىلەردۇر» دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى "يَظُنُّونَ" دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئويلىدى، گۇمان قىلدى» بولۇپ، ئايەتتە جەزم مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا «جەزم» دېگەن نېمە؟ دېيىلگەن سۆزنىڭ مەنىسى دەلىل-پاكىتلىق شەكىلدە رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنىڭغا جەزم قىلىمىز. مەسىلەن: «مۇھەممەد تىرىشچان» دېسەك، ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد دەپ بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ تىرىشچان بولسا، ئۇنى تەستىقلايمىز. بۇ خىل مەزمۇننىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىشى «جەزمىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلمەي «تىرىشچان» دېسەم، رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولماي قارىسىغا دېيىلگەن سۆز بولىدۇ ۋە «تەقلىد» (ئەگىشىش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتە ياشلىق بالىدىن بىرسى "لا إله إلا الله محمد رسول الله" دېسە، بۇ بالىنىڭ ئېغىزىدىن چىققىنى راست گەپ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن كىچىك بالىنىڭ ئەقلى بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈشكە يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇ بالا دادىسى ياكى ئوقۇتقۇچىسىغا ئەگەشكەن بولىدۇ. ئوخشاش بىر سۆز دەلىل-ئىسپات بىلەن سۆزلەنسە جەزمىيەت بولسا، دەلىل-ئىسپاتسىز قارىسىغا سۆزلەنسە تەقلىد (ئەگەشكەنلىك) بولىدۇ.

ئەگەر مەن بىر نەرسىنى كەسكىن مۇشۇنداق دېسەم، ئەمما ئۇنىڭ رېئاللىقتا ھېچقانداق ئاساسى بولمىسا، جاھىللىق بولىدۇ. جاھىللىق ساۋاتسىزلىقتىن يامانراق ئىشتۇر. چۈنكى جاھىل رېئاللىقتا ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ. ساۋاتسىز ئادەم بولسا بىلمەيدۇ، ئەمما قاچان كاللىسىدىن ئۆتسە ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جاھىلنىڭ ئەقلىگە ھەقنى ئەكىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلبىگە ئورنىۋالغان باتىلنى چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. بىر مەسىلىدە جەزمىيەت بولماي، بار-يوقلۇقى باراۋەر بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، بۇ شەك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شۇ بار-يوق دېگەن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى كۈچلەنگەن ۋاقىتتا "ظن" بولىدۇ. ئۆز تىلىمىزدا بىر مىسال ئالايلى: بىر ئىش ئەللىكتە ئەللىك ئۈلۈش بولۇپ قالسا شەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولماي يىگىرمىدە سەكسەن ئۈلۈش بولۇپ، بىر تەرىپى كۈچلۈك، يەنە بىر تەرىپى ئاجىز بولسا "ظن" بولىدۇ. ئەمدى ئايەتكە قايتىدىن قاراپ چىقساق، ﴿الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو رَبِّهِمْ﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئەرەب تىلىدىكى "يتيقنون" «جەزمىيەت قىلىدى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەستىن، "يَظُنُّونَ" دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئۇچرىشىشقا قىلغان كۈچلۈك ئىشەنچىسى ئاللاھ يولىنى تۇتۇشقا يېتەرلىكتۇر.

سىز سەپەردە كېتىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، سۆزى تەخمىنەن يەتمىش پىرسەنت ئىشەنچلىك بىر ئادەم يېنىڭىزغا كېلىپ: «بۇ يولدا ئوغرى-قاراقچى بار» دېسە، سەپىرىڭىزنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىسىز ۋە «باشقا يولدىن ماڭسامۇ قورال ئېلىۋالاي ياكى بىر قانچە ئادەم بىلەن بىرگە ماڭاي» دېگەن پىكىرگە كېلىپ، شۇ يولدىكى خەتەرگە قارىتا ئېھتىيات بىلەن سەپەر قىلىسىز. ئەمدى بۇ دىن ئالدىڭىزغا كېلىپ، سىزگە تىرىلىش ۋە قىيامەت ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ. كاللىڭىزدىكى ئىشەنچ ئەللىك پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا سىز بۇ دىنغا ئېھتىيات ئۈچۈن بولسىمۇ كىرىشىڭىز كېرەك. چۈنكى ﴿الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو رَبِّهِمْ﴾ «ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ» دېگەن بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە يېتىدۇ.

مۇئەررەز ئاخىرقى ھاياتىدا مۇنداق دېگەن:

| | |
|---|---|
| قالَ المَنجّمُ والطّبيبُ كِلاهما | لا تُحشَرُ الأجسادُ؛ قلتُ: إليكما |
| إن صَحّ قولُكما، فلستُ بخاسرٍ | أو صَحّ قولي، فالخَسارُ عليكما |

تەرجىمىسى:

مۇنەججىم ۋە دوختۇرلار دېدىكى: «ئۆلۈكلەر تىرىلمەيدۇ». مەن دېدىمكى: «سۆزۈڭلار راست بولغان تەقدىردە، مەن زىيان تارتمايمەن. ئەگەر مېنىڭ سۆزۈم راست بولسا، ئىككىڭلار زىيان تارتىسىلەر».

ئاللاھ تائالا: ﴿الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ «ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ» دېگەن. ئىنسان ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن دۇنياغا كەلگەچكە، ئاللاھ تەرىپىگە قايتىشى شەكسىز بىر ھەقىقەتتۇر.

www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا: ﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ. يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَىٰ وَمَا هُم بِسُكَارَىٰ وَلَٰكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ﴾[1] «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر.ئۇ كۈندە ھەربىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس-ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتىمۇ ئانىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بالىسىنى تاشلىۋېتىدىغانلىقى بايان قىلىندى. بۇ بىزگە ئۇ كۈننىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿فَكَيْفَ تَتَّقُونَ إِن كَفَرْتُمْ يَوْمًا يَجْعَلُ الْوِلْدَانَ شِيبًا﴾[2] «ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، (دەھشىتىدىن) بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر» دېگەن. بۇ ئايەتتە «ئۇ كۈن كىچىك بالىلارنى قېرىتىۋېتىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ قاتتىق ئېغىر ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان ئىپادىدۇر.

قىيامەتتە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدا بۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىغان تۇرسا، كاللىمىزدا ئەللىك پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتكەن بىر كۈچلۈك ئېھتىماللىق ئاللاھنىڭ يولىنى تۇتۇشقا نېمىشقا يەتمىگۈدەك؟ بىز دۇنيادىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرگە ئېھتىيات قىلىۋاتىمىز. ئەسلىدە بۇ ھادىسىلەر قىيامەتنىڭ ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. قۇرئان كەرىم بىزگە بۇ كۈننىڭ ئەھۋالىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتقان تۇرسا، نېمىشقا

---

[1] سۈرە ھەج، 1، 2-ئايەت

[2] سۈرە مۇززەممىل، 17-ئايەت

بىز قىيامەتنىڭ ھادىسىلىرىدىن ئېھتىيات قىلمايمىز!؟ بىزنىڭ «ئاللاھقا ئۇچرىشىپ قالارمىزمۇ؟؟» دېگەن گۇمانىمىز بىزنىڭ مىڭ قېتىم ھېساب قىلىشىمىزغا يېتەرلىكتۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# 37-دەرس

## سۈرە بەقەرە 47-ئايەت

﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّي فَضَّلْتُكُمْ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾

**«ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار»**

بەزى كىشىلەر: «بۇ ئايەتلەردە تەكرارلىق بار ئىكەن، ئىلگىرىكى ئايەتلەردىمۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ نېئمەتلەرنى ئەسلىشى بۇيرۇلغان، بۇ ئايەتتىمۇ شۇنداق كەپتۇ» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تەكرارلىنىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل ھەققىدە: ﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ. وَآمِنُوا بِمَا أَنزَلْتُ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُمْ وَلَا تَكُونُوا أَوَّلَ كَافِرٍ بِهِ وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ. وَلَا تَلْبِسُوا الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُوا الْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ . وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ. أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ. وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ. الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾[1] «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن

[1] سۈرە بەقەرە، 40~46-ئايەتلەر

ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار. مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار.نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار . كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر. سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. بۇ، ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۈشەققەتلىك ئىشتۇر . ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ» دېگەن. يۇقىرىقى يەتتە ئايەتنىڭ ھەممىسى بەنى ئىسرائىلغا تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلغا ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولغانلىقىنىڭ كاتتا نېئمەت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىلغا كۆپلىگەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ پەزىلەتلىك قىلغانلىقى «بەنى ئىسرائىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى تەۋراتتا بايان قىلىنغان بولۇپ، تەۋرات ئۇلارنى پەيغەمبەرگە ئىشىنىشكە ۋە ياردەم بېرىشكە بۇيرۇغان. بىراق ئۇلار تەۋراتقا كاپىر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىدى. ئىنجىلمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ۋە ناسارالارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان، بىراق ئۇلار ئىمان ئېيتماي ئىنجىلغا كاپىر بولدى.

www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ﴾ «سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلەڭلار» دېگەن سۆزى «كىتابىڭلاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بايانلارنى ئەسلەڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كىتاب چۈشۈرگەن دەۋردە، بەنى ئىسرائىلنى شۇ دەۋردىكى بارچە كىشىلەردىن پەزىلەتلىك قىلغان. بۇ ئايەت بۇنى ئۇلارغا ئەسلىتىش ھەققىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ ئۇلاردىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى چىقارغان. بەزىلەر: «ئاللاھ ئۇلارغا ئېھسان قىلغان تۇرۇپ مىننەت قىلامدۇ؟» دېيىشىدۇ. بۇ يەردىكى مىننەت قىلىش ئازابنى قاتتىق قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئاسىيلىقى بەكمۇ ئېغىر بولغاچقا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مايمۇن، چوشقىغا ئايلاندۇرۇپ، بەزىسىنى تاغۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان قىلىۋەتكەن. قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ الَّذِينَ اعْتَدَوْا مِنكُمْ فِي السَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا قِرَدَةً خَاسِئِينَ﴾[1] «ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى) ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار - دېدۇق»، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللَّهِ مَن لَّعَنَهُ اللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ أُولَٰئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَاءِ السَّبِيلِ﴾[2] «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ (ئۇ شۇنداق) كىشىلەرنىڭ (جازاسىكى)، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى. ئەنە شۇلارنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 65-ئايەت
[2] سۈرە مائىدە، 60-ئايەت

ئۇرنى ئەڭ ياماندۇر (يەنى دوزاختۇر)، (ئۇلار) توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر» دېيىلگەن.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا شۇنچە كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغانلىقىغا قارىماستىن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قانداق كاپىر بولۇپ، ئۇلارنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇپ جازاغا لايىق بولدى. ئۇلار ئاللاھقا ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋە تەۋراتتا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشنى نېئمەت دەپ تونۇمىدى. بەنى ئىسرائىل ئەسلى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان كۆپلىگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كىتابىنى توغرىلاپ، يولىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولغاچقا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىشى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ خاتا چۈشىنىپ، «ئاللاھ يەھۇدىيلارغا بەك قاتتىق مۇئامىلە قىلىپتۇ، ئۇلارنى زېمىندا چېچىۋېتىپتۇ» دېمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا نېئمەتلەرنىڭ كاپىرلىق بىلەن بىرگە داۋاملاشمايدىغانلىقىغا دىققىتىمىزنى تارتىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلار بۈگۈنكى كۈندە ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ توپلانغان بىلەن، تارىختىن بېرى سەرسانلىقتا ئۆتكەن بىر مىللەت ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ بۈگۈنكىدەك بىر يەرگە يىغىلىشى ئۇلارنىڭ قايتا جازالىنىشىدىن بېشارەت بولسا كېرەك. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە يەھۇدىيلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىغان مىللەت ئىكەنلىكى ۋە خارلىققا مەھكۇم ئىكەنلىكى ھەققىدە بايانلار كەلگەن.

قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَقُلْنَا مِن بَعْدِهِ لِبَنِي إِسْرَائِيلَ اسْكُنُوا الْأَرْضَ فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفًا﴾[1] «پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «زېمىندا تۇرۇڭلار، ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز - دېدۇق» دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا تىلغا ئالغان بەنى ئىسرائىلنىڭ ماكانلىششىنى تەلەپ قىلغان زېمىن قايسى؟ بۇ زېمىن يەر شارىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى يەر شارىنىڭ ھەر تەرىپىگە چېچىۋېتىشنى ئىرادە قىلغان. ئۇلارنىڭ دۆلىتى بولمايدۇ، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئۇلارغا ھۆكۈمران بولۇشىنى خالىغان ۋاقىتدا بىر ئورۇنغا توپلايدۇ.

قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَقَضَيْنَا إِلَىٰ بَنِي إِسْرَائِيلَ فِي الْكِتَابِ لَتُفْسِدُنَّ فِي الْأَرْضِ مَرَّتَيْنِ وَلَتَعْلُنَّ عُلُوًّا كَبِيرًا. فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ أُولَاهُمَا بَعَثْنَا عَلَيْكُمْ عِبَادًا لَّنَا أُولِي بَأْسٍ شَدِيدٍ فَجَاسُوا خِلَالَ الدِّيَارِ وَكَانَ وَعْدًا مَّفْعُولًا. ثُمَّ رَدَدْنَا لَكُمُ الْكَرَّةَ عَلَيْهِمْ وَأَمْدَدْنَاكُم بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا﴾[2] «ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا (يەنى تەۋراتتا): پەلەستىن زېمىنىدا چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە زۇلۇم قىلىش بىلەن، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر - دەپ ۋەھيى قىلدۇق. بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى. ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق (يەنى دۈشمىنىڭلارنى ھالاك

---

[1] سۈرە ئىسرا، 104-ئايەت
[2] سۈرە ئىسرا، 4، 5-ئايەتلەر

قىلدۇق، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدۇق)، سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق» دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئىككىنچى قېتىم پۇرسەت بېرىپ، ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى (خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك)، بىراق بۇ پۇرسەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى يەھۇدىيلارنىڭ مەغلۇبىيتى بولغىنىدەك، يەھۇدىيلارنىڭ غەلىبىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيتى بولىدۇ.

ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۈيىچە بۇلارنىڭ ياردەملىرى سىرتتىن تەمىنلىنىدۇ. بىز بۈگۈن ئىسرائىلىيەنىڭ باشقا دۆلەتتىكى يەھۇدىيلارنى جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى، باشقىلارنىڭ مال-دۇنيالىرىنى ئىسرائىلىيەگە مەبلەغ سېلىشقا قىزىقتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىسرائىلىيە بۇ دۆلەتكە كېلىدىغان مۇھاجىرلارنىڭ ياردىمىسىز بەرپا بولۇپ تۇرالمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى "وَأَمْدَدْنَاكُم" ئىبارىسى «سىرتتىن تەمىنلىنىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان پەلەستىن زېمىنىدا بولىدىغان جەڭنىڭ سىرتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا﴾ «سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق» دېگەن. بۇ «ئاۋازىڭلارنى ئۈستۈن چىقىدىغان قىلدۇق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بۈگۈنكى دەۋردە ئىسرائىلىيەنىڭ ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ئاۋازى كۈچلۈك ۋە ھەممىگە ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ

www.uyghurkitap.com



مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيرًا﴾[1] «ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق)» دېگەن. بۇ ئايەت «مەسجىدى ئەقسا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن يەھۇدىيلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار قايتىدىن كېلىپ يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ مەسجىدى ئەقساغا بىرىنچى قېتىم ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا كىرگەنگە ئوخشاش غەلىبە بىلەن كىرىدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفًا﴾[2] «ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز - دېدۇق» دېگەن. "لَفِيفًا" بولسا «ئوخشىمىغان تۈرلەرنىڭ جۇغلىنىشى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا قارشى مۇسۇلمانلارغا ئىككى قېتىملىق غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلغان. بىرىنچى قېتىملىقى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشقان. ئىككىنچى قېتىملىقى ئىنشائاللاھ بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ بولغان بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار مەسجىدى ئەقسانى قايتۇرۇۋالىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك زەربىگە ئۇچرىشى ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىنىشى شەرت. مەسجىدى ئەقسانى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار چوقۇم يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى كېرەك.

[1] سۈرە ئىسرا، 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئىسرا، 104-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندىن، بىر يەرگە توپلاشقان يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئاسان بولىدۇ. يەھۇدىيلار پۈتۈن دۇنياغا چېچىلىپ، تارقاق ھالەتتە ياشىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئۇرۇش ئېچىشىغا توغرا كېلەتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى پۈتۈن دۇنيادىن بەيتۇلمۇقەددەس بولغان پەلەستىن زېمىنىغا توپلاپ بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار مەسجىدى ئەقسانى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىززەت بىلەن مەسجىدى ئەقساغا كىرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ «ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا بەك قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى زېمىندا تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ» دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە نېئمەتكە كاپىر بولغانلىقىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلار ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ئاللاھنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابىغا لايىق بولغان كىشىلەردۇر. ئىككى مىڭ يىللىق ھاياتى سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتكەن يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقىغا ئوخشاش يۈز يىلغىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىتتا بىر يەرگە توپلىشىپ، قىسقا ۋاقىت پاراۋان ئۆتكەنلىكى چوڭ ئىش ئەمەس. بۇلارنىڭ بىر يەرگە توپلاشقانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ پات يېقىندا ئۇلارغا قارشى غەلىبە قىلىشىنىڭ بېشارىتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 48-ئايەت

﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا لَّا تَجْزِي نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْئًا وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا شَفَاعَةٌ وَلَا يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ﴾

**«كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار»**

ئايەتنىڭ بېشىدىكى "وَاتَّقُوا يَوْمًا" «بىر كۈندىن قورقۇڭلار» دېگەن كۈن ئىنسانغا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەنە بىر ئايەت بار بولۇپ: ﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا لَّا تَجْزِي نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْئًا وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَاعَةٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ﴾[1] «بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ فىدىيەسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار» دېيىلگەن. بىز چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايەت بىلەن بۇ ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئوخشايدۇ. ئىككى ئايەتنىڭ باش-ئاخىرى ئوخشاش، پەقەت ئوتتۇرىدا ئازراقلا پەرق بار. بىرىنچى ئايەتتە "شَفَاعَةٌ" «شاپائەت» دېگەن سۆز بېشىدا، "عَدْلٌ" «فىدىيە» دېگەن

[1] سۈرە بەقەرە، 123-ئايەت

سۆز ئاخىرىدا كەلگەن. ئىككىنچى ئايەتتە "عَدْلٌ" «فىدىيە» دېگەن سۆز بېشىدا، "شَفَاعَةٌ" «شاپائەت» دېگەن سۆز بولسا ئاخىرىدا كەلگەن. بېشىدىكى ئايەتتە «شاپائەت قوبۇل بولمايدۇ» دەپ كەلگەن بولسا، ئىككىنچى ئايەتتە «شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ» دەپ كەلدى.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا قورقۇنۇشقا بۇيرۇغان قىيامەت كۈنىنى: ﴿يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْئًا وَالْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ﴾[1] «ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر» دەپ تەسۋىرلىگەن. بىز چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ﴿لَّا تَجْزِي نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْئًا﴾ «بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان» دېگەن ئايەتتىكى "نَفْسٌ" دېگەنلىك جىسمى ۋە روھى بار كىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئورۇندا ئىككى كىشى تىلغا ئېلىنغان. بىرى شاپائەت تىلەيدىغان سالىھ كىشى، يەنە بىرى شاپائەت تىلىنىدىغان گۇناھكار كىشىدۇر. شاپائەت - ياخشى كىشىنىڭ گۇناھكارنىڭ گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ھەققىدە ئاللاھقا قىلغان ئىلتىجاسىدۇر. بۇنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرەيلى. ھاكىم مەلۇم بىر كىشىگە غەزەپلىنىپ، جازالىماقچى بولغىنىدا، ھاكىمنىڭ ياخشى دوستىدىن بىرى ھېلىقى كىشىنى تىلىۋالماقچى بولىدۇ. ھاكىم بولسا دوستىنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى قوبۇل قىلمايدۇ.

قىيامەت كۈنى ياخشى كىشى خاتالىق ئۆتكۈزگەن گۇناھكار ھەققىدە ئاللاھتىن شاپائەت تىلەيدۇ. شاپائەت تىلىگۈچى ياخشى ئەمەل قىلغان سالىھ كىشى بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِندَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ﴾[2] «ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن» دېگەن. ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

[1] سۈرە ئىنفىتار، 19-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە، 255-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

شاپائەت تىلەيدىغان كىشىلەر بولسا، ئاللاھ رۇخسەت قىلغان سالىھ كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَىٰ وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾[1] «ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ» دېگەن.

بىز ئوقۇۋاتقان بىرىنچى ئايەتنىڭ مەزمۇنى «سالىھ كىشى ئۆزگە زۇلۇم قىلغان گۇناھكار بەندىنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ شاپائىتى قوبۇل بولمايدۇ، فىدىيەمۇ ئېلىنمايدۇ ۋە ھەرقانداق كېلىشىم قوبۇل قىلىنمايدۇ» بولۇپ، بۇ ئايەت شاپائەت تىلىگۈچى ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ.

ئىككىنچى ئايەت شاپائەت تىلەنگۈچى ھەققىدە بولۇپ، ئۇ بەندە قاتتىق قىينىلىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ۋە ھېچقانداق چارىسى قالمىغان ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ يېنىغا بېرىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ كىشى ئامالسىز قالغىنى ئۈچۈن «ئى رەببىم، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ كىشى ئۆزى ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن، ياردەم قىلىپ شاپائەت تىلەيدىغان كىشىنى ئىزدەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭمۇ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. قۇرئان كەرىم بۇلار ھەققىدە سۆزلەپ: ﴿وَلَوْ تَرَىٰ إِذِ الْمُجْرِمُونَ نَاكِسُو رُءُوسِهِمْ عِندَ رَبِّهِمْ رَبَّنَا أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَارْجِعْنَا نَعْمَلْ صَالِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ﴾[2] «ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: پەرۋەردىگارىمىز!

[1] سۈرە ئەنبىيا، 28-ئايەت
[2] سۈرە سەجدە، 12-ئايەت

(ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز» دېگەن. گۇناھكار كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالادىن فىدىيە تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ياخشى ئەمەل يامانلىققا كاپارەت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، دۇنياغا قايتىپ يامانلىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ياخشى ئەمەل قىلىپ ئازابتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قارىتا ئاللاھ تائالا جاۋاب قايتۇرۇپ: ﴿فَذُوقُوا بِمَا نَسِيتُمْ لِقَاءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَا إِنَّا نَسِينَاكُمْ وَذُوقُوا عَذَابَ الْخُلْدِ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾[1] (مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشىڭلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ خورلۇقنىڭ ئازابىنى) تېتىڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنۇتتۇق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

گۇناھكارلار قىيامەت كۈنى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ ياخشى ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأْوِيلَهُ يَوْمَ يَأْتِي تَأْوِيلُهُ يَقُولُ الَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبْلُ قَدْ جَاءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِالْحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَاءَ فَيَشْفَعُوا لَنَا أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ الَّذِي كُنَّا نَعْمَلُ قَدْ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا يَفْتَرُونَ﴾[2] «ئۇلار (يەنى كۇففارلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟

[1] سۈرە سەجدە، 14-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف، 53-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- دېيىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالدى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ تۆھمەت قىلغان مەبۇدلىرى، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى» دېيىلگەن. گۇناھكارلار ئاۋۋال شاپائەت تەلەپ قىلىپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن فىدىيە تەلەپ قىلدى، بىراق بۇ تەلەپمۇ رەت قىلىندى. ئىككى ئايەتتىكى ئوخشىماسلىق بۇلاردىن ئىبارەت. بىرىنچى ئايەتتە شاپائەت تىلىگۈچى شاپائەت تىلەپ، قوبۇل قىلىنمىغاندا فىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىككىنچى ئايەتتە شاپائەت تىلىگۈچى گۇناھكار ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىش ئۈچۈن فىدىيە ئىزدەيدۇ، قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن باشقىلاردىن شاپائەت تىلەشكە باشلايدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنىگە ئالاقىدار بولۇپ، بۇ خىل شەكىلدىكى ئوخشىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان ئايەتلەر قۇرئان كەرىمدە كۆپتۇر. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُم مِّنْ إِمْلَاقٍ نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ﴾[1] «نامراتلىقتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز» دېگەن ئايەت بىلەن ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ نَّحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ﴾[2] «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز» دېگەن ئايەتتىكى «سىلەرگە ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىمىز» بىلەن «ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز»دا پەقەت ئۇسلۇب گۈزەللىكى بار، دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس. ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُم مِّنْ إِمْلَاقٍ﴾ دېگەن ئايەت كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان كەمبەغەللىكنى كۆرسىتىدۇ. كەمبەغەل بىر ئىنسان تېخىمۇ بەك كەمبەغەللىكنىڭ دەردىنى تارتماسلىق ئۈچۈن پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: ﴿نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ﴾ دېگەن ئايەتتە «سىلەر ھازىر كەمبەغەل بولساڭلار

---

[1] سۈرە ئەنئام، 151-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئىسرا، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ھېچقىسى يوق، سىلەرگىمۇ ۋە كېلىدىغان پەرزەنتكىمۇ رىزىق بېرىمىز. سىلەرنىڭمۇ، ئۇلارنىڭمۇ رىزقىڭلار ئايرىم» دېگەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، «سىلەرگە» دېگەن ئالماشنى بېشىدا تىلغا ئالغان.

﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ﴾ دېگەن ئىككىنچى ئايەت بولسا، ھازىرچە كەمبەغەل ئەمەس، ئەمما «پەرزەنتىمىز كۆپ بولۇپ قالسا كەمبەغەل بولۇپ قالارمىزمۇ» دەپ، كەلگۈسىدىكى كەمبەغەللىكتىن قورققۇچىلار توغرىسىدا كەلگەن. بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿نَّحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ﴾ «سىلەرنى كەمبەغەللىكتىن قورقۇتۇۋاتقان ئۇ پەرزەنتلەرگە ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز» دەپ، پەرزەنتلەر بالدۇر تىلغا ئېلىنىدى. بۇ ئىككى ئايەت، سۆزلىمەكچى بولغان ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئىپادىلەشتىكى كىچىككىنە ئوخشىماسلىقنىڭمۇ مەزمۇن جەھەتتە چوڭ پەرق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مىسال سۈپىتىدە كەلتۈرۈلدى.

﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا لَّا تَجْزِي نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْئًا﴾ «بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان» دېگەن ئايەتكە قاراپلا تەكرار كەلگەن ئايەت دەپ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرىنىڭ ئاخىرى ﴿وَلَا يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ﴾، يەنە بىرىنىڭ ئاخىرى ﴿وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَاعَةٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ﴾ دەپ ئاخىرلاشقان. بۇ ئىككى ئايەتتىكى كىشىلىك ئالماش پەرقلىق ئورۇنغا قايتىدۇ. بىرىنچىسىدە شاپائەت تەلەپ قىلغۇچى كىشىگە، ئىككىنچىسىدە شاپائەت تەلەپ قىلىنغان كىشىگە قايتىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ وَاخْشَوْا يَوْمًا لَّا يَجْزِي وَالِدٌ عَن وَلَدِهِ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَن وَالِدِهِ شَيْئًا إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ﴾[1] «ئى ئىنسانلار!

[1] سۈرە لوقمان، 33-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار» دېگەن. قىيامەت كۈنى ئىنسان يەنە بىر ئىنسان بىلەن قانچىلىك يېقىن بولۇپ كەتسۇن، ئارا تۇرالمايدۇ. بالا ئاتا-ئانىسىغا، ئاتا-ئانا بالىلىرىغا ئارا تۇرالمايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ﴾[1] «ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا ھالى يار بەرمەيدۇ» دېيىلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَلَا يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ﴾ ﴿وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ﴾ دېگەن ئايەتلىرىدىكى "عَدْلٌ" دېگەن سۆزى، گۇناھكار كىشىنىڭ «ئى رەببىم، مەن خاتالىشىش ئارقىلىق ئۆزۈمگە زۇلۇم قىپتىمەن، مىنى ياخشى ئەمەل قىلىشىم ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرغىن» دېگىنىدەك «فىدىيە» (ئورنىنى تولۇقلايدىغان نەرسە) مەنىسىدە كېلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز "عِدْلٌ" دەپ زىر بىلەنمۇ ئوقۇلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئوخشاش تۈردىكى نەرسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرغاننى بىلدۈرىدۇ. "عَدْلٌ" دەپ زەۋەر ئوقۇلغاندا ئوخشىمىغان تۈردىكى نەرسىنى ئالماشتۇرغاننى بىلدۈرىدۇ. "عَدْلٌ" نىڭ يەنە «ھەق ۋە ئادالەت» دېگەن مەنىسىمۇ بولۇپ، بۇ پەقەت ئىككى دەۋاگەر ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. يەنە «ئىنساب ۋە ھەقىقەت» دېگەن مەنىسىمۇ بار. ھەقىقەت ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم نەرسە بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن بىرىگە يان بېسىلسا ھەقىقەت بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغىنىدا «بىرگە ئەھمىيەت بېرىپ باشقىلارغا سەل

[1] سۈرە ئەبەسە، 34~37-ئايەتلەر

قارىدى» دېيىلمەسلىك ئۈچۈن ھەممىسىگە تەڭ قارايتتى. "عَدْلٌ" نىڭ نۇرغۇن مەنىلىرى بولسىمۇ، بىراق بۇ ئايەتتە «فىدىيە، قارشىلىق، بەدەل» دېگەندەك مەنىلەردە كەلگەن.

"نَفْس" دېگەن كەلىمە قۇرئان كەرىمدە روھقا ئالاقىدار بولۇپ، روھ جىسىمغا ئۇچرىشىپ ھاياتلىق شەكىللەنگەندە "نَفْس" شەكىللىنىدۇ. روھ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالمىغاچقا، روھنى ۋە جىسىمنى ئايرىم ئىككى ھايات دەپ ئايرىماسلىق كېرەك. چۈنكى روھ بەدەندىن ئايرىلسا خالىس ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، جىسىممۇ روھتىن ئايرىلسا خالىس ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. لېكىن روھ بىلەن جىسىم ئۇچراشقىنىدا ھاياتلىق باشلىنىپ، شەھۋەتلەر ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. جىسىم ھەرىكەتلىنىپ ئىنسانغا بويسۇنىدۇ. ئۆلۈم كەلگەن ھامان روھ بەدەندىن ئايرىلىدۇ ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان بىر شەكىلدە بۇيرۇغان يەرگە كېتىدۇ. جىسىممۇ ئاللاھ تەقدىر قىلغان بىر يەرگە كېتىدۇ. ھاياتلىق نامىمىز روھنىڭ بەدەندىن ئايرىلىشى بىلەن ئۆچۈپ، ئىنسانغا بېرىلگەن ئەركىنلىكمۇ شۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يَوْمَ تَشْهَدُ عَلَيْهِمْ أَلْسِنَتُهُمْ وَأَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾[1] «شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قولىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن.

يۇقىرىدىكىلەرنى بىر مىسال بىلەن ئىزاھلايلى: يۇقىرىدىن خىزمىتىمنى قىلىش ئۈچۈن ئىككى كىشىنى بەلگىلىگەن بولسا، ئۇ ئىككىسى خىزمىتىمنى قىلغان مۇددەت ئىچىدە مەن نېمە دېسەم دەرھال ئورۇنلايدۇ. بىراق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاخىرلىشىپ، يۇقىرىنىڭ يېنىغا بارغاندا «بىزنىڭ يامانلىق قىلغۇمىز يوقتى، لېكىن سىلەر بىزگە بويسۇنۇش بۇيرۇقىنى بەرگەچكە، ئۇ ئەسكى ئىشقا سالسىمۇ، ياق دېمەستىن قىلدۇق»

[1] سۈرە نۇر، 24-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ، بىزنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش روھىمىز ۋە جىسمىمىزغا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر بىزگە بويسۇنۇش بۇيرۇقى بېرىلگەن بولغاچقا، بىزگە شەرتسىز بويسۇنىدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنى ئاللاھقا تەۋە بولغان بەدىنىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسى ياخشى ئىشقا سالغان بولساق ياخشىلىققا، يامان ئىشقا سالغان بولساق يامانلىققا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. چۈنكى جىسمىمىز قىيامەت كۈنى بىزگە بويسۇندۇرۇلمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە تەسبىھ ئېيتىدىغان بولۇپ، ئاللاھ تەرەپتىن بىزگە بويسۇنۇش بۇيرۇقى چۈشكىنى ئۈچۈنلا ھاياتى دۇنيادا بىزگە بويسۇنىدۇ. خاتا ئىشلارغا سالغان بولساق، بىزگە لەنەت ئېيتىپ تۇرۇپ خاتا ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنى بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنمىغان ۋە بىزدىن ئايرىلغان بىر شەكىلدە كېلىپ، زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا﴾[1] «روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەم» دەيدۇ.

كىشىلەر ھاياتنى جىسمانىي ھايات ۋە روھىي ھايات دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. روھىي ھايات دېگەن بىزنىڭ جىسمىمىزدىكى روھتىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ھەقىقىي روھىي ھايات پەرىشتىلەرنىڭ ھاياتىدۇر. ﴿نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ﴾[2] «ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى» ) دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا جىبرىئىلنى «روھ» دەپ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَا﴾[3] «شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك)

[1] سۈرە شەمس، 7، 8-ئايەتلەر
[2] سۈرە شۇئەرا، 193-ئايەت
[3] سۈرە شۇرا، 52-ئايەت

ئەمرىمىز بىويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھىي قىلدۇق» دېگەن. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان روھ بولسا «قۇرئان» مەنىسىدە كەلگەن.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ﴾ «ياردەم قىلىنمايدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا زالىملارغا ئازابنى ھۆكۈم قىلغان ۋاقىتتا، ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئازابىنى توختىتالمايدۇ ۋە ياردەممۇ قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۈندە پۈتۈن ئىشلار ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ.

# 38-دەرس

## سۈرە بەقەرە 49-ئايەت

﴿وَإِذْ نَجَّيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَاءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئاجرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى»**

بەنى ئىسرائىلنى چۈشىنىش ئۈچۈن تارىخقا قىسقىچە قاراپ ئۆتەيلى. يۈسۈف ئەلەيهىسسالام مىسىرغا قۇل سۈپىتىدە ئاپىرىپ سېتىلغان ۋاقىتتا، مىسىردا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلار بەنى ئىسرائىل بىلەن جەمەتداش پادىشاھلىق بولۇپ، تارىختىكى پىرئەۋن ئەمەس ئىدى. شۇڭا يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋەقەلىكى كەلگەن قىسسەلەردە مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلىرى «پادىشاھ» دەپ تىلغا ئېلىنغان. كېيىنكى زامانلاردا مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشقا ئۇرۇقتىن بولغان پىرئەۋنلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن. يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلدىكى 12 قەبىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 12 قېرىندىشى مىسىرغا كۆچۈپ كەلگەن. بىراق يۈسۈف ئەلەيهىسسالام

ۋەزىرلىك قىلغان پادىشاھلار مەغلۇپ بولۇپ، ھاكىمىيەت پىرئەۋنلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇل قىلىنغان ۋە بۇ قۇللۇق نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى شۇ ۋاقىتتىكى مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان زالىم پىرئەۋن چۈشىدە بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئوت چىقىپ، تاجۇ-تەختىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ چۈشكە شۇ ۋاقىتتىكى كاھىن ۋە تەبىرچىلەر بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىپ، پىرئەۋننىڭ تەختىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەبىر بەرگەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلدىن تۇغۇلغان پۈتۈن ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە قىزلارنى قۇل قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇشقا پەرمان چىقارغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇپ قانداق ھايات قالغانلىقى، ئاندىن ئاللاھنىڭ بەنى ئىسرائىلنى دېڭىزدىن قانداق قۇتقۇزغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. بىر نەچچە ئەسىر ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلگەن، قىزلىرى قۇل قىلىنغان، كۆرمىگەن خارلىقى قالمىغان بەنى ئىسرائىلغا ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ قۇتقۇزغانلىقى كاتتا نېئمەت ئىدى. ئاللاھ مۇشۇ نېئمەتنى بەنى ئىسرائىلغا ئەسلىتىۋاتىدۇ.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى شاپائەت مەنپەئەت بەرمەيدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بەرگەن پەزلى-نېمىتىنى ئەسلەتتى. قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئورۇنلاردا "إِذْ" دېگەن كەلىمىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ كەلىمە زامان رەۋىشى بولۇپ، «ئۆتمۈشكە قايتىش ۋە ئۆتمۈشنى ئەسلەش» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى "وَإِذْ نَجَّيْنَاكُم" دېگەنلىكى «پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرغان ۋاقىتنى ئەسلەڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەرسىمىزدە چۈشەندۈرمەكچى بولغان بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمدە ئۈچ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار: ﴿وَإِذْ نَجَّيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَاءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گورۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى ئىدى» ۋە ﴿وَإِذْ أَنجَيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُقَتِّلُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَاءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾[2] «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق. ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى» ۋە ﴿إِذْ أَنجَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ وَيُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَاءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾[3] «ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزدى، ئۇلار سىلەرنى قاتتىق قىينايتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلايتتى، خوتۇن كىشىلىرىڭلارنى (خىزمەت قىلدۇرۇشقا) قالدۇراتتى. بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ سىناق بار ئىدى» دىن ئىبارەت.

ئىككىنچى ئايەت بىلەن ئۈچىنچى ئايەت ئاساسەن ئوخشاش. ئەمدى بىرىنچى ئايەت بىلەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايەتتىكى "نَجَّيْنَا" ۋە "أَنجَيْنَا" كەلىمىلىرىدىكى پەرق ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر ئىككى پېئىلنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، تەرجىمە قىلغان ۋاقىتتا «قۇتقۇزدى» دەپ ئوخشاش تەرجىمە قىلىمىز. پېئىلنىڭ تۈرلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئازراق پەرق چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»دە: ﴿وَإِذْ

[1] سۈرە بەقەرە، 49-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف، 141-ئايەت
[3] سۈرە ئىبراھىم، 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

نَجَّيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن گۇرۇھىدىن قۇتقۇزدۇق» دېگەن. بۇنى ئاللاھ بىۋاستە سۆزلىگەن. سۈرە «ئىبراھىم»دا بولسا، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق: ﴿إِذْ أَنجَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ﴾ «ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزدى» دەپ بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىپ: ﴿وَإِذْ نَجَّيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَاءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى ئىدى» دېگەن. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە نېئمەتلىرىنى ئەسلەتكەن ۋاقىتتا ئەڭ يۇقىرىسىنى ئەسلىتىپ، كىچىك نېئمەتلەرنى تىلغا ئالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ پىرئەۋنلەردىن تارتقان ئازابىنى تىلغا ئالمىدى. پىرئەۋنلەر بەنى ئىسرائىلنى يەر تېرىشقا، تاش كېسىشكە ۋە ئۆي ئىشلىرىغا سالاتتى، ئىشلىمەيدىغانلاردىن تۆلەم ئالاتتى. يەھۇدىيلار تۆلەمنى ئازراق تۆلەش ئۈچۈن كونا كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتەتتى. بۇ ئەھۋاللار قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنىپ: ﴿وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ﴾[2] «ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى» دېيىلگەن. بەنى ئىسرائىل تۆلەم تۆلىمەسلىك ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ خارلىقىنى نامايەن قىلىپ، ئەسلى قىياپىتىنى يوشۇراتتى. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل تارتقان ئازابلارنىڭ ھەممىنى تىلغا ئالمىدى، بەلكى بۇ ئازابلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى بولغان ئوغۇللىرىنىڭ بوغۇزلىنىشى ۋە قىزلىرىنىڭ قۇل قىلىنىشىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ھىمايىسىز قالغان ئاياللار

---

[1] سۈرە بەقەرە، 49-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە، 61-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسان تاجاۋۇزغا ئۇچرايدۇ ياكى ئاسان يولدىن چىقىدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ خارلىق بولۇشقا يېتەرلىك.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان "نَجَّيْنَا" ۋە "أَنجَيْنَا" دېگەن ئىككى پېئىلنىڭ بەك چوڭ پەرقى بار. "نَجَّيْنَا" ئازاب چۈشكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قۇتقۇزغانلىقنى كۆرسەتسە، "أَنجَيْنَا" كېلىدىغان ئازابتىن قۇتقۇزغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى سۆز «بەنى ئىسرائىل ئۇچراۋاتقان ئازابتىن ئاللاھ قۇتۇلدۇرۇۋالدى» دېگەننى بىلدۈرسە، ئىككىنچى سۆز «بەنى ئىسرائىل ئۇچرايدىغان ئازابتىن ئاللاھ قۇتۇلدۇرۇۋالدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ بۇلارنى ھەر ئىككى خىل ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان ۋە كاتتا نېئمەت ئاتا قىلغان.

﴿يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ﴾ «سىلەرنى قاتتىق قىينىغان» دېگەن ئايەتتىكى "سُوءَ" كەلىمىسى «كالتەكلەش، تىرىسىنى تەتۈر سويۇش، قىيىن ئىشلارغا سېلىش» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. "يَسُومُ" نىڭ مەنىسى «جاپادا قويماق، قىينىماق» بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «مال-چارۋىلارنى يايلاققا قويۇۋەتمەك، تاشلىۋەتمەك» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ كەلىمىنى قوللىنىشى پىرئەۋننىڭ ئازابىنىڭ دەھشەتلىكى ۋە بەنى ئىسرائىلغا نەپەس ئالغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئازاب ئىچىدە بولۇپ، تۇغۇلسىمۇ ئازاب ئۈستىگە تۇغۇلغان، ئۆلسىمۇ ئازاب ئۈستىدە ئۆلگەن.

ئاللاھ تائالا مىسىردىكى زالىم پىرئەۋنلەر ھەققىدە سۆز قىلغىنىدا، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىرى ھەققىدىمۇ توختالغان. قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَالْفَجْرِ وَلَيَالٍ عَشْرٍ وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ وَاللَّيْلِ إِذَا يَسْرِ هَلْ فِي ذَٰلِكَ قَسَمٌ لِّذِي حِجْرٍ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ إِرَمَ ذَاتِ الْعِمَادِ الَّتِي لَمْ يُخْلَقْ مِثْلُهَا فِي الْبِلَادِ وَثَمُودَ الَّذِينَ جَابُوا الصَّخْرَ بِالْوَادِ وَفِرْعَوْنَ ذِي الْأَوْتَادِ الَّذِينَ

طَغَوْا فِي الْبِلَادِ فَأَكْثَرُوا فِيهَا الْفَسَادَ﴾[1] «سۈبھى بىلەن، (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن، قۇربانلىق كۈنى بىلەن قەسەمكى، (كاپىرلارغا ئازاب قىلىمىز). ئەقىل ئىگىسىگە بۇنىڭدا (يەنى يۇقىرىقى نەرسىلەردە قانائەتلىنەرلىك) قەسەم بارمۇ؟ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد - كۆچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى. شۇنىڭدەك ۋادىقورادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى ئاللاھ قانداق جازالىدى. شۇنىڭدەك قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىدى. ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى. ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى» دېيىلگەن.

ئاد ۋە سەمۇد پىرئەۋندىن بۇرۇن ياشىغان. ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ مەدەنىيىتىنى ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن ساقلاپ بەردى. پىرئەۋندىن بىزگە ئەلئېھرام ۋە مومىيالارغا ئوخشاش نۇرغۇن يالدامىلار قالدى. ئاد قەۋمىنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمكى مىسىرنىڭ مەدەنىيىتىدىنمۇ بەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان. بەزى كىشىلەر: «ھازىرقى مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان تۇرسا، نېمىشقا ئاللاھ ئاد قەۋمىنى ھېچقانداق ئوخشىشى يوق دەپ تەسۋىرلەيدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئاللاھ بىزگە پىرئەۋنلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېچىپ بەردى، لېكىن ئاد قەۋمىنىڭ مەدەنىيىتىنى مەخپىي قىلدى. بىزگە ئاشكارا بولغان پىرئەۋنلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن جەسەتنى مۇمىيالاپ نەچچە مىڭ يىل ساقلاش ۋە ئەلئېھرامغا ئوخشاش ھازىرقى تەرەققىي قىلغان دەۋردىمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمىغان نۇرغۇن سىرلار بار. ئاد قەۋمىنىڭ مەدەنىيىتى پىرئەۋنلەرنىڭكىدىن بەكرەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنياغا مەخپىي بولۇپ كەلمەكتە. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق

---

[1] سۈرە فەجر، 1-ئايەتتىن 12-ئايەتكىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرنى ئېچىپ بەرمىگەچكە، ھازىرغا قەدەر ئۇلار ھەققىدە ھېچنەرسە بىلەلمىدۇق.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى «پىرئەۋن» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى «پىرئەۋن» دەپ ئاتالماستىن، «پادىشاھ» دەپ ئاتالغان. قۇرئاندا «ئەزىز» نامى بىلەن ئاتالغان كىشى بولسا مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مىسىر ھۆكۈمرانىنىڭ پادىشاھ دەپ ئاتىلىپ، پىرئەۋن دەپ ئاتالمىغانلىقى: ﴿وَقَالَ الْمَلِكُ ائْتُونِي بِهِ﴾[1] «(ساقىي پادىشاھقا بىرىپ يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭ چۈشكە بەرگەن تەبىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن) پادىشاھ: ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار - دېدى» دېگەن ئايەتتىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مىسىرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى پىرئەۋن دەپ ئاتالغان. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى دەۋردە بەنى ئىسرائىلدىن بولغان ھەكسۇس مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ، پىرئەۋنلەرنىڭ قولىدىن مىسىرنى تارتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە بىر قانچە ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىنكى دەۋردە پىرئەۋنلەر بۇلارغا قارشى قايتا غەلىبە قىلىپ، بەنى ئىسرائىلنى قۇل قىلغان. قۇرئاندا ئىنچىكىلىك بىلەن تىلغا ئېلىنغان بۇ ۋەقەلىك بىر قانچە يىل بۇرۇن مىسىردىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشقا ئويۇلغان تەسۋىري يېزىق تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن، مىسىرنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانىنىڭ «پادىشاھ» دەپ ئاتىلىپ، «پىرئەۋن» دەپ ئاتالمىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەكسۇس بىر مەزگىل مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھلارنىڭ بىرى ئىدى.

بۇ ۋەقەلىكتىن قۇرئاننىڭ ھەربىر ھۆكۈمدارنى بەكمۇ

---

[1] سۈرە يۈسۈف، 50-ئايەت

ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. قۇرئان كەرىم پىرئەۋنلەرنى «پىرئەۋن» دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، پىرئەۋنلەر يوقاپ ھەكسۇس ھۆكۈمران بولغاندا، ئۇنى «پادىشاھ» دەپ سۈپەتلىگەن. بىز بۇ ۋەقەلىكلەرنى فىرانسۇزلارنىڭ مەڭگۈ تاشنى تېپىپ، ئۇنىڭ سىرىنى ئاچقان ۋاقتىدا بىلگەن بولدۇق. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇ ۋەقەلىكنى 14 ئەسىر ئىلگىرى بايان قىلىپ بولغان ئىدى. قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندا ئېنىق بولمىغان بۇ ۋەقەلىكنىڭ كېيىنچە ئايدىڭلاشقانلىقى ۋە بۇ ۋەقەلىكنى ئۆز ئورنىدا توغرا ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كاتتا مۆجىزىلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىز قۇرئان كەرىمدىكى "نَجَّيْنَا" ۋە "أَنْجَيْنَا" دېگەن سۆزلەرنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۆۋەندە "يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ" ۋە "يُقَتِّلُونَ أَبْنَاءَكُمْ" دېگەن جۈملىلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمىز. ئەرەب تىلىدىكى "ذبح" ئۆلتۈرۈشتىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، «بوغۇزلاش، قان ئېقىتىش» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. ئەمما "قتل" «ئۆلتۈرۈش»دېگەنلىك بولۇپ، «بوغۇزلاش، بوغۇش، ئۇرۇش، ئېتىش» قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن بولىدۇ.

پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلدىن ئىككى سەۋەبتىن ئىنتىقام ئالغان. بىرى، بەنى ئىسرائىل پىرئەۋنلەردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ھەكسۇسنىڭ ئىشتىپاقداشلىرى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، يەنە بىرى، بەنى ئىسرائىل ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىق سەۋەبىدىن. مىسىرنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى پادىشاھى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ۋەزىر قىلىش بىلەن بىرگە بەنى ئىسرائىلنى قوغدىغان ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى پىرئەۋنلەر ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن بەنى ئىسرائىلدىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



﴿يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى بوغۇزلاش مەسىلىسىگە كەلسەك، پىرئەۋن چۈشىدە بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن بىر ئوتنىڭ چىقىپ، بەنى ئىسرائىلدىن باشقا پۈتۈن مىسىرلىقلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى كۆرگەن. پىرئەۋن چۈشى ھەققىدە تەبىر سورىغىنىدا، كاھىنلار بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئوغۇل چىقىپ، پىرئەۋننىڭ تەختىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەبىر بەرگەن. بۇنى ئاڭلىغان پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلدا تۇغۇلغان ھەرقانداق ئوغۇل بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە تۇغۇت ئانىلىرىغا پەرمان چۈشۈرگەن. لېكىن باشقىلارنى ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان پىرئەۋن گۇرۇھى پىرئەۋنگە بەنى ئىسرائىلنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كېتەي دېگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، تۇغۇلغان ئوغۇللارنى بىر يىلى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىر يىلى ئۆلتۈرمەيدىغانغا پەرمان چىقارغان. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرمەيدىغان يىلى تۇغۇلغان. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلى تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ساقلاپ قالغان.

پىرئەۋن تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بەنى ئىسرائىلدا تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇللارنى بوغۇزلىۋەتكەندىلا خاتىرجەم بولاتتى. ئەگەر تاغدىن تاشلىۋېتىش ياكى نەيزە-پىچاق سانجىپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرگەندە ھايات قېلىش ئېھتىماللىقى بولاتتى.

ئاللاھ تائالا: ﴿يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ﴾ «سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ "ابن" دەپ ئوغۇللارغا خاس بولغان كەلىمىنى ئىشلەتتى. "ولد" كەلىمىسى بولسا ئوغۇل-قىزغا ئورتاق قوللىنىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتە «ئوغۇللىرىڭلارنى» دەپ تىلغا ئالغانلىقى بوغۇزلانغانلارنىڭ پەقەت

ئوغـۇللار ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرىـدۇ. بەنـى ئىسـرائىلدىكى قىـزلار بولسـا خىـزمەت ئۈچۈن هايات قالدۇرۇلغان.

ئـاللاھ تائـالا بـۇ ئـايەتتە «ئوغـۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرىـدۇ» دەپ بولغانـدىن كېيىن «قىزلىرىڭلارنـى قـۇل قىلىـدۇ» دېمەسـتىن، «ئايـاللىرىڭلارنى قـۇل قىلىـدۇ» دېـدى. چـۈنكى پىـرئەۋن گـۇرۇھى بەنـى ئىسـرائىلنىڭ قىزلىرىـدىنلا ئەمەس، بەلكـى بـارلىق ئاياللىرىـدىن پايـدىلانغان. پىـرئەۋن گـۇرۇھى بەنـى ئىسـرائىلنىڭ ئايـاللىرىنى خىـزمەتكە سـېلىش بىـلەن بولـدى قىلماسـتىن، ئازابلارنىـڭ ئەڭ ئېغىـرى بولغـان «غـۇرۇرىنى دەپسـەندە قىلىـش ئۇسـۇلى»نى قوللىناتتى. يەنى ئەرلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاياللىرىغا چېقىلاتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَفِي ذَٰلِكُم بَلَاءٌ مِّـن رَّبِّكُـمْ عَظِـيمٌ﴾ «بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىـڭ چوڭ سىنىقى ئىـدى» دېـگەن. بـۇ ئـايەتتىكى "بَلَـاءٌ" بەزى كىشـىلەر دېگەنـدەك يامـانلىق بولماسـتىن، بەلكـى «ئىمتىهـان، سـىناق» دېگەنلىـك بولىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا قۇرئانـدىمۇ «بىـز سـىلەرنى ياخشـىلىق ۋە يامـانلىق بىـلەن سـىنايمىز» دەپ تىلغـا ئالغـان. دېـمەك، ئـاللاھ ياخشـىلىق بىلەنمـۇ، يامـانلىق بىلەنمـۇ سـىنايدۇ. چـۈنكى سـىناقتىن ئۆتەلىسـەك، ئـۇ بىـز ئۈچـۈن ياخشـىلىق، ئۆتەلمىسـەك بىـز ئۈچـۈن يامـانلىق بولىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَإِذِ ابْتَلَىٰ إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَـاتٍ فَـأَتَمَّهُنَّ قَـالَ إِنِّـي جَاعِلُـكَ لِلنَّـاسِ إِمَامًـا﴾[1] «ئۆز ۋاقتىـدا ئىبراهىمنـى پەرۋەردىگـارى بىـر قـانچە ئەمىرلەر (يەنـى شـەرىئەت تەكلىپلىـرى) بىـلەن سـىنىدى، ئىبـراھىم ئـۇلارنى بەجـا كەلتـۈردى. ئـاللاھ ئۇنىڭغـا: سـېنى چوقـۇم كىشـىلەرگە (دىنـدا) پېشـۋا قىلىـمەن - دېـدى» دېـگەن. ئىبـراھىم ئەلەيهىسسـالام ئىمتىهانـدىن ئـۆتتى. بـۇ ئـايەتتىمۇ ئـاللاھ تائـالا "بـــلاء" دېـگەن كەلىمىنـى ئىشـلەتتى. ئەرەب تىلىـدىكى «بـالا»

[1] سۈرە بەقەرە، 124-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى بالا-مۇسىبەتتىن پەرقلىق بولۇپ، «سىناق، ئىمتىھان» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

بەنى ئىسرائىلغا سىناق ئىككى تەرەپتىن كەلگەن بولۇپ، بىرى، بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئايالىرىنى تىرىك قالدۇرۇپ، خارلاپ ئۇ قول قىلىشقا ئوخشاش يامانلىق تەرەپتىن، يەنە بىرى، پىرئەۋن گۇرۇھىدىن قۇتۇلۇشقا ئوخشاش ياخشى تەرەپتىن كەلگەن. بەنى ئىسرائىل ئازابلارغا سەبىر قىلىشتىن ئىبارەت بىرىنچى سىناقتىن ئۆتتى. ئەمما ئىككىنچى سىناق بولغان ياخشىلىق سىنىقىدىن ئۆتەلمەي قالدى. بىز بۇنى كېيىنكى دەرسلىرىمىزدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

# 39-دەرس

## سۈرە بەقەرە 50-ئايەت

﴿وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ الْبَحْرَ فَأَنجَيْنَاكُمْ وَأَغْرَقْنَا آلَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق) ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق»**

ئىلگىرىكى دەرسلىرىمىزدە ئاللاھنىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئۆز ۋاقتىدا پىرئەۋننىڭ ئوغۇللىرىنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىنى قالدۇرۇش ئارقىلىق قىلغان ئېغىر زۇلۇمىدىن قۇتقۇلدۇرغانلىقىنى ئەسلەتكەن. ئوقۇرمەنلەر ئاللاھ شۇ ۋاقىتنى قايتا ئەسلىتىپ، قۇتقۇزۇشنىڭ دۇنيادىكى سەۋەب-نەتىجە قانۇنىيىتى شەكلىدە بولماي، بەلكى ھېچقانداق سەۋەب ۋاسىتىلىرىنى كۆرسەتمىسىمۇ بەرگەن بۈيۈك بىر نېئمەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەۋاتىدۇ.

ئايەتتە "إِذْ" دېگەن سۆز تەكرار كەلدى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ يەردىكى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋاستە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن 600 مىڭ ئەتراپىدىكى كىشىنى

ئەگەشتۈرۈپ چىققىنىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىليون قوشۇنغا باش بولۇپ قوغلاپ چىققان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پىرئەۋن قوشۇنىنى كۆرۈپ: ﴿قَالُوا أُوذِينَا مِن قَبْلِ أَن تَأْتِيَنَا وَمِن بَعْدِ مَا جِئْتَنَا﴾[1] «ئۇلار: سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق - دېدى» دېگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە جاۋاب بېرىپ: ﴿عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الْأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر» دېدى. پىرئەۋننىڭ ئەسكەرلىرى زور قوشۇن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە قارشى كېلىپ، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى ئېنىق كۆردى. مانا مۇشۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى «ئەمدى پىرئەۋنگە تۇتۇلدۇق» دېدى. بۇلارنىڭ سۆزى ئىنتايىن مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئالدىدا دېڭىز، ئارقىسىدا بولسا پىرئەۋن ۋە قوشۇنلىرى بار ئىدى. لېكىن ھادىسىلەر سەۋەب دائىرىسىدىن سەۋەب ساھىبىنىڭ قۇدرىتىگە ئۆتكەن ۋاقىتتا، دۇنيا سەۋەب-نەتىجە قانۇنىيىتىگە بويسۇنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن: ﴿قَالَ كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾[2] «مۇسا ئېيتتى: ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ» دېدى.

ھادىسە مەنتىقىسى بويىچە بەنى ئىسرائىل پىرئەۋن ۋە قوشۇنىغا تۇتۇلۇپ قېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى سەۋەب دائىرىسىدىن سەۋەبنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا يۆتكەپ، ئاللاھنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئۇلارغا نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

---

[1] سۈرە ئەئراف، 129-ئايەت
[2] سۈرە شۇئەرا، 62-ئايەت

ئـاللاھ تائـالا مۇسـا ئەلەيھىسسـالامغا ھاسىسـى بىـلەن دېڭىزغـا ئۇرۇشـقا ۋەھـي قىلـدى ۋە دېڭـىز يېرىلـدى. ئەسـلىدە سـۇنىڭ قـانۇنىيىتى ئېقىش ئـىدى. لـېكىن دېڭــىز يېرىلــىپ، ســۇنىڭ تــامچىلىرى ئۆزئــارا تۇتۇشـۇپ، بەنـى ئىســرائىلنىڭ ئۆتۈشـى ئۈچـۈن ئوتتۇرىســدا قۇرۇقلـۇق بــار چـوڭ ئىككـى تــاغ شـەكىللەندى. مانـا بـۇ ئـاللاھ تائالانـىڭ: ﴿وَإِذْ فَرَقْنَـا بِكُـمُ الْبَحْـرَ﴾ «ئـۆز ۋاقتىـدا سـىلەرگە دېڭىزنـى يېرىــپ بەردۇق» دېـگەن ئايىتىنـىڭ مەنىسـى. ئـايەتتىكى "فَـرَقَ" ئەرەب تىلىـدا «ئىككـى نەرسـىنىڭ ئوتتۇرىسـىنى ئـايرىش» دېگەنلىـك بولىـدۇ. دېڭــز يېرىلغانـدا ئاسـتىدىكى ھـۆل لاي قەيەرگە كەتتـى؟ بۇنـىڭ ئۆزىـمۇ بىـر مـۆجىزە ئـىدى. بــۇ توغرىســدا «ئـاللاھ تائـالا شـامال ئەۋەتىـپ لايىنـى قۇرۇتـۇۋەتكەن» دېگەنـگە ئوخشـاش رىـۋايەتلەر بـار. بـۇ ھەقـتە ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىـمدە: ﴿طَرِيقًا فِي الْبَحْرِ يَبَسًا﴾[1] «ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن» دېگەن.

مۇسـا ئەلەيھىسسـالام ۋە قەۋمـى دېڭـىزدىن ئۆتۈۋاتقـان ۋاقىتتـا، كىشـىلەر باشــقا قېرىنداشــلىرى ھەققىــدە ســورىغاندا، مۇســا ئەلەيھىســسـالام ئۇلارغــا: «قېرىنداشـلىرىڭلار بىزنـىڭ يولىمىزغـا پاراللېـل شـەكىلدە كېلىـدىغان يەنە بىـر يولـدا» دېگەنـدە، قەۋمـى مۇسـا ئەلەيھىسسـالامغا: «قېرىنداشـلىرىمىز ھەققىـدە بىزنــى خــاتىرجەم قىلســاڭ» دېــدى. مۇسـا ئەلەيھىسسـالام قــولىنى ئاســمانغا كۆتــۈرۈپ: «ئــى ئــاللاھ، ماڭــا قەۋمىمنــىڭ ناچــار ئەخلاقىغــا قارىتــا يــاردەم بەرســىلە» دەپ دۇئـا قىلـدى. ئانــدىن ئــاللاھ تائــالا مۇســا ئەلەيھىسســالامغا ھاسىسـى بىـلەن توسـاقلارنى ئۇرۇشـقا بـۇيرۇدى. ئانـدىن ھەر يولنـىڭ ئوتتۇرىـدا بىردىن پەنجىرە ئېچىلىپ، كىشىلەر بىر-بىرىنى كۆرۈپ ماڭدى.

مۇســا ئەلەيھىســسـالام پىــرئەۋن قوشــۇنىنىڭ دېڭـــز تەرەپـكە يۈزلىنىــپ كېلىۋاتقــانلىقىنى كــۆرۈپ، پىرئەۋنىنــىڭ ئــۆزىگە يېتىشىۋالماســلىقى ئۈچــۈن، دېڭــز ســۈيىنىڭ ئەسـلى ھــالىتىگە قايتىشـى ئۈچـۈن ھاسىســىنى ئۇرمــاقچى

[1] سۈرە تاھا، 77-ئايەت

بولۇۋىدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ: ﴿وَاتْرُكِ الْبَحْرَ رَهْوًا إِنَّهُمْ جُندٌ مُّغْرَقُونَ﴾[1] «دېڭىزنى تىپتىنچ قويغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن غەرق قىلىنغۇچى قوشۇندۇر» دېدى. يەنى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «دېڭىزنى ئۆز ھالىغا قوي، سىلەرگە پىرئەۋنىنىڭ قوشۇنى ئەگىشىپ كېلىپ، سىلەر ماڭغان مۇشۇ يولدا مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز، دەپ ئويلىسۇن. پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ بېشى، سىلەر تەرەپتىكى قىرغاققا يېقىن قالغاندا، ئاخىرىدىكى قوشۇن يەنە بىر قىرغاققا يېقىن قالغان ۋاقىتتا، دېڭىز سۈيى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەم قۇتقۇزغان ھەم ھالاك قىلغان بولىمەن» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئارقىلىق بەنى ئىسرائىلغا ئازابتىن قۇتقۇزۇپ دۈشمىنىنى ھالاك قىلغانلىقىدىن ئىبارەت قوش نېمىتىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان نېئمەت ئىككى بولۇپ، بىرى ئىجابىي، يەنى بۇلارنى پىرئەۋندىن قۇتقۇزغانلىق. يەنە بىرى سەلبىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى ھالاك قىلغانلىقىدۇر.

﴿وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ﴾ «كۆز ئالدىڭلاردا (غەرق قىلدۇق)» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ھەققىدە سۆزلىمەستىن، پەقەت پىرئەۋن گۇرۇھىنى غەرق قىلىش ھەققىدە سۆزلىدى. چۈنكى پىرئەۋن گۇرۇھىنىڭ زالىملىقىغا ياردەم بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇلارغا تەۋە كىشىلەر ئىدى. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا پىرئەۋن گۇرۇھىنىڭ غەرق بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسەتتى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنىڭ قەلبىگە مەلھەم بېرىپ راھەتلەندۈرگەن ئىدى. چۈنكى سىز دۈشمىنىڭىزنىڭ يوقالغانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگىنىڭىزدە، قەلبىڭىزدىكى ئاچچىق ئەلەمنىڭ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

پىرئەۋن گۇرۇھىنىڭ بەنى ئىسرائىلنى ئۈچ-تۆت يۈز يىل قۇل

[1] سۈرە دۇخان، 24-ئايەت

قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ﴿وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ «سىلەر بۇ بۆيۈك بالادىن قۇتۇلغىنىڭلارغا ئىشەنمىگەن هالدا، بىر-بىرىڭلارغا قارايسىلەر» دېگەن مەنىدە بولۇش ئېهتىمالى بار. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بەنى ئىسرائىل پىرئەۋن گۇرۇهىنىڭ پۈتۈنلەي غەرق بولغىنىنى كۆرگىنىدە قەلبلىرى خاتىرجەم بولدى ۋە «پىرئەۋن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى قۇتۇلۇپ، قايتىدىن ئەسكەر تەشكىللەپ كېلەرمۇ؟» دېگەن شەك ۋە قورقۇنچ قالمايدۇ. بۇ بەنى ئىسرائىلغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ نېئمەتتۇر.

## سۈرە بەقەرە 51-ئايەت

﴿وَإِذْ وَاعَدْنَا مُوسَىٰ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ اتَّخَذْتُمُ الْعِجْلَ مِن بَعْدِهِ وَأَنتُمْ ظَالِمُونَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا 40 كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى) ۋەدە قىلدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار»**

مانا بۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنكى ناچار قىلىقلىرى ئىدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كىتاب بېرىشكە ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم تۇر تېغىنىڭ قېشىدا سۆزلىگەن ۋاقتىتا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ھەددىدىن ئېشىشلىرىدىن، ئازابىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغانلىقىنى، پىرئەۋن ۋە قەۋمىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلىشى ئۈچۈن، نۇرغۇن پاكىت-ھۆججەتلەرنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، سېھىرگەرلەر بىلەن بولغان ئىشلار ۋە قەۋمىنىڭ دېڭىزدىن قۇتۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، تېخى كىتاب بېرىلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە قەۋمىنى قۇتقۇزۇپ، پىرئەۋننى غەرق قىلىپ بولۇشى بىلەنلا، چوقۇم مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنھەج

كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ ۋەدە ئاۋۋال ئوتتۇز كۈن دەپ بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ يەنە ئون كۈننى قوشۇپ تولۇقلاپ: ﴿وَوَاعَدْنَا مُوسَىٰ ثَلَاثِينَ لَيْلَةً وَأَتْمَمْنَاهَا بِعَشْرٍ فَتَمَّ مِيقَاتُ رَبِّهِ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً﴾[1] «مۇساغا ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى» دەيدۇ. قۇرئان دائىم زامان ھەققىدە سۆزلىسە كېچە بىلەن سۆزلەپ، كېچىنى ھېساب قىلىدۇ. چۈنكى كۈندۈزدە ۋاقىتنى ئېنىقلاش بەلگىلىيەلمەيمىز. قۇياش شۇ پېتى چىقىپ شۇ پېتى پاتىدۇ. قۇياشنىڭ يۇملاق ھالىتىگە قاراپ، بىز ئاينىڭ بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىدىمۇ ياكى ئاخىرىدىمۇ؟ بەلگىلىيەلمەيمىز. لېكىن كېچە كىرسە، ئايغا قاراپ ۋاقىتنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاي ئورغاقسىمان ھالەتتە بولسا، ئاينىڭ بېشى ئىكەن، ئەگەر ئاي تولۇق ھالەتتە بولسا ئاينىڭ ئوتتۇرى ئىكەن، دەپ بىلىمىز.

دىن چۈشەنچىسىدە ھەممە نەرسە كېچىنىڭ كىرىشى بىلەن ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئايغا قاراپ رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى تەراۋىھ ئوقۇيمىز، ھېيت كېچىسى بولسا تەراۋىھ ئوقۇلمايدۇ. شەئباننىڭ ئوتتۇرا كېچىسى ۋە ئىسرا كېچىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كېچە ئەتىگە ھېساب. ئەرەپات كۈنىدىن باشقا كۈندە، دىنىنىڭ پۈتۈن ئۆلچەملىرى كېچىگە ئەگىشىدۇ. شۇڭا ئۇ كۈننى «ئەراپات كېچىسى» دېمەستىن، «ئەرەپات كۈنى» دەيمىز. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىر يىل 12 ئاي بولۇپ، مىلادىيە ئايلىرى ھىجرىيە ئايلىرىدىن سان جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا كائىناتقا رەھمەت قىلغان بولۇپ، ئەگەر دىنىي ئىبادەتلەر مىلادىيە ئۆلچىمى بويىچە ماڭسا، رامىزان ئۆزگەرمەس بىر ئايدا كەلگەن بولاتتى. مەلۇم

---

[1] سۈرە ئەئراف، 142-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رايونىدىكى كىشىلەر كۈندۈزى ئۇزۇن بولغان يازدىلا روزا تۇتسا، مەلۇم رايونىدىكى كىشىلەر قىشتىلا روزا تۇتاتتى-دە، ئادالەت بولمايتتى. لېكىن ھىجرىيە يىلى ئاسماندىكى ئاي ھېسابى بويىچە بولىدىغان بولغاچقا، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى پەزلى-مەرھەمىتى ھەر پەسىل، ھەر زاماندا كېلىدۇ. مەسىلەن: سىز رامىزاننى يازدىمۇ، قىشتىمۇ تۇتىسىز. ئەراپاتتا تۇرۇشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، دىنىي ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەكىلدە ئايلىنىپ ماڭىدۇ. چۈنكى ھىجرىيە يىللىرى مىلادىيە يىللىرىدىن ھەر يىلى ئون بىر كۈن ئازلاپ مېڭىپ، ھەر ئوتتۇز ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىدۇ.

﴿ثُـمَّ اتَّخَـذْتُمُ الْعِجْـلَ مِـن بَعْـدِهِ وَأَنـتُمْ ظَـالِمُونَ﴾ «ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار» دېگەن ئايەتتە ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى قانداق ئىنكار قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پىرئەۋن گورۇھىدىن قۇتقۇزدى. ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇپلا، بۇتقا ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ: ﴿يَـا مُوسَـى اجْعَل لَّنَا إِلَـٰهًا كَمَـا لَهُـمْ آلِهَـةٌ﴾[1] «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى.

بەنى ئىسرائىل مىسىردىكى ۋاقتىتا پىرئەۋن گورۇھىنىڭ ئاياللىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئوغرىلىقچە ئېلىۋالاتتى. گەرچە پىرئەۋن ۋە قەۋمى ئاللاھقا قارشى چىققانلار بولسىمۇ، لېكىن بەنى ئىسرائىلنىڭ ئوغرىلىقى ئاقلانمايدۇ. ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ئادەملەرنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ئارقىلىق جازالاش ئۇلار بىلەن گۇناھتا باراۋەر بولۇپ قالغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھقا قارشى چىققان كىشىلەرنى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن جازالاش كېرەك. ئەبۇ دەردا

[1] سۈرە ئەئراف، 138-ئايەت

رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا بىــر كىشــىنىڭ ئــۆزىنى تىللىغــانلىقى يەتــكەن ۋاقىتتــا، تىللىغۇچىغــا: «قىرىندىشــىم، بىزنــى ھەددىــدىن زىيــادە تىللىمــا، سـۈلھىگە ئــازراق ئــورۇن قويــۇپ قــوي. چــۈنكى بىــز ســەۋەبلىك ئاللاھقــا ئاســي بولغــان ئــادەمنى ئاللاھقــا ئىتــائەت قىلىــش ئــارقىلىق جــازالايمىز» دەپ خەت ئەۋەتــكەن. بەنــى ئىسـرائىل پىـرئەۋن گـۇرۇھىنىـڭ زىبـۇ-زىننەتلىرىنـى ئوغرىلىـدى. ئـاللاھ بـۇ زىبـۇ-زىنــنەتلەر ســەۋەبلىك بــۇلارنى سىناشــنى ئــىرادە قىلــدى. شــەيتان ئۇلارغــا بــۇ زىبــۇ-زىننەتــتىن ئىبــادەت قىلىــدىغانغا بىــر مــوزاي ياساشــنى چىرايلىــق كۆرســەتتى. «مۇســا ســامىرى» دېــگەن ئــادەم زىبــۇ-زىننەتلەرنــى ئېرىتىــپ، ئــاۋاز چىقىــدىغان مــوزاي شــەكلىگە ئەكېلىــپ، «بــۇ ســىلەرنىڭ ۋە مۇســانىڭ ئىلاھــى» دېدى.

ئــاللاھ تائــالا نــېمە ئۈچــۈن بــۇلارنى مــوزاي ئــارقىلىق ســىنايدۇ؟ چــۈنكى مــوزاي ياســالغان ئــالتۇن ئەســلىدە ھــارام يولــدىن كەلــگەن بولــۇپ، ھارامــدىن مــۇتلەق ياخشــىلىق كەلمەيــدۇ. بــۇ ۋەقەلىكــتىن ھارامنىــڭ چوقــۇم ئــۆز ســاھىبىغا يامــانلىق ۋە ئېغىــر ئــاقىۋەت ئېلىــپ كېلىــدىغانلىقىنى بىلىشــىمىز كېــرەك. تــامىقىڭىز ھــارام بولســا، بەدىنىڭىــزگە ھــارام پىتــى كىرىــدۇ، تېنىڭىــزدە ھــارام بولــۇپ تۇرىــدۇ ۋە ئــىش-ھەرىكەتلىرىڭىــز ھارامغــا مايىــل بولــدۇ. ھــارام تەننــى چىرىتىــپ ئىنســاننى گۇناھقــا باشــلايدۇ. بــۇ ھەقــتە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام: "إن الله طيب لا يقبل إلا طيبا، وإن الله أمر المؤمنين بما أمــر بــه المرســلين، فقــال تعالى: ﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُــوا صَــالِحًا﴾[1] وقــال تعــالى: ﴿يَــا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِن طَيِّبَاتِ مَــا رَزَقْنَــاكُمْ وَاشْــكُرُوا لِلَّـــهِ إِن كُنــتُمْ إِيَّــاهُ تَعْبُدُونَ﴾[2] ثم ذكر الرجل يطيل السفر، أشعث أغبر، يمدّ يديــه إلى الســماء: يــا رب يا رب، ومطعمه حرام، ومشربه حــرام، وملبســه حــرام، وغُــذّي بــالحرام، فــأنّى يُســتجاب لـــه؟"[3] «ئــاللاھ تائــالا پــاكتۇر پەقەت پــاكنى قوبــۇل قىلــدۇ. ئــاللاھ

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 51-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە 172-ئايەت
[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تائالا مۆئمىنلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان نەرسىگە بۇيرۇپ: «ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار» دېدى. يەنە بىر ئايەتتە: «مۆئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشى ھەققىدە سۆزلەپ، بۇ ئادەم سەپەرنى ئۇزۇن قىلىدۇ ۋە چاچلىرى چۇۋۇق، توپا-چاڭ قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، «ئى ئاللاھ» دەيدۇ. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى ھارام ۋە ھارام بىلەن ئوزۇقلانغان تۇرۇقلۇق دۇئا قانداق ئىجابەت قىلىنسۇن» دېگەن. بەنى ئىسرائىل پىرئەۋن گۇرۇھىنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئوغرىلىدى ۋە بۇ ئالتۇنلار ئۇلارغا زۇلۇم بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاللاھ تائالا بۇلار ھەققىدە: ﴿ثُمَّ اتَّخَذْتُمُ الْعِجْلَ مِن بَعْدِهِ وَأَنتُمْ ظَالِمُونَ﴾ «ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار» دېگەن.

ئاللاھ تائالا ئوتتۇز كۈننى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە قىلىپ بەردى. ئايەتتىكى "وعد" دېگەن سۆز ياخشىلىق ۋە خۇشاللىنارلىق ئىشلار بىلەن ۋەدە قىلىشنى، "وعيد" يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئاندىكى: ﴿النَّارُ وَعَدَهَا اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا﴾[1] «ئۇ دوزاختۇر، ئاللاھ ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى» دېگەن ئايەتتىن باشقا ئورۇنلاردا "وعد" دېگەن سۆزنى ئاڭلىسىڭىز، كەينىدە كېلىدىغان مەزمۇننى ياخشىلىق، ئەگەر "وعيد" دېگەن سۆزنى ئاڭلىسىڭىز، كەينىدە كېلىدىغان مەزمۇننى يامانلىق، دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ. يۇقىرىقى ئايەتتىكى كاپىرلارغا قىلىنغان دوزاخ ۋەدىسىدە "وعد" سۆزنى قوللىنىشى گەرچە ئوت كاپىرغا نىسبەتەن يامانلىق بولسىمۇ، لېكىن كاپىرلار ئوتقا نىسبەتەن ياخشىلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

[1] سۈرە ھەج 72-ئايەت

چۈنكى دوزاخ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارنى ئازابلاش ئارقىلىق خۇشال بولىدۇ. بىز بۇ خۇشاللىقنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن بىلىمىز: ﴿يَوْمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ امْتَلَأْتِ وَتَقُولُ هَلْ مِن مَّزِيدٍ﴾[1] «ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: توشتۇڭمۇ؟ - دەيمىز، جەھەننەم: يەنە بارمۇ؟ - دەيدۇ». ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دوزاخ ھەر نەرسىگە ئوخشاش ئاللاھقا بويسۇنىدىغان مەخلۇق بولۇپ، ئاسىيلارنى يامان كۆرىدۇ. لېكىن دۇنيادا كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇلمىغان. ئەمما ئاخىرەتتە ئاسىي گۇناھكارلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق خۇشال بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ ئورۇندا "وعد" دېگەن سۆز كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

[1] سۈرە قاف، 30-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 52-ئايەت

﴿ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُم مِّن بَعْدِ ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

### «شۇنىڭدىن كېيىن، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق»

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا يەنە بىر قېتىم ياخشىلىقنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى چوڭ گۇناھنى قىلغان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھ ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ياخشىلىقنى خالاپ، ئىنسانىيەت روھىيىتىدىكى يامانلىق ھۆججەتلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن تەۋبە ئىشىكىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا تەۋبىنى يولغا قويمىغىنىدا، كىشىلەر گۇناھلىرىدا تېخىمۇ ئېشىپ، غەرق بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى تەۋبە بولماي، ئىنسان بىر گۇناھ سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، تەبىئىيكى ئۇ گۇناھتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ بەندىسىگە خالىمايدىغان ئىشتۇر.

ھەدىستە: "لله أفرح بتوبة عبده من أحدكم: سقط على بعيره، وقد أضله في أرض فلاة"[1] «بىر ئادەمنىڭ تۆگىسى بولۇپ، پۈتۈن يېمەك-ئىچمىكى شۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ تۆگە قاقاس چۆللۈكتە يوقاپ كېتىپ، ئىگىسى ئىزدەپ تاپالمىدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن تۇيۇقسىز تېپىۋالسا، قانداق خوش بولۇپ كېتەر؟ تەبىئىيكى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئاللاھ مۇئمىن

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان

بەندىسىنىڭ تەۋبىسىگە مانا مۇشۇنداق خۇش بولىدۇ» دېيىلگەن. ئاللاھ دۇنيا ھەرىكىتىنىڭ نورمال مېڭىشىنى خالايدۇ. ئىنساننىڭ نەپسى غالىب كېلىپ گۇناھ قىلغاندا، ئەگەر تەۋبە ئىشىكى ئوچۇق بولمىسا، ئۇ شەيتانغا يۈزلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا تەۋبە ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن.

بەلكىم ياخشى ئىشلار ئىلگىرى خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشى تەرىپىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار قىلغان يامانلىقلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ياخشىلىقنى كۆپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى تەستىقلاپ: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ذَٰلِكَ ذِكْرَىٰ لِلذَّاكِرِينَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر» دەيدۇ ۋە يەنە ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾[2] «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن» دەيدۇ. بەنى ئىسرائىل موزايغا ئىبادەت قىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە كاپىر بولغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا تەۋبە بېرىشى، كائىناتتا ياخشىلىق قالدۇرۇپ قويۇشنى خالىغانلىقىدۇر. بەنى ئىسرائىل تەۋرات چۈشۈشتىن ئىلگىرى موزايغا ئىبادەت قىلدى. لېكىن تەۋرات چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلدىمۇ، ئۆزىنى ئىسلاھات قىلدىمۇ ياكى گۇناھىدا چىڭ تۇرۇپ چوڭچىلىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدىمۇ؟ بۇ مەزمۇنلار كېيىنكى دەرسىمىزدە بايان قىلىنىدۇ.

[1] سۈرە ھۇد، 114-ئايەت
[2] سۈرە تەۋبە، 103-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 40-دەرس

## سۈرە بەقەرە 53-ئايەت

﴿وَإِذْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَالْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾

### «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق»

ئىلگىرىكى ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قەۋمى بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ قاچقانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ۋە بۇ جەرياندا ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىلغا قوش ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنى دۈشمىنىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش بىلەن بىرگە دۈشمىنىنى كۆز ئالدىدىلا ھالاك قىلىش ئارقىلىق خاتىرجەم قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، دېڭىزنى يېرىپ، ئۇلارنى پىرئەۋن گۇرۇھىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئەسلىدە ئۇلار ئىككىلەنمەستىن ھەقىقىي شەكلىدە ئىمان ئېيتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆز كۆزى شاھىت بولغانلار ئىدى. لېكىن بۇ كۆرۈنۈشلەر بەنى ئىسرائىلنىڭ قەلبىدىكى مۇناپىقلىق ۋە كاپىرلىقنى ئۆچۈرۈۋېتەلىدىمۇ؟ ياق! بەنى ئىسرائىل تارىخىدا ئاللاھقا قارشى چىقىپ، بويۇنتاۋلۇق قىلىپ مېڭىۋەردى. بۇلار ھېچقانداق بىر

نەرسىنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلمايتتى. بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

بۇنىڭ تىپىك مىسالى كالا ۋەقەسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقىشقا ئاز قالغاندا، قاتىلنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغان. ئۇلاردا ئىتائەت روھى بولغان بولسا كالا ئۆلتۈرسىلا بولاتتى. لېكىن ئۇلار رەڭگى ۋە شەكلى توغرىلىق نۇرغۇن سوئال سورىدى. (بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمىز). ئاللاھ «كالا بوغۇزلاڭلار» دېگەندە، خالىغان بىر كالىنى بوغۇزلىسا شۇ يېتەتتى. لېكىن ئۇلار كالىنىڭ سۈپىتى ۋە خىلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن سوراۋېرىپ، ۋەزىپىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ذَرُونِي مَا تَرَكْتُكُمْ؛ فَإِنَّمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ بِسُؤَالِهِمْ وَاخْتِلَافِهِمْ عَلَى أَنْبِيَائِهِمْ، فَإِذَا أَمَرْتُكُمْ بِأَمْرٍ فَخُذُوا مِنْهُ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَمَا نَهَيْتُكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا" «سىلەرگە دېمەي قالدۇرۇپ قويغان نەرسىنى كوچىلىماي قويۇپ قويۇڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، تۈگىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەرلىرى بىلەن كۆپ دە-تالاش قىلغانلىقىدۇر. سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام قىلالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار. ئەگەر بىر ئىشتىن توسسام، ئۇ ئىشنى تاشلاڭلار» دېگەن.

﴿وَإِذْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَالْفُرْقَانَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى كىتاب بىلەن فۇرقان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى نېمىتى بولۇپ، بۇ نېمەتنى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئەسلىتىۋاتىدۇ. بۇلار ئاللاھنىڭ يولىنى نېئمەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىنسان ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى قانداقتۇر ئىنساننىڭ يامانلىقىنى چەكلىمىگە ئۇچراتمايدىغان تەرەپتىن قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك. يەنى سىزگە باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاشنى ھارام قىلغان ۋاقىتتا، باشقىلارغىمۇ سىزنىڭ مال-مۈلكىڭىزنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوغرىلاشنى هارام قىلغان بولىدۇ. دىن سىزدىن ئوغرىلىق قىلىش ئەركىنلىكىنى ئالغان ۋاقىتتا، باشقا پۈتۈن كىشىلەردىن سىزنىڭ مال-مۈلۈكىڭىزنى ئوغرىلاش ئەركىنلىكىنى ئالغان بولىدۇ. مانا بۇ سىزنى يۈكسەك دەرىجىدە قوغدىغانلىقتۇر.

ئايەتتىكى كىتاب بەنى ئىسرائىلغا ئىمانىنى بايان قىلىدىغان تەۋراتنى، فۇرقان بولسا ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «فۇرقان» دېگەن سۆز بەزىدە تەۋراتقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، يەنە بەزىدە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھەرقانداق نەرسىگە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىر كۈنى ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان كۈن بولغاچقا، «فۇرقان» دەپ ئاتالغان. ئاللاھنىڭ كىتابى ھەقنىڭ قەيەردە، باتىلنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئوتتۇرىنى ئايرىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن «فۇرقان» دەپ ئاتىلىدۇ.

# سۈرە بەقەرە 54-ئايەت

﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ فَتُوبُوا إِلَىٰ بَارِئِكُمْ فَاقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. موزايىغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»**

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا موزايغا ئىبادەت قىلىش ھادىسىسىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، قەۋمىنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ۋەكىللەرنى ئېلىپ، تەۋراتنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا كەتتى. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ئىزىپ، موزايغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپتە قايتىپ كېلىپ، قېرىندىشى ھارۇننى چاچ-ساقاللىرىدىن تۇتۇپ سۆرەپ، سوراق قىلىشقا باشلاپ: «مەن قەۋمىمنىڭ ئىزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سېنى ۋەكىل قىلىپ قالدۇرغان» دېگەندە، ئاللاھ ھارۇننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابىنى ھېكايە قىلىپ: ﴿قَالَ يَا ابْنَ أُمَّ لَا تَأْخُذْ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بِلِحْيَتِي وَلَا بِرَأْسِي إِنِّي خَشِيتُ أَن تَقُولَ فَرَّقْتَ بَيْنَ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَلَمْ تَرْقُبْ قَوْلِي﴾[1] «هارۇن ئېيتتى: ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم» دېگەن. موزايغا ئىبادەت قىلىش پىتنىسى مۇسا سامىرى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن. بۇ ئادەم پىرئەۋننىڭ ئوغۇللارنى ئۆلتۈرىدىغان يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئانىسى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئەنسىرەپ، غارغا ئاپىرىپ قويغان ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇسا سامىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئات بىلەن ئەكېلىپ بېرەتتى. «مۇسا سامىرى» جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتى مېڭىپ، توپا چۈشكەن يەرنىڭ بىر نەرسە ئۈنۈپ يېشىللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتنىڭ تۇيىقىدا بىر سىر بارلىقىنى بايقاپ، ئاتنىڭ ئىزىدىن توپا ئېلىپ، ئالتۇندىن ياسالغان موزايغا چېچىۋېدى، ئۇ خۇددى ھاياتتەك ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى.

پىتنە ئىگىسى ھەردائىم كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم ۋاستىلەرنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى سىناشنى خالىغاچقا، ھەر زاماندا كىشىلەرنى ئازدۇرماقچى بولغان ئادەملەرگە ئىشلار ئاسان بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەق دەۋىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ماڭغان ئادەمنى ئاللاھ مەخسۇس ھازىرلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ناھايىتى چوڭ سىناقلارغا دۇچ كەلگەن. مەسىلەن: مەككىدىن تائىپقا بېرىپ، تائىپ ئەھلىنى دىنغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلار بالىلىرىنى ۋە ئەقىلسىز كىشىلەرنى سېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش ئېتىپ، مۇبارەك ئىككى پۇتىنى قانغا بويىۋەتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: "اللهم إليك أشكو ضعف قوتي وقلة حيلتي وهواني على الناس" «ئى ئاللاھ،

---

[1] سۈرە تاھا، 94-ئايەت

كۆچۈمنىڭ ئاجىزلىقى، چارە-تەدبىرلىرىمنىڭ ئازلىقى، كىشىلەرگە بولغان خارلىقىمنى سىلىگە شىكايەت قىلىمەن» دېگەن مەشھۇر دۇئانى قىلغان.

بۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا رەسۇلۇللاھلا ئەمەس، بەلكى بىللە ياشاۋاتقان مۇئمىنلەرمۇ دۇچ كەلگەن ئىدى. مەسىلەن: مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير قۇرەيشنىڭ ئەركە بالىسى بولۇپ، كىيىم-كېچەك، مال-ۋاران ۋە قۇللىرى سان-ساناقسىز ئىدى. بۇ كىشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەھۋالى ئۆزگىرىپ، ئېشەك تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپانلارنى كىيگەن. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى «دۇنيانى بەكرەك ياخشى كۆرەمدۇ ياكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىمۇ؟» دەپ، قەلبىدىكى ئىمانغا بولغان مۇھەببىتىنى سىنىغان. ھەتتا رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە ساھابىلىرىگە: «ئىمانىنىڭ بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلىۋەتكىنىگە قاراڭلار» دەيتتى. بىز بۇ يولنى تاللىغاندىن كېيىن نۇرغۇن خېيىم-خەتەرلەرگە ئۇچراپ، كۆز ئالدىمىز قاراڭغۇلىشىدۇ. نۇرغۇن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىمىز. ھەتتا جەمئىيەتتە يالغۇز قالىدىغان، ئەتراپنى خېيىم-خەتەر قورشاپ، كېچىسى ئۇخلىغىلى بولمايدىغان ۋاقىتلار كېلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن سىناقلار بولۇپ، دەۋەتچى چوقۇم مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىپ، دەۋەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا كۆچلۈك بولۇشى ۋە قىيىنچىلىق-مۇشەققەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھازىر بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ئىماندىكى راستچىللىقنىڭ دەلىلى.

ھەرقانداق ئازغۇن خاتا چاقىرىقنىڭ ئۆز ساھىبلىرىغا نۇرغۇن پايدا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: كوممۇنىستلارنىڭ جەمئىيەتلەردە قۇرغان تۈزۈملەرگە باشقىلارنى چاقىرىشى ۋە قانائەتلەندۈرۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن مەركىزى كومىتېتنىڭ ئەزالىرى پايدا ئالىدۇ. خەلق ئەرزان كىيىملەرنى كىيىپ، كىچىك ئۆيلەردە ئولتۇرسا، مەركىزى كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ھېسابسىز پۇل خەجلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خوجايىنلارغا ئايلىنىدۇ. مانا بۇ باتىل دەۋەتنىڭ كۆرۈنۈشى. لېكىن ھەق دەۋەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ھەق دەۋەت ساھىبى ئاۋۋال ئۆزى قۇربانلىق بېرىپ، دەۋاتقان سۆزىدىن ئۆزى مەنپەئەتكە ئېرىشمەستىن، بەلكى دەۋا يولىدا قۇربانلىق بېرىدۇ. ئەگەر بىر دەۋەتنىڭ ئۆز تەشەببۇسچىلىرىغا بەكرەك پايدا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، بىلىڭكى بۇ باتىل دەۋەتتۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەت مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قەۋمىگە بولغان كايىش بولۇپ، ئاللاھ بۇ قەۋمنى پىرئەۋن گورۇھىنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ، دۈشمىنىنى ھالاك قىلغان بولسىمۇ، بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتنى ئەكېلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتتا موزاينى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇلار ئاللاھقا زۇلۇم قىلدىمۇ ياكى ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدىمۇ؟ تەبىئىيكى، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى. چۈنكى بۇلار ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشمەستىن، ئۆزىنى ھالاكەتكە دۇچار قىلدى.

زالىم بىر قانچە خىل بولۇپ، ئۇلار چوڭ ئىشلاردا زۇلۇم قىلغۇچى ياكى چوڭ بىر ئىش ئۈچۈن زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. زۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭى بولسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. قۇرئان بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾[1] «شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دەيدۇ. شېرىك بىلەن زۇلۇمنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ ئىنسان ھېچقانداق بىر نەرسە ياراتمايدىغان ۋە رىزىق بېرەلمەيدىغان بىرىنى، ياراتقان ۋە رىزىق بېرىدىغان بىر زاتقا شېرىك قىلىۋاتىدۇ. ئىبادەت دېگەن ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئىبادەت قىلىنغۇچىغا ئىتائەت قىلىشىدۇر. ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇ موزاي ئۇلارغا: «ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار دېدىمۇ؟». دېمەك، ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەردۇر. يەنە بىر زۇلۇم مۇشۇ يۈكسەكلىك يولىدىكى،

[1] سۈرە لوقمان، 13-ئايەت

«باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە ھالال ساناش» زۇلۇمدۇر. بۇ ئىككىلا ھالەتتىكى زۇلۇم ئاللاھقا چۈشمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاللاھقا ئىمان ئېيتسۇن ياكى ئېيتمىسۇن، ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىدىن ھېچنەرسە كەملەپ قالمايدۇ. لېكىن قىيامەت كۈنى كەلگەندە ئاللاھ ئۇنى ئازابلايدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا زۇلۇم ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئەمدى كىشىلەرگە قىلغان زۇلۇمغا كەلسەك، بىرى كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقنى ئېلىۋالسا، ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم مەزگىل مەنپەئەتلىنىپ، ئۆلۈپ كەتكەندە ھەممىنى تاشلاپ كېتىدۇ ۋە نەتىجىدە ئازابقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئىنسان يەنىلا ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ماھىيەتتە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَا ظَلَمُونَا وَلَـٰكِن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾[1] «ئۇلار بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى» دەيدۇ. دېمەك، كىشىلەرنىڭ قىلغان زۇلۇمى ئۆزىگە قايتىدۇ. چۈنكى ھېچبىر مەخلۇقات ئاللاھقا زۇلۇم قىلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە: ﴿عفونا عنكم﴾ «سىلەرنى ئەپۇ قىلدىم»، بۇ ئايەتتە: ﴿فَتُوبُوا إِلَىٰ بَارِئِكُمْ﴾ «ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار» دېگەن. چۈنكى تەۋبە مەغپىرەتنىڭ ئاساسى. ئىنسان گۇناھىغا تەۋبە قىلىدۇ ۋە شۇ گۇناھنى قىلماسلىققا ئىرادە قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەۋبىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھنى كەچۈرىدۇ.

ئاللاھ ئۇلاردىن مۇشۇ جازا بىلەن ھېساب ئېلىپ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردەك ھالاك قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇلارغا ئاللاھ تەۋبىنى يولغا قويۇپ بەردى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ﴿فَاقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن. خەلق بىر تەنگە ئوخشاش بولۇپ، بىر قىسمى

[1] سۈرە بەقەرە، 57-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خاتالاشسا، يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ بەدىلىنى ئۆتەيدۇ. ئايەتتىكى بۇيرۇقنىڭ ئىنچىكىلىكىگە قاراڭ، ئاللاھ تائالا: ﴿فَتُوبُوا إِلَىٰ بَارِئِكُمْ فَاقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ﴾ «ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دەيدۇ. يەنى «مەن سىلەرنى ياراتقان باشقا بىر ياراتقۇچىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، سىلەرنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋالمىدىم. سىلەرنى مەن ياراتتىم. مەن ياراتقان بۇ تەننى ماڭا ئىبادەت قىلىشقا ئىشلەتمەي، باشقىلارغا ئىشلەتكەن ئىكەنسىلەر، جېنىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلگەن.

"الخالق" بىلەن "البارئ" ئارىسىدا پەرق بار. بىر نەرسىنى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى "الخالق"، ئۇنى ناھايىتى توغرا ۋە گۈزەل شەكىلگە كەلتۈرگۈچى "البارئ" دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّىٰ وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَىٰ﴾[1] «ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى» دېگەن. يۇقىرىدىكى ئايەتتىن يارىتىشنىڭ بىر مەسىلە، ئۇنى ھازىرلاشنىڭ يەنە بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئايەتتىكى "بَارِئِكُمْ" بولسا "بىرئ" دىن چىققان بولۇپ، ياچاققا سالىدىغان ئوقنى قىرىپ، بېجىرىم ھالغا كەلتۈرۈش "بىرئ" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَاقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى يارىتىپ، بېجىرىم ھالەتكە ئەكەلگەن زاتقا كاپىر بولدى. ئاللاھنىڭ بۇ ھۆكمى چۈشكەن ۋاقىتتا، مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى سەپ قىلىپ تۇرغۇزۇپ، «موزايغا ئىبادەت قىلمىغان كىشى ئىبادەت قىلغان كىشىنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. لېكىن ئىجرا قىلىدىغان ۋاقىتتا،

[1] سۈرە ئەئلا، 2، 3-ئايەت

ئۆلتۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرۈلىدىغانلار بىر-بىرى بىلەن تۇتقان بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرۇپ قالدى. ئاللاھ بۇلارغا رەھىم قىلىپ، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتا قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تۇمان ئەۋەتتى. شۇ كۈندە يەتمىش مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە: «ئاللاھقا نالە قىلىپ يىغلاڭلار، يىغلاڭلار» دېگەن. ئۇلار يىغلايدىغان تامنىڭ قېشىدا يىغلاپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا رەھىم قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَاقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن. ئىنساننىڭ شەھۋىتى ۋە ئاسىي نەپسى بۇلارنى يولدىن چىقىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئاللاھ «ئۆز نەپسىڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن. ئايەتتىكى «ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن قانۇن ۋە شۇ زاماندىكى گۇناھنىڭ كاپارىتى بولۇپ، ئاللاھنى قويۇپ موزايغا ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن ھازىرلىغانلىقى ئىبادەت قىلىۋاتقان موزايىنى «باتىل» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىدۇر. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاھنىڭ يولىغا قارشى چىقىشتىن توغرا بولغان ئىبادەت يولىغا قايتۇرغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ﴾ «مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن. بۇ ئەڭ راستچىل بولغان تەۋبە بولۇپ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ۋە ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ.

ئاخىرىدا: ﴿فَتَابَ عَلَيْكُمْ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ «ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېيىلگەن. بەنى ئىسرائىلغا كەففارەتنى يولغا قويۇپ بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىرىنچى تەۋبە. ئىككىنچىسى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا بولىدى. ئاخىرىدا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ خاتالىقلىرىنى مەڭگۈلۈك كەچۈرۈم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 41-دەرس

## سۈرە بەقەرە 55-ئايەت

﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى اللَّـهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا: ‹ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز› دېدىڭلار-دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغان ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى»**

بۈگۈنكى دەرسىمىزدە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا داۋاملىق ئەسلەتمىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نېئمەتلىرى ۋە ئۇ نېئمەتلەر قارشىلىقىدا كۆرسەتكەن ناچار ئادەتلىرىنى بايان قىلغان. ئۇلارغا بېرىلگەن دۇنيادىكى جازانىڭ سەۋەبىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، بىزمۇ بەنى ئىسرائىلغا ئوخشاش بەرگەن نېئمەتكە شۈكۈر قىلماي كۇپۇرلۇق قىلساق، ئۇلارغا ئوخشاش ئىككى دۇنيالىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىمىزدىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىدۇ.

ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بىرگە دېڭىزدىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھتىن تەۋراتنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىتا، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئوقۇپ ئۆتكەن

ئىدۇق. ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنى موزايغا چوقۇنغاندىن كېيىن ئەپۇ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنە تەرسالىقى ۋە ماددىزىمچىلىقىغا قايتىۋالدى. چۈنكى ئۇلار ماددىي بىر ئىلاھنى خالاپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىلاھنى خالىمىغان ئىدى. يەنى ئۇلار باشقىلارنىڭ بۇتقا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھقا چوقۇنۇشنى خالاپ، ئىلاھنىڭ بۈيۈكلۈكىنىڭ ئىنسانلار ئاددىي كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىغان غەيبلىكىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ﴿لَّا تُدْرِكُهُ الْأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الْأَبْصَارَ ۖ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾[1] «كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» دېگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدراكىدىن يۇقىرى بولۇشى بۈيۈكلۈكىدىندۇر. لېكىن ماددىي ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگىلا ئىشىنىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىل ۋە قەلبلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ماددا ۋە كۆرۈشتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى سىغدۇرالمىدى.

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاشكارا كۆرۈش مەسىلىسىگە قارىتا: ﴿وَفِي أَنفُسِكُمْ ۚ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾[2] «ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟» دېگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆز بەدىنىگە قارىسىلا ئاللاھنىڭ يارىتىشتىكى بۈيۈكلۈكى ۋە بارلىقىنى بىلىۋالالايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. يەنى ئاللا تائالا كۆز بىلەن ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا قىممەتلىك دەلىللەرنى بەردى. بۇ دەلىللەر ئۆز بەدىنىمىزدىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى بەدىنىمىزدىكى روھتۇر. ئىنسان ماددىدىن يارىتىلىپ، ئاندىن روھ ئاتا قىلىنغان. ئۇندىن كېيىن بۇ جىسىمدا ھاياتلىق، ھەرىكەت ۋە ھېس-تۇيغۇ پەيدا بولغان. جىسىمدىكى پۈتكۈل ھاياتلىق بىز كۆرۈۋاتقان

[1] سۈرە ئەنئام، 103-ئايەت
[2] سۈرە زارىيات، 21-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب نۇر بېكىتى



ماددىدىغا تەۋە بولماستىن، بەلكى تەسىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان روھقا تەۋەدۇر. كۆزىمىزنىڭ كۆرۈشى، قول-پۇتلىرىمىزنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بەدىنىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بولماستىن، بەدەندىكى روھقا ئالاقىدار دۇر. چۈنكى روھ چىقىپ كەتسە، ھاياتلىق يوقىلىپ، بەدەن ھەرىكەتسىز جەسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىنسان ئۆزىگە ھاياتلىق بېرىۋاتقان بۇ روھنى ئۆز بەدىنىدە تۇرسىمۇ كۆرەلمىگەن يەردە، بۈيۈك بولغان ئاللاھ تائالانى قانداق كۆرەلىسۇن!؟ ئاۋۋال ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ئۆز جىسمىدىكى روھنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ بېرىشنى سورىسۇن! لېكىن ئاللاھ تائالا كەسكىن ھالدا روھنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان ئىشلار قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ ۖ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي وَمَا أُوتِيتُم مِّنَ الْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا﴾[1] «ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ - دېگىن. سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. روھ ئاللاھنىڭ بىر مەخلۇقى تۇرۇپ ئىنسان بىلەلمىگەن يەردە، ئۇ روھنىڭ ياراتقۇچىسىنى قانداق بىلەلىسۇن؟!

بۇ يەرگە كەلگەندە ئوقۇمىاقچى بولغان ئايىتىمىزگە قايتا بىر قاراپ چىقساق، ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر ئىپادىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ئايەتنىڭ: ﴿حَتَّىٰ نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً﴾ «ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە» دېگەن يېرىدە "نَرَى" دەپ بىر پېئىل بار بولۇپ، ئۇ قەلب پېئىللىرىنىڭ بىرىدۇر. قەلب پېئىللىرى «قەلبىدە بىلىش، ئۇقۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَٰهَهُ هَوَاهُ﴾[2] «نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى بىلدىڭمۇ؟» دېگەن ئايىتىدىمۇ «بىلىش» مەنىسىنى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن «ئاشكارا كۆرۈش» مەنىسى چىقمايدۇ. ئەمما

[1] سۈرە ئىسرا، 85-ئايەت
[2] سۈرە فۇرقان، 43-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى "جَهْرَةً" «ئوچۇق-ئاشكارا» دېگەن سۆز «بىلىش» ئۇقۇمىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ كۆز ۋە قۇلاقتەك ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئېنىق بىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

"جَهْرَةً" «ئوچۇق-ئاشكارا» دېگەن سۆزنىڭ بۇ ئورۇندا كەلگىنى، يەھۇدىيلارنىڭ ماددىي تەرەپكە بەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ماددىزمچىلىق ۋە ماددىغا بېرىلىش ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئاللاھنى ئاشكارا كۆرىمىز» دەپ، سورىغان سوئالى ئەخمىقانە سوئالدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئاللاھنىڭ نۇرغۇن ئالامەتلىرى بار. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ ئالامەتلەرنى كالىلىسىدا مەۋجۇت بولغان زاتقا سىېلىشتۇرۇش ئۇچۇن ئوچۇق كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى كالىلىسىدا ئاللاھ ئۇقۇمى بار بولۇپ، ئەمەلىيەت مەۋجۇتلۇقنى شۇ ئۇقۇمغا سېلىشتۇرىدۇ. ئۇلارنى بۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىش، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قۇرئاندا بۇ ۋەقەلىك ﴿قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنظُرْ إِلَيْكَ ۚ قَالَ لَن تَرَانِي وَلَٰكِنِ انظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي ۚ فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقًا﴾[1] «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي - دېدى. ئاللاھ: مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن - دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى» دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانى دۇنيادا كۆرۈشنىڭ قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىۋالايمىز. ئىنسانىي بەدەن ئارقىلىق ئاللاھنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىنسان

[1] سۈرە ئەئراف، 143-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىسمىنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلەرنى بىلىش قانۇنىيىتى بار. ئىنساننىڭ كۆز ۋە قۇلاقتەك بىلىش ئەزالىرى بۇ دۇنياغا ماس قىلىنىپ يارىتىلغان. لېكىن بىز ئۆلۈپ، قىيامەت كۈنى ئوخشىمىغان قانۇنىيەت بىلەن قايتىدىن تىرىلىمىز. مەسىلەن: دۇنيادا تائاملارنىڭ قالدۇقلىرىنى جىسمىمىزدىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك بولىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە ھېچقانداق قالدۇق چىقمايدۇ. دۇنيادا ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايمىز، ئەمما ئاخىرەتتە ۋاقىت مەسىلىسى يوق. چۈنكى ئىنسان دائىم ئۆزگەرمەي ياش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ھازىرقى بەدىنىمىز مۇشۇ دۇنياغا ماس ھالدا يارىتىلغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا يارىتىلىدۇ.

دۇنيادىكى ئۆلچەم قىيامەت كۈنىدىكى ئۆلچەمدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى بۇ بەدەن ۋە لايىھەلىنىش بىلەن ئاللاھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى لايىھەلىنىش ۋە بەدەن ئاللاھنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى قوبۇل قىلالايدۇ. بۇ ئاخىرەتتىكى يۈكسەك دەرىجىدىكى بىر نېئمەت بولۇپ، ئۇ چاغدا ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى تەسىرىدە ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇپ ياشايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى نېئمەتكە ئېرىشكۈچىلەرنى سۈپەتلەپ: ﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ. إِلَىٰ رَبِّهَا نَاظِرَةٌ﴾[1] «بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئىنسانلار دۇنيادا نورمال كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان نۇرغۇن ئۈسكۈنىلەرنى ئىجاد قىلدى. ئىنچىكە، كىچىك نەرسىلەرنى مىكروسكوپ ۋاسىتىسى بىلەن كۆرگىلى بولسا، يىراقتىكى نەرسىلەرنى تېلېسكوپ ۋاسىتىسى بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئىنساننىڭ دۇنيادا ئىجاد قىلغان بۇ نەرسىلىرى بىز كۆرەلمەيدىغان بەك

---

[1] سۈرە قىيامەت، 22، 23-ئايەتلەر

كىچىك ياكى بەك يىراق نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان قىلغان يەردە، قىيامەت كۈنىدىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە نېمە دەيمىز!؟ مەسىلەن: ئىنساننىڭ كۆزى ئاجىزلىشىپ قالغان ۋاقىتتا، دوختۇر ئۇنىڭغا كۆزئەينەك تاقاشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن غۇۋا كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئېنىقلىشىدۇ. ياكى ئۇستىراق دوختۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆز ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرساق، كۆزئەينەك تاقاشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. دېمەك، ئىنسان بەدىنىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلسا، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ مۇمكىن بولىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ئاددىي بىر ئۆزگەرتىشلەر كۆزىمىزنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان قىلغان يەردە، ئاخىرەتكە بارغاندا ئاخىرەتكە ماس شەكىلدە لايىھەلەنگەن ئەزالار ئەلۋەتتە ئەدراكىمىز سىرتىدىكى ئىشلارنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا ئاخىرەت مەسىلىلىرىنى دۇنيا تەسەۋۋۇرى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلماسلىق كېرەك. دۇنيادىكى كىچىك ئۆزگەرتىشلەردىن كېيىن سەزگۈلىرىمىزدە ئۆزگىرىش بولغان يەردە، ئاللاھ ئاخىرەتتە ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن قايتىدىن تۈزگەن ۋاقىتتا، ئەلۋەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان دىيالوگ مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئاللاھنى كۆرۈشتىن پۈتۈنلەي ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدى. چۈنكى تاغ ئۆزىنىڭ شۇنچە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئاللاھنىڭ نۇرىنى كۆتۈرەلمەي پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت يۈزىسىدىن ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان ئىدى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ نۇرى ئاشكارا بولغاندىكى بىر تاغنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ھوشىدىن كەتكەن يەردە، ئاللاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان بولسا، نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى-ھە!؟

ئىنسان دۇنيادا بەزى شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇ ئاجىزلىقلار بىلەن بىرگە يارىتىلغان بولغاچقا، تەسەۋۋۇر

قىلىشتىن ئاجىز كېلىشى ئاللاھنىڭ بۇيۇكلۇكىدىن بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ئۇلارنى چاقماق سوقۇپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا جېنى ئېلىنغان ئىدى. «الصاعقة»نى «چاقماق» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. بەلكىم ئۇ ئوت ياكى ئازاب بولۇشى مۇمكىن. مۇھىم بولغىنى، ئۇ ھەممىگە چۈشكەن بىر بالا بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ يەتكەن ئىدى. (كېيىنكى دەرسلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوشىدىن كېتىپ، باشقىلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ).

## سۈرە بەقەرە 56-ئايەت

﴿ثُمَّ بَعَثْنَاكُم مِّن بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

### «ئاندىن كېيىن سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق»

ئاللاھ تائالا «ئاللاھنى بىرزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ قويۇ» دېگەنلەرنىڭ قىسسەسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. بەنى ئىسرائىل ئاللاھنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا چۈشكەن ئازاب مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ يەتكەن ئىدى. ئەمما ئىككى ھالەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئاللاھ تائالا: ﴿وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقًا ۚ فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُؤْمِنِينَ﴾[1] «مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: (پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن - دېدى» دېگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام تاغنىڭ پارچىلانغىنىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەن. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كەلگەندە ئىش ئۇنداق بولمىغان. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى "فَلَمَّا أَفَاقَ" «ھوشىغا كېلىپ» دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئۇ ئازاب پەقەت ھوشىدىن كېتىش بولغان. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كەلگەندە، ﴿ثُمَّ بَعَثْنَاكُم مِّن بَعْدِ مَوْتِكُمْ﴾ «ئاندىن كېيىن ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق» دېگەن بولۇپ، ئۇلار

[1] سۈرە ئەئراف، 143-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئــازاب چۈشــكەندە ئــۆلگەن ئىــدى. مۇسـا ئەلەيھىسسـالام ھوشـىدىن كېتىـپ ئويغانغانــدەك، قەۋمــى ئۆلــۈپ ئانــدىن شــۈكۈر ئېيتىشــى ئۈچــۈن قايتــا تىرىلدۈرۈلگەن.

## سۈرە بەقەرە 57-ئايەت

﴿وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَىٰ كُلُوا مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾

**«سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۇنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (بىز سىلەرگە) «رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ ئىچىڭلار» (دېدۇق). ئۇلار (نېئمەتلىرىمىزگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى»**

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا بەرگەن نېئمەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرىنى ئەسلەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا مۇشۇنداق نېئمەتلەر بېرىلسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ كاجلىقى ۋە تەتۈرلىكىدىن يانمىدى. بەنى ئىسرائىل ئاللاھنى ئاشكارا كۆرۈشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، چاقماق چۈشۈپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇلارنى شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن قايتىدىن تىرىلدۈردى. ئەمدى ئاللاھ بەنى ئىسرائىلغا بەرگەن نېئمەتلەردىن باشقىلىرىنى زىكىر قىلىپ: «ئەسلەپ بېقىڭلار، سىلەر ئەسلى بىر چۆلدە ئىدىڭلار. چۆلدە قۇياشنىڭ قىزىقلىقىدىن ساقلىنىدىغان ھېچقانداق ئورۇن، سۇ ۋە ئۆسۈملۈك يوق ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت يۈزىسىدىن بۇلۇت بىلەن سايە تاشلاپ بەردى. ئۇندىن كېيىن "الْمَنَّ" ۋە "السَّلْوَىٰ" نى بەردى» دېدى.

www.uyghurkitap.com



"الْمَنَّ" دېگىنىمىز تاڭ ئېتىش بىلەن قۇياش چىقىش ئارىسىدا دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا يىغىلىپ قالىدىغان قىزىل چېكىتلەر ئىكەن. بۇ ھېلىھەم ئىراقتا بارمىش. ئەمما بىزنىڭ يۇرتتا بولمىغاچقا، چۈشىنىشىمىز ئازراق قىيىنغا توختىشى مۇمكىن. ئۇنى يىغىش ئۈچۈن كىشىلەر سەھەردە ئاق داستىخانلىرىنى دەرەخنىڭ ئاستىغا يېيىپ، دەرەخنى قاتتىق ئىرغىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدىكى دانچىلار ئەدىيال ئۈستىگە چۈشسە، ئۇنى يىغىۋالىدىكەن. ئۇ شۇ ۋاقىتتا تاتلىق-تۈرۈمگە ئايلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا قايماق ۋە ھەسەلنىڭ لەززىتى بار ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئادەم بەدىنىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئاسان ھەزىم بولىدىغان مەززىلىك تاتلىق-تۈرۈمنىڭ بىر خىلى بولغان. ئاللاھ تائالا بۇنى كىشىلەر ھاياتىنىڭ يېقىلغۇسى قىلىپ بەرگەن بولۇپ، چۆلدە ئۇلارغا ئېنېرگىيە بولاتتى. بۇنى مۇھەممەد سالىھ داموللام «تەرەنجىبىن» دەپ تەرجىمە قىلغان. "السَّلْوَىٰ" دېگەن سۆز «بۆدۆنە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن بىر خىل قۇش دېيىلگەن. يەنى بەنى ئىسرائىل تۇرغان يەرگە مەنبەسى ئېنىق بولمىغان بىر توپ قۇش كېلەتتى. بەنى ئىسرائىل ئۇلارنى تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ يەيتتى.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا قۇياشنىڭ ھارارىتىنى توسىدىغان بۇلۇت، ھايات يېقىلغۇسى بولغان تەرەنجىبىن ۋە ئوزۇق بولىدىغان بۆدۆنىدەك ئېسىل رىزىقلارنى بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارغا ھېچ جاپا تارتماستىنلا ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلاردا غەيبكە بولغان ئىمان بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ماددىي ئىشلارنى خالاپ قالدى. يەنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۆنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي مۆئمىن بولغان بولسا: «تەرەنجىبىن ۋە بۆدۆنە بىلەن بىزگە رىزىق بەرگەن ئاللاھ ھەرگىز بىزنى تاشلاپ قويمايدۇ» دېگەن بولاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تاماقلىرىنى كۈندە ئاسماندىن

چۈشۈرۈپ بەرسە، بۇ نېئمەتلەرنى شۈكۈر بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق بىلەن قوبۇل قىلىۋاتاتتى.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆز-ئۆزىگە قىلغان زۇلۇمىنى سۆزلەپ: ﴿وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ «ئۇلار (نېئمەتلىرىمىزگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى» دېگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغىنىنى بىرىنچى قېتىمدا ﴿وَأَنتُمْ ظَالِمُونَ﴾، ئىككىنچىسىدە ﴿ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُمْ﴾، ئۈچىنچىسىدە بولسا ﴿وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ دەپ ئۈچ خىل شەكىلدە ئىپادىلەپ بەردى.

ئىلگىرى سۆزلەنگەندەك، ھېچكىم ئاللاھ تائالاغا زۇلۇم قىلالمايدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن مەڭگۈ ھايات تۇرىدۇ. زېمىن ئەھلىنىڭ بارچىسى كاپىر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كېمەيتەلمەيدۇ ۋە ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ كەتسىمۇ، ئۇ بۈيۈكلۈكنى ئاشۇرالمايدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى داۋام قىلىپ، سۆزى ئۆچۈپ كەتمەي مېڭىۋېرىدۇ. لېكىن ئىنسان ئۆزىنى بەدەل تۆلىمەستىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھالاكەت ۋە ئازابقا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ.

دۇنيا ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئىنسان ئېرىشىۋاتقان نېئمەت ھامان يوقىلىدۇ ياكى ئۇ نېئمەتلەرنى ئۆلۈم ئارقىلىق تاشلاپ كېتىدۇ ۋە ياكى ھايات ۋاقتىدا نېئمەت ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ. ھەممە نەرسە يوقىلىپ، ھەركىم ئۆز گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاخىرەتكە بارىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىققان ئادەم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ھوقۇق، نوپۇز ياكى مال-دۇنيا تەمەسىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھ-جىنايەتلىرى ئۇنى مەڭگۈلۈك ئازابقا سۆرەپ ئاپىرىدۇ. ئەپسۇس، بۇ مال، بۇ نوپۇز ناھايىتى قىسقا مۇددەتلا داۋام قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق، قىسقىغىنا ھەۋەس

ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نېئمەتلەردىن ئۆزىنى مەھرۇم قىلغانلىق ئوچۇقلا ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

# 42-دەرس

## سۈرە بەقەرە 58-ئايەت

**﴿وَإِذْ قُلْنَا ادْخُلُوا هَـٰذِهِ الْقَرْيَةَ فَكُلُوا مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا وَادْخُلُوا الْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا حِطَّةٌ نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ وَسَنَزِيدُ الْمُحْسِنِينَ﴾**

**«ئۆز ۋاقتىدا (مۇسا ئارقىلىق ئەجدادلىرىڭلارغا): ‹بۇ شەھەرگە (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن، دەڭلار، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز› دېدۇق»**

بۇ ئايەت كەرىمىدىن بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدەك ئېسىل رىزىقلارنى رەت قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ رىزىقلار ناھايىتى لەززەتلىك، ساپ، ھەركۈنى ئاسماندىن بىۋاسىتە چۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق ئىشلەپ چارچىماسىمۇ يېيىشىگە يېتىپ ئاشاتتى. ئەمما ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قولىرى بىلەن تېرىيدىغان ۋە دائىم كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان يېمەكلىكلەرنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇلار بىرەر كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغانغاندا تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى تاپالماي، ئاچ قېلىشتىن قورققان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئالدىمىزدىكى ئايەتتە: ﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَىٰ لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ مِن بَقْلِهَا وَقِثَّائِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا ۖ قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَىٰ بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ ۚ اهْبِطُوا مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز. بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن، دېدىڭلار. مۇسا: سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار - دېدى» دەپ، بۇ قىسسەنى تولۇقلاپ بايان قىلىپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا بېرىلگەن نېئمەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ نېئمەتلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتقىنىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى پىرئەۋندىن قۇتقۇزغانلىقىنى، ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتكەندە سۇ يېرىلىپ، پىرئەۋن ئۆتكەندە سۇ قوشۇلۇپ، ئەسكەرلىرى بىلەن غەرق قىلغانلىقىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ موزايغا قانداق ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ قەدەر تۇزكورلۇق قىلغاچقا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇلار ئەپۇ قىلىندى. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان كىتابنى بېرىش بىلەن پەزلى-مەرھەمەت قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى ئوچۇق كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ، ھوشىدىن كېتىپ ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ قايتا تىرىلدۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنى بۇلۇت بىلەن قۇياشنىڭ قىزىقىدىن قانداق سايىداتقانلىقىنى، تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەن رىزىقلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ نېئمەتلەرنى

[1] سۈرە بەقەرە، 61-ئايەت

رەت قىلىپ، يەردىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەرنى تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ بۇ تەلەپنىمۇ ھەم ئىجابەت قىلىپ بەردى.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَكُلُوا مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا﴾ «ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار» دېگەن بولۇپ، "رَغَدًا" دېگەنلىك «پاراۋانلىق» دېگەن مەنىنى، "حَيْثُ شِئْتُمْ" بولسا «خالىغانچە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. باشقا بىر ئايەتتە: ﴿رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمْ﴾ دەپ، "رَغَدًا" باشتا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ﴿فَكُلُوا مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا﴾ دېگەنلىك نازۇ-نېئمەت تۈرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، خالىغىنىڭدىن كەڭتاشا يېسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ﴿رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمْ﴾ بولسا، تاماقنىڭ بىر تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە ئاچ كىشىلەرنىڭ ئۇنى خالىغانچە يېيىشىنى كۆرسىتىدۇ. "كلوا رغدا" «كەڭ-كۇشادە يەڭلار» دېيىلگەندە، قارشى تەرەپ ئىككى خىل ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىرى قورسىقى توق ھالدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى تاماققا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك تائاملار تەييارلىنىدۇ. ئاندىن "حَيْثُ شِئْتُمْ" ئالدىدا كەلگەندە «ئاچ بولمىساڭلارمۇ خالىغىنىڭلاردىن تېتىپ بېقىڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا ئىنسان ئاچ قالغاندا ھەرقانداق تاماققا رازى بولىدۇ ۋە بۇ چاغدا "رَغَدًا" ئالدىدا كېلىپ، «بۇ تاماقنى بەھۇزۇر يەڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئىپادىلەشتىن بەنى ئىسرائىلغا ھەر تۈرلۈك نازۇ-نېئمەتلەر بېرىلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرئاندىكى نوقۇل ئىلگىرى-كېيىن كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئەمەس. قارىماققا ئىلگىرى-كېيىن كېلىش مەنىگە كۆپ تەسىر قىلمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئارىسىدا زور مەنە پەرقى بار.

ئايەتتىكى: ﴿ادْخُلُوا هَٰذِهِ الْقَرْيَةَ﴾ «بۇ شەھەرگە كىرىڭلار» دىكى شەھەر بەيتۇلمۇقەددەس ياكى پەلەستىن ۋە ياكى ئىيوردانىيەنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ﴿وَادْخُلُوا الْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا حِطَّةٌ نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ ۚ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



﴿وَسَنَزِيدُ الْمُحْسِنِينَ﴾ «دەرۋازىدىن (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان هالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناهلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناهىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز - دېدۇق» دېگەن ئايەتكە كەلسەك، ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا خىتاب قىلغان ۋاقىتىدا، ئۇلار نېمە بولسا يەيدىغان ئاچ هالەتتە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ﴿فَكُلُوا مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا﴾ «ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار» دېگەن بولۇپ، «ئاچ بولمىساڭلارمۇ تۇرلۇك نېمەتلەردىن تېتىڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

﴿وَادْخُلُوا الْبَابَ سُجَّدًا﴾ «دەرۋازىدىن (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان هالدا كىرىڭلار» دېگەن ئايەتكە كەلسەك، ئۇ «ئۆزۈڭلارنى ئىنتايىن تۆۋەن تۇتقان هالدا كىرىڭلار» دېگەن مەنىدە. ﴿وَقُولُوا حِطَّةٌ﴾ «(پەرۋەردىگارىمىز) گۇناهلىرىمىزنى كەچۈرگىن، دەڭلار» دېگەن دۇئانى ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۆگەتكەن. ئەمما ئۇلار بۇ دۇئانى دېگەندە باتىلغا ئارىلاشتۇرۇپ، مەزمۇننى ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ يەهۇدىيلاردىكى بىر خۇسۇسىيەت بولغاچقا، ئىشىكتىن سەجدە قىلىپ كىرمەي، كەينىچە ئۆمىلەپ كىرگەن. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى ئۇلار قىلىۋاتقىنىدىن كۆپ ئاددىي ئىدى. شۇڭا بۇلارنىڭ ئاللاھ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىشى مۇشەققەت بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش رىغبىتى بىلەن بولغان.

ئۇلار يەنە ئاللاھ بۇيرۇغان سۆزنى ئۆزىنىڭ غەرەزلىرىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن «گۇناهلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئى رەببىم» مەنىسىدىكى "حطة" دېگەن سۆزنى «بۇغداي» مەنىسىدىكى "حنطة" دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ دەۋالىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەسىلىسى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلالماسلىق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى قارشى تۇرۇش هېرىسمەنلىكى مەسىلىسىدۇر. مۇشۇ هالەتتىمۇ ئاللاھ تائالا ياخشىلارغا

مەغپىرەت ۋە رەھمەتنى ئىخىمۇ زىيادە قىلىپ بىرىدىغانلىقنى بايان قىلدى. ئايەتنىڭ ئۆزىدىكى: ﴿وَسَنَزِيدُ الْمُحْسِنِينَ﴾ «ياخشىلارغا ئىخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز» دېگەن سۆز ﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُوا الْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌ﴾[1] «ياخشى ئىش قىلىدىغانلار زىيادىسىگە ئېرىشىدۇ» دېگەن ئايەتتىمۇ كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بېرىمىز» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنداقتا زىيادىسى زادى نېمە؟ نېمەتلەرنىڭ زىيادىسى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانى كۆرۈش بولۇپ، ئۇلار دۇنيادا ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆرەلمەيتتى. شۇڭا بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر زىيادىلىكتۇر.

[1] سۈرە يۇنۇس، 26-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 59-ئايەت

﴿فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُوا قَوْلًا غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى الَّذِينَ ظَلَمُوا رِجْزًا مِّنَ السَّمَاءِ بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ﴾

### «زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى، زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقلىرى (يەنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق»

ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ئايەت كەرىمىدە بۇيۇك نېئمەتلەر تۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ قانداق ئاسىي بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارغا چامى يەتمەيدىغان ئىشلارنى يۈكلىگەن بولسا، ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسان تاقىتى يېتىدىغان ئاسان ئىشلارغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۚ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ﴾[1] «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر» دېگەن بولۇپ، بەنى ئىسرائىلنىمۇ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۇلارنى قۇددۇس، پەلەستىن ياكى ئىيوردانىيەدىكى بىر كەنتكە كىرىشكە بۇيرۇغان.

[1] سۈرە بەقەرە، 286-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇلار يەردىن چىقىدىغان زىرائەتلەرنى يەپ، يېمەكلىك تەمىناتىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھقا ئۆزلىرىنى زىرائەت بار بىر جايغا ئاپىرىپ قويۇشغا دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇلار بىر كۈنلەردە «تەرەنجىبىن» بىلەن «بۆدۈنە»نىڭ ئاسماندىن چۈشمەي قېلىشىدىن قورققان ئىدى. ئاللاھ بۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە «شەھەر ئىشىكىدىن بويسۇنغان ھالدا كىرىڭلار، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسىلا، دەڭلار» دېدى. ئەمما بەنى ئىسرائىل «گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرسىلە» دېگەن گەپنى مەسخىرە ۋە بويسۇنماسلىق يۈزىسىدىن تەلەپپۇزىنى ئازراق ئۆزگەرتىپ «بۇغداي» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىۋالدى. ئىتائەت قىلغان ھالدا سەجدە قىلىپ كىرىشكە بۇيرۇلسا، ئۇنىڭغا قارشى كەينىچە ئۆمىلەپ كىردى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە قارشى تۇرۇش ھېرىسمەنلىكى بولۇپ، ئەمرلەرگە دائىم قەستەن خىلاپلىق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەق يولدىن چىقىپ ئۇنى تەتبىقلىمىغانلىقى ۋە ئاللاھقا قارشى چىقىشقا قىزىقىپ، شۇ خاراكتېرىدە داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردى.

uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 60-ئايەت

﴿وَإِذِ اسْتَسْقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ فَقُلْنَا اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ ۖ فَانفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُوا وَاشْرَبُوا مِن رِّزْقِ اللَّـهِ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: ‹ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن› دېدۇق. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا): ‹ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار› (دېدۇق)»**

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغانلىقىنى ئەسلەتتى. بۇنداق ئەسلىتىش قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە كەلگەن. مەسىلەن:

﴿وَإِذْ أَنجَيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى».

[1] سۈرە ئەئراف، 141-ئايەت

﴿وَإِذْ وَاعَدْنَا مُوسَىٰ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا 40 كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى) ۋەدە قىلدۇق».

﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً﴾[2] «ئۆز ۋاقتىدا: ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز - دېدىڭلار».

بەنى ئىسرائىل چۆلدە ئېزىپ قالغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بۇلۇت بىلەن سايە تاشلىغانلىقى ۋە سۇ تەلەپ قىلغاندا سۇغارغانلىقى بەنى ئىسرائىلغا بېرىلگەن نېئمەتلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىۋاسىتە ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن بۇلارغا ئەسلىتىۋاتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ھەتتا ئىچكىدەك سۇمۇ تاپالمىغان ئىدى. چۈنكى قۇرغاقچىلىق يەر تېرىيدىغان سۇنى تاپالماسلىق بىلەن باشلىنىدۇ، ئاندىن سۇ ئازلاپ چارۋىلىرىنى سۇغارغىدەك سۇ تاپالمايدۇ، ئاخىرىدا ئىچىدىغانغىمۇ سۇ تاپالمايدۇ. مانا بۇ قۇرغاقچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بەنى ئىسرائىل شۇ دەرىجىگە بارغان ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن سۇ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھتىن سۇ تەلەپ قىلىش بولسا قىلىدىغان پۈتۈن سەۋەبلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئامالسىز قالغىنىنى ئېيتىپ تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا بەنى ئىسرائىلنىڭ قېشىدا بىر يۇتۇممۇ سۇ قالمىغان ئىدى. سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا سۇنى ئىچىش، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ساپ ۋە پاكىز قىلىپ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەردى. قۇياش نۇرى چۈشۈش ئارقىلىق پارغا ئايلىنىدىغان سۇ يۈزىنىڭ كەڭرى بولۇشى ئۈچۈن، زېمىننىڭ تۆتتىن ئۈچىنى سۇ، تۆتتىن بىرىنى قۇرۇقلۇق

[1] سۈرە بەقەرە، 51-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە، 55-ئايەت

قىلىپ ياراتتى. چۈنكى قۇياش نۇرى چۈشىدىغان سۇ يۈزى كەڭرى بولغاندا، پارغا ئايلىنىش ئاسانغا چۈشەتتى. بۇ ھور بىلەن بۇلۇت شەكىللىنىپ، ئېھتىياجلىق سۇ يامغۇر بولۇپ چۈشىدۇ ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ بولۇپ ئاقىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّـهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَسَلَكَهُ يَنَابِيعَ فِي الْأَرْضِ﴾[1] «سەن بىلمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ» دەپ نېئمەتلىرىنى ئەسلەتتى. بۇ بۇلاقلار يامغۇر چۈشمەيدىغان جايلارغا ئېقىپ بېرىپ، كىشىلەر ۋە ھايۋاناتلارغا ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. ئاندىن سىڭىپ قۇدۇق ياكى يەر ئاستى سۈيىگە ئايلىنىدۇ. قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن ۋاقىتتا بولسا ئەر-ئايال، باللار ۋە ياشانغانلار چىقىپ، ئاللاھقا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر دېڭىزدىن سۇ ھورى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتقا ئايلىنىپ، مۇقىم ئىلمىي قانۇنىيەت بىلەن يامغۇر بولۇپ چۈشىدىغانلىقىنى دېيىشىدۇ. ئەمما بۇلۇت يامغۇر يېغىشقا كىرەكلىك سوغۇق ھاۋاغا يېتىش ئۈچۈن، مۇئەييەن ئېگىزلىككە ئۆرلىشى كېرەك. بۇلار ئۆزگىرىشچان ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇقىم قائىدە ئەمەس. چۈنكى شامال بەزىدە چىقىپ، بۇلۇتلارنى يۇقىرى قاتلامدىكى سوغۇق مۇھىتقا ئاپارسا، بەزىدە شامال چىقماي بۇلۇتلارنى ئېلىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، ھەرقانداق مۇقىم ھادىسە ئۆزگىرىشچان ئامىللارغا قاراشلىق بولىدۇ. بىز ئادەتتە مۇقىم قائىدىلەرنى ياخشى بىلگەن بىلەن، ئۆزگىرىشچان ئامىللارنى ئۆز خاھىشىمىز بىلەن ئىشقا سالالمايمىز. ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَن لَّوِ اسْتَقَامُوا عَلَى الطَّرِيقَةِ لَأَسْقَيْنَاهُم مَّاءً غَدَقًا﴾[2] «ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلار ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق» دەپ، يامغۇر يېغىش

---

[1] سۈرە زۇمەر 21-ئايەت
[2] سۈرە جىن 16-ئايەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئەگەر ھەممىسى مۇقىم قانۇنىيەت بىلەن بولغان بولسا، قاتتىق يامغۇر ۋە قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. شۇڭا يامغۇر يېغىش مەسىلىسى مۇقىم قانۇنىيەتكە بويسۇنمايدۇ. بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغىنى ئامىل بولغاچقا، يامغۇر يېغىش مەسىلىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇلۇتنى سوغۇق ئاسمان بوشلۇقىغا ۋە يامغۇرغا ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا ھەيدەشكە ئامىل كېتىدۇ. شۇڭا بىز ئالەمدىكى مۇقىم قانۇنىيەتكە دىققەت قىلغىنىمىزدەك، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتكىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

«مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قەۋمىگە سۇ تەلەپ قىلدى» دېگەنلىك سۇ تەلەپ قىلغۇچى ۋە سۇ تەلەپ قىلىنغۇچى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «ق» ھەرپى "مستسق" بولۇپ زىرلىق كەلسە، ئاللاھتىن سۇ تەلەپ قىلغۇچىنى، "مستسقً" بولۇپ زەۋەرلىك كەلسە، يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگۈچى ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئاللاھتىن يامغۇر تىلىمىسەك دۇنيادا دەريا، قۇدۇق ۋە بۇلاقلاردىن بولغان سۇ ئامبىرى ۋە يەر ئاستى سۈيى بولمىغان بولاتتى.

"عن أنس بن مالك أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه كان إذا قحطوا استسقى بالعباس بن عبد المطلب فقال: اللهم إنا كنا نتوسل إليك بنبينا فتسقينا، وإنا نتوسل إليك بعم نبينا فاسقنا قال: فيسقون"[1] «ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋاستە قىلىپ يامغۇر تىلەپ: ئى ئاللاھ، بىز پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋەسىلە قىلاتتۇق، بىزگە سۇ بېرەتتىڭ! ئەمدى بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى ۋەسىلە قىلىۋاتىمىز، بىزگە سۇ بەرسەڭ! - دېگەن، ئاندىن ئۇلارغا سۇ بېرىلگەن». بەزىلەر يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھنى ۋەسىلە قىلماي، تاغىسىنى ۋاستە

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىپ سۇ تەلەپ قىلغانلىقى ئارقىلىق، تۆگەپ كەتكەن ئادەمنى ۋەسىلە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىغا دەلىل قىلىدۇ. بىز «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىدىمۇ ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنى قىلىدىمۇ؟» بۇنىڭغا قارايمىز. نەتىجە شۇكى، ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى بىلەن قىلىدى. شۇڭا بىز ۋەسىلە قىلىش رەسۇلۇللاھقىلا چەكلىنىپ قالغان بولماستىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەنمۇ ۋەسىلە تەلەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى دەلىل ئالىمىز.

نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە مەسىلە رەسۇلۇللاھتىن تاغىسىغا يۆتكەلدى؟ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان، چۈشكەن يامغۇردىن مەنپەئەت ئالالمايتتى. ئەمما تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ۋاقىتتا ھايات بولغاچقا، ياغقان يامغۇردىن پايدىلىنالايتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى بىلەن ۋەسىلە قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئۇ يامغۇرغا ئېھتىياجى بولمىغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن ۋەسىلە قىلىش مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ۋەسىلە تەلەپ قىلىش رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم بىلەن بولسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن بەنى ئىسرائىل نېئمەتلەرگە تېنىپ، ئىنكار قىلسىمۇ ئۇلارنى سۇ بىلەن سۇغىرىدۇ؟ بەنى ئىسرائىلغا ئارقىمۇ-ئارقا رەھمەتنىڭ چۈشۈشى پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن بولغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە بولغان تاماسى چەكسىز ئىدى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئارقىمۇ-ئارقا دۇئا قىلغان ۋە ئاللاھ تائالامۇ ئارقىمۇ-ئارقا ئىجابەت قىلغان.

قۇرئاندا مەنە چۈشىنىلىسىلا، ئىخچام بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن سۆزلەر تاشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدا مەنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن كېلىدىغان «مۇسا رەببىدىن قەۋمىگە سۇ تىلەپ: ‹ئى رەببىم ئۇلارنى سۇغارغىن› دېدى»

دېگەن مەزمۇنلار ئايەتتىن چۈشىنىلگەچكە تاشلىۋېتىلىپ، ئايەت ئۇدۇللا: ﴿وَإِذِ اسْتَسْقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ فَقُلْنَا اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: هاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن - دېدۇق» دەپ باشلانغان. قۇرئان كەرىم ئاساسىي تەرەپلەرنى كەلتۈرۈپ، شاخچە مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە قويۇپ قويغان. بۇ قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى بولۇپ، سۈرە «نەمل»دىكى ھۆپۈپنىڭ بىرىپ، بىلقىس پادىشاھ بىلەن تەختىنى كۆرگەنلىكى ۋە قايتىپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلغانلىقى، ئاندىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مەكتۇپ يېزىپ، ھۆپۈپكە سەبەئ پادىشاھى ۋە قەۋملىرىگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىدەك ئۈزۈن جەريان: ﴿اذْهَب بِّكِتَابِي هَٰذَا فَأَلْقِهْ إِلَيْهِمْ ثُمَّ تَوَلَّ عَنْهُمْ فَانظُرْ مَاذَا يَرْجِعُونَ. قَالَتْ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ إِنِّي أُلْقِيَ إِلَيَّ كِتَابٌ كَرِيمٌ﴾[1] «بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن. ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: ئى ئۇلۇغلار! ماڭا بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى» دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتتە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھۆپۈپكە بىلقىس ۋە قەۋمىگە مەكتۇپنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى-دە، ئارىلىقتىكى مەزمۇنلار تاشلىنىپ، گەپ ئۇدۇللا بىلقىس پادىشاھنىڭ: ﴿قَالَتْ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ إِنِّي أُلْقِيَ إِلَيَّ كِتَابٌ كَرِيمٌ﴾ «ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: ئى ئۇلۇغلار! ماڭا بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى» دېگەن گېپىگە كۆچۈپ، ئارىلىقتىكى ھۆپۈپ مەكتۇپنى ئېلىپ، ئۇنى سەبەئ دۆلىتىگە ئاپىرىپ پادىشاھ تەختىگە تاشلىغانلىقى، ئاندىن بىلقىسنىڭ ئۇنى ئېلىپ ئوقۇغانلىقى ۋە خەتنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى قەۋمىگە ئېيتقانلىقى قاتارلىق پۈتكۈل تەپسىلاتلار تاشلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى رەببىم، قەۋمىمنى سۇغارسىلا» دېگەن گېپى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا «ئەگەر قەۋمىڭگە سۇ تەلەپ قىلساڭ...» دېگەن

[1] سۈرە نەمل، 28، 29-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گەپلىرىنىڭ ھەممىسى تاشلىنىپ، ئۇدۇللا ﴿فَقُلْنَا اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ﴾ «بىز ئۇنىڭغا: ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن - دېدۇق» دېگەن ئايەت كەلگەن.

﴿اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ﴾ «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېگەن ئايەتتە توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان ئاللاھتىن سۇ تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بولسا بەنى ئىسرائىلغا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ بىر مۆجىزىنى ئىرادە قىلىپ «سىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيمەن، ئەمما ئاسماندىن ئەمەس، بەلكى سىلەرنى سۇدىن چەكلەۋاتقان نەرسىنىڭ تۈرىدىن بولغان ئايىغىڭلار ئاستىدىكى تاشتىن چىقىرىپ بېرىمەن» دېدى ۋە بەنى ئىسرائىلغا چوڭ مۆجىزە كۆرسىتىپ، پۇتلىرى ئاستىدىكى تاشتىن سۇ چىقىرىپ بەردى.

تاش بىلەن ھاسا ئۆزئارا ئۇرۇلسا قايسىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ؟ ھاسا تەسىرگە ئۇچراپ سۇنۇپ كېتىدۇ ۋە تاشقا ھېچنېمە بولمايدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى مۆجىزە مەسىلىسى بولغاچقا، بىر ئۇرۇلۇش بىلەن تاش يېرىلىپ سۇ چىققان. بۇ توغرىسىدا شائىر:

| | |
|---|---|
| أَيا هَازِئاً مِنْ صُنُوفِ القَدَرِ | بِنفْسِكَ تُعنف لاَ بالقَدَر |
| وَيَا ضَارِباً صَخْرةً بِالعَصَا | ضَرَبْتَ العَصَا أَمْ ضَرَبْتَ الحَجَر |

«ئى ئۆزۈڭدىكى ھەر تۈرلۈك قازا-قەدەرنى مەسخىرە قىلغۇچى، سەن قەدەرگە ئەمەس ئۆزۈڭگە قىلىۋاتىسەن. ھاسا بىلەن تاشنى ئۇرغان كىشى، سەن ھاسىنى ئۇردۇڭمۇ ياكى تاشنىمۇ؟» دېگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام تاياق بىلەن تاشنى ئۇرغاندا، تاياق سۇنماي تاش يېرىلغان مۆجىزىنى مىسال قىلىپ سۆزلىگەن.

ھاسا بىلەن ئۇرۇلغاندا سۇنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنىڭ ئۆزى ھاسىنى

تاشقا ئىشارەت قىلىشىغا ئېتىلىپ چىققانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ، ھاسا ئۆز كۈچى بىلەن ھەرگىزمۇ تاشنى يارالمايدۇ. ھەتتا ئۇ ھاسا تۆمۈر بولغان تەقدىردىمۇ، تاشتىن سۇ چىقىدىغان ھالەتكە ئەكېلىشكە قادىر بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ نەزىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئەمما ئۇلارغا مۆرەككەپ نېئمەت بەرمەكچى بولغىنىغا تارتىۋاتىدۇ. مۆرەككەپ نېئمەت بولسا بەنى ئىسرائىل تىلىگەن سۇنى بېرىش بىلەن بىرگە، تاشتىن سۇ چىقىرىش مۆجىزىسى ئىدى. سۇنىڭ ئېقىشى ئاللاھ تائالانىڭ "كۈن" «بولغىن» دېگەن سۆزىگە ئالاقىداردۇر.

بۇ يەردە بەنى ئىسرائىلنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر بىز تاش يوق يەرگە بېرىپ قالساق، سۇ نەدىن چىقىدۇ؟ شۇڭا بىز تاشنى بىللە ئېلىۋېلىشىمىز كېرەك، ئەگەر ئۇسساپ قالساق تاشقا ھاسا بىلەن ئۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرىمىز» دېيىشتى. ئۇلار سەۋەب بىلەن بولىدىغان ئىشنىڭ باشقا، ئاللاھنىڭ «بولغىن» دېگەن كەلىمىسى بىلەن بولىدىغان ئىشنىڭ باشقا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان. بۇ سەۋەب نۇقتىسىدىن چىققان سۇ بولماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى يۈزىسىدىن چىققان سۇ ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزىقلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە چىن پۈتۈشى كېرەك ئىدى. بىز بەزىدە چوڭ دوختۇرلار داۋالاشتا گاڭگىراپ قالغان كېسەللەرنى يېڭى دوختۇرنىڭ داۋالىغىنىنى كۆرىمىز. بۇ يېڭى دوختۇرنىڭ ئۆزىنى تەربىيەلىگەن ئۇستازلىرىدىن كۆپ نەرسە بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ساقايتىش پەقەت سەۋەب قىلىش بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئاشۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ بۇ قۇدرەتنى بەزى ئۇستازىغا، بەزى شاگىرتىغا بېرىدۇ ۋە بەزىدە ئىككىلىسىگە بەرمەي، كېسەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بەزىدە ساقىيىش ۋاقتى يېقىن تەربىيەلەنگەن دوختۇرنىڭ قولىدا بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ كېسەلنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ دورىسىنى ئىلھام قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ شىپالىق بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا شۇ قىسسەنىڭ ئاخىرىدا: ﴿فَانفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا﴾ «تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى» دېگەن. نېمە ئۈچۈن 12 بۇلاق چىقىدۇ؟ چۈنكى يەھۇدىيلار بۆلۈنۈپ ياشايدىغان خەلق بولۇپ، ھەربىر گۇرۇپپا "سىبطا" دەپ ئاتىلاتتى ۋە 12 گۇرۇپپىنىڭ ھەربىرىنىڭ بىردىن قەبىلە ئاقساقىلىغا ئوخشاش ئاقساقىلى بار ئىدى. ئاللاھ تائالا: ﴿قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ﴾ «ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى» دېگەن بولۇپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزى سۇ ئىچىدىغان ئورۇنغا بارغان ۋە بۇلاق تاشتىن تارىلىپ ئېقىپ، ھەربىر قەبىلىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورۇنلىرىغا ئېقىپ بارغان. ئۇلار ئېھتىياجلىق سۇلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام تاشنى يەنە بىر ئۇرسا، سۇ توختاپ قالاتتى. بىز تاشنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياج مىقدارىدا سۇ بېرىدىغانلىقىنى، تاشنىڭ ئاستىنىڭ يەرگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھاسا بىلەن ئۇرغان تاشنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن ئەمەس، تۆت ئەتراپىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچتىن بۇلاق چىققانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

تىلدا "اللفظ المشترك" «كۆپ مەنىلىك سۆزلەر» بار بولۇپ، بىر سۆز بىر قانچە مەنىلەرنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئايەتتىكى "عين" دېگەن سۆز «كۆپ مەنىلىك سۆزلەر» قاتارىدىن بولۇپ، «بۇلاق، كۆز، جاسۇس، ئالتۇن» دېگەندەك مەنىلىرى بار. ئەگەر «قەۋم ئۇلاغلىرىنى ‹عين›دىن سۇغاردى» دېيىلسە، بۇلاق مەنىسىدە كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر «ئەمىر ‹عين›نى شەھەرگە ئەۋەتتى» دېيىلسە، جاسۇسنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر «بۇنى ‹عين›گە سېتىۋالدىم» دېيىلسە، ئالتۇننى كۆرسىتىدۇ. «ئۇ ماڭا ‹عين› بىلەن قارىدى»

دېيىلسە، ئادەمنىڭ كۆزىنى ئېچىۋېتىدۇ. بۇ ئايەتتە«عىن» كەلىمىسى ئېقىپ چىققان بۇلاقنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ﴾ «ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى» دېگەن بولۇپ، ھەربىر توپ سۇنىڭ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزى تۇرىدىغان ئورۇننى بىلىپ، شۇ يەردىن ئىچكەن. لېكىن ئىنسان قىسىلغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئادا قىلىدۇ. بەنى ئىسرائىل سۇغا موھتاج بولغاچقا، ھەربىرى ئىتائەتچانلىق بىلەن ئۆزىگە بۇيرۇلغان جايغا بېرىپ سۇ ئىچتى. ئەگەر ئاللاھ ئىنساننىڭ خاپىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، بۇرۇنقى نېئمەتلىرىنى قايتۇرۇپ بەرسە، يەنە ھەددىدىن ئېشىشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿كُلُوا وَاشْرَبُوا مِن رِّزْقِ اللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾ «(ئۇلارغا): ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار - (دېدۇق)» دەپ ئەسكەرتكەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ﴿لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِي مَسْكَنِهِمْ آيَةٌ ۖ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ ۖ كُلُوا مِن رِّزْقِ رَبِّكُمْ وَاشْكُرُوا لَهُ ۚ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ. فَأَعْرَضُوا فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ سَيْلَ الْعَرِمِ وَبَدَّلْنَاهُم بِجَنَّتَيْهِمْ جَنَّتَيْنِ ذَوَاتَيْ أُكُلٍ خَمْطٍ وَأَثْلٍ وَشَيْءٍ مِّن سِدْرٍ قَلِيلٍ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) بەلەن جايدۇر، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر. ئۇلار (شۈكۈردىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا

[1] سۈرە سەبەئ، 15، 16-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز-تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق» دېگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا سەبەئ ئەھلىگە مول رىزىق بەرگەن، ئەمما ئۇلار شۈكۈر ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ئىدى. ئۇلار يامغۇر سۈيىنى ساقلايدىغان چوڭ ئامبىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. بۇ توسما ئېھتىياجلىق سۇنى يىل بويى تەمىنلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ئىلمىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئۆگەتكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ئىدى. ئاخىرقى نەتىجىدە بۇ توسما ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان ئاپەتكە ئايلاندى. بەنى ئىسرائىلغىمۇ شۇ شەكىلدە بالا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارغا: ﴿كُلُوا وَاشْرَبُوا مِن رِّزْقِ اللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾ «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلگەن بولسىمۇ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئۇنتۇشقان ئىدى.

# 43-دەرس

## سۈرە بەقەرە 61-ئايەت

﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَىٰ لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ مِن بَقْلِهَا وَقِثَّائِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَىٰ بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ اهْبِطُوا مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِّنَ اللَّـهِ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّـهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ الْحَقِّ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُوا يَعْتَدُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۇنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: ‹ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىنىنىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن› دېدىڭلار، مۇسا: ‹سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۇنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار› دېدى. ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

**پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى»**

بۇ ئايەتلەرمۇ ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە بەنى ئىسرائىلغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بىز ئىلگىرى "الْمَنَّ" «تەرەنجىبىن» ۋە "السَّلْوَىٰ" «بۆدۈنە» نى تىلغان ئالغان ۋاقىتتا، «بىر خىل تاماق» دېگەننىڭ قانداق يېمەكلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىقلىما بەرگەن ئىدۇق. "الْمَنَّ" «تەرەنجىبىن» نى ئىراق تەرەپتە ئەتىگەندىن كۈن چىققۇچە يوپۇرماقلاردا پەيدا بولىدىغان، بەدەننى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر خىل يېمەكلىك، "السَّلْوَىٰ" نى بولسا بۆدۈنىگە ئوخشايدىغان بىر قۇش دېگەن ئىدۇق.

ئەرەب تىلىدا نەرسىنىڭ بىر تاللا ئىكەنلىكىنى ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "واحد" كەلىمىسى قوللىنىلىدۇ. لۇغەتكە قاراپ باقساق، "واحد" ۋە "احد" نىڭ ئوخشاشلا «بىر» دېگەن مەنىسى بارلىقىنى كۆرىمىز. ئىككىسىنىڭ پەرق نېمە؟ "واحد" بىر تال نەرسىنىمۇ، كۆپ نەرسىلەردىن شەكىللەنگەن بىر نەرسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. لېكىن "احد" ھېچقانداق ئوخشىشى يوق بىر تاللا نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر ماشىنا توختىتىلغان بولسا، ئۇ "واحد" بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ماشىنا نۇرغۇن پارچىلاردىن تەركىب تاپقان ۋە كوچىدا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ماشىنىلار بار. لېكىن "احد" ساناقتىكى بىرنى ئەمەس، بەلكى شۇ نەرسىنىڭ ئۆز تۈرىدە يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندىمۇ: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ - ئاللاھ بىردۇر» دېيىلگەن. ئاللاھنىڭ

---

1 سۈرە ئىخلاس، 1-ئايەت

ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ بىرى "الواحد الأحد" دۇر. بۇ «يەككە-يېگانە، ئىككىنچىسى يوق، نەچچە نەرسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنمىگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەھلى كىتابنىڭ: ﴿لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَاحِدٍ﴾ «بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز» دېگەن سۆزىنى مۇلاھىزە قىلساق، بۇ يەردە «بىر خىل تاماق» دەپ سۈپەتلەندى. ھالبۇكى، بۇ تاماق تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئىبارەت ئىككى تۈردىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، دائىم ئاسماندىن بىر قېتىمدا چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق سۈپەتلەنگەن. بۇلارغا تاماق ئاسماندىن چۈشەتتى، لېكىن بۇلارنىڭ ئاللاھقا قىلغان جاھىللىقى ئۇلارنى سەبىر قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئاللاھقا ئىشەنمەستىن، «بۇ تاماق بىر كۈنلىرى كەلمەسلىكى مۇمكىن» دېيىشتى. ئەسلى بۇلار ئۆزلىرى ئۆزۈنىدىن بىرى يەپ كېلىۋاتقان تاماقنى بەرگىنى، دېگىزدىن ئۆتكۈزگىنى، بۇلۇتتىن سايە چۈشۈرۈپ بىرىۋاتقىنى ئاللاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشەنچ قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇلار «بىز ئۆزىمىز تېرىيدىغان، دائىم كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدىغان تائامنى خالايمىز» دېيىشتى. بۇ مۆجىزىلەر ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رىزقنى دائىم بىرىدىغانلىقىغا قارىتا ئىشەنچ ئېلىپ كېلەلمىگەن. ئۇلار بەك ھەددىدىن ئاشىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿أَرِنَا اللَّهَ جَهْرَةً﴾ «بىزگە ئاللاھنى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. بۇلار ھەرقانداق نەرسىنى كۆزى بىلەن كۆرمىسە ئىشەنچ قىلمايتتى.

يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن: ﴿فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ﴾ «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دەپ تەلەپ قىلدى. دۇئا تەلەپنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىر نەرسە بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئاللاھقا يۈزلەنگەن ۋاقتىمىزدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇئا قىلغان بەندىنىڭ خارلىقى بىلەن دۇئا قىلىنغۇچىنىڭ زاتىنىڭ ئەزىزلىكى ئالدىدا دۇئا قىلغۇچى بولىمىز. ئەرەب تىلىدا تەلەپ تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولسا «دۇئا»، ئىككى تەرەپ باراۋەر ھالەتتە بولسا «ئىلتىماس»، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولسا «ئەمىر» بولىدۇ.

بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا دۇئا قىلىشىنى ۋە شۇ ئارقىلىق زېمىندىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئۇندۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان بىر نەچچە ئۆسۈملۈكنى ساناپ: ﴿مِن بَقْلِهَا وَقِثَّائِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا﴾ «تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى» دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار تەلەپ قىلغان يېمەكلىكلەر شۇ ۋاقىتتىكى قۇللارنىڭ يېمەكلىكى ئىدى. پىرئەۋن نەچچە يۈز يىل بەنى ئىسرائىلنى قۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇلار قۇللار يەيدىغان تاماقلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ خۇددى بىزگە بەنى ئىسرائىلنىڭ قۇللۇق دەۋرىنى سېغىنغۇچىلىقىدەك بىر تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار نەچچە يۈز يىل ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد قۇل بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تاماقى بولغان قۇش گۆشلىرىگە كۆنەلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى بۇرۇن يېگەن تاماقلىرىنى ئۇنتۇيالماي، ئاللاھتىن شۇلارنى تەلەپ قىلغان.

ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا تەرەننجىبىن ۋە بۆدۈنە چۈشۈرۈپ بەردى. لېكىن ئۇلار قۇللارنىڭ تامىقىنى ئاللاھ چۈشۈرۈپ بەرگەن تاماقتىن يۇقىرى كۆردى. بۇ يەردە كۆكتات دېگەن خاس كۆكتاتنىلا كۆرسەتمەستىن، پۈتۈن غولسىز ئۆسۈملۈكلەرنى مەقسەت قىلغان. مەسىلەن: ئوسۇك، تۇرۇپ، غولپىياز، ياۋا تەرخەمەك قاتارلىقلار. ئايەتتىكى "فوم" بولسا بۇغداي ياكى سامساقنى كۆرسىتىدۇ. يېسىمۇق ۋە پىيازنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئەسكەرتىپ: ﴿أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَىٰ بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ﴾

«سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟» دېدى. بىز "استبدل" «ئالماشتۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئوقۇغان ۋاقتىتا شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، "ب" دېگەن ھەرپ قولدىن كېتىدىغان نەرسىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "اشتريت الثوب بدرهم" «بۇ كىيىمنى بىر دىرھەمگە سېتىۋالدىم» دېگەن مىسالدىمۇ بىز بېرىدىغان، قولىمىزدىن كېتىدىغان پۇلغا "ب" ھەرپى قوشۇلۇپ كەلگەن. يۇقىرىدىكى ﴿الَّذِي هُوَ أَدْنَىٰ بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ﴾ دېگەن ئايەتتىكى "ب" ھەرپىنىڭ كىرگىنى ئۇلارنىڭ قولدىن بېرىپ قويغىنى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى بولغان تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاددىي ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك يېمەكلىكلەرنى ئالدى. بۇ يەردىكى «ئاددىي» دېگەن سۆزدىن بولغان مەقسەت «ناچار» دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ناچار دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا نەرسىلەرنى ۋاستە بىلەنمۇ، ۋاستىسىزمۇ يارىتىدۇ. ئاللاھنىڭ "كۇن" «بولغىن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ۋاستىسىز يارىتىشنى، ۋاستە بىلەن يارىتىشىدىن ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ۋاستىسىز يارىتىشىدا ھېچقانداق سۈپەت مەسىلىسى ۋە ئىنساننىڭ قولى بولمايدۇ، پەقەت ئاللاھتىن بېرىلگەن خالىس نېئمەت بولىدۇ. ۋاستە بىلەن يارىتىشقا كەلسەك، بۇنىڭدا ئىنساننىڭ قولى بولىدۇ. مەسىلەن: سەن يەر تېرىيسەن، ئۇرۇق چاچىسەن، پەرۋىش قىلىسەن، كېيىن ئاللاھ ئۇنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ تەرەپتىن خالىس كەلگىنى ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرىگە يېقىن بولىدۇ. ئاللاھ قىيامەتتىمۇ "كۇن" دېگەن بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سۈرە «تاھا»نىڭ 131-ئايىتىدە: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾ «بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېئمەتلىرى ۋە زىبۇ-زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭىنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېئمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە دۇنيادا بېرىلگەن رىزىقلارنى پىتنە، ئاخىرەتنىڭ رىزىقلىرىنى دۇنيانىڭكىدىن ياخشى دەپ سۈپەتلەۋاتىدۇ. ھالبۇكى، دۇنيادىكى ھارام رىزىقلارمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. ئادەتتە رىزىقلارنىڭ ھارام بولۇشى ئىنسانلارنىڭ سەبىر قىلماستىن ئالدىراقسانلىق قىلىشى ۋە توغرا بولمىغان يوللار ئارقىلىق رىزىققا ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇشىدىن بولىدۇ. رىزىقنىڭ ھەممىنى بەرگۈچى ئاللاھ. لېكىن بۇنىڭ بىرى «ياخشى رىزىق»، يەنە بىرى «پىتنە رىزىق» دەپ ئاتالدى. ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ سەۋەب بولۇشى بىلەن كېلىدىغان رىزىق بىر-بىرىنىڭ ھەققىنى يېيىش قاتارلىق شۈبھە يوللار بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئىنسان سەۋر قىلالىسا، رىزىققا ھالال يول بىلەنمۇ ئېرىشكەن بولاتتى.

ئاللاھ تائالا: ﴿أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَىٰ بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ﴾ «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشمەكچىمۇسىلەر؟» دېگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ سىلەرگە بىۋاستە بەرگەن، ئاخىرەت رىزىقلىرىغا يېقىن بولغان "الْمَنَّ" «تەرەنجىبىن» ۋە "وَالسَّلْوَىٰ" «بۆدۈنە» دىن ئىبارەت "كُن" كەلىمىسى بىلەن بولىدىغان رىزىقنى دۇنيا ۋاستىلىرى بىلەن كېلىدىغان ئاددىي رىزىققا ئالماشتۇرامسىلەر؟، دېگەنلىك بولىدۇ. بەنى ئىسرائىل يۇقىرىدىكى ئەيىبلەشكە جاۋاب بەرمىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿اهْبِطُوا مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ﴾ «بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى. ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرۈۋاتقان يېمەكلىكنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقان يېمەكلىكلەردىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھقا بۇ سۆزنى كەينى-كەينىدىن قىلىۋەرگەن.

بۇ ئايەتتە مۇلاھىزە قىلىدىغان گىرامماتىكىلىق بىر نۇقتا بار.

ئـايەتتىكى "مصـــر" دېـگەن سـۆز تەنۋىنلىـك ئوقۇلمىسـا، ھەممىمىـزگە تونۇشـلۇق بولغـــان «مىســـىر» دېـــگەن دۆلەت مەقســـەت قىلىنىـــدۇ. تەنۋىنلىـــك ئوقۇلســـا، ھەرقانــداق شــەھەرنى كۆرســـىتىدۇ. مىســـىر دۆلىتىنىـــڭ ئىســـمى قۇرئانـــدا بىـــر قانچە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن:

سـۈرە «يۇنۇس»نىـڭ 87-ئايىتـىدە: ﴿تَبَــوَّآ لِقَوْمِكُمَـــا بِمِصْــرَ بُيُوتًـــا﴾ «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار».

سـۈرە «زۇخرۇف»نىـڭ 51-ئايىتـىدە: ﴿أَلَــيْسَ لِــي مُلْــكُ مِصْــرَ وَهَـــٰذِهِ الْأَنْهَارُ تَجْرِي مِــن تَحْتِــي﴾ «ئى قەۋمىم ! مىسـىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟».

سۈرە «يۈسۈف»نىڭ 21-ئايىتـىدە: ﴿وَقَالَ الَّذِي اشْتَرَاهُ مِــن مِّصْــرَ لِامْرَأَتِــهِ أَكْرِمِـــي مَثْـــوَاهُ﴾ «ئـۇنى سـېتىۋالغان مىسـىرلىق ئـادەم ئايالىغا: ئـۇنى ياخشـى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز - دېدى».

سۈرە «يۈسۈف»نىڭ 99-ئايىتـىدە: ﴿وَقَالَ ادْخُلُــوا مِصْــرَ إِن شَــاءَ اللَّـــهُ آمِنِينَ﴾ «خۇدا خالىسا، مىسىرغا ئامان-ئېسەن كىرىڭلار - دېدى».

يـۇقىرىقى ئـايەتلەردىكى تەنۋىنسـىز ئوقۇلغـانلىرى بىـز بىلىـدىغان مىسـىر دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿اهْبِطُوا مِصْرًا فَإِنَّ لَكُــم مَّـــا سَـــأَلْتُمْ﴾ دېـگەن ئـايەتتە كەلـگەن «مىسـىر» ئەينـى ۋاقىتتـا پـىرئەۋن ياشـىغان مىسـىر شـەھىرى بولۇشـىمۇ مـۇمكىن يـاكى باشـقا بىـر شـەھەر مەقسـەت قىلىنغـان بولۇشـىمۇ مـۇمكىن. ئـادەتتە مۇپەتتىشـى، قازىسـى ۋە ئەمىـرى بولـۇپ، دۆلەت سىستېمىسـى شـەكىللەنگەن ئـورۇن "مصـــر" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەرەب تىلىـدىكى "مصـــر" دېـگەن سـۆز ئىككـى خىـل مەنىـگە ئىـگە. ئۇنىـڭ

بىرى بىز بىلىدىغان مىسىر دۆلىتى. يەنە بىرى ھاكىمى بولغان، ئەتراپى چېگرا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەرقانداق بىر شەھەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا نۇرغۇن نېئمەتلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەھۇدىيلار بۇنى ئىنكار قىلىپ جازاغا لايىق بولدى. ئاللاھ تائالا شۇ جازانى بايان قىلىپ: ﴿وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ﴾ «ئۇلارغا خارلىق ۋە كۆلپەتلەر يۆتۈۋېتىلدى» دېگەن. بۇ ئايەتتىكى ئىپادە «تەڭگىگە تامغا بېسىپ يۆتۈۋەتكەنگە ئوخشاش، خارلىق ئۇلارغا يۆتۈۋېتىلدى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. خارلىق دېگەن ئادەمنى روھىي جەھەتتىن سۇندۇرىدۇ. بۇ خارلىق باشقىلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، ئىنسان قايتىدىن ئەزىز بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ أَيْنَ مَا ثُقِفُوا إِلَّا بِحَبْلٍ مِّنَ اللَّهِ وَحَبْلٍ مِّنَ النَّاسِ﴾[1] «ئۇلارنىڭ قەيەردە بولمىسۇن ئاللاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا پېتىپ قالدى» دېگەن. بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان ھىمايە» رەسۇلۇللاھ تەرەپتىن ياكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بولىدۇ. ئەمما «كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى»نى ھازىرقى ئەھۋال بىلەن ياخشى چۈشىنەلەيمىز. يەنى يەھۇدىيلار ئامېرىكىغا ئوخشاش كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن ياشاۋاتىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا بۇلارنى سۈلھى ئاستىغا ئالسا ئەزىز بولىدۇ، سۈلھىنى بىكار قىلسا خار ياشاشقا باشلايدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرىگە خارلىق يۆتۈۋېتىلگەن. ئادەتتە ئەرەب تىلىدا "ضـربت فى مصـر" «بۇ پۇل مىسىردا بېسىلدى» دېيىلىدۇ. ﴿ضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ﴾ دېگەن ئايەتتە دېيىلگىنى «خۇددى پۇلنىڭ ئۈستىگە سان يۆتۈۋېتىلگەندەك، خارلىق بۇلارغا مەڭگۈلۈك يۆتىۋېتىلگەن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە

[1] سۈرە ئال ئىمران، 112-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

خارلىق ئۇلارغا ناھايىتى كۈچلۈك ھالەتتە يۇتۇۋېلىنگەنلىكى ۋە ئۇنى ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئايەتتىكى ﴿الْمَسْكَنَةُ﴾ دېگەن يەھۇدىيلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى خارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شەكىل جەھەتتىكى خارلىق دېگەن نېمە؟ ئادەتتە جىزيە بايلاردىن ئېلىنغاچقا، يەھۇدىيلارنىڭ بايلىرى جىزيە تۆلىمەسلىك ئۈچۈن كونا كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزلىرىنى نامرات كۆرسىتەتتى. بۇ ئەھۋاللار يېقىنقى ئەسىرلەردە ياۋروپادىمۇ بولغان. ئۇلار ھازىر دۆلەت قۇرۇپ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يۈز يىل ئىلگىرى ياۋروپادىمۇ خار ھالەتتە قوغلىنىپ، ئۇياقتىن بۇياققا قېچىپ، ھەتتا ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دېيەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى.

ئاخىرىدىكى ﴿وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِّنَ اللَّهِ﴾ دېگەن ئايەت بۇلارنىڭ گۇناھى ۋە ئاسىيلىقى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار ئۇچرىغان غەزەپنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئاللاھنىڭ غەزىپى بۇلارنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالغان. بۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئېغىر غەزەپكە ئۇچرىغان؟ چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئازغىنە پۇلغا سېتىۋېتەتتى، نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتمايتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي، پەيغەمبەرلىرىنى ناھەق ئۆلتۈرەتتى.

ئەرەب تىلىدىكى "الانبياء" «پەيغەمبەرلەر» دېگەن سۆز بىلەن "الرسل" «ئەلچىلەر» دېگەن سۆزنىڭ پەرقى بار.

"الانبياء" «پەيغەمبەرلەر» دېگەن كىم؟

بۇلار ئەمەلىي ھاياتنىڭ ئۈلگىلىرى. ئۇلار يېڭى كىتاب ۋە پرىنسىپ ئېلىپ كەلمەيدۇ. پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يوللىرىنى تۇتۇپ باشقىلارنى شۇنىڭغا يېتەكلەپ ماڭىدۇ. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىتاب ئېلىپ كېلىپ، بەنى ئىسرائىلغا تەتبىقلىدى. كېيىن يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىپ، ئۇنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا ئۈلگە بولۇپ ماڭىدۇ. بۇ بىز يۇقىرىدا دېگەن "الانبياء" «پەيغەمبەر» لەر قاتارىدىندۇر.

"الرسل" «ئەلچىلەر» دېگەن كىم؟

ئەلچىلەر ھاياتىنىڭ ئەمەلىي ئۈلگىلىرى بولغاندىن باشقا، يېڭى يول ۋە كىتابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېڭى كىتابتىن بىرنى ئېلىپ كەلگەن ۋە بىزگە ھاياتتا ئۈلگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى "النبي" ۋە "الرسل" دەيمىز. تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى "انبياء" بولۇپ، ئۇلارغا يېڭى كىتاب چۈشمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلارنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىپ تەتبىقلايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىرىنى خاتالىقتىن ساقلايدۇ. ئەلچىلەر ھاياتىدا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ھەتتاكى دۈشمەنلىرى ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتسۇن، ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. لېكىن پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ تارىختا ھەم يۈز بەرگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشى زۆرۈر. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىشىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدىغان ئۈلگىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەگىشىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بەنى ئىسرائىل ئۇلاردىن تاندى ياكى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چۈنكى ئۇلار بەنى ئىسرائىلنىڭ يالغانچى ۋە پاسىقلىقىنى، ئاللاھنىڭ يولىنى چىڭ تۇتمىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى.

ھەق ئىگىسى دائىم ناھەقچىلىكنى ئاشكارىلايدىغان بولغاچقا، يالغانچى، ئاسىي، ئاللاھنىڭ يولىنى چىڭ تۇتمايدىغان ئادەملەر ئۇلارنى

يامـــان كـــۆرۈپ، ئۆچمەنلىـــك قىلىـــدۇ. شـــۇڭا يالغـــانچى، ئاســـيىلار ئاللاھنىـــڭ يـــولىنى چىـــڭ تۇتىـــدىغان كىشـــىلەرنى يوقىتىشـــقا تىرىشـــىدۇ. ھەتتـــاكى ئۆلتۈرۈۋېتىـــدۇ. بەنـــى ئىســـرائىلغا ئاللاھنىـــڭ غەزىپىنىـــڭ بـــۇنچە قـــاتتىق بولـــۇپ كېتىشـــى ئۇلارنىـــڭ ئاســـيىلىقى، يالغـــانچىلىقى ۋە پەيغەمـــبەرلەرگە قىلغـــان تاجاۋۇزى سەۋەبىدىن بولغان.

ئـــۈممىتى مۇھەممەدىيەمـــۇ بـــۇ ئىشـــلاردىن يىـــراق ئەمەس. چـــۈنكى بىـــزگە نۇرغـــۇن نىېـــئمەتلەر كەلســـىمۇ، بۇنـــدىن كېيىـــن پەيغەمـــبەر كەلمەيـــدۇ. ئەممـــا خاتـــالىقلىرىمىزنى كۆرســـىتىدىغان، دىنىنـــى ئىســـلاھ قىلىـــپ، بىزنـــى تـــوغرا يولغـــا باشـــلايدىغان ئۆلىمـــالار كېلىـــدۇ. ئەگەر بىـــز ئـــۇلارنى قـــوللاپ-قـــۇۋۋەتلىمەي، ئـــۇلارنى تەھـــدىت دەپ قـــاراپ كـــۆزدىن يوقىتىشـــقا، ئىشـــلىرىغا توســـقۇنلۇق قىلىشـــقا ئۇرۇنســـاق، ئـــاللاھ بىزگىمـــۇ بەنـــى ئىســـرائىلغا بەرگەن خـــارلىقنى ۋە بىچـــارىلىكنى بېرىـــدۇ. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن بىـــز ھەق ئىگىلىـــرىگە توسـقۇنلۇق قىلمـــاي، ئـــۇلارنى قوللايـــدىغان تـــوغرا يـــولنى تۇتـــۇش ئـــارقىلىق ئـــۆزىمىزنى شـــۇ خـــارلىقتىن قۇتۇلـــدۇرۇپ قـــالالايمىز. ئـــاللاھ بىزنـــى ئـــۇ خارلىقلارغـــا مـــۇپتىلا قىلمىســـۇن، ئۈممىتى مۇھەممەدىيەنى ئەزىز ھالەتتە ياشاشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!

www.uyghurkitap.com



# 44-دەرس

## سۈرە بەقەرە 62-ئايەت

**﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَادُوا وَالنَّصَارَىٰ وَالصَّابِئِينَ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَعَمِلَ صَالِحًا فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾**

**«شۇبھىسىزكى، مۆئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئەجىردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوقتۇر»**

ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىنغا ئىنتايىن ساپ ۋە توغرا دىن بىلەن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، يۇقىرىقى ئايەتتىكى مۆئمىنلەر ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ تۇتۇپ ماڭغان يولغا ئىشەنگەن كىشىلەردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ساماۋى دىنلار نازىل بولدى ۋە دىندىن-دىنغا كۆچىدىغان، دىن ئىزدەيدىغان كىشىلەر پەيدا بولدى. ئادەم، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار ئېلىپ كەلگەن دىنلارنىڭ قايسى بىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ يولنى تۇتۇپ

ماڭسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىرلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇلاردا ھېچقانداق قورقۇنچ، غەمكىنلىك، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا بىئارام بولۇش ۋە كەلگۈسىدىن ئەنسىرەش بولمايدۇ. بۇ پۈتۈن يوللارنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، بۇ رىسالەتنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلانمىسا، ئۇلارنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالىنى، نېئمەتلەرنى قانداق ئىنكار قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھتىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ قىيامەتتىكى ھېسابلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ئوقۇماقچى بولغان ئايەت قۇرئاندا ئۈچ ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ئارىسىدا ئازراق ئوخشىماسلىق بار. نۆۋەتتە بىز ئوقۇۋاتقان ئايەت بۇنىڭ بىرىنچىسى.

ئىككىنچىسى، سۈرە «مائىدە»نىڭ 69-ئايىتىدە: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَادُوا وَالصَّابِئُونَ وَالنَّصَارَىٰ﴾ «مۇئمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن، ناسارالاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا» دېيىلگەن. بۇ ئايەتنىڭ ئۈستىدىكىگە ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، ئۈستىدىكىدە "وَالنَّصَارَىٰ" ئالدىدا، "وَالصَّابِئُونَ" كەينىدە، بۇ ئايەتتە بولسا "وَالنَّصَارَىٰ" كەينىدە، "وَالصَّابِئُونَ" ئالدىدا كەلگەن.

ئۈچىنچىسى، سۈرە «ھەج»نىڭ 17-ئايىتىدە: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَادُوا وَالصَّابِئِينَ وَالنَّصَارَىٰ وَالْمَجُوسَ وَالَّذِينَ أَشْرَكُوا إِنَّ اللَّهَ يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾ «مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، ناسارالار، مەجۇسىيلەر (يەنى ئاتەشپەرەسلەر) ۋە مۇشرىكلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، (يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر بىلەن مەزكۇر بەش پىرقە ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مۇئمىنلەرنى جەننەتكە، كۇففارلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە بولسا "وَالنَّصَارَىٰ" كەينىدە، "وَالصَّابِئُونَ" ئالدىدا كېلىپ، ﴿وَالْمَجُوسَ وَالَّذِينَ أَشْرَكُوا﴾ «مەجۇسىيلار ۋە مۇشرىكلار» قوشۇلۇپ كەلگەن. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا، تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئايرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەت ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھتىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئاخىرىدا يەكۈن چىقىرىدۇ. لېكىن بۇ ئۈچ ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى ئوخشىماسلىقلار بار. بۇنداق تەكرار كېلىشنىڭ ۋە "وَالصَّابِئِينَ" دېگەن سۆزنىڭ ئالدى-كەينى بولۇپ كېلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ "وَالصَّابِئِينَ" دېگەن سۆز سۈرە «بەقەرە» ۋە «ھەج»دە چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە كەلگەن. سۈرە «مائىدە»دە بولسا "وَالصَّابِئُونَ" دەپ باش كېلىش ھالىتىدە كەلگەن. بۈگۈنكى ئايىتىمىزدە: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَادُوا وَالنَّصَارَىٰ وَالصَّابِئِينَ﴾ دەپلا كەلگەن، لېكىن سۈرە «ھەج»دە: ﴿وَالْمَجُوسَ وَالَّذِينَ أَشْرَكُوا﴾ دېگەن جۈملە قوشۇلۇپ كەلگەن ۋە بۇ ئايەتنىڭ خەۋەر قىسمىمۇ باشقىسىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ زېمىنغا چۈشۈرگەن ۋاقتىتا، ھىدايەت، دىن ۋە ئىمان يوللىرىنى بىرگە چۈشۈرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَىٰ﴾[1] «ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ» دېگەن.

[1] سۈرە تاھا، 123-ئايەت

ئادەم ئەلەيھىسسالام كەسكىن ھالدا ئىمان يولىنى ئەۋلادلىرىغا، ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزدى. دېمەك، ئىلگىرى بىر ئەۋلاد مۆئمىن كىشىلەر ئۆتكەن، ئەمما كېيىنكىلەر دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، غەپلەتتە قالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن دۇنيانى تەمە قىلدى ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە ئەگەشتى. شۇ ۋاقىتتا ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان، ئاگاھلاندۇرىدىغان، خۇش بېشارەت بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش كېرەك بولۇپ قالدى. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رەھمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن رەھىمدىل زاتتۇر.

ئايەت كەرىمدە: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئىمان ئېيتقان كىشىلەر» دېيىلگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىمان فىترىتى بىلەن زېمىنغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇ ئىماندا داۋاملاشماي، كېيىن پەيدا بولغان دىنلارغا كىرىپ كاپىر بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۇھ، لۇت ۋە پىرئەۋن جامائەتلىرىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ غەزىپى سەۋەبىدىن زېمىندىن يوقىتىلدى. يۇقىرىدىكى دىنلارغا ئەگىشىپ كاپىر بولغان كىشىلەر زامانىمىزدىمۇ ھەم بار. مەسىلەن: يەھۇدىي، ناسارا ۋە سابىئىيلارغا ئوخشاش. ئاللاھ بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بۇرۇنقى دىنلارنىڭ ھەممىنى يىغىپ، «بۇ ئىسلام دىنى بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ جەۋھىرى، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئاستىغا توپلىنىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ زېمىن ئۈستىدىكى ئىماننى پاكلاش ئۈچۈن كەلگەن.

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾دىكى خىتاب قىلىنغۇچىلار دەسلەپتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ كېسەللىكلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تازىلاش ئۈچۈن كەلگەن. كېيىن ئۇلار يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىق نۇرغۇن ناملار بىلەن ئاتالدى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىزمىتى ئاخىرلاشتى. قانداق كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىرسە، ئۇ كىشىگە قورقۇنچ، بىچارىلىك ۋە كەلگۈسىدىن ئەنسىرەش بولمايدۇ. بۇ ئايەتتە خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ ئېلىپ كەلگىنى پۈتۈن دىنلارنى تازىلاش ۋە ئۇلارنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەندەك بىر ئۇقۇم ئىپادىلىنىدۇ.

دۇنيادىكى ھەربىر ئىنساننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشى تەلەپ قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى. مەسىلەن: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ئىبراھىم ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ زامانىدىن قالغان بىر كىشىنى ھازىرغىچە ياشىدى دېسەك (مەيلى ئۇ كىشى يەھۇدىي، ناسارا، سابىئى بولسۇن)، ئۇ كىشىدىنمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنىنى تەستىقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىسلام زېمىندىكى بارلىق ئەقىدىلەرنىڭ ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھەممە دىنى بىر دىنغا مەركەزلەشتۈردۇ. مانا بۇ شەكىلدە ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوقتۇر» دېگەن سۆزىگە لايىق بولىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئىسلامغا ئىشەنمىگەن كىشىلەر ئۆز ئەھۋالىدىن قورقۇپ، ئەنسىرىشى كېرەك.

بۇ يېڭى بىر دىننىڭ ئېلانى. قىيامەت كۈنىگىچە پۈتۈن ئىنسانلار بۇ دىننىڭ قانۇنى بويىچە ماڭىدۇ. ھازىرغىچە بۇ يېڭى دىنغا كىرمەي ئۆزىنىڭ ئازغۇن دىنىدا مېڭىۋاتقان كىشىلەرنى ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئايرىيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ھەممە دىننى ۋە شۇ دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قىيامەتتە ئايرىيدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان كىشى، ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ دىنىدا قالسا، ئۇ دىن ئۇ ئادەمگە ھەرگىزمۇ مەنپەئەت بەرمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ «مەن ئۆزۈمنىڭ دىنىدا تۇرسام، قىيامەت كۈنى ماڭا پايدىسى يېتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. ئاللاھ تائالا بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەسلىسىنى كەسكىن ئايرىپ بولغان بولۇپ، بۇ توغرىسىدا سۈرە «ئال ئىمران»نىڭ 85-ئايىتىدە: ﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ﴾ «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ» ۋە 19-ئايىتىدە: ﴿إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ﴾ «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر» دېگەن.

بۇ يەردىكى مەسىلە دۇنيادا بار بولغان ئىمان كارۋانلىرىنى پاكلاشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر قىيامەت كۈنى قورقۇنچتىن ۋە غەمدىن خالى بولىدۇ. لېكىن ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ كۈتىدىغىنى: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾[1] «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، (يەنى ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر بىلەن مەزكۇر بەش پىرقە ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مۇئمىنلەرنى جەننەتكە، كۇففارلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ)» دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئازاب بولىدۇ. بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ئايەتتىكى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىماننى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن مىراس ئالغان. ﴿والذين هادوا﴾ «ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەر» بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ ئەگەشكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئىسمى ﴿إِنَّا هُدْنَا إِلَيْكَ﴾ «بىز سەن تەرەپكە توغرا يولنى تېپىپ كەلدۇق» دېگەن سۆزدىن چىققان بولۇپ، «ئاللاھ ۋە

---

[1] سۈرە ھەج، 17-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەيغەمبەر تەرەپكە قايتقۇچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "وَالنَّصَارَىٰ" بولسا "نصراني" نىڭ كۆپلۈك شەكلى. بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان «ناسىر» دېگەن شەھەرگە نىسبەت بېرىلىپ، «ناسىر شەھىرىدىن بولغان كىشى» دېگەن مەنىدە كەلگەن ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارەمچىلىرىنىڭ "نحن انصار الله" «بىز ئاللاھنىڭ يارەمچىلىرى» دېگەن سۆزدىكى "انصار" بىلەن "نصارى" نىڭ يىلتىزى بىر بولغاچقا، شۇنىڭدىن كەلگەن دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. بۇ سۈرە «ئال ئىمران»نىڭ 52-ئايىتىدە كەلگەن: ﴿فَلَمَّا أَحَسَّ عِيسَىٰ مِنْهُمُ الْكُفْرَ قَالَ مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللَّهِ آمَنَّا بِاللَّهِ وَاشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ «ئىسا ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: ئاللاھ ئۈچۈن (ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟ - دېدى. ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆئمىنلەر) ئېيتتى: ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز - دېدى».

ئايەتتىكى "الصَّابِئِينَ" دېگەن قانداق كىشىلەر؟ بۇنىڭ مەنىسى «بىر دىندىن يەنە بىر دىنغا كۆچكەن» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ھەقتە ھەرخىل كۆز قاراشلارنى بايان قىلغان. ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى: «ئۇلار بۇرۇن نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەر بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئاللاھنى قويۇپ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ۋاسىتىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا كۆچكەن» دېگەن. ياكى "الصَّابِئِينَ" دېگەننى «ئاتا-ئانىسى ئىبادەت قىلىۋاتقان دىنىنى تاشلاپ، ئۆزى يېڭىدىن بىر دىننى پەيدا قىلىپ، شۇ دىنغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر» دەپ چۈشەنسەكمۇ ياكى ئۆزلىرىنى ئەقىللىك ساناپ «(ئۆزىمىز ياساپ، ئۆزىمىز ئىبادەت قىلىدىغان دىن بىزنى قايىل قىلالمايدۇ، دەپ) ھېچقانداق دىنغا ئىبادەت قىلمايدىغان كىشىلەر» دەپ

چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىمالارنىڭ كۆز-قاراشلىرى بولۇپ، مەيلى قانداق بولسۇن، بىر دىنىدىن يەنە بىر دىنغا كۆچكەن كىشى "الصَّابِئِينَ" دەپ ئاتىلىدۇ.

بۈگۈن ئوقۇغان مەزمۇن سۈرە «بەقەرە»، «مائىدە»، «ھەج» قاتارلىق ئۈچ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئۈچ سۈرىدىكى ئۈچ ئايەتتە ئازراق پەرقلەر بار بولۇپ، ئايەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىلىرى ئوخشاشلا ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ دەپ باشلانغان. لېكىن ئاخىرىدا "الصَّابِئِينَ" دېگەن سۆز ئىككى ئايەتتە چۈشۈم كېلىش، بىر ئايەتتە باش كېلىش ھالىتىدە كەلگەن. ئاللاھ تائالا "الصَّابِئِينَ" دېگەن سۆزنى سۈرە «بەقەرە»دە چۈشۈم كېلىش ھالەتتە كەلتۈردى. سۈرە «مائىدە»دە باش كېلىش ھالەتتە كەلتۈردى. بۇ گىرامماتىكا قائىدىسىگە تەۋە. ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ دېگەن ئايەتتىكى "إِنَّ" دېگەن ھەرپ جۈملىنىڭ ئىگە بۆلىكىنى زەۋەر، خەۋەر بۆلىكىنى پېش قىلىدۇ. "إِنَّ الَّذِينَ" بولسا "إِنَّ" نىڭ ئىسمى بولۇپ، چۈشۈم كېلىش ھالەتتە، "وَالَّذِينَ هَادُوا" بولسا "إِنَّ الَّذِينَ" گە باغلانغان بولۇپ، ئوخشاشلا زەۋەر ئوقۇلىدۇ ۋە "الصَّابِئِينَ"، "وَالنَّصَارَىٰ" قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا "إِنَّ الَّذِينَ" گە باغلانغان بولۇپ، زەۋەر ئوقۇلىدۇ. بۇ يەردە ھېچقانداق مەسىلە يوق.

﴿مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ﴾ دېگەن ئايەتكە قارىساق، بۇمۇ سۈرە «بەقەرە»گە ھەرىكەت ۋە تەرتىپ جەھەتتە توغرا كەلگەن بولۇپ، ھېچقانداق مەسىلە يوق. سۈرە «بەقەرە»دىكى "الصَّابِئِينَ" دېگەن سۆزدە بىز چۈشىنەلمەيدىغان مەسىلە چىقمايدۇ. لېكىن سۈرە «مائىدە»گە قارىساق، "وَالصَّابِئُونَ" دېگەن سۆز "وَالنَّصَارَىٰ" نىڭ ئالدىدا باش كېلىش ھالەتتە كەلگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئادەتتە گىرامماتىكا قائىدىسىدە بۇنداق كەلمەيدىغۇ؟ ئەسلىدە "الَّذِينَ" بولسا "إِنَّ" نىڭ ئىسمى، "وَالصَّابِئُونَ" بولسا "إِنَّ الَّذِينَ" گە باغلانغان بولغاچقا، "الصَّابِئِينَ" بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن "وَالصَّابِئُونَ" دېگەن سۆز يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈنۈش تەقەززا قىلمايدىغان شەكىلدە كەلدى. ھەممىمىز بىلىمىز، ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا چۈشۈرگەن ۋە ئەرەبلەرنىڭ تىل جەھەتتە ئالاھىدە سېزىمى ۋە تالانتى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن "الصَّابِئِينَ" دەپ كېلىدىغان ئورۇنغا "وَالصَّابِئُونَ" دەپ كەلتۈرسە، ئەرەبلەر «نېمە سەۋەبتىن شۇنداق كېلىدۇ؟» دەپ دىققەت قىلىشقا باشلاپ، نەزىرىنى شۇنىڭغا ئاغدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن "وَالصَّابِئُونَ" دەپ كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ خىل ئادىتىنىڭ بىر مىسالىنى ئاڭلاپ ئۆتەيلى. ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر خەلىپىلىك ۋاقتىدا، مۇنبەردە تۇرۇپ بىر سۆزنىڭ تەلەپپۇزىدا ئېغىر خاتالاشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا خەلىپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر سەھرالىق كىشىنى بۇ خاتالىق بىئارام قىلىدۇ. خەلىپە يەنە ئىككىنچى قېتىم خاتالاشقاندا، ئۇ سەھرالىق كىشى بۇنىڭدىن تېخىمۇ بىئارام بولىدۇ. كېيىن خەلىپە ئۈچىنچى قېتىم خاتالاشقان ۋاقىتتا، سەھرالىق دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن بۇ خەلىپىلىك ئورنىغا ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئولتۇرۇپسەن، بولمىسا بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ماس كەلمەيدىكەنسەن. چۈنكى سەن ئۆزۈڭنىڭ تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىدىڭ» دەيدۇ. دېمەك، ئۇ سەھرالىق بۇ يەردە خەلىپىنىڭ بىر سۆزنى خاتا سۆزلىشى بىلەن سۈكۈت قىلىپ تۇرماستىن ئەيىبلىدى. قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتا ئەرەبلەر تىل جەھەتتە ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، كىچىككىنە خاتالىق ئۇلارنى تەۋرىتەتتى. ئايەتكە قارىساق بىز بىلىدىغان قائىدە بويىچە زەۋەر ئوقۇلىدىغان بىر سۆز، پېش ئوقۇلغان ھالەتتە كەلگەن. بۇنداق كەلگەنلىكى ئاللاھنىڭ بۇ يەردە چوڭ بىر ھېكمەت ۋە سەۋەبنى يوشۇرغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ بۇ يەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا باشقىلار «بۇ يەردە قانداق ھېكمەت ۋە ئىللەت باردۇ؟» دەپ ئىزدىنىشكە باشلايدۇ ۋە بۇ يەردىن نۇرغۇن ئۇقۇملارنى چىقىرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى ئىللەت نېمە؟

ئايەتنىڭ بېشىدىكى ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى، ﴿وَالَّذِينَ هَادُوا﴾ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن يەھۇدىيلارنى، ﴿وَالنَّصَارَىٰ﴾ بولسا خرىستىيانلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك. لېكىن «وَالصَّابِئُونَ»غا كەلسەك، ئۇلار ھېچقانداق دىنغا ئەگەشمىگەن، دەۋرگە قارشى يول تۇتقان كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنى ئايەتمۇ ئېنىق چۈشەندۈرمىگەن. بۇنداق چۈشەندۈرمەسلىكى يۇقىرىدىكى دىن مەنسۇپى بولغان ئۈممەتلەر ۋە دىنى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى باشقا يول تۇتقىنى ياكى بىر دىندىن يەنە بىرىگە كۆچكىنى بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالاملار ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلا بولماستىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى كەلگەن ھەرقانداق شەرىئەت، ھەرقانداق نەزەرىيە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان دىن ياكى ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن قايسى دىندىن قايسىسىغا كۆچكىنى بولسۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "وَالصَّابِئُونَ" نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلمىغان ۋە گىراممatikىلىق ھالىتىمۇ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان شەكىلدە كەلگەن.

ئاللاھ تائالا ئايەتلەردە دائىم ﴿آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا﴾ دەپ ئىماننى ئەمەل بىلەن بىرگە كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئىمان دائىم ئەمەل بىلەن بىرگە بولمىسا ئۇنداق ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىماننىڭ كىشىلەرنىڭ ھايات ھەرىكىتىنى باشقۇرۇشىنى خالايدۇ. «ھاياتىم ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولۇشى، ياشاش يولۇم ئىماننىڭ دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك» دېگەن شەكىلدە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنگە دۇنيا-ئاخىرەتتە قورقۇنچ ۋە بىئاراملىق بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا خۇشال ھالدا چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 45-دەرس

## سۈرە بەقەرە 63-ئايەت

﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطُّورَ خُذُوا مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُوا مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان، سىلەرگە: ‹(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار› (دېگەن ئىدۇق)»**

قۇرئان كەرىمنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىدا، بىۋاستە «سىلەر» دەپ خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. قۇرئان كەرىم خىتاب قىلغان يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارمۇ ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ياشىغان ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ؟ ھەرقانداق بىر ئاتا-ئانىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۆزى بىلىدىغان ئىمان چۈشەنچىلىرىنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلارغا پىرئەۋننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق قىلغان ياخشىلىقى كېيىنكىلەرگىمۇ قىلغان ياخشىلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يەھۇدىيلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. ئەگەر ئاللاھ قۇتقۇزمىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى يەھۇدىيلار بولمىغان بولاتتى. شۇڭا بۇرۇنقىلارغا قىلىنغان ياخشىلىق كېيىنكىلەرگە قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ تەلەپ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلماي، يەھۇدىيلارغا بۇلاق چىقىرىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن ۋە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارغا ياخشىلىق قىلغانلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارغىمۇ ياخشىلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلاردىن ئەھدە ئالغان. ئەگەر ئۇلاردىن ئەھدە ئالمىغان بولسا، يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىمان ئېيتمىغان بولاتتى. چۈنكى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطُّورَ﴾ «ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان» دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى پىرئەۋننىڭ چاڭگىلىدىن ۋە دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ تەۋراتنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا بەنى ئىسرائىل موزايغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتنى ئېلىپ قايتىپ كەلگىنىدە، تەۋراتتىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش ئۇلارغا قىيىن بىلىندى ۋە «بىز بۇ بۇيرۇقلارغا تاقەت قىلالمايمىز» دەپ، تەۋراتنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئەمەل قىلماسلىقنى ئويلىدى. بۇيرۇغۇچى ئاللاھ تائالا بولۇپ، يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى بۇيرۇغانلىقىنى دەۋا قىلدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىمانىي پىرىنسىپ بولسا ھېچقانداق بىر كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلماسلىقتۇر.

بەزى كىشىلەر قۇرئاندىكى: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغانلىقنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىگە قاراپ بېقىپ قىلالايدىغاندەك بولساق قوبۇل قىلىمىز، قىلالمايدىغاندەك بولساق ئاللاھ بىزنى كۈچىمىز يەتمىگەن ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. توغرىسى، ئاللاھنىڭ بىزنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىدا بولۇپ، ئەگەر ئاللاھ بىزنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلغان بولسا، ئۇ ئىش بىزنىڭ تاقىتىمىز يېتىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇ ئىشنى ۋە خاراكتېرىمىزنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ھېچقاچان، ھېچقانداق بىر كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

بىز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «بۈگۈنكى دەۋر بەزى تەكلىپلەرنى كۆتۈرمەيدۇ» دېگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز. ئۇلار دۇنيانىڭ ھازىرقى شارائىتى ۋە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، بەزى تەكلىپلەرگە ئەمەل قىلماسلىقنى توغرا دەپ قارايدۇ. چۈنكى «بۇ تەكلىپلەر ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەندە، دۇنيا ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان، ئىجتىمائىي ھايات ھازىرقىدەك تېز ئەمەس، مۇشكىلاتلارمۇ چەكلىك ئىدى» دېگەندەك خىلمۇ-خىل سەۋەبلەر بىلەن ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىدىن قېچىشنى ئويلايدۇ. لېكىن بۈرۈن ئىنسانلارنى بۇ ئىشلارغا تەكلىپ قىلغۇچى ئاللاھ ئارىدىن بىر نەچچە مىڭ يىل ئۆتكەن تەقدىردىمۇ تاقىتىمىزنىڭ يېتىدىغىنىنى ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان تەكلىپلىرىنى ياخشى ئادا قىلغاندىن سىرت، ئېھسان بولۇشى ئۈچۈن ئاشۇرۇپ نەپلە قىلىدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر پەرز نامازنى ئادا قىلغاندىن سىرت سۈننەت ئوقۇيدۇ، ھەتتا كېچىلىرى نەپلە ناماز ئوقۇيدۇ. پەرز قىلىنغان روزىنى تۇتقاندىن سىرت، ئاينىڭ ئوتتۇرىدا، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى نەپلە

روزا تۇتىدىغانلار ۋە رەجەب، شەئبان ئايلىرىدا روزا تۇتىدىغانلار بار. بەزى كىشىلەر بىر قېتىم ھەج قىلسا، يەنە بەزىلەر بىر نەچچە قېتىم ھەج قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر پەرز قىلىنغان زاكاتنى ئايرىغان بولسا، بەزى كىشىلەر پەرز قىلىنغاندىن سىرت، ئاشۇرۇپ نەپلە سەدىقە قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بىزگە بۇيرۇغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىگە تاقىتىمىز يېتىدۇ، ھەتتا تېخى بۇيرۇغاندىن ئاشۇرۇپ قىلالايمىز. «زامان ئۆزگەردى، بىز ئالدىراش بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز» دەپ ئاقماس باھانىلەرنى كۆرسىتىش بوشاڭلىقتىن ئىبارەتتۇر.

بەنى ئىسرائىل ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىنى قىلماسلىق ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، ئاللاھنىڭ تۇر تېغىنى بۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلىشى رەھمەت ئىدى. چۈنكى ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋەتمىگەندە بەدەن ياخشىلانمايدىغان بولغاچقا، دوختۇر ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولغا ئالمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل قوشۇلمىغان ئەھۋالدىمۇ ئۇلارغا پەزلى-رەھمەت قىلىپ، سەينا يېرىم ئارىلىدىكى تۇر تېغىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە تىكلىدى ۋە بەئەينى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىپ بولۇپ كاپىر بولغان كىشىلەرنى ھالاك قىلغانغا ئوخشاش، بەنى ئىسرائىلنى ھالاك قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىپ: «تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىسىلەر ياكى تاغنى ئۈستۈڭلارغا باستۇرىمەن» دېدى.

ئاللاھ نېمىشقا يەھۇدىيلارنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلايدۇ؟ ھالبۇكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿لَا إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ﴾[1] «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى» ۋە ﴿فَمَن شَاءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاءَ فَلْيَكْفُرْ﴾[2] «خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگەن، دەپ سوئال سورىلىشى

1 سۈرە بەقەرە، 256-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
2 سۈرە كەھف، 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن. ئاللاھ ھېچكىمنى بۇيرۇقلىرىغا تەكلىپ قىلغىنى يوق، لېكىن رەھمەت يۈزىسىدىن تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش ياكى پات يېقىندا كېلىدىغان ئازابتا ھالاك بولۇش ئارىسىدا تاللاش ئىختىيارلىقى بەردى. بۇ يەردىكى ئازاب تۇر تېغىنىڭ ئۇستىگە كۆمتۈرۈلۈش ئازابى ئىدى. بۇ يەردىمۇ مەجبۇرلاش يوق، بەلكى ئىختىيارلىق بار. بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگىمۇ ئىمان بىلەن ھالاك بولۇش ئارىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلگەن. ئۇلار ئىمان ئېيتماي ھالاك بولۇشنى تاللىغان بولغاچقا ھالاك بولغان. لېكىن بەنى ئىسرائىل ئۇستىگە تىكلەنگەن تاغنى كۆرگەن ۋاقىتتا، قورققانلىقتىن سەجدە قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ سەجدە قىلغانلىقى ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى.

بەنى ئىسرائىل سەجدە قىلغان ھالدا تاغنىڭ ئۇستىلىرىگە چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ، بىر كۆزىنى تاغدىن ئايرىمىغان ئىدى. ھەتتا نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى دەۋرىدىمۇ بەنى ئىسرائىل سەجدە قىلسا يۈزىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن سەجدە قىلىدۇ، يەنە بىر يۈزىدە يۇقىرىغا قارايدۇ. مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ تاغنىڭ ئۇستىگە چۈشۈشىدىن قورققانلىقتىن قىلىپ قالغان ئادەت. ئەگەر بىر يەھۇدىيدىن نېمىشقا بۇ خىل شەكىلدە سەجدە قىلىدىغانلىقىنى سورايدىغان بولساق، ئۆزىنىڭ تەۋراتنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى دەپ ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇستىگە تۇر تېغى تىكلەنگەن ۋاقىتتىن بېرى تىترەشكە باشلىغان ۋە بۇ ئادىتى ھەر نامازدا ئوخشاش شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تۇر تېغى تىكلەنگەن ۋاقىتتىكى ئەجدادلىرىنىڭ يۈزىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن سەجدە قىلغانلىقى ۋە تىترەۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى بىلگەچكە، بۇ ئىشلارنى سەجدىنىڭ بىر شەرتى دەپ ئويلاپ قىلىپ، شۇ شەكىلدە داۋاملاشتۇرغان.

بۇ ئـايەتتە ئـاللاھ تائـالا ئۇلارنـىڭ ئۈسـتىگە تـۇر تېغىنـى تىكلىگەنلىكىنـى سـۆزلىگەن بولسـا، يەنە بىـر ئـايەتتە بـۇ ئەهـۋالنى باشـقىچە بىـر شـەكىلدە بايـان قىلىـپ: ﴿وَإِذْ نَتَقْنَا الْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُ ظُلَّةٌ وَظَنُّوا أَنَّهُ وَاقِعٌ بِهِمْ خُـذُوا مَـا آتَيْنَـاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُوا مَا فِيـهِ لَعَلَّكُـمْ تَتَّقُـونَ﴾[1] «ئـۆز ۋاقتـىدا تـاغنى قومـۇرۇپ ئۇلارنـىڭ ئۈسـتىگە سـايىۋەندەك تىكلـىدۇق، ئـۇلار تـاغنى ئۈسـتىلىرىگە چۈشـۈپ كېتـىدۇ، دەپ ئويلـىدى. (ئۇلارغـا ئېيتتـۇقكى): تەقـۋادارلار قاتارىـدا بولۇشـۇڭلار ئۈچـۈن ئۆزۈڭلارغـا بېـرىلگەن كىتـابنى (يەنـى تەۋراتنـى) مەھـكەم تۇتـۇڭلار، ئۇنىڭـدىكى ئەهكاملارغـا ئەمەل قىلىڭـلار» دېـگەن. ئـاللاھ بېشـىدىكى ئـايەتتە "رفَعْنَـــا" «تىكلـىدۇق، كۆتـۈردۇق» دېـگەن يېئىلنـى ئىشـلەتكەن. بـۇ ئـايەتتە بولسـا "نَتَقْنَـا" «قومـۇرۇش» دېـگەن پېئىلنـى ئىشـلەتتى. "نَتَقْنَـــا" دېگەنلـىك بىـر تـال قـوزۇقنى سۇغۇرۇشـنى مەقسـەت قىلىـپ، ئـوڭ-سـولغا مـىدىرلاتقاننى كۆرسـىتىدۇ. تـاغمۇ ئـۆز ئورنىـدىن قومۇرۇلـۇش ئۈچـۈن خـۇددى قوزۇققـا ئوخشـاش ئـوڭ-سـولغا هەرىـكەت قىلغـان. بـۇ هـالەت ئۇلارنـىڭ سـەجدە قىلغـان ۋە تىتـرىگەن هالىتىنىڭ تەسۋىرىدۇر.

ئـاللاھ تائـالا ئـايەتنى داۋاملاشتۇرۇپ: ﴿خُـذُوا مَـا آتَيْنَـاكُم بِقُـوَّةٍ﴾ «(دۇنيـادا هـالاك بولۇشـتىن، ئـاخىرەتتە ئازابقـا قېلىشـتىن) ساقلىنىشـىڭلار ئۈچـۈن بىـز بەرگەن كىتـابنى مەھـكەم تۇتـۇڭلار» دېـدى. بـۇ يەردىكـى «تۇتـۇش» بىـر نەرسـىنىڭ بەدىلىـگە بىـر نەرسـىنى ئـېلىش بىلەن بولىـدۇ. «تەكلىـپ» بولسـا «ئـاللاھتىن بىـر نەرسـە ئـېلىش ۋە شـۇ تاپشـۇرۇۋالغان تەكلىـپ بىـلەن ئىسـلاهات ئېلىـپ بېـرىش» دېگەنلـىك بولىـدۇ. چـۈنكى هەرقانـداق ئـېلىش خـۇددى تىلىمىزدىكـى «ئېلىپـبە» (ئېلىـپ بەر) دېـگەن سـۆزگە ئوخشـاش بېرىشـكە موهتـاج بولىـدۇ. بىـز بـۇرۇنقى ئەجـدادلاردىن تاپشـۇرۇپ ئېلىـپ، كېيىنكـى ئەۋلادلارغـا تاپشـۇرۇپ بېرىمىـز. تاپشـۇرۇپ بەرگەنـدىمۇ ئەسـلى تاپشـۇرۇۋالغان پېتـى ئەمەس، ئۇنىڭغـا يېڭىلىـق قوشـۇپ

[1] سۈرە ئەئراف، 171-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېخىمۇ گۈللەندۈرگەن شەكىلدە تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. شۇ ۋاقىتتا مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن ۋە تۆھپە قوشقان بولىمىز. ئەگەردە ئەسلى بويىچە تاپشۇرساق تۆھپە قوشالمىغان، پەقەتلا ئامانەتنى ئادا قىلغان بولىمىز.

بۇ ئايەتتىكى "بِقُوَّةٍ" «كۈچ بىلەن» دېگەنلىكى «ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىللىق قىلىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. كىشى ئۆزىگە مەنپەئەتلىك نەرسىگە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىقلارنى ئەستايىدىللىق ۋە ئىشەنچ بىلەن قىلىشتۇر. ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلغىنىمىزدا، قەلبىمىز تېخىمۇ ئېچىلىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپرەكىنى قوبۇل قىلغۇمىز كېلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە «مۇئمىنلەر سورايدۇ» دېگەن ئىبارىنى كۆپرەك ئۇچرىتىپ قالىمىز. چۈنكى ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئېچىلىپ، ياخشىلىق قىلغانسېرى قىلغۇسى كەلگەچكە، كۆپ سوئال سورايدۇ. يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان تەكلىپلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئاللاھنىڭ تەكلىپلىرى ئۇلارغا مۇشەققەت بىلىنمىگەن بولاتتى.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَاذْكُرُوا مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» دېگەن ئايەت ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ھاياتلىقتىكى ھەربىر مەسىلىگە چېتىلىدىغان ۋە ئۇنى ھەل قىلىدىغان يولنى ئۆگىنىشكە بۇيرىدى.

## سۈرە بەقەرە 64-ئايەت

﴿ثُمَّ تَوَلَّيْتُم مِّن بَعْدِ ذَٰلِكَ فَلَوْلَا فَضْلُ اللَّـهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَكُنتُم مِّنَ الْخَاسِرِينَ﴾

**«شۇنىڭدىن كېيىن (بەرگەن ۋەدەڭلاردىن) يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار»**

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە يەھۇدىيلارنى تەۋراتقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا دەۋەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. تەۋراتنى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن يولنى ئەسلىتىش ۋە ئۇنتۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش بولسا، ئۇلارنى ئىسلامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا ئۈندەيدىغان ئامىل ئىدى. چۈنكى تەۋراتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى يېزىلغان. ئەمما يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى. ئاللاھ بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئازابقا لايىق بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿فَلَوْلَا فَضْلُ اللَّـهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَكُنتُم مِّنَ الْخَاسِرِينَ﴾ «سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار» دېگەن. پەزلى دېگەن «ھەققى بولغان كىشىنىڭ ھەققىنى زىيادىسى بىلەن بېرىش» دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەنى «ماۋۇ سېنىڭ ھەققىڭ، ماۋۇ مېنىڭ ساڭا ھەققىڭدىن سىرت قىلغان ياخشىلىقىم» دېگەنگە ئوخشاش. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سَدِّدُوا وَقَارِبُوا وَأَبْشِرُوا، فَإِنَّهُ لَنْ يُدْخِلَ الْجَنَّةَ أَحَدًا عَمَلُهُ. قَالُوا: وَلَا أَنْتَ يَا رَسُولَ اللَّهِ؟ قَالَ: وَلَا أَنَا، إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِي اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ، وَاعْلَمُوا أَنَّ أَحَبَّ الْعَمَلِ إِلَى اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ أَدْوَمُهُ وَإِنْ قَلَّ"[1] «توغرا يولدا مېڭىڭلار، توغرىغا يېقىنلىشىڭلار، ئۈمىدۋار بولۇڭلار، ھېچقانداق بىر كىشىنى قىلغان ئەملى جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ. ساھابىلەر ئېيتتىكى، سىلىنىڭ ئەمەللىرىمۇ سىلىنى جەننەتكە كىرگۈزەلمەمدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى، مېنىمۇ قىلغان ئەملىم جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ، لېكىن ئاللاھ مېنى ئۆز رەھمىتىگە ئالدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋاملاشقان ئەمەلدۇر) دېگەن.

بۇ ئورۇندا «ھېچكىمنى قىلغان ئەملى جەننەتكە كىرگۈزەلمىسە نېمىشقا ئەمەل قىلىمىز؟» دەيدىغان سوئال چىقىدۇ. دۇنيادا قىلىدىغان پۈتۈن ئەمەللەرنى يىغساقمۇ، ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر نېئمەتكىمۇ تەڭ بولالمايدۇ. بىز قىلغان ئەمەللىرىمىزنى ھېسابلاپ، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ھېسابلىمىدۇق. جەننەتكە كىرىدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن كىرىدۇ. ھەتتا ئەڭ قىممەتلىك بولغان، بارلىقىنى ئاللاھقا بەرگەن شەھىدلارمۇ قىلغان ئەملى بىلەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾[2] «ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ

[1] مۇسنەد ئەھمەد، 24941- نومۇرلۇق ھەدىس
[2] سۈرە ئەئراف، 170-ئايەت

كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ» دېگەن. ئاللاھ يولىدا شەھىد بولغانلار جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەر بولۇپ، بۇ كىشىلەرمۇ جەننەتكە ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن كىرگەن يەردە، ئاز ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار!؟

ئاللاھ تائالا پۈتۈن بەندىلىرىگە پەزلى-رەھمەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ﴾[1] «ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ پۈتۈن كىشىلەرگە رەھمەت قىلىدىغانلىقىنى، بىراق كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ شۈكۈر قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىنسانلارغا تەۋبە ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بەنى ئىسرائىلنىڭ بۇرۇنقى ئەھدىسىگە ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا قايتىۋېلىشى ئۈچۈن رەھمەت قىلغانلىقىغا، ئەگەر ئاللاھنىڭ پەزلى-رەھمىتى بولمىغان بولسا، دۇنيا-ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىغا دىققىتىمىزنى قارىتىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن، ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلىغان كىتابقا يېتەكلىدى. ئۇلاردىن كىتاب يادلاش ۋە يادلىغان ۋاقتىكى دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇلارغا ۋە پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾[2] «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» دېگەن.

[1] سۈرە بەقەرە، 243-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئەنبىيا، 107-ئايەت

پەيغەمبەرنىڭ كەلگەنلىكى بەنى ئىسرائىلغىلا ئەمەس، پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت ئىدى. بەنى ئىسرائىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان بولسا، بۇرۇنقى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئەپۇ قىلىناتتى. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى-رەھمىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىتابى تەۋراتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىش ۋاقتى ۋە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ زىيان تارتقۇچى كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرگەن. لېكىن ئۇلار بۇرۇنمۇ دىندىن يۈز ئۆرۈگىنىگە ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى قوبۇل قىلىشتىن ۋاز كەچتى.

# 46-دەرس

## سۈرە بەقەرە 65-ئايەت

﴿وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ الَّذِينَ اعْتَدَوْا مِنكُمْ فِي السَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا قِرَدَةً خَاسِئِينَ﴾

**«ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: ‹خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار› دېدۇق»**

ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيالىق ۋە دىنغا مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقلىرى بار. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئۇ بۇيرۇقلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى، بىر بۇيرۇق سەۋەبىدىن يەنە بىر بۇيرۇقنى تەرك ئەتمەسلىكىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَىٰ ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ. فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾[1] «ئى مۇئمىنلەر، جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار،

[1] سۈرە جۈمە، 9، 10-ئايەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار» دېيىلگەن. بۇ ئايەتتىكى ئىككى بۇيرۇقنىڭ بىرى دىنغا، يەنە بىرى دۇنياغا ئالاقىدار بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ يولىدۇر. ئاللاھ بىزنىڭ ناماز ۋاقتى كىرگىنىدە سودا-تىجارەت ۋە ياكى خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇشىمىزنى ياقتۇرمىغانىدەك، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىمۇ مەسجىدتىن چىقماي، باشقا ئىشنى تاشلىشىمىزنى ھەم خالىمايدۇ. ئاللاھ بىزنى نامازغا چاقىرىق قىلىنغاندا نامازغا بېرىشقا، نامازنى ئوقۇپ بولغاندا رىزقىمىزنى تېپىش ئۈچۈن سەئيي قىلىشقا بۇيرۇدى.

قۇرئاندا بىر ھەپتىدىكى يەتتە كۈندىن جۈمە ۋە شەنبە كۈنىدىن ئىبارەت ئىككى كۈن تىلغا ئېلىنغان. يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبىدىن ئىبارەت قالغان بەش كۈننىڭ ئىسمى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىدى. جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدكە يىغىلىپ، جۈمە نامىزىنى بىرلىكتە ئادا قىلىدىغان بايرام كۈنىدۇر. جۈمە كۈنىنىڭ ئەسلى ئىسمى ساندىن ئېلىنمىغان، ئەمما باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسى سانغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئەرەبچە ۋە پارسچىدە كۈنلەرنىڭ ئىسىملىرى سان بىلەن بەلگىلەنگەن. كۈن ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلىغا پارسچىدىن كىرگەن بولغاچقا، پارسچە سان ئىسىملىرى ئۇيغۇرچە كۈن ئىسمى بولۇپ قالغان.

ئەگەر جۈمە كۈنى سانغا نىسبەت بېرىلگەن بولسا، باشقا كۈنلەر سان بىلەن ئاتالغىنىدەك جۈمە كۈنىمۇ سان بىلەن ئاتىلاتتى. جۈمە كۈنىدە دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇق نىزامى بىرلىككە كەلگەن بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئۇ كۈننى بىزگە بايرام قىلىپ بەرگەن. بۇ كۈن پۈتۈن كائىناتنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ، دۇنيا يارىتىلغان ۋە نېئمەتلەر تامام بولغان كۈندۇر. ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇ كۈندە كائىناتنى ياراتقانلىقىنى

تەبىرىكلەش ئۈچۈن يىغىلىدۇ. «جۈمە» دېگەنلىك بايرام، توپلىنىش، يىغىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى[1] «جۈمە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان كۈنلەردىن يەنە بىرى ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولغان شەنبە كۈنىدۇر. ئەرەب تىلىدا شەنبە كۈنىنىڭ ئاتىلىشى "سەبت" بولۇپ، «كېسىش، ئۈزۈش» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. بىر كىشىنىڭ ئىشى ئۈزۈلسىمۇ "سبت" دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئالتە كۈندە تاماملانغان بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَىٰ عَلَى الْعَرْشِ﴾[2] «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى» دېيىلگەن. ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى جۈمە كۈنى تامام بولغان. يەتتىنچى كۈنى بولغان «شەنبە»دە پۈتۈن ئىشلار ئورۇنلىشىپ، ھەممە نەرسە تاماملىنىپ، يارىتىلىش ئۈزۈلگەن. شۇڭا شەنبە كۈنىنىڭ ئىسمى «ئۈزۈلگەن» دېگەن مەنىدە "سەبت" دەپ ئاتالغان. "سەبت" نىڭ «توختاش» دېگەن مەنىسىمۇ بولۇپ، يارىتىلىش تاماملانغاندىن كېيىن ئىش-ھەرىكەتلەر توختىغان.

يەھۇدىيلار ئاللاھتىن دەم ئېلىش ئۈچۈن كۈن بەلگىلەپ بېرىشنى تىلىگەندە، ئاللاھ ئۇلارغا شەنبە كۈنىنى بەلگىلەپ بەردى. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا شەنبە كۈنىدە «بېچقاندىق ئىش قىلماسلىق»نى ئىمتىھان قىلدى. يەھۇدىيلار دېڭىز بويىدا بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا قالغان ئالتە كۈندە ئىزدەپ تاپالمايدىغان بېلىقلارنى شەنبە كۈنى دېڭىز بويىدا توپلىشىپ ئۈزۈپ يۈرىدىغان ۋە دېڭىز يۈزىدە

[1] «جۈمە» ئەرەبچىدە ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى ھېسابلىنىدۇ
[2] سۈرە ھەدىد، 4-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەكرەپ-پالاقشىيدىغان قىلدى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە: ﴿وَاسْأَلْهُمْ عَنِ الْقَرْيَةِ الَّتِي كَانَتْ حَاضِرَةَ الْبَحْرِ إِذْ يَعْدُونَ فِي السَّبْتِ إِذْ تَأْتِيهِمْ حِيتَانُهُمْ يَوْمَ سَبْتِهِمْ شُرَّعًا وَيَوْمَ لَا يَسْبِتُونَ لَا تَأْتِيهِمْ كَذَٰلِكَ نَبْلُوهُم بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ﴾[1] «ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن دېڭىز (يەنى قۇلزۇم دېڭىزى) بويىدىكى (ئەيلە) شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن. (ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن) شەنبىدە ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، شەنبىدىن باشقا كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز» دېگەن. بۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك، دېڭىزلار شەنبە كۈنى بېلىقلارغا توشۇپ كېتەتتى، يەكشەنبە كۈنى بولسا يىراقلارغا كېتىپ ئۇلارغا كۆرۈنمەيتتى. شەنبە بەنى ئىسرائىلنىڭ بايرىمى بولغاچقا، ھېچقانداق ئىش قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىشلىسە بولمايدىغانلىقنى بىلىپ تۇرۇپ، بېلىقلارنى تۇتقۇسى كېلىپ كەتتى ۋە ئاللاھنىڭ «شەنبە كۈنى بېلىق تۇتماڭلار» دېگەن بۇيرۇقىغا ھىيلە ئىشلىتىش ئۈچۈن چوڭقۇر كۆلچەكلەرنى قازدى. شەنبە كۈنى سۇغا ئەگىشىپ كەلگەن بېلىقلار بۇ كۆلچەكلەرگە كىرىپ قېلىپ چىقالمايتتى. ئۇلار شەنبە كۈنى كۆلچەككە كىرگەن بېلىقلارغا چېقىلماستىن، يەكشەنبە كۈنى تۇتاتتى. يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە مۇشۇ شەكىلدە ھىيلە ئىشلىتىپ، خىلاپلىق قىلغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ھىيلە ئىشلەتكەنلەرنى ياقتۇرمايدۇ ۋە بۇ ھەقتە: ﴿وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ الَّذِينَ اعْتَدَوْا مِنكُمْ فِي السَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا قِرَدَةً خَاسِئِينَ﴾ «ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى) ئەلۋەتتە بىلىسىلەر. بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق)

---

[1] سۈرە ئەئراف، 163-ئايەت

دېگەن. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسى بىلىدىغان مەشھۇر ۋەقەلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «ئېنىق بىلىسىلەر» دېگەن ئىپادە قوللانغان. گەرچە بۇ ئايەتتە خىتاب قىلىنىۋاتقانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەھۇدىيلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ئەھۋاللارنى بىلەتتى. بۇ ھەربىر يەھۇدىي بىلمىسە بولمايدىغان، كېيىنكىلەرگە ئېيتىپ قالدۇرىدىغان ۋەقەلىك بولۇپ قالغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا مەلۇم نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئارقىدىنلا: ﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ﴾[1] «ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «ئاللاھ ھارام قىلغانغا يېقىنلاشماڭلار» دېيىش ئارقىلىق بىزنى ئېزىپ كېتىشتىن، گۇناھ ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىدۇ. لېكىن بەنى ئىسرائىل ئىتائەت قىلغان شەكىلگە كىرىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئاسىي بولدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھنى ئالدىماقچى بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا: ﴿فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا قِرَدَةً خَاسِئِينَ﴾ «بىز ئۇلارغا: خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار - دېدۇق» دەپ، مايمۇن بولۇپ كېتىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى. ئادەتتە بىر كىشىنى بىر ئىشقا بۇيرۇساق، ئۇ كىشىنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئىشقا بۇيرۇيمىز. بۇ يەردىكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى «مايمۇن بولۇپ كېتىش» بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىنى ئۆزگەرتىپ مايمۇن بولالامدۇ؟ ئۆزگەرتىش ۋە يارىتىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش تۇرسا، ئاللاھ نېمىشقا ئۇلارغا «مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دەيدۇ؟

---

[1] سۈرە بەقەرە، 187-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ يەردىكى بۇيرۇق قىلغۇچى بولسا ئاللاھ، ئۇلارنى مايمۇن قىلالايدىغان زاتمۇ ھەم ئاللاھتۇر. بۇ بۇيرۇق ئەرەب تىلىدىكى كىنايە شەكلى بولۇپ، بىر كىشىنى «تاياق يە، تاياقنىڭ تەمىنى تېتىپ باق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ تۇرۇپ ئۇرغىنىمىز ئۇ كىشىنى مەسخىرە قىلغانلىق بولۇپ، «ئۆزۈڭ تاياق يەۋالغىن» دېگەنلىك بولمايدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇ يەردىكى «مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېگەنلىك كىنايە قىلغانلىق بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە مايمۇن بولۇپ كېتىش ئۈچۈن قىلىنغان بۇيرۇق ئەمەس. بۇ بۇيرۇلغۇچىنىڭ خاھىشى بولمىسىمۇ، بۇيرۇغۇچىنىڭ بۇيرۇقىغا مەجبۇرىي بويسۇنىشىدۇر. ئەگەر ئىش بۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك «مايمۇن بولمايمىز» دەپ بولمايدىغان ئىش بولسا، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. لېكىن بۇ بۇيرۇق چۈشۈشتىن بۇرۇنلا ئۇلار مايمۇن بولۇپ بولغان. ئۇلارنىڭ بۇنى ئاڭلىرىپ «بىزنى مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار، دېدى» دەپ ئويلانغۇدەك پۇرسىتىمۇ بولمىغان.

بۇ ئايەتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ مايمۇن بولۇپ كېتىشى توغرىسىدا ئالىملار ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولدى. بەزى ئالىملار: «ئۇلار بىلىپ-بىلمەي مايمۇنغا ئۆزگىرىپ كەتكەن» دېسە، بەزىلىرى: «ئۇلار ئىنساندىن تۆۋەنرەك بىر مەخلۇققا ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە يېمەستىن-ئىچمەستىن ئۆلگەن» دېيىشكەن. يەنە بەزىلەر: «ئىنسان باشقا مەخلۇققا ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋاقتىدا نەسىل قالدۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ نەسلى ئۆزگىرىپ كەتكەن سەۋەبتىن مۇنقەرز بولۇپ تۈگەپ كەتتى» دېگەن. ئۇلار نېمىشقا نەسىل قالدۇرالمايدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾[1] «ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار) دېگەن. ئەگەر بۇلارنىڭ نەسلى داۋاملاشسا، قىلغان گۇناھنى بالىلىرى تارتىشقا توغرا

[1] سۈرە ئەنئام، 164-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

كېلىدۇ ۋە بالىلىرى ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ، بۇنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ. بەزى ئالىملار: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بۇلار يېمەي-ئىچمەي، نەسىل قالدۇرماي بىر مەزگىل ياشاپ، ھەرخىل كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلۈپ تۈگىگەن» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «بۇ يەھۇدىيلار مايمۇنغا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، بۈگۈنكى يەھۇدىيلار قەيەردىن پەيدا بولغان؟» دەپ سوئال سورىلىشى مۇمكىن. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ ئاسىي بولغانلار ئاز بىر قىسىم يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلار مايمۇنغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ھازىرقى يەھۇدىيلار ئۆز پېتى قالغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بەزى ئالىملار بۇ ۋەقەلىكنى: ﴿قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللَّهِ مَن لَّعَنَهُ اللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ أُولَٰئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَاءِ السَّبِيلِ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «سىلەرگە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ (ئۇ شۇنداق) كىشىلەرنىڭ (جازاسىكى)، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى، ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ يامانىدۇر (يەنى دوزاختۇر)، (ئۇلار) توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر» دېگەن ئايەت ئارقىلىق چۈشەندۈردى. بۇ ئايەتتىن قارىغاندا يەھۇدىيلار ئاللاھ غەزەپ قىلغان قەۋم بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى مايمۇنغا، بەزىسىنى چوشقىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن، يەنە بەزىسىنى تاغۇتلارغا قۇل قىلىۋەتكەن. ئاللاھ بېشىدىكى ئايەتتە شەكلىنى مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋەتكەن بىر قىسىم يەھۇدىيلار ھەققىدە سۆزلىدى، ئەمما چوشقىغا ئۆزگەرتكىنىنى تىلغا ئالمىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەزەپ قىلىپ راستتىنلا مايمۇن ۋە چوشقىلارغا

[1] سۈرە مائىدە، 60-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايلاندۇرۇۋەتتىمۇ ياكى ئىنساني قىممەت قارىشىنى هايۋاني قاراشقا، شەكلى ۋە ئىرادىسىنى هايۋانلىققا ئۆزگەرتىۋەتكەنمۇ؟

بىز ئاۋۋال ئاللاھ يەھۇدىيلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن هايۋانلارغا قاراپ باققىنىمىزدا، مايمۇننىڭ ئەۋرەتلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقنى بايقايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا مايمۇن تاياق بىلەن تەربىيە قىلىنىدىغان هايۋان. يەھۇدىيلارمۇ مايمۇنغا ئوخشاش بولۇپ، دىنىنىڭ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلماي، تۇر تېغى ئۈستىگە تىكلىنىپ تەهدىت سېلىنغان ۋاقتىتا قوبۇل قىلغان. بۇ ئايەتتىكى «مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېگەنلىكى شەكىل جەھەتتە ئەمەس، مىجەز-خۇلق جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. چوشقا بولسا ئۆزىنىڭ جۈپتىنى كۈنلىمەيدىغان هايۋان بولۇپ، بۇ خىل سۈپەتمۇ ھەم يەھۇدىيلاردا تېپىلىدۇ. ئۇچىنچى سۈپەت بولسا تاغۇتقا ئىبادەت قىلىش. «تاغۇت» زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقۇچى، دېگەنلىك بولىدۇ. زالىمنىڭ زۇلمىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەر تاغۇتقا ئىبادەت قىلغان، تاغۇتنىڭ قولچوماقچىلىرى بولغان بولىدۇ. بۇ سۈپەت ھەم يەھۇدىيلاردا تېپىلىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزگىرىش مەسىلىسى مەيلى شەكلي ياكى مىجەز جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم بولسۇن، بىز بۇگۈن چۈشەندۈرۈۋاتقان ئايەتتە شەكلي تەرەپتىن ئۆزگەرگەنلىكى چىقىدۇ. سۈرە «مائىدە»دىكى ئايەتتە ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزگەرگەنلىكى چىقىدۇ. ئىككى ئايەتنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىنىمىزدە، يەھۇدىيلارنىڭ هەر ئىككى تەرەپتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

# سۈرە بەقەرە 66-ئايەت

﴿فَجَعَلْنَاهَا نَكَالًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ﴾

## «ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زاماندىشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت قىلدۇق»

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەلىكنى سۆزلىشىنىڭ گۇناھكارلار ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بىر كىشىنى جازالاشنىڭ شەرتى ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قانداق قىلسا جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى دەپ قويۇشتۇر. مەسىلەن: ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇرۇن ئوغرىلىقنىڭ جازاسىنىڭ قول كېسىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. بىلىپ تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلسا، قولى كېسىلىدۇ. «نَكَالًا» دېگەن «قاتتىق جازا» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ بىلدۈرۈپ قويۇلماستىن ئىجرا قىلىنمايدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ پرىنسىپىدۇر. قانۇنشۇناسلار: «جازا بېكىتىلمىگەن ئەھۋالدا جازالاشقا بولمايدۇ، جازا ئېنىق نىزاملار بىلەن بولىدۇ، جىنايەتنىڭ جازاسى ئاشكارا ئېلان قىلىنىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ.

شەرىئەتنى يولغا قويۇش «ئاللاھ جازانى يولغا قويدى» دېگەنلىك بولمايدۇ. قانۇن يولغا قويۇشتىن بولغان مەقسەت باشقىلارنى شۇ خىل خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن بولىدۇ. جىنايەت شەكىللەنگەندە جازا ئىجرا قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى جازانى ئىجرا قىلغانلىق باشقىلارنىڭ شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشىنى چەكلەش ۋە ئىبرەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلىش ھېسابلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتە: ﴿فَجَعَلْنَاهَا نَكَالًا﴾ «ئازاب قىلدۇق» دېگەنلىكى بەنى ئىسرائىلنىڭ يەنە قايتىدىن بۇ خاتالىقنى ئۆتكۈزمەسلىكى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ھىيلە ئىشلەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

﴿نَكَالًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا﴾ «بۇرۇنقىلارغا ئازاب قىلدۇق» دېگەن ئايەت شۇ دەۋردىكى ئازابنى كۆرگەنلەرنىڭ شۇ خىل خاتالىقنى مەڭگۈ سادىر قىلماسلىقى، ئۇلارغا دەرس بولۇپ ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ﴿وَمَا خَلْفَهَا﴾ «كېيىنكىلەرگە ھەم ئىبرەت قىلدۇق» بولسا ئاللاھنىڭ بۇ جازاسى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇش، ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەلىكنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد سۆزلىنىدىغان ھېكايە سۈپىتىدە بايان قىلغان.

﴿وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ﴾ «تەقۋادارلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلدۇق»، يەنى، ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن ۋە ئۇلارنى جازالىغان بۇ ۋەقەلىكنى پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى، تەقۋادارلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى خىلمۇ-خىل ئازابلاردىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن يەتكۈزدى. دىققەت قىلىدىغىنىمىز، ئىلاھىي پىرىنسىپ بولغان جازانى ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئېلان قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا﴾[1] «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق» دېگەن. ئاۋۋال پەيغەمبەر كېلىپ قايسى ئىشلارنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بېكىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىرەرسى شۇ خىل جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئۇ جازاغا لايىق بولىدۇ. بەزى يەرلەردە بىرى بۇرۇن جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، يېڭى قانۇن چىقىرىپ ئۇنى بۇرۇنقى جىنايىتى ئۈچۈن جازالايدۇ. بۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە

[1] سۈرە ئىسرا، 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ۋە ئـــادالىتىگە ئۇيغـــۇن بولمىغـــان ئىشـــتۇر. ئاللاھنىـــڭ ئادالىتىـــدە بۇنـــداق كەينىگە قايتۇرۇپ جازالايدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 47-دەرس

## سۈرە بەقەرە 67-ئايەت

﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ إِنَّ اللَّـهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا بَقَرَةً ۖ قَالُوا أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًا ۖ قَالَ أَعُوذُ بِاللَّـهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: ‹ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ› دېگەن ئىدى. ئۇلار: ‹بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟› دېدى. مۇسا: ‹جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن› دېدى»**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلنىڭ بەرگەن نېئمەتكە شۈكۈر قىلمىغانلىقىنى ۋە ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. سۈرە «بەقەرە»نىڭ بېشىدا بۇ ئايەت ھەققىدە سۆزلەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرە «كالا سۈرىسى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا "إِذْ" «ئەسلەڭلار» دېگەن ھەرپنى ئەكېلىپ: ﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ إِنَّ اللَّـهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا بَقَرَةً﴾ «ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە : ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ - دېگەن» دېدى. لېكىن ئاللاھ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇغانلىقىنى دېمىدى.

ۋەقەلىكتىكى سەۋەبنى بىلىش ئۈچۈن، ئايەتنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ﴿وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَادَّارَأْتُمْ فِيهَا وَاللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَٰلِكَ يُحْيِي اللَّهُ الْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾[1] «ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دە-تالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر. (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ». بەنى ئىسرائىلدا ناھايىتى باي بىر ئادەمنى تۇغقانلىرىدىن بىرى پۇل-مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ، قوشنا قەبىلىگە چېگرىلىنىدىغان يەرگە ئاپىرىپ، خۇددى شۇ قەبىلىدىكىلەر ئۆلتۈرگەندەك مەيدان ياساپ تاشلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا جەڭگى-جېدەل باشلىنىپ، ئاخىرىدا بۇ ۋەقەلىك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەن ۋە كىشىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «رەببىڭگە دۇئا قىلساڭ، قاتىلنىڭ كىملىكىنى دەپ بەرگەن بولسا» دېگەن.

ئەسلىدە ھەرقانداق ئىشتا بۇيرۇقتىن بۇرۇن سەۋەبى ئالدىدا كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئايەتنىڭ بۇنداق كېلىشى قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ بۈيۈكلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئاۋۋال سەۋەبنى سوراش بۇيرۇقنىڭ سىز بىلەن تەڭ ئادەمدىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر سىزگە بىرى «بۇ ئىشنى قىلىڭ» دېسە، «نېمىشقا قىلىمەن؟» دەپ سورايسىز. دېمەك، بۇيرۇق بىز بىلەن تەڭ ئادەمدىن كەلسە، سىز ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورايسىز. لېكىن بۇيرۇق سىزدىن دەرىجە جەھەتتە يۇقىرى ئادەمدىن كەلسە سورىيالمايسىز.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 72، 73-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسىلەن: دادىسىنىڭ بالىغا، دوختۇرنىڭ كېسەلگە ياكى قوماندانىڭ ئەسكەرگە قىلغان بۇيرۇقلىرىنىڭ سەۋەبى سورالماستىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان ھەرقانداق بىر بۇيرۇقتا بەندە ئاۋۋال سەۋەبىنى سوراپ ئاندىن ئىجرا قىلسا، ئاللاھ تائالا ساۋاب بەرمەيدۇ ۋە بۇ بۇيرۇقنى سەۋەبى تۈپەيلىدىن قىلغان بولىدۇ. دېمەك، مۇئمىن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن بۇيرۇقنى سەۋەبىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئىتائەت قىلغان شەكىلدە قوبۇل قىلىپ، ئىجرا قىلىشى كېرەك. بىزگە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەرقانداق بۇيرۇقنىڭ سەۋەبى بولسا ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بۇيرۇقنى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئى ئاللاھنى پەرۋەردىگار، ئىلاھ، ياراتقۇچى دەپ ئىمان ئېيتقانلار، ئاللاھدىن كەلگەن بۇ بۇيرۇقنى ئال ۋە ئىجرا قىل. چۈنكى سېنى بۇيرۇغان زاتنى، ئىلاھ دەپ ئىمان ئېيتتىڭ» دەپ باشلايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ قىسسىسى ئارقىلىق، بىزگە كەلگەن بۇيرۇقنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش ۋە سەۋەبلىرى بىلەن قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھدىن بەنى ئىسرائىلغا ئاۋۋال كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇق كەلدى. ئەگەر بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىمانى دەرھال كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيالىغان بولسا مەسىلە ھەل بولاتتى. ئاللاھ بىزگە شۇنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن 67-ئايەتتە كالا بوغۇزلاش بۇيرۇقىنى، 73-ئايەتتە بولسا سەۋەبىنى كەلتۈردى. مەسىلەن: سىزنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭىز، (سەۋەبىنى بىلىش ياكى بىلمەسلىك) ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىنىڭىزدۇر. سىز ئاللاھنىڭ ناماز ئوقۇش بۇيرۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇدىڭىز. ئەگەر نامازنى «سەھەر تۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ياكى بوغۇملارنى يۇمشىتىشقا كېرەكلىك ھەرىكەت» دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن ئوقۇسىڭىز، ساۋاب ۋە ئەجىرگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەگەر تەنتەربىيە مەشىقى قىلماقچى بولسىڭىز، كۆلۈبتا مەشقاۋۇللار چېنىقتۇرۇپ قويىدۇ. بەدىنىڭىزنى ئۆلچەملىك قىلماقچى

بولسىڭىز، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرى بار. ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلماقچى بولسىڭىز، ئاللاھ پەرز قىلغان نامىزىڭىز ئۈچۈن بولۇشى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل شەكىلدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. روزا ئادەمگە ئاچلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇش ياكى ئورۇقلاشنىڭ ۋاستىسى بولماستىن، بەلكى بىر ئىبادەتتۇر. ئەگەر سىز رامىزاننى ئىبادەتتىن باشقا ھەرقانداق بىر سەۋەب يۈزىسىدىن تۇتسىڭىز، ھېچبىر ئەجىر بېرىلمەيدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ شېرىكتىن بىھاجەت زاتتۇر. ئىبادىتىڭىزنى ئاللاھتىن باشقا يەنە بىر سەۋەب ئۈچۈن قىلغان بولسىڭىز، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىسىز، ھەمدە سىزنى «ئەجرىنى شۇ يەردىن ئېلىشىڭىز» ئۈچۈن، شېرىك قىلغان نەرسىڭىزگە تاشلاپ قويىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا «كالا قىسسەسى»دە دىققىتىمىزنى تارتماقچى بولغان ئىمان ئۇقۇمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇ ئايەتتە تۇنجى بولۇپ سەۋەبنى ئەكەلمىدى. ئاندىن قىسسەنى داۋام قىلىپ، ۋەقەلىكنىڭ سەۋەبنى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا دەپ بەردى.

﴿إِنَّ اللَّـهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا بَقَرَةً﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى ئاللاھ تائالا تۇنجى بولۇپ بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىجرا قىلىش دائىرىسى ۋە ئىمانىنىڭ كۈچىنى سىناش ئۈچۈن قىلدى. لېكىن بەنى ئىسرائىل ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئورنىغا، جېدەل قىلىپ كەينىگە تارتتى. ﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ﴾ ئايەتتىكى "قەوم" دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ئەرلەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرئاندىمۇ مۇشۇ خىل شەكىلدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰ أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَىٰ أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ﴾[1] «ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە)

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 11-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. دېمەك، "قوم" دېگەن سۆز ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب شائىرنىڭ:

وَمَا أَدْرِي وَسَوْفَ إِخَالُ أَدْرِي

أَقَوْمٌ آلُ حِصْنٍ أَمْ نِسَاءُ

بىلمىدىم، بىلمەن دەپمۇ ئويلىمايمەن،

قورغاندىكىلەر ئەرلەرمۇ ياكى ئاياللارمۇ؟

دېگەن شېئىرىدا "قوم"دېگەن سۆز «ئەرلەر» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىش، ئىدارە قىلىش، يۈرۈشتۈرۈش ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئاياللارنىڭ ھاياتى ئائىلىدە يېپىق ھالەتكە ئاساسلىنىپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىق پۈتۈن ئىشلىرىنى ئەرلەر قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى يولدىشى، ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ھۇزۇرى بولۇشى كېرەك. ئائىلىدە يېتىلىپ چىقىدىغان ئەۋلادلار ئاياللارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولغاچقا، بۇ ساھەدە ئۇلارنىڭ خىزمىتى ناھايىتى چوڭ.

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئايەتتىكى بۇيرۇش بىر ئىشنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇيرۇغۇچى بۇيرۇلغۇچىدىن ئۈستۈن بولسا "أمر" «بۇيرۇق»، ئەگەر ئىككى تەرەپ تەڭ بولۇپ قالسا "إلتماس" «ئىلتىماس»، ئەگەر بۇيرۇغۇچى دەرىجە جەھەتتە بۇيرۇلغۇچىدىن تۆۋەن بولسا "رجاء و دعاء" «ئۈمىد ۋە دۇئا» دەپ

ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا قارىساق: ﴿هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُ قَالَ رَبِّ هَبْ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً﴾[1] «شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» دېيىلگەن. بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇق زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن بولۇپ، بۇيرۇق مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى دۇئادۇر. دۇئا دېگەن تۆۋەن تەرەپتىن يۇقىرى تەرەپكە بولغان ئۈمىدنى كۆرسىتىدۇ.

ئاددىي نەرسىنى چۈشىنىدىغان ئىنساندىن كالا بوغۇزلاش تەلەپ قىلىنسا، بۇ سۆزنى يەنە چۈشەندۈرۈشكە ئېھتىياج قالامدۇ!؟ ئەگەر بۇلار كالىدىن بىرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، جاپا تارتماستىن ھەممە ئىش تۈگىگەن بولاتتى. ئاللاھ بۇلارنى كالا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىش پەقەت ئىجرا قىلىش ئىدى. لېكىن بۇلار ئۆزىگە كەلگەن بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئويلاپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «بىز سەندىن قاتىلنى سورىساق، ‹كالا بوغۇزلا› دەپ، بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن» دېيىشتى. بۇلار ئاللاھنىڭ «مۇنداق كالا» دەپ تۈرىنى بېكىتمەستىن، پەقەت كالا بوغۇزلاشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا «بىزنى مەسخىرە قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، «بۇ مەسىلە ئاللاھقا ئېغىر كەلدى، ئەمەلىيەتتە مەسىلە كالا بوغۇزلاش بىلەنلا ھەل بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «ئاللاھنىڭ بىرەر بۇيرۇقنى مەسخىرە، چاقچاق يولى بىلەن يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەر بارمۇ؟» دەپ تەئەججۈپلەندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاللاھ، پەيغەمبەر ۋە ئاخىرەت ھەققىدە قاتتىق نادان ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرنەرسىنى ئاللاھنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئەمەس، ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۆلچەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاسمانغا

[1] سۈرە ئال ئىمران، 38-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈزلىنىپ، بۇ نادانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىدى. ئۇلار شۇ دەرىجىدە نادانكى، ئاسان ئىش كەلسە، ئاللاھ تائالادىن تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ھاياتىدىكى ھەممە نەرسىنى مۇشەققەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى خالايتتى.

## سۈرە بەقەرە 68-ئايەت

﴿قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌ بَيْنَ ذَٰلِكَ فَافْعَلُوا مَا تُؤْمَرُونَ﴾

**«ئۇلار: ‹بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن› دېدى. مۇسا: ‹ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن، دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار› دېدى»**

بۇ ئايەتتىكى سوئال بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىمان دەرىجىسىنىڭ كەملىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇلار "ادْعُ لَنَا ربنا" «ئى مۇسا، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىزغا دۇئا قىلىپ بەر» دېمەي، خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭلا پەۋەردىگارىدەك ﴿ادْعُ لَنَا رَبَّكَ﴾ «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن» دېدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ سۆزىدىكى بۇ خىل ئۇسلۇب نەچچە رەت تەكرارلانغان بولۇپ، بۇنى قۇرئان كەرىم ھېكايە قىلىپ: ﴿فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلَا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ﴾[1] «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېگەن. سۆھبەت بەنى ئىسرائىل بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتى. بۇلار بىر سوئالنى قويىدۇ، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ ۋە جاۋاب

[1] سۈرە مائىدە، 24-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھدىن كېلىدۇ. بۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، مەسىلىنى تۈگىتىشنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سوئال قويىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىدۇ، جاۋاب كەلسە، جاۋابنى يەنە بىر سوئالغا يۆتكەيدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا مۇنازىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى كېسىپ، كالىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېنىق قىلىپ، پەقەت بىرلا كالىدا تېپىلىدىغان سۈپەتنى بايان قىلدى. ئۇلار ئاۋۋال مەسىلىنى ئۆزلىرى ئېغىرلاشتۇرغاچقا، ئاللاھ ئۇلارغا ئېغىرلىتىپ قويدى.

بەنى ئىسرائىلنىڭ سوئالىغا كەلسەك: ﴿قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ﴾ «ئۇلار: بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېگەن. بۇ ھېچقانداق مەنىسى يوق، ھەمدە ئۆز ئورنىغا چۈشمىگەن بىر سوئال ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇلارغا ئېنىق ھالدا بىر كالا دېگەن بولۇپ، «ھايۋان» دەپ مەۋھۇم كەلتۈرگىنىمۇ يوق. ئەگەر «ھايۋان» دېگەن بولسا، «قانداق ھايۋان؟» دەپ سورىسا بولاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ﴿إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ﴾ «ئۇ قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس كالا» دېدى. "فَارِضٌ" دېگەن سۆز «كەۋرى، چوڭلۇق»نى بىلدۈرىدۇ. لېكىن كەۋرىلىك بىلەن كالىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ كالا سۈت ياكى موزايلاش ئۈچۈن كۆپ بوغاز بولىدىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك سۈت خالتىسى چوڭىيىدۇ، قورسىقىمۇ ھەر قېتىملىق ھامىلە سەۋەبلىك يوغىنايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كالىنىڭ قورسىقى چوڭ، كەۋرى بولسا، كۆپ تۇغقان ۋە قېرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ خىل كالا ئەرەب تىلىدا "فَارِضٌ" دەپ ئاتىلىدۇ. "بكر" دېگەن سۆزنىڭ بىر قانچە خىل مەنىسى بولۇپ، ئەركەك كالا چېقىلمىغان ياكى پەقەت بىر قېتىملا تۇغقان يېشى كىچىك كالا "بكر" دېيىلىدۇ. ﴿عَوَانٌ بَيْنَ ذَلِكَ﴾ «ئوتتۇرا ياش» بولسا يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كالىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇلارنى ئەيىبلەپ: ﴿فَافْعَلُوا مَا تُؤْمَرُونَ﴾ «سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى. يەنى، «مۇنازىرە يېتەرلىك، ئاللاھنىڭ

بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، كالا بوغۇزلاڭلار» دېدى. لېكىن بۇلار بولدى قىلماي، سوئالنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى



## سۈرە بەقەرە 69-ئايەت

﴿قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوْنُهَا ۚ قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَاءُ فَاقِعٌ لَّوْنُهَا تَسُرُّ النَّاظِرِينَ﴾

**«ئۇلار: ‹بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن› دېدى. مۇسا ئېيتتىكى: ‹ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن، دېدى› »**

ئاللاھ بۇلارغا ئالدىنقى ئايەتنىڭ ئاخىرىسىدا: ﴿فَافْعَلُوا مَا تُؤْمَرُونَ﴾ «بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېسىمۇ، ئۇلار كالىنىڭ يېشى بايان قىلىنغاندا رەڭگىنىمۇ سورىدى. ئاللاھ بۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ﴿قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَاءُ﴾ «سېرىق رەڭلىك» دەپ، ئاندىن: ﴿فَاقِعٌ لَّوْنُهَا﴾ «ساپسېرىق بولسۇن» دېدى. ئاخىرىدا: ﴿تَسُرُّ النَّاظِرِينَ﴾ «موزاينىڭ شوخلۇق، پاكىزلىق، كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەل، جىسمىنىڭ ماس كەلگەنلىكىدىن قارىغان ئادەم قاتتىق خۇشال بولىدىغان كالا» دېدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كالىنى «ساپسېرىق» دەپ سۈپەتلىدى. بۇ رەڭ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق. لېكىن بىر خىل رەڭنىڭ ئىچىدىمۇ ئوبدان قارىمىسا پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان نەچچە دەرىجىلىرى بار. شۇڭا رەڭلەردىكى پەرقلەرنى چوقۇم ئالدى بىلەن بىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئۆزى مەقسەت قىلغان رەڭنى ئەكەلگىلى بولىدۇ. سېرىق رەڭنىڭمۇ نۇرغۇن دەرىجىلىرى بولغاچقا، بىر رەڭنى مۇتلەق سېرىق رەڭ دېيەلمەيمىز. شۇنىڭ

ئۈچۈن سىرچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۆينى ئوخشاش شەكىلدە سىرلاش ئۈچۈن، چوقۇم تۇنجى قىلىپ پۈتۈن رەڭنى ئۆيگە يېتىپ ئاشقۇدەك مىقداردا تەڭشىۋېلىپ، ئاندىن سىرلايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا پۈتۈن ئۆينىڭ رەڭگى بىر خىل چىقىدۇ. دېمەك، ئاللاھ مەسىلىنى روشەن بايان قىلىپ، كالىنىڭ رەڭگىنى «ساپسېرىق» دەپ سۈپەتلەپ بولدى. بەنى ئىسرائىلغا كالىنىڭ يېشى، شەكلى ۋە كۆرۈنۈشى قاتارلىق شۇنچە روشەن سۆزلەر يېتەرلىك ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا بولدى قىلماي رەڭگىنىمۇ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 70-ئايەت

﴿قَالُوا ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ الْبَقَرَ تَشَابَهَ عَلَيْنَا وَإِنَّا إِن شَاءَ اللَّـــهُ لَمُهْتَدُونَ﴾

**«ئۇلار: ‹پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى، (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) ئاللاھ خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز› »**

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى ئەدەبلەشنى خالىدى. ئۇلار دېيىلگەن كالىنى ئىزدەشكە باشلاپ، بىرسى بىر كالىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرسى باشقا بىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزئارا تالىشىپ، بىرىلگەن سۈپەتلەر بىلەنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەي ﴿فَافْعَلُوا مَا تُؤْمَرُونَ﴾ «بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېگەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنتۇپ، داۋاملىق سوئال سوراشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئۇنتۇپ قالغان ئاللاھنى ئەسلەپ، قارشىلىق پسىخىكىسى تۈپەيلىدىن گاڭگىراپ، ئۆزلىرىنى بىر يولغا باشلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە كالىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق بولۇشىنى پەرۋەردىگارىدىن سوراشنى تەلەپ قىلدى.

## سۈرە بەقەرە 71-ئايەت

﴿قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ الْأَرْضَ وَلَا تَسْقِي الْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا قَالُوا الْآنَ جِئْتَ بِالْحَقِّ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُوا يَفْعَلُونَ﴾

**«مۇسا: ‹ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغۇرۇپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى› دېدى. ئۇلار: ‹ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ› دېدى. ئۇلار (كالىنى) تېپىپ كېلىپ بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى»**

ئايەتتىكى "ذَلُولٌ" «كۆندۈرۈلگەن، كىشىنى جاپاغا سالماي ئۆزىنىڭ ئىشىغا كېلىدىغان كالا» نى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلارغا: «كۆندۈرۈلمىگەن، ھېچكىم ھەيدەپ باقمىغان، ئىش قىلىپ باقمىغان، ئۆز تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى بىلەن ئېتىزلارغا باشقۇرغۇچىسىز قويۇۋېتىلگەن كالا» دېگەن. ﴿تُثِيرُ الْأَرْضَ﴾ «دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلمىگەن»، ﴿وَلَا تَسْقِي الْحَرْثَ﴾ «زىرائەتلەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن»، ﴿مُسَلَّمَةٌ لَّاشِيَةَ فِيهَا﴾ «قولىقى تېشىلمىگەن ئەيىب-نۇقسانسىز، باشقا كالىلاردىن ئايرىيدىغان ئالامەت يوق، ئۆزىنىڭ توق سېرىق رەڭگىدىن باشقا ھەرقانداق رەڭدىن خالى» دېگەنلىك بولىدۇ.

بەنى ئىسرائىل كالىنىڭ سۈپەتلىرىنى تاللاشتا قىينچىلىق ھېس قىلدى. ئۇلار يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر چۈشىدىغان كالىدىن پەقەت بىرنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېپىپ، خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەق گەپ قىلمىغاندەك: ﴿اَلْآنَ جِئْتَ بِالْحَقِّ﴾ «ئەمدى توغرا گەپ قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى يەنە سوزماقچى بولۇپ، كالىنى بوغۇزلىغۇسى يوق ھالەتتە بوغۇزلىدى.

سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كىشى تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىغىنىڭىزدەك، مۇئمىنلەر ئاللاھتىن كەلگەن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَسَارِعُوا إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار» دەۋاتىدۇ. مۇئمىنلەردىكى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشتىكى بۇ قەدەر ھېرىسمەنلىك ئۇلارنىڭ بۇيرۇققا ئاشىق ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

﴿وَمَا كَادُوا يَفْعَلُونَ﴾ «(ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى» دېگەن ئايەتتىن بۇلارنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش، كېچىكتۈرۈش ۋە كەينىگە تارتىشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرىمىز. بەنى ئىسرائىلنىڭ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا بۇ قەدەر كەينىگە تارتىشى ئىمان مەسىلىسىدۇر. ئاللاھ قويغان تەلەپ ئۇلارنىڭ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلماسلىقى سەۋەبلىك پەقەت بىرلا كالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، تەستە تېپىلىدىغان تەلەپكە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، «كالىنىڭ ئىگىسى كالىنى ئەڭ يۇقىرى باھادا ساتسۇن» دەپ، ئاللاھ بەنى ئىسرائىلغا قىينىلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: بەنى ئىسرائىلدا ھالالدىن كەسىپ قىلىدىغان سالىھ بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىمانىدا راستچىل ئىدى. بۇ كىشىگە ئۆلۈم ھازىر بولغاندا ئايالى، كىچىك

[1] سۈرە ئال ئىمران، 133-ئايەت

بىر ئوغلى ۋە بىر دانە كالىسى بار ئىدى. بۇ كىشى ئاللاھقا: «ئى ئاللاھ، سىلىگە مۇشۇ كالامنى بالام ئۈچۈن ئامانەت قويىمەن» دەپ دۇئا قىلىپ، كالىنى ھېچكىمگە تاپشۇرماستىن، خاتىرجەم ھالدا ئاللاھقا ئامانەت قويدى. ئاندىن ئايالىغا: «مېنىڭ بۇ بىر كالىدىن باشقا مال-مۈلۈكۈم يوق، كالامنى ئاللاھدىن باشقىسىغا ئەمەس بولالمىغاچقا، ئۇنى ئوتلاقتا قويۇۋەتتىم» دېدى. بالا چوڭ بولغان ۋاقىتتا ئانىسى بالىغا: «داداڭ ساڭا ئاللاھنىڭ قېشىدا كالا ئامانەت قويغان» دېۋىدى، بالا: «ئانا، ئۇنى قەيەردىن تاپىمەن؟» دېدى. ئانا بالىغا: «داداڭغا ئوخشاش بول ئوغلۇم! داداڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئامانەت قويدى. سەن تەۋەككۇل قىلىپ، قايتۇرۇپ كەل» دېدى. بالا: «ئى ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ پەرۋەردىگارى، دادام ساڭا قويغان ئامانەتنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ» دېدى ۋە كېلىۋاتقان كالىنى كۆردى. بالا ئۇنى ئانىسىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، بەنى ئىسرائىل بۇ كالىنى كۆرۈپ، «مانا بۇ بىزدىن پەرۋەردىگارىمىز تەلەپ قىلغان كالا شۇ ئىكەن» دەپ سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. بالا: «قانچىگە ئالىسىلەر؟» دېۋىدى، بەنى ئىسرائىل: «ئۈچ دىنار» دېدى. بالا مەسلىھەت سېلىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ قېشىغا باردى. بەنى ئىسرائىل بالىنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ باھانى رەت قىلىپ، ئۇنىماسلىقىدىن ئەنسىرەپ: «ئالتە دىنار بولسۇن» دېدى. ئانا بۇ باھاغا قوشۇلمىدى. بالا: «مەن بۇ كالىنى تېرىسى توشقۇدەك ئالتۇن بەرسەڭلار ساتىمەن» دېۋىدى، ئۇلار بالىغا دېگىنىنى بەردى. بۇ قىسسەدىن دادىنىڭ سالىھلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ شۇ كىشىنىڭ بالىلىرىنى ساقلاپ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشىدىكى چوڭ ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 48-دەرس

## سۈرە بەقەرە 72-ئايەت

﴿وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَادَّارَأْتُمْ فِيهَا وَاللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دە-تالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر»**

ئايەتتىكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ جەرىيانى مۇنداق: بەنى ئىسرائىلدا باي بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ مىراس ئالغۇدەك بىرمۇ بالىسى يوق ئىدى. تۇغقانلىرىنىڭ ھەربىرى بۇ كىشىنىڭ مىراسىنى ئېلىشنى ئويلايتتى. پۇل-مال بەنى ئىسرائىلغا نىسبەتەن ھاياتلىق ھېسابلىناتتى. قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بۇ كىشىنىڭ مال-دۇنياسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن قاتىل بۇ جىنايىتىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ، قوشنا قەبىلىنىڭ ئادەملىرىنى قاتىل كۆرسىتىش ئۈچۈن، جەسەتنى قوشنا قەبىلىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە تاشلاپ قويدى. تاڭ ئاتقاندا قوشنا قەبىلىدىكىلەر ئىشىكى ئالدىدا يات بىر جەسەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىرىدا بۇ باينىڭ قېرىندىشىنىڭ يېنىغا باردى. شۇنىڭ بىلەن باينىڭ تۇغقانلىرى يىغلىپ، «قېرىندىشىمىزنى قوشنا قەبىلىدىكىلەر ئۆلتۈردى» دەپ تۆھمەت قىلدى. تۆھمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە بەكرەك

چىك تۇرغىنى قاتىلنىڭ ئۆزى ئىدى.

﴿فَادَّارَأْتُمْ فِيهَا﴾ «(قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دە-تالاش قىلىشقان ئىدىڭلار» دېگەن ئايەتتىكى "دَرأ" سۆزى بىر ئىشنى ھەممە كىشى ئىنكار قىلىپ، باشقىلار تەرىپىگە ئىتتىرگىنىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئايەتتىكى "ادَّارَأْتُمْ" «سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار بۇ جىنايەتنى ئۆزىدىن ئىتتىرىپ، مەن ئەمەس» دېگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەركىشىنىڭ ئۆزىدىن باشقىسىنى جىنايەت بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مۇھىمى ھەركىم ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشتۇر. ئىككى قەبىلە كىشىلىرىدىن ھەربىرى بۇ جىنايەتتىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ، بىر-بىرىنى ئەيىبلەشكە تىرىشتى. ئىككىلا قەبىلىنىڭ تۆھمەتنى كۆچلەندۈرىدىغان مۇئەييەن دەلىلى بولمىغاچقا، بۇ جىنايەتنى مۇئەييەن قەبىلە ياكى شەخسكە قارىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇ دەۋردىكى قانۇن بۇ مەسىلىنى بىر قەبىلىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئۆلۈك تېپىلىپ، بۇنىڭ قاتىلى تېپىلمىسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قەبىلىسىدىكى كىشىلەر جەسەت تېپىلغان قەبىلىدىن ئەللىك كىشىنى ئېلىپ چىقىپ، «بىز ئۆلتۈرمىدۇق ھەم قاتىلنىمۇ بىلمەيمىز» دەپ قەسەم قىلدۇراتتى. ئەگەر بۇ قەبىلىدىن چىقىدىغانلار ئەللىكتىن ئاز بولسا، قەسەمنى تەكرارلاپ ئەللىك قېتىم قىلاتتى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئىسلام خەزىنىسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. لېكىن ئاللاھ بۇ يەردە بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىنكارىغا رەددىيە قايتۇرماقچى ۋە ئۆلارنىڭ ئالدىدا ئۆلۈكتىن بىرنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆز قاتىلىنىڭ ئىسمىنى سۆزلەيدىغان بىر ھالەتنى كۆرسەتمەكچى ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ بەنى ئىسرائىلغا ئاللاھنىڭ نېمىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇ ھەقتە: ﴿وَاللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ﴾ «سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىسمىنى) ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر» دېگەن. شۇ جىنايەتنى قىلغۇچى «بۇ ئىش مەخپىي قالىدۇ، ھېچكىم بۇ ھەقتە بىر نەرسە بىلمەيدۇ» دەپ تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قىلغــان. شــۇنىڭ ئۈچــۈن قاتىــل تاغىســىنى ئۆلتــۈرۈپ، جەســەتنى قــاراڭغۇ كېچىــدە قوشنا قەبىلىــگە ئاپىرىــپ تاشلاپ قويــۇپ، مەخپىــي ھــالەتتە قايتىــپ كەلــگەن ئىــدى. لېكىن ئــاللاھ تائــالا جىنــايەتنى مۇنــازىرە كەتمەيــدىغان يــول بىــلەن ئېچىشــنى ئىــرادە قىلىــپ، بۇنىــڭ ھەقىقىتىنــى ئــاچتى. شــۇ ۋاقىتنىــڭ ئۆزىــدە ئــاللاھ تائــالا بەنــى ئىســرائىلغا ئــۆز كــۆزى بىــلەن بىــر ئادەمنىــڭ تىرىلگىنىنــى كۆرســىتىش ئــارقىلىق، ئۇلارنىــڭ ئــاخىرەتتىكى تىرىلىشــكە قارىتــا قىلغان ئىنكارىغا رەددىيە بەردى.

## سۈرە بەقەرە 73-ئايەت

﴿فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا ۚ كَذَٰلِكَ يُحْيِي اللَّـهُ الْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾

**«(سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۇرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن، دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ»**

بەنى ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كەسكىنلىشىپ، چوڭ پىتنە يۈز بېرىشكە ئازلا قالغاندا، ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ جىنايەتنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىشى ۋە قاتىلنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرىشى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھدىن «بىر كالا بوغۇزلاڭلار» دەپ بۇيرۇق كەلدى. كالىدىن بىرنى بوغۇزلىغان بولسا، مەسىلە ھەل بولاتتى. لېكىن ئۇلار كالىنىڭ شەكلى ۋە رەڭگىنى سوراپ ۋەزىيەتنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قىلىشنى كەينىگە سۈردى. ئاخىرىدا بىر سالىھ ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ قېشىدا ئامانەت قويغان كالىسىنى تېپىپ، سېتىۋېلىپ بوغۇزلىدى. ئاللاھ ئۇلارنى كالىنىڭ پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا بۇيرىدى.

ئۆلۈكنىڭ بىر پارچىسى بىلەن يەنە بىر ئۆلۈكنى ئۇرسا، ئۇ تىرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېمەك، ئاللاھ تائالا مەسىلىنى بەنى ئىسرائىل مەڭگۈ ئاخىرەت ھەققىدە شەك قىلمايدىغان شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرغان. ئەگەر ئاللاھ ئۆلۈكنى كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇرماستىن تىرىلدۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ: «ئەسلىدە ئۇ ئۆلمەپتىكەن، ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئاللاھ ئۇلارغا بىر ئىمان دەرسى بېرىش ئۈچۈن كالا بوغۇزلاشقا بۇيرىدى. چۈنكى بەنى ئىسرائىل ماددىي ئىگى كۈچلۈك ئادەملەر بولغاچقا، ماددىغا بەكرەك ئىشىنەتتى. بۇ نۇقتىدىن ھەممە نەرسىنى ئەمەلىي رېئال سەۋەبكە باغلاپ تۇرۇپ، چۈشەندۈرمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار كالىدىن بىر پارچىنى ئېلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى ئۇردى. ئۇ تىرىلىپ قاتىلىنىڭ ئىسمىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭ جېنىنى قايتىدىن ئالدى.

ئاللاھ تائالا: ﴿كَذَٰلِكَ يُحْيِي اللَّهُ الْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ «ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ» دېگەن. بەنى ئىسرائىل ھايات ھالەتتە تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈشى ھاياتلىقنىڭ ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ﴿كُنْ فَيَكُونُ﴾ «ۋۇجۇدقا كەل، دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېگەن ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى.

بەنى ئىسرائىل دېڭىزنىڭ ئىككىگە يېرىلىپ، ئاستىنىڭ قۇپقۇرۇق بولغانلىقىنى، تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ كۆز ئالدىدا مەغلۇپ بولغىنىنى، چۆللۈكتە ئاسماندىن ئۆزلىرىگە «تەرەنجىبىن» بىلەن «بۆدۇنە»نىڭ چۈشكەنلىكىنى، تاشتىن ئون ئىككى قەبىلىگە ئون ئىككى بۇلاقنىڭ ئېتىلىپ چىقىپ، سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ۋە ئۆلۈكنىڭ تىرىلگەنلىكىنى كۆردى. شۇنچە مۆجىزىلەر بىلەن بەنى ئىسرائىلنىڭ قەلبى

يۇمشاپ، ئاللاھقا بولغان ئىمانى كۈچەيسە بولاتتى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى.

## سۈرە بەقەرە 74-ئايەت

﴿ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّن بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الْأَنْهَارُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ الْمَاءُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ اللَّـهِ وَمَا اللَّـهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ﴾

**«(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار، ئاللاھدىن قورقۇپ (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، ئاللاھ قىلmىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»**

ئاللاھ تائالا «بۇلارنىڭ قەلبلىرىنى قېتىپ كەتتى» دەپ سۈپەتلىگەن ۋاقىتتا، "نفوس" «كۆڭۈللىرى» دېمەستىن، "قُلُوبُ" «قەلبلىرى» دېگەن. چۈنكى قەلب ئىنساندىكى مېھىر-شەپقەت ۋە رەھمەتنىڭ ئورنىدۇر. قەلبىمىزنى ئاللاھنى كۆپ ئەسلەيدىغان قىلساق، قەلبىمىز مېھىر-شەپقەتكە تولىدۇ. ھاياتنىڭ پۈتۈن قىيىنچىلىقلىرىنى كېسىدىغان ئەزا قەلبدۇر. قەلب ئىشەنچ ۋە ئىمان بىلەن ئاۋات بولغان چاغدا، پۈتۈن ئەزالاردا ئىماننىڭ ئىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈلىدۇ. قەلبىنىڭ ئىمانغا بولغان قۇۋۋىتى ۋە قەلبىنىڭ ئىمانىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش دائىرىسىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ ئۇقۇمنى ئاللاھ تائالا ئەزىز كىتابىدا تىلغا ئېلىپ: ﴿اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُّتَشَابِهًا مَّثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَىٰ ذِكْرِ اللَّهِ ذَٰلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَن يَشَاءُ وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ﴾[1] «ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز-نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسەلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (ئاللاھ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ» دېگەن.

بۇ ئايەتتىكىدەك ئىنسانىنىڭ تېرىسى قۇرئان تىلغا ئالغان مەزمۇنلارنى ئوقۇش بىلەن ۋە دوزاخنىڭ قورقۇنچىسى بىلەن تىترەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەھمەت كېلىدۇ. چۈنكى قەلب پۈتۈن ئەزالىرىمىزغا ئىمانىي تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ ھالەتتە تېرىلا يۇمشىماستىن، بەلكى قەلبلەرمۇ يۇمشايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ"[2] «شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلار، ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە كىچىك بىر پارچە گۆش بار. ئەگەر بۇ گۆش ياخشى بولسا، پۈتۈن بەدەن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ گۆش بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر» دېگەن. دېمەك، قەلب ئىشەنچ

[1] سۈرە زۇمەر، 23-ئايەت
[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ۋە ئىماننىڭ مەنبەسىدۇر. شۇنداقلا قاتتىقلىق ۋە كۇپۇرلۇقمۇ ھەم قەلبتە بولىدۇ. قەلب ئاللاھنى ئەسلەشنى ئۇنۇتقاندا قاتتىقلىشىپ، «دۇنيا ھاياتتىن باشقا ھايات يوق» دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قەلب ھاياتتا ئۆزى قىلالىغان دەرىجىدە، ۋاستە تاللىماستىن ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئېرىشىپ بولالىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بۇنداق قەلب كۆز ئالدىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقان بىر ئىنساننى كۆرسە، ئۇنىڭغا بىر پارچە نانمۇ بەرمەيدۇ. ئىمان قەلبتىن چىقىپ كەتكەندە، پۈتۈن ئەزالاردىن مېھىر-شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قولدىن ئىمان تۇيغۇسى چىقىپ كېتىپ، قول ئوغرىلىققا سۇنۇلىدۇ. كۆزدىكى ئىمان نۇرى چىقىپ كېتىپ، ھارامغا قارايدۇ. پۇتتىن ئىمان تۇيغۇسى چىقىپ كېتىپ، مەسجىد تەرەپكە ماڭماستىن، بەلكى قاۋاقخانا ۋە يامانلىققا ماڭىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، قەلب دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچە بىر ئىمتىھان مەيدانى ئىكەنلىكى ۋە كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتىنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، شۇ تەرەپكە قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً﴾ «دىلىڭلار تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى» دېگەن. تاش دېگەن ھېسسىي ئەزالىرىمىز بىلەن تۇتساقلا بىلگىلى بولىدىغان قاتتىق جىسىم. بەنى ئىسرائىلمۇ ھەم بۇنى بىلىدۇ. چۈنكى بەنى ئىسرائىل سەھرادا ئېزىپ قالغاندا تاش بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىسى بار بولۇپ، بۇلار ئۇسسىغان ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرسا سۇ چىقاتتى. ئەسلىدە بۇلارنىڭ قەلبى تاشتەك قېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆرگەن مۆجىزىلەر، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار ۋە بېسىپ ئۆتكەن جەريانلار قەلبلىرىنى يۇمشىتىپ، نازۇك قىلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبى بۇ قاتتىقلىق دەرىجىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

سىز قەلبىنىڭ يۇمشاقلىقىغا قارىماڭ، لېكىن قەلبىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قانداق ئورۇنلىشىغا قاراڭ. ھەممىمىز تاغنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ زېمىنغا قوزۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاتتىق بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ قاتتىقلىق يۇمىشاق ئىسرائىلنىڭ يۈرىكى تاغدىنمۇ قاتتىق بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە قەلبتىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى يۇمشاقلىق، تاشتىن بولسا قاتتىقلىق ئىدى. ھەرقانداق بىر مەخلۇق ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىگە يارىشا بىر سۈپەت بىلەن يارىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىلمەك ئەگرى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىلمەك ئەگرى بولغاندىلا، ئۆز خىزمىتىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلالايدۇ. قەلب بۇزۇلغان ۋاقىتتا، تاشتىنمۇ قاتتىق بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الْأَنْهَارُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ الْمَاءُ﴾ «تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرغاندا ئۇنىڭدىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىققانلىقىنى، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۇلارغا رەھمەتنىڭ قاتتىق تاشقىمۇ يەتكەنلىكى ئەسلىتىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الْأَنْهَارُ﴾ «تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار» دەيدۇ. لېكىن قەلبلەر قېتىپ كەتكەن ۋاقىتتا، نە يۇمشاقلىق، نە رەھمەت يەتمەيدۇ، ھەمىدە ھەقكە مەڭگۈ بويسۇنمايدۇ. ئاللاھ تائالا تەۋراتنى چۈشۈرۈپ، ئۆز پەزلى-رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىنى بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبى ئاللاھنى ئەسلەپ يۇمشىشى كېرەك ئىدى.

تاشتىن ئۆستەڭلەرنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن تاش يېرىلىپ ئىچىدىن سۇ چىقىشىنىڭ پەرقى نېمە؟ تاش يېرىلىپ سۇ چىققان ۋاقىتتا، بىز

ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۈنىڭ قېشىغا بارىمىز. لېكىن تاشتىن ئۆستەڭلەر ئېتىلىپ چىققان ۋاقىتتا، سۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا ئېقىپ كېلىدۇ. سىز بىرىپ ئالىدىغان نېئمەت بىلەن سىزگە كېلىدىغان نېئمەتنىڭ پەرقى مۇشۇ. ئەمما تاشنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ چۈشۈپ كېتىشى ئاللاھ تاغقا ئۆزىنىڭ نۇرىنى ئاشكارىلىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ پارتلاپ، توپتوز بولۇپ كەتكىنىنى كۆرستىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقًا﴾[1] «پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى» دېگەن. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا ئۆزىنى تاغقا ئاشكارا قىلغان ۋاقىتتا، تاغنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ قانداق گۇمران بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا باشقىلارغا يول بەرگەن ئىشلارنى دېمەستىن، بەلكى ئۆزىدە يۈز بەرگەن ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلاردىن خەۋەر بېرىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ﴾ «ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» دېگەن. ئاللاھ سىلەر قىلىۋاتقان ھەممە ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھقا قىيامەت كۈنى ئۇچرىشىسىلەر. شۇڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە موھتاج قەلبىڭلارنى قاتتىق قىلماڭلار. ئاللاھ سىلەرنى رەھمىتىدىن قوغلىمىسۇن، قەلبىڭلار ئاللاھنىڭ زىكرىدىن خالىي قالمىسۇن.

[1] سۈرە ئەئراف 143-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 49-دەرس

## سۈرە بەقەرە 75-ئايەت

﴿أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُوا لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَامَ اللَّـهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُ مِن بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

**«(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى»**

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە «نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا يەھۇدىيلارنىڭ مەسىلىسىگە كۆپ ئورۇن بېرىلگەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ؟ بۇنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟» دېگەن سوئاللار كېلىشى مۇمكىن.

يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن ساماۋى دىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن باغلىنىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار. تارىختىكى كاتتا ئىمپېرىيەلەر يوق بولۇپ تۈگىدى، لېكىن شۇنچە ئاز سانلىق يەھۇدىيلار يوق بولماستىن ھازىرغىچە كەلدى. بىزنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز (مەيلى قارشىلاشقان شەكىلدە ياكى سۈلھى تۈزگەن شەكىلدە بولسۇن) ئاخىرلاشمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ

تائالا بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ مىجەز-خۇلقىنى كەڭرى شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بىرگە ئاۋۋال مەدىنىدە، كېيىن بەيتۇلمۇقەددەس ۋە مەسجىدى ئەقسادا ئويناپدىغان رولى بولغاچقا، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار ھەققىدىكى قىسسەلەرنىڭ ھېكمىتىنى بۇ يەردە بايان قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يەھۇدىيلارنى چۈشىنىۋېلىشىمىز بەك مۇھىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ تائالا بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى چارچىتىپ، رەببىگە ئاسىي بولغانلىقىنى، ئۆزلىرى ئېرىشكەن نېئمەتلەرگە گۇناھلار بىلەن ئىنكاس بىلدۈرگەنلىكىنى ۋە ئاللاھقا قانداق قارشى چىققانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. يەنى «ئى مۇھەممەد، بۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسى بۇنداق بولغان ئىكەن، سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىرىشىدىن ئۈمىد كۈتمە. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ يېنىدا تەۋرات بار. تەۋرات ئۇلارنى ساڭا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان تۇرۇپ، ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى».

يۇقىرىقى ئايەت رەسۇلۇللاھقا چوڭ تەسەللىي بولغان. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە پەقەت يەتكۈزۈش ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ «پۈتۈن زېمىندىكى كىشىلەر (مەيلى يەھۇدىي، ناسارا ياكى كاپىر بولسۇن) ئىمان ئېيتسا بولاتتى» دېگەن قىزىقىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى چۈشەنمەي قالغانلىقى ئەمەس، بەلكى رەببىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنىڭ ھالاۋىتى ۋە بەخت-سائادىتىنى ھېس قىلغانلىقىدىن بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئاللاھ بۇ يەردە رەسۇلۇللاھنى خاتىرجەم قىلىپ: «سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىمان ئېيتىدۇ، دەپ ئويلىمىغىن. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سېنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يالغـانچى قىلمايـدۇ. ئۇلارنىـڭ كـاززاپلىقى سـاڭا تەسـىر كۆرسەتمەسـلىكى كېـرەك. شـۇنىڭ ئۈچـۈن سـەن ئۇلارنىـڭ ئىمـان ئېيتىشـىنى تەمە قىلمىغىـن» دېگەن.

«تەمە» دېـگەن سـۆز ئـايەتتىمۇ، ئۇسـتىدىمۇ تىلغـا ئېلىنـدى. ئۇنـداقتا «تەمە» دېگەن نېمە؟

تەمە - ئادەمنىـڭ يولسـىزلىق بىـلەن ياخشـى كـۆرگەن نەرسـىلەرگە قىزىقىشـىدۇر. مەن ئـۆزۈمگە تەۋە بولمىغـان بىـر نەرسـىنى «قارشـى تەرەپتىن يوقىلىـپ، ماڭـا نېسـىپ بولسـىكەن» دەپ ئـارزۇ قىلسـام، بـۇ تەمە قىلىـش بولىـدۇ. ئەسـلى ئەقىللىـك ئىنسـان ئۆزىنىـڭ ھەققـى بولغـان نەرسـىنى تەمە قىلىـپ، ئۇنىڭـدىن باشـقىنى تەمە قىلمايـدۇ. بەزى ۋاقىتتـا ئىنسـان ھاياتـدا خۇشـال-خـۇرام، بـاي-باياشـات ياشاشـنى خـالاپ قالىـدۇ، لـېكىن ئـۇ ھاياتتـا قىلغـان خىـزمەت ۋە سـەۋەبلىرىگە قـاراپ بولىـدۇ. شـۇڭا ئىنسـان ھاياتتـا پـاراۋان ياشـىماقچى بولسـا، خىزمەتتـى كۆپەيتىشـى كېـرەك. ئەگەر ئىنسـان ھاياتتـا باشـقىلارنىڭ تىرىشـچانلىقىغا تايىنىـپ، بەختلىـك ياشاشـنى ئويلىسـا، زېمىنـدىكى ھايـاتلىق پىرىنسـىپلىرى بۇزۇلـۇپ كېتىـدۇ. ئـادەم ئۆزىنىـڭ تىرىشـچانلىقى بىـلەن ياشـىمىغان ۋاقىتتـا ئوغرىلىـق، پـارىخورلۇق ۋە بۇزغـۇنچىلىقتەك يامـان يوللارغـا كىرىـپ قالىدۇ. شـۇڭا ئىنسـان تەمە قىلسـىمۇ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق دائىرىسىدە قىلىشى كېرەك.

"أَفَتَطْمَعُـــــونَ" «ئۈمىـد قىلامسـىلەر؟» دېـگەن سـۆز بـۇ يەردە «بىـرەر نەرسـىنى ئۈمىـد يـاكى تەمە قىلسـاق، ئۆزىمىزنىـڭ قـۇدرىتى يېتىـدىغان مىقـداردا قىلىشـىمىز كېـرەك» دېـگەن مەنىنـى بىلدۈرىـدۇ. ئۇنـداقتا يەھـۇدىيلارنى ئىمـان ئېيتقۇزۇشـقا كـۈچىمىز يېتەمـدۇ؟ يـاق، ھەرگىـز يەتمەيـدۇ. ئـاللاھ يۇقىرىـدىكى ئـايەتتە "أَفَتَطْمَعُـــونَ" دېـگەن سـۆز بىـلەن ئىنكـار شـەكلىدە «سـەن ئۆزۈڭنىـڭ قـۇدرىتى يېتىـدىغان مىقـداردىكى نەرسـىنى تەمە قىلغىـن» دەۋاتىـدۇ. شـۇنىڭ

ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆز رەسۇلىغا «ئۈستىڭدىكى ۋەزىپە پەقەت يەتكۈزۈش، سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇرۇن ئاللاھقا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى بولغاچقا، نەتىجە بەرمەيدۇ» دېگەن.

بۇ ئايەت كەلگۈسىدە رەسۇلۇللاھ ۋە يەھۇدىيلار ئوتتۇرىدىكى ئالاقىدە يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرگە قارىتا رەسۇلۇللاھقا تەسەللى ۋە ئىمانىي كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ. بۇ ئىمانىي كۈچ-قۇۋۋەت رەسۇلۇللاھنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغان پوزىتسىيەسىنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتكە قاراپ، كەلگۈسىدە يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ ۋە كاللىسىدا بۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق بولىدۇ. شۇڭا يەھۇدىيلار كەلگۈسىدە ئىمان ئېيتمىسىمۇ، بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَامَ اللَّهِ﴾ «ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى» دېگەن. بۇ ئىبارىدىكى ئىنچىكىلىككە قاراڭلار، ئاللاھ يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بىر بۆلىكى دەۋاتىدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ «ئېھتىماللىق» نەزەرىيەسىدۇر. بۇ قانداق نەزەرىيە؟ بۇ بولسىمۇ ھۆكۈمنى مۇتلەق ئومۇملاشتۇرماستىن، ئېھتىيات يۈزىسىدىن «بىر قىسمى» دەپ ئايرىپ كەلتۈرۈش نەزەرىيەسىدۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتكە قارىغاندا، ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇغان. ئاندىن رەسۇلۇللاھ كەلگەن ۋاقىتتا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ كالامىدىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتمىگەن. ئەگەر قۇرئان ئومۇمىي ھۆكۈم ئېلىپ «پۈتۈن يەھۇدىيلار» دېگەن بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ بىرقىسمىنىڭ ئىسلامغا بولغان كۆز-قارىشى ئۆزگىرىپ، «بۇ دىن بىزنى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتتى، دەۋاتىدۇ. ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىز ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتمىدۇق، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى كۆتۈپ تۇردۇق» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن قۇرئاننى چۈشۈرگەن ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، قەلبتىكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قۇرئاندىكى ئايەتمۇ «يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇھ كىشى كىتابنى ئاشكارا ئۆزگەرتىدۇ» دەپ ئايرىپ بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتنى باشقا كاپىرلارغا ۋە ھازىرقى بەزى ئادەملەرگىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُ مِن بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى» دېدى. مانا بۇ قوش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تەۋراتتا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئوقۇغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتتى. بۇنداق ئۆزگەرتىش ئۇلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھەرقانداق سۆزلەرنى ئۆزگەرتەتتى. مەسىلەن: "السلام عليكم" دېگەن سالامنى "السَّأمُ" «ئۆل» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتتى. بۇلارنىڭ ئۆزگەرتىشى ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزلىرى سۆزلىگەن سۆزلەرنى «بۇ تەۋرات ئايىتى» دەپ دەۋا قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

## سۈرە بەقەرە 76-ئايەت

﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوا أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّـهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾

**«ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەيتتى. بىر-بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: ‹پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۇئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر!› دەيتتى»**

بۇ ئايەتتە بىزگە بايان قىلىنىدىغىنى ساپ يەھۇدىيلار ئەمەس، بەلكى ئىچى باشقا، تېشى باشقا بولغان مۇناپىق يەھۇدىيلاردۇر. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىق شەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە مۇئمىن، كاپىر ۋە مۇناپىق دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. مۇئمىن ئالەملەرنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا تەقۋادار ئۆچۈن، ئۆزى بىلەنمۇ، ياشاۋاتقان دۇنيا بىلەنمۇ ماسلىشىدۇ. كاپىر ئۆزى بىلەن ماسلىشىپ، ياشاۋاتقان دۇنيا بىلەن ماسلاشمايدۇ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. مۇناپىقنىڭ ئىچى باشقا، تېشى باشقا بولغاچقا، ئۆزى بىلەنمۇ، ياشاۋاتقان دۇنيا بىلەنمۇ ماسلاشمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئـايەت بىـزگە مۇنـاپىق ھەققـىدە بىـر كۆرۈنۈشـنى بىرىـپ، مۇناپىقنىـڭ ئىچـى بىـلەن تىشـىنىڭ قانـداق ماسلاشـمايدىغانلىقى ھەققـىدە سـۆزلەپ بىرىۋاتـىدۇ. مۇنـاپىق دىـگەن ئـۆزى ئىشـەنمەيدىغان سـۆزلەرنى دەيـدۇ، لـېكىن ئىچكـى دۇنياسـىدا ئـۆزى ئىيتـىپ باقمىغـان سـۆزلەرگە ئىشـىنىدۇ. ھاياتلىقـدا پۈتـۈن دۇنيـا ئۇنىڭغـا لەنەت ئوقۇيـدۇ. ئـاخىرەتتە بولسـا جەھەننەمنىـڭ ئەڭ تـۆۋەن قاتلىمىغـا چۈشـىدۇ. بـۇ ئـايەت سـۈرىنىڭ بىشـىدا مۇنـاپىقلار ھەققـىدە سۆزلەنگەن يەنە بىر ئايەتكە ئوخشىشىپ كىتىدۇ.

ئاللاھ تائـالا: ﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّـا وَإِذَا خَلَـوْا إِلَـىٰ شَـيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْـنُ مُسْـتَهْزِئُونَ﴾[1] «ئۇلار مـۇئمىنلەر بىـلەن ئۇچراشـقىنىدا: بىـز ئىمـان ئىيتتـۇق - دىيىشـىدۇ، شـاياتۇنلىرى (يەنـى مۇنـاپىق كاتتىباشـلىرى) بىـلەن يـالغۇز جايـدا تىپىشـقاندا بولسـا: بىـز ھەقـىقەتەن سـىلەر بىـلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىـڭ ئۇچىـدىلا ئىمـان ئىيتىـپ قويـۇپ) مـۇئمىنلەرنى مەسـخىرە قىلىمىز - دەيدۇ» دىگەن.

بـۇ ئـايەتتە رول يەھۇدىيلارنىـڭ بولـۇپ، ئـۇ يەردە يەھـۇدىيلاردىن باشـقا مۇنـاپىقلار ۋە ئۇلارنىـڭ شـەيتانلىرى بـار ئىـدى. بۈگـۈنكى ئـايەتتە بولسـا رول يەھـۇدىيلاردىن بولغـان مۇناپىقلارنىـڭ بولـۇپ، ئـاللاھ تائـالا بـۇ ھەقـتە: ﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَـالُوا آمَنَّـا﴾ «ئۇلار مـۇئمىنلەر بىـلەن ئۇچراشـقىنىدا: بىـز ئىمـان ئىيتتـۇق - دىيىشـىدۇ» دىـگەن. ئىمـان دىـگەن ئىغىـزدا دەپ قويـۇش بىلەنـلا بولامـدۇ؟ يـاق، ئىمـان قەلبتىكـى تەسـتىق بولـۇپ، ئەمەلـىي ئىپادىسـى ئادەمنىـڭ ئىـش-ھەرىكىتـى ۋە تۇتـۇپ ماڭغـان يـولى بىـلەن بىلىنىـدۇ. مۇئمىنلەرنىـڭ يولىـدا مىڭىـپ، مۇنـاپىقلىق ۋە رىيـا قىلغىلـى بولمايـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن بىـرەر كىشـى «مەن ئىمـان ئىيتـتىم، لـېكىن مۇئمىنلەرنىـڭ يـولى مىنىـڭ يولـۇم ئەمەس» دىيەلمەيـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن بۇلارنىـڭ يـولى ئـۆزلىرىنى مەسـخىرە

[1] سۈرە بەقەرە، 14-ئايەت

قىلىپ چاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلارنى رەسۋا قىلىپ: ﴿وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوا أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ﴾[1] «بىر-بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۇئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ - دېيىشىدۇ» دېگەن. يەنى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن يالغۇز قالغان ۋاقتىدا: «سىلەر تەۋراتتىكى ۋەھيي ۋە پاكىتلارنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ بەرمەڭلار، بۇ قىيامەتتە سىلەرگە قارشى دەلىل-پاكىت بولۇپ قالىدۇ» دېيىشەتتى.

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا عَضُّوا عَلَيْكُمُ الْأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ﴾[2] «ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ» دېيىلگەن.

يەنە بىر ئايەتتە بولسا: ﴿وَإِذَا جَاءُوكُمْ قَالُوا آمَنَّا وَقَد دَّخَلُوا بِالْكُفْرِ وَهُمْ قَدْ خَرَجُوا بِهِ﴾[3] «(يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى) يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا: بىز ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلار (ئى مۇھەممەد! يېنىڭغا) كۇفرى بىلەن كىرىپ، كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتتى (يەنى سەندىن ئاڭلىغان ئىلىمدىن پايدىلانمىدى)» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى ئورۇنلاردا مۇناپىقلارنىڭ تۆت سۈپىتى بايان قىلىندى ۋە تۆت ئايەتنىڭ ھەربىرىدە ئىماننى يالغاندىن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش سۆزلەنگەن. بىرىنچى ئايەتتە: ﴿وَإِذَا خَلَوْا إِلَىٰ شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ﴾[4]

---

[1] سۈرە بەقەرەنىڭ 76-ئايەتنىڭ بىرقىسمى
[2] سۈرە ئال ئىمران، 119-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە مائىدە، 61-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[4] سۈرە بەقەرە، 14-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ. ئىككىنچى ئايەتتە: ﴿وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوا أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ﴾ «بىر-بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۆئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى ئېيتىپ بىرەمسىلەر» دەپ ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ. ئۈچىنچى ئايەتتە: ﴿وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا عَضُّوا عَلَيْكُمُ الْأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ﴾[1] «ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ». تۆتىنچى ئايەتتە: ﴿وَقَد دَّخَلُوا بِالْكُفْرِ وَهُمْ قَدْ خَرَجُوا بِهِ﴾[2] «ۋاھالەنكى، ئۇلار (ئى مۇھەممەد! يېنىڭغا) كۇفرى بىلەن كىرىپ، كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتتى (يەنى سەندىن ئاڭلىغان ئىلىمدىن پايدىلانمىدى)» دېيىلگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا، يەھۇدىيلار مۆئمىنلەرگە: «پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تەۋراتتا سۈپەتلىرى بار» دەيتتى. يەھۇدىيلار بۇ سۆزلەرنى دېگەن ۋاقىتتا، يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى ئۇلارنى بۇنداق دېيىشتىن توسۇپ: ﴿أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ﴾[3] «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۆئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بىرەمسىلەر؟» دەيتتى. بۇلارنىڭ مەقسىتى رەسۇلۇللاھنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇشتۇر. بۇ يەردىكى يەھۇدىيلاردىن ئېيتىلغان ھەيران قالارلىق بىر سۆز بولسا: ﴿بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ﴾ «ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئېچىپ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 119-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە مائىدە، 61-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە بەقەرە، 76-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

بەرگەن» دېگەن سۆز بولغان. بۇ ئېچىپ بېرىشنىڭ يەھۇدىيلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان. ئەگەر ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ پايدىسىغا ئېچىپ بەرگەن بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۇئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ» دېگەن سۆزى پۈتۈن زېمىندىكى مۇناپىق، يەھۇدىي ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ھەتتا يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ﴿عِندَ اللَّهِ﴾ «ئاللاھ قېشىدا» دېمەستىن، ﴿عِندَ رَبِّكُمْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا» دېگەن.

بۇ يەردىكى ﴿لِيُحَاجُّوكُم﴾ «ھۆججەت كەلتۈرۈش» ئىككى گۇرۇپپا ئادەم بىر يەرگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرى ۋە دەلىل-پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنازىرە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ مۇنازىرىنىڭ شەكلىدۇر. ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»نىڭ 258-ئايىتىدە: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ﴾ «پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىششكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەن. ئاللاھ تائالا نەمرۇدقا پادىشاھلىقنى بەرگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدقا: ﴿إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ﴾[1] «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا چاقىرىدىغان ھۆججىتى ئىدى. نەمرۇد بۇنىڭغا ئەخمىقانە بىر ھۆججەتنى كەلتۈرۈپ: «مەنمۇ ئۆلتۈرۈپ، تىرىلدۈرەلەيمەن» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسكىرىدىن بىرنى چاقىرىپ، قوغدىغۇچىلىرىغا: «بۇنى

[1] سۈرە بەقەرە، 258-ئايىتىنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرۈشلار» دېدى. ئۇلار ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭغاندا، نەمرۇد: «ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار» دەپ توختىتىپ قويدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: ﴿قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ﴾[1] «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى. نەمرۇدنىڭ بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بىر سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا «بۇنىڭ ھاياتىنى سەن بەرمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئالالمايسەن» دېيىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. چۈنكى نەمرۇد ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئۇ ئەسكەر ئەسلىدىمۇ ھايات ھەم «تىرىلدۈردۈم دەيدىغانغا» ئۇ ئۆلۈك ئەمەس ئىدى.

ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرۈشنىڭ پەرقى بار. ئۆلتۈرۈش - بەدەننىڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ، پۈتۈن بەدەننىڭ ئۆز خىزمەتلىرىدىن قېلىشىنى كۆرسەتسە، ئۆلۈم - بەدەننىڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلماستىن، جاننىڭ بەدەندىن چىقىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغىنى پەقەتلا ئاللاھدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ انقَلَبْتُمْ عَلَىٰ أَعْقَابِكُمْ﴾[2] «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟)» دېگەن.

ئەگەر نەمرۇد ئۇ ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، كېيىن ئۇنى ھەرگىزمۇ ھاياتلىققا قايتۇرالمايتتى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنداق پايدىسىز، ئەخمەقلەرچە مۇنازىرىگە كىرىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ ئىلمىي مۇنازىرە ھېسابلانمايتتى. بۇنداق مۇنازىرىدە ھۆججەتنى ھۆججەتكە سوقۇشتۇرۇشتىن باشقا ئىش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنداق

---

[1] سۈرە بەقەرە، 258-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە ئال ئىمران، 144-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

مۇنازىرىدىن چىقىپ، نەمرۇد دەلىل قايتۇرالمايدىغان شەكىلدە بىر ھۆججەتنى ئىلىپ كېلىپ: ﴿قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللَّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾[1] (ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن - دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن. بىز «مۇنازىرە» نى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىنى بايان قىلدۇق.

ئايەتنىڭ ﴿أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «چۈشەنمەمسىلەر» دەپ ئاخىرلىشىشى مەنتىقلىق بىر ئاخىرلىشىشتۇر. چۈنكى بۇ يەردە بىر چۈشەنمەسلىك بار. ئەگەر يەھۇدىيلار قىيامەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مۇنازىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مەسىلەرنى ئادىللىق بىلەن سورىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، بىر-بىرىگە: «سىلەر تەۋراتتىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتماڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇنى ئېيتىپ بەرسەڭلار، مۇسۇلمانلار ئۇنى قىيامەتتە سىلەرگە قارشى ھۆججەت قىلىپ تاشلايدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ قىلمىغان بولاتتى. دېمەك، ئىشلارنى يەھۇدىيلاردەك ئويلىغان ۋە قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ ئەقلى بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىدەك ئۆزىنىڭ رەببىگە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن قورقمىغان كىشى قانداقمۇ ئەقىل بىلەن سۈپەتلىنىدۇ؟!

[1] سۈرە بەقەرە، 258-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سۈرە بەقەرە 77-ئايەت

﴿أَوَلَا يَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّـــهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ﴾

### «يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟»

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلار: «ئاللاھ بىزنىڭ بىر يەرگە كېلىپ، ئۆزئارا ‹سىلەر نېمە ئۈچۈن قىيامەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆججەت قىلىپ تاشلىشى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ بېرىسىلەر› دېگەن سۆزلىرىمىزدىن غاپىل قالغان» دەپ ئويلايتتى. ھالبۇكى ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا ئۇچراشقان ۋاقتىدا «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەپ، يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا ئاچچىقتىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، ئۇلار ئىشلىرىنى شۇنچە مەخپىي قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

ئايەتتە «يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىش» دەپ ئىككى سۆز كەلگەن. ئۇنداقتا ئاشكارا ئىش دېگەن نېمە؟ يوشۇرۇن ئىشچۇ؟

ئاشكارا ئىش - باشقىلار سىزدىن ئاڭلىغان سۆز ۋە كۆرگەن ئىش-ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاشكارلىنىش ۋاستىسى كۆز، سۆزنىڭ ئاشكارىلىنىش ۋاستىسى قۇلاقتۇر. بۇ ئىدراك ۋاستىلىرىغا چۈشۈپ

قالغـــان ئىشـــلارنىڭ ھەممىســـى ئاشـــكارا، چۈشـــۈپ قالمىغـــان ئىشـــلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن بولىدۇ.

ئەمدى ئايەتنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا: ﴿يَعْلَـــمُ مَـــا يُسِـــرُّونَ وَمَـــا يُعْلِنُـــونَ﴾ «يوشـۇرۇن ۋە ئاشـكارا ئىشـلارنى بىلىـپ تۇرىـدۇ» دېـگەن. "يســـرون" «يوشـۇرۇن» دېـگەن سـۆز ئالدىـدا، "يعلنـــون" «ئاشـكارا» دېـگەن سـۆز كەيىنـدە كەلـــدى. بـــۇ، كىشـــىلەرنىڭ كاللىســـىغا «ئـــاللاھ ئەجەبـــا بىزنىـــڭ يوشـــۇرۇن ئىشـلىرىمىزنى بىلسـە، ئەلـۋەتتە ئاشـكارا ئىشـلىرىمىزنى بىلىـدىغۇ؟» دېـگەن بىـر ئوينى ئەكېلىدۇ. ئېنىقكى ئاللاھ تائالا يوشۇرۇننىمۇ، ئاشكارىنىمۇ بىلىدۇ.

ســـىر دېگىنىمىـــز ســـەن باشـــقىلارغا دېمىـــگەن يوشـــۇرۇن ســـۆزنى كۆرســـىتىدۇ. ئەگەر ســـەن بىـــر ســـۆزنى باشـــقىلارغا ئېيتىـــپ قويســـاڭ، ئـــۇ ســـىر ھېســـابلانمايدۇ. ئـــادەتتە ئىككـــى ئـــادەم بىلـــگەن ئىـــش ئاشكارا بولىـــدۇ. ئـــاللاھ تائالانىـــڭ بىـــزگە غەيبىـــتىن خەۋەر بەرگەنلىكـــى ئـــاللاھ تائالانىـــڭ پەقەتـــلا غەيبنـــى بىلىـــدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيـــدۇ. بەلكـــى «ئـــاللاھ تائـــالا ســـىرنىمۇ ۋە ئاشـــكارىنىمۇ بىلىـــدۇ» دېگەنلىكنـــى بىلدۈرىـــدۇ. ئـــاللاھ تائـــالا بـــۇ ھەقتـــە سۈرە «تاھا»نىـــڭ 7- ئايىتىـــدە: ﴿يَعْلَـــــمُ السِّـــــرَّ وَأَخْفَـــــى﴾ «چـۈنكى ئـۇ سـىرنى ۋە ئۇنىڭـدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 50-دەرس

## سۈرە بەقەرە 78-ئايەت

﴿وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ الْكِتَابَ إِلَّا أَمَانِيَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾

**«ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئوقۇمايدۇ، (ئەھبارلىرى ئويدۇرۇپ چىققان) ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ»**

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابلار ھەققىدە سۆزلەپ: ﴿أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۇئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر!» دەيدىغان نادان كىشىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ بولغان «ساۋاتسىزلار»نى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرى ھەققەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ بىلگەن شۇ مەلۇماتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ بېرىشكە قارشى تۇراتتى.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ بولغان ساۋاتسىزلارنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ساۋاتسىز - ئانىسىدىن تۇغۇلغان ھالىتىدە ياشاپ، ئەتراپىدىكى مەلۇماتلاردىن ۋە ئىلىم-مەرىپەتلەردىن

هېچقانداق نەرسىنى ئۆگەنمىگەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى تەۋراتنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئۆزگەرتىلگەنمۇ ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھالەتتە ساقلانغانمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن كىشىلىرى ھېسابلىناتتى.

ئاللاھ تائالا بىزگە سۈرە «بەقەرە»نىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە، مەدىنىدە بىر جامائەت بولۇپ شەكىللەنگەن ئەھلى كىتابنىڭ خاتالىقلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ شۇلار چۈشۈپ كەتكەن خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. لېكىن بىز قۇرئان ئۈممىتى تۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇمايدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكتىن، ئاللاھنىڭ بۇ خىلدىكى ئەسكەرتمىلىرىدىن غاپىل قالدۇق ۋە بىلىپ-بىلمەي ئەھلى كىتابلار چۈشكەن نۇرغۇن خاتالىقلارغا چۈشۈپ كەتتۇق. بۇ خاتالىقلار بىزدە تەكرار-تەكرار يۈز بېرىشكە باشلىدى. يۈز بەرگەن خاتالىقلار ئۇلارنىڭ مەڭگۈ خار ۋە بىچارە بولۇپ، لەنەتكە مۇپتىلا بولۇشقا سەۋەب بولغان ئىدى. ئەگەر بىزمۇ شۇلار چۈشكەن خاتالىقلارغا تەكرار چۈشسەك، ئاللاھ بىزنى يەھۇدىيلارنى مۇپتىلا قىلىپ قويغان ئىشلارغا مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بىزگە ھېچقانداق قۇتۇلۇش يولى بولمايدۇ.

بۇ ئايەتتە سۆزلەنگەن يەھۇدىيلار مەدىنىدە بىر جەمئىيەت بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، سان جەھەتتە ناسارالاردەك ئاز ئەمەس ئىدى. بەزى رىۋايەتلەردە «شۇ ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلار يىگىرمە قەبىلە ئىدى» دېگەن مەلۇماتلار بار. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم ساۋاتسىز ئادەملەر بار» دېگەن بولۇپ، بۇ «ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتى بار ئىلىملىك كىشىلەرمۇ بار ئىدى» دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بۇلارنى ئايرىپ چۈشەندۈرۈشىدىن بولغان مەقسەت «ئۇلارنىڭ يول باشچىلىرى بولغان موللىلىرى، ئەگەشكۈچى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاۋاملىرىنىڭ ھەممىسى يولدىن چىقىپ كەتكەن، بۇنداق ئىشلار سىلەردە يۈز بەرمىسۇن» دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئالىملىرى ھەققىدە ئالدىمىزدىكى 79-ئايەتتە توختىلىپ ئۆتىمىز. ھازىر يەھۇدىيلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى بىر نەچچە تۈرگە ئايرىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساۋاتسىزلىرى ھېچقانداق نەرسە بىلمەيدىغان بولۇپ، بىلىدىغىنى پەقەتلا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئېيتىپ بەرگەن سۆزلەر ئىدى. ئەگەر ئۇلار تەۋراتتىكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلگەن بولسا، ئىمان ئېيتىشى مۇمكىن ئىدى. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلاردىن بىلىمنى مۇتلەق ئىنكار قىلىپ «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز» دېمىدى، بەلكى ئۇلاردىكى ئىلىمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلدى. چۈنكى بىلىم باشقا، بىلىمنىڭ ئېلىپ بارىدىغان نەتىجىسى باشقىدۇر. ئاللاھ «بۇلار يالغانچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېدى. ھالبۇكى ئۇلار شۇ يالغانچىلىقلىرىنى كىتابتىن ئۆگەنگەندەك سۆزلىشىدۇ. ئۇلار ئۆگەنىمىز دەپ ئويلىمىسۇن، ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ يالغاندىن باشقىنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئۆلىمالىرىمۇ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىگە يالغاندىن باشقىنى ئۆگەتمەيدۇ.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان "الأماني" دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ ئەرەب تىلىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلاردىن بولۇپ، "الأماني" بەزى ۋاقىتلاردا "الأَمَانِيَّ" دەپ تەشدىدلىك، بەزى ۋاقىتلاردا "الأَمَانِيَ" دەپ تەشدىدسىز قوللىنىلىدۇ. تەشدىدسىز قوللىنىلغان ۋاقىتتا "أُمْنِيَةٌ"نىڭ كۆپلۈكى، تەشدىدلىك قوللىنىلغان ۋاقىتتا "أُمْنِيَّةٌ"نىڭ كۆپلۈكى بولىدۇ. بىز "أُمْنِيَّةٌ" نى باشقا ئايەتلەردىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: ﴿لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ ۗ مَن يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ﴾[1] «(ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق

[1] سۈرە نىسا، 123-ئايەت

ئـــارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلـــى كىتابنىـــڭ قـــۇرۇق ئارزۇســـى بىـــلەن قولغـــا كەلمەيـــدۇ، كىمكـــى بىـــر يامـــانلىق قىلىـــدىكەن، بۇنىـــڭ ئۈچـــۈن (دۇنيـــادا يـــاكى ئـــاخىرەتتە) جازالىنىـــدۇ» دېـــگەن ئـــايەتتە، «ئـــارزۇ-ئارمـــان، خـــام-خىيـــال» مەنىســـىدە كەلگەن بولۇپ، كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلگەن.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّا إِذَا تَمَنَّىٰ أَلْقَى الشَّيْطَانُ فِي أُمْنِيَّتِهِ﴾[1] «بىـز سـەندىن ئىلگـىرى ئەۋەتـكەن قايسـىبىر رەسـۇل، قايسـىبىر پەيغەمـبەر بولمىسـۇن، ئـۇ (ئـاللاھ نازىـل قىلغـان ئـايەتلەرنى) ئوقۇغـان چاغـدا، شـەيتان ھامـان ئۇنىـڭ قىـرائىتىگە (شـۈبھە) سـالىدۇ» دېـگەن بـۇ ئـايەتتە يەكـكە شەكىلدە قوللىنىلغان بولۇپ، «ئوقۇش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

"أُمْنِيَةٌ" بولسـا، ئىنسـان يـۈز بېرىشـىنى ئـارزۇ قىلىـدىغان، لـېكىن يـۈز بېرىشـى مـۇمكىن بولمايـدىغان ئىشـنى كۆرسـىتىدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن لـۇغەت ئـالىملىرى "أُمْنِيَةٌ"نىـڭ مەنىسـى «يـوق، بولمايـدىغان ئىشـلارنى ئـويلاش» بولغـانلىقى ئۈچـۈن، "التمـني" دېـگەن سـۆز «مـۇمكىن بولمايـدىغان نەرسـىلەرنى ئارزۇ قىلىش» نى بىلدۈرىدۇ، دېگەن.

بۇ سۆزنى شائىرمۇ يۇقىرىدىكى مەنىدە ئىشلەتكەن:

ألا ليت الشباب يعود يوما

فأخبره بما فعل المشيب

«كاشكى بىر كۈن قايتىپ كەلسە ياشلىق، خەۋەر بەرسەم ئۇنىڭغا قېرىلىقتىن» دېگەن شېئىردا، شائىر بۇ سۆزنى ياشلىقنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىشلەتكەن بولۇپ، ياشلىقنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىش خام-خىيال ھېسابلىنىدۇ.

شائىر يەنە بىر شېئىردا مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە ھەج، 52-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ليت الكواكب تدنو لي فأنظمها

عقود مدح فما أرضى لكم كلمي

«كاشكى يۇلتۇزلار ماڭا يېقىنلاشسا، مەن سىلەرگە يۇلتۇزلاردىن بىر مەدھىيەلەش مارجىنى تىزسام» دەپ، ئۇ سۆزنى مۇمكىن بولمايدىغان قۇرۇق ئارزۇ-خىيال مەنىسىدە ئىشلەتكەن. يۇلتۇز ئاسماندىن چۈشۈپ شائىرنىڭ يېنىغا كېلەرمۇ؟ شائىر ئۇنى تۇتۇپ، سۆيگەنلىرىگە سوۋغا قىلالارمۇ؟ مۇشۇ سەۋەبلەردىن "التمني" دىن ياسالغان سۆزلەر «يالغانچىلىق ۋە توقۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ الْكِتَابَ إِلَّا أَمَانِيَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئوقۇمايدۇ، (ئەھبارلىرى ئويدۇرۇپ چىققان) ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ» دېگەن. ئۇلار كىتابتىن ھېچنەرسە بىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەتلا گۇمان ۋە ئىلمسىز ھالەتتە بىر نەرسىلەرنى تەستىقلاشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلمالىرى توقۇپ ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى راست دەپ تەستىقلايدۇ.

زېمىندىكى مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەتكۈزگۈچىلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. باشقىلار ئىشەنچ قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىنسانلارغا دىنىي ئەھكاملارنى يەتكۈزىدۇ. ئاندىن مەدەنىيەتسىز، ساۋاتسىز بىر كىشى بىر دىنىي ئالىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، شەرئىي ئەھكاملارنى سوراپ، ھۆكۈم ئېلىپ مۇنازىرە قىلماستىن ئۇنى ئۆزىگە تەتبىقلايدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾[1] «ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس» دېگەن. ئۇ

[1] سۈرە ئەنئام، 164-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئادەم ساغلام قەلب بىلەن ئۆلمىگىچە ئۆلمادىن پەتىۋا سوراپ، شۇنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ ياشىسا ھېچقانداق مەسىلە چىقمايدۇ. ئاللاھ يەنە: ﴿لِيَحْمِلُوا أَوْزَارَهُمْ كَامِلَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۙ وَمِنْ أَوْزَارِ الَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ أَلَا سَاءَ مَا يَزِرُونَ﴾[1] «ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلىدى)، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!» دېگەن.

بەزى كىشىلەر يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بار دەيدۇ. ئەسلى بۇ ئىككىسىدە زىتلىق يوق. بىر ئادەم بىر گۇناھنى قىلسا، ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ. بىر ئالىم خاتا پەتىۋا بېرىپ باشقىلارنى ئازدۇرسا، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا پەتىۋا بەرگەنلىكى ۋە باشقىلارنى ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ھېساب بېرىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ "مَنْ دَعَا إِلَى هُدًى، كَانَ لَهُ مِنْ الْأَجْرِ مِثْلُ أُجُورِ مَنْ تَبِعَهُ، لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْئًا، وَمَنْ دَعَا إِلَى ضَلَالَةٍ، كَانَ عَلَيْهِ مِنَ الْإِثْمِ مِثْلُ آثَامِ مَنْ تَبِعَهُ، لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ أوزارهم شَيْئًا" «قانداق بىر كىشى باشقىلارنى ھىدايەتكە باشلىسا، ئۇ كىشىگە شۇ ھىدايەت تاپقان ئادەمنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىدۇ، بۇ ئەجىر ئۇ ھىدايەت تاپقان ئادەمنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. قانداق بىر كىشى باشقىلارنى ئازغۇنلۇققا چاقىرسا، بۇ كىشىگە شۇ ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھى بولىدۇ، بۇ ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ» دېگەن. بىز دىنىدا ئىلىمسىز ھالەتتە پەتىۋا بېرىشنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى پەتىۋالار ئەڭ يۇقىرى بولغاندا سېنى پەقەت سودىدا زىيان تارتقۇزالايدۇ.

[1] سۈرە نەھل، 25-ئايەت

uyghurkitap.com



لېكىن دىنىدىكى پەتىۋا ئاخىرەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا تارتىدىغان زىيان كۆپ، خاتالىق چوڭ بولىدۇ.

ئاللاھ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾ «ئۇلار دائىم گۇمان بىلەن ئىش قىلىدۇ» دېدى. ئەرەب تىلىدا "الظن" دېگەن بىر نەرسىنىڭ كۈچلۈك تەرىپىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن يۈزدە يۈز ئېنىقلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. ئايەتتە كەلگەن "تمنى" نىڭ «ئوقۇش، توقۇش ۋە تىرىشىش» دېگەن ئۈچ مەنىسىنى ئالدۇق. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار ھەققىدە: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ حُمِّلُوا التَّوْرَاةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَارًا﴾[1] «تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان. ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ» دېگەن. بۇ ئايەتتىكى "أُمْنِيَّة" نى «ئوقۇش» ياكى «توقۇش» دەپ ئالساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرى توقۇغان نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشەتتى.

خۇلاسە: ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە: «قوللىرىدا تەۋرات كۆتۈرۈۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ» دەپ، ئۇلارنى ئېشەككە ئوخشاتقان. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئېشەكتىنمۇ تۆۋەن. چۈنكى ئېشەكنىڭ خىزمىتى ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىش، ئوقۇش ئەمەس. ئىنساننىڭ خىزمىتى كىتابلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئەمەس، ئۇنى ئوقۇپ، ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنغاننى قىلىشتۇر.

بىز ئۇزۇندىن بېرى يەھۇدىيلار ھەققىدە كۆپ سۆزلىدۇق. چۈنكى ھازىرقى ئەھۋالىمىز يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغا بەك ئوخشايدۇ. مەسىلەن: «مەن قۇرئان ۋە ھەدىس ئۈممىتى» دېگەن يۈز ئادەمدىن سوراپ باقساق،

[1] سۈرە جۇمە، 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇلاردىن تولۇقسان توققۇز ئادەم قۇرئان كەرىمنى ئوقۇمايدۇ. ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئەرەبچىسىنى ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە چۈشىنىشكە تىرىشمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدە دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇلار كىتابنى تاشلاپ قويۇپ، باشقىلار ئېيتىپ بەرگەننىڭ ھەممىنى دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان باشقىلاردىن مەلۇمات قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا توغرا-خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن قوبۇل قىلىشى كېرەك.

سەيشەنبە، 2018-يىل 31-ئىيۇل

سەيشەنبە، 19 زۇلقەئدە، 1439

ئىستانبۇل، تۈركىيە